# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(1)

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن

# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

(ماقالىلەر توپلىمى)

(1)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرىياتى

بـۇ كـىتــاب مەرھــۇم ئىبراھىــم ھاجىــم ۋە مەرھۇمــە رۇقىيــەم ھاجىـم شـۈكۈرنىڭ خەير-ئېھسـانىغا باسـتۇرۇلدى. جانابـى ئاللاھتــن بـۇ خەير-ئېھسـاننى ئـۇلار ئۈچـۈن قىيامەتكـە قـەدەر سـەدىقە جارىيـە قىلىـپ بېرىشـىنى تىلەيمىـز!

# مۇھەممەديۈسۈپ مۇھەممەدتۇرسۇن

# تەپەككۇر ئىلھاملىرى

## (ماقالىلەر توپلىمى)

## (1)

TEFEKKÜR ILHAMLERİ (1)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرىياتى

2024-يىلى 3-ئاي بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى
تۈركىيە -ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 7

بىزنىڭ چىقىش يولىمىز ـ ئوقۇش، ئۆگىنىشتۇر ........ 9

قۇرئان كەرىم بارلىق ئىلىملەرگە چاقىرىدۇ ........ 21

تەنقىد ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلى ........ 24

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر ........ 32

ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئەھمىيىتى ........ 43

ئىسلام روجەكلىرىدىن دېموكراتىيەگە نەزەر... ........ 56

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........ 76

بەخت نەدە ........ 80

ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل ھادىي» دېگەن ئىسمى ھەققىدە ........ 85

ھەمكارلىق غەلبىنىڭ كاپالىتىدۇر ........ 93

ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي راك — غەيۋەت ۋە مەسخىرە ........ 100

جەمئىيەت ۋە تەشكىلات مەسئۇللىرىنى قارىلاش ........ 103

ئۇممەتچىلىك، مىللەتچىلىك ۋە ھەمكارلىق ........ 105

ياخشىلىق قىلىش سىزنىڭ خىسلىتىڭىز بولسۇن ........ 112

ئۆز چىرىغىڭىزنى ياندۇرۇڭ ........ 116

پەرزەنتلەرگە ئانا تىلنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇرچىدۇر ........ 119

بىزدىكى ئاخىرەت ئەندىشىسى ........ 125

مىننەتسىز ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ........ 130

بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى ........ 133

پەرزەنتلىرىمىزدە ۋەتەن سۆيگۈسى يېتىلدۇرۇش ھەققىدە ........ 140

پەرزەنتلەرگە دۇئانى ئۆز تىلىمىزدا قىلىشنى ئۆگىتەيلى ..... 144

پەيغەمبىرىمىزنى قانداق قوغدايمىز ..... 147

پەيغەمبىرىمىزنى «ئى مۇھەممەد!» دېيىش ئەدەپسىزلىكتۇر ..... 154

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 24 سائەت ئىچىدىكى زىكىر ۋە دۇئالىرى ..... 158

تاشلىنىپ كەتكەن ئىبادەتلەر ..... 165

تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىسلام ئاتالغۇلىرى ..... 171

نەپس ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..... 183

تىللاشنى ئەمەس، ئىنسابنى ئۆگىنەيلى ..... 191

ئانا تىلنى قوغداش ئۆزىمىزنى قوغدىغانلىقتۇر ..... 195

تەپەككۇر ئىبادەتتۇر ..... 203

زاكاتنى ۋەتەننى ئازاد قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟ ..... 205

تەۋبە ـ ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى ..... 211

دىلىڭىز ئاللاھقا تايانسۇن، قولىڭىز سەۋەبكە ..... 216

دىن ۋە سىياسەت ..... 219

رازىمەنلىك ..... 223

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى ..... 225

روزا ھەققىدە 30 سوئالغا جاۋاب ..... 230

رىزىق ۋە رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىش يوللىرى ..... 235

رەھىم ـ شەپقەت ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك قانۇنىدۇر ..... 239

زاكات ۋە خەير ـ ئېھسان توغرۇلۇق 20 سوئالغا جاۋاب ..... 246

زاكاتنى دەۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتسە بولامدۇ؟ ..... 254

زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى ..... 257

زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلىرى ..... 259

بىئولوگىيەلىك سائەت ۋە تەن ساقلىقى ..... 267

ساغلاملىق ..... 272

سالىھلار ۋە سالىھ ئەمەللەر ..... 275

سەلبىي ئۇچۇرلارغا قۇلاق سالماسلىق ھەققىدە 278
سەۋر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى 284
شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى 290
بىزگە شجائەتلىك ئۆلىمالار كېرەك 300
شىئەلەر ھەققىدە مەلۇمات 307
ئەششەكۈر 312
غۇربەت كوچىلىرىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەر 317
غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ چاغلىرىدۇر 322
پىتىر سەدىقىسى ھەققىدە 40 سوئالغا جاۋاب 324
قازاقىستاندىكى مەرىپەت يۇلتۇزلىرىمىزدىن بىرى ساقىدى 334
قانداق قىلغاندا بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرگىلى بولىدۇ 337
قانداق قىلغاندا پەرزەنتلەردە ۋەتەن سۆيگۈسى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ 344
قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايسىز 347
قۇرئان كەرىمدىكى «مۇئمىنلەر» سۆزى بىلەن «ئىمان ئېيتقانلار» سۆزىنىڭ پەرقى 355
قورقۇنچنى يېڭىشنى ئۆگىنىلىۋېلىڭ 357
ياشاش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش كېرەك 359
قۇرئان كەرىمگە قايتىش 361
قۇرئان ئوقۇش ھەققىدە 15 تەۋسىيە 373
قۇرئانچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە 376
زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ يوللىرى تۈگىمەيدۇ 382
قېتىرقىنىپ قىلغان ئىش راۋاجلىق ئىشتۇر 385
كۆڭۈل ئاياشمۇ ئىبادەتتۇر 388
كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ 393
بىر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە 395
كىبىر ۋە ئۇنىڭ خەتىرى 400
كىچىك ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىق تېپىشنى ئۆگىنىۋالايلى 408

باشقىلارنى خۇشال قىلىش سەنئىتى ........ 411
ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن ........ 413
كەچۈرۈش كۆچلۈكلەرنىڭ خىسلىتىدۇر ........ 418
ئەخلاق ئادەم زىننىتى ........ 420
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ ........ 422
مۇئمىننىڭ ئىككى چوڭ قورالى ........ 427
ئىنسابسىز نەپسىم ........ 434
مېھماننى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر ........ 436
مىننەتدارلىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرىدۇر ........ 438
مەن نېمىشقا مۇسۇلمان بولدۇم ........ 445
بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىسلامغا چوڭ زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ ........ 448
ۋەتەن ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك ........ 453
تەقدىرگە نارازى بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ ........ 459
بىز نەدە ئىدۇق، نەگە كېلىپ قالدۇق، نېمە قىلىشىمىز كېرەك ........ 462
ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر ........ 473
ھالال يېيىش ئىبادەتتۇر ........ 479
ھاياتنى ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلار ........ 485
ھەسەتخورلۇق ئەڭ خەتەرلىك ئىللەتتۇر ........ 489
ۋاقىت ــ ئۆمۈردۇر ........ 496
ۋىجدان ۋە ئۇنىڭ رولى ........ 509
ۋەتەنپەرۋەرلىك دىندارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر ........ 512
ۋەسلە ........ 516
ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئارىسىدىكى «ئىشەنچ كرىزىسى» ........ 522
ياخشى ئەمەل ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى ........ 526
ئازابلانماي دېسىڭىز كۆڭلى ـ كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ ........ 529
ياشانغانلارنى يوقلاپ تۇرايلى ........ 532

ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن، تېزلىك پىششىق يېتىلگەنلىكتىندۇر ..... 534
ئالدىنى ئالماسلىق... تۈگىمەس پۇشايمان ..... 537
ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ھۆزۈرى ..... 540
ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى ..... 543
ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر ..... 547
ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەر ..... 552
ئاللاھ تائالانىڭ ئەششەكۇر دېگەن ئىسمى ھەققىدە ..... 569
ئالاھ تائالانىڭ ئەششافىي دېگەن ئىسمى ھەققىدە ..... 575
ئاللاھنىڭ ئەلھەفىيز دېگەن ئىسمى ھەققىدە ..... 579
ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيلى ..... 587
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى ..... 592
ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن ئىسمى ھەققىدە ..... 598
ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلۋەكىيل» دېگەن ئىسمى ھەققىدە ..... 603
ھەر ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىڭ، قالغىنى ئۆزى كېلىدۇ ..... 608
ئاللاھقا ۋەسىلە قىلغۇدەك ئەمەلىمىز بولسۇن ..... 611
كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنەيلى ..... 615
ئانا تىلنى قوغداش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر ..... 618
ئايا سوفىيادا جۈمە نامىزى ..... 626
ئاياللارنى قەدىرلەش ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكتۇر ..... 631
ئائىلىمىزنى جەننەتكە ئايلاندۇرايلى ..... 638
ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ..... 649
ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە رىئاللىقىمىز ..... 656

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر يىللاردىن بېرى ژۇرناللاردا ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ماقالىلىرىمنىڭ توپلىمى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «قەلەم ئىلھاملىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ، خەلقىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇ توپلامدىكى ماقالىلەردە خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىسلارنى يېڭىش چارىلىرى، بەزى مۇھىم دىنىي مەسىلىلەرنىڭ بايانى، ھاياتىمىزدا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا تۇرمۇشىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋە ئائىلىمىزنى جەننەت باغچىلىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئورۇن ئالغان. يەنە بۇنىڭدا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنى قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ۋەتىنىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، ئانا تىلىنى، مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىلىرىنى قوغدايدىغان، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشايدىغان، ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ يوللىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ ئەسەرنى تۈرلۈك سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەممىي تەكلىپ ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى قىزغىن قارشى

ئالىمەن. ئۇلۇغ رەببىمدىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى سالىھ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

**ــ مۇھەممەد يۈسۈپ**

1445 ـ يىلى رامىزاننىڭ 8 ـ كۈنى
2024 ـ يىلى 18 ـ مارت، دۈشەنبە
ئىستانبۇل، تۈركىيە

# بىزنىڭ چىقىش يولىمىز - ئوقۇش، ئۆگىنىشتۇر

ئىلىم ياراتقۇچىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. شەكسىزكى، ياراتقۇچىنى بىلىش ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، بىزنى ياراتقان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش شەرت. چۈنكى ئوقۇماستىن بىلگىلى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىن»[1] دەپ كەلگەن. يارىتىلىشىنىڭ غايىسىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ياشاشتۇر. بۇنى ئىبادەت دەيمىز. ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ﴾ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئىبادەتتىن مەقسەت: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈشتۇر. بۇ ۋەزىپىنى ۋە بۇ غايىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى تونۇغىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى رازى قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يول بويىچە ياشىغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىلىمدۇر. قىسقىسى، ئىلىم ئاللاھ تائالاغا يېتىشنىڭ شوتىسى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى، بەختلىك ھاياتنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، دېمەك ئىككىلى ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك ۋە ھۇزۇرلۇق ھاياتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلىم كېرەك. مۇستەملىكىدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل، ھۆر، ئازادە ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىلىم كېرەك. ئىلىم-پەن بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ، كۈچلۈك بولغاندا ئۆز-ئۆزىمىزگە خوجا بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى پەرز ۋە قەرزدۇر.

شەكسىزكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ ئالدىنقى

[1] سۈرە مۇھەممەد، 19-ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 56-ئايەت.

چاقىرىقىدۇر. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەت، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تۇنجى ۋەھيى «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغان. ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدا «پېئىلنىڭ مەفئۇلى (يەنى تولدۇرغۇچىسى) تىلغا ئېلىنمىسا، پېئىلنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ ئومۇملىقىدا قالىدۇ» دەيدىغان قائىدە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇقى دىنىڭ ۋە دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ئوقۇغىن، ئۆگەنگىن ۋە بىلگىن دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾ يەنى «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!»[1] دېگەن بۇ بۇيرۇقى ئىماننى غايە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىپ ئىمان ئېيتىش بىلەن تاكامۇللىشىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىمان بىلەن قوراللانمىغان ھەرقانداق ئىلىم بالايىئاپەت بولۇپ، ئىنساننى زوراۋانلىققا، ئاجىزلارنى ئېزىشكە، باشقىلارنىڭ ھېسابىغا چوڭىيىشقا ۋە نۇرغۇنلىغان يولسىزلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئىلىم ئۆز يولىدا ئىشلىتىلمىگەن ۋە ئۆز غايىسىدىن چەتنىگەن ئىلىمدۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنى ئوقۇساقمۇ، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئوقۇساقمۇ، شۇنداقلا دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ھەرقانداق ئىلىمنى ئوقۇساقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان بولىمىز. لېكىن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇش بىلەن باشقا ئىلىملەرنى ئوقۇش ئارىسىدا دەرىجە جەھەتتە پەرق بار. چۈنكى دىنىمىزنى بىلىش بارچە بىلىشلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بولۇپ، بىرى، «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى، كائىناتتۇر. شۇڭا، بەزى ئۆلىمالار «كائىنات سۆزلىمەيدىغان قۇرئاندۇر، قۇرئان سۆزلەيدىغان كائىناتتۇر»[2] دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ «كالام» (سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ نامايەندىسى بولسا، كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ سانىئ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ ئەسىرىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم ـ پەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھ تائالانىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇماقتا ۋە ئۇنى تەپسىر قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان. ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ

---

[1] سۈرە ئەلەق، 1 ـ ئايەت.

[2] دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلۇسىي: «مۇقەۋۋىماتتۇتتەكلىق»، 34 ـ بەت.

الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن: ﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟»[2] دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىلىم ئەھلى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىلىمنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى

ئىسلام نەزىرىدە ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرزدۇر. ئىسلامدا پەرز بولغان ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز ئەين، يەنە بىرى پەرز كۇپايەدۇر. پەرز ئەين — ھەربىر ئادەم ئۆزى قىلمىسا ئادا تاپمايدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ئىمان ئېيتىش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش دېگەنگە ئوخشاش. پەرز كۇپايە — مەلۇم كىشىلەر قىلسا قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ، مېدىتسىنا، ئىقتىساد، سىياسەت، فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، بىناكارلىق قاتارلىق ئىلىم تۈرلىرىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇشى بىلەن قالغانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ پەنلەردە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

### *1. پەرز ئەين بولغان ئىلىم*

پەرز ئەين بولغان ئىلىم — «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى بىلىش؛ ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، قوشنىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ، پۇل-مالنى ھالالدىن تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين. بۇلارنى بىلمىگەن ئادەم شەكسىز گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىملەر ھەربىر

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 11-ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 9-ئايەت.

مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەردۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاق.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئىلىملەرنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى بىلىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئون ئايەتنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، باشقا ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلمەيتتى.

## *2. پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم*

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، مىراس ئىلمى، تارىخ، ئىسلام تەربىيەسى قاتارلىق ئىسلامىي ئىلىم ساھەلىرىدە؛ شۇنداقلا مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، ئىقتىساد، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەردە، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەرقانداق ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ساھەلەردە ئوقۇسا، ئوقۇمىغانلىرىدىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ. ئەگەر بىرەر رايوندىن، ھەتتا بىرەر رايون ۋە بىرەر مەھەللىدىن بۇ پەنلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەملەر چىقمىسا، شۇ رايون ۋە شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي مۇنداق دېگەن: «پەرز كۇپايە بولغان ئىلىمنىڭ بايانى شۇكى، ھەرقانداق ئىلىمنىڭ دەرىجىسى ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىمنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى دىنىي ئىلىم، يەنە بىرى دىنىي بولمىغان ئىلىمدۇر. دىنىي ئىلىم دېگىنىمىز: پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يولى بىلەن كەلگەن، ئەقىل يولى بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىلاھىي ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي بولمىغان ئىلىملەر: تېبابەت ۋە ماتېماتىكىغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر تەن ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن تېبابەت ئىلمىگە، مۇئامىلە، مىراس تەقسىماتى دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن ماتېماتىكىغا موھتاج بولىدۇ. بۇنداق ئىلىملەرنى ھەربىر رايوندىن مەلۇم كىشىلەر ئۆگەنسە، باشقىلاردىن ئۆگىنىش پەرزى ساقىت بولىدۇ. بىزنىڭ ‹تېبابەت ۋە ماتېماتىكا ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايەدۇر› دېگەن سۆزىمىزگە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى دېھقانچىلىق، ھىجامەت، سەيپۇڭلۇق قاتارلىق ئىلىم ۋە سانائەتلەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرز

كۈپايىدۇر»[1]. بۇ ئالىم 10-ئەسىردە ياشىغانلىقتىن، شۇ دەۋرنىڭ سەۋىيەسى ۋە شۇ دەۋردىكى چەكلىك ئىلىم تۈرلىرى ئۈستىدىلا توختالغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بارلىق دىنىي ئىلىملەر ۋە بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەر ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. يەنى دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، دىنىي ئىلىملەردىن بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلار موھتاج بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت قاتارلىق ئىلىملەرمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن بۇ ئىلىملەرنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىدىن بىھاجەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىي ئەمەس ئىلىملەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ»[3]. بۇ پەتىۋا شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، مەيلى دىنىي ئىلىملەر دەپ ئاتالغان تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى بولسۇن، مەيلى دۇنيالىق ئىلىملەر دەپ ئاتالغان ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق پەنلەرنى بولسۇن، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇغان ئادەم ئاللاھ تائالا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان ئالىملار قاتارىغا كىرىدۇ، دىنىي ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ، «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[4] دېگەن ھەدىستىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، مەيلى قانداق ئىلىم بولسا بولسۇن، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئىلىملا بولىدىكەن، ئۇ دىنىي ئىلىمدۇر، ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر ۋە دىنىمىزدا پەرز بولغان ئىلىمدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى جىبرىن: «مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن ئەسكىرىي ئىلىملەرنى

[1] ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1-توم، 16-بەت.

[2] مۇجادەلە سۈرىسى: 11-ئايەت.

[3] سەئۇدى ئەرەبىستان «پەتىۋا كومىتېتى»نىڭ 12/ 77 نومۇرلۇق پەتىۋاسى.

[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۆگىنىش ھەممىدىن بەك زۆرۈردۇر ۋە مۇھىم پەرزدۇر»[1] دېگەن. خۇددى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ئىلىم بىلەن دۇنيالىق ئىلىمنى بىللە ئېلىپ بارغاندەك، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە دۇنيالىق ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. دۇنيالىق ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇش دىندا ئالىم بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ، دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن دۇنيالىق ئىلىملەردىن يۈز ئۆرۈشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دۇنيالىق ئىلىملەرگىلا بېرىلىپ كېتىپ دىنىي ئىلىملەرنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ تۈگۈنى بولغان دىنىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن، تۇرمۇشۇمنىڭ كاپالىتى بولغان دۇنيالىقىمنى ياخشىلاپ بەرگىن»[2] دېگەن دۇئاسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككىسىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىدۇ.

## ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىشنىڭ خاتالىقى

مەن ئويلايمەنكى، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم سانىلىدۇ. ئەكسىچە جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىنغان ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇغان ھەرقانداق ئىلىم دۇنيالىق ئىلىم سانىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى، بەزى كىشىلەر فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا قاتارلىق دىن بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەقىقەتلەرنى بىلىپ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ دىنغا دەۋەت قىلالايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلىمەستىن، باشقا مۇددىئالار بىلەن ئوقۇپ، ئوقۇغانلىرىنى شۇ مۇددىئالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولىدۇ . مەسىلەن، بەزى كوممۇنىستىك دۆلەتلەر ئۆزلىرى دىنغا ئىشەنمەي تۇرۇقلۇق، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇغانلار كوممۇنىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدۇ. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقامدىكى جانباقارلىرىنىڭ قالايمىقان پەتىۋا چىقىرىۋاتقانلىقى، ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىننى بورمىلاپ بېرىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

[1] ئەللامە ئىبنى جىبرىننىڭ ئىلىم توغرۇلۇق لېكسىيەسىدىن.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىسلامنىڭ ئۈلگىلىك دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىلىملەر مۇھىم ئىدى، ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە تىبابەت، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى نەپلە (ئىختىيارى) ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى، كىشىلىك ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىگىلا بولسا، ئىلىم-پەننىڭ پايدىسى بارلىق ئىنسانلارغا بولىدۇ. ياۋروپانىڭ قاراڭغۇلۇق ئەسىرلىرىدە ئىلىم-پەن سايىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى ئېلان قىلغان بەزى ئالىملار چېركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشد، خارەزمىي، ئىبنى ھەيسەم، فارابىي، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەربىرى مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم-پەنلەرگە تۈنجى ئۇل سالغان كىشىلەر بولۇپ تارىختا قەيت قىلىنغان ئىدى.

كۆپلىگەن پەيلاسوپلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى «ئىلىم ئاللاھقا باشلايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىردەك سۆزلىمەكتە. چۈنكى ياراتقۇچىنى تونۇش ۋە كائىناتنى بىلىش پەقەت ئىلىم سايىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسىر[1] Herbert Spencer «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۈكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن يىراقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە ئىسلىكنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش) ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر.



[1] ھېربېرت سپېنسىر — (1820— 1903) جەمئىيەتشۇناسلىقتا دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگىلىيەلىك ئاتاقلىق ئەدىب ۋە پەيلاسوپ.

بۇنــداق ئىلــم كىشــىلەرگە ئاللاھنىــڭ قانــداق شــەكىل ۋە قانــداق كەيپىياتتــا ئىكەنلىكىنــى چۈشەندۈرۈشــنىڭ مۇمكىــن ئەمەسـلىكىنى بىلدۈرۈشــتە ئىسـتىبداتلىق يولىنــى تۇتمايــدۇ، لېكىــن بىزگــە بــۇ مۇمكىــن ئەمەســلىكنى چۈشــەندۈرۈش ئۈچــۈن مۇناسـىپ يولنـى تۇتىـدۇ ۋە ئىنسـاننى ئەقلـى يېتىدىغـان بارلىـق ساھەلەرگە باشـلاپ بېرىــپ، ئاخىرىــدا ئەقلىنىــڭ ســىرتىدا بولغــان چېگــرادا توختايــدۇ. شــۇ ۋاقىتتــا دەيدۇكــى، ئىنســاننىڭ ئەقلــى شــۇنچىلىك يەرگىچــە يېتىــدۇ، ئەممــا ئەقىــل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!»[1].

ئالــلاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە: «بىلىدىغانــلار بىلــەن بىلمەيدىغانــلار بىلىدىغانــلار بىلــەن بىلمەيدىغانــلار بــاراۋەر بولامــدۇ؟»[2] دەيــدۇ. ھېربېــرت سپېنســر خــۇددى بــۇ ئايەتنــى شــەرھىلىگەندەك مۇنــداق دېگــەن: «بىــر تامچــە سۇنــى كۆرگــەن ئالــىم ئۇنىــڭ ئوكسىگېن بىلــەن ھىدروگېنىدىــن مەلـۇم نىسـبەتتە تەركىــب تاپقــان سۇ ئىكەنلىكىنــى، ئەگــەر ئــۇ ئۆزىنىــڭ شــۇ نورماللىقىدىــن ئۆزگىرىپــلا كەتكەنــدە، ســۇ ئەمــەس، باشــقا نەرســىگە ئايلىنىــپ قالىدىغانلىقىنــى ئوبــدان بىلىــدۇ. بۇنىڭدىــن ئالــلاھ تائالانىــڭ قۇدرىتىنــى ۋە ھېكمــەت بىلــەن شــۇنداق ئورۇنلاشــتۇرغانلىقىنى چۈشــىنىدۇ. مۇنــداق ئالىمنىــڭ ئىلمــى سۇ تامچىســىنى پەقــەت بىــر تامچــە ســۇ خــالاس، دەپ بىلىدىغــان ئالىمنىــڭ ئىلمىدىــن ئەلۋەتتــە يۇقىــرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمــدۇر. شــۇنىڭدەك، بىرتــال قــار دانىســىنى كۆرگــەن ئالىمــۇ ئۇنىڭدىكــى بەدىئىــي ســەنئەتنى، دىققــەت بىلــەن لايىھىلەنگــەن گۈزەللىكنــى كۆرىــدۇ. شۈبھىســىزكى، بۇنىــڭ بىلــەن ئاللاھنىــڭ ماھارىتىنــى ۋە ھېكمەتلىــك ئىــش قىلىدىغانلىقىنــى بىلىــدۇ. ئەممــا شــەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس»[3].

## بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز

ئەپسۇسكى، ئــون ئالتىنچــى ئەســىردىن كېيىــن مۇســۇلمانلار ئەقىــدە ۋە ئەخــلاق جەھەتتىــن چېرىكلىششــكە باشــلىۋىدى، تۈرلــۈك خۇراپاتــلار، يوقســۇللۇق ۋە موھتاجلىــق ئۇلارنــى قورشــىۋالدى. ئــۇلار مەســجىدتىن يــۈز ئــۆرۈپ خانىقاغــا يۈزلىنىدىغان؛ ئىبادەتنــى ئالــلاھ تائالاغــا قىلمــاي، ئاتالمىــش ئەۋلىيالارغــا قىلىدىغان؛ تەپســىر، ھەدىــس، تارىــخ، ئىلىملىرىنــى ئوقۇشــنىڭ ئورنىغــا تەرىقەتچىلىــك، تەركىدۇنيالىــق دېگەنــدەك ئاساسـلىق مەقســەتتىن يىراقلاشــتۇرىدىغان نەرســىلەرنى

[1] «التربية » (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 145 ـ بەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى: 9 ـ ئايەت.

[3] «التربية» (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 148 ـ بەت.

ئوقۇشىنى ۋە شۇلار بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئەۋزەل كۆرگەندىن كېيىن؛ ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارادىكى يۈكسەك ئورنىنى، ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات دەۋرىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھەر تەرەپتىن يوقسۇل بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىنىڭ زەھىرى بىلەن ھوشسىزلانغاندىن كېيىن ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات دەۋرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەلۇمكى ئىسلام دىنىمىز زاھىدلىققا تەرغىب قىلىدۇ، ئەمما تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي چەكلەيدۇ. چۈنكى تەركىدۇنيالىق دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپىغا ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. چۈنكى زاھىدلىق — دىندا چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق — دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېشى پاقىراق، ئىچى قاغجىراق ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۇرۇن ئىبنى سىنا، فارابىيلارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىسەلەر كېيىنچە، قارا قورساقلارنى، جانباقارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. مەدرىسەلەردە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە دېگەندەك ئىلىملەرنى ئوقۇتۇش مەقسەتلىك ھالدا دەھرىيلىك دەپ تەشۋىق قىلىندى، ئىلىم-پەنگە يۈزلەنگەنلەر «جەددىدچى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئەل جامائەتنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇلۇغبەگدەك ئالىملارمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىگە رەسەتخانا ياساتقانلىقى ئۈچۈن، «مۇرتەد» دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇلقادىر داموللام بولسا، «جەددىدچى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ بىر خائىننىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. دىن بىلەن پەن بىر-بىرىگە زىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، دىنني ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دېگەن ئايرىمچىلىق رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقتى. دىندا ئوقۇغانلار «ئۆلىما» ئاتالدى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولسا، «موللام» دەپ قويىدىغان بولدى، پەندە ئوقۇغانلار «زىيالىي» ئاتالدى. ئۆلىما بىلەن زىيالىي ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى قېلىن سېپىللار سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى.

ئىلىم-پەن بىلەن قوراللانغانلار دۇنياغا ھۆكۈمران بولدى. ئىلىم-پەندىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋالغانلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ مەھكۇملۇقتا ياشايدىغان بولدى. دۇنيا رىقابەت دۇنياسى بولۇپ، دۇنيادا ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇپ ياشاش ئۈچۈن رىقابەتتىن قاچماي، دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ياشاش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق ياشىسۇن دەپ زامانغا لايىق ھەربىي كۈچ تەييارلاشقا، زاماننىڭ رىقابىتىگە شۇنداق ھازىر بولۇشقا

ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ﴾ يەنى «دۈشمىنىڭلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر»[1]. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىزنى بۇ دۇنيادا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ ئەركىن، ھۆر ياشاشقا؛ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەمدىلا تونۇپ يەتكەن بولساق؛ باشقىلار خېلى بۇرۇنلا بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلغان ئىدى. ئايەتتىكى «كۈچ» ئىلىم كۈچى، قورال كۈچى، ئادەم كۈچى، پەن-تېخنىكا كۈچى، ئىقتىساد كۈچى، تەشۋىقات كۈچى قاتارلىق بارلىق كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش» دېگەننىڭ مەنىسى سىلەرنى يوقاتماقچى، مۇستەملىكە قىلماقچى، بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك بولۇڭلار؛ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار؛ زاماننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۈشمىنىڭلارنى سىلەرگە خىرىس قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈڭلار دېگەنلىكتۇر. بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى «ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[2] دەپ تىلەڭلار دېيىش ئارقىلىق ھەم بۇ دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان تۇرسا، بۇ دۇنيالىقنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاخىرەتلىككىلا تۇرىدىغان بولدۇق. ئاندىن بۇ ئاخىرەتلىكنىمۇ ئۆز جايىدىن ئەمەس، خانىقالاردىن، مازارلاردىن ۋە تەركىدۇنيالىقتىن ئىزدىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بىز يەنىلا ئوقۇش، ئۆگىنىش ئارقىلىق كۈچلىنىش بىلەن چوقۇم تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.



## بىزنىڭ ئۆلىما ۋە زىيالىيلىرىمىز

ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرىمىز بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە بىزنى قۇتۇلۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشى شەرت. چۈنكى ئىلىم كەسپىي ئىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كەسپىي ئىلىم ھەربىر ئۆلىما، ھەربىر زىيالى مۇتەخەسسىس بولغان ساھەنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز ئۆز كەسپىدىن باشقا ئىلىم ساھەلىرىدىمۇ

[1] سۈرە ئەنفال، 60-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 201-ئايەت.

يېتىشىپ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشى زۆرۈر. شۇڭا ئۆلىمالارنىڭ پەننىي ساھەلەردىمۇ خەۋەردار بولۇشى، زىيالىيلارنىڭمۇ دىنىمىزنى ئوبدان ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بىر مىللەتنىڭ زىيالىيسى ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىنى، ئەخلاقىنى ۋە قائىدە- يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىشى، خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېتىقادى، ئاشۇ ئەخلاقى ۋە ئاشۇ قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن قوشۇپ سۆيۈشى لازىم.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پىداكار ئۆلىمالىرى بىلەن پىداكار زىيالىيلىرى ئاللاھنىڭ بۇ مىللەتكە ئاتا قىلغان نېمىتىدۇر. چۈنكى ئۇلار ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بىلگەن ۋە ئۇنى جېنىدىنمۇ بەك سۆيگەن كىشىلەردۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ۋەتەنپەرۋەر پەرزەنت يېتىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ كىشىلەردەك بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بىز پىداكار ئۆلىمالىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلقى ۋە ۋەتىنى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى زۆرۈر.

## بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز

پەرزەنتلىمىز بىزنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىقىمىز، زور كۈچىمىز ۋە كېلەچىكىمىزنى قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن بىردىنبىر سەرمايىمىزدۇر. بىز ئاللاھنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان، پىداكار ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە موھتاج. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بۇرچى ۋە يەكسەك جاۋابكارلىقىدۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنى، تارىخىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىش، ۋەتەننى سۆيدۈرۈش، ۋەتەن دەۋاسىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق چېچىلاڭغۇلۇق ۋە سەرسانلىقتىن كېيىن ئىلىم-پەنگە تايىنىپ كۈچلەنگەنلىكى ۋە ئاخىرى ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ غايىسىگە يەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم جەھەتتىن ئۈلگە بولالايدۇ. ھازىرمۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئىلىم-پەندىن ئالغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس.

ئەگەر بىز قەد كۆتۈرمەكچى بولساق، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھۆر، ئازاد ياشىماقچى بولساق، چوقۇم دىنىمىزنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بىللە ئىلىم پەنگە يۈرۈش قىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ھەم دىندا ھەم پەندە ئوقۇتۇپ، ئاللاھنى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇپ ياشايدىغان، ۋەتىنىگە،

خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا موھتاجمىز. ئەگەر بىز بۇنى قىلالمىساق ۋەتىنىمىز ۋە كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا قارا يۈز بولۇشتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرىقىلارنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە مەيلى قايسى دۆلەتتە بولايلى پەرزەنتلىرىمىزنى دىنى ۋە مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەش ئاساسىدا شۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى تاللىغان ئىلىم ساھەدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن، ۋاقتىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىمىزنى ئاتىشىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر.

# قۇرئان كەرىم بارلىق ئىلىملەرگە چاقىرىدۇ

قۇرئان كەرىم ئىلىم-پەننىڭ مەلۇم تېمىلىرى ھەققىدە يىپ ئۇچى بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بەرگەن. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۆپلىگەن تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ ثَمَرَاتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهَا ۚ وَمِنَ الْجِبَالِ جُدَدٌ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ. وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَابِّ وَالْأَنْعَامِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ كَذَٰلِكَ ۗ إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ۗ إِنَّ اللهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ﴾ يەنى «كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى. تاغلاردىن ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭلىك ۋە قاپقارا يوللار(قىلدى). شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»[1] بۇ ئايەتتە بوتانىكا، زوئولوگىيە، پسىخولوگىيە ۋە گېئولوگىيە قاتارلىق ئىلىملارغا ئىشارەت قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بايانلاردىن كېيىنلا «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ» دېگەن سۆزى ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، دىنىي ئالىم مەدرىسەدە، ئىمام مېھرابتا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن قورقسا؛ بىئولوگىيە ئالىمى تەجرىبىخانىدا، ئاسترونومىيە ئالىمى رەسەتخانىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت بارلىق ئىلىم ئەھلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## دىندا ئالىم بولۇش

دىننى ئۆگىنىش، دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، دىننىڭ تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل بىلىش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشىنىش دېگەنلەر ئەرەب تىلىدا «ئەل فىقھۇ فىددىن» دەپ ئاتىلىدۇ. «فەقھ» سۆزىنىڭ مەنىسى ئۆگىنىش ۋە بىلىش دېگەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، مۇكەممەل بىلىش ۋە توغرا چۈشىنىشنى

[1] سۈرە فاتىر، 27 28-ئايەتلەر.

ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «فەقىھ» سۆزى «ئالىم» سۆزىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ھەرقانداق «فەقىھ»نى «ئالىم» دېگىلى بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق «ئالىم»نى «فەقىھ» دېگىلى بولمايدۇ.

دىنني ئىلىم مەنپەئەت جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەرتىۋە جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا مۇكەممەل ئالىم قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى دەپ ئوچۇق جاكارلاپ: «ئاللاھ ئوقۇش ئۈچۈن يول ئالغان ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[2] دېگەن.

## ئىلىم-پەن دىنغا قارشى ئەمەس

ئىلىم-پەن دىنغا قارشىمۇ، ئۇنىڭغا زىتمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن ئەقىللىق كىشىلەرنى ئىمانغا باشلايدىغان بىر يولباشچىدۇر. ئىلىم دېگىنىغا شۇڭغۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بۇ سىرلىق كائىناتنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ھىمايە قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە، پۇختا يارىتىلغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. دىنسىزلىق ئېتىقادى بىلەن تەبىئەت، ئاسترونومىيە، بىيولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا ئىلىم-پەن ساھەلىرىگە قەدەم قويۇپ، بۇ ئىلىم-پەنلەر سايىسىدا ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىلمىي يوسۇندا يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە بۇ دەلىللىرى ئارقىلىق ئىلىم-پەندىن يۈزەكى مەلۇماتلىق بولۇپ، ئىلىمنى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك رەددىيەلەرنى بېرىپ كەلگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. گېرمانىيەلىك شائىر ۋە يازغۇچى ھىلمۇت ھۇگىل[3] مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە-يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ھىلمۇت ھۇگىل (1903 1980) ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆپلىگەن خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن گېرمانىيەلىك شائىر ۋە يازغۇچى.

مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ مۇنبىرىدۇر».

ئەمما، تەبىئىي پەندە ئۆزلىرىنى ئالىم ساناپ مەغرۇرلانغان ئاتېئىزمچىلار ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقلىيىتى بىلەن ياشىغۇچىلاردۇر. ئۇلار زامانىمىزدىكى ئىلىم-پەننىڭ قانچىلىك زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە ھەرقەدەمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تەرزى باشقىلار سىزىپ بەرگەن چەكلىك نەزەرىيە دائىرىسىدە مەھبۇس بولغانلىقتىن، ئەقلىمۇ شۇ ئەندىزە ئىچىدە مەھبۇستۇر.

# تەنقىد ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلى

تەنقىد — كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن پىكىر دېگەنلىكتۇر[1]. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەنقىد باشقىلار تەرىپىدىن سادىر بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تىرىشچانلىق، يېڭىلىق، ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز ۋە كۆزقاراشلار ھەققىدىكى پىكىرنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەنلىكتۇر. بىر ئادەمنىڭ تەنقىد قىلىشى يەنە بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىرى ئىجابىي دەپ قارىغان ئىشقا يەنە بىرى سەلبىي دەپ باھا بېرىشى مۇمكىن.

تەنقىد ھاياتىمىزدىكى كۆپلىگەن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئىلمىي ياكى ئەدەبىي ئەسەر، شېئىر، نۇتۇق، سىياسەت، سەنئەت، دىنىي مەسىلە، كۆزقاراش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە بولىدۇ.

ئىجابىي تەنقىد — باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىش ھەرىكەت، گەپ-سۆز ۋە كۆزقاراش قاتارلىقلارغا ھەققانىي ۋە توغرا باھا بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىجابىي تەنقىد شەخسلەرنى ۋە كوللېكتىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېخىمۇ ياخشى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئىجابىي تەنقىد كىشىلەرنىڭ نىيىتى ياكى ئوي-خىيالى بىلەن ھېسابلاشماستىن، مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئىجابىي تەنقىد كىشىلەرنى سازايى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ئىجابىي تەنقىد ئىشلارنىڭ تەلەپكە لايىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئىجابىي نەتىجىلەرنى قازىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. ئىجابىي تەنقىد — سەممىي نەسىھەتتۇر. ئىمام شافىئىي تەنقىد ۋە نەسىھەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىراۋغا مەخپىي ھالدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ، بىراۋغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە چۈشۈرگەن بولىدۇ».

سەلبىي تەنقىد — شەخس ۋە كوللېكتىپنى يىقىتىش، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك خاراكتېرلىك قىلمىش بولۇپ، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۆزىدۇر. سەلبىي

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 287-بەت.

تەنقىدچىلەر ئادەتتە باشقىلاردىن كەمچىلىك ئىزدەش، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بارچە ئىقتىدارىنى ۋە ئەقلىي كۈچىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار نەتىجە قازانغان شەخسلەر ياكى جامائەتلەرنى ئەيىبلەشتە ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە يوشۇرىدۇ، كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى بولسا، كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. سەلبىي تەنقىدچىلىككە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار كۆپ. ئەمما، ئەڭ ئالدىنقىسى ھەسەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەسەت شۇنداق كۈچلۈك قوزغاتقۇچكى، ھەسەتخورنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدۇ، قەلبىنى ئازابلايدۇ، ھەسەتنىڭ ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرىدۇ، بىرلىرىنى غاجىۋالمىغۇچە كۆڭلى قەتئىي ئارام تاپمايدۇ.

ئەرەبلەر ئىجابىي تەنقىدنى «النقد البنّا» (قۇرۇپ چىققۇچى تەنقىد) دەيدۇ. ئۇلار بىناكارنىمۇ «البنّا» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما، سەلبىي تەنقىدنى بولسا «النقد الهدام» (يىقىتقۇچى تەنقىد) دەپ ئاتايدۇ.

### ئىجابىي تەنقىد بىلەن سەلبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر

- ئىجابىي تەنقىد ئىلمىي ئۇسۇلدا، ئەدەپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، سەلبىي تەنقىد سۆكۈش، تىللاش ۋە كەمسىتىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ماۋزۇدا گەپ قىلىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق گەپلەرنى قىلىدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى سەمىمىي نەسىھەت قىلىشنى كۆزلەيدۇ، سەلبىي تەنقىدچى قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش ۋە رەسۋا قىلىشنى كۆزلەيدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئويلايدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆزىنى ھەقلىق قىلىپ چىقىرىشنىلا ئويلايدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى ھەربىر پىكىرنىڭ توغرا ۋە خاتا تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى پەقەتلا سەلبىي تەرەپنىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى تاشلانغان پىكىرلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ھېچقانداق رەددىيەنى قوبۇل قىلمايدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى كىمنىڭ پىكرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر دىققىتىنى پىكىرنىڭ ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى بولسا پىكىر ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ گەپ قىلىدۇ.

- ئىجابىي تەنقىدچى ئىشلارنى ياخشىلاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما سەلبىي تەنقىدچى ئۈچۈن ئىشلارنىڭ ياخشىلىنىشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى قارشى تەرەپنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆز يۇممايدۇ، سەلبىي تەنقىدچى بولسا، قارشى تەرەپنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىدۇ.
- ئىجابىي تەنقىدچى ئۆز پىكرىنىڭ توغرا ۋە خاتالىققا ئېھتىمالى بولغان كۆزقاراش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆز پىكرىنى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

## ئىجابىي تەنقىدنىڭ پايدىسى



ئىجابىي تەنقىد تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەلەپلىرىدىن بىرى. چۈنكى، كەمچىلىك ۋە ناقىسلىق بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق سۈپىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېچكىم مۇستەسنا ئەمەس. كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنى تۈزىتىش، تولۇقلاش ۋە توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن چوقۇم تەنقىدكە ئېھتىياج بار. ناۋادا ئىجابىي تەنقىد بولمىسا، ھايات توغرا يۆنىلىشتە ماڭالمايدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئىنسان ئۆزى توغرا دەپ بىلگەنلىرىنى قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى بىلمەي قالىدۇ. تەنقىد بولسا خاتالىقلىرىمىزنى ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا، بىزدە «تەنقىد ئاچچىق، مېغىزى تاتلىق» دەيدىغان ھېكمەت بار.

ئىجابىي تەنقىد ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن» دېگەن ئىكەن. بىز ھەممىمىز ئىجابىي تەنقىدكە موھتاج. چۈنكى، ئىجابىي تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى دەڭسىيەلەيمىز، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلىيالايمىز، ياخشى تەكلىپلەردىن پايدىلىنالايمىز. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر «تەنقىد» دېگەن سۆزنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ، ھەتتا ئىجابىي تەنقىدنىمۇ ئاڭلاپ باقاي دېمەيدۇ. ئەسلىدە تەنقىد يامان نەرسە ئەمەس، چۈنكى «نقد» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىنىڭ لۇغىتىدە: تەڭگىنى ساختىسىدىن ئايرىپ چىقىش دېگەنلىك بولۇپ، ساپلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، دەيمىزكى، تەنقىد تەنقىدلەنگۈچىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ.

## تەنقىد قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى بايان قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاشۇ مەسىلىدە مۇتەخەسسىس بولۇشى ياكى ھېچبولمىغاندا، ئاشۇ مەسىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان بولۇشى شەرت. ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە تەپسىلاتىنى ئۇقمايدىغان ماۋزۇدا تەنقىدىي پىكىر بايان قىلىش ئۈچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر.

2. تەنقىدچىنىڭ ئۆزى تەنقىد قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغان بولۇشى، ئاز-تولا مەلۇماتلىق بولۇپلا تەنقىدنىڭ يولىنى تۇتماسلىقى شەرت.

3. تەنقىدچىنىڭ راستچىللىق، سەممىيەت ۋە ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى ۋە ئۆزى تەنقىدلىمەكچى بولغان مەسىلىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئايرىيالايدىغان سەۋىيەدە بولۇشى شەرت.

## تەنقىد قىلىشنىڭ قائىدىسى

1. بىرەر مەسىلىنى تەنقىد قىلغۇچى تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ تەنقىدنىڭ جايىدا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى، تەنقىد قىلسا قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، ناۋادا تەنقىد قىلمىسا نەتىجە قانداق بولىدۇ؟ بۇلار ھەققىدە ئويلىنىشى لازىم. چۈنكى، «قىلمىغان ئىشقا بىر قېتىم، قىلىپ قويغان ئىشقا ئون قېتىم پۇشايمان قىلىدۇ» دەيدىغان سۆز بار. ئېغىزدىن چىققان سۆزنى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ. سۆز ئېغىزدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى بىز باشقۇرىمىز، ئۇ ئېغىزىمىزدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى باشقۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر بىر قېتىملىق خاتا سۆزىنىڭ دەردىنى ئۆمۈر بويى تارتىدۇ، بەزى كىشىلەر ئويلىمايلا ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويغان بىرەر ئېغىز سۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

2. تەنقىدنى ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ماختاش بىلەن باشلاش. بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ، تەنقىد قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ قەلب پەنجىرىسىنى ئاچىدۇ ۋە تەنقىدنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا بىزگە گۈزەل ئۆرنەكلەرنى بەرگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئۆمەر! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن، ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى قىستاپ قويمىغىن» دېگەن سۆزىدە، نەسىھەتنى ئاۋۋال ئۇنىڭ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىش بىلەن باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئاز! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن ھەر نامازدىن كېيىن «ئى ئاللاھ! مېنىڭ سېنى ياد ئېتىشىمگە، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىشنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگىن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال مۇئازنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچقان، ئاندىن دۇئانى ئۆگەتكەن.

3. تەنقىدنى شەخسنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئۇنىڭ پىكرىگە قارىتىش ۋە بۇنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىش. چۈنكى، قارشى تەرەپ سىزنىڭ خالىس نىيىتىڭىزنى ۋە مەقسىتىڭىزنى توغرا چۈشەنمىگۈچە ۋە «مېنى كەمسىتىۋاتىدۇ» دېگەن ئوي-خىيالدىن ئۆزىنى ئازاد قىلمىغۇچە، تەنقىدلىرىڭىز قانچىلىك ئىجابىي، قانچىلىك ئورۇنلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

4. تەنقىد جەريانىدا، قارشى تەرەپنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ياكى ئۇنى نادانغا چىقىرىدىغان ۋە ياكى خاتالاشقۇچى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەردىن، سۆز ۋە ئىبارىلەردىن ساقلىنىش. باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ تۇرۇپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، باشقىلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان. ئۇلارمۇ بىز خۇشال بولىدىغان ئىشلاردىن خۇشال بولىدۇ، بىز خاپا بولىدىغان ئىشلاردىن خاپا بولىدۇ.

5. يارا ۋە جاراھەتلەرنىڭ ئۈستىگىلا قونىدىغان چىۋىن بولماي، خۇش پۇراق گۈللەرگە قونىدىغان ھەسەل ھەرىسى بولۇش. باشقىلارنى تەنقىدلەشتە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى بايان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، پەقەت ئۇلارنىڭ پىكرىگە تۈزىتىش بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەرقانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۆز خاتالىقىنى يۈزىگە سالسا خاپا بولىدۇ.

6. تەنقىد قىلىشتىكى ۋەزىپىڭىز ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان پىكرىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولۇشى، قارشى تەرەپنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا زورلىماسلىقىڭىز لازىم. ئەگەر سىز ئۆز پىكرىڭىزنى قارشى تەرەپكە تاڭماقچى بولسىڭىز چوقۇم مەغلۇپ بولىسىز.

7. تەنقىدنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ھەزەر ئەيلەش. تەنقىد قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى غالىب، قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشى شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا، تەنقىد ئۆز خاراكتېرىنى يوقىتىپ، تەنقىدچى بىلەن پىكىر ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق جەڭدە پىكىرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى مۇھىم ئەمەس، پەقەت قارشى تەرەپنى يېڭىشلا مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە،

بۇنداق تەنقىدتىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە چىقمايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقىمىز؟

تەنقىدتىن قورقۇشنىڭ مۇنداق ئىككى چوڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى مەيلى سىياسىي، مەيلى ئىجتىمائىي، مەيلى ئىلمىي، مەيلى دەۋەت ساھەسىدە بولسۇن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان بولۇپ، ئەڭ قالاق دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بۇ قالاقلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى شەخس، كوللېكتىپ ۋە جەمئىيەتلەرگە ئومۇملىشىپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار ھەممە ساھەدە شۇنچىلىك ئارقىدا قالغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىمىزنى تەرققىي قىلدۇرۇشقا، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاشقا، بىلمىگەنلىرىمىزنى ئۆگىنىشكە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيمىز. ئەكسىچە، كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق بىر ئىجابىي تەنقىدنى دۈشمەنلىك دەپ بىلىمىز، سىياسەتچىلىرىمىز بولسا، تەنقىدنى جىنايەت دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى، كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل دەپ ئويلايمىز، شۇڭا بىزدە ئىجابىي تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىق يوق. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمەتلەر، تەشكىلاتلار، جامائەتلەر ۋە شەخسلەر ئۆزلىرىگە ئىجابىي تەنقىد قىلغۇچىلارنى ۋە سەمىمىي نەسىھەت قىلغۇچىلارنى «دۈشمەن» دەپ تونۇيدۇ ۋە دۈشمەنگە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقىدا ﴿مَا أُرِيكُمْ إِلَّا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ الرَّشَادِ﴾ «مەن سىلەرگە پەقەت ئۆز كۆز قارىشىمنى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن»[1] دەيدىغان پىرئەۋنچە ئەقلىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىراپ شەكلىدىكى توغرا سۆزنى قىلىپ قويۇپ، ئۆز خاتالىقىنى ۋە كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلماي قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئېتىراپ شەكلىدىكى توغرا سۆز»ى قايسى دېگەندە، ئۇلارنىڭ «بىزمۇ ئىنسان. ئىنسان دېگەن خاتالىشىدۇ، خاتالىقتىن ھېچكىم خالىي ئەمەس» دەيدىغان سۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ توغرا سۆزنى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت باتىلى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇ توغرا سۆزنى قىلىپ قويغان بىلەن، ئۆزىدىكى خاتالىقنى ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شەخسلەردىكى بۇ خىل سەلبىي پىسخىكىنىڭ سەۋەبى ئۇلار ياشاۋاتقان

---

[1] غافىر سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

دۆلەت، جەمئىيەت، مۇھىتنىڭ ۋە تەربىيەنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ساھابىلەردىكى بىر-بىرىنى سەممىي تەنقىدلەش ۋە تەنقىدنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ئىسلام خەلىپىلىرىدىكى ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، نەسىھەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق زامانىمىزدا مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتقان. شۇڭا، «تەنقىد» دېيىلسە، يۈرەكلەر پوكۇلدايدىغان، چىرايلار سارغىيىدىغان، پۇت-قوللار تىترەيدىغان بولۇپ قالغان.

2. تەنقىدنى سۈيئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە پىتنىخورلۇقنى مەركەز قىلغان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا «تەنقىد» دېگەن سۆز چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىجابىي تەنقىدتىن سەلبىي تەنقىدلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتكەن، تەنقىد قىلغۇچىلاردا تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، مەسلىھەت بېرىش ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ زاماندا تەنقىدكە ئىجابىي نەزەر بىلەن قارايدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر قانچە، ھەتتا يۈزلەرچە ئادەم بىرەر ئاپتورنى ياكى سۆزلىگۈچىنى ئەيىبلىشىدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ئەسلا گۇمان قىلىپ باقمايدۇ. بىزدە «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى توغرىلاپ ئاڭلىسۇن» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھە دېگەندە، باشقىلارنىڭ قارىشىنى بۇراپ، خاتاغا چىقىرىش ياكى قەستەن تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى مەركىزى ئىدىيەدىن چەتنىتىۋېتىش ساپاسىزلىقى زامانىمىزدا كۆپىيىپ قالدى.



### خۇلاسە

1. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزگە، ئاندىن پەرزەنتلىرىمىزگە ئىجابىي تەنقىدنىڭ شەرتلىرى ۋە قائىدىلىرى بارلىقىنى، پىكىر بايان قىلىش ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەركىنلىكى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈش جىنايەت ئىكەنلىكىنى، ئۆز پىكرىمىزنىڭ ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان مۇقەددەس نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۆگىتەيلى.

2. تەنقىدتىن ھەرگىز قورقمايلى. خۇددى ئالتۇن ئوتتا قىزىتىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرغىنىدەك، بىزمۇ تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىمىز. چۈنكى، كىشىلەر قىممىتى يوق نەرسىلەرنى تەنقىدلىمەيدۇ.

3. بىراۋنى، ھەتتا ئائىلە ئەزالىرىمىزدىن بىرەرسىنى تەنقىدلىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇنى ئادەم يوق يەردە تەنقىدلەيلى، پەرزەنتلىرىمىزنى دوستلىرىنىڭ

ئالدىدا، جورىمىزنى تۇغقانلىرى ياكى قوشنىلار ئالدىدا تەنقىدلەشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيلى.

4. ھەر زامان باشقىلارنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئاڭلاشنى ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلەيلى. تەنقىدنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىمىزنى دەرىيادەك كەڭ تۇتايلى. چۈنكى، ئەگەر بىز كۆڭلىمىزنى ئىستاكاندەك تار تۇتۇۋالساق، تەنقىدنىڭ ئاچچىقى گېلىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ قويىدۇ، ئەگەر كۆڭلىمىزنى دەرىيادەك ياكى كۆلدەك كەڭ تۇتساق، تەنقىدنىڭ ئاچچىقنى ھېس قىلمايمىز.

# ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر

ۋەتەن سۆيگۈسى ئەڭ تەبىئىي، ۋە ئەڭ سەممىي سۆيگۈدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى قاتتىق سېغىنىدۇ، ۋۇجۇدى ۋەتىنىدىن ئايرىلسىمۇ، قەلبى قەتئىي ئايرىلالمايدۇ.

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق يازغان ئىكەن:

*سۆيگۈگىنى بەر پەقەت تۇنجى يۇرتۇڭغا،*
*تۇنجىسى ھەقىقى سۆيگۈدۇر ھاي-ھاي.*
*يىگىتلەر ھەر جايغا كۆنۈپ قالسىمۇ،*
*كەتمەيدۇ دىلىدىن پەقەت ئۆسكەن جاي.*

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ باغرىدەك ئىسسىق ۋە ئارامبەخشتۇر. شۇڭا، ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا، قانچىلىك بىئارام بولىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق ئىكەن، مۇستەملىكىدە قالغان ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەرىكەت قىلماسلىق، ئۇنىڭ غېمىنى يېمەسلىك تولىمۇ ۋاپاسىزلىق ۋە ئادەمىيلىككە يات بىر قىلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە، ۋەتەن بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟!

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدۇر. ھەركىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىسسىق ۋە يېقىملىق بولغاندەك، ئۆز ۋەتىنىمۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە يېقىملىقتۇر. كونىلاردىمۇ «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇقى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر كەڭ تارالغان. بىز ئادەتتە، ئۆيىمىزنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىش ياكى قايتىدىن ياساپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ، ۋاقىت، كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ھېچبولمىغاندا شۇنچىلىك كاللا قاتۇرۇشىمىز ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ۋەتەننى تىلغا ئالغاندا قەلبى لەرزىگە كەلمىگەن ئادەمنى ئىنسانىيلىقتىن

نىسۋىسىنى تولۇق ئاللىمىغان ئادەم دېسەك، خاتالاشقان بولمايمىز. ۋەتەن ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ۋەتەننى، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغداش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ، ھەربىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچىدۇر.

ۋىجدانلىق ئىنسان ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچ دەپ بىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۈرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

## ئىسلامدا ۋەتەن سۆيگۈسى

شەكسىزكى، ئىسلام دىنىمىزدا ۋەتەن سۆيگۈسى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس سۆيگۈدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئەلۋەتتە ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۇئمىنلىك ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغان ھالدا ئادا قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ئازادلىقى يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋاپا بۇرچىدۇر.

## ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى ۋەتەننى قوغداشنى مۇھىم پەرزلەردىن سانايدۇ. بۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ئىنساننىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان تەبىئىي خىسلەت بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ

ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ تەبىئىي پىترىتىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى تەبىئىي تۇيغۇ ۋە پىترەتنى پەرۋىش قىلىپ، يېتەكلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ ۋەتەنسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش تەڭلا ئورۇندا قويۇلغان. يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىۋېتىپ «ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق»[1] دېگەن بىر ئايەتنى كەلتۈرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «ياكى» سۆزى بۇ جايدا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ئىش بىلەن كېيىنكى ئىشنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالامۇ مەزكۇر ئايەتتە يۇرتىدىن ئايرىلىشنى ئۆلگەن بىلەن باراۋەر دەپ كۆرسەتكەن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەتەنسىزلىكىمىز ۋە ھىجران-پىراقىمىزنىڭ بىزنى قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ۋەتەنسىزلىكنىڭ ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق بىر ئازاب ئىكەنلىكىنى بايقايمىز ياكى ھەر مىنۇت ھېس قىلىپ ياشىماقتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى «ئى سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قەۋمىڭ مېنى كېتىشكە مەجبۇر قىلمىسا ئىدى، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتىم» دېگەن سۆزى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، مەككە گىياھسىز بىر ۋادى ئىدى. لېكىن، بىر جاينىڭ يېشىللىقىغا، پاراۋانلىقىغا، ھاۋاسىنىڭ يېقىشلىقىغا كۆڭۈل قېلىش ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنى سۆيۈپ قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. كۆنگەندىن ۋاز كەچمەك قولاي، ئەمما سۆيگەندىن ۋاز كەچمەك ئىمكانسىزدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى مەيلى قانچىلىك نامرات ياكى چەت-سەھرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولىدۇ.

ساھابە ئەسىلۇل غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مەككىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇ، مەككىنىڭ يۇلغۇنلىرىنىڭ چېچەكلەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ بىر قانچە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى قىلساڭچۇ، يۈرىكىمنى بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ!» دەيدۇ. بۇ قىسسە توغرىسىدا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بولۇپ، بەزىلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

2. ئىنساننىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىشى ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى ۋەتەننىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا ۋەتەننى قوغداشنى

[1] سۈرە نىسا، 66-ئايەت.

ۋە دۈشمەن كەلسە ئۇنىڭغا قارشى ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممە بىردەك جىھادقا چىقىشنى پەرز قىلغان. جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەت ۋەتەن مەسىلىسىدە چۈشكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي-جايلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز قىلغان. «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى»[1].

## ئىسلام تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەمۇنىسىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يۈز بەرگەن بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك قاتارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش — مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى ۋە يېگانە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ۋە مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، جىھادنىڭ ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن بۇيرۇلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى، بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان بەدرى دېگەن جايدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 3-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625-يىلى 23-مارت) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى شەۋۋال ئېيىدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغان مۇستەبىت كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە شەھىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان. شۇڭا، بۇ ئۇرۇشلار مەككىدە ياكى باشقا جايلاردا ئەمەس، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان. چۈنكى، كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىپ، بارغان جايلىرىدا شېھىت بولغان ۋە قەبرىلىرى شۇ جايلاردا قالغان. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ شام، ئىراق، مىسىر، يەمەن، تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا قالغانلىقى



[1] ھەج سۈرىسى، 39-40-ئايەت.

بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىنى مىسال قىلىدىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش بىلەن، مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. «ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ھەقىقىي تۈردە راستقا ئايلاندۇردى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر»[1] دېگەن ئايەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە قانچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى مەككىدە، قالغان 10 يىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزدى. مەككىدىكى 13 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئاۋۋالقى ئۈچ يىلنى كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلىش، كېيىنكى ئون يىلنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بەلگىلەنمىگەن. پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنلا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەتەن كېرەك، مۇستەقىل دۆلەت كېرەك.

## بىز ئىسلامنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىدۇق

بۇ مەسىلە شۇنداق روشەن ۋە ئېنىق تۇرسىمۇ، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىم پەرز ئىكەنلىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىلمەي كەلدى. مەدرىسەلەردىكى دەرسلىكلەردىن ئورۇن ئالالماي كەلدى. مۇسۇلمانلار شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ۋە ھۆرلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كېيىنكى بىر قانچە

[1] سۈرە فەتھ، 27-ئايەت.

يۈز يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، بايلىقلىرى تالان-تاراج قىلىندى، ئۆزلىرى خارلاندى. ھازىرمۇ نۇرغۇنلىرى مۇستەملىكە ھاياتىدا، يەنە كۆپلىرى بېقىندىلىق ھاياتىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قوغداشنىڭ دىننى قوغداشقا ئوخشاشلا زۆرۈر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل ۋەتەن بولمىسا، دىنىنىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى ۋە چۈشەندۈرۈلمىدى. بۇنىڭدا ئەڭ ئارقىدا قالغان ۋە ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان خەلق شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستانغا ئىسلام دىنىمىز كىرگىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، دىنىمىزنىڭ ۋەتەنپەۋەرلىك روھى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكى، مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پرىنسىپلار ۋە تەلىماتلار خەلقىمىزگە ياخشى ئۆگىتىلمىگەن. مەكتەپ-مەدرىسلىرىمىزدىمۇ بۇ ماۋزۇدا ئالاھىدە دەرسلىكلەر بولمىغان، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ۋەز-تەبلىغلىرىدىمۇ مۇنداق بىر ماۋزۇغا ئورۇن بېرىلمىگەن ياكى ئىمكانىيەت بولمىغان. نەتىجىدە، خەلقىمىز دىنىمىزنىڭ ئەمەل-ئىبادەت قىسمىنىلا ئۆگەنگەن، ئەمما دىنىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈتقۇسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا بىزدە ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇنى قوغداش ئېڭى يېتىلمىگەن. بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى، يەنى 1915-يىلى تۈركىيەنىڭ چاناققەلئە شەھىرىدە 300 مىڭدىن كۆپرەك تۈرك ئەسكىرى ئەزىز جېنىنى ۋەتەن ئۈچۈن تەقدىم قىلىش بەدىلىگە تۈركىيەنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالغان چاغدا، بىزنىڭ خەلقىمىز ۋەتەن دېگەن نېمە؟ مۇستەقىللىق دېگەن نېمە؟ دىگەندىن خەۋەرسىز ھالدا، بايلىرىمىز ئەيش-ئىشرەتتە، يوقسۇللىرىمىز قورساق تويغۇزۇشنىڭ دەردىدە ئاۋارە ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشىغان قەلبى ئويغاق، ۋىجدانلىق يولباشچىلىرىمىز جەمئىيەتتىن يەكلىنىۋاتقان، جانباقار موللىلارنىڭ بازىرى ئېقىۋاتقان شۇ چاغلاردا، خەلقىمىزدە «ۋەتەن» دېگەن ئاڭ بولمىدى. تا ھازىرغىچە خەلقىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىي ئومۇملىشىپ بولالمىدى. (مېنىڭچە، پۈتۈنلەي خەۋەرسىز دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتمىسەك ياخشىمىكىن دەيمەن. چۈنكى بۇ بىر خەلقنىڭ يۈز يىلىغا بېرىلگەن باھا. تارىخ بۇنداق پۈتۈنلەي ئىنكارنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن)

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ خىتاينىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆزىمىزنى ئوگىشىۋېلىشىمىزغا قىسمەن پۇرسەت تېپىلغان ئىدى. بىر تەرەپتىن «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئۇيغۇرلار»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلار نەشىر قىلىنىپ، خەلقىمىزدە ئاز-تولا ۋەتەنپەۋەرلىك روھى ئويغىنىشقا باشلىغان. يەنە

بىر تەرەپتىن مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىسلامىي ئەسەرلەرنىڭ كىرىشى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان پىكرىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشى، يوشۇرۇن مەدرىسىلەردە دىنىي ئوقۇتۇشنىڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ دىنىي سەۋىيەسى بىرقەدەر كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ياش-ئۆسمۈرلىرىمىز يەنىلا ئىسلامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئالاقىدار ھېچقانداق بىلىمگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، چەتئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن دىنىي ئەسەرلەر ئومۇمەن، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ۋە مەدەنىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ يېزىلغان بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەردىن خەلقىمىز ئاز-تولا نەپ ئالغان بولسىمۇ، كۈتۈلگەن نەپكە ئېرىشەلمىدى. خۇسۇسەن، مەدرىسەلەردىكى تالىپلىرىمىزدا دىنىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئالاقىدار بىلىملەر يېتىلمىدى. ئۇلار ئومۇمەن ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھەر خىل جامائەتلەرنىڭ پىكىر-قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىكرىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇغانلىقتىن، ئۇلاردا چەتئەللەردىكى شۇ جامائەتلەرگە ئىنتىلىدىغان، ئىسلام دۆلەتلىرىگە چىقىپ كېتىشكە تەلپۈنىدىغان، ۋەتەن بىلەن كارى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ سەلبىي ئەھۋال خىتاينىڭ ياشلىرىمىزدا باش كۆتۈرگەن ئاتالمىش «ھىجرەت سەپەرۋەرلىكى»نى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقارتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇلارنى بارغان جايلىرىدا «ئۇيغۇر تېرروررىستلىرى» دەپ ئېلان قىلىپ «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» پىلانىغا يول ئاچتى. چۈنكى، ئاشۇ دىندار ياشلىرىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە چۈشەنچىسى بولمىغانلىقتىن، ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنى ئوت ئىچىدە تاشلاپ قويۇپ، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە جىھاد قىلغىلى كەتتى. ئەڭ پاجىئەلىك بولغان يېرى شۇكى، ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئېڭىغا پەقەتلا شېھىت بولۇپ ئۆلۈش پىكرىنى سىڭدۈرۈشتە غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان ياشلار دىنغا خىزمەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا شېھىت بولۇپ ئۆلۈش ئۈچۈنلا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئوڭاي يولنى تاللىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا جىھاد مەيدانلىرىدا ئۆلسىلا مەسىلە ھەل بولىدۇ ۋە ئارمىنىغا يېتىدۇ. ھالبۇكى، دىنىمىزدا ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ خالىس بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يۆنىلىشنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇسۇلمانلار جىھاد مەيدانلىرىغا ئۆلۈش ئۈچۈن ئەمەس، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن چىقاتتى. دۈشمەن ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك ۋاقىتلاردا جىھادقا چىقىپ ئۆزلىرىنى نابۇت قىلىۋەتمەستىن، پەيت كۈتەتتى، شەرت شارائىت ھازىرلايتتى. بۇ خۇددى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئون ئۈچ يىللىق دەۋەتچىلىك جەريانىدا، كاپىرلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكىگە، زۇلۇم-ستەملىرىگە سەۋر قىلىپ پۇرسەت كۈتكىنىگە، مەدىنىدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققاندا، كاپىرلار ئالدىنى توسۇۋېلىپ مەككىگە كىرگۈزمىسىمۇ، قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى قويۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ. پىلاننى پۇختا قىلىپ جىھادنى كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئالتۇندەك پۇرسەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بېرىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان چاغدىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىشنى پەرز قىلمىغانلىقى ۋە داۋاملىق سەۋر قىلىپ كۈچلىنىشنى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى، كېيىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ شارائىت ھازىر بولغاندا جىھادنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەييارلىقسىز ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا ئېتىپ نابۇت بولۇپ تۈگەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە ناھەق شەرتلەرنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى «مۇسۇلمانلار مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ بارسا، ئۇلارنى مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىش؛ مەدىنىدىن مەككىگە قېچىپ بارغانلارنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك» دېگەن شەرتنى قوبۇل قىلغانلىقى، كېيىنچە مەككىلىكلەرنىڭ كېلىشىمنى بۇزغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قوماندانى ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغانلىقى بىزگە شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى ۋە «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش» كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان چاغدا مۇسۇلمانلار ئاجىز ئىدى، شۇڭا ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ ناھەق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. كېيىن ئەبۇ سۇفيان كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، مۇسۇلمانلار كۈچلۈك ئىدى، كاپىرلارغا كۈچى يېتەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، مەككىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلانغان.

مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى «ئىسلام» نامى بىلەن زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىدىن ۋە روھىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. ئىمام مۇسلىم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كاپىرلىق ئۆلۈمىدە

ئۆلگەن بولىدۇ»[1]. ھەدىستىكى ئەسەبىيلىك قەبىلىۋازلىقنى، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسىگە تەڭ كېلەلمەي مەجبۇرىي مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تولىسى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشنى ۋە شۇ جاھىلىيەتكە دەۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىك (دىندىن يېنىۋېلىش) ھەرىكىتى بۇنىڭ مىسالى. ئۇ چاغدا، مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھەرلىرىدىن باشقا شەھەرلەردىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇرتەد بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتماقچى بولغان ئەرەبلەرگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما، مۇسۇلمان ياشلىرىنى زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار بۇ ھەدىسنى تەتۈر چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە، مىللەتچىلىككە قارىتىلغان دەپ جۆيلىگەن. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەقىقىي دىيانەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يەنە ئىمام بۇ خارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹بىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، يەنە بىرى ئەسەبىيلىك ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان جەڭ بولىدۇ؟› دەپ سورالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىكەن، ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جەڭ بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن». بۇ ھەدىسنى بۇرمىلىغانلار ھەدىستىكى «ئەسەبىيلىك» دېگەن سۆزنى «ۋەتەننى دەپ جەڭ قىلىش»، «مىللەتچىلىك قىلىپ جەڭ قىلىش» دەپ شەرھلەپ، مۇسۇلمان ياشلىرىنى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن، ۋەتەن دەۋاسىدىن ۋاز كېچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. ھالبۇكى، ھەدىسلەردە كەلگەن «ئەسەبىيلىك» ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىس ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ ھەدىستىكى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش» دېگەن سۆز ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى، ئاللاھ تائالا ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغىلى ۋە ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 1850-ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇكقا بېرىپ، ئىسلام دۆلىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن توپلانغان 40 مىڭدىن ئارتۇق رىم قوشۇنىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشسىز يېڭىپ، مەدىنىگە غالىبلارچە قايتقانلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىسى ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا بىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە رايوندىكى غەسسانە ئەرەب قوشۇنلىرىنى توپلاپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىش ئۈچۈن جەڭ تەييارلىقىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى (مىلادىيەنىڭ 630-يىلى) ياز كۈنلىرى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىق، مۇساپىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىغا قارىماي، 30 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ تەبۇك رايونىغا بارغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەڭگە چىقمىغان بولسا، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەتىنى بولغان مەدىنە قولدىن كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بولغان بۇ ھوشيارلىقنىڭ ۋە جەڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ يۈزدىن بىرى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىيارى بۈگۈنكىدەك بەزىسى مۇستەملىكىدە، بەزىسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىلىقىدا قالمىغان بولاتتى. 16-ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىيارىغا خىرىس قىلىۋاتقانلار بىلەن كارى بولمايدىغان، دۈشمەن بېسىپ كىرمىگۈچە ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەربىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، ناۋادا سىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىڭىز بولمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قانداق ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىسىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان. بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار مۇنداق شەرھلىگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ياكى ئائىلىسى ياكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلار قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ئاخىرەتتە شېھىتلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ». مەلۇمكى، مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، نە مال-مۈلكىڭىزنى، نە ئائىلىڭىزنى، نە دىنىڭىزنى قوغداپ قالالمايسىز. شەكسىزكى، جانىنى، مال-

مۇلۇكنــى، ئائىلىنــى ۋە دىنىنــى قوغــداپ تۇرىدىغــان بىردىنبىــر قورغــان ۋەتەنــدۇر. مۇســتەقىل ۋەتىنىڭىــز بولمىســا، خىتايــلار شــەرقىي تۈركىســتاندا قىلغانــدەك مــال-مۈلكىڭىزنــى خالىغانچــە تارتىۋالــدۇ، ئائىلــە ئەزالىرىڭىزنــى ئۈســتى ئوچــۇق تۈرمىلەرگــە تاشــلايدۇ، ئۇلارنــى خالىغانچــە ئۆلتــۈرۈپ، جەســەتلەرنى يوشــۇرۇن كۆمــدۇ ياكــى كۆيدۈرىــدۇ، دىنىڭىزنــى خارلايــدۇ، ھەتتــا پۈتۈنلــەي چەكلەيــدۇ. ئەمــدى ســىزگە ۋەتەندىــن باشــقا نىمــە كېــرەك؟ دېمــەك، ســىزنىڭ ئىنســانلىق ســالاھىيىتىڭ بىلــەن ئەركىــن ياشىشــىڭىز ئۈچــۈن ۋەتــەن كېــرەك. ئاللاھ تائالانىــڭ مۇئمىــن بەندىســى بولــۇپ ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋەتەن كېرەك.

خىتــاي ھۆكۈمىتىنىــڭ يېقىنقــى بىــر قانچــە يىلدىــن بېــرى ۋەتىنىمىــزدە ئېلىــپ بېرىۋاتقــان يوقىتىــش سىياســىتى خەلقىمىزدىكى بۇ ئاز-تولا ئويغىنىشىنىمۇ كەينىگــە قايتۇرىۋەتتــى. شــەرقىي تۈركىســتاندىكى ياش-ئۆســمۈرلىرىمىزنى ئاتــا تىلىدىــن، دىنىدىــن، ۋەتەنپەۋەرلىــك روھىدىــن پۈتۈنلــەي مەھــرۇم قىلــدى. بــۇ ئەھۋالــدا ۋەتەندىكــى قېرىنداشــلىرىمىزدىن بىــر نەرســە كۈتكىلــى بولمايــدۇ. خەلقىمىزنىــڭ ۋەتەنپەرۋەرلىــك ساپاســىنى ئۆســتۈرۈش، ياش-ئۆســمۈرلىرىمىزنىڭ قەلبىگــە ۋەتەنپەرۋەرلىــك روھىنــى ســىڭدۈرۈش مەســئۇلىيىتى چەتئەللــەردە ھــۆر دۇنيــادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا چۈشىدۇ.

# ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئەھمىيىتى

ئۈلگە — كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل، نەمۇنە، تىپ دېمەكتۇر[1]. ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى، ئىسلامدا ھەربىر مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش»تىن ئىبارەت پەرزنى پەقەت ئۈلگىلىك رولنى جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ھەرگىز سۆز بىلەنلا، ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2] دەپ بۇيرۇغانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قانداقلا بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسا، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى ئورۇندايتتى، ئۇلارنى قانداقلا بىر ئىشنى قىلىشتىن توسسا، ئالدى بىلەن ئۇ ئىشنى ئۆزى تەرك ئېتەتتى. ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. سائادەت ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزى قىلمىغان ئىشلارغا باشقىلارنى بۇيرۇمايتتى، ھېچقانداق ئىشنى ئۆزى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇمايتتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئىسلام دەۋىتىنى يايغان مۇئمىنلەر بۇ دەۋەتنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەخلاقى، مۇئامىلىسى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن ياىغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسىمۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۈلگىلىك رولنى يوقاتقان. شۇڭا، ھازىر مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن سايىسىدا

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1202-بەت.

[2] تاھا سۈرىسى، 132-ئايەت.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقلىقىنى، قۇرئانىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىنى بىلىپ مۇسۇلمان بولماقتا.

ھەرقانداق ئۈلگە ئائىلىدىن باشلىنىپ، مەھەللىدە، ئاندىن دۆلەتتە ئومۇملىشىدۇ. ئۈلگە بولۇش تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈكى ۋە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش، يەنە بىرى، سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 1. ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش

ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش دېگەن ئاتا-ئانا ياكى ھەرقانداق بىر تەربىيەچىنىڭ پەقەت «بالىلار مەندىن تەقلىد قىلىپ ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مەن مەسئۇل ۋە جاۋابكارمەن» دېگەن ئېتىقاد بىلەن پۈتۈن ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولالىغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاۋۋال تەربىيەچى ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىشتۈرسە، بالىلار ئۇنىڭدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ھېچقانچە كۈچىمەستىن ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تەربىيەچىمۇ، تەربىيەلەنگۈچىمۇ قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. بەلكى، بۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھىم بولغىنى، تەربىيەچىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ياخشى ئادەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىشتۈرۈشىدۇر.

شۇڭا، كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۆزلىرى ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، بالىلىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق، ئەل ئىشىغا ياراملىق قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

## 2. سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش

سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش تەربىيەچىنىڭ بالىلارغا يول كۆرسىتىشى، بەزى ئىشلارنى ئېغىزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرىنچى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھابىلىرىغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى گاھ سۆزى بىلەن، گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ ھەر ئىككىسى بىلەن ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ: «نامازنى مەن

ئوقۇغانـدەك ئوقـۇڭلار»[1] ۋە «مەندىـن ھـەج قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار»[2] دېيىش ئارقىلىق ھەم سۆزى ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەتكەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام گاھىـدا نامـازدا ئىچىـدە ئوقۇلىدىغـان ئايـەت، دۇئـا ۋە تەسبىھلەرنىمۇ باللارغا ئۆگىتىش مەقسىتىدە ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرەتتى.

## يېگانە ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر

ئاللاھ تائـالا پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامدا ئىسلامنىڭ ئـەڭ مۇكەممـەل شـەكلىنى ئەكـس ئەتتـۈرۈپ بەرگـەن بولـۇپ، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام گوياكـى ئىسلامنىڭ جانلاندۇرۇلغـان شـەكلى ئىـدى. شـۇڭا، ئـۇ تـا قىيامەتكـە قـەدەر مۇسـۇلمانلار ئۈچۈنـلا ئەمـەس، بەلكـى پۈتـۈن ئىنسـانىيەت ئۈچـۈن يېگانـە ئۈلگىـدۇر. ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّٰهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيرًا﴾ يەنـى «سـىلەرگە — ئاللاھنـى، ئاخىـرەت كۈنىنـى ئۈمىـد قىلغـان ۋە ئاللاھنـى كـۆپ يـاد ئەتكەنلەرگـە — رەسـۇلۇللاھ ئەلۋەتتـە ياخشـى ئۈلگىـدۇر﴾.[3] ئاللاھ تائـالا مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئەخلاقىنـى ماختـاپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلٰى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنـى «سـەن ھەقىقەتـەن ئـەڭ كاتتـا ئەخلاققـا ئىگىسـەن»[4] دېگـەن. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئايالـى ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا: «رەسـۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقـى قۇرئـان ئىـدى»[5] دېگەن.

ھەقىقەتـەن، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام قۇرئـان كەرىمنىـڭ جانلىـق تەرجىمانـى ۋە ئۇنىـڭ ھاياتلىقتىكـى كۆرۈنۈشـى ئىـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئـۆزى توغرىلىـق: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيەلىدى»[6] دېگەن.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئىبادەتتـە، مېھىر-شـەپقەتتە، ئەدەپ-ئەخلاقتـا، ئادالەتتـە، سـېخىيلىقتا، راسـتچىللىقتا، چىـدام ۋە سـەۋرچانلىقتا، كەمتەرلىكتـە، تەقۋالىقتـا، ئىلىم-مەرىپەتتـە، باللىرىغا ۋە ئاياللىرىغا كۆيۈمچانلىقتا، مۇسـۇلمانلارنىڭ غېمىنـى يېيىشـتە، يوقسـۇللارنىڭ ھالىغـا يېتىشـتە، يېتىملەرنىـڭ بېشـىنى سىلاشـتا، جۈملىدىـن دىـن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئۈلگە ئىدى.

---

[1] «سـەھىھۇل بۇخـارى»، «كىتابـۇل ھـەج»، 1292-ھەدىـس؛ «سـەھىھ مۇسـلىم »، «كىتابـۇل ئىمـان» 1658-ھەدىـس.

[2] «سەھىھ مۇسلىم»، «كىتابۇل ھەج»، 2-توم، 943-بەت، 1297-ھەدىس.

[3] سۈرە ئەھزاب، 21-ئايەت.

[4] سۈرە قەلەم، 4-ئايەت.

[5] «مۇسنەد ئەھمەد »، 24645-ھەدىس.

[6] مۇتتەقىي ھىندىي: «كەنزۇل ئۇممال»، 31895-ھەدىس.

ئـۇ ئاياللـىرى ئۈچـۈن ئۈلگىلىـك ئـەر، بالىلـىرى ئۈچـۈن شـەپقەتلىك ئاتـا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل رەھبەر ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدىن ئۆرنەكلەر

### *1. بالىلارغا راستچىل بولۇش*

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنـداق دەيـدۇ: بىـر كۈنـى ئانـام مېنـى ئۆيگـە چاقىـردى. كىرسـەم پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۆيىمىـزدە ئىكـەن. ئانـام مـاڭا: «كـەل سـاڭا بىـر نەرسـە بېرىمـەن» دېـۋىدى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئانامدىـن: «بالىڭىزغـا نېمـە بەرمەكچىسـىز؟» دەپ سـورىدى، ئانـام: «خورمـا بېرەرمـەن» دەپ جـاۋاب بـەردى، بـۇ ۋاقىتتـا پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئانامغـا: «ئەگـەر سـىز بالىڭىزغـا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر يالغان ئېيتقانلىق گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى.

بـۇ ھەدىـس شـەرىپ ھەرقانـداق بىـر تەربىيەچىنىـڭ تەربىيەسـى ئاسـتىدىكىلەرگە ھەمىشـە راسـتچىللىق بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشـىنىڭ نەقـەدەر مۇھـىم ئىكەنلىكىنـى ئىپادىلـەپ بەرگـەن. ئۆزىمـىز يالغـان ئېيتـىپ تـۇرۇپ بالىلىرىمىزغـا: «يالغـان ئېيتماڭلار» دەپ تەربىيە قىلغىنىمىزنىڭ زادى نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

شۇڭا بالىلارغا ۋەدە بەرگەندە راستچىل بولۇش كېرەك.

### *2. بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش*

بالىلارنـى ئوخشـاش كـۆرۈش، ئۇلارنـىڭ ئوتتۇرىسـىدا قانداقـلا بىـر ئىشـتا بولمىسـۇن، چوقـۇم ئادالەتلىـك بولـۇش لازىـم. نۇئمـان ئىبنـى بەشـىر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دېگـەن: ئاتـام مېنـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يېنىغـا ئېلىـپ كېلىـپ، ئۇنىڭغـا: «يارەسـۇلۇللاھ! بـۇ بالامغـا بىـر خىزمەتچىمنـى بېرىۋەتتىـم» دېگەنـدە، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام ئاتامدىـن: «بالىلىرىڭنىـڭ ھەممىسـگە شـۇنداق بەردىڭمـۇ؟» دەپ سـورىدى، ئاتـام: «يـاق» دېـۋىـدى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «ئۇنداقتـا بەرگىنىڭنـى قايتـۇرۇۋال!» دېـدى. يەنـە بىـر رىۋايەتكـە كـۆرە، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئـۇ ئادەمگـە: «ئاللاھتـىن قورقـۇڭلار، بالىلىرىـڭلار ئوتتۇرىسـىدا ئادالەتلىـك بولـۇڭلار» دېگـەن. يەنـە بىـر رىۋايەتكـە كـۆرە، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇنىڭدىـن: «ئـەي بەشـىر! سېنىڭ بۇنىڭدىـن باشـقا بـالاڭ بارمۇ؟» دەپ سـورىغان، بەشـىر: «ھەئـە، بـار» دېگەندىـن كېيىـن، ئۇنىڭغـا: «ئۇنداقتـا مېنـى بۇنىڭغـا

گۇۋاھچى قىلما، چۈنكى مەن ناھەقچىلىققا گۇۋاھ بولمايمەن»[1] دېگەن.

باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولماسلىق، بىر نەرسە بەرگەندە بەزىسىنى قايرىپ قويۇپ، بەزىسىگە بېرىش، ياكى بىرىنى باشقىلىرىنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويۇپ، يەنە بىرىنى سۆكۈش، ياكى بىرىنى «سىز» دەپ چاقىرىپ، يەنە بىرىنى «سەن» دەپ چاقىرىش، ياكى بىرىگە قاپىقىنى ئېچىپ، يەنە بىرىگە قاپىقىنى تۈرۈش، ياكى بىرىنى ئوقۇتۇپ، يەنە بىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىزلىك بولۇپ، باللارنىڭ ئۆز-ئارا مۇھەببىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، باللار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش ۋە ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلىققا ئۈندەپ قويىدۇ.

ئاتا-ئانىلار باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولمىغانلىقىنى تۆرلۈك سەۋەبلەرگە ئارتىپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇ ئەدەپلىك، سۆز ئاڭلايدىغان، ئىتائەتچان ئىدى؛ بۇ ئەدەپسىز، ئىسيانكار ئىدى؛ ياكى ئۇ ئەقىللىق، بۇ ئەقىلسىز ئىدى دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھېچبىرى ئاتا-ئانىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ.

ھەتتا، ئاتا-ئانىلار تەبەسسۇم قىلىش، قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىش، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش، ياخشى سۆز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلغان.

ئىبنى ئەبى دۇنيا ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا بىر نارەسىدە ئوغۇل قەۋمىنىڭ چەت تەرىپىدە ئولتۇرغان دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ ئادەم ئوغۇلنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئوڭ يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. بىر ئازدىن كېيىن يېنىغا قىزى كېلىۋىدى، قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ يەردە ئولتۇرغۇزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمگە: «(قىزىڭنى) يەنە بىر يوتاڭدا ئولتۇرغۇزساڭ بولمامدۇ؟!» دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم قىزىنى يەنە بىر يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى ئادىل بولدۇڭ» دېدى.[2]

ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقىدەك ئاددىي مۇئامىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى دۇئا، سۆيگۈ-مۇھەببەت قاتارلىق ئىچكى ئەمەللىرىدىمۇ ئادىل بولۇشى، ھەممىسىنى تەڭ سۆيۈشى ۋە ھەممىسىنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئالارنى قىلىشى لازىم. بۇلارنى باللار

[1] «سەھىھ مۇسلىم»، «كىتابۇل ھىبات»، 1622-ھەدىس.

[2] ئىبنى ئەبى دۇنيا: «ئەل ئىيال»، 173-بەت، 36-ھەدىس.

كۆرمىسمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

### 3. مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولۇش

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. توساتتىن نەۋرىلىرى — ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن: «ئاللاھ بالىلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر» دەپ راست ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى نارەسىدىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدىم ۋە ئاخىرىدا خۇتبىنىمۇ ئۈزۈپ قويدۇم [1] دېدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلەۋاتقان خۇتبىنى توختىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارغان نەرسە، ۋايىغا يەتكەن ھەقىقىي مېھىر ـ شەپقەتنىڭ بىر ئۈرنىكىدۇر.

بالىلارغا ئەنە شۇنداق مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، تەربىيەدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بالىلارغا تەربىيەنىلا ئەمەس، بەلكى ھېچبىر پىكىرنى زورلاپ تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش پەقەت ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقىتىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش بىلەنلا بولىدۇ.

مۇئەللىممۇ بالىلارغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلغاندىلا ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەربىيەسىنى سىڭدۈرەلەيدۇ.

### 4. بالىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە ئىدى، نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى. بۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلدى. نامازدىن كېيىن بىرسى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! سەجدىنى بەك ئۇزۇن قىلدىڭلا، دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالغانىدى، ئۇنى چۈشۈشكە ئالدىراتقۇم كەلمىدى»[2] دېدى.

بالىلارغا كۆرسىتىلگەن مۇشۇنچىلىك ئاددىي مېھرىبانلىقنىڭمۇ بالىلار قەلبىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

---

[1] «سۇنەن بەيھەقىي»، 3 ـ توم، 218 ـ بەت.

[2] ئەبۇ يەئلا: «مۇسنەد»، 3428 ـ ھەدىس.

ئاتا - ئانىسىدىن ياكى مۇئەللىمىدىن بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقنى كۆرگەن بالا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ - دە، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلىدۇ.

## 5. باللار بىلەن ئويۇن ئويناش

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىۋېتىپتۇ، نەۋرىلىرى — ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئىككىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «تۆگەڭلار نېمىدېگەن ياخشى ۋە سىلەر نېمىدېگەن ياخشى مىنگۈچىلەر»[1] دەيتتى.

ئويلاپ كۆرەيلى، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى، جامائەتنىڭ ئىمامى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن غازاتلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپكە چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىشلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۈشكۈلاتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، باللىرىنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەمدى بىزنىڭ باللىرىمىزنى شۇنداق شاد قىلماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلارنى ئويناتماسلىقىمىزغا يەنە نېمە ئۆزرىمىز بار؟

بەزى ئاتا - ئانىلار باللارنى «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن بۇيرۇق - چەكلىمىلەر بىلەنلا تەربىيەلەپ كەتكىلى بولىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. باللار بۇيرۇق ياكى تاياق بىلەن باشقۇرغىلى بولىدىغان قوي، ياكى كالا ئەمەس. باللار پەقەت سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق كۆڭلىنى خوش قىلىش بىلەن باشقۇرۇلىدۇ.

## 6. باللارنىڭ كۆڭلىنى ئاياش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ھەمىشە نامازغا ئۇزۇنىراق سۈرە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ نامازنى باشلايمەن. ناۋادا بىرەر بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالسام، بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، نامازنى تېزرەك ئوقۇپ تۈگىتىمەن»[2]. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا - بالىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.



[1] تەبەرانىي: «المعجم الكبير»، 3 - باب، 52 - بەت.

[2] «سەھىھۇل بۇخارىي»، «كىتابۇسسالات»، 750 - ھەدىس.

### 7. باللارغا سالام قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۆرۈشۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى كۆرگىنىدە، ئۇلارغا خۇددى چوڭلارغا سالام قىلغاندەك سالام قىلاتتى ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى. ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يولدا قانداقلا بىر بالىنى كۆرسە ئاۋۋال ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى، ئاندىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى»[1] دەيتتى.

### 8. كىچىكلەرنى ئاسراش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ھەر يىلى مېۋىلىرى دەسلەپ چىققاندا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە، شەھىرىمىزدە، كەمچەنلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ بولغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭمەن. ئۇ مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەن مەدىنە ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن» دەيتتى. ئاندىن مېۋىنى ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بېرەتتى[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە كىچىكلەرنى ئاسراشنى ۋە كىچىكلەرگە چوڭلارغا بېرىشتىن بۇرۇن بېرىشنى ئۆگەتكەن. چۈنكى، چوڭلار سەۋر قىلالايدۇ. ئەمما، كىچىكلەر تولا ۋاقىتتا سەۋر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ، مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە لەززەتلىك مېۋىلەرنى كۆرگەندە، كىچىك بالىلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ قالىدۇ. شۇڭا، بېرىدىغاننى ئاۋۋال ئۇلارغا بەرمەسلىك ئۇلارنى قىيناپ قويغانلىقتۇر.

بۇ بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، چوڭلار بالىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان بولغاچقا، كىچىكلەرنىڭ سەۋرسىزلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە رەنجىپ قالمايدۇ. ناۋادا چوڭلار رەنجىپ قالسا، ئۇلارغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

### 9. ھەممە ئادەمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول

[1] «سەھىھۇل بۇخارىي»، «كىتابۇللىباس»، 5893 ـ ھەدىس.

[2] «سەھىھ مۇسلىم»، «كىتابۇل ھەج»، 1373 ـ ھەدىس.

تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. شۇ پەيتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلۈۋىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى. ئاندىن ئوڭ تەرىپىدىكى بالىدىن: «بۇنى ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىشىمگە ئىجازەت بېرەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى. بالا: «ياق، مەن ھەققىمنى ھېچكىمگە ئۆتنۈپ بەرمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكىنى بالىغا بەردى[1].

بۇ بالا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق ۋە زېرەك بالا بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يېيىش-ئىچىش، ئېلىش-بېرىش، ھەتتا ئۆيگە، ياكى مەسجىدكە كىرىش قاتارلىق جىمى ئىشلاردا ئوڭدىن باشلاش پرىنسىپىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنلا ئىچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپنى قانداقمۇ باشقىلارغا ئۆتنۈپ بەرسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئاۋۋال ئىچىشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىغان. ئەمما، بالا قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇنى زورلىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاۋۋال بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاددىي بىر مەسىلە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئادىل بولۇشنى ۋە ھەر كىمنىڭ ھەققىنى چوڭ-كىچىك دېمەستىن بېرىش لازىملىقىنى ئۆگەتكەن. چۈنكى، ئادالەت ھامان ئادالەتتۇر. ئۇ چوڭ ياكى كىچىك دېمەيدۇ.

### *10. خاتالىقنى سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش*

ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا رۇكۇدا ئىدى. مەن كېلىپ سەپكە قېتىلماستىنلا، ئارقىدا ئايرىم رۇكۇ قىلدىم. ئاندىن ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىۋىدىم. ئۇ ماڭا: «ئاللاھ سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قىلما»[2] دېدى.

ئەسلىدە، بۇ ساھابە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئاندىن نامازنى باشلىشى لازىم ئىدى. ئەمما، ئۇ رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇرغان يېرىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلغان. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى سەپتە ئورۇن بولغان ھالەتتە، ئارقىدا يالغۇز تۇرماسلىققا بۇيرۇغان.

[1] «سۇنەن بەيھەقىي»، 7-توم، 286-بەت.
[2] «سەھىھۇل بۇخارى»، «كىتابۇل ئەزان»، 750-ھەدىس.

بۇ ئورۇنــدا پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام تەربىيەنىــڭ ئــەڭ ئۈنۈملــۈك ئۇســۇلىنى ئۆگەتكــەن، ئــۇ بولســىمۇ، ئالــدى بىلــەن خاتالاشــقۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنــى ســۆزلەپ، ئۇنىڭغــا ياخشــىلىق تىلــەپ، ئاندىــن ئۇنىــڭ خاتالىقىنــى كۆرســىتىپ قويۇشــتۇر. ئىسلامنىڭ تەربىيە ماۋزۇسىدىكى بۇ پىرىنسىپى چوڭ-كىچىك ھەممىگە قارىتىلغان.

شــۇڭا، بالــلار خاتالاشــقاندا، ئۇلارنىــڭ خاتالىقىنىــلا تىلغــا ئالماســتىن، ئــاۋۋال ئۇلارنىــڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنــى ســۆزلەپ، ئۇلارنــى خــۇش قىلىــپ بولــۇپ، ئاندىــن ئۇلارنىــڭ خاتالىقىغــا چىرايلىقچــە تۈزىتىــش بېرىــش لازىــم. بــۇ پىرىنســىپ بالــلار ئۈچۈنــلا ئەمــەس، بەلكــى يېنىڭىــزدا ئىشــلەيدىغان كادىــر، ئىشــچى، شــاگىرت ۋە ھەمراھىڭىز ئۈچۈنمۇ يارايدىغان پىرىنسىپتۇر.

سىز بىــرەر كىشــىنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىــش بەرمەكچــى بولغىنىڭىزدا، ئــاۋۋال ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنــى ســۆزلەپ ئۇنــى ماختــاپ قويــۇپ، ئاندىــن ئۇنىــڭ خاتالىقىغــا تۈزىتىــش بەرســىڭىز، ئــۇ ســىزنىڭ ئادالىتىڭىزنــى ۋە ئۇنىڭغــا ھەقســىزلىق قىلمىغانلىقىڭىزنــى ھېــس قىلىــدۇ-دە، نەســىھىتىڭىزنى ئاســانلا قوبــۇل قىلىــدۇ. چۈنكــى، بــۇ ئۇســۇلدا ســىز ئۇنىــڭ ھەققىنــى بەرگــەن ئىكەنســىز، ئۇمــۇ ســىزنىڭ ھەققىڭىزنى بېرىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەپسۇســكى، ئۇيغــۇر جەمئىيىتىمىــزدە، بۇنــداق ئېســىل ئەخــلاق ئومۇملاشــمىغان. ئائىلىلەردىمۇ يىلتىــز تارتىــپ بولالمىغــان. بىــزدە بــالا بىــرەر خاتالىــق سادىر قىلىــپ قويغــان ھامــان ئۇنىڭ بارلىــق خاتالىقلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىنــى بىر-بىرلــەپ يۈزىگــە ســېلىپ كېتىمىــز، گويــا ئــۇ بىــر قېتىممــۇ توغــرا ئىــش قىلىــپ باقمىغانــدەك مۇئامىلــە قىلىمىــز. نەتىجىــدە، بالىنىــڭ خاتالىقىنــى تۈزىتىش ئىستىكى ئەمەس، بەلكى ئىسيانكارلىقى ئېشىپ كېتىدۇ.

## بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئۈلگىلەر

### *1. ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم*

ئۈلگــە بولــۇش ئارقىلىــق تەربىيەلــەش ئۇســۇلى تەربىيــە ئۇســۇللىرى ئىچىــدە تەســىر ۋە ئۈنــۈم جەھەتتىــن ئــەڭ غەلىبىلىــك ئۇســۇل ئىكەنلىكىنــى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى تەكىتلىمەكتە.

بــالا ئاتا-ئانىســى ۋە تەربىيەچىســىدىن ياخشــىلىق يوللىرىنــى ئۆگىنىــدۇ ۋە ئىسلام ئەخلاقــى بىلــەن ئەخلاقلىنىــدۇ. شــۇڭا، بــالا تەربىيەلــەش ھەرقانــداق بىــر ئاتا-ئانــا ۋە

تەربىيەچى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشىش، ئەخلاقىنى توغرىلىشىش پۈرسىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بالىلارنى ئىسلامىي تەربىيەلەش ئىشىدا غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ راستچىللىقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن تىل-ئاھانەتلەرنى ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىشقا ئادەتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن قوپاللىق ۋە شەپقەتسىزلىكنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ مۇلايىملىقنى ۋە رەھىم-شەپقەتنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلۇغ دانىشمەن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرىدە بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

*ئوغۇل-قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،*
*بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يەنە.*
*ئوغۇل-قىز خۇي-پەيلى بولسا يامان،*
*يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.*



### *2. بالىلارنى ئەڭ ئېسىل ئۈلگىگە باغلاش*

ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارغا ئۆزلىرىنىلا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشى كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، بالىلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئېسىل ۋە مۇكەممەل ئۈلگە بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلىشى زۆرۈر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى، غازاتلىرىنى، ئىش-ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بالىلارغا ھەمىشە سۆزلەپ بېرىش ۋە ئەستايىدىل ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

## ئۈلگىلىك رولنىڭ يوقىلىشى ھەقىقىي كىرزىسنىڭ باشلىنىشىدۇر

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە، خۇسۇسەن ئائىلىدە ئۈلگىلىك رولنىڭ يوقىلىشى ھەقىقىي كىرزىسنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ، ئۆلىما، زىيالىي ۋە پىشقەدەملەردە خەلقنى قايىل قىلىپ يېتەكلىگۈدەك، ئاتا-ئانا ياكى ئاكا، ئاچىلاردا ئۇكا، سىڭىللىرىغا ئۈلگە بولغۇدەك ئەخلاق، پەزىلەت ۋە قابىلىيەت يوقالغان جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ پارلاق كېلەچىكىدىن سۆز ئېچىش قىيىن. مىسىرلىق ئاتاقلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق دەپ يازغان:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا

*ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر*
*ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.*

پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلىم-ھېكمەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن قوراللانمىغان ياكى ئۆزى ئۈلگە بولالىغۇدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە ۋە ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن چوڭ بولمىغان ياكى ئاتا-ئانىسىدىن ئۈلگە ئالالمىغان باللار كوچا تەربىيەسى بىلەن ئۆسىدۇ-دە، ئۆزلىرىگە جەمئىيەت داشقاللىرىنى، لۈكچەكلەرنى، سەنئەتچى، كىنو چولپانلىرىنى، پۇتبول ماھىرلىرىنى ئۈلگە قىلىۋالىدۇ.

## ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلار

1. ئۈلگە بولغۇچى چوقۇم ئىخلاسمەن بولۇشى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، گەپ-سۆزلىرىدە سەمىمىي بولۇشى كېرەك.
2. راستچىللىق، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق، كەمتەرلىك، قانائەتچانلىق دېگەنگە ئوخشىغان مۇھىم ئەخلاقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇشى كېرەك.
3. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى تۇتقا قىلىدىغان، ئوڭاي ۋە توغرا بولغاننى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇشى كېرەك.
4. ۋاقتقا ئالاھىدە رىئايە قىلىدىغان، ۋەدىسىدە قەتئىي تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك.

## ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

1. ئۈلگە بولغۇچىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولىدىغان ئىشنىڭ ۋە بېرىدىغان مەلۇماتلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل بولۇشى.
2. پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولۇشى.
3. گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغان، مۇئامىلىدە ئادىل بولۇشى، خۇشۇسەن، ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق، مېھرىبانلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان بولۇشى.

4. ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى.

5. زامانىنى ۋە ۋەزىيەتنى ياخشى چۈشىنىدىغان، مەلۇماتنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان، قاتماللىقتىن يىراق، ئۆز خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇشى.

6. ئۈلگىنى شەكىلدە ياكى گەپ-سۆزىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىدىغان بولۇشى.

ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز قەلبىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چاقناپ تۇرىدىغان ۋە ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان سىمايىڭىز — نامازنى مۇكەممەل شەكىلدە ئوقۇغان، قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلغان، ئۇنىڭ ئاۋازدا مۇڭلۇق دۇئا قىلغان، جورىڭىزغا چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دىللىرىنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىقىڭىز بىلەن يايرىتىۋەتكەن كۆرۈنۈشلىرىڭىزدۇر.

# ئىسلام روجەكلىرىدىن دېموكراتىيەگە نەزەر...

### *تېمىنىڭ ئەھمىيىتى*

نۆۋەتتە سەرسانلىق، سەرگەردانلىق، ھىجران ۋە سېغىنىشنىڭ تاشتىن قاتتىق ئازابلىرىغا ئاران-ئاران بەرداشلىق بېرىپ، لېۋىنى چىشلەپ ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردىكى ئالاھىدە ۋە ياكى بىر قەدەر دېموكراتىك تۈزۈلمە سايىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئالغاندىن كېيىن، تەبىئىيلا ئۆزلىرىنىڭ ياشاپ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلىرى ۋە قان قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەتەندە ھازىر ياشاۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن مۇستەبىت تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلماقتا. شۇنداقلا، ئۇلاردا دېموكراتىك تۈزۈمگە بولغان تەلپۈنۈش تۇيغۇسى كۈچەيمەكتە. بۇنى بىز يېقىندىن بۇيان ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا يېزىلىۋاتقان يازما ۋە ئىنكاسلارنىڭ قاراتمىلىقىدىن روشەن ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، بۇ خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىگە داغ سالغان قۇللۇق ئاسارەتلىرىنىڭ ئاستا-ئاستا سۇيۇلۇۋاتقانلىقىدىن، خۇددى قۇش كەبىي بېشىدىن ئەگىپ يۈرگەن ئىستىبدات تۇمانلىرىنىڭ بارا-بارا سۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن، شۇنداقلا ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىق بىخلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت.

ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى گويا بىر قاچىغا ئوخشاتساق، تۈزۈلمە ۋە ئىدىئولوگىيە... قاتارلىقلار قاچىلارغا ئۇسۇلىدىغان تاماققا ئوخشايدۇ. ئادەملەرگە ئۇلار خالىمىغان، ئىستىمگەن ئىدىيەلەر مەجبۇرىي تېڭىلىۋەرسە، بىر مەزگىلدىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، زېھنىگە ئورۇنلىشىپ، ئۇلارغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىرنى شۇ خىل مۇھىتتىن ئايرىلماي ياشىغان ئادەملەر دەماللىققا ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ئەمما، پەرقلىق مۇھىت ۋە پەرقلىق تۈزۈلمىلەردە ياشاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭدا شەك يوقكى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ھازىر قايسى دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى (يەنى ۋەتىنىمىزدىكى ھاياتىدىن) كۆپ ئەركىن ۋە ھۆر ياشاۋاتىدۇ. پەقەت ياشىغان دۆلەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقان

ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكنىڭ دەرىجىلىرى ئوخشىمايدىغانلىقى تەبىئىي. ئەمما ۋەتەنگە سېلىشتۇرغاندا پەرق ئىنتايىن زور.

مەن مۇنداق ئويلايمەن، بىزنىڭ ھازىرقى مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمىز بىزگە نىسبەتەن دەل مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل تۈزۈلمىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقاپ، سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي، ئەنئەنىۋىي ئالاھىدىلىكىمىزگە: شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچان، تىنچلىقپەرۋەر روھىمىزغا ماس بىر تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا بىز ئەقىلنى قاچىغا ئوخشاتتۇق، تەبىئىيكى، ھازىر بىزنىڭ قاچىلىرىمىز كوممۇنىزىم ئىستىبداتىنىڭ غەلىدى-غەشلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ياكى قىسمەن دەرىجىدە كىرلەنگەن. بۇ غەلدى-غەشلەردىن قۇتۇلماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئاسارەتلىرى ئاسانلىقچە يوقالمايدۇ. ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىدا يېزىشىۋاتقان تېما ۋە ئىنكاسلىرىمىزدىكى ئۆزۈمچىل، مۇستەبىت خاراكتېرىمىز، ئانچىكى بىر ئىشلارغا ھەدەپ قىزىشىپ كېتىشلىرىمىز، ئەرزىمەس بىر ئىشلار تۈپەيلى بىر-بىرىمىز بىلەن ئەشەددىي دۈشمەنلەرچە قۇتۇپلىشىپ كېتىشلىرىمىز... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەسلىي ئىنسانىي ساپ تەبىئەتتىن يىراق بىر ئاسارەتتىن كىرلەنگەنلىكىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتى.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر تىلەمچى خارابىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كومزەك ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە: «ھېرىپ چارچىغاندا نەق پۇل ياكى بىر پارچە نان ئۇچرىماي ئەجەپ بىر ئەسكى ساپال ئۇچرىغىنىنى نېمىسى» دەپ غۇدۇرىغاچ، كومزەكنى قولىغا ئېلىپ، ئېغىزىنى شۇنداق ئاچقۇدەك بولسا، ئىچىدىن بىر نۇر چىقىپلا ئالدىدا ناھايىتى گۈزەل بىر پەرى پەيدا بوپتۇ ۋە:

— سىزگە رەھمەت، مەن پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولىمەن، بىر سەۋەبلەر بىلەن كومزەك ئىچىگە سولىنىپ قالغان ئىدىم، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز، قانداق تىلىكىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن دادامغا دەپ تىلىكىڭىزگە يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ.

— مۇشۇ شەھەرنى ماڭا بەرسۇن، دەپتۇ تىلەمچى دەررۇلا. مەلىكە:

— ئۆزى بىر تىلەمچى تۇرۇپ، ئىستىكى ئەجەپ يۇقىرىكىنا، خەير، بىر سوراپ باقاي، — دەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەگەر دادام بۇ شەھەرنى سىزگە بەرسە قانداق قىلىسىز، دۆلەت قۇرۇپ پادىشاھ بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە پادىشاھ، نېمە دۆلەت ئۇ؟ مەن پەقەت پۈتۈن شەھەردىكى تىلەمچىلەرنى

شەھەر سىرتىغا قوغلىۋېتىپ ئۆزۈم يالغۇز تىلەمچىلىك قىلاتتىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تىلەمچى.

ئەھۋال مانا شۇنداق، ئادەم قانداق مۇھىت، قانداق شارائىتتا تەربىيەلەنگەن ۋە ياشىغان بولسا، ئويلايدىغىنىمۇ، نىشانىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دانالار «ئەڭ بەختسىز مەھبۇس كاللا سۆڭەكلىرى ئىچىگە سولىنىپ قالغان مەھبۇستۇر» دېگەنىكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن قىرىق يىل چۆللەردە سەرسان-سەرگەردانلىقتا مۇپتىلا قىلىشىدىن بولغان ھېكمەت بەلكىم ئۇلارنىڭ قېنىنى يېڭىلاپ، ئىرادىسىنى تاۋلاش بولسا كېرەك. بىز ھەمىشە «ھەر ئىشتا بىر ھېكمەت بار» دەيمىز، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇنداق تېرەن-پىرەن، خانىۋەيران ھاياتىمىز كېيىنكى گۈزەل كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تېرە تاشلاش، قان يېڭىلاش ۋە تاۋلىنىش باسقۇچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ دېگەنلىرىم ئەلۋەتتە ئۈمىد نۇقتىسىدىن توغرا، ئەمما ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىق نۇقتىسىدىن قانچىلىك توغرا، بۇنى ھەممىمىز ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە.

بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتلىرىمىزدە ئۆزىمىز قىلىۋاتقان مۇقىم كەسىپ ياكى ئۆگىنىشلىرىمىزدىن سىرت، شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تۈزۈم ۋە تۈزۈملىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر، شۇنداقلا شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلىرىدىكى ئېلغار ۋە ناقىس تەرەپلىرى توغرىسىدا ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۆزىمىزدە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك جايلار بارمۇ-يوق، تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە جەھەتتە ئۆرنەك قىلىشقا ياكى ساقلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى قايسىلار... دېگەندەك نۇقتىلاردا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھۆر، ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، ئادەمدەك ياشاشنى ئىستەش ھوقۇقى بار. بەلكى، ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن مەجبۇرىيىتىمۇ بار. ئەمما، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە مۇتلەق چەكلىمىدىن خالىي، چېگراسىز ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس.

بىز بۇ تېما توغرىسىدا توختالغان ۋاقتىمىزدا ناھايىتى تەمكىن ۋە سالماق بولۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە ھېچقاچان پاراللېل ئۇقۇم ئەمەس، بۇلارنى بىر يەرگە قويۇپ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام پۈتۈن مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنى ياراتقان يېگانە بىر پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ياشاش يولى. دېموكراتىيە بولسا ئىنسانلار نەچچە

ئەسىرلىك ئۇرۇش، جەڭگى-جېدەللەردىن جاق تويغاندىن كېيىن پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھازىرقى سەۋىيەگە ئېلىپ كەلگەن بىر قەدەر تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىققا ۋەكىل دەپ قارىلىۋاتقان بىر خىل ئىجادىي تۈزۈم. ئۇ ھېچقانداق پەرقسىز ۋە چەكلىمىسىز ھالدا پۈتۈن ئىنسانلارنى مۇتلەق باراۋەرلىككە ئىگە قىلالايدىغان، ھەر ئادەمگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرەلەيدىغان ئەڭ پەزىلەتلىك يۈكسەك نىشان بولالمايدۇ. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن دېموكراتىيە ئىسلامىي باراۋەرلىك، ئىسلامىي يۈكسەكلىككە يېتىش يولىدىكى پەلەمپەي بولۇشقا يارايدۇكى، ئەڭ ئاخىرقى چەك ۋە غايە بولالمايدۇ.

شەرىئەت سايىسىدىكى ئەدلى-ئادالەت ۋە باراۋەرلىك مۇتلەق ھالدا ئىلاھىي ۋەھيىدىن كەلگەن بولىدۇ. ۋەھيىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى ياراتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلپۈنۈشلىرىنى باشقا ھەرقانداق بىرىدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھيي ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈزۈم تەجرىبە ۋە سىناقلار ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈزۈمدىن مۇكەممەل بولۇشى تەبىئىي.

دېموكراتىيە سايىسىدىكى ئەدلى-ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئەڭ ئاۋۋال ھۆكۈمران تۈزۈلمىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتى ئاستىدا ئادەتتىكى ئاۋامغا بېرىلگەن مەلۇم دائىرە ۋە رامكا ئىچىدە ئەركىن ياشىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمدە ئەڭ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغىنى باراۋەرلىك، ئەركىنلىك بولسىمۇ، ئەمما ئېھتىياجنى ئاساس قىلمىغان باراۋەرلىك بەرىبىر ئاخىرىدا ئىنسانلارنى ھەقىقىي باراۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالمايدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن، بىر توپ ئادەملەر بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىدىن ئۈجمە يېمەكچى، ئەمما ئۇلارنىڭ قولى يەتمىدى، ئۇلار دەسسەپ چىقىدىغان بىر ئورۇندۇققا ئېھتىياجلىق. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورۇندۇق تەمىنلەپ بېرىلسە، ئادەملەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىز-پاكارلىقى نەزەرگە ئېلىنمىسا... بۇيەردە ھەممە ئادەم ئوخشاش ئۈجمە يېيىش مەقسىتىگە يېتەلەمدۇ، ئۈجمىگە بولغان تەلپۈنۈش ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالامدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېھتىياجنى چىقىش قىلمىغان باراۋەرلىك شوئارلىرى ئىنسانلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى باراۋەرلىككە ئىگە قىلالمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا پەقەت قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىنلا بىر قىسىم مىساللار ئارقىلىق دېموكراتىيەنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق، بىزنىڭ بۇ تېمىدىكى مەقسىتىمىز دېموكراتىيە تەتقىقاتى بولمىغاچقا، دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمىز. لېكىن، قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، ھازىرقى شارائىتىمىزدا دېموكراتىيە

ئاتالغۇسىنى ئاڭلىسىلا ئۇركۈپ كېتىش، دېموكراتىيە رېئاكسىيە قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قىلىش... قاتارلىقلار بىزدە ئىستىبداتنىڭ باسقان تامغىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دېموكراتىيە ئىسلام بىلەن پاراللېل ياكى ئىسلامغا تەڭداش ۋە ياكى ئىسلامغا يانداش ئۇقۇم ئەمەس، ئۇنى ئىسلامغا تەڭلەپ تۇرۇپ يەكۈن چىقىرىش خاتا. يەنى دېموكراتىيە ئىسلامنىڭ قارشىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىستىبداتنىڭ قارشىسىدا تۇرىدۇ. ئىستىبداتنى ھېچقاچان ئاللاھ بولغا قويغان ئەمەس، ئۇنى ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىشقان، دەل شۇ ئىستىبداتتىن جاق تويغان ئىنسانلار دېموكراتىيەنى بەرپا قىلىشقان.

گەرچە، دېموكراتىيە تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك بىلەن ئىسلام تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئىسىم جەھەتتىن ئوخشاشتەك قىلسىمۇ، ئەمما يېتىش جەريانى ۋە تەتبىقلىنىشى، بەھرىمەن بولۇش ئۇسۇللىرى پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دېموكراتىيەدە خەلق مەلۇم شەخسلەرنىڭ مۇتلەق مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىسلامدا يەككە بىر ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ھېچكىمنىڭ مەنپەئەت ۋە غەرەزلىرى ئىنسانلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئىسلامىي ئەركىنلىك دېموكراتىك ئەركىنلىككە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرىلىككە ۋە ئالەمشۇمۇللۇققا ئىگە. لېكىن، ئاچچىق ھەسرەت ئىچىدە شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىسلام تارىخىدا خۇلەپائى راشىدىنلار دەۋرىدىن كېيىنلا پەيدىنپەي چېكىنىشكە يۈز تۇتقان ئىسلامىي تۈزۈملەر كېيىنچە، تېپىك ئىستىبدات ۋە قالاقلىقنىڭ ئۆرنىكىگە ئايلىنىپ قالدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق خەلىپىلىك تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خەلىپىلىك تۈزۈملىرىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ئۈلگىلىك ۋە چىن مەنىدىكى ئىلاھىي ئەدلى-ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىرى ئانچە كۆپ بولماي كەلدى. بولۇپمۇ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىنكى، ئۇششاق ئىسلامىي دۆلەتچاقلار خەلقىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ۋە شەرىئەت نامىنى قوللانغاندەك قىلغىنى بىلەن چىن مەنىدىكى ئىسلامىي ئادالەت بىلەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈملىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، ئىستىبداتتىن جاق تويغان ئىنسانلار ئىستىبداتقا كەينىنى قىلغان ۋە پەشۋا ئاتقان ھامان ئىسلامغىمۇ قاپاق گۈلەيتىدىغان بولۇۋالدى.

مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىسلامغا مەنسۇپ دەپ قارالغان بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى بىر يولىلا تۈزىتىپ كەتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئىسلامنىڭ ئەدلى-ئادالىتىنى نامايان قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا

ۋەكىللىك قىلغان بىرمۇ دۆلەت ياكى تويلۇم كۆرۈپ باقمىدۇق. نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار گەرچە ئوچۇق ئىپادىلىيەلمىسىمۇ، ئەمما يۇرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئىسلامىي ئادالەت ۋە ئىسلامىي تۈزۈملەرگە قارىتا سەلبىي ياكى گۇمانىي قاراشلارنى يوشۇرۇپ ياشاۋاتىدۇ. «شەرىئەت» دېيىلگەن هامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا هازىرقى هەر نەرسىگە يېپىق، قالاق، مۇستەبىت ئىسلام ئەللىرى زاهىر بولىدۇ.

ئىنسان ئىنتايىن ئاجىز يارىتىلغان، مەلۇم بىر ئىشلارغا قارىتا شەكىللەندۈرىدىغان ئاڭ ۋە تونۇشلىرى ئىلاهىي كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىغا قارىغاندا ئەمەلىي كۆرگەن ۋە ئۇچرىغانلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. پەقەت ئىلاهىي ئادالەتنىڭ ئەبەدىي ۋە مۇتلەقلىكىگە هەقىقىي ئىشەنگەن، ئاللاھ ساقلاپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا كۆپىنچە ئادەملەر ئۆزى ئۇچرىغان ۋە ياشىغان ئەمەلىي شارائىتنىڭ تەسىرىگە ۋە زەرەتلىشىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا «ئىسلامىي ئادالەت» دېگەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە خۇلەپائى راشىدىنلار دەۋرىدىلا ئەمەلىيلىشىپ ئاخىرلاشقان ئىدىيىۋى غايىلەردىن ئىبارەت دېگەن ئۇقۇم شەكىللىنىپ قالغان. ئۇلارنى ئىسلامىي تۈزۈملەرنىڭ مۇتلەق ئادىللىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي مىسال سۈپىتىدە كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىدىغان بىرەر دۆلەت ۋە ياكى پارتىيە-تەشكىلاتلار بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېمىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاۋام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي تۈزۈم هەققىدە سۆز ئاچقاندا ناهايىتى ئېغىر-بېسىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ئېڭىنى مۇشۇ چۈشەنچىلەرگە تازىلاپ، تەييار قىلىش ئۈچۈن چەكلىمىسىز دەۋەت ۋە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان مۇهىت ۋە شارائىتقا ئېھتىياجىمىز بار. هازىر دۇنيادىكى دۆلەتلەرگە قاراپ باقساق، بۇ شارائىت ۋە مۇهىت دېموكراتىك ئەللەردە تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى شوتا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامىي نىزامدىن ئىبارەت غايىگە يېتىشىمىز كېرەك. يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىز تېمىمىزنىڭ بېشىدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى قاچىغا ئوخشاتقان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ شۇ قاچىسىغا ئىسلامغا بولغان ئېتىخار ۋە سۆيۈنۈشلەرنى ئۇسۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قاچىسىنى ئىستىبداتنىڭ هەرخىل غەلدى-غەشلىرىدىن تازىلىشىمىز كېرەك. تازىلاش جەريانىدا ئەلۋەتتە دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىمىز، ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ئىسلامىي تۈزۈملەرنىڭ ئادالىتىگە بولغان ئىشەنچ ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن توشقاندىن كېيىن، تەبىئىيلا ئۇلار ئىسلامىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ دېموكراتىيەنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ۋە يېتەرسىز بىر تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى هېس قىلىشقا باشلايدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيەگە هېچ هاجىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما، هازىر ئىستىبداتنىڭ بازغىنى ئاستىدا ئېگىراۋاتقان خەلققە نىسبەتەن دېموكراتىيەنى هېلى كۇفرى تۈزۈم، هېلى شەيتانىي

تـۇزۇم دەپ، ھـە دېگەنـدە ئۇنـى ئىسـتىبداتتىنمۇ خەتەرلـىك دۈشـمەن قىلىـپ كۆرسـەتكىلى تۇرسـاق، گېپىمىزگـە ھېچكىـم قـۇلاق سـالمايدۇ. كىشـىلەرنى خـۇددى ئۆزىمىـز ئىسـتىبداتنىڭ چاپانچىلىرىـدەك تۈيغۇغـا كەلتـۈرۈپ قويىمىـز. بۇنـى مۇنـداق فورمـۇلا بويىچە چۈشەندۈرسـەك تېخىمۇ چۈشىنىشـلىك بولۇشـى مۇمكىن. (ئىسـتىبداتتىن تازىلىنىـش جەريانـى = دېموكراتىيـە، دېموكراتىيەدىـن يۈكسـەلگەندىكى ئاخىرقـى نۇقتا = ئىسلامىي ئادالەت)

بىـز ئۆزىمىزنـى دۇنيادىكـى ھەممـە ئىـزم ۋە ئېقىملارغـا دۈشـمەن دەپ جاكارلاشـتىن ئـاۋۋال ئىسـلامنىڭ ئـەڭ ئەشـەددىي دۈشـمىنى بولغـان ئىسـتىبداتقا قارشـى پۈتـۈن كۈچىمىزنـى مەركەزلەشتۈرۈشـىمىز كېـرەك. گەرچـە دېموكراتىيـە ئىنسانلار تەرىپىدىـن بارلىققـا كەلتۈرۈلگـەن تۈزۈلمـە بولسـىمۇ، ئەركىنلىـك ۋە باراۋەرلىـك نۇقتىسـىدا بولسـىمۇ ئىسـلام بىلـەن كېلىشـىدۇ، ئەممـا ئىسـتىبداتنىڭ يېقىـن ياكـى يېراقتىـن ئىسـلام بىلـەن ھېـچ كېلىشـىش نۇقتىسـى يـوق. بـۇ نۇقتىدىـن ئېلىـپ ئېيتقانـدا، بىزنىـڭ ئـەڭ ئاۋۋال قارشـى تۇرىدىغىنىمىـز دېموكراتىيە ئەمەس، بەلكى ئىسـتىبداتتۇر. مىسـال ئالساق، ئىككـى قويىمىـز بـار، تـام تۈۋىـدە ئوتلاۋاتىـدۇ، تـام گۈپپىـدە ئۆرۈلـۈپ بىـر قوينـى بېسـىۋالدى، بىـر قـوي قېچىـپ كەتتـى. بىـز ئـەڭ ئـاۋۋال تـام ئاستىدىكى قوينى قۇتۇلدۇرامدۇق ياكى قاچقان قوينى باغلاشنىڭ كويىغا چۈشەمدۇق!

بىـز مەزكـۇر ئۇقۇملارنـى تېخىمـۇ روشـەن چۈشـىنىش ئۈچـۈن تۆۋەنـدە ئىسـلام ۋە دېموكراتىيەنى قىسقىچە چۈشىنىپ ئۆتىمىز:

## ئىسلام دىنى

ئىسـلام سـۆزىنىڭ لۇغەتتىكـى مەنىسـى بويسـۇنۇش، بـاش ئېگىـش دېگەنلەرنـى ئىپادىلەيـدۇ. ئىسـلامىي ئىسـتېمالدىكى مەنىسـى بولسـا ئالـلاھ تائالاغـا بويسـۇنۇش، ئۆزىنـى ئۇنىـڭ ئەمرىگـە تاپشـۇرۇش ۋە ئۇنىـڭ خاھىشـىغا مۇۋاپىـق ھالـدا ھايـات كەچـۈرۈش دېگەنلىكتـۇر. ئىسـلام دىنـى ئالـلاھ تائـالا تەرىپىدىـن ئىنسـانىيەتنىڭ ئېھتىيـارى، ياخشـىلارنىڭ ئۈلگىسـى ۋە پەيغەمبەرلەرنىـڭ ئـەڭ ئاخىرقىسـى ھەزرىتـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامغا پۈتۈنلەنگـەن ۋە كامالىغـا يەتكـەن، تـا قىيامەتكىچـە يـەر يۈزىدىكـى پۈتـۈن ئىنسـانلارنىڭ بىـرلا توغـرا دىنـى بولـۇپ تاللانغـان ئىمتىيـازى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بىر دىندۇر.

ئىسـلام دىنـى ئىنسـانىيەتنى تۈرلـۈك خۇراپاتلاردىـن، ھەرخىـل خورلـۇق ۋە ئېزىلىشـلەردىن ئـازاد قىلىـپ، ھەقىقىـي ئىنسـاندەك ياشـاتقۇزۇش ۋە ئىززىتىنـى قوغـداش، شـۇنداقلا ھاياتنـى رەتكـە سېلىش ئارقىلىـق بەختلىـك قىلىـش ئۈچـۈن كەلگـەن بىـر دىنـدۇر. بـۇ مەنـە قادىسـىيە غازىتـى جەريانىـدا ئىسـلام قوشـۇنلىرىنىڭ

قومانداني سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس تەرىپىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئىرانلىقلارنىڭ قومانداني رۇستەمگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى رىبئىي ئىبنى ئامىرنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ رۇستەمگە مۇنداق دېگەن: «بىز پەقەت ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ئىززەتكە ۋە باشقا دىنلارنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق»[1].

يەنە ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفوفىيە) پادىشاھى نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەجاشىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا-پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارام يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، پاكلىقىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. زىنا-پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى»[2].

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن ئالاقىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلغاندا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ھەم ئۇنىڭ يولىنى روشەن سىزىپ بەرگەن. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تولۇق قىلىپ بېكىتىلگەن.

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىن. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولغانلىقتىن، بارلىق پرىنسىپلىرىدا، تەلىماتلىرىدا ۋە قانۇنلىرىدا ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تامامەن ماسلىشىدىغان، ئۇنىڭ جىمى مۈشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بىر دىن. بۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت دىنى

[1] بۇ قىسسە «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، «تارىخ تەبەرىي» قاتارلىق كىتابلاردا بايان قىلىنغان.
[2] دوكتور راغىب سىرجانىينىڭ لېكسىيەسىدىن ئېلىندى.

دېگەن ئىمتىيازغا ئىگە. بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾ يەنى «بىز سېنى ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»[1] دېگەن.

بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىمىز، قايتىشىمىزمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە بولىدۇ. بۇ قىسقىغىنا دۇنيا ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، بارلىق مۇشكۈلاتلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىنىڭ سىرىنى بىلگەنىدەك، ياراتقۇچىمۇ بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ مۇشكۈلاتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا تايانماستىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدەك مۇكەممەل بىر دىنىنى، ئۇنىڭ قانۇنىدەك ئادالەتلىك بىر قانۇننى، ئۇنىڭ شوئارىدەك ياڭراق بىر شوئارنى، ئۇنىڭ ئەخلاقىدەك يۈكسەك بىر ئەخلاقنى كۆرگىنى يوق. زامانىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام نامىدىن قىلغان جىنايەتلىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى، دىنسىزلارنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ ئوبرازى قىسمەن بۇرمىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئىنسانلارنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە. غەربلىك ئىنسابلىق مۇتەپەككۇرلار، سىياسىيونلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق ئېيتقان ئىجابىي سۆزلىرى بار.

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى قۇرئان كەرىم، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياس قاتارلىقلاردۇر. بۇلار دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرئان كەرىم تۇرىدۇ، قۇرئان كەرىمدىن كېيىن ھەدىس ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاساسلىق دەلىل-ھۆججەت بولۇپ كېلىدۇ، ھەدىستىن كېيىن ئىجما، ئاندىن قىياس كېلىدۇ. ھېچكىمنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە قارشى ئىجما ياكى قىياس قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاۋۋال قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنمىگەن، ھۆكمىمۇ بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە، ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. ھەدىستىمۇ بولمىسا، ئاندىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىجتىھاد قىلىنىدۇ. ئىجما بىلەن قىياس ئەنە شۇ ئىجتىھادتىن باشلىنىدۇ.

ئىجما — بارلىق دەۋرداش مۇسۇلمان مۇجتەھىدلارنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر[2]. ئىجما — ئىسلام



[1] سۈرە ئەنبىيا، 107-ئايەت.

[2] ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللاھ: «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى»، 109-بەت.

قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى ۋە ھۆججىتىدۇر.

قىياس — قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى بۇ ئىككى مەنبەدە ھۆكمى كەلگەن مەسىلىگە قىياس قىلىش (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، نەشە، ئەپيۇن، خروين قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ھاراملىقىنى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن ھارام قىلىنغان ھاراققا قىياس قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەنگە ئوخشاش.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى بىلەن ئىسپاتلانغان مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

ئىسلام دىنى مەيلى دېموكراتىيە بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق قانۇن-تۈزۈم بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن، مەڭگۈ كۈچكە ئىگە ۋە ھەممىدىن بىھاجەت قىلىدىغان، ئەڭ مۇكەممەل قانۇن-پرىنسىپلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ چۈشۈرگەن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى قايسى مىللەتتىن چىققان بولسا، شۇ مىللەتكىلا پەيغەمبەرلىك قىلاتتى. ھەتتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىككى پەيغەمبەر بىرلا ۋاقىتتا ئوخشىمىغان ئىككى خەلققە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئەمما، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئالەمشۇمۇل پەيغەمبەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دىنىمۇ ئالەمشۇمۇل دىن، شەرىئىتىمۇ ئالەمشۇمۇل شەرىئەتتۇر. يەنى ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر زامانغا، ھەربىر ماكانغا يارايدىغان، ھەرقايسى جەمئىيەتنىڭ، ھەرقايسى دەۋرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن، ئەقلىغا مۇۋاپىق، مۇكەممەل قانۇندۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلام قانۇنىدا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، سودا-سېتىق، ھالال-ھارام، ئائىلە ھاياتى، ھاكىمىيەت ۋە دەۋا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرى بىلەن ئېنىق بەلگىلىنىپ كەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، زاماننىڭ

[1] سۈرە ئەنبىيا، 104-ئايەت.

ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلار قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆرگەرتىلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىشكىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بەلكى، تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلار ئۇستىدە مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشى، مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ پىكرى قەتئىي ئۆتمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىنىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە دەلىللىرى ئېنىق كەلگەن مەسىلىلەرگىمۇ ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە دەلىللىرى ئوچۇق كەلمىگەن، كەلگەندىمۇ بىردىن كۆپ مەنىگە دالالەت قىلغانلىقتىن، ئىجتىھاد قىلىپ بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىدىغان دىنىي مەسىلىلەر ھەر دەۋردىكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. بۇ مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولغىنىدەك، سىياسەت ئىشلىرىدا ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا مۇسۇلمان ئەمەسلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئىسلام پرىنسىپىغا زىت كەلمەيدىغان قائىدە-تەرتىپلەردىن مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، قاتناش قائىدىسى، بازار ۋە سودا-سانائەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قائىدە-تۈزۈملەرنى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئوخشاش. چۈنكى، مۇسۇلمانلار پايدىلىق نەرسىلەرنى كىمدىن بولسا ئېلىپ پايدىلىنىشقا ھەقلىق. ئۆلىمالار: «ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئىدارە-جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋە زاۋۇت-كارخانىلارنى كونترول قىلىش تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ»[1] دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدىنە شەھىرىگە مەككە كۇچلىرى ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئىرانلىقلارنىڭ خەندەك كولاش تاكتىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، دۈشمەن كۈچلىرىنى شەھەرگە كىرىشتىن توسۇپ قالغان.



## دېموكراتىيە

دېموكراتىيە — گرېك تىلىدىكى: DEMOS (يەنى خەلق) ۋە KRATIA (يەنى ھۆكۈم) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «خەلق ھاكىمىيىتى» ياكى «خەلق ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، دېموكراتىيە دېگەن بىرەر ئەقىدە ياكى پەلسەپە ياكى پرىنسىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانلار

[1] قاتار «دىنى ئىشلار مىنىستىرلىكى»گە قاراشلىق پەتىۋا مەركىزىنىڭ 172845-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىن.

تەرىپىدىن چىقىرىلغان بىر تۈزۈمدۇر.

دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىمۇ ۋە زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ قاتتىق زىت كېلىدىغان يېرى، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئىسلامدا ھاكىمىيەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا باشلىقنى خەلقنىڭ ئۆزى سايلىشىدۇر. ئىسلامدىمۇ باشلىقنى خەلق ئۆزى سايلايدۇ. دېمەك، دېموكراتىيەنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغىلى بولمىغاندەك، پۈتۈنلەي پايدىسىز دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار بايان قىلغان. چۈنكى «ئىسلام دىنى سىياسەت ئۈچۈن ئومۇمىي پىرىنسىپلارنى ۋە ئاساسىي قائىدىلەرنى بېكىتتۈەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن قېلىپ بەلگىلىمەستىن، بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ زامان ۋە ماكاننىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان»[1]. ئىسلامدىكى سىياسىي ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى بولغان «شۇرا» يەنى (كېڭەش)نىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيەت تارىخىدا ھەر خىل بولۇپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

مەسىلەن، تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ساھابىلارنىڭ سايلىشى بىلەن خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن خەلىپە بولغان، ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەشكىل قىلغان ئالتە كىشىلىك شۇرا ھەيئىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى كاتتا ساھابىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ ئوغلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى) ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى خەلىپە قىلىپ سايلىغان.

## شۇرا ۋە دېموكراتىيە

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ بىرلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

[1] دوكتور ئەھمەد رەيسۇنىي: «الفكرالإسلامي» (ئىسلام نەزىرىيەسى)، 92- بەت.

1. خەلقنىڭ ئۆز مەسئۇللىرىنى تاللاش هوقۇقى بارلىقى.

2. خەلق ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت بولۇۋالماسلىقى.

3. هەرقانداق دىكتاتورلۇقنىڭ پۈتۈنلەي رەت قىلىنىشى.

4. خەلقنىڭ باشلىق خاتالاشسا ئېتىراز بىلدۈرۈش هوقۇقى بارلىقى.

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ زىتلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. شۇرا قۇرئان ۋە هەدىسكە ئاساسلىنىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا تايىنىدۇ.

2. شۇرادا «هاكىمىيەت ئاللاهنىڭ» دېگەن ئاساستا، دېموكراتىيەدە «هاكىمىيەت خەلقنىڭ» دېگەن ئاساستا ئىش كۆرۈلىدۇ.

3. شۇرا شەرئەتتىن دەلىل كەلمىگەن، ئىجتىهاد قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ، ئەمما قەتئىيلەشكەن مەسىلىلەر ئۈستىدە بولمايدۇ، دېموكراتىيە بولسا پۈتۈن ئىشلاردا بولىدۇ.

4. شۇرا دىنىي، سىياسەتنى بىلىدىغان، پىكىر ئىگىلىرى (ئەسهابۇ رەئيى) ئارىسىدا بولىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە ئاۋام خەلقنىڭ ئاۋازى بىلەن بولىدۇ.



## دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرى

دېموكراتىيەنىڭ «خەلق باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاپ چىقىدۇ، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرى ئۇلارغا مۇسەللەت بولالمايدۇ، پۇقرالارنىڭ باشلىقلىرىدىن هېساب ئېلىش، خاتالاشسا تۈزىتىش بېرىش هوقۇقى بار» دېگەنگە ئوخشىغان تەرەپلىرى ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، قائىدە-تۈزۈم ياكى چارە-تەدبىر ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ[1].

چۈنكى، دېموكراتىيەنى يۇقىرىقى تەرىپى بويىچە چۈشەنگەن كىشىلەرگە ئايانكى، هەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادىيىتىدۇر! تارىختىن بۇيانقى مۇستەبىت هاكىمۇتلەقلەرنىڭ، دىكتاتورلارنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش، هاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىسلام دىنى ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى تۇنجى قېتىم

[1] دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىي: «فتاوى معاصرة» (هازىرقى زامان پەتۋالىرى)، 3-توم، 645~646 بەتلەر.

قارار قىلغان ھەق-ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىزنىنى باسىدىغان خەلىپىنى ئۆزى تەيىنلەپ بەرمىگەن، بەلكى ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تاللىشىغا قالدۇرغان. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام دىنىدا دۆلەت باشلىقى خەلق تەرىپىدىن تاللىنىدۇ. ئىسلام دىنى جامائەت ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئىمام...»[1]، دېگەن. نامازدىكى ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن ھاياتلىق ۋە بارلىق سىياسەت ئىشلىرىدا ئەھۋال قانداق بولۇشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ يامان باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرمايدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر»[2].

«قۇرئان كەرىم» يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالىدىغان ھاكىممۇتلەقلەرگە ۋە ھەددىدىن ئاشقان دىكتاتورلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوقىلىشقا تېگىشلىك بۇزغۇنچى كۈچلەر دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇندىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنى دىكتاتورلۇقنىڭ ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ سەلبىي نەمۇنىلىرى ئورنىدا دۇنيا خەلقىگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالىغان. ئاللاھ تائالا ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 39-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمەيتتى﴾. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن:

1. پىرئەۋن ئوبرازىنى دىكتاتورلۇقنىڭ ئەڭ ئۈچىغا چىققان نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.
2. ھامان ئوبرازىنى ئەقىل-پاراسىتىنى دىكتاتورلارنىڭ خەلقنى ئېزىش سىياسىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، سەلبىي سىياسىيوننىڭ نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

3. قارۇننى خەلقنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە بېيىغان، ئاچكۆز پۇلدارنىڭ سەلبىي ئوبرازى قىلىپ كۆرسەتكەن.

قىزىق يېرى شۇكى، قارۇن پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كەلگەن بىر پۇلدار، شەخسىي مەنپەئەت ئۈنى پىرئەۋن بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن جۇدا قىلغان»[1].

يۇقىرىقىدەك دىكتاتورلاردىن ۋە ھاكىممۇتلەقلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دېموكراتىيەگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بولۇپ كەلمەكتە. زادى دېموكراتىيەنىڭ كۈچى بولمىسا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھاكىمىيەتنى، مەنسەپنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەرمىدى؟

## دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرى

دېموكراتىيە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردىن ئىسلامغا زىت كېلىدۇ:

1. ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنلارنى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن شەرىئەت قانۇنىدىن ئۈستۈن كۆرۈش. بۇنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار قانچىلىك ئاكادېمىك بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك ئەقىللىق بولۇپ كەتسۇن، بەربىر خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما، ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا ھەرگىز خاتالاشمايدۇ ۋە بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەرىئەت بەلگىلەيدۇ.
2. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇن-تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مەسىلەن، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا، مىراسنىڭ ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاش دەرىجىدە تەقسىم قىلىنىشى. ھالبۇكى، ئىسلام مىراس قانۇنىدا، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە مىراس ئالىدۇ.
3. چېكى يوق ھۆررىيەت. ئامېرىكىغا ئوخشىغان بەزى دېموكراتىك دۆلەتلەردە، ھەمجىنسلارنىڭ ئۆزئارا ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان قانۇنلار لايىھەلەنگەن. ھالبۇكى، ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.
4. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدىغان قانۇن-

[1] دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىي: «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)، 3-توم 646~647 بەتلەر.

تۈزۈملەرنى تۈزۈش. چۈنكى، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى دىنغا باغلانمىغان ھالدا، ئىنسان ئەقلىگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىدا، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ئاللاھ تائالانىڭدۇر.

## دېموكراتىيە دىكتاتورلۇقنىڭ ئەكسىدۇر

دېموكراتىيە دېيىلگەن ھامان ئەڭ دەسلەپ ئەقلىغا كېلىدىغان نەرسە دىكتاتورلۇقنىڭ زىتى بولغان ھۆرىيەتتۇر. چۈنكى، دېموكراتىيە ھۆرىيەتنىڭ كېپىلىدۇر. دېموكراتىيەنى تۇغقان مۇھىتمۇ دىكتاتورلۇق تۈزۈمىدۇر. دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلق شۇ لەنىتى دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئۇزۇن يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ئەنە شۇ دېموكراتىيەنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. دېموكراتىيە دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلىش ئەمەس، بەلكى دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە قارشى چىقىش، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان مۇستەبىت ھاكىممۇتلەقلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئەركىن سايلاپ چىقىدىغان، باشلىقلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ھېساب ئالالايدىغان بىر تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر بۇ تۈزۈم زامانىمىزدا دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، دېموكراتىيە دېموكراتچىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىسلامنىڭ زىتى بولماستىن، بەلكى دىكتاتورلۇقنىڭ زىتىدۇر. بۇ مۇسۇلمان ئەمەس دېموكراتچىلارنىڭ ئەھۋالى.

ئەمدى دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر مۇسۇلمان دېموكراتچىغا كەلسەك، مۇنداق بىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مۇنداق قىلمىغاندا، مۇسۇلمان سانالمايدۇ.

«شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر﴾[1] يەنى ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش، بەلگىلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر، دېگەن ئايەت ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ‹ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، بۇيرۇغۇچى، توسقۇچى ۋە ھالال-ھارامنى بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر› دېگەن پىرىنسىپقا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ خەلق ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتى ھەق ۋە راستتۇر. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 67-ئايەت.

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كائىناتتىكى تەسەررۇپلىرى، تەقدىر قىلىشى ۋە ئىرادە قىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كائىناتتا ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزگۈزۈشتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بىر شەخس ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

‹دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىمەن› دېگەن ھەرقانداق مۇسۇلمان يۇقىرىقى بۇ ئىككى تۈرلۈك ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ دېموكراتىيەنى پەقەت ئىسلام پرىنسىپلىرى ئىچىدىكى باشلىق سايلاش، شۇرانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چارە-تەدبىر ئورنىدىلا قوللىنىدۇ، بەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن كېتىپ بېرىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: ‹دۆلەت دىنى ئىسلام، جىمى قانۇنلارنىڭ مەنبەسى ئىسلام شەرىئىتىدۇر› دەپ قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىقرار قىلغانلىق ۋە تەكىتلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاساسىي قانۇنغا ‹ئىسلام پرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق قانۇن-تۈزۈم قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ› دېگەن ماددىنى كىرگۈزۈۋەتسە، بۇ ئىسلامغا بويسۇندۇرۇلغان بىر دېموكراتىيە بولىدۇ»[1].

ئەمما كىرىزىس دېموكراتىيەنى تەتبىق قىلىشتا چىقماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئەمەل قىلدىمۇ؟ ياق!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا ئەڭ يېقىن زامانلاردا ياشىغان خاۋارىجلارمۇ «ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن پرىنسىپنى چۈشەنمەستىن، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىشىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى سوراپ، تېگىشلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. خۇسۇسەن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چىققان دەۋا ئىشلىرىدا مۇسۇلمان ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلارمۇ كۆپ. شۇڭا، تۆتىنچى

[1] دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي: «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)، 3-توم 645~ 646 بەتلەر.

خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە: «ئۇلارنىڭ ‹ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر› دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە ھەق سۆز. ئەمما، ئۇلار بۇ ھەق سۆز ئارقىلىق باتىلنى مەقسەت قىلغان» دېگەن.

ئىسلام تارىخىدا، ئاۋۋالقى ئۇلگىلىك تۆت خەلىپىدىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلاردا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك سىياسىي ئىستىبدات دەۋرى باشلىنىپ كەتكەن. ئىسلامدىكى شۇرا ئىجرا قىلىنمىغان، خەلىپىلىك تۈزۈمى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان تۈزۈمگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. ھەتتا، شۇ ۋاقىتتىكى ساھابىلەر ۋە ئۆلىمالار بۇ تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان، قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئىرانلىقلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىگە ئوخشىتىپ «كىسرا تۈزۈمى» دەپ ئاتىغان. ئەمما، بۇ يېڭى مىراسخورلۇق تۈزۈمى ئۆز يولىغا مېڭىۋەرگەن، مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا كۈچ ۋە سەلتەنەت بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن. ئەمما، ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالاردىن جەڭگىۋار ۋە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنى «ئىسلام خەلىپىسى» دەپ ئاتىۋالغان ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قىلاتتى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرەتتى.

### *دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش*



بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي پرىنسىپىمىزغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ۋە ھەر قانداق قانۇن-تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىمىز. دېموكراتىيەنىڭمۇ دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسلامىي خىزمەتلىرىمىزگە يارايدىغان، دىنىمىزغا زىت كەلمەيدىغان يەرلىرىنى ئېلىپ پايدىلىنىمىز. قاتناش قائىدىلىرىنى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئېلىپ ئۆزىمىزدە ئەينەن تەتبىق قىلىۋاتىمىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەر ياساپ چىققان پەن-تېخنىكا سايمانلىرىدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن پايدىلىنىۋاتىمىز، ھەتتا دىنىي مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ قوللىنىۋاتىمىز. ئەمدى، ئىسلامنىڭ سىياسىي ئىشلار پرىنسىپى بولغان شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باشلىقلىرىمىزنى خەلق تەرىپىدىن تاللاپ چىقىش ئۈچۈن دېموكراتىيەگە ئوخشىغان بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈزۈملەردىن پايدىلانساق، پايدىلانغاندىمۇ ئۇنى ئىسلام قانۇنىغا بويسۇندۇرغان ھالدا، پەقەتلا بىر ۋاستە ئورنىدا پايدىلانساق بۇنىڭ زىيانلىق تەرىپى يوق دەپ ئويلايمەن.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار ھەممىلا جايدا ئېزىلمەكتە ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا. ئۇلار پەقەت دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەق-ھوقۇقلىرىغا ۋە ئىنسانىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولماقتا.

مەسىلەن، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار شۇ دۆلەتلەردىكى دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە. تۈركىيەدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان «ئادالەت ۋە تەرەققىيات» پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىمۇ، ئىلگىرى مەرھۇم نەجمىددىن ئەرباقان باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىيە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈپ غەلىبە قىلدى ۋە تۈركىيەدە بىر ئىسلامىي ھۆكۈمەت دەسلەپكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بەزىسىنى قولىدىن كېلىشىچە قىلدى. مەسىلەن، تۈركىيە رەئىسى رەجەب تاييىب ئەردوغان باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت شۇ دېموكراتىيە سايىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ تۈركىيەنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى، مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ ھىجابلىنىش ئەركىنلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئوتتۇز يىلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان تېررورىستلارنى مەغلۇب قىلىش، دۆلەتنى مونوپول قىلىۋالغان چىرىك ھەربىي ھاكىمىيەتكە خاتىمە بېرىش، دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى قاتارلىقلاردۇر.

مەن ھازىر دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمەن. ئەمما، بۇ خۇددى تۈركلەرنىڭ «توخۇ يوق، تۇخۇممۇ يوق» دېگەن تەمسىلىگە ئوخشاش، ھازىرچە بىز ئۈچۈن يوق نەرسە ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمەن. توغرىسى، دېموكراتىيە بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلامىي غايىمىزگە يېتىش يولىدىكى بىر ۋاستە ياكى بىر چارىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ تۈزۈمىمىز ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمدى، «دېموكراتىيە» دېگەن سۆزنىڭ گرېكچىدىن كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئۇنى پۈتۈنلەي كۇفرىلىق دەيدىغان قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە شۇنى سالىمەنكى، ئاتالغۇلاردىكى مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭدىكى مەنەدۇر. ھەتتا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئەرەبچە بولمىغان، ئەجەمچە سۆز-كەلىمىلەرمۇ بار. مەسىلەن، بىز «ئادالەت» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتقان «قسطاس» دېگەن سۆز رىمچە سۆزدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، ھازىرقى زاماندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «دېموكراتىيە»لەرنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي دېموكراتىيەگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تولىسى قۇرۇق شوئاردۇر. مۇنداقلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنى تېخى «دېموكراتىك دۆلەت» ۋە «دېموكراتىيەنىڭ پاسىبانى» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئەمما، ئۇلاردا دېموكراتىيەنىڭ ئەسىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلاردا سايلانغان رەئىس جۇمھۇرلارمۇ ئۆمۈر بويى سايلىنىدۇ، تەختنى پەقەت ئۆلۈم ياكى ئۆرۈلۈش بىلەنلا

بوشتىدۇ. قىزىق يېرى، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنى «دېموكراتىك دۆلەت» دەپ ئاتىۋالىدۇ، خەلق دۆلىتى دەيدۇ-يۇ، خەلققە ھېچبىر ھوقۇق بەرمەيدۇ.

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بۇيرۇغان: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا. وَٱخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ ٱلذُّلِّ مِنَ ٱلرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ٱرْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِى صَغِيرًا﴾ يەنى «رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ‹ئوف› دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن». [سۈرە ئىسرا، 23 - ، 24 - ئايەت].

## تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسۇش بىلەن باشلىنىپ، ئاتا - ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ۋە ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇش بىلەن ئاياغلاشقان. بۇ ئايەتلەر ئىككى چوڭ ھەقنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقنى ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماي، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئادا قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى ئاتا - ئانىنىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقنى ئۇلارغا قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل خىزمەت قىلىش بىلەن ئادا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى ھەق ئىنسان ئۈستىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ چوڭ ھەقلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ياراتقان زات، ئاتا - ئانىمىز بولسا، بىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەتلەر باللار قانداقلا شارائىتتا بولسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، مەيلى غەم - قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا - ئانىلارغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن

خىزمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا «قۇرئان كەرىم» بەزى ۋاقىتلاردا بالىلارنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئاتا-ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىلار ئاتا - ئانىلارغا قوللىرىدىن كېلىدىغان پۈتۈن خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئاتا-ئانىسىغا بولغان سەمىمىي ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

﴿إِحْسَانًا﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ئىشنى مۇكەممەل قىلىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئەمما، يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿إِحْسَانًا﴾ دېگەن سۆز «قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش»، «پەرزەنت ھەققىنى مۇكەممەل ئورۇنداش»، «ئاتا-ئانىنى رازى قىلىش يولىدا جان-دىل بىلەن ئىشلەش» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئالدىمىزغا ھېچقايسىمىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ كىيىمى ئاپپاق، چېچى قاپقارا ئىدى، ئۇ ئۇزۇن يولدىن كەلگەندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چاپلاپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: ‹ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىسلام — ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى

[1] سۈرە سەجدە، 7-ئايەت.

سوراپ، يەنە ئۆزى تەستىقلىغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن ئۇ: ‹ئىمان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىمان — ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق-يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. ئاندىن: ‹ئېھسان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹قىيامەت قاچان بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: ‹سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بەك مەلۇماتلىق ئەمەس› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: ‹دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالىڭاياق پادىچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولۇشىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن: ‹ئى ئۆمەر! مەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ‹ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى› دېدى»[1].

دېمەك، مۇكەممەل ئورۇنداش، قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن ۋە دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسى بولغان «ئېھسان»نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش پەرزدۇر. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا، ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان «ئېھسان» باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە يادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما، ئاتا-ئانىغا

[1] «سەھىھۇل بۇخارى»، 1-توم، 19-بەت، 50-ھەدىس.

قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا، بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

مەسىلەن، سىز بىرسىگە بەدەلسىز ھالدا بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۆتۈنمىسىز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما، سىز ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىزمىتى ياكى ياخشىلىقى يۈزىسىدىن بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىز، بەلكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىز. ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. بۇ خالىسانە ياردەم ياكى خەير-ئېھسان تەرىقىسىدىكى بىر ياخشىلىق ئەمەس.

# بەخت نەدە

بەختكە ئېرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى، مەيلى ساددا پىكىرلىك ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى يېتىشكەن مۇتەپەككۇر، ئالىم بولسۇن ھامان بەختكە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا بەخت ئۈچۈن ئاھ ئۇرسا، گادايلار غېرىبانە كۇلبىلىرىدە بەخت ئىزدەپ چوت سوقىدۇ ۋە شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. كېسەپ ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋىيىتى ساغلام، ئەقىل-ھوشى جايىدا ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە جاپا-مۇشەققەت ئىزدىمەيدۇ، بەختسىزلىككە رازى بولمايدۇ. بىراق، ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، چوت سوقۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان بۇ بەخت زادى قەيەردە؟ ھەقىقىي بەخت زادى نېمىدە؟ بەختنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟

تارىختا تالايلىغان كىشىلەر بەخت ئىزدەپ ياشىدى. بەخت ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىراق، ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بەخت ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان جايلاردىن بەخت ئىزدەپ، خۇددى باياۋاندىن گۆھەر ئىزدىگەن كىشىدەك ھالسىرىغان، سالپايغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىشتى. دەرۋەقە، كىشىلەر ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ماددىي مەئىشەتكە چۆككەنسېرى، نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلگەنسېرى يېڭى كىرىزىسلارغا يېتىپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنداقتا بەخت زادى نەدە؟ ئۇ نېمىدە؟

## بەخت-سائادەت مال-دۇنيادا ئەمەس

نۇرغۇن ئىنسانلار ماددىي ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ماددىي يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ماددىي پاراغەتلەردە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن، يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشماقتا. مال دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بەختتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى تولا چاغلاردا كۆپىنچە كىشىلەردە غەم-قايغۇنىڭمۇ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولۇپ، ئاخىرەتتىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ بىر ئاپەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىرمۇنچە كىشىلەر بايلىقنى بەخت ھېسابلىشىدۇ. بىراق، بىز تۇرمۇش سەۋىيەسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى قولاي، يېمەك-ئىچمەكتىن غەم-ئەندىشىسى يوق، تۇرالغۇلىرى، قاتناش ۋاستىلىرى ھەتتا يېزا ئىگىلىككە قەدەر يۈكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، زامانىۋىلاشقان، ئومۇمەن باياشاتچىلىققا تولغان تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە قارايدىغان بولساق، شۇ ئەل پۇقرالىرىدىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكى، قەلب ئازادىلىكىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكلىرىدىن قاقشاۋاتقانلىقىنى، ۋە بۇنى ھەر خىل يوللاردىن ئىزدەپ يۈرىۋاتقانلىقىنى، لېكىن يەنىلا ئۆزلىرى بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان بۇرۇقتۇرما، بىر خىل قېلىپتىكى تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، ئىنسان تەن ۋە روھتىن پۈتۈلگەن يارالما. ئۇ فىزىئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئاش نانغا موھتاج بولغاندەك، روھىي جەھەتتىنمۇ مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج.

جىسمانىي ئېچىرقاش تەننى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلات ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلسا، مەنىۋى ئېچىرقاش ئىنساننى ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ مەھرۇملۇق ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن بىر پاجىئەدۇر. پاجىئە بولغاندىمۇ ھەرقانداق پاجىئەنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆز ئىچىدىن تۈگەشتۈرىدىغان پاجىئەدۇر. بالىلار ھاياتلىقتىكى گۆھەرلەردۇر. خۇددى ئەجدادلار «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك، بالىلارسىز تۇرمۇشتا سائادەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەنلا بەخت-سائادەت بالىلاردا دېيەلمەيمىز. چۈنكى، رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادارلىق بىلەن ھەقلىق يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى تۈزكورلارچە قاقشاتقان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس. بىزگە يىراقنى يېقىن، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ بېرىپ تۇرمۇشىمىزغا ھېسابسىز قولايلىقلارنى بەخش ئەتكەن پەن-تېخنىكىمۇ بىزنى بەختلىك قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ روسسېل «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى. بىراق، ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلالمىدى. بۇ كۈرەشتە پەن-تېخنىكا ئەسقاتمىدى» دەپ يازىدۇ.

### بەخت ئۆزىمىزدە

بەخت دېگەن مەنىۋىيەتكە تەئەللۇق ئۇقۇم. شۇڭا، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى بايلىق كانلىرىدىن ياكى ئوردا خەزىنىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. بەخت شۇنداق نەرسىكى، ئىنسان ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھېس قىلىپ تەڭداشسىز لەززەتكە نائىل بولالايدۇ. ئۇ قەلبنىڭ ئارامى، ۋىجداننىڭ راھىتى، كۆڭۈلنىڭ

خۇشـلۇقىدۇر. ئۇنىڭغـا ئېرىشـكەن كىشـى يەرىكىنىـڭ ئـەڭ چوڭقـۇر قاتلاملىرىدىــن تىرنىقىنىــڭ ئۇچلىرىغىچـە ئازادىلىككـە ئىگـە بولـىدۇ. بەخـت ئىنسـان قەلبىدىــن ئۇقچـۇپ چىقىــپ تۇرىدۇكـى، سىرتتىن ئىمپورت قىلىنمايـدۇ. ئۇنـى ئاللاھتىـن باشقا ھېچكىم ئاتـا قىلالمايـدۇ. ھەقىقىي بەختكـە ئېرىشـكەن كىشـىلەر باشـلىرىغا ھەرقانداق بالايى-قـازا، دىشـۋارچىلىق كەلسـىمۇ پىسـەنت قىلمايـدۇ. تۇرمـۇش مۇشـەققەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالسىمۇ، ھاياتلىقتا مەردانە كۈلۈمسىرەيدۇ.

شەكسـىزكى، بەخـت شـۈكۈر-قانائەتتە. چۈنكـى، ئىنسـان پۈتـۈن دۇنيانىــڭ بايلىقىغا ۋە ئـەڭ چـوڭ سـەلتەنەتكە ئىگـە بولغـان تەقدىردىمـۇ، ئۇنىڭـدا قانائـەت ۋە شـۈكۈر بولمىسـا، يەنىـلا ئۆزىنـى بەختلىــك ھېـس قىلالمايـدۇ. شـۈكۈر-قانائەت ئىماندىــن كېلىـدۇ. ئىمـان شـۈكۈر-قانائەت ۋە بەخت-سـائادەتنىڭ مەنبەسـىدۇر. ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: «ئـەر ـ ئايـال مۆمىنلەردىـن كىمكـى ياخشـى ئەمـەل قىلىدىكەن، بىـز ئۇنـى ئەلۋەتتـە ئوبدان ياشـىتىمىز ۋە ئەلۋەتتـە ئۇلارنىـڭ مۇكاپاتىنى قىلغـان ئەمەللىرىنىـڭ ئـەڭ ياخشىسـى بىلـەن بېرىمىز»[1] دەيـدۇ. ئايەتتىكـى «ئوبدان ياشـىتىمىز» دىــن مەقسـەت كـۆپ مال-دۇنيـا بېرىمــز ياكـى تۇرمۇشـىنى پـاراۋان قىلىمـىز دېگەنلىـك بولماسـتىن، بەلكـى بەخت-سائادەت ۋە ھۇزۇر-ھـالاۋەت ئىچىـدە ياشـىتىمىز دېگەنلىكتـۇر. چۈنكـى، بايلىقـى كـۆپ بولسـىمۇ، ھۇزۇر-ھالاۋەتسـىز ياشـىغان ئادەمنى بەختلىـك دېگىلى بولمايـدۇ. ئايەتتىـن مەلۇمكى، بۇ نېمـەت ئىمان ئېيتقانلارغـا خـاس نېمەتتـۇر. شـۇڭا باشـقىلار ئـۇلاردەك بەختلىـك بولالمايـدۇ. ئەتراپىمىزغـا قـاراپ باقىدىغـان بولسـاق، شـۇنى كەسـكىن ئېتىـراپ قىلمـاي تۇرالمايمىزكـى، دۇنيـادا ئـەڭ بەختلىـك، ئـەڭ خاتىرجـەم ۋە ئـەڭ قانائەتلىـك ھايـات كەچۈرىدىغانلار مۇسـۇلمانلاردۇر. شـۇنىڭدەك، دۇنيادا ئەڭ بەختسىز، ئـەڭ ئىزتىراپلىق ۋە ئـەڭ بىئـارام ھايـات كەچۈرىدىغانـلار ئاللاھ تائالاغـا ۋە ئاخىـرەت كۈنىگـە ئىشـەنمەيدىغانلاردۇر. ئىمانسىز ئادەملـەر قانچىلىـك بـاي بولـۇپ كەتسـىمۇ، قانچىلىك چـوڭ مەنسـەپدار بولـۇپ كەتسـىمۇ ۋە ھاياتنىـڭ لەززەتلىرىنـى قانچىلىك كـۆپ تېتىغان بولسـىمۇ، ھاياتتىـن ھۇزۇر-ھـالاۋەت ھېـس قىلالمايـدۇ. پىسخىك كېسـەللىكلەرنىڭ ۋە ئۆزىنـى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىـڭ مۇتلـەق كۆپ سـانلىقى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشـاش ماددىــي جەھەتتىــن تولـۇق پاراۋانلىقتـا ئېرىشـكەن، ئەممـا مەنىۋىيــەت جەھەتتىــن نــۆل دەرىجىگـە چۈشـۈپ قالغـان دۆلەتلـەردە كـۆپ بولىدىغانلىقـى ۋە مۇسـۇلمان دۆلەتلىرىــدە مۇنـداق ئەھۋاللارنىــڭ يوقنىــڭ ئورنىــدا ئىكەنلىكىمـۇ بىــر رېئاللىقتـۇر. سـەۋەب نېمـە؟ سـەۋەب ئېنىـق. چۈنكـى، مۇسـۇلمان دۆلەتلىرىدىكـى كـۆپ سـانلىق ئىنسـانلار تۇرمۇش ساپاسـى تـۆۋەن، تىرىكچىلىك ئىشـلىرى جاپالىـق، ئۆزلىرى كەمبەغـەل بولسـىمۇ، ھاياتقـا ئىمانـى ۋە قانائىتـى بىلـەن مۇئامىلـە قىلىـدۇ. شـۇڭا،



---

[1] سۈرە نەھل، 97-ئايەت.

ئۇلار ئازغا قانائەت قىلىدۇ، كۆپكە شۈكۈر قىلىدۇ، تۇرمۇشىدىن زارلانمايدۇ، ھاياتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. نەتىجىدە، بەختلىك، ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرىدۇ، پسىخىكا بۇزۇقلۇقى، روھىي كېسەللىك دېگەندەك ھالەتلەرنى ۋە مۇنداق كېسەللەرنى بىلمەيدۇ. پسىخولوگلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەيدۇ. ئەمما، ئىماندىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتتىن مەھرۇم ھالدا ھايات كەچۈرىدىغانلارنىڭ ھاياتى مۇقىمسىز، ھۇزۇرسىز بىر ھاياتتۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پسىخىكا بۇزۇقلۇقى، نېرۋا كېسەللىكى ۋە روھىي ئازابلىنىش قاتارلىق راھەتسىزلىكلەر كەم بولمايدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قانائەتمۇ كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ نەپسىنى تۇپراق تويغۇزمىغىچە، ئۇنىڭ كۆزى تويمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «ئىنسان ئىككى ۋادى ئالتۇنغا ئېرىشسىمۇ، يەنە ئۇ ئۈچىنچىسىنى تىلەيدۇ» دېگەن. بۇ نېمىدېگەن توغرا دىياگنوز، ھە! ئىنسان مەيلى قانچىلىك چوڭ باي بولۇپ كەتسۇن، مەيلى پادىشاھ ياكى رەئىس جۇمھۇر بولسۇن، نەپسى قانائەت قىلمىسا، قانداقمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلىسۇن؟! شۈكۈرمۇ ئىنساننى بەختلىك قىلىدىغان بىر ئەمەل. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ»[1] دەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى نېمىدېگەن ھەق! نېمىدېگەن توغرا، ھە! ئەمدى سىز ئىنسان شۈكۈر قىلسا، قانداقلارچە ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. دەيمەنكى، سىز «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ چىن قەلبىڭىزدىن نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ۋاقتىڭىزدا، شۇنداق بىر ئازادىلىكنى، شۇنداق بىر راھەتنى ۋە شۇنداق بىر ھۇزۇرنى ھېس قىلىسىز. ئىشەنمىسىڭىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە چىن قەلبىڭىزدىن «ئەلھەمدۇ ئىللاھ» دەپ بېقىڭ. ئىنسان شۈكۈر قىلىش جەريانىدا بۇ نېمەتنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىكى كۆپلىگەن نېمەتلەرنى ۋە ئارتۇقچىلىقلارنىمۇ ھېس قىلىدۇ. بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئۆزۈڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا ئەمەس، ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قارىغىن» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان! چۈنكى، سىز ئەگەر كەمبەغەل ياكى بىچارە بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدىنمۇ كەمبەغەل، ئۆزىڭىزدىنمۇ بىچارە ئىنسانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارغا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز ۋە سائادەت ھېس قىلىسىز. بەزىدە مېيىپ ئىنسانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ ساق يۈرۈۋاتقىنىڭىزدىن سۆيۈنۈپ: «شۈكرى خۇدايىم!» دەيسىز. بۇ چاغدا، سىز ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر خىل سائادەتنى ھېس قىلىسىز. ئەگەر ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق نېمەتلىرىگە

[1] سۈرە نەمل، 40-ئايەت.

ھەمىشە شۈكۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ياشايدىكەن، چوقۇم بەختلىك ياشايدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئەلۋەتتە (سىلەرگە بېرىۋاتقان نېمەتنى) زىيادە قىلىمەن»[1] دەپ ۋەدە قىلغان.

ئاخىرىدا دەيمەنكى، مۇشۇنداق ئېسىل مەنىۋى بايلىقى بار مۇسۇلمانىنىڭ پسىخىكا بۇزۇلۇقىغا ياكى روھىي كېسەللىككە ئۇچرىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر تۆگە ئۇستىدە تۇرۇپ تۆگە ئىزدەيدۇ، شۇنچىلىك مەنىۋى بايلىقى تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى مەنىۋى يوقسۇللاردىن سانايدۇ، ئۆزىدىكى مەنىۋىياتنى كەشپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، مۇنداق بايلىقتىن مەھرۇم قالغان پسىخولوگلارنىڭ لېكسىيەلىرىدىن شىپا ئىزدەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق؟!



[1] سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل ھادىي» دېگەن ئىسمى ھەققىدە

بەزى ئىشلاردا گاڭگىراپ قېلىۋاتامسىز؟ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قېلىۋاتامسىز؟ ئەقلىڭىز توغرا بىلەن خاتانى ئايرىپ بېرىشكە ئاجىز كېلىۋاتامدۇ؟

ئۇنداقتا، ئاللاھ تائالانىڭ «ئەل ھادىي» (يول كۆرسەتكۈچى) دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ھەرقانداق ئىشتا توغرا تاللاشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنى تىلەڭ. چۈنكى، ئىنسان ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج.

ئاللاھ تائالا «الهادي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بەندىلىرىگە ئىماننىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ يوللىرىنى تونۇتىدۇ، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا ئۇچارقانات، ھايۋان ۋە بارلىق جانلىقلارغا ياشاش قانۇنىيىتىنى، ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. دېمەك، ھەربىر مەخلۇق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج. ﴿وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾ «يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر»[1].

دۇنيادا توغرا يول تېپىشتىن كاتتا نېمەت يوق. چۈنكى، ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا توغرا يولدا ۋە توغرا يۆنىلىشتە بولغاندىلا، ھەممە ئىشى غەلىبىلىك بولىدۇ. ياخشى مەكتەپتە ئوقۇش، ياخشى جورا تاللاش، ھالال تىرىكچىلىك قىلىش، ياخشى جايدىن ئۆي ئېلىش، بالىلارنى توغرا يوسۇندا ياخشى تەربىيەلەش، ھاياتنى ئىككى ئالەملىك پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ۋاقىتنى ساۋابلىق ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلار بىلەن تولدۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرسى توغرا تاللانمىغاندا، ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «اَللَّهُمَّ

[1] سۈرە فۇرقان، 32-ئايەت.

اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي» «ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

«ھىدايەت» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: يۆنىلىش، توغرا يول تۇتۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا، خاتالىقتىن دۇرۇسلۇققا، زىيانلىق ئىشتىن پايدىلىق ئىشقا يۈزلەنگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن «هداية دلالة وهداية معونة» يەنى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىنىدۇر. ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى، ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق يولغا ئەگەشسە، يەنە بەزىسى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر ‹مۇئمىنلەر› دەپ ئاتالدى، بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار ‹كاپىرلار› دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن ‹مۇئمىن› ، ‹كاپىر› دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹سەمۇد (قەۋمى)گە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى› [2].

ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: مۇئمىنلەرگىلا خاس بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىننى قوبۇل قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋادارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 17-ئايەت.

ئۇلارنى تەقۋالىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، [1]»[2].

ھىدايەت ماھىيەت جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «ھداية توفيق» يەنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى، «ھداية إرشاد» يەنى توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەتتۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگىنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ» [3].

ئەمما، توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىنمۇ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[4].

ھىدايەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىدۇر. ﴿وَإِنَّ اللهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر»[5]. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشلارغا؛ ئاخىرەتتە بولسا، جەننەتكە باشلايدۇ. ﴿وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللهِ يَهْدِ قَلْبَهُ﴾ «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ»[6]. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى (جەننەتنىڭ يولىغا)



[1] سۈرە مۇھەممەد، 17 ـ ئايەت.

[2] «تفسير شعراوي»، فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

[3] سۈرە قەسەس، 56 ـ ئايەت.

[4] سۈرە شۇرا، 52 ـ ئايەت.

[5] سۈرە ھەج، 54 ـ ئايەت.

[6] سۈرە تەغابۇن، 11 ـ ئايەت.

يېتەكلەيدۇ. نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئۇلارنىڭ (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئېھتىياجىغا ئەڭ مۇناسىپ ۋە پايدىلىق يوللارغا يېتەكلەيدۇ. ﴿رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى﴾ «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر»[2].

ئاللاھ تائالا ئەمانى تۈز يولغا، گاسلارنى مەقسەتنى چۈشىنىشكە، ئاجىزنى مۇرادىغا، كىچىك بالىنى ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا، چۆلدە ئېزىپ كەتكەنلەرنى قۇتۇلۇش يولىغا، ئىزدەنگۈچىلەرنى نەتىجىگە، ئۆلىمالارنى ئىلىم-ھېكمەتكە، مۇجتەھىدلارنى مەسىلىنىڭ دەلىلىگە، دەۋەتچىلەرنى گۈزەل ئۇسلۇبقا، ئاتا-ئانىنى پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسىي مۇنداق دەيدۇ: «سەلمۇن بېلىقى ئاتلانتىك ئوكياندىن يولغا چىقىپ، ئامېرىكىدىكى دېڭىزلارنىڭ بىرىدە توختايدۇ ۋە ئۇ جايدا تۇخۇملاپ بولۇپ، يەنە ئاتلانتىك ئوكيانغا قايتىپ كېتىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇ تۇخۇملاردىن چىققان بېلىقچانلار يۈزلەرچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانىلىرىنى يولدىن ئادىشىپ قالماستىن تېپىپ بارىدۇ. بۇ بېلىقچانلارنى ئانىلىرى بار جايغا كىم باشلاپ قويىدۇ؟ ئۇلارغا يولنى كىم كۆرسىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالا كۆرسىتىدۇ.

كۆزەتكۈچىلەردىن بىرى بىر تاشپاقىنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، تاشپاقا بىر ئۆلۈك چاياننى يەيدۇ، ئاندىن بىرىپ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، ئاندىن كېلىپ ھېلىقى چاياندىن ئازراق يەپ بولۇپ، يەنە ئاشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، يەنە كېلىپ چاياننى يېيىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان كىشى ھېلىقى ئۆسۈملۈكنى قومۇرۇپ تاشلىۋېتىدۇ، تاشپاقا ئۆسۈملۈك بار يەرگە كېلىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ ۋە تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ. بۇ تاشپاقىغا زەھەر قايتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكنى كىم بىلدۈردى، ئۇنى يېيىشنى كىم ئىلھام قىلدى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا

[1] سۈرە يۇنۇس، 9-ئايەت.

[2] سۈرە تاھا، 50-ئايەت.

ئۆزىنىڭ «ئەل ھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بىلدۈردى»[1].

مەن بالىلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى مومامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن ئىدىم. مومامنىڭ ناھايىتى يېقىملىق بىر مۈشۈكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك ئاسلانلىدى، ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇ ئاسلانلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى، ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتى، ئۇلار تۇرماستىن پۇراپ ۋە ئىزدەپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تاپتى ۋە ئېمىشكە باشلىدى. مەن ئۇ چاغدا، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەيتتىم. شۇڭا، ئاسلانلارنىڭ بۇ ئىشى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، نورمال ئەھۋالدەك بىلىنگەن ئىدى. ئەمدى، ئويلىسام بۇ تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال ئىكەن. ئاشۇ ئاسلانلارغا ئىزاسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئېمىشنى كىم ئۆگەتتى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆگەتتى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەل ھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن ئۇلارغا رىزقىنى تېپىش ۋە قوغدىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھىدايىتىنى ھەر خىل يول ۋە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يەتكۈزىدۇ. بەزىدە بىرەر ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، بىرەر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش، بىراۋنىڭ تەسىرلىك نەسىھىتى، كۈتۈلمىگەن بىرەر ئۆزگىرىش ئىنساننىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇ خۇپىيانە ئىمان ئېيتقان سىڭلىسىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۆيىگە كىرىپ، تاھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىن بىر قانچە ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىمان ئېيتقان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا شۇ ئايەتلەرنى سەۋەب قىلغان.

ئاللاھ تائالا بەزىدە تەپەككۇر قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھىدايەت قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېچە، ئاي، كۈن قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن، تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھىدايىتى ئاشقان، ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

﴿فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَا أُحِبُّ الْآفِلِينَ. فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِنْ لَمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ. فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَا أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ. إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ

[1] «رحلة الى السماء السابعة»، 147 ـ بەت.

﴾ «ئىبراھىم كىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، ‹مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن› دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، ‹ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن› دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭ ئىكەن› دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: ‹ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. شەكسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن› »[1].

ئاللاھ تائالا بەزىدە دۇئا ۋە ئىلتىجانىڭ يۈزىسىدىن توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەللامە ئىبنى تەيمىيە بىر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، نۇرغۇن تەپسىرلەرنى كۆرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئەڭ توغرىسىنى تاللاشتا كۆپ قىينىلىدۇ، كۆپ ئىزدىنىش سەۋەبلىك بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەجدىگە بېرىپ كۆپ يىغلايدۇ ۋە: «ئى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا چۈشەنمىگەنلىرىنى چۈشەندۈرگەن ئاللاھ!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن مەزكۇر ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسىنى تېپىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا، ئەڭ ئاددىي سەۋەبلەر بىلەنمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ھاراقكەش تاشلىۋېتىلگەنلىكتىن خارابىگە ئايلىنىپ قالغان تۆمۈر يولنىڭ ئەگرى-بۈگرى يوللىرىدا ئاران-ئاران قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى يەردە ياتقان بىر كونا قەغەزگە چۈشتى. قەغەزنى قولىغا ئېلىپ تەسلىكتە ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ دەرھال ھوشىغا كەلدى ۋە كاللىسىنى چايقىۋېتىپ: ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى يەردە ياتسا بولامدۇ؟› دېدى، ئۇنى ئېلىپ قوينىغا سالدى ۋە ئۆيىگە كەتتى. ئۆيىگە بېرىپ ھېلىقى قەغەزنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ پاكىزلىدى، ئاندىن ئۇنى قايتا-قايتا سۆيدى. شۇنىڭ بىلەن قەغەزنى تۇتۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز بولسا «سەن مېنىڭ ئىسمىمنى يەردىن كۆتۈردۈڭ، مەنمۇ سېنىڭ

[1] سۈرە ئەنئام، 76-79-ئايەتلەر.

ئىسمىڭنى ئەرشتىكى ئەرشىئەلاغا كۆتۈردۇم ۋە سالىھلار قاتارىغا كىرگۈزدۇم» دېگەنلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ھىدايەتكە ئېرىشكەن، قەلبى ئىمان بىلەن تولدى. ھاياتى غايىسىز، مەنىسىز ھاياتتىن ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتالغان مەنىلىك ھاياتقا؛ ئۆزى بولسا ئىسمى تارىختا قەيت قىلىنغان مەشھۇر سالىھ زاتلاردىن بىرىگە ئايلاندى»[1].

ئاللاھ تائالا خالىسا، سەۋەبسىزمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىراۋ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىدۇ، گۇناھ بىلەن ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز مۇساپە قالغاندا، توساتتىن گۇناھتىن يانىدۇ، يامان نىيىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ۋە بۇ ۋاز كېچىشنىڭ ئارقىسىدا ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە خەتەرنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندا، ئامانلىق تەرەپكە يېتەكلەش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، كېچە سىز ماشىنا بىلەن ناھايىتى تېز كېتىپ بارغاندا، بىرى قۇلىقىڭىزغا: «توختا!» دېگەندەكلا سەۋەبسىز توختايسىز ياكى بىردىنلا ئاستىلايسىز. ئالدىڭىزدا خەتەر بارلىقىنى كېيىن بىلىسىز ياكى مەڭگۈ بىلمەي قالىسىز. ئەمما، ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا سىزنى چوڭ بىر قازادىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. يولدا پىيادە يۈرۈپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن قەدىمىڭىزنى ئاستىلىتىسىز. كۆپ ئۆتمەيلا، ئالدىڭىزدا تېيىلغاق يەر بارلىقىنى بىلىسىز ياكى پەقەتلا بىلمەي قالىسىز. ئەمما، ئاللاھ تائالا سىزنى تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. خۇددى كۆڭلىڭىز بىر نەرسىنى تۇيغاندەكلا بوۋاقنىڭ ياتىقىغا كىرىسىز، قارىسىڭىز بوۋاق كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىشكە ئاز قالغان بولۇپ، ناۋادا سىز كۆرمىگەن بولسىڭىز قاتتىق يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. سىز يۈگۈرۈپ بېرىپ بوۋاقنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا، چىن يۈرىكىڭىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «شۈكرى رەببىم! كۆرمىگەن بولسام، بالام چۈشۈپ كېتەركەن» دەيسىز. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋاللار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەر زامان زىيانلىق ئىشلاردىن پايدىلىق ئىشلارغا، خەتەرلىك جايلاردىن ئامانلىققا، قورقۇنچلاردىن خاتىرجەملىككە يېتەكلەپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى بىلمەيمىز، بەزىلىرىنى ئاڭقىرالسامۇ، نۇرغۇنلىرىنى ھېس قىلمايمىز ۋە ئويلاپمۇ قويمايمىز.

تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كوندىلىك ئۆيىدىن چىقىش ۋە قايتىش يولىدا ئاللاھ تائالا بىزنى نۇرغۇنلىغان خەتەرلەردىن، زىيان-زەخمەتلەردىن ۋە بالا-قازالاردىن

[1] «رحلة الى السماء السابعة» 149-بەت.

ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىزنى نۇرغۇن قېتىم يېگەن - ئىچكەنلىرىمىزدىن زەھەرلىنىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئانا قارنىدىكى بوۋاقنى كەمتۈك تۇغۇلۇشتىن ساقلايدۇ. بىز بۇلارنىڭ مىڭدىن بىرىنى بىلمىمىز ياكى ھېچ بىلمەيمىز، ھېس قىلمايمىز، ھەتتا بۇ ھەقتە تەپەككۇر مۇ قىلمايمىز، گويا شۇنداق بولۇشىنى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدەكلا ئويلاپ قالىمىز. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە رەھىم - شەپقىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردۇر.

# ھەمكارلىق غەلىبىنىڭ كاپالىتىدۇر

## ھەمكارلىق دېگەن نېمە؟

ھەمكارلىق — ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەركەت قىلىشى بولۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەمكارلىقنىڭ باشقا ياردەم تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ھەمكارلىق بىرەر شەخسكە ئەمەس، بەلكى ئومۇمغا قارىتىلغان، بىرەر شەخسىي مەنپەئەت كۆتۈلمەيدىغان ياردەم تۈرىدۇر. ھەمكارلىق ئاددىيسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەشتە بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىشىدىن باشلاپ، چوڭى دۆلەت قۇرۇشقىچە بولغان ھەممە ئىشتا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە، قوشنىلار ئارىسىدا، خىزمەتداشلار ئارىسىدا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھەدە ھەمكارلىشىشقا موھتاج.

## ئۆزئارا ھەمكارلىششنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە بىر-بىرىگە ياردەملىشىش ئىنسانىي ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ياشاشقا موھتاج. چۈنكى، ئىنسان ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىش بىلەنلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنسانغا باشقىسىدا بولمىغان ئالاھىدىلىك ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار بىر ئارىغا كېلىپ كۈچىنى ۋە ئەقلىنى بىرلەشتۈرگەندە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ.

خەلقىمىزدىمۇ ھەمكارلىششىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنى كۈچ بىرلىكى بىلەن قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدىغان ماقال تەمسىللەر كەڭ تارقالغان.

## دىنىمىز ھەمكارلىققا قانداق قارايدۇ؟

دىنىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىششىنى پەرز قىلىپ

بەلگىلىگەن. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ھەمكارلىقنىڭ ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ بىر نەچچە خىل تەسۋىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىششقا بۇيرۇپ ۋە ھەمكارلىششنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بايان قىلىپ ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ يەنى «ياخشى ئىشقا، تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئايەتتىكى «ياخشى ئىش» ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ئادالەتنى ۋە ھەققانىيلىقنى قوللايدىغان ھەرقانداق ئىجابىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. «تەقۋالىق» ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆزدۇر. ئايەتتىكى «تەقۋالىققا ياردەملىشىش»تىن مەقسەت باشقىلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ياردەملىشىش، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق ۋە ئورتاق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆزئارا ھەمكارلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. «گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» دېگەنلىك زالىملارغا يانتاياق بولماڭلار، گۇناھكارلارغا يان بېسىپ ھەقىقەتنى يوشۇرماڭلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئاۋازى بولۇڭلار، ناھەقچىلىككە ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرماڭلار دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىمىز ۋە ئەڭ ئاساسلىق قانۇن كىتابىمىز.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە كەلگەن ئەمر ـ پەرمانلار ئادەتتە پەرزلىكنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتىكى ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋالىققا ھەمكارلىشىش، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەسلىك ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە كەلگەن ئەمر ـ پەرمانلارغا ئەمەل قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەۋالغىنى بىكار.

## بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار قانداق ھەمكارلاشقان؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر زامانىدا، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە بىرلىكتە ئىش قىلىش روھى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلغان، ھەمكارلىشىپ كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

[1] سۈرە مائىدە، 2 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ساھابىلەردىن كېيىنكى زامانلاردىكى ھەمكارلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە يول ئاچقان. ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىنتايىن ناچار جاھالەتتە ياشايتتى، باشقا مىللەتلەر ئۇلارنى مىللەت قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يوقسۇللۇقتا، سىياسىي جەھەتتە قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ھالىتىدە، ئىجتىمائىي جەھەتتە ئىناقسىزلىق ھالىتىدە ياشايتتى. ئۇلاردا بىرلىك ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار ئىسلامنىڭ شاراپىتى بىلەن ھەمكارلىقنى ۋە ياردەملىشىشنى ئۆگەندى. يىللاردىن بېرى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىپ كېلىۋاتقان خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئەۋس قەبىلىسى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئۆزئارا ئىسلامىي قېرىنداش بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۈچ بىلەن ياكى تەھدىت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئەمەس، پەقەت ئىسلام روھى ئارقىلىق بىرلەشتۈرگەن. ئىسلامنىڭ پارلاق دەۋرلىرىدە ياشىغان ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ھەمكارلىقنى ئەمەلىي تۇردە ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتىن، ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرىدىغانلار، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىغا كۆز تىكىدىغانلار باش كۆتۈرەلمەيتتى، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىكى بىرلىك ۋە ھەمكارلىق كۈچىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئۇلارغا يامانلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى بۆلۈنۈشلەر ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ يوقىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارغا يەم بولۇپ كېتىشىگە يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسى پارچىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەربىر پارچىسى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى. نەتىجىدە، بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر بېشىمىزغا كەلدى.

## ھەمكارلىقنى تەرك ئېتىشنىڭ زىيىنى

ئاللاھ تائالا بىزگە ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ إِلَّا تَفْعَلُوهُ تَكُنْ فِتْنَةٌ فِي الْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ يەنى «كاپىرلارمۇ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى (ئۆزئارا ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ»[1] دېيىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمىشە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ساختىلىقنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، ئۆزئارا ھەمكارلاشمىسا، بىر-بىرىگە ئىگە بولمىسا، بىر-بىرىنى قۇتقۇزمىسا يەر يۈزىدە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ زېمىنىغا ۋە بايلىقىغا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ ئىگە بولۇۋالىدىغان بۇزغۇنچىلىق ۋە مۇستەملىكىدىن ئىبارەت چوڭ يولسىزلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

[1] سۈرە ئەنفال، 73-ئايەت.

مەشھۇر مۇپەسسىرلەردىن ئەللامە بەغەۋى ﴿فِتْنَةٌ فِي الْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ دېگەن ئايەتنى «يەر يۈزىدە كۇفرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى ۋە ئىسلامنىڭ ئاجىزلىششى» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنىڭ سەۋەبى كۇفرى كۈچلىنىپ كاپىرلارنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى، ئىسلام ئاجىزلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىشتە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئەھۋال قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك بولغان.

## بىز قانداق ھەمكارلىششىمىز كېرەك؟

ھازىر بىز ئۆزئارا ھەمكارلىششقا ۋە كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈشكە باشقا ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاجمىز. چۈنكى، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنى ھەممە ئوبدان بىلىدۇ. ھازىر بىر-بىرىمىز بىلەن تىللىشىدىغان، تەشكىلاتلار بىر-بىرىنى سۆكىدىغان زامان ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان ، كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرىدىغان، دۈشمىنىمىزگە بىللە قارشى تۇرىدىغان زاماندۇر. بۇ ۋاقىت ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھالقىلىق ۋاقىتتۇر. شۇڭا، بىز تۈركلەرنىڭ «ماۋزۇ ۋەتەن ئىكەن، باشقىسى ئادەتتىكى ئىشلاردۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشىمىز؛ شەخسىي مۇددىئالارنى قايرىپ قويۇپ، ھىممىتىمىزنى ۋەتەنگە قارىتىشىمىز؛ ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىششىمىز؛ ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىمىزدىن، نەپسىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، كۆزگە ئىلماسلىق قاتارلىق يامان خاھىشلىرىدىن كېچىشىمىز زۆرۈر. چۈنكى، بىز ھازىرقى پەيتتە شۇنداق قىلىشقا ئىنتايىن بەك موھتاجمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، خەزرەج ۋە ئەۋس دېگەن ئىككى قەبىلە يىللاردىن بېرى بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكەتتى، ئادەملىرىنى ئەسىرگە ئالاتتى، شېئىر سورۇنلىرىدا بىر-بىرىنى سۆكۈپ شېئىر ئوقۇيتتى، ئۇرۇشتىن توختاپ قالمايتتى. ئىسلام نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك قېرىنداشلىققا، ئۆچمەنلىك مۇھەببەتكە ئايلاندى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنْتُمْ أَعْدَاءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنْتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ

تَهْتَدُونَ﴾ يەنى «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ نېمىتى بىلەن سىلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە (كۇفرى ئىچىدە) ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ»[1]. بۇنىڭدىن باشقا ئۆرنەكلەر كۆپ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى دەيدىكەنمىز، چوقۇم نەپسىمىزنى يېڭىشىمىز لازىم، شەخسىي مەنپەئەتىمىزدىن، بىراۋلارغا بولغان شەخسىي ئۆچمەنلىكىمىزدىن يېنىشىمىز لازىم. ئورتاق دۈشمىنىمىزگە قارشى ئاۋۋال دىلىمىزنى، ئاندىن ئىش-ھەرىكىتىمىزنى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، غەلىبە قىلالايمىز. چۈنكى، ساھابىلەرمۇ نەپسى خاھىشىنى يەڭگەن، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىراۋلاغا بولغان ئاچچىقىنى ۋە غەزىپىنى يېڭىپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان، ئەقلىنى نەپسىگە ئەمەس، بەلكى ئىمانىغا بويسۇندۇرغان. نەتىجىدە، غەلىبە قىلغان. ئەگەر بىز ۋەتەنپەرلىك دەۋايىمىزدا راستچىل بولىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى، شەخسىي مۇددىئايىمىزنى ۋە نەپسى خاھىشىمىزنى بۇ دەۋاغا بويسۇندۇرىمىز.

## باشقا دىندىكىلەر بىلەن قانداق ھەمكارلىشىش كېرەك؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر بىلەن ھەمكارلىشىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلىشىپ ئىككى پىرقىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر پىرقە ئەھۋال قانداق بولسا بولسۇن، باشقا دىندىكىلەر بىلەن ھېچقانداق بىر ئىشتا ھەمكارلىششقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ دوستىدۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى پىرقە باشقا دىندىكىلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىشنى جائىز دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 103-ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 51-ئايەت.

1. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىدە زۇلۇمغا قارشى بىر ئىتتىپاققا قېتىلغان ۋە ئۇنى بەك ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ ئەگەر شۇنداق بىر ئىتتىپاققا چاقىرىلسام چوقۇم بارغان بولاتتىم»[1] دېگەن. چۈنكى، ئىسلامدىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئەرەبلەردە بىرەر هاكىمىيەت تۈزۈمى ياكى قانۇن-پىرىنسىپ دېگەن نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى. بىر كۈنى مەككە پۇقرالىرىدىن بىرسى ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر تىجارەتچىنىڭ مېلىنى ئېلىپ پۇلىنى بەرمەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىگە توپلىنىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا قەسەم قىلىشىدۇ، بۇ سورۇنغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامۇ چاقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هېلىقى تىجارەتچىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان كۈنى مۇشرىكلارغا قارشى خۇزائە قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان. هالبۇكى، خۇزائە قەبىلىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى[2].

3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنلا ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا 52 ماددىلىق كېلىشىم تۈزگەن[3].

باشقا دىندىكىلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتە ھەمكارلاشسا بولىدۇ، دەيدىغان ئالىملار بۇنى جائىز ئەمەس دېگۈچىلەر دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن يۇقىرىقى ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت كاپىرلارنى دوست تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرلىرىنى دوست تۇتۇش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا رازىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. زادى كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلارغا يۈرەكتىن باغلىنىش قەتئىي جائىز ئەمەس. بۇ مەسىلىدە بارلىق ئىسلام ئەھلى ئىتتىپاق. ئەمما، بۇ يەردىكى مەسىلە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقا دىندىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مەسىلىسىدۇر. بۇ ئايەت مۇنداق قىلىشنى چەكلىمەيدۇ».

ھازىرقى زاماندىكى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، باشقا دىندىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىق ئەھۋالىغا باغلىق ئىش بولۇپ، ئەگەر

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 1676-ھەدىس.

[2] سىرەتى ئىبنى هىشام، 2-توم، 317-بەت.

[3] ئەلبىدايە ۋەننىهايە، 3-توم، 225-بەت.

مۇسۇلمانلار ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىشلىرىدا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچ-قۇدرەتلىك بولسا، باشقا دىندىكىلەر بىلەن ھەمكارلىششى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەمكارلىششقا ھاجەت يوق. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاجىز بولۇپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا ۋە ئىسلام دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولسا، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشسا بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن ئاشقان زۇلۇمنى پاش قىلىش ۋە خەلقىمىزنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىدا خەلقئارادىكى ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرقانداق شەخسلەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش، ھەتتا تەلەپ قىلىش ۋە بۇ يولدا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. بىز ھەمكارلىشىدىغان ۋە ياردىمىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ قانداق دىندا بولۇشى بىزگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولىدىغان ھەمكارلىقىمىز دىنىي مەسىلىدە ئەمەس، بەلكى سىياسىي دەۋادا بولىدۇ.

«كاپىرلارنىڭ ياردىمىگە ھاجىتىمىز يوق» ، «سىياسىي دەۋايىمىزدا كاپىرلار بىلەن ھەمكارلاشمايمىز» دەيدىغان قېرىنداشلىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئوبدان ئوقۇسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە مۇشرىكلارنىڭ خۇزائە قەبىلىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ۋە مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشكەنلىكىنى ئەسلىسۇن، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن مەككىگە قايتماقچى بولغاندا، مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇتئىم ئىبنى ئەدىي دېگەن مۇشرىكتىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەككىگە كىرگەنلىك قىسسىسىنى ئەسلىسۇن.

بىرەر مۇسۇلمان قەۋمگە قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش دىنىمىزدا چەكلەنگەن ھارام ئىشتۇر. ئەمما، كاپىر ۋە زالىم قەۋمگە قارشى يەنە باشقا بىر كاپىر قەۋم بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىشنى دىنىمىز توسمايدۇ.

# ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي راك — غەيۋەت ۋە مەسخىرە

ئىنسان ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان تەبىئەت بىلەن يارىتىلغان مەخلۇقات بولغاچقا، گۈزەل ئەخلاققا ئىنتىلىدۇ، ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بىرلىك-ئىتتىپاقلىققا توسالغۇ بولىدىغان نەرسە دەل ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردۇر.

كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ناچار ئەخلاقنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ خەتەرلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككىسى دوستنى دۈشمەنگە، يېقىننى ياتقا ئايلاندۇرىۋېتىدىغان، ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشىغا، بالىلارنىڭ يېتىم بولۇشىغا، تۇغقانلارنىڭ غەمكىن بولۇشىغا، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىجتىمائىي راكتۇر.

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُوْنُوْا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن»[1].

كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ئىمانسىزلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كافىرلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِيْنَ أَجْرَمُوْا كَانُواْ مِنَ الَّذِيْنَ آمَنُوْا يَضْحَكُوْنَ. وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمْ يَتَغَامَزُوْنَ﴾ يەنى «كافىرلار ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى»[2].

**﴿وَلَا يَغْتَبْ بَّعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيْهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوْهُ وَاتَّقُوْا اللّٰهَ﴾ يەنى «بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى**



[1] سۈرە ھۇجۇرات، 11-ئايەت.

[2] سۈرە مۇتەففىفىين، 29 - ، 30-ئايەتلەر.

ئەلۋەتتە يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت — دېگەن بىراۋ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەگەر ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، غەيۋەتنى قىلغان بولىسەن، يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[2] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي-شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە بەدەن قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئېيتىلغان ھەرقانداق يامان سۆز غەيۋەت قاتارىغا كىرىدۇ.

بىر ئادەمگە يەنە بىر ئادەم توغرۇلۇق يامان گەپلەرنى قىلسا بىر غەيۋەتنىڭ گۇناھى يېزىلسا، نۇرغۇن ئادەم ئاڭلايدىغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كېتىدىغان مېدىيالاردا، توپلاردا بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ھەسسە-ھەسسىلەپ، قات-قاتلاپ گۇناھ يېزىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشتۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى يوشۇرۇن قىلغاندىن ئاشكارا قىلغانىنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كل أمتي معافى إلا المجاهرين» يەنى «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ، پەقەتلا ئاشكارا گۇناھ قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن. ئۆلىمالار «ئاشكارا گۇناھقا ئىككى ھەسسە گۇناھ يېزىلىدۇ، بىرى گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى ئۇنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن» دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال-مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 12-ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر[1] دېگەن.

ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېسابى بار. بەزىدە بىر ئېغىز سۆز جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولسا، يەنە بىر ئېغىز سۆز دوزاخ ئەھلى بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ھېچ ۋەقەسى يوق دەپ ئويلاپ بىرەر سۆزنى قىلىپ تاشلايدۇ، ئەمما بۇ سۆز ئۇنىڭ يەتمىش يىل دوزاختا قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ قويغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئەبۇ زەرنى «سەن جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن»[2] دەپ ئەيىبلىگەن. ئەبۇ زەر بۇ خاتالىقىدىن ئۆزرە تىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىلالنىڭ تاپىنى ئاستىغا قويماقچى بولغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يولدا كېتىپ بارغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «قارىسىلا ماۋۇ ئادەم ئەجەب پاكاركىنا» دەپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «سىز ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، دەرھال تەۋبە قىلىڭ» دېگەن. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئىدى، شۇنداق ئېھتىيات قىلاتتى، ئاللاھ تائالادىن شۇنداق قورقاتتى. ئەمدى بىزگە نېمە بولدى؟



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# جەمئىيەت ۋە تەشكىلات مەسئۇللىرىنى قارىلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانىي دەۋاسىنى قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ دەردىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىۋاتقان ۋە بۇ يولغا ئۆزىنى ئاتاپ خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش دېگەندەك قىلمىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن ۋە ۋىجدانىغا يۈز كېلىشتىن قورقمايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىجتىمائىي ئىللەت بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار ئۇچۇن پايدىلىق خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ۋە دەۋا يولىدا ئاكتىپ بولۇۋاتقان قېرىنداشلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن چوڭ پىلانغا ماسلاشقانلىقتۇر. يەنە بەزىلەر ھەسەت قىلىپ ياكى ئىنچۇنىڭ غا ئالدىنىپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، باشقا مىللەتلەردە بۇ ئىللەت ئاز ئىكەن. ئۇلار ئۆز مىللىتىدىن چىققان، ئۆلىمالىرىنى، زىيالىيلىرىنى قوللايدىكەن، ھۆرمەتلەيدىكەن، يولباشچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىزچىل ماڭىدىكەن، ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىكەن ۋە قوغدايدىكەن. ئەپسۇسكى، بىزدە قوللايدىغانلاردىن تىللايدىغانلار كۆپ چىقىدىكەن. بىزدە كىشىلەرنى تىرىك ۋاقتىدا تىللاپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلۇغلاش ئادىتى كۈچلۈك ئىكەن.

مەيلى جەمئىيەت ياكى تەشكىلات تەركىبىدە بولسۇن، مەيلى مۇستەقىل بولسۇن، دەۋا سېپىدىن ئورۇن ئالغان ۋە ئىش بېشىدا تۇرغان قېرىنداشلىرىمىز خەلقىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بىز قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ۋە كۆپلىگەن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ راھىتى بىلەن بولۇۋاتقان لەھزىلەردە، ئۇلار خىزمەت ئۈستىدە بولىدۇ.

بىز تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقان پەيتلەردە، ئۇلار دەۋانى يەنىمۇ بىر بالداق كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بىز راھەت ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە، ئۇلارنى بېشىغا كۈن كەلگەنلەر تېلېفون قىلىپ ئويغىتىدۇ.

بىز ئائىلىمىزنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ

غېمىدە باش قاتۇرىدۇ.

بىز باللىرىمىزنى ئېلىپ باغچىلاردا كۆڭۈل ئېچىۋاتقان كۈنلەردە، ئۇلار ئىشخانىسىدىن ئايرىلماي ئىشلەيدۇ.

بىز بىرەر سىنىنىڭ يولسىزلىقى ياكى ئەزىيىتى سەۋەبلىك غەزەپلىنىپ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي قالغان پەيتلەردە، ئۇلار بەزى ئىنساپسىز ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قار، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان تىل-ئاھانەت، ھاقارەت ۋە تۆھمەتلەرگە سەۋر قىلىپ، لام-جىم دېمەي، ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بىز قىلغان ئىشىمىزغا لايىق مائاش ياكى ئىش ھەققى ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزسەك، ئۇلار ئىنتايىن ئاز ۋە بەزىدە بار، بەزىدە يوق مائاشقا كۈپايە قىلىپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئائىلىسىنى ئىدارە قىلىدۇ.

دېمەك، كۆپىنچە بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئائىلىمىزنىڭ غېمى بىلەنلا بولۇپ قالىمىز، ئەمما ئۇلار ھەمىشە مىللىتىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ.

ئەي مىللەت! ئىنساپ قىلايلى، ۋىجدانىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ باقايلى. بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ھەققىدە دۇئا قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى تىللىساق، ھاقارەتلىسەك ۋە ئۇلارغا تۆھمەت قىلساق، رەببىمىز بىزنى كەچۈرەمدۇ؟ ۋىجدانىمىز بىزنى كەچۈرەمدۇ؟ خەلقىمىز بىزنى كەچۈرەمدۇ؟

ئادەتتە بىرەر كىشىنىڭ قىلىپ قويغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن قەرز بولغان يەردە، بىزنىڭ دەۋايىمىزنى قىلىۋاتقان، بىز قىلالمىغان ئىشلارنى روياپقا چىقىرىۋاتقان، بىزنىڭ ۋە ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ ئاۋازى بولۇۋاتقان ئاشۇ ئەزىمەتلەرگە رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ دۇئا قىلىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇرچى ئەمەسمۇ؟

ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان ، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان خاراكتېردىكى تۇزكور ئىنسانلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمايدىغانلار ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايدۇ»[1] دېگەن سۆزى نېمىدېگەن ھېكمەتلىك سۆز-ھە! ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، تەبىئەتىدە مىننەتدارلىق خىسلىتى بولمىغان، ئەخلاقى ناچار، ئىمانى ئاجىز كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىگەنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرىگىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# ئۈممەتچىلىك، مىللەتچىلىك ۋە ھەمكارلىق

كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئۈممەتچىلىك بىلەن مىللەتچىلىك ئۇقۇملىرىنى تار مەنىدە چۈشىنىۋالغانلىقتىن، بۇ ئىككى مەسىلىنى بىر-بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش، ئىككىسىنى مۇناسىپ دەرىجىدە ئېلىپ بارالماسلىق كىرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە.

ئۈممەتچىلىك دېگىنىمىز — ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ، ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى مۇكەممەل ئورۇنداپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىمىزنى ئەمەلىي رەۋىشتە روياپقا چىقىرىشتۇر. مىللەتچىلىك دېگىنىمىز — ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان قەۋمگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىزنى تولۇق ئۆتەش ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.



## ئىسلام ئۈممىتى

ئىسلام ئۈممىتى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ھايات ساھەلىرىدە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىر ئۈممەتتۇر. ﴿وَمِمَّنْ خَلَقْنَا أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِالْحَقِّ وَبِهِ يَعْدِلُونَ بىز ياراتقان﴾ يەنى «ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار»[1].

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ گەۋدىسى ئەقىدە بىرلىكى، دەۋەت بىرلىكى ۋە شەرىئەت بىرلىكى بىلەن پۈتۈنلىنىدۇ. دېمەك، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغان ۋە ئىسلام دەۋىتىگە ھەسسە قوشقان ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر.

ئىسلام ئۈممىتى چوڭ بىر ئائىلە بولۇپ، ئۇ كىچىك ئائىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. كىچىك ئائىلىلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، كۈچلىنىشى ۋە روناق تېپىشى چوڭ ئائىلە بولغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا، كۈچلىنىشىگە ۋە روناق

[1] سۈرە ئەئراف، 181-ئايەت.

تېپىشىغا تۇرتكە بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ئۇممىتى نۇرغۇنلىغان مىللەت ۋە ئىرقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر ئارغامچىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن، ئاشۇ ئارغامچىنى تەشكىل قىلغان يىپلارنىڭ چىداملىق ۋە كۈچلۈك بولۇشى شەرت بولغاندەك، بۇ ئۇممەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان مىللەت ۋە ئىرقلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان ھەربىر مىللەت ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشى، ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە ئۆزىنى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشقا سالاھىيەتلىك قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەربىر مىللەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشى، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى مۇھىم.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەھلى ۋە ئۆز مىللىتىنى باشقىلاردىن بەكرەك سۆيۈشىنى، ياردەمنى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇلارغا قىلىشىنى ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال شۇلارنىڭ غېمىنى يېيىشىنى توسمايدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ۋە مەنپەئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بىر دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆز مىللىتىگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سالغان زاتمۇ ئاللاھ تائالادۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش تامامەن يوللۇق، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا زۆرۈر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ يەنى «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن»[1]، ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾ يەنى «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» [2] دېگەن ئەمرلىرىدە ياخشىلىقنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز يېقىنلىرىدىن باشلاشقا بۇيرۇغان. بىر ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئۇنىڭ ئۆز ئەھلى ۋە ئۆز مىللىتىدۇر. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن ياراتقاندىن كېيىن، ئۆز ھېكمىتى بىلەن ھەرخىل قەبىلە، ھەرخىل مىللەت قىلىپ يەر شارىغا تارقاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا﴾ يەنى «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا

[1] سۈرە تاھا، 132-ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا، 214-ئايەت.

تونۇشۇشـۇڭلار ئۈچـۈن سـىلەرنى نۇرغـۇن مىللـەت ۋە قەبىلــە قىلــدۇق»[1].
ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئۆز قەۋمىنى ـ ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان ھېس ـ تۇيغۇنى سالدى. شۇ سەۋەبتىن، ھەر مىللەت ۋە ھەر قەۋم ئۆز مىللىتىنى سۆيىدۇ ۋە باشقىلاردىن كۆرە ئۆز قەۋمىنى ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلىدۇ. مىللىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشىگە، كەمسىتىلىشىگە ۋە بوزەك قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ پۈتكۈل ئىنسانلاردا مەۋجۇت بولغان ئورتاق تۇيغۇ بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپقا چىققاندا مۇشرىكلاردىن شۇنداق چىدىغۇسىز ئەزىيەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا دەردىنى ئېيتىپ دۇئا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتكەن. پەرىشتە كېلىپ ئىككى تاغنى مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە تاشلايمۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياق، چۈنكى مېنىڭ قەۋمىم بىلمەيدۇ» دېگەن. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە ساھابە كىراملاردىن تۇفەيل ئەددەۋسىي دېگەن كىشى مۇسۇلمان بولغاندا قەۋمى ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇپ قېيىنغان، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، ساھابىلەر: «دەۋس قەبىلىسى ھالاك بولىدىغان بولدى» دېيىشكەن. تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ۋاقىتتا قەۋمىمنىڭ ھالاك بولۇشىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىمنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئىكەن». بۇمۇ تۇفەيلنىڭ ئۆز قەۋمىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ھەر قانداق نەرسىنىڭ چەك ـ چېگراسى بولغاندەك، مىللەت ۋە قەۋم سۆيگۈسىنىڭمۇ چەك ـ چېگراسى بولىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار بۇ چەك چېگرانى ئايرىيالمىسا، ئۆز مىللىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ دەۋا قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق، كەمسىتىشتەك يامان ئادەت مەيدانغا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانلار قەبىلىۋازلىق قىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان، ھەق ـ ناھەق بولۇشىغا قارىماستىن قارىغۇلارچە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىشلارنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن شەكىلدە رەتكە سالغىنىدەك، بۇ مىللەتچىلىك مەسىلىسىنىمۇ ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىدە بار بولغان مىللەت سۆيگۈسىنىمۇ يوققا چىقارماستىن، مىللەتچىلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقىرىقىدەك زىيان ـ زەخمەتلەرگىمۇ يول قويماستىن ناھايىتى مۇۋاپىق شەكىلدە ھەل قىلغان. ئىسلام دىنى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان بارلىق مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىن. بۇ دىن ھەر مىللەت

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»[1] دېگەن. ئىسلام يەنە كىشىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بەرمەيدىغانلىقىنى، پەزىلەت ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ پەقەت ياراتقۇچىسىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشتا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ﴾ يەنى «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى ھەججىدە ئەرەپاتتا تۇرۇپ، ئوقۇغان ۋىدا خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىردۇر. ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن ئارتۇقچىلىقى يوق، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىكتىن ئارتۇقچىلىقى يوق. ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋالىقتىندۇر»[3].

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ۋە تار مىللەتچىلىك ئىللىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئەڭ ئالىي تۇيغۇ ۋە يۈكسەك غايىدە بىرلەشتۈرگەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلامىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى «بىر ئۈممەت» دەپ ئاتىغان. بۇ ئۈممەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ تىللىرى باشقا، رەڭگى باشقا، مىللىتى باشقا، ياشايدىغان يەرلىرى باشقا، ئەمما ئەڭ ئالىي غايىسى بىر، يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بىر، يولباشچى پەيغەمبىرى بىردۇر. ﴿إِنَّ هَـٰذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ﴾ يەنى «سىلەرنىڭ بۇ ئۈممىتىڭلار بىرلا ئۈممەتتۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار» [4]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارنى ھەممە بىردەك ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىشقا، بۆلۈنمەسلىككە چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ يەنى «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ھېچ ئايرىلماڭلار»[5]، ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر»[6].

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[4] سۈرە ئەنبىيا، 92 ـ ئايەت

[5] سۈرە ئال ئىمران، 102 ـ ئايەت

[6] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەت

مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداش بولغان ئىكەن، ھېچبىر مىللەتنى، ھېچبىر قەۋمنى ياكى ھېچبىر جامائەتنى كەمسىتىشكە، مەسخىرە قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پاسىقلىق نېمىدېگەن يامان! كىمكى تەۋبە قىلمايدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر»[1].

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ، مىللەتچىلىكنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ چۈشىنىش كېرەك: بىرى ئىجابىي يەنى ئىسلامغا ئۇيغۇن بولغان مىللەتچىلىك، يەنە بىرى سەلبىي يەنى ئىسلام مەنئى قىلغان مىللەتچىلىك.



## ئىجابىي مىللەتچىلىك

ئىجابىي مىللەتچىلىكنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1. ئەڭ ئاۋۋال ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يېيىش، ياخشىلىقنى، ياردەمنى ئاۋۋال ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قىلىش. بۇنىڭ شەرتى باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالماسلىق.

2. ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنى باشقا مۇسۇلمانلاردىن بەكرەك سۆيۈش. بۇنىڭ شەرتى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى يامان كۆرمەسلىكتۇر.

3. ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارغا خىزمەت ۋە ياردەم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش. بۇنىڭ شەرتى باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ھەقسىزلىق قىلماسلىقتۇر.

4. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلىنىش، كىشىلەرنى ئىشلەشكە، تىرىشىشقا، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تەرغىب قىلىش ئۈچۈن مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى غەلىبىلىرىنى ئەسلىتىش ۋە تارىخىي شەخسلىرىنى

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 11-ئايەت

مەدھىيەلەش.

## سەلبىي مىللەتچىلىك

سەلبىي مىللەتچىلىك — ئىرقچىلىق، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش بولۇپ، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەسەبىيەت» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ ئىسلامغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدىغان جاھىلىيەت قىلىقى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان.

## سەلبىي مىللەتچىلىكنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە زىيانلىرى

1. «مەن پالانى مىللەتتىن» دەپ ئۆز مىللىتىنى ماختاپ، باشقا مىللەتلەرنى سۆكۈش. بۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، بۇزغۇنچى خاراكتېرلىق قىلىقتۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ ئۆز مىللىتىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى يەرگە ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

2. «ئۆز مىللىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن» دەپ قاراپ، باشقا مىللەتلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىش. چۈنكى، كىبىرلەنگەن كىشى باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ توقۇنۇشلارغا يول ئاچىدۇ.

3. ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى باشقا مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش. بىر كاپىرنى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر مۇسۇلماندىن ئۈستۈن كۆرۈش قەتئىي جائىز ئەمەس.

4. ھەقسىز ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇش. بۇنداق قىلىش ھەقسىزلىك ۋە زۇلۇمدۇر. ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم گەرچە كاپىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەردە يوقتۇر»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىراۋنىڭ



---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بەززار رىۋايىتى.

ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ماڭسا، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ»[1]. يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر زالىمغا ھەقنى يوقىتىش ئۈچۈن ياردەم قىلسا، ئۇ ئاللاھتىن ۋە پەيغەمبەردىن ئادا جۇدا بولغان بولىدۇ»[2].

5. ئەسەبىيەتكە ئېسىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىش. بۇ دىنىمىزدا قاتتىق مەنئى قىلىنغان، ئىنسانىيلىققىمۇ ياتمايدىغان يامان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئەسەبىيەتكە چاقىرىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى ئەسەبىيەت ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى ئەسەبىيەت ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[3] دېگەن.



[1] ئىمام تەبەرانىي رىۋايىتى.
[2] ئىمام تەبەرانىي ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

# ياخشىلىق قىلىش سىزنىڭ خىسلىتىڭىز بولسۇن

كۆۋەيتتىا چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىلى 25 - مارت سانىدا «ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ چايانلىرى» دېگەن تېمىدا مۇنداق بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ : «بىر دانىشمەن دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر چايان ئۆملەپ كېلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېقىننىڭ تەتۈرىگە قاراپ كۈچەپ ئۈزىدۇ، ئەمما سۇدىن چىقالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ھېلىقى ئادەم چايانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا بەل باغلايدۇ ۋە چايانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىنى سۇنغىنىدا، چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ، ئادەم چايانىنى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ. بىرەر مىنۇت ئۆتمەستىن ئادەمنىڭ كۆزى يەنە چايانغا چۈشىدۇ، بىردىنلا كۆڭلى يەنە ئېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزغۇسى كېلىدۇ - دە، قولىنى چايانغا سوزۇپ ئۇنى تۇتقىنىدا، چايان يەنە ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ. ئادەم يەنە ئۇنى تاشلىۋېتىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ، بۇ قېتىم قولى بەك ئاغرىيدۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە چايانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەمشەلگىنىدە، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش ئۇنىڭغا: ‹سىز قانداق ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەمسىز؟ ئىككى قېتىم قولىڭىزنى چېقىۋالغان چايانىنى يەنە قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزەمسىز؟› دەيدۇ. ئەمما دانىشمەن ئۇنىڭ سۆزىگە پەسەنت قىلماي يەنە چايانغا قولىنى سوزىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ دېڭىز بويىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ياشنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹ئەي ئوغلۇم! چايانىنىڭ خاراكتېرى چېقىش، مېنىڭ خاراكتېرىم سۆيۈش ۋە ياردەم قىلىش تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى چايانىنىڭ خاراكتېرىغا ئۆزگەرتىمەن؟› دەيدۇ».

سىز نۇرغۇن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن يامانلىقتىن باشقىنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋال سىزنى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن توسۇپ قالالامدۇ؟

ياق، ياخشىلىق قىلىش ئېسىللىكنىڭ ئالامىتى. بىراۋنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش ئادىمىيلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ،

قەلبىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر-بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، قولىدىن كەلگەن ياردەمنى سۇنۇش ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت-دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئاشىدۇ.

ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق. ياخشىلىق چەكسىز، مىننەتسىز ۋە ئىككىلىنىشسىز قىلىنىدىغان پەزىلەتتۇر.

## قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى ياخشىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرەلەيسىز؟

ئىنسان ياخشىلىق قىلىش يولىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغا، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ۋە ياردىمىڭىزنى كۆرگەن ئىنسانلاردىن سىزگە يامانلىق كەلگەندە، ئەگەر سىز كۈچلۈك ئىمانغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ۋە سەۋر-تاقەتكە ئىگە بولمىسىڭىز ياخشىلىق قىلىشتىن سوگۇپ قېلىشىڭىز، ھەتتا ۋازكېچىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسانلار ئىچىدە ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ تاشلايدىغان تۈزكور، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ ياخشىلىققا داۋام قىلىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ:

1. سىزنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى دەپ بىلىشىڭىز لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە بىزلەرنىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇغان زاتتۇر. ﴿ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن﴾[1]، ﴿ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىق بولىدۇ﴾[2]. ھەر كىمگە ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغان ئىكەن، باش ئۇستىگە دەپ بۇ ئەمرنى ئورۇندىشىڭىز سىزنىڭ ئىمانىڭىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ئاتا-ئېھسانلىرى، نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بۇ ۋاقىتتا، سىزگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ياخشىلىقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك كاتتا ئىكەنلىكىنى، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقلىرى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىڭىزمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ھىدايىتى بىلەن بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز.

---

[1] سۈرە قەسەس، 77-ئايەت.

[2] سۈرە رەھمان، 60-ئايەت.

3. قۇرئـان كەرىمدىكـى ياخشــىلىققا بۇيرۇغـان ئايەتلـەر بىلـەن پەيغەمبـەر ئەلەيھىسســالامنىڭ بـۇ ھەقتىكـى ھەدىسـلىرىنىڭ مەنىسـىنى مۇلاھىـزە قىلىـڭ ۋە ئىلىڭىزغا ھەمىشە جارى قىلىدۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزدە سىزنى ھەمىشە ياخشىلىققا ئۈندەپ تۇرىدىغان تۈرتكىنى ھاسىل قىلىسىز. ئاللاھ تائالا قۇرئـان كەرىمدە: «ئـى مۇئمىنلـەر! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن رەببىڭلارغا رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

4. ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماڭ. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەسكە ئېلىش ياخشىلىققا تۈرتكە بولىدۇ. «ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[2].

بـۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئېسىل قەسىرلىرىگە كىرگۈزىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتتە كـۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆڭۈلگە كېچىپ باقمىغان نازۇنېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

دالى كارنېگ بىرگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇزكورلۇق مەسىلىسى توغرۇلۇق مۇنداق بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىدۇ: «سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟ بەلكى شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سەمۇئېل لايبېتز ئاۋۋال ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى توك ئورۇندۇقىدا ئۆلتۈرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان. ئىيسا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىر كۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشىنى ئىيساغا رەھمەت ئېيتتى دەيسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما، باشقىلار شۇنچە ئەرزان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەن ئىدى. چارلىز شەۋاب ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسقا ئۇچرىغان بىر سەرراپنى تۈرمە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. لېكىن، سەرراپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ؟ ھەئە بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ناھايىتى تەستە دېيەلىدى، ئەمما ئارقىدىنلا ئۇنى تىللاشقا باشلىدى».

[1] سۈرە ھەج، 77 ـ ئايەت.

[2] سۈرە يۇنۇس، 26 ـ ئايەت.

دالى كارنېگ گويا ئاللاھنىڭ «ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىگە قارىتا بەكمۇ تۇزكوردۇر»[1] دېگەن سۆزىنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دەيدۇ: «تۇزكورلۇق شۇنداق بىر خاراكتېر بولۇپ، ئۇ ئوت-چۆپلەرگە ئوخشاش تېرىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسە، ئەمما شۈكۈر پەقەت ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان خاراكتېرى يەنىلا شۇ ئەسلىي خاراكتېر بولۇپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ». ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىمىز، قىلغان ياخشىلىقىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، يەر يۈزىدە ياخشىلىق داۋاملىشىدۇ ۋە كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ.



[1] ئادىيات سۈرىسى، 6-ئايەت.

# ئۆز چىرىغىڭىزنى ياندۇرۇڭ

ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش پەلسەپىسى ۋە مەلۇم پىرىنسىپى بولىدۇ. مەيلى ھەق بولسۇن ياكى باتىل بولسۇن، ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقتىكى پىرىنسىپى شۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىنى رەتكە سالىدىغان تەرتىپتۇر. پىرىنسىپال ئادەم ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدىغان ئادەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان خاراكتېرىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار خۇددى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى (دىنىنى) ئۆگەنسە، ئىسلامدىمۇ ياخشىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئىنسانلارنى ئالتۇن، كۈمۈش مەدەنلىرىگە ئوخشاتقان. بۇ ئىنتايىن توغرا ئوخشىتىش بولۇپ، مەدەنلەرمۇ يۇقىرىسى ئالماس، تۆۋىنى كۆمۈرگە ئوخشاش قىممەت، شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ يارىتىلىش تەبىئىتىدە، مىجەز-خۇلقىدا ۋە باشقا كۆپلىگەن جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

ئەمدى ھەدىستىكى «جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئىسلامنى ئۆگەنسە، ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر» دېگەن جۈملىگە كەلسەك، بۇ جۈملە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئۆز پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان، سۆزىدە تۇرىدىغان خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ قانداقلا بىر مۇھىت ۋە قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ياشىسۇن، ئۆزىدىكى شۇ خىسلەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدۇر.

شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت ئەھلىدىن ئادىمگەرچىلىكى بار، ئەخلاقى ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ، شۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ۋە شۇلار ئارقىلىق كۈچلىنىشنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەمر ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جەھىل) ئىككىسىنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك بولسا، شۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئىسلامغا ھىدايەت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالايدىغان بولغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىچىدىن ئۆز دىنىغا مەھكەم، پرىنسىپال ۋە ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر ئىككىلەنمەيلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان پرىنسىپال ئىنسانلار ئىدى. ئەمما، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنى جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان ئەھلى كىتاب موللىلىرى كىشىلەرنى دىن نامىدىن قاقتى-سوقتى قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەقىقەتكە قارشى چىققان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، سەلمان فارىسىي قاتارلىق كىشىلەر ھەقىقەتنى ئىزدەپ ۋە ئۆز پرىنسىپى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولغان ۋە ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن. دېمەك، پرىنسىپ ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.

پرىنسىپال ئادەمنى كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىغان چاغدا يامان كۆرگەن بىلەن، چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا قىممەت بېرىدۇ. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى دىنسىز بولسۇن، ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن كىشىلەر ئەنسىرىمەيدۇ. ئەمما، ساختىپەزلەردىن ئۈركۈنىدۇ. دىن نامىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك نامىدىن كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغانلار مەيلى قايسى دىنغا ۋە قايسى پەلسەپىگە مەنسۇپ بولسۇن، ئۇلارنى ھېچكىم ھۆرمەتلىمەيدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىك قىممەت بەرمەيدۇ.

كاشكى، ھەربىر ئادەم ئۆز پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ياكى پەلسەپىگە ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئىدى، دۇنيادا كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىش، دىن ياكى ئېقىم نامى بىلەن ئالداش يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ئەقىللىق قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا يول تالاش ئىختىيارىنى بەرگەن ئىكەن، ئىنسانىنىڭ ئۆزى تاللىغان دىن ياكى پەلسەپىگە ئەمەل قىلىشى ۋە ئۆز پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، ھەركىمگە ئەسقاتىدىغىنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئەما كىشى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ساھىبخان مېھمانلارنى ئۇزىتىش ئەسناسىدا ھېلىقى ئەمانىڭ كېچىدە يالغۇز يول يۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا بىر قول چىرىغىنى بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئەمما، ئەما كىشى «مەن ئەما تۇرسام، چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرەلمىسەم، ماڭا چىراغ بەرگەنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەن ئاستا ئۆز يولۇمنى تېپىپ كېتەلەيمەن،

رەھمەت سىزگە» دەپ چىراغنى قوبۇل قىلماپتۇ. ساھىبخان بولسا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ:
«سىز چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرەلمىسىڭىزمۇ، سىز چىراغنى تۇتۇپ ماڭسىڭىز،
باشقىلار سىزنى كۆرىدۇ-دە، سىزگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئەما ئادەم چىراغنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئەما ئادەم ئۆيىگە ئاز قالغاندا، بىرى كېلىپ
ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەما ئادەم يىقىلىپ كېتىپتۇ. ئەما ئادەم
ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھەي! سەنمۇ ئەمامىدىڭ؟ چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»
دەپ كايىپتۇ. ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكەن ئادەم: «ئەپەندىم! كەچۈرۈڭ، قولىڭىزدىكى
چىراغ ئۆچۈپ قاپتىكەن، شۇڭا قاراڭغۇدا كۆرمەي قاپتىمەن» دەپتۇ. بۇ قىسسىدىن
شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەما ئادەم باشقىلار بەرگەن چىراغقا ئىشەنچ
قىلىپ، يىللاردىن بېرى ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئەقىل چىرىغىنى
ئىشلىتىشنى ئۇنۇتقان، قول چىراغنى كۆتۈرۈپ ماڭسام باشقىلار بۇنىڭ يورۇقىدا
مېنى كۆرىدۇ، نەتىجىدە، ماڭا سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىي
ئەزالىرىنى ئىشلەتمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بېشىغا مەزكۇر كېلىشمەسلىك
كەلگەن.

## پەرزەنتلەرگە ئانا تىلنى ئۆگىتىش ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچىدۇر

شەكسىزكى، ھازىرقى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىمان ۋە زۆرۈر دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىتىش ۋە ئۇنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھەمدە ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە باش تارتىپ بولماس بۇرچىدۇر.

چۈنكى، ئانا تىلى يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالغان بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى مەھكەم تۇرۇپ قوغدىشى تەبىئىي زۆرۈرىيەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى، ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مىللەتنىڭ تىلى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلى ئاستىدا ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قېلىش، ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا بۇ تىلنى قوغداپ قېلىشنى پەرز دەرىجىسىدىكى زۆرۈرىيەت دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

چۈنكى، مەزكۇر مۇسۇلمان مىللەت ئەگەر ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى قوللىنىش ئورنىغا، مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىنىمۇ ئاستا-ئاستا قولدىن بېرىپ قويۇشقا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش شۇ مىللەت خەلقى ئۈچۈن دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى جان تىكىپ قوغداش مەسىلىسىدە چەتئەلدە، خۇسۇسەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئورۇنلاشقان خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئۇيغۇر نەدە بولمىسۇن، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

### تىلىمىز بىزنى قوغدايدۇ

بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ يەرشارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ

كاپالتى. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قالغانلىق ھەم مىللىتىمىزنى، ھەم دىنىمىزنى قوغداپ قالغانلىقتۇر. ئانا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن تونۇلىدۇ ۋە تىلى بىلەن ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇڭلاشقا، تىل ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا، ياكى ئەكسىچە دۇنيا يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.

تىل — مىللەت دېمەكتۇر. مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ تىل ۋاستىسىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان بالىنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ ئۆزى سۆزلىشىپ يۈرگەن تىلدىكى غەيرى مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ماس شەكىللىنىدۇ. دېمەك، ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەن بالا ئۆز خەلقىنىڭ دىنىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە بارچە ئۆزگىچىلىكلىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ ئۆسىدۇ. كىچىك بىر مىسال، مۇنداق بالا كىچىككىنە ئاسراش، چوڭغا ھۆرمەت قىلىش دېگەندەك مىللىي ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلاردىنمۇ پەرۋاسىز ئۆسىدۇ. بۇ ئىشتىكى چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق يەنىلا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەلۋەتتە، ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، باشقا تىلغا ھەۋەس قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇش ياكى ئۇنى ئۆگەنمەسلىك ئۆز مىللىتى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر.



### بىزنىڭ ئاجىز نۇقتىمىز ئۆز تىلىمىزغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتۇر

چەتئەلدە مەن ئۇچراتقان مىللەتلەر ئىچىدە بىز ئۇيغۇرلاردەك ئۆز تىلىدىن ئاسانلا ياتلىشىپ كېتىدىغان بىر مىللەتنى كۆرمىدىم. بۇ مېنىڭلا پىكرىم ئەمەس، باشقا ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تائىف، مەككە، جىددە ۋە مەدىنە قاتارلىق جايلىرىدا ياشايدىغان ئۆزبېكلەردىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى، ھەتتا تۆتىنچى ئەۋلاد نىڭمۇ ئۆز تىلىنى (خىتاي تىلىنى) راۋان سۆزلەۋاتقانلىقىنى، چەتئەللەردە ياشايدىغان ۋە چەتئەللەردە تۇغۇلغان تۈركلەرنىڭ ئۆز ئارا تۈركچىدىن باشقا تىلدا سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئەپسۇسلىنىمەن. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردىن ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر تىلىنى چالا سۆزلەيدۇ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرچىدىن بىر سۆزنىمۇ بىلمەيدۇ، تۆتىنچى ئەۋلاد ئۆزىنى ئەرەب دەيدۇ.

تۈركىيەگە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرى كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر تىلىدىن بىر كەلىمىنىمۇ بىلمەيدىكەن. 80-يىللاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئاز-تولا بىلىدىكەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىمەيدىكەن. 90-يىللاردىن كېيىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىنچە ئۇيغۇرچىنى تۈركچىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىكەن. ئەھۋال مۇشۇنداق كەتسە، بىر قانچە ئون يىلدىن كېيىن، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىدە ئۇيغۇر تىلى ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن 2010-يىلى ئاۋستىرالىيەگە زىيارەتكە بارغىنىمدا ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدا ئىنگلىزچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ھاياجانلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئازابلانغان ئىدىم. ھاياجانلانغىنىم، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىزنىڭ چەتئەل تىلىنى راۋان ئۆگىنىپ، ئىنگلىزدەك سۆزلىگەنلىكى، ئازابلانغىنىم، بۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئارا (يەنى ئۇيغۇر ئۇيغۇر بىلەن) باشقا تىلدا سۆزلەشكەنلىكى ئىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەدىكى دوستلىرىمىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆيدە ئەرەبچە ۋە تۈركچە راۋۇرۇس سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەن ئاۋستىرالىيەدە ئىنگلىزچە سۆزلىشىۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىن پەخىرلەنگەنىدەك پەخىرلىنىپ، ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇنداق ھاياجان ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلنى راۋۇرۇس سۆزلىيەلمەيدىغان كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان ھاياجان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە بېشىمدىن ئۆتكەن بىر قىسسىنى سۆزلەپ ئۆتكۈم كەلدى. مەن 1997-يىلى قازاقىستاندىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كەلگەن چېغىمدا، مەككىنىڭ مەسفەلە دېگەن يېرىدە بىر ئۆزبېك ئادەمنىڭ دۇكىنىغا جايناماز ئالغىلى بېرىپ قالدىم. بۇ ئادەم مېنى ھۆرمەتلەپ چاي قۇيۇپ بەردى، مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ گەپ باشلىدى. بىز سۆزلىشىپ ئولتۇرساق، ئۇنىڭ 10 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىسى (ياكى نەۋرىسىمۇ سورىمىدىم) دۇكانغا كىرىپ، ئۇچىدىكى سومكىسىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بۇلبۇلدەك ئۆزبېكچە سۆزلەپ كەتتى. مەن بىزنىڭ تىلىمىزدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ گۈزەل ئۆزبېكچە سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۆزۈمنى تۇتالماي ھېلىقى كىشىگە «ماشائاللاھ! بۇ بالا ئۆزبېكچىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەن» دېۋىدىم. ئۇ ئادەمنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى ۋە ماڭا ئارام بەرمەي سۆزلەپ كەتتى: «قارىكە! سىز نەمە دەيسىز؟ بۇ بالا ئۆزبېك! ئۆزبېكچە گەپ بەرمەي نەمە قىلسۇن! باشقا يولى يوق بۇ ئىشنىڭ. چۈنكى، بىز بالىلارغا ئايتىمىزكى، بۇ ئۆي بىزنىڭ مەملىكەتىمىز، سەن بۇ ئۆيدە خولىس ئۆزبېكچە گەپ بەرەسەن، ئەمما مەكتەپتە خاھلىساڭ ئەرەبچە، خاھلىساڭ ئىنگلىزچە گەپ بەرسەڭ بولادى، بۇ سەنىڭ ئەركىنلىكىڭ، ئەمما ئۆيدە ساڭا بۇ ئەركىنلىك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ پەرزەنتلەر ئۆزبېكچە گەپ بەرەدى. بىر ئۆزبېك ئۆزبېكچە گەپ بەرمەسە، ئۇنى قانداي ئۆزبېك دەيسىز؟». بۇ ئۆزبېكچە گەپ بولماپتۇ مەن بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىن قاتتىق

تەسىرلەنگەن ئىدىم. شۇ يىلى مېنىڭ چوڭ پەرزەنتىم بىر ياشتا ئىدى. ئايالىم رۇس تىلىدا سۆزلەپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر ئىدى. ئايالىم بىلەن ئۆيدە ئۇيغۇر تىلىدىلا سۆزلىششكە، بالىلارغىمۇ ئۇيغۇرچە ئۆگىتىپ ئائىلىمىزدە ھەمىشە ئۇيغۇر تىلىدىلا سۆزلىشىدىغانغا كېلىشتۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدۇق. ئەمدى ئويلىسام، مەن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەم ئۆزۈمنى ھەم پەرزەنتلىرىمنى رۇس تىلىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلغان بولدۇم. لېكىن، ئۆز تىلىمىز ساقلىنىپ قالغان ئىكەن، بىزگە يەنە چاتاق يوق. چۈنكى، بالىلار ئۆگىنىدىغان تىلنى مەكتەپتە ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ رۇس تىلىنى بىلمىگەنلىكىمىز مۇسىبەت ئەمەس، ناۋادا ئۇيغۇر تىلىنى پەرزەنتلىرىم سۆزلىيەلمىگەن بولسا، بۇ چوڭ مۇسىبەت ئىدى. بىز ئۆي ئىچىدە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمىز، ئەڭ مۇھىمى ئەر-ئايال ئىككىمىز ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمىز. ئاز ساندىكى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچە ياكى تۈركچە ۋە ياكى رۇسچە سۆزلەرنى قەتئىي ئارىلاشتۇرۇپ قويمايمىز. چوڭ قىزىم ئۇنىۋېرسىتېتتا ۋەتەندىن چىققان قىزلارغا ئۇيغۇر تىلىدا لېكسىيە بەرگەن ئىكەن، ئۇلار قىزىمدىن «سىز چەتئەلدە تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق، ئۇيغۇر تىلىنى بۇنداق راۋان سۆزلەشنى نەدىن ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سوراپ كېتىپتۇ. قىزىم تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن مەغرۇرانە ھالدا «ئۆيدە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. توغرا، ئۆيدە ئۆگەندى. ھەممە ياخشىلىق ئۆيدىن باشلىنىدۇ، ئانا تىل ئۆيدىن باشلىنىدۇ، دىنىي ۋە مىللىي تەربىيە ئۆيدىن باشلىنىدۇ، ئەخلاق ئۆيدىن باشلىنىدۇ. 2018-يىلى6-ئايدا ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر قىزلارغا ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىلىشتا قىزىم ئىنگلىزچە نۇتۇق سۆزلىگەن ئىكەن، قىزلار ئۇنىڭدىن «سىز ئىنگلىزچىنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سوراپتۇر. قىزىم «مەكتەپتە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۆيدە ئانا تىلدا مۇكەممەل بولسا، مەكتەپتە ئۆگەنگەن تىلدىمۇ مۇكەممەل بولالايدۇ. ئانا تىل باشقا تىللارنى مۇكەممەل بىلىشكە توسالغۇ بولمايدۇ، بەلكى ياردەمچى بولىدۇ.

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەرەبچە ياكى تۈركچە ۋە ياكى ئىنلىگىزچە تىلدا بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكىنىگە قاراپ ھاياجانلىنىپ، ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. بالىلارنىڭ چەتئەل تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ شۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا چاتاق يوق. ئەمما، ھەقىقىي رېئاللىق شۇكى، مەن سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەدىكى دوستلىرىمنىڭ چەتئەل تىلىدا بۇلبۇلدەك سايرىغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «نۆل» ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. باشقا دوستلىرىممۇ ماڭا شۇنداق دەپ بەردى. بۇ توغرا ئەمەس، بۇ بىر ئالدىنىشتۇر. چۈنكى، بالىلارغا قايسى تىلنى ئۆگەتسە، شۇنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، بۇنىڭدا ئەجەبلىنىدىغان ۋە ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان بىر ئىش يوق. ئادەتتە، شاتۇتىغىمۇ نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دوراپ سۆزلىيەلەيدۇ.

بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ شاتۇتى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىزمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلىدىغان ۋە ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇر» دەپ پەخىر بىلەن ئېيتالايدىغان بولۇشىنىمۇ؟ بۇ ئىشتىكى ئەڭ چوڭ چاتاق نەدە دېسىڭىز، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان بالىلار ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئۆزى سۆزلىشىۋاتقان تىلىنىڭ ئىگىسى بولغان مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە يەم قىلىۋېتىپ، يا ئۇلاردەك بولالماي ياكى تولۇق ئۇيغۇر بولالماي ئارىدا قالىدىكەن. ئارىدا قالغان ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتتە ھېچبىر قىممىتى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە مىللىي ئەنئەنىسى بىلەن قىممەتلىكتۇر. سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭكىنى قوبۇل قىلسىڭىزمۇ ئۇلاردەك بولالمايسىز ھەم ئۇلارمۇ سىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇيغۇرچە گەپ سورىسا ئەرەبچە جاۋاب بېرىدىغان، ئۆزىنى «مەن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق» دەۋالغان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق شەكىلدە يەكلىنىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىز بولۇڭ. ئۆز مىللىتىڭىز ۋە ئۆز تىلىڭىز بىلەن پەخىرلىنىڭ. شۇ چاغدا سىزنىڭ قىممىتىڭىز بولىدۇ، سىزنى باشقىلارمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى باشقىلار تەرىپىدىن خورلانمىسۇن، كەمسىتىلمىسۇن، ھەمىشە بېشى ئۈستۈن بولۇپ، ئەزىز ياشىسۇن دېسىڭىز، ئائىلىڭىزدە ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنى ئادەت قىلىڭ. بالىڭىز سىزدىن ئەرەبچە ياكى تۈركچە بىر نەرسە سورىسا، جاۋاب بەرمەڭ. «بالام سەن ئۇيغۇر، شۇڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلغىن، ئاندىن مەن جاۋاب بېرەي» دەڭ. سىز شۇنداق قىلىپ كۆرۈڭ. ئەلۋەتتە، نەتىجىسىنى كۆرىسىز.

بالىلارغا ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىتىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇيغۇر تىلىمىز تولىمۇ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك بىر تىل. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى. شۇڭا، ئۇنى «ئانا تىل» دەيمىز. ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتلىك تىل. ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى داڭلىق تىللاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

## ئانا تىلىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسدۇر

ئانا تىلىمىزنى قوغداش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتۇر. ئۇيغۇر تىلىمىز ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئەلشىر نەۋائىي 15-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىلا، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋالغان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق، بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق

ئىسپاتلاش ئۈچۈن «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن شانلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە جاكارلىغان[1].

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلۇغ تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كىشىلەرنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا خەلقلەرنىڭمۇ ئۇيغۇر - تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىگە ياردەمچى قوللانما بولۇشى مەقسىتىدە يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق دانىشمەن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلەرنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن يازمىسا ئەسەر ھېسابلانمايدىغان شۇنداق بىر شارائىتتا قارىماي دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىملار شۇنى جاكارلىدىكى، بۇ ئەسەردە تۈرك تىلىدىن باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر يوقنىڭ ئورنىدا. شۇ يۆنىلىش تەسىرىدە 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋارەئۇننەھىردە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان لۇتفى، ئاتائىي ۋە سەككاكىيلارنىڭ غەزەللىرىمۇ ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. دېمەك، شۇ دەۋر شارائىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئانا تىلىمىزنى كۆز قارچۇغىدەك قوغداپ كەلگەن.

ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بىز ئۇنى قوغدىمساق بولامدۇ؟

مۇلاھىزە: ھەرقانداق ئىلىم ياكى نەرسىنى ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىشنى قۇرئان ئۆگىتىشكە ئوخشاش كۆرۈش توغرا ئەمەس. «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر». پەرزەنتلەرگە ناماز قاتارلىق شەخسىي ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىش ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشتىن مۇھىم. بۇلارنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاش دىنىنى ساقلاشتىن كېيىن تۇرىدۇ.



[1] ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي: « ‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› گىچە» ، 8 - بەت.

# بىزدىكى ئاخىرەت ئىشەنچىسى

دۇنيادا ھەركىم ئۆزىگە پايدىلىق ئىشقا قىزىقىدۇ، ئۆزىگە زىيان بولىدىغان ئىشتىن قاچىدۇ. مەسىلەن، بىرەر تىجارەتكە ئاتلانغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن چىقىدىغان پايدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى مۆلچەرلەپ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا كىرىشىدۇ. شۇ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جاپاغا، قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىدۇ، چىدايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ. چۈنكى، شۇنداق تىرىشمىسا، كۆزلىگەن پايدىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئېگىز بىر جايدىن سەكرىمەكچى بولغان ئادەممۇ سەكرىگەندىن كېيىن پۇت - قولى سۇنىدىغانلىقىنى ياكى ئۆلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ - دە، سەكرەشتىن ۋاز كېچىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم ئەلۋەتتە ئەقىللىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ رەببىنى تونۇغان ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا - زىيىنىنى بىلگەن ئادەمدۇر. شۇڭا، ئۇ دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش، ئىنسانىيەتكە ئەدلى - ئادالەتتە، گۈزەل ئەخلاقتا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئۈلگە بولۇش سالاھىيىتىگە نائىل بولغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىگە قاراپ تۇرۇپ: «ئى كەئبە! سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مۇئمىن ئادەمنىڭ جېنى ئەلۋەتتە سەندىن ئۇلۇغدۇر!» دېگەن[1].

ئەمدى، ئەنە شۇنداق ئەقىللىق ۋە ئۇلۇغ مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئەلۋەتتە باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر ئىشنى توغرا نىيەت بىلەن قىلىشىمىزنى، ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ساۋابىنى، گۇناھقا كىرىپ قالغىلى قوپقاندا، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزنى خالايدۇ. چۈنكى، قىلماقچى بولغان ياخشى ئىشنىڭ ساۋابىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك، سادىر قىلماقچى بولغان گۇناھنىڭ جازاسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەممۇ گۇناھتىن يانىدۇ. چۈنكى، مۇئمىن



[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

قىلغان ياخشى ئىشى ئۈچۈن ئاخىرەتتە چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكتىن، ئىشنى شۇ ئىشنىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەتنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۈيغۇدا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىدىن «بۈگۈن قانداق قوپتۇڭ؟» دەپ سورىغاندا، ساھابە: «ھەقىقىي مۇئمىنلىك ھالىتىمدە قوپتۇم» دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭدىن: «ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى بار، سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ساھابە: «دۇنيالىقتىن يۈز ئۆرۈدۈم، ئۇنىڭ ئالتۇنى بىلەن تۇپرىقى مېنىڭ نەزىرىمدە ئوخشاش بولۇپ قالدى، مەن جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتە نېمەتلىنىۋاتقانلىقىنى، دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك ھالەتتىمەن»[1] دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، بۇ ھالىتىڭنى داۋاملاشتۇرغىن» دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن جەننەت بىلەن دوزاخنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ ھازىرقى ئىمانىمغا ھېچنەرسە قوشۇلمايتتى» دېگەن. چۈنكى، ئۇ ئىمان دەرىجىسىدە شۇنداق كامالەتكە يەتكەنكى، بىلىش ۋە ئىشىنىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر پەرقى قالمىغان.

گۇناھ قىلغان ئادەم گۇناھنى پەقەت غەپلەتتە قالغانلىقتىنلا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلىدىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىغا خۇددى بۇ دۇنيادا جىنايەت سادىر قىلغان ئادەم قانۇن بويىچە جازالىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندەك ئىشەنسە ئىدى، گۇناھتىن ئەلۋەتتە ۋاز كېچەتتى؛ ئاخىرەتنى تاغدىن سەكرىمەكچى بولغان ئادەم قول-پۇتى سۇنىدىغانلىقىنى ياكى ئۆلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ئىدى، گۇناھقا ئەسلا قەدەم باسمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ھاراقكەش مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ» دېگەن[2]. بۇ ھەدىستىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، ئىنسان بۇ گۇناھلارنى پەقەت ئىمانسىز ھالدىلا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىمانسىزلىق ئاللاھ تائالاغا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىمانسىزلىق ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن غەپلەتتە قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىمانسىزلىقتۇر. گويا ئۇ ئاخىرەتنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغان. شۇڭا، ئۇ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قىلىقىنى قىلغان.

مەن ئويلايمەنكى، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن

---

[1] مەجمەئۇززەۋائىد، 1/57.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قورقمايدىغان ئادەممۇ ئىمانسىز ئادەمدۇر. چۈنكى، ئۇ گەرچە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان، بارچە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىۋاتقان، تەقۋا سۈپەتلىك بىرى بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن قورقماستىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى يېگەن ئىكەن، ئۇنىڭدا ئاخىرەتكە قارىتا چىن ئىمان يوق. ئەگەر ئۇ ئاخىرەتكە چىن ئىشەنسە، مال-دۇنيا ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان، پەقەتلا قۇرۇق قول بارىدىغان شۇ ئاخىرەتتە قانداق قىلارمەن دەپ ئويلىمامدۇ؟

توغرا، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغان كىشى ئۈچۈن) جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1].

يەنە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىقمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇۋەتكىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە: «شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[2] دەيدۇ.



ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلسا، جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بېرىشنى ۋەدە قىلمىغان. ھەرقانداق بىر ھەقتىن ھەق ئىگىسى ئۆتمىگۈچە ئاللاھ تائالا ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە جىنايەتلەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ ئىستىگەن رەۋىشتە

---

[1] سۈرە زۇمەر، 53-ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد، 114-ئايەت.

ھايات كەچۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا قارشى ھەرقانداق بىر ئىتائەتسىزلىك ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلغانلىقتۇر.

مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش، ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماستىن ھۆزۈر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىشلەنگەن قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ ۋە يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش.

2. گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

3. بۇرۇن قىلغان گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغانلارنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ساۋابلىق ئەمەللىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ

قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[1] دېگەن.

بىز ھەممىمىز ئاخىرەتكە ئىشىنىمىز، ئەمما كۆپىنچىمىز ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلاردەك ئىش قىلىمىز. ئاخىرەت ئېتىقادىمىزدا بار، ئەمما ئەمەلىيىتىمىزدە يوق. بىزدە «قاپاقتا نېمە بولسا، تېشىغا شۇ تېپىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. شۇڭا دەيمىزكى، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئەل قاتارى قىلىپ قويىدىغان، گۇناھ قىلىشتىن قورقمايدىغان، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، بىراۋغا ھەقسىزلىق قىلىشنىڭ جازاسىدىن قورقمايدىغان ئىنسانلار ئاخىرەتكە شەك قىلىدىغان ياكى ئىشەنمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ياكى ئاخىرەتتىكى جازادىن قورقمايدىغان ئادەمدىن بارچە يامانلىق كېلىشى مۇمكىن.



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# مىننەتسىز ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

دىنىمىزدا ھەرقانداق ياخشىلىقنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىش، مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن كۈتۈشكە بۇيرۇشىنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردىكى، قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم تولۇق بېرەلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئىنسانىيەتنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر نەچچە ئون يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ، قالغان ھاياتىنى يەنە شۇ ئىلىمنى تارقىتىشقا ئاتاپ كېچە-كۈندۈز ھارماي-تالماي ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پىداكارلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرەلەيدىغان زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ياخشىلىقلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئاجىز، ھەتتا بەزىسى ئېتىراپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

ۋەتەن ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆمۈرنى تەقدىم قىلىش قاتارلىق پىداكارلىقلار ناۋادا ئىنسانلارنىڭ تىلىدا داستان بولۇش، مەشھۇر بولۇش ۋە ئابروي قازىنىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان بولسا ئىدى، بۇ پىداكارلىقلار ھەرگىزمۇ روياپقا چىقمىغان بولاتتى. چۈنكى، بۇ ئىشلار مىننەتسىز قىلىش بىلەنلا نەتىجە بېرىدىغان ئۇلۇغۋار خىزمەتلەردۇر. بۇ پىداكارلىق ۋە خىزمەتلەر ئاللاھ تائالاغا يارىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا بۇ پىداكارلىق ۋە بۇ خىزمەتلەرنى قىلغان كىشىلەرنى مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولمىسۇن، يا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئىنسانىيەتنى جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ئىلىم-ئېرپانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر، خۇسۇسەن، بۇ يولدا كۆپ جاپا چەككەن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق زاتلار بۇ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن يادلىنىپ، دۇئا-سالاملار يوللىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، توكنى ئىجاد قىلغان ئېدىسونغا ئوخشاش كىشىلەر گەرچە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىپ نام-نىشانى ياد ئېتىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى بۇنداق مۇكەممەل دەرىجىدە بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ

رازىلىقىنى كۆزلەپ، مىننەتسىز قىلغان ئادەم چوقۇم پايدا تاپىدۇ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان ئادەم ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭدىن كۆرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇكاپاتى ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن باشقا بىرىدىن كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن تىل-ئاھانەت ۋە غەيۋەت-شىكايەتتىن باشقىسىنى كۆرەلمەيدۇ. نۇرغۇن ئىنسانلار مۇشۇنداق تۇزكور، يۈزسىز ۋاپاسىز تۇرسىمۇ، ياخشىلىقلار، ياردەم قىلىشلار داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق قىلغۇچىلار ئومۇمەن ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياخشىلىق قىلىنغان كىشىلەردىن كۈتمەيدۇ.

ئەرەب ماقال-تەمسىللىرىدە «باشقىلارغا گۈل تارقاتقان كىشىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ» دەيدۇ.

دوستلىرىڭىزغا، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا ۋە قوشنىلىرىڭىزغا ئۇلارغا بىلدۈرمەي ياردەم قىلىڭ، كۆڭلىڭىزدە ئۇلاردىن بىرەر مۇكاپات ياكى مىننەتدارلىق كۈتۈش بولمىسۇن.

ئاتىغان سەدىقىڭىزنى سىز تونۇمايدىغان موھتاجلارغا بېرىڭ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ياكى ئادرېسىنى سورىماڭ. تۇغقانلارغا سەدىقە قىلىشنىڭ ھەم تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرغانلىق ھەم سەدىقە قىلغانلىق بولۇپ ئىككى ھەسسە ساۋاب بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇماڭ.

بىرەر يېقىنىڭىزنى بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇڭ، ئەمما ئۆزىڭىزنى بىلدۈرمەڭ.

زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىڭ، ھېچ ئىش قىلالمىسىڭىز ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولۇڭ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ.

بىر ھەپتە ئىچىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ خالىسانە ئىش قىلىپ قويۇڭ، ئۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ.

ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ بىرەر كېسەلنى زىيارەت قىلىڭ ۋە دوختۇرخانىلارنى كېزىپ چىقىڭ. شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك كاتتا نېمەت ئىچىدە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا چوقۇم شۈكۈر قىلىسىز.

سىز كۈچ-قۇۋۋىتىڭىزنى، ۋاقتىڭىزنى ۋە ئەقلىڭىزنى باشقىلارغا مىننەتسىز ياردەم قىلىش يولىدا سەرپ قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزگە سىزنى قاتتىق كۈنلەردىن ساقلايدىغان زاپاس ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ، ئۆزىڭىزنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك ھېس قىلىسىز.

ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر-ئايال قاتتىق جۇدۇنلۇق بىر كېچىدە مېھمانخانا ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مېھمانخانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ سوغۇق كېچىدە ئىسسىققىنا ئارام ئالماقچى بولىدۇ. ئەمما، مۇلازىمەتچى يىگىت مېھمانخانىدا بوش ھۇجرا قالمىغانلىقىنى ئەپسۇسلۇق بىلەن ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك كىچىك ھۇجرىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا كېرەكلىك خىزمەتلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ياشانغان ئەر-ئايال كېچىنى راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى يىگىت بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ: «سىز ياخشى بالا ئىكەنسىز، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق مېھمانخانىغا مۇدىر بولۇشقا لايىق ئىكەنسىز» دەيدۇ.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتىدۇ. يىگىت ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەمما ياشانغان ئەر-ئايال يىگىتنى ئۇنتۇمىغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە، كاتتا بىر مېھمانخانا سالغاندىن كېيىن، دەرھال يىگىتنى چاقىرىپ كېلىپ، مېھمانخانىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇلار مېھمانخانىنى ئۆز فامىلىسىدە «ۋىلىيام ۋالدورف ئاستۇر مېھمانخانىسى» دەپ ئاتايدۇ. جورج بولدىن ئىسىملىك ھېلىقى يىگىت بۇ مېھمانخانىغا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 23 يىل مۇدىر بولىدۇ

ھېچقانىداق مىننەتدارلىق ياكى مۇكاپات كۈتمەستىن، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بىزنى ماددىيلىق بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىپ، تەرىپلەپ بولغۇسىز بەخت-سائادەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

شۇڭا، سىز كىشىلەرگە مىننەتسىز ياخشىلىق قىلىڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان دەرىجىدە كۆرىسىز، ئىلاھىي شەپقەت سىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خەتەرلىرىدىن ساقلايدۇ.

# بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى» دېگەن سۆزى ھەربىر مۇسۇلمان ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تولىمۇ ھېكمەتلىك، ئىخچام ۋە مېغىزلىق سۆزدۇر. مۇسۇلمان ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ھۆرمەتلىك كىشى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىگە داغ چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن يىراق تۇرۇشى، مەردلىك ۋە سېخىيلىق قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشى، ئۆزىنى بۇ دىنغا لايىقلاشتۇرۇشقا، باشقىلارغا بىچارە، موھتاج، تەمەخور، ھورۇن، نان قېپى كۆرۈنمەسلىككە ۋە ئۇنداق بولماسلىققا ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە ھۆرمىتى مۇسۇلمانلارغا باغلىق. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىنى كۆتۈرگەن بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلار چۈشۈرمەكتە. زامانىمىزدا شۇنداق مۇسۇلمانلارمۇ باركى، ئۆزلىرىنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىشقا ئەسلا لايىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇلاردا ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، تەمەخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، ھورۇنلۇق، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

كۈنىمىزدە كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار ئەڭ سەل قاراۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھالال-ھارام مەسىلىسىدۇر. ھارام يېيىش باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ يېيىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغاننى ئېلىش، تېنى ساغلام، كۈچلۈك، ياش تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش، خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى تارقاتقان ياردەمنى ئۆزىدىن ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىلەر: «خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى تارقاتقان ياردەمنى ئالغان كىشى كەمبەغەللىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋالمىغان تۇرسا، قانداق ھارام يېگەن بولىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. دەيمىزكى، ياردەمگە تېگىشلىك بولمىغان كىشى شۇ ياردەمنى ئېلىش ئارقىلىق ياردەمگە ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىسىنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولىدۇ. چۈنكى، ناۋادا ئۇ ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئالمىسا، ئۇنىڭ ئالىدىغىنىنى ھەقلىق كىشى ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئادەم پۇل-مالنى

نەدىن تاپتى؟ ھالالدىنمۇ، ھارامدىنمۇ؟ ھېچ ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ»[1].

***ھالال - ھارامنى ئايرىماسلىقنىڭ زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:***

1. ھارام پۇل-مالنىڭ بەرىكىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا جازانە قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ جازانىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) تۈزۈتۈۋېتىدۇ، سەدىقىنى (ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ»[2]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھارامنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان جازانىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ھەرقانداق ھارامنىڭ بەرىكەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

2. ھارام دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ‹ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىمەن› [3]، ئاللاھ مۇئمىنلەرگىمۇ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغاننى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ‹ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار› [4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى رەببىم! ئى ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن؟!»[5]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا لايىق ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلسىمۇ، ھارامدىن ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ساھابىلەر يېمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ ھالال بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇلار ھالاللىقى ياكى ھاراملىقىدا ئازراق شۇبھە بولغان نەرسىلەردىنمۇ خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قاچاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان يېمەكلىكنى يەپ بولۇپ، ھالاللىقىدا شۇبھە بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قولىنى ئاغزىغا تىقىپ ناھايىتى تەسلىكتە

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] سۈرە بەقەرە، 276 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 51 - ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە، 88 - ئايەت
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ياندۇرۇۋەتكەنلىك قىسسىسىمۇ ساھابىلەرنىڭ ھارام يېيىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر.

3. ھارام قەلبنى بۇزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبنىڭ ساغلام بولۇشى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھالال بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھالالمۇ، ھاراممۇ ئېنىقتۇر. لېكىن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك (يەنى ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بولمىغان) نەرسىلەرمۇ بار، كۆپ ئادەملەر بۇنى بىلمەيدۇ. كىمكى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە پاكلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ؛ شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالسا، خۇددى چېگرا ئەتراپىدا قوي باققان كىشىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولغاندەك ھارامغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بىلىڭلاركى، ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ چېگراسى ئۇنىڭ ھارام قىلغان ئىشلىرىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزەلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسا قەلبتۇر»[1]. ئىمام ئەھمەد دىللار نېمە بىلەن يۇمشايدۇ؟ دەپ سورالغاندا، «ھالال يېيىش بىلەن»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

4. ھارام ئەمەل-ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «خەيبەر غازىتى كۈنى ئارىمىزدىن بىر كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، كىشىلەر: ‹پالانى شېھىت بولدى› دېيىشتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ياق، مەن ئۇنى غەنىيمەت مېلىدىن ئوغرىلىغان بىر چاپان سەۋەبلىك دوزاختا كۆردۈم› دېدى، ئاندىن ماڭا: ‹ئى ئۆمەر! كىشىلەرگە: جەننەتكە پەقەت مۇئمىن ئادەملا كىرىدۇ، دەپ ئېلان قىلغىن› دېدى. مەن كىشىلەرنى چاقىرىپ ئېلان قىلدىم»[3].

5. ھارام جەننەتكە كىرىشكە توسالغۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم قىلىپ ئېلىۋالىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنى دوزاخقا لايىق قىلىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئازراق نەرسە بولسىچۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋابەن: «گەرچە دەرەخنىڭ بىرەر شېخىغا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ»[4] دېگەن.

6. ھارام قەبرە ئازابىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «مناقب الإمام أحمد»، 255-بەت.

[3] ئىمام مۇسلىم ەىۋايىتى.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، «ھۇنەيـن غازىتىـدا ئالتـۇن ياكـى كۈمـۈش ئەمـەس، پەقـەت مال-چـارۋا، كىيىم-كېچەك دېگەنـدەك نەرسـىلەرنىلا غەنىيمـەت ئالغـان ئىـدۇق. رىفائە ئىبنـى زەيـد پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامغا مىدئـەم ئىسـىملىك بىـر قـارا تەنلىـك قـۇل ھەدىيـە قىلغـان ئىـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بىلـەن ۋادىلقـۇرا دېگـەن جايغـا بېرىـپ چۈشـتۇق، مىدئـەم پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يۈك-تاقلىرىنـى چۈشۈرۈۋاتاتتى، توسـاتتىن بىـر ئـوق كېلىـپ ئۇنىڭغـا تەگـدى ۋە ئۆلـدى. كىشـىلەر: ‹ئۇنىـڭ شېھىت بولغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن!› دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغـا: ‹يـاق، جېنىـم ئىلكىـدە بولغـان زاتنىـڭ نامـى بىلـەن قەسـەم قىلىمەنكـى، ئۇنىـڭ قەبرىسـى ئـۇ ھۇنەيـن غازىتىـدا غەنىيمەتتىـن ئوغرىلىغـان بىر كىيىم سـەۋەبلىك ئوتقـا ئايلانـدى› دېـدى. ئاندىـن بىـر كىشـى بىـر ياكـى ئىككـى بوغقۇچنـى ئېلىـپ كېلىـپ: ‹يارەسـۇلۇللاھ! مـەن بۇنـى خەيبـەر غازىتىـدا ئالغـان ئىدىـم› دېـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇنىڭغـا: ‹بىـر ياكـى ئىككـى بوغقـۇچ بولسـىمۇ دوزاخقـا سەۋەب بولىدۇ› دېدى»[1].

قۇرئـان كەرىمنىـڭ كۆرسەتمىسـى بويىچـە زاكات ۋە سـەدىقە مۇنـۇ ئايەتتـە كۆرسـىتىلگەن شەخسـلەرگە ھـالال بولـىدۇ: «زاكات پەقـەت پېقىرلارغـا، مىسـكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغـا، دىللىرىنـى (ئىسـلامغا) مايىـل قىلىـش كـۆزدە تۇتۇلغانلارغـا، قۇللارنـى ئـازاد قىلىشـقا، (قايتۇرالمايدىغـان) قەرزدارلارغـا، ئاللاھنىـڭ يولىغـا، يـول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ»[2].

ھازىـر ئىقتىسـادىي ياردەمگـە موھتـاج بولۇۋاتقانـلار ئاساسـەن ئىككـى تۈرلـۈك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پېقىرلار بىلەن مىسكىنلەردۇر.

پېقىـر — پۇل-مېلـى زاكات ئايرىـش ئۆلچىمىگـە يەتمىگـەن كۈندىلىـك تۇرمۇشـىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مىسـكىن — ھېچقانـداق مال-مۈلكـى، ھەتتـا يېتىـپ قوپىدىغـان ئۆي-جايىمـۇ يـوق ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. مىسكىننىڭ ئەھۋالى پېقىرنىڭكىدىن ناچار بولىدۇ.

ئـاز بولسـىمۇ ئائىلىسـىنىڭ يېمەك-ئىچمـەك، كىيىم-كېچـەك، دورا-دەرمـەك، پەرزەنتلىرىنـى ئوقۇتـۇش، ئائىلىسـىدىكىلەرنى داۋالىتىـش قاتارلىـق چىقىملىرىغـا يەتكـۈدەك ئىقتىسـادى بـار ئـادەم پېقىـر ياكـى مىسـكىن كاتېگورىيەسـىگە كىرمەيـدۇ. شـۇڭا، ئۇلارنىـڭ خەيرىيـەت جەمئىيەتلىرىدىـن ياكـى شەخسـلەردىن يـاردەم ئېلىشـى ھـالال ئەمـەس، شـۇنداقلا ئۇلارغـا زاكات ياكـى سـەدىقە بېرىـش دۇرۇس بولمايـدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سۇرە تەۋبە، 60-ئايەت.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ زاكات ياكى سەدىقە يېيىشى ھالال ئەمەس. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم كېچەك، دورا-دەرمەك قاتارلىق بارلىق ئېھتىياجلار ھالالدىن بولمىسا، دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ، ھەتتا ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولماسلىق خەۋپى بار. شۇڭا، تۇرمۇشتا ھالال-ھارام مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم. ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ ئازابى بار.

تۆۋەندىكىلەرگە ياردەم ھالال بولىدۇ:

1. گەرچە ئۆزى ياش، كۈچى بار بولسىمۇ، ئىش تاپالمىغانلىقتىن ياكى تاپقان پۇلىنى ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن ۋە ياكى پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىراجەت تاپالمىغانلىقتىن، خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى ياكى شەخسلەردىن ياردەم ئالغان كىشىلەر ھارام يېگەن سانالمايدۇ، ئۇلارغا زاكات ۋە سەدىقە ھالال بولىدۇ.

2. گەرچە ئۆزى ياش بولسىمۇ، كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغان كىشىلەر مەيلى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىدىن بولسۇن ياكى شەخسلەردىن بولسۇن ياردەم ئالسا ھالال بولىدۇ.

3. ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغان، باققۇچىسىمۇ بولمىغانلىقتىن يوقسۇللۇق تارتىپ قالغان كىشىلەرگە زاكات ۋە سەدىقە بېرىشكە بولىدۇ. ئۇلار قايسىبىر تەرەپتىن ياردەم ئالسا ھالال بولىدۇ.

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پۇل-مال سورىغان ئىدىم، بەردى. يەنە سورىۋىدىم، يەنە بەردى. ئۈچىنچى قېتىم سورىۋىدىم، يەنە بەردى. ئاندىن ماڭا مۇنداق دېدى: ‹ئى ھەكىم! پۇل-مال دېگەن ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان تاتلىق نەرسە. كىمكى ئۇنى قانائەتچانلىق بىلەن ئالسا، بەرىكەت قىلىدۇ، ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئالسا، بەرىكەت قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەم يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر› . مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹يارەسۇلۇللاھ! سىلىنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلىدىن كېيىن ھېچكىمدىن بىر نەرسە ئالمايمەن› دېدىم»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋەھيى تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلەنگەن زاتلار بولۇپ، مال-دۇنيا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئەمەس قولىدا، بېشىدا ئەمەس، ئاياقلىرى ئاستىدا ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مال-دۇنيانى ئىسلام دەۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتەلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، باشقىلارغا يۈك بولۇۋالماسلىق، ئېغىرلىقنى سالماسلىق، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەمە قىلماسلىق ئاساسىدا تەربىيەلەپ چىققان بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇستازلىرىغا ئايلانغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن.

بەزى رىۋايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا ئەھدە ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەۋف ئىبنى مالىك ئەل ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەتتە، سەككىز ياكى توققۇز كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بەيئەت قىلمامسىلەر؟› دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز قوللىرىمىزنى ئېچىپ: ‹سىلىگە بەيئەت قىلدۇق ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نېمىگە بەيئەت قىلىمىز؟› دېيىشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىققا بەيئەت قىلىڭلار› دېدى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزدىن بىرەرسىمىزنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ‹شۇنى ئېلىپ بېرىڭ› دېيىشتەك ئىشتىمۇ كىشىلەردىن ياردەم سورىمايدىغان بولۇپ كەتتۇق»[1]. ئىمكانقەدەر كىشىلەردىن ياردەم سورىماسلىق ۋە ھەركىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىسلام دىنىمىز تەرغىپ قىلغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بەرگەنلەر ھەر زامان ئالغانلاردىن ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەتلىك بولۇپ كەلگەن. قۇياش يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈكتۇر. تەبىئەت ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن ئىنسانلارغا ھۇزۇر بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىكتۇر. ئىنسانلارمۇ ئېلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بېرىش، تەقدىم قىلىش ئارقىلىق سۆيۈلىدۇ، قەدىرلىنىدۇ. تارىختىن بېرى ئالغانلارنىڭ ئەمەس، بەرگەنلەرنىڭ نامى يادلىنىپ كەلمەكتە. ۋەتەن ئۈچۈن ئىسسىق جېنى ۋە پۇل-مېلىنى تەقدىم قىلغانلارنىڭ ھەيكەللىرى تىكلىنىپ، ناملىرى يادلىنىپ كەلگەن. ئىنسانىيەت تارىخىدا، باشقىلارغا يۈك بولۇپ ياشىغانلارنىڭ، بېرىشتە يوق، ئېلىشتا بارلارنىڭ نام نىشانى قالغىنى يوق. ئەكسىچە، بەرگەنلەرنىڭ، مەردلەرنىڭ ۋە سېخىيلەرنىڭ نام-شۆھرىتى ئەسىرلەردىن بېرى خاتىرلىنىپ كەلمەكتە.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە: «كىمكى ئۆزىنى پاك تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى پاك قىلىدۇ. كىمكى كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشتىن ساقلىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى باشقىلارغا موھتاج قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ھەقىقەتەن، ھاجەتلىرىنى ئاللاھتىن باشقىسىدىن تىلىمىگەن، ئۆزىگە تايانغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارغا قانائەتتىن ئىبارەت تۈگىمەس بايلىق ئاتا قىلىدۇ، كىشىلەر ئالدىدا ئىززەت-ھۆرمىتىنى زىيادە قىلىدۇ.



[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## پەرزەنتلىرىمىزدە ۋەتەن سۆيگۈسى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە

ئەقىللىق ئاتا-ئانىلارغا ئايانكى، پەرزەنت تەربىيەسى ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئالغان تەربىيەسى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تەربىيەدۇر. يەنە شۇ ھەقىقەتنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەشنى ئويلىغان ھەرقانداق ئاتا-ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ياخشى تەربىيەلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پەرزەنتىگە قىلغان تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە ۋەتەن سۆيگۈسى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇلارنى ئۆز قەلبىدە يەرلەشتۈرۈشى لازىم. ۋەتەنىدە بىغەم ياشىغان بولسىمۇ، چەتئەللەرگە چىققاندىن كېيىن، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتمىغان، ۋەتەن سۆيگۈسىگە تەشنا بولمىغان، ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك؟ «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دەيدىغان ئاتا سۆزى شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

ئۆز ۋاقتىدا ۋەھىي تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلىنىپ قۇدرەت تېپىپ، پارس ۋە رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت ھەيۋىسى بىلەن دۇنيانى تىترىتىپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا سوزۇلغان بىپايان تۇپراقلاردا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ھاكىمىيەت سۈرگەن مۇسۇلمانلار، يېقىنقى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى باش كۆتۈرگەن جاھالەت ۋە نەپسانىيەتچىلىك سەۋەبىدىن، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن چەتنەپ، ئىسلام ئەخلاقىدىن يىراقلىشىپ، قۇرئان كەرىمدە تەكىتلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى، ئۆز ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىم پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار مەدرىسەلەردىكى دەرسلىكلەردىن، خۇسۇسەن ۋەتىنىمىز مەدرىسەلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالالماي كەلدى. مۇسۇلمانلار ئىسلام شەرىئىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ ئىززىتى ۋە ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلدى. شۇ سەۋەبتىن، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئىسلام دۆلەتلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، خەلقلىرى قۇل، بايلىقلىرى تالان-تاراج قىلىندى.

140

شۇنداق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار تېخىچە ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشنىڭ دىنىنى قوغداشقا ئوخشاشلا زۆرۈر مەجبۇرىيەت، ھەتتا دىنىنى قوغداشنىڭ قالقىنى ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل ۋەتەن بولمىسا دىنىنىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەي كەلمەكتە. بۇنىڭ مىسالى، ختاي كوممۇنىستلىرىغا يەم بولۇپ قىرىلىپ تۆكەش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، نادانلىق ۋە جاھالەتتە قالدۇرۇلۇپ، ۋەتەنسىزلىك دەردىدە ئاھ ئۇرۇپ، ھەر يەردە خار-زارلىقتا تېپچەكلاۋاتقان ئۇيغۇرلار يەنى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردۇر. گەرچە بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ بىر مەزگىل روناق تاپقۇزغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىختىلاپ، تەپرىقە سەۋەبىدىن دۆلەت پارچىلاندى، كۈچى ئاجىزلىدى، كاپىرلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ مۇنبەت، باي تۇپرىقىمىزغا كۆز قىزارتتى. نەتىجىدە، قۇدرەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى يىقىلدى. ئاپاق غوجا دەۋرىگە كەلگەندە ئىختىلاپ، تەپرىقە، نادانلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، جانجىگەر قېرىنداشلار ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ، بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى. نەتىجىدە، دۆلىتىمىز يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدا تالان -تاراج بولدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشى، ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، ئۆز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە بارا-بارا خەلقىمىز شەخسىيەتچى، قورقۇنچاق، قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدىن ۋەتەنپەۋەرلىك روھى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكى، مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ئاستا -ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەكتەپ-مەدرىسەلىرىمىزدىمۇ بۇ ماۋزۇدا دەرسلىك ۋە تەلىم-تەربىيە بولمىدى. شۇنداقلا، ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جانباقار مولللارنىڭ ۋەز-تەبلىغلىرىدىمۇ مۇنداق بىر مەزمۇنغا ئورۇن بېرىلمىدى. ھەققانىيەتچى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تىلى باغلىنىپ، خەلققە دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىندى. نەتىجىدە، خەلقىمىز دىنىمىزنىڭ ئەمەل-ئىبادەت قىسمىنىلا ئۆگىنىپ، دىنىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈتقۇسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى. شۇ سەۋەبتىن، بىزدە ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش ئېڭى يېتىلمەي كەلدى.

ئەمدىلىكتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشى، ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىشى ۋە ئۆگىنىشكە ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭى ئۆزگەرمەكتە. توغرىسى، مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ روھىنى چۈشەنمەكتە. ۋەتەن سۆيگۈسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇلارنىڭ قەلبىدە قايتىدىن بىخلاندى. تاكى يېقىنقى كۈنلەرگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق بىر قىسىم ئىسلام

دۆلەتلىرىدە بىدئەت سانىلىدىغان مۇستەقىللىق بايرىمى، جۇمھۇرىيەت بايرىمى قاتارلىق بايراملار ناھايىتى ھەشەمەتلىك تەبرىكلىنىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا دۆلەت بايرىقى جەۋلان قىلىدىغان، خەلق خۇشال-خۇراملىق ۋە ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا بايرام ئۆتكۈزىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

## نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە قانداق قىلىشىمىز ، نېمە قىلىش كېرەك؟

ئۆتكەن ئۆتتى، كەتكەن كەتتى، ئەمدى ئۇيقۇمىزنى ئاچىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئەگەر بىز ئەمدى ئويغانمىساق، ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ، تىلىمىز، دىنىمىز ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى دۆلەتتە ياشىسۇن، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئاز-تولا تەسىر ئالمايدىغىنى يوق دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ياۋروپالىقلارنىڭ زېمىن تالىشىپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى چىقارغانلىقى، يۈز مىڭلارچە تۈركنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا چاناققەلئە ۋە باشقا جايلاردا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلىپ شېھىت بولغانلىقى، ئالجىرىيەدە ئىككى مىليون كىشىنىڭ ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن شېھىت بولغانلىقى ھەرقانداق ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىسىنى تەقدىم قىلالايدىغان بولۇشى پەرزەنتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شۇڭا، ئانا ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتكەن ھەربىر ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئاۋۋال ئۆز قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇشى شەرت.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ۋەتەن، ئانا تۇپراققا ئائىت ماتېرىياللار بولۇش، مۇمكىن بولسا پەرزەنتلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ۋەتەن ھەققىدە پاراڭلارنى سېلىش، ۋەتەننىڭ تارىخى، گۈزەل تاغۇ-دەريالىرى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى، داڭلىق ئالىم-ئۆلىمالىرى، قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىش، رەسىملىك كىتابلارنى ۋە ياكى كارتون فىلىملەرنى بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈش قاتارلىقلار ئاددىي ئەمما ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردۇر. باللارغا ئىمان، ئىسلام ئۆگىنىشتىن قالسا، ئەڭ زۆرۈر ئىش ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشتۇر. چۈنكى، بىزنى

مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالىدىغان ئەڭگۈشتەر دىنىمىز ۋە تىلىمىزدۇر. دۈشمەنلىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى بىلگەنلىكتىن، ئەڭ ئاۋۋال بىزنى بۇ ئىككى ئەڭگۈشتىرىمىزدىن ئايرىۋېتىشكە تىرىشىپ كەلدى.

مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئېچىشقا شارائىت يار بېرىدىغان جايلاردا ساپالىق ۋە سەۋىيەلىك ھەممىدىن مۇھىمى، يۇرتى ئىمان ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىگە تولغان ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلارنى تاللاشقا ۋە دەرسلىك پروگراممىلارنى يېڭىلاپ، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادىتى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن ھەر ساھە ئالىملار، قوماندانلار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ، قايتا تۈزۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## پەرزەنتلەرگە دۇئانى ئۆز تىلىمىزدا قىلىشنى ئۆگىتەيلى

«الدعاء» (دۇئا) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى: چاقىرىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىستېمالدا: ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى ئۆتۈنۈپ تىلەش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «دۇئا — ئىبادەتتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

دۇئادا بىزگە قاتمۇقات پايدا بار. دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىمىز، تىلەكلىرىمىزگە ئېرىشىمىز، بەزى تىلەكلىرىمىز ۋاقتىدا ئىجابەت بولماي، مەنپەئەتىمىزگە ئۇيغۇن ۋاقىتتا ئىجابەت بولىدۇ، ناداۋا ھېچ ئىجابەت بولمىسا، تىلىكىمىز ئورنىغا باشقا بىر ياخشىلىق ئاتا قىلىنىدۇ ياكى يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالىمىز. ئىشقىلىپ، ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان دۇئالار ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. دۇئا ئەڭ ئوبرازلىق ۋە ئەڭ سەممىي ئىبادەتتۇر.

«نامازدا دۇئانى ئەرەبچە قىلمىسا بولمايدۇ، نامازدا دۇنيالىق نەرسىلەرنى تىلەپ دۇئا قىلسا بولمايدۇ» دەيدىغان پەتۋالارنى كىچىك ۋاقتىمدا كۆپ ئاڭلايتتىم. راستىنلا شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ كۆپلىگەن ئەرەبچە دۇئالارنى يادلىۋالغان ئىدىم. ئەمما، ئۇ دۇئالارنى مەنىسىنى بىلمەيلا ئوقۇيتتىم، ئاللاھ تائالادىن نېمىنى تىلەپ، نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم، ئىشقىلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلدىم دەپ ئۆزۈمنى خۇش قىلاتتىم. ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمدىمۇ بۇ ھەقتە ئىزدەنمىگەن ئىكەنمەن.

ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلمىي خىزمەت ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولدۇم. مەن ئىزدىنىش جەريانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى نامازدا بولسۇن ياكى باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئۆز تىلىدا دۇئا قىلسا بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا سەجدىلەردىمۇ ئۆز تىلىدا خالىغان نەرسىلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدىم.



---

[1] سۈرە غافىر، 60-ئايەت.

[2] سۈنەن تىرمىزىي، 2969-نومۇرلۇق ھەدىس.

بۇ مەسىلىنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ «پەرز نامازلارنىڭ سەجدىلىرىدە ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا دۇئا قىلسا، ھەدىستە كەلمىگەن دۇئالارنىمۇ قىلسا ۋە خالىغان تىلەكلەرنى تىلىسە بولامدۇ؟» دېگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، 262254-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەرەب ئەمەس كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى قىيىن بولىدىغان كىشىلەرنىڭ نامازدا ئۆز تىلىدا دۇئا قىلىشى جائىزدۇر. دۇئادا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىنى تىلىسە بولىدۇ، ھەدىستە كەلگەن دۇئالارنىلا قىلىش شەرت ئەمەس» .

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «دۇئانى ئەرەبچە ۋە باشقا تىللاردا قىلىش جائىز. دۇئا قىلغۇچى گەرچە تىلەكلىرىنى تىلى بىلەن ئىپادىلىيەلمەي قالسىمۇ، ئاللاھ دۇئا قىلغۇچىنىڭ مەقسىتىنى بىلىدۇ، دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ ھەر خىل تىللاردا تۈرلۈك تىلەكلەر بىلەن قىلغان مۇناجاتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم ئىبن ئۇسەيمىين مۇنداق دېگەن: «بەزى ئۆلىمالار سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدا ئاساسى يوق. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ. دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. ئۇنىڭ ‹بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار› دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، ھەرقانداق دۇئانى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ».

ھەرقانداق ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆز تىلىدا دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى، ئاتا-ئانىلىق بۇرچ پەرزەنتلەرنى ئوبدان بېقىپ، سۈپەتلىك ئوقۇتۇپ قويۇش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن كېرەك بولغان بىلىم ۋە قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىشى لازىم.

ھەركىم ئۆز تىلىدا دۇئا قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالادىن نېمىنى تىلەپ، نېمىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ ۋە دۇئادا دىل بىلەن تىل بىرلىشىدۇ. شەكسىزكى، دىل بىلەن تىل بىرلەشكەن دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن. بۇ ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي دۇئاغا «ئامىن» دېگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا.

ئاللاھ تائالا ھەممە تىللارنى بىلىدۇ، ھەممە تىللاردا قىلغان دۇئالارنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا، دۇئالىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا قىلىشىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزگىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىشىمىز بىز ئۈچۈن ياخشى. ئەرەبچە بىلىدىغان قېرىنداشلار دۇئانى ئەرەبچە قىلسا، ئەرەبچە بىلمەيدىغانلار ئۆز تىلىدا قىلسا ئەۋزەل. مۇھىم بولغىنى، نېمە دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە ئاللاھ تائالادىن نېمىلەرنى تىلىگەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشىمىزدۇر. بۇنداق قىلىش دىلىمىز بىلەن تىلىمىزنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ سەمىمىي دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغاي، ئامىن.

# پەيغەمبىرىمىزنى قانداق قوغدايمىز

ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ چوقۇم دۈشمىنى بولىدۇ. دۈشمىنى بولمىغان بىرمۇ ھەقىقەت يوق. تالاش-تارتىشسىز بىردىنبىر ھەقىقەت بولغان ئاللاھ تائالانىڭمۇ دۈشمەنلىرى بار. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىلىرى، ئەدەپ-ئەخلاق نەمۇنىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرىپ: «ھەربىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلار ئىچىدىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق»[1] دېگەن. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى ئالاھىدە كۆپ ۋە ھەرخىل بولغان. «ئى پەيغەمبەر! (بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق»[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئېلىپ كەلگەن دىنى ھەق بولغان ئىكەن، دۈشمەنلىرىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان دۈشمەنلىكنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇشى ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. شۇڭا، بۇ دۈشمەنلىكنىڭ داۋاملىشىشى ئەمەس، بەلكى توختاپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك.

پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ۋاپادار ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سادىق دوستى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەگەشكەن بولۇپ، ئۆزى بىلەن جەمئىي تۆت نەپەر مۇسۇلمان مەخپىي دەۋەتنى باشلىدى. ئەپسۇسكى، ئەڭ ئىشەنگەن تاغىلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ دۈشمەن بولۇپ، ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر ھاقارەتلەرنى قىلدى. ئۇنى «يالغانچى»، «سېھىرگەر»، «مەجنۇن (ساراڭ)» دەپ ھاقارەتلىدى. قەۋمى ئۇنى مەككىدە تۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، جېنىغا زامىن بولۇش ئۈچۈن سۇيىقەستلەرنى پىلانلىدى. ئاخىرى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەككىنى تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنى قوللىشىنى ئۈمىد

---

[1] سۈرە فۇرقان، 31-ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 112-ئايەت.

قىلاتتى. چۈنكى، مەككە مۇشرىكلىرى ساماۋى دىنىنى بىلمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان بولسا؛ مەدىنە يەھۇدىيلىرى ساماۋى دىن ئەھلى بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە بۇرۇن مۇشرىكلارغا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بىلەن تەھدىت سالاتتى، يەنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ مۇشرىكلارنى يوق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئەمما، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئەرەبلەردىن كېلىۋىدى، ئەھلى كىتابنىڭ ئۇغىسى قايناپ، بۇنى قوبۇل قىلالمىدى، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى، يەھۇدىيلارنىڭ مولللىرى، خىرىستىيانلارنىڭ پوپلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى. ئاۋام-خەلققە ساماۋى كىتابلارنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈردى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» بېشارەتلىرىنى يوشۇردى، تەۋىل قىلدى، ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى، ئەمما ئەھلى كىتابنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى مەۋقەسى ھېچ ئۆزگەرمىدى.

19-ئەسىردىن باشلاپ، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى، خۇسۇسەن بىيولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا پەنلەردە زور ئىلگىرىلەشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە، قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنيا خەلقىنى، خۇسۇسەن غەربتىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى قايىل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال كۈچلەرنىڭ ئۇغىسى قايناشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا باشلىغان قانداقلا بىر دىن ۋە قانداقلا بىر پەلسەپىگە جېنى بىلەن قارشى تۇرىدىغان، ئۆزلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدىغان تەلۋىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇنى مۇتەئەسسىپلىكتىنلا قىلمايدۇ، بەلكى ھەسەت، ئىچى تارلىق، مەنمەنچىلىك ۋە دۈشمەنلىك قاتارلىق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىدۇ.

ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان دۈشمەنلىكى يېڭى، ئۆتكۈنچە دۈشمەنلىك ئەمەس. چۈنكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تارىخىي ۋە مەڭگۈلۈك ئۆچمەنلىك بولۇپ، بۇ خۇددى شەيتانلارنىڭ ئادەم باللىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىگە ئوخشاش تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئۆچمەنلىكتۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزمىگۈچە توختىمايدۇ، ئۇلاردىن رازى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق يەتكۈزگەن: «(ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە، ئۇلار

سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ».[1]

تارىختىن بېرى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان رادىكاللىرىنىڭ ئىسلام دىنى، قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىگە قارشى چاپلىمغان تۆھمەتلىرى، ئېيتمىغان يالغانلىرى ۋە قىلمىغان ھاقارەتلىرى قالمىدى. ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىدە، مۇئەللىملىرى مەكتەپلەردە ھەمىشە ئىسلام دىنىنى ئاساسسىز قارىلاشقا، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنى كىشىلەرگە سەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئۇلار ئىسلام تارىخى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يالغان ۋە تۆھمەتكە تولغان خىيالىي قىسسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىنمۇ زېرىكمىدى.

ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، سەككىز قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى قوزغاش ئارقىلىق شەرق ئىسلام ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى، بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولدى، مەسجىد، مەدرىسەلەرنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى. غەرب رادىكاللىرى بۇ جىنايەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن ۋە ھېچبىر سەۋەبسىز قىلدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ دىنى ياكى پەيغەمبەرلىرىنى سۆكمىدى، ھەتتا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىمانىنىڭ شەرتلىرىدىن ساناپ، ئۇلارنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ كەلدى. مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدىكى يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە باشقا دىندىكىلەرگە ھەققەتەن كەڭ قورساقلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىدى، دىنىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ باقمىدى. بۇنىڭغا تارىخ ۋە رېئاللىق گۇۋاھ.

ئۇنداقتا ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى رادىكال كۈچلەرنىڭ دەردى نېمە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا بۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى خۇددى بىز باشتا ئېيتقاندەك، ئىسلامنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىدا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشىدىن ئەنسىرەش ۋە كۆرەلمەسلىكتۇر. ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال شەخسلەر ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغان پەيغەمبەرنىڭ راستىنلا تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا خەۋەر بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى قايىل قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولغان ۋە بۇ تەسىرنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئوبرازىنى بورمىلاش، خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرۈش

[1] سۈرە بەقەرە، 120-ئايەت.

ئۇچۇن تىرىشىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى رادىكال شەخسلەر ئىسلام دىنىنى تىنچلىقنى خالىمايدىغان، ئۇرۇشقاق، باشقا مەدەنىيەت ۋە دىنلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارغا يول قويمايدىغان رادىكال دىن قىلىپ كۆرسىتىش يولىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىرىشىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇ رەزىل غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۆۋەندىكى چارىلەرنى قوللانماقتا:

1. قۇرئان كەرىمنى غەربلىك ۋە ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلارنىڭ، ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى مەۋقەدىكىلەرنىڭ تەۋىللىرى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىسىنى، ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئوبرازىنى پۇچەكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆز خاھىشى ۋە رەزىل غەرەزلىرى بويىچە تەۋىل تارقىتىش دولقۇنى ئەۋجگە چىققان بولۇپ، بۇ ماۋزۇدا نۇرغۇنلىغان يالغان-ياۋىداق ھېكايىلەر نەشر قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتىكى دولقۇندا غەرب دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن جەمئىيەتشۇناسلار، سىياسىيونلار، مۇتەپەككۇرلار ئىسلامغا قارشى ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن.

2. ئەنگلىيەدىكى ھىندىستانلىق سالمان رۇشدىغا ئوخشىغان بەزى رادىكال يازغۇچىلار ئىسلام ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان رومان، قىسسىلەرنى يېزىپ، ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدىكى زىيالىلارنىڭ كاللىسىغا ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سالمان رۇشدىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى توغرۇلۇق يازغان «شەيتان داستانى» ناملىق رومانى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتكەندەك، مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنىمۇ غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. چۈنكى، مۇنداق يالغان قىسسىلەرنى تىزىپ رومان قوراشتۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى زەدىلەشنى ھېچقانداق قانۇن، ھېچقانداق پەلسەپە ۋە ھېچقانداق دىن قوبۇل قىلالمايدۇ. پىكىر ئەركىنلىكىنى باھانە قىلىپمۇ بۇنداق چوڭ جىنايەتنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پىكىر ئەركىنلىكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك چەك-چېگراسى ئىچىدە بولۇشى لازىم. ئەمما، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى زەدىلەش پىكىر ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتكە قىلىنغان جىنايەتتۇر.

3. دانىيەدىكى رادىكال خىرىستىيان كۈچلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزىپ تارقىتىشقا جۈرئەت قىلىشى 21-ئەسىردىكى ئىسلامغا تۆھمەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش

جىنايىتىنىڭ يېڭى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. دانىيەنىڭ «جىيلاندز پوستىن» گېزىتى 2005 - يىلى 30 - سىنتەبىر سانىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە نۇمۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتىپ، 12 پارچە ھەجۋىي رەسىم سىزىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى. مەزكۇر 12 پارچە رەسىمنىڭ بىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېشىغا بومبىنى سەللە قىلىپ ئورىغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، گوياكى بىر ئۇرۇش جىنايەتچىسى ياكى تېررورىستقا ئوخشىتىلغان. ئىسلام ئەللىرى، خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى گېزىت تەھرىراتىنىڭ بۇ كەچۈرۈلگۈسىز جىنايىتىگە قارشى قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە بۇ جىنايەتكە نازارىلىق بىلدۈرۈپ، دانىيە ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، دانىيە ھۆكۈمىتى «پىكىر ئەركىنلىكى»نى باھانە قىلىپ دەسلەپتە بۇ مۇراجىئەتكە ئىنكاس قايتۇرمىغان، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى دانىيە بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دانىيە پايتەختى كوپېنھاگېندىكى باش ئەلچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ھۇجەيلاننى قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.

4. 2012 - يىلىغا كەلگەندە، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى دۈشمەنلىك يەنە بىر دەرىجە تەرەققىي قىلىپ، فىلىم ئىشلەشكە قەدەر يېتىپ بارغان. 2012 - يىلى سىنتەبىرنىڭ 13 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدا تۇرۇشلۇق ئەسلى مىسىرلىق رادىكال خرىستىيان نىكولا باسىلى ئامېرىكىدىكى رادىكال يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ مەبلەغ توپلاپ بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە قەتئىي ياراشمايدىغان شەكىلدە بىر فىلىم ئىشلەپ چىقارغان. فىلىمنىڭ نامىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھسىزلىقى» دەپ ئاتىغان. فىلىم ئەسلىدە ئىككى يېرىم سائەتلىك بولۇپ، ئىنتېرنېت تورىدا ئاران 13 مىنۇتىنىلا ئېلان قىلىنغان. فىلىمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ئۇستازى ۋە ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ئوبرازى ئادەتتىكى ئىنساندىنمۇ تۆۋەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەخلاقلىق بىر ئادەمنىڭ شەنىگە ھەرگىزمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىغان رەزىل تۆھمەتلەرنى چاپلىغان.

فىلىم ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن دۆلەت مەسئۇللىرى، مۇتەپەككۇرلار، ئۆلىمالار، سىياسىيونلار فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن بۇنداق فىلىمنى ئىشلەشنىڭ ھەقىقەتەن ئەڭ رەزىل، كەچۈرۈلگۈسىز قاباھەت ئىكەنلىكى جاكارلانغان. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى قىلمىشى ھەرقايسى دىن ئېگىلىرىنىمۇ قاتتىق نارازى قىلغان. ھەتتا، كالىفورنىيەدىكى قىبتىلار چېركاۋىنىڭ راھىبىمۇ بۇ فىلىمنى ئەيىبلىگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ فىلىمنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز. چۈنكى، دىنىمىزنىڭ تەلىماتى بىزگە باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشنى پەرز قىلغان».

مۇسۇلمان ئەللىرىدە بولسا، ھەر يەردە ئامېرىكىغا قارشى نامايىشلار يۈز بەردى. نامايىش جەريانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىر قانچە كىشى هاياتىدىن ئايرىلدى. ھەتتا، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىنمۇ بەزى كىشىلەر بۇ جىنايەتنىڭ قۇربانى بولدى. مەسىلەن، لىۋىيەنىڭ بېنغازى شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئەلچىخانا پارتلاش نەتىجىسىدە هاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولدى.

5. 2020-يىلغا كەلگەندە، فرانسىيە رەئىسى ئېمانوئېل ماكرون پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا ۋە شانلىق ئوبرازىغا تىل تەككۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەقەدەر جاھىل، ئەخمەق، ھەقىقەتتىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلاپ بەردى.

## نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوينىشىدۇ؟

چۈنكى، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ۋە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بىر شەخسنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوينىشىش، ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنى سۆيىدىغانلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەشكە ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاشقا يېتەرلىك. شۇڭا، ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى بولغان رادىكال خىرىستىيانلار ۋە رادىكال يەھۇدىيلار دۇنيادىكى بىر يېرىم مىليارد مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەشنىڭ قانچىلىك چوڭ قاباھەت ۋە ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالماستىن، پەقەت ئىسلام دىنىنى «تېررورلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، تىنچلىقنى خالىمايدىغان دىن» دەيدىغان تۆھمەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنلا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە تىل تەككۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

توغرا، رادىكال يەھۇدىيلار بىلەن رادىكال خىرىستىيانلارنىڭ يەتمەكچى بولغان رەزىل مەقسىتى ئىسلام دىنىنى خەلقئالەمگە تېرروررىست دىن قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىشتۇر. شۇڭا، ئۇلار بۇ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كېچە-كۈندۈز تۇرماستىن ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە. ئەمما، ھەقىقەت ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىدە تېخىمۇ جۇلالىنىپ، دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلىشقا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە.

## پەيغەمبىرىمىزنى قانداق قوغدايمىز؟

پەيغەمبىرىمىزنى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئالىي ماقامىنى ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل

ئەگەشىش، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش، ئەخلاقىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قوغدايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنى ئەنە شۇنداق قوغدىغان، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، دۇرۇسلۇقى ۋە راستچىللىقى بىلەن نۇرغۇن مىللەتلەرنى قايىل قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋەسىلە بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرمەكتە. مەسىلەن، سودىدا ئالدامچىلىق قىلىدۇ، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن قورقمايدۇ، ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە گەپ-سۆزدە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، مۇئامىلىدە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار گۈزەل ئەخلاقى بىلەن باشقا دىندىكىلەرنى قايىل قىلغان بولسا، ھازىرقى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ناچار ئەخلاقى بىلەن باشقىلارنى سەسكەندۈرىدۇ ۋە «مۇسۇلمان دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغانمىدۇ؟» دېگۈزىدۇ.

يات دىندىكىلەرگە ياخشى ياكى ناچار تەسىر بېرىش مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى ئىش. كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىق، مۇئامىلىسىدىكى يولسىزلىقلار ئىسلام دىنىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەكتە. شۇڭا، بىز پەيغەمبىرىمىزنى راستتىنلا سۆيىدىغان، يولىغا سادىق، ئۇنى ھەقىقىي قوغدايدىغان مۇسۇلمان بولساق تۆۋەندىكىلەرنى قىلمىشىمىز لازىم:

1. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ ئۆگىنىشىمىز.
2. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز.
3. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىشىمىز.
4. دىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى بارلىق ئىش-ھەرىكىتىمىزدە نامايان قىلىشىمىز.
5. باشقىلارغا ئىسلامنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىمىز بىلەن يەتكۈزۈشىمىز.
6. ئىسلامنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىز پۈتۈن ھايات ساھەلىرىمىزدە تولۇق نامايان قىلىشىمىز.
7. مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

# پەيغەمبىرىمىزنى «ئى مۇھەممەد!» دېيىش ئەدەپسىزلىكتۇر

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پەيغەمبەرلەر ھەممىسى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ ۋە ئۇلگىلىك زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى يولباشچى قىلىپ ئەۋەتكەن. قۇرئان كەرىمدە 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىم-زاتى زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَرُسُلًا قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِنْ قَبْلُ وَرُسُلًا لَمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ﴾ «(بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا) ئىلگىرى بىز ساڭا بايان قىلغان پەيغەمبەرلەرمۇ، بايان قىلمىغان پەيغەمبەرلەرمۇ بار»[1]. ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر، يەنى بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى، خىرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولۇپ كەتكەن. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن تەڭ. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان. ﴿كَذَّبَتْ عَادٌ الْمُرْسَلِينَ﴾ «ئاد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى»، ﴿كَذَّبَتْ ثَمُودُ الْمُرْسَلِينَ﴾ «سەمۇد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى»، ﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍ الْمُرْسَلِينَ﴾ «لۇتنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى»، ﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ الْمُرْسَلِينَ﴾ «نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى» دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. گەرچە يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىلا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق سانالغان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ زاتلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەرتىۋە پەرقى بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغان. ﴿وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ النَّبِيِّينَ عَلَى بَعْضٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن

[1] سۈرە نىسا، 164-ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق بەش پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە «أولو العزم» (ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر) دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇلار ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى، باتىل تەرەپدارلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كەسكىن كۆرەشلىرى يۈزىسىدىن شۇنداق ئاتالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جىمى پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن، ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ قىلغان. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەردىن، شۇنداقلا جىمى پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىلچە شەك ۋە ئىختىلاپ يوق.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن، قەدرىنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا جىمى پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. بۇ يەردە بىرلا مىسال كەلتۈرىمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «پەيغەمبەرلىك»تىن ئىبارەت كاتتا ئۇنۋانى بىلەن خىتاب قىلغانلىقىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىسملىرى بىلەن خىتاب قىلىپ، پەقەت ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا «پەيغەمبەرلىك»تىن ئىبارەت كاتتا ئۇنۋانى بىلەن خىتاب قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ﴿يَا آدَمُ اسْكُنْ أَنْتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ﴾ «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن»[2]، ﴿يَا نُوحُ اهْبِطْ بِسَلَامٍ مِنَّا وبركات﴾ «ئى نۇھ! سەن بىز تەرەپتىن چۈشكەن ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن»[3]، ﴿وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ﴾ «بىز ئۇنىڭغا: ‹ئى ئىبراھىم!› دەپ نىدا قىلدۇق»[4]، ﴿يَا مُوسَى إِنِّي أَنَا رَبُّكَ﴾ «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن»[5]، ﴿يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ اذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ﴾ «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن»[6] دېگەن ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز ئىسملىرى بىلەن خىتاب قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىرەر

[1] سۈرە ئىسرا، 55-ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 35-ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد، 48-ئايەت.
[4] سۈرە سافقات، 104-ئايەت.
[5] سۈرە تاھا، 11-12-ئايەتلەر.
[6] سۈرە مائىدە، 110-ئايەت.

قېتىممۇ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن خىتاب قىلىپ «ئى مۇھەممەد!» دېمىگەن، بارچە خىتابلىرىدا ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ﴾، ﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ﴾ يەنى (ئى پەيغەمبەر!) دەپ خىتاب قىلغان.

ئەپسۇسكى، تەپسىر كىتابلىرىدا ۋە قۇرئان كەرىم تەرجىمىلىرىدە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ ئاتاش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ ئۇيغۇرچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىلىرى ۋە تەپسىرلىرىدىمۇ «ئى مۇھەممەد!» دەپ ئېلىنغان.

بىز ئادەتتە، ئۆز ئارىمىزدا ئۆلىمالىرىمىزنى، زىيالىيلىرىمىز ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلىرىمىزنى «داموللام»، «دوكتور»، «ھاجىم»، «قاراجىم»، «ئۇستاز» دەپ چاقىرىمىز، ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ بىرەر ھۆرمەت سۆزى بىلەن چاقىرىپ، «ئۇستام»، «ئاخۇن» دەيمىز. ئۇلارنى ھەرگىز «ئى ئەھمەد!»، «ئى مۇھەممەد!»، «ئى توختى!» دەپ چاقىرمايمىز. ئەمدى، بىز قانداقلارچە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەيمىز؟

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇنى ئەڭ ئېسىل مەرتىۋىسى ۋە كاتتا ئۇنۋانى بولغان «پەيغەمبەرلىك» بىلەن چاقىرىپ «ئى پەيغەمبەر!» دېگەن تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى «ئى مۇھەممەد!» دەيمىز؟ ھالبۇكى، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەككىلىك كاپىرلارنىڭ چاقىرىشى ئەمەسمۇ؟! چۈنكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زاتنى ئادەتتىكى كىشىلەرنى چاقىرغاندەك «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىراتتى. ئەمما، ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كامالىي ئېھتىرام بىلەن «يارەسۇلۇللاھ!» (ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!) دەپ چاقىراتتى. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل خىتاب!

ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا ئىنسانلارنى چاقىرغاندەك چاقىرىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لَا تَجْعَلُوا دُعَاءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَاءِ بَعْضِكُمْ بَعْضًا﴾ يەنى «سىلەر پەيغەمبەرنى بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار»[1]. مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى چاقىرغان چېغىڭلاردا، ئۇنى بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك ‹ئى مۇھەممەد!› ياكى ‹ئى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ› دېمەڭلار، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى›، ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى› دەڭلار»[2].

[1] سۈرە نۇر، 63-ئايەت.

[2] «تفسير الشعراوي» 17-توم: 10344: بەت.

«سەئۇدى ئەرەبستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى»، «سەئۇدى ئەرەبستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى» تەرىپىدىن 100 دىن كۆپرەك ئۆلىمانىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ھازىرلىنىپ، «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»دە بېسىپ تارقىتىلغان، ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىخچام تەپسىر دەپ باھالانغان «التفسير الميسر» (تەپسىرى مۇيەسسەر) دېگەن تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ تەپسىرنى نەشرگە تەييارلىغان مەخسۇس كومىتېت تەپسىرلەردە كەلگەن ‹ئى مۇھەممەد!› دېگەن سۆزنى ‹ئى پەيغەمبەر!› دەپ ئۆزگەرتتى. پەقەت 11 ئورۇندىلا ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى. بۇ مۇشۇ 11 ئورۇندىكى خىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ تىللىرىدىن ھېكايە قىلىنغان خىتابلار بولغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى»[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ تۈركچە تەرجىمىلىرىدىمۇ «I resülüm»يەنى (ئى پەيغەمبىرىم!) دەپ ئېلىنغان.

پېقىرمۇ «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى، «تەپسىرى مۇيەسسەر»نىڭ تەرجىمىسى، «تەپسىر جەۋھەرلىرى»دە، شۇنداقلا بارلىق ئەسەرلىرىمدە يۇقىرىقى ئۆزگەرتىش بويىچە ئىش كۆردۈم.

157

ئاخىرىدا، بارلىق ئۆلىمالىرىمىزدىن، دىنىي ماۋزۇلاردا يازىدىغان مۇنەۋۋەرلىرىمىزدىن ۋە ۋەز-تەبلىغ قىلىدىغان ئۇستازلىرىمىزدىن بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن «ئى پەيغەمبەر!» دېگەن ھۆرمەتلىك خىتابنى قوللىنىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

[1] «التفسير الميسر»، 9-بەت.

# پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ 24 سائەت ئىچىدىكى زىكىر ۋە دۇئالىرى

مۇسۇلمان كىشى سەھەر ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندىن باشلاپ تاكى ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقانغا قەدەر قىلىدىغان تاھارەت ئېلىش، ئۆيىدىن چىقىش ۋە كىرىش، مەسجىدكە بېرىش ۋە قايتىش، غىزالىنىش، ئىشقا بېرىش، ئىشتىن قايتىش، قاتناش قۇراللىرىغا چىقىش قاتارلىق پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە دۇئانى ئۆزىگە ھەمرا قىلىشقا بۇيرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك جاي ۋە مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان كېرەكلىك دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپ قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ 24 سائىتى دۇئا، زىكىر ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولغان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيهسسالام كېچە-كۈندۈزدىكى ھەربىر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلاتتى، ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ھاياتنى خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بىلەن كۈتۈۋالاتتى. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي فِي جَسَدِي وَرَدَّ عَلَيَّ رُوحِي وأَذِنَ لِي بِذِكْرِهِ» يەنى «تېنىمنى ساق قىلغان، جېنىمنى ماڭا قايتا ئاتا قىلغان ۋە ئۆزىنى ياد ئېتىشىم ئۈچۈن ماڭا پۇرسەت بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1] دەيتتى.

بۇ دۇئادىكى ۋاپىغا يەتكەن كەمتەرلىك ۋە ئەدەپكە قاراڭ! پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام بۇ دۇئادا ھاياتلىق بىلەن تەن ساقلىقىنىڭ ئەڭ كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت قىلىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىنىڭ يەنە ئايرىم بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان. بەرھەقكى، ھاياتلىق بىلەن تەن ساقلىق بىزگە بېرىلگەن نېمەت ۋە پۇرسەتتۇر. بىز بۇ ئىككىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق بەدەل تۆلىمىدۇق، بۇلارنى سېتىۋالمىدۇق، پەقەتلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا-ئېھسان ۋە ئامانەت سۈپىتىدە بىزگە بېرىلدى. شۇڭا، قىيامەت كۈنى ئالدى بىلەن بۇ نېمەتلەردىن سورىلىمىز. «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت مەيدانىغا قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.

تۆگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل-مېلىنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن»[1].

كېچە بىلەن كۈندۈز ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان نېمەت بولۇپ، ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىك ۋە بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن پۇرسەتتۇر. ﴿اللهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَالنَّهَارَ مُبْصِرًا إِنَّ اللهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە ھەربىر يېڭى كۈننى كۆپلىگەن ئېسىل دۇئا ۋە زىكىرلەر بىلەن باشلايتتى.

«اَللَّهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ مِنْكَ فِي نِعْمَةٍ وَعَافِيَةٍ وَسِتْرٍ، فَأَتِم عَلَيَّ نِعْمَتَكَ وَعَافِيَتَكَ وَسِتْرَكَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ» يەنى «ئى ئاللاھ! مەن سەن تەرەپتىن بېرىلگەن نېمەت، ئامانلىق ۋە مەغپىرەت ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئى ئاللاھ! نېمىتىڭنى، ئامانلىقىڭنى ۋە مەغپىرىتىڭنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ماڭا تولۇقلاپ بەرگىن»[3] (ئۈچ قېتىم).

«اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى «ماَ اَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، ياَ رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَماَ يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطَانِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە (ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىۋەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر»[4] (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

«رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وباْلإِسْلاَمِ دِيْناً، وَبِنَبِيِّناَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً» يەنى «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[5] (ئۈچ قېتىم).

---

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] سۈرە غافىر، 61-ئايەت.

[3] پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

[4] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

«سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ» يەنى «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە، ئەرشىنىڭ زىنىنەتلىرىچە، سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغۇچە ھەمدۇساناغا لايىقتۇر»[1] (ئۈچ قېتىم).

«بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ» يەنى «ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[2] (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

### *تاھارەت ئېلىش ئالدىدا*

«بِسْمِ اللهِ» يەنى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»[3].

### *تاھارەتتىن كېيىن*

«أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» يەنى «يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[4].

«اَللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِيْنَ، وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّرِيْنَ» يەنى «ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە گۇناھلاردىن پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن»[5].

### *ئۆيدىن چىقىشتا*

«بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ» يەنى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[6].

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] تىرمىزىي رىۋايىتى.
[6] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

### مەسجىدكە كىرىشتە

«اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن»[1].

### مەسجىدتىن چىقىشتا

«اَللّٰهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» يەنى «ئى ئاللاھ! مېنى قوغلاندى شەيتانىنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»[2].

### تائامدىن ئاۋۋال

«اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ اللهِ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»[3].

### تائامدىن كېيىن

«اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ» يەنى «جىمى ھەمدۇسانا مېنى مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، بۇ تائام بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر»[4].

### ئۇلاغقا مىنگەندە

﴿سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ. وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ يەنى «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز بۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»[5].

### مېھمانغا بارغاندا

«اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيْمَا رَزَقْتَهُمْ وَاغْفِرْ لَهُمْ وَارْحَمْهُمْ» يەنى «ئى ئاللاھ! ئۇلارغا ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا رەھىم

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] ئىبنۇسسۇننىي رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[5] سۈرە زۇخرۇف، 13 ـ ئايەت.

قىلغىن»[1].

### سورۇندىن كېيىن

«سُبْحَانَكَ اَللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[2].

### قىيىنچىلىققا يولۇققاندا

«لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ الْعَظِيْمُ الْحَلِيْمُ. لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْم. لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَرَبُّ الأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيْم» يەنى «ئاسىيلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[3].

### دۈشمەنگە يولۇققاندا

«اَللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ» يەنى «ئى ئاللاھ! ئۇلارنى سېنىڭ جازايىڭغا تاپشۇردۇق، ساڭا سىغىنىپ ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز»[4].

### تەھدىتكە ئۇچرىغاندا

«حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ» يەنى «ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ ئەڭ ياخشى مەدەتكاردۇر»[5].

### كېسەل يوقلىغاندا

«اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ يَشْفِيْكَ» يەنى «ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن»[6].

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[6] تىرمىزىي رىۋايىتى.

### ئۆيگە كىرىشتە

«بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا» يەنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقتۇق ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق»[1].

### ھاجەتخانىغا كىرىشتە

«اللّهُمَّ إنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ» يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ھەرقانداق شەيتانىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»([2]).

### ھاجەتخانىدىن چىقىشتا

«غُفْرَانَك، الْحَمْدُ للهِ الَّذِي اَذْهَبَ عَنِّي اْلأَذَى وَعَافَانِيَ» يەنى «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيانلىق ماددىلارنى چىقىرىۋەتكەن ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن»[3].

### ئەينەككە قارىغاندا

«اَللّهُمَّ أَحْسَنْتَ خَلْقِي فَأَحْسِنْ خُلُقِي» يەنى «ئى ئاللاھ! مېنى چىرايلىق ياراتقىنىڭدەك ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن»[4].

### يامغۇر ياغقاندا

«صَيِّبًا نَافِعًا» يەنى «ئى ئاللاھ! ئۇنى بىزگە پايدىلىق قىلىپ بەرگىن»[5].

### يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كەتكەندە

«اللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا» يەنى «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئەمەس، ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن»[6].

---

[1] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[6] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

### چاقماق چاققاندا

«اللَّهُمَّ لاَ تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ وَلاَ تُهْلِكْنَا بِعَذَابِكَ وَعَافِنَا قَبْلَ ذَلِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىزنى غەزىپىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە سالامەتلىك بەرگىن»[1].

### بوران چىققاندا

«اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ هَذِهِ الرِّيحِ وَمِنْ خَيْرِ مَا فِيهَا وَمِنْ خَيْرِ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ هَذِهِ الرِّيحِ وَمِنْ شَرِّ مَا فِيهَا وَمِنْ شَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىز سەندىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقلاردىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن سورايمىز، ساڭا سىغىنىپ بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى يامانلىقلاردىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز»[2].

### ئۇخلاش ئالدىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى ياتقان ۋاقتىدا، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئىككى ئالقىنىغا ھۈرۈپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن يېرىنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ قېتىمدىن سىلاپ چىقاتتى. ئالدى بىلەن بېشىنى، ئاندىن يۈزىنى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىنى سىلايتتى»[3]. ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي، وَبِكَ أَرْفَعُهُ، إِنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا، وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِحِيْنَ» يەنى «ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆزۈمنى يەرگە قويدۇم ۋە نامىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن، ئەگەر جېنىمنى ئالماقچى بولساڭ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئۇنى ماڭا قايتا ئاتا قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئۆلگىلىك بەندىلىرىڭنى ساقلايدىغان ئىنايىتىڭ بىلەن ساقلىغىن»[4].



[1] تىرمىزى رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# تاشلىنىپ كەتكەن ئىبادەتلەر

گەرچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن پەرز قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋە كېيىنكى ئۆلگىلىك دەۋرلەردە ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە مۇسۇلمانلاردا ئومۇملاشقان غاپىللىق ۋە پاسسىپلىق سەۋەبلىك تاشلىنىپ قالغان نۇرغۇن ئىبادەتلەر بار. تۆۋەندە كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن ئىككى مۇھىم ئىبادەت ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇلارنىڭ بىرى «قۇرئان كەرىم»دىكى كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، يەنە بىرى كۆڭۈل ئاياش. بۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن مۇھىم ئىبادەت. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتقا ئالاقىدار ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىمانىمىزنى كۈچەيتىدۇ، ئۇيۇقىمىزنى كېڭەيتىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياش بولسا، ئۆزىمىزنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بەختلىك قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.



## تەپەككۇر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرغان كىتاب بولۇپ، ئەقىلنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «قۇرئان كەرىم»دە «العَقْلُ» يەنى «ئەقىل» سۆزى 49 قېتىم، «ئەقىلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگەن جۈملە 7 قېتىم تەكرارلانغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنسۇن، دەپ نازىل قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئەمرلەر ئادەتتە پەرزلىكنى ئىپادىلەيدۇ. پەرز تەرك ئېتىشكە بولمايدىغان ئىبادەتتۇر. ﴿أَقِيمُوا الصَّلَاةَ﴾ (ناماز ئوقۇڭلار)، ﴿آتُوا الزَّكَاةَ﴾ (زاكات بېرىڭلار) دېگەن ئەمرلەرنىڭ ھەممىسى پەرزلىكنى ئىپادىلىگەندەك، ﴿انْظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ يەنى (ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار) دېگەن ئەمرمۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى گۈزەل سەنئەتلەرنى كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە «ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟»[1]

[1] سۈرە زارىيات، 21-ئايەت.

دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دە 250 دىن كۆپرەك ئايەتتە كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئاسمان-زېمىن، تاغۇ-بوستان، دېڭىز-دەريا، ئىنسان، جىن، چارۋا، ئۇچار قۇش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

## تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى

تەپەككۇر قىلىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. بىز تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى مىسال قىلايلى:

شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش. ﴿خلق الانسان من علق﴾[1] يەنى «ئىنسان ئەلەقتىن (باللىياتقۇ تېمىغا چاپلىشىپ قالغان ئۇرۇقتىن) يارىتىلغان» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چۈنكى، ئانىنىڭ باللىياتقۇسىغا ئېسىلىپ قالغان ئاشۇ بىر تال ئىسپېرما ئۇرۇقىدىن يارىتىلغان ئىنساننىڭ كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغانلىقىنى ئويلىغان ئادەم ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش. ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَأْتِيكُمْ بِمَاءٍ مَعِينٍ﴾ يەنى «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹دەپ بېقىڭلارچۇ، سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟› »[2] دېگەن ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، سۇسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىمىز كۈچلىنىدۇ، ئىخلاسىمىز ئاشىدۇ.

شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش. ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ جَعَلَ اللهُ عَلَيْكُمُ اللَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللهِ يَأْتِيكُمْ بِضِيَاءٍ أَفَلَا تَسْمَعُونَ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر تېخىچە (ھەق سۆزنى) ئاڭلىماسىلەر؟› »[3] دېگەن ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتىنى چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشى كۈچلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەلەق، 2-ئايەت.

[2] سۈرە مۈلك، 30-ئايەت.

[3] سۈرە قەسەس، 71-ئايەت.

## تەپەككۇر قىلىشنىڭ پايدىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە كائىناتتىكى ئالامەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئىماننى يېڭىلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ، شۇنداقلا ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

2. تەپەككۇر قىلىش قەلب ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە قەلب ئەمەللىرى جىسمانىي ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل.

3. تەپەككۇر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ئالدىدا كەمتەر بولۇشنى ۋە ئاللاھ تائالا ھەققىدە توغرا قاراشتا بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

4. تەپەككۇر قىلىش «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

5. تەپەككۇر ئىنساننىڭ ئۇپۇقىنى ۋە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، بۇرۇن بىلمىگەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.



## كۆڭۈل ئاياش

ھازىرقى زاماندا قۇلىقىمىزغا «ئىبادەت» دېگەن سۆز ئاڭلانغان ھامان ئەقلىمىزگە ناماز، روزا، زاكات، ئاتا ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش دېگەندەك ئىبادەتلەر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈل ئاياشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياش، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى بىئارام قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش قاتارلىق خىسلەتلەر بىزنىڭ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقىمىزنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ گۈزەل خىسلەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، قوشنىلارنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى، ھەتتا كىچىك ۋاقتىمىزدا چوڭلار بازاردىن مېۋە-چېۋە ۋە يېمەك-ئىچمەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەندە، قوشنىلارغا، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئاتىغىنىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىش بار ئىدى. بۇنى ئۇلار «كۆز ھەققى» دەپ ئاتايتتى. بەزىدە بازاردىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى قوشنىلارغا كۆرسەتمەي ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. بۇنى ئۇلار قوشنىلارنىڭ، خۇسۇسەن قول ئىلكىدە يوق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاياش ئۈچۈن قىلاتتى. بۇ گۈزەل خىسلەتنى بىزگە ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىمىز ئۆگەتكەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كۆڭۈل ئاياشنىڭ نەمۇنىلىرى ئىنتايىن كۆپ.

ئاللاھ تائالا قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: «(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قۇرئاننى (يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى قايتىدىغان يەر (مەككە)گە قايتۇرىدۇ»[1]. مەلۇمكى، مەككە شەھىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق-زومبۇلۇقى سەۋەبلىك مەككىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئانا ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى ئۇرغۇپ قاتتىق ئازابلانغان ئىدى. شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ۋە ئۇنى ئانا ۋەتىنىگە غەلىبە بىلەن قايتۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئەمەلىيەت ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغاندەك بولغان.

مەلۇم ۋاقىت ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولغان، ھەتتا كاپىرلار «مۇھەممەدنى رەببى تاشلىۋەتتى» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەزىيەت بەرگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك، غەم-قايغۇ، ئەندىشە ۋە ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن زۇھا سۈرىسىنى نازىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلغان.

كۆڭۈل ئاياشىنىڭ يەنە بىر مىسالى مىراس تەقسىم قىلىنغان ئورۇنغا ھازىر بولغان كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاز-تولا بىر نەرسە بېرىشتۇر. «تەقسىمات ۋاقتىدا (مىراستا ھەققى يوق) تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە يوقسۇللار ھازىر بولسا، ئۇلارغىمۇ بۇ مىراستىن (ئاز-تولا) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار»[2].

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ساھابە ئۆزى يالغۇز مەسجىدتە ئولتۇرغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ ئۇمامە ساڭا نېمە بولدى، ناماز ۋاقتى ئەمەس ۋاقىتتا مەسجىدكە كىرىپسەنغۇ؟» دەپ سورايدۇ. ساھابە: «يا رەسۇلۇللاھ! قەرزىم بار ئىدى، شۇنىڭ غېمىدە ئولتۇراتتىم» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ساڭا بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئەگەر سەن شۇ سۆزنى دېسەڭ، ئاللاھ سېنى غەمدىن ۋە قەرزىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدۇ» دەيدۇ. ساھابە: «بولىدۇ، يارەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە ئۆگىتىپ قويغايلا» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئەتىگەن-ئاخشامدا اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ يەنى ‹ئى ئاللاھ! ساڭا

[1] سۈرە قەسەس، 85-ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 8-ئايەت.

سىغىنىپ غەم ــ قايغۇدىن، كۆڭۈلسىزلىكتىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن› [1] دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن» دەيدۇ. ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن بويىچە قىلىۋىدىم، ئاللاھ مېنى قەرزدىن قۇتۇلدۇردى»[2].

بىر كۈنى مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى يوقسۇل ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: «بايلار بىزدىن كۆپرەك ساۋابقا ئېرىشىدىغان بولدى، ئۇلارمۇ بىز نامازئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ، مال-دۇنياسىدىن سەدىقە قىلىپ يەنە ساۋاب تاپىدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسىنى ئاتا قىلدى ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئېيتىدىغان ھەربىر تەسبىھتە، ھەربىر تەكبىردە، ھەربىر ھەمدۇسانادا، ھەربىر تەھلىلدە ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار، سىلەرنىڭ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭلاردىمۇ سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» دەيدۇ. ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاب بولامدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قاراڭلارچۇ، ناۋادا سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدەك سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرساڭلار سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ»[3] دەيدۇ.

كۆڭۈل ئاياش، خۇشاللىق بەخش ئېتىش كۈندىلىك ھاياتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، بىز توپلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىلىپ-بىلمەي، بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئالىيجانابلىق بىلەن بىر-بىرىمىزنىڭ يامانلىقىنى ئەپۇ قىلساق، بىر-بىرىمىزنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلساق، بەزى خاتالىقلارنى كۆرمەسكە سالساق، ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىمىز. ھەتتا، بازارغا بارغاندا ھەممە ئادەم سېتىۋالغان جايدىن ئالماي، تۈزۈك سودا قىلالمىغان كىشىلەردىن سېتىۋېلىش، ھەمىشە ماركىتلاردىنلا ئالماي، پەرزەنتلىرىگە ھالال لوقما تېپىش يولىدا پىژغىرىم ئىسسىقتا ھارۋا سۆرەپ يۈرۈپ نەرسە ساتىدىغان كىشىلەردىن سېتىۋېلىش، يوللاردا قەلەم، تازىلىق قەغىزى قاتارلىقلارنى تەڭلەپ چىرايىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان سەبىيلەرنى خۇشال قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تولىمۇ كاتتا ئىبادەتلەردۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆڭۈل ئاياش، دىللارنى خۇرسەن قىلىش ۋە كىشىلەرگە كۆيۈنۈش ۋاقىتقا ياكى پۇلغا ۋە ياكى ئىمكانىيەتكە موھتاج ئەمەس. بۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق يەردە قىلغىلى بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بىر ئايال ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇستىبېشىدىن يوقسۇللۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر بالىنىڭ ياغاچ بىلەن يەرنى سىزىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە بالىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن: «ئوغلۇم! بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورايدۇ. بالا: «ھەدە، مەن جەننەتنى پارچىلاپ سېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئايال جەننەتنىڭ بۇنداق سېتىلمايدىغانلىقىنى ۋە پارچىلانمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇ بالىغا ياردەم قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم! ماڭىمۇ بىر پارچە بېرەمسەن؟ پۇلىنى بېرىمەن، باھاسى قانچە؟» دەپ سورايدۇ. بالا ئايالغا جىددىي قىياپەتتە جاۋاب بېرىپ: «بىر پارچىسىنىڭ باھاسى يىگىرمە تىيىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئايال ئىككىلەنمەيلا يانچۇقىدىن يىگىرمە تىيىن پۇلنى چىقىرىپ بېرىپ كېتىپ قالىدۇ. ئايال بىر قانچە كۈندىن كېيىن چۈشىدە ئۆزىنىڭ راستتىنلا جەننەتكە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ ۋە بۇ خۇشاللىقنى ئېرىگە يەتكۈزىدۇ. ئېرى كۆڭلىدە «مەنمۇ سېتىۋالايمۇ؟» دەيدۇ-دە، بالىنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «بالام! ماڭىمۇ جەننەتتىن بىر پارچە سېتىپ بېرەمسەن؟» دەپ سورايدۇ. بالا: «بولىدۇ، بېرەي. ئەمما باھاسى بىر مىليون» دەيدۇ. ئادەم ھەيران قېلىپ: «ئايالىمغا يىگىرمە تىيىنغا بېرىپسەن، ئەمدى ماڭا كەلگەندە نېمىشقا بىر مىليون؟» دەيدۇ. بالا: «تاغا! ئايالىڭىز جەننەتنىڭ پۇلغا سېتىلمايدىغانلىقىنى ۋە پارچىلانمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا پۇل بەردى، يەنى ئايالىڭىز جەننەتنى ئەمەس، مېنىڭ كۆڭلۈمنى سېتىۋالدى» دەيدۇ. دېمەك، جەننەت ئەرزان ئەمەس، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. جەننەتكە كىرىشنى خالىغان ئادەم ئالدى بىلەن كۆڭۈللەرنى ئاياشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

# تۆزىتىشكە تېگىشلىك ئىسلام ئاتالغۇلىرى

دىنىي ماۋزۇلاردا بىر نەرسە يازىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان ۋە نۇتۇق سۆزلەيدىغان دوستلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك بەزى ئاتالغۇلار:

«استجارة» سېغىنىش ئەمەس، سىغىنىش، پاناھلىق تىلەشتۇر. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە، پاناھلىق تىلەشنى: سىغىنماق، تېۋىنماق، ئىلتىجا قىلماق، ئىنتىلمەك، ئىلتىماس قىلماق، چوقۇنماق، باش ئۇرماق، سەجدە قىلماق، ئىشەنمەك، دەپ ئىزاھلانغان[1]. شۇڭا، «ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تەلەپ قىلىش» دېگەننى «ئاللاھقا سىغىنىش» دەيمىز. بۇ تۈركچىدىكى siginmak دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما، سېغىنىشنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يېگۈسى، يېقىن كىشىسىنى، يۇرت، ۋەتىنىنى ناھايىتى بەك كۆرگۈسى كەلمەك، سېغىنىش ھېس قىلماق، دەپ ئىزاھلىغان[2]. دېمەك، سىغىنىش بىلەن سېغىنىش بىر گەپ ئەمەس.

«نسب إليه» نىسبەت بېرىش ئەمەس، مەنسۇپ قىلىشتۇر. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە نىسبەت: نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن چوڭ-كىچىكلىكى، ئاز-كۆپلۈكى ۋە شۇ قاتارلىقلار، دەپ ئىزاھلانغان[3]. شۇڭا، خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالاغا بالىنى نىسبەت بېرىدۇ، دېمەيمىز، ئاللاھ تائالاغا بالىنى مەنسۇپ قىلىدۇ، دەيمىز. مەسىلەن: «النصارى ينسبون الى الله ولداً» يەنى «خىرىستىيانلار ئاللاھقا بالىنى مەنسۇپ قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

«حسن الظن» ياخشى گۇمان قىلىش ئەمەس، توغرا قاراشتا بولۇش. چۈنكى، گۇماننىڭ ياخشىسى يوق. ئىنسانلارغا توغرا قاراشتا بولۇش: ئۇلار ھەققىدە يامان ئويدا بولماسلىق، ئىجابىي قاراشتا بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالاغا توغرا قاراشتا بولۇش: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت قىلغاندا قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا، دۇئا قىلغاندا ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا، تەۋبە قىلغاندا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا چىن كۆڭۈلدىن ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ياخشى گۇماندا بولۇش دېمەيمىز،

---

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 348 - بەت.

[2] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 640 - بەت.

[3] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1069 - بەت.

توغرا قاراشتا، ياخشى ئۇيدا بولۇش دەيمىز.

«الصابر» — ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا چىداملىق بولغۇچى، ھارام ئىشلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچى، ئاللاھتىن كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ.

«الشاكر» — تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچى، شۈكۈر قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر.

«استجابة دعوة الله» ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى ئىجابەت قىلىش ئەمەس، قوبۇل قىلىش ياكى ئاۋاز قوشۇش. بىزدە ئىجابەت كاتتىدىن تۆۋەنگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىجابەت قىلىدۇ، بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ. مەسىلەن، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ھايات بېغىشلايدىغان نەرسىگە (يەنى ئىمانغا) چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار»[1].

بەدەن مەنىسىدە كەلگەن«جسد» دېگەن سۆزنى «جەسەت» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆلۈك ئادەمنىڭ بەدىنىنى جەسەت دەيمىز، تىرىك ئادەمنىڭ بەدىنىنى بەدەن دەيمىز. مەسىلەن، «مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ؛ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى» دېگەن ھەدىستىكى «الْجَسَدِ» دېگەن سۆزنى بەدەن دەپ تەرجىمە قىلغانغا ئوخشاش.

«الدين النصيحة» دېگەن ھەدىسنى «دىن — نەسىھەتتۇر» دەپ ئەمەس، بەلكى «دىن — سەمىمىيەتتۇر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. ئىمام مۇسلىم تەمىم ئەددارىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدين النصيحة» يەنى «دىن — سەمىمىيەتتۇر» دېۋىدى، بىز «يارەسۇلۇللاھ! بۇ سەمىمىيلىك كىمگە؟» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لله، ولكتابه، ولرسوله، ولأئمة المسلمين وعامتهم» يەنى «ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىگە، موسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشتۇر»[2] دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۆلىمالار بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

ئەرەب تىلىدىكى«النصحة» دېگەن سۆز چىن ئىخلاسنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى «نصح» دېگەن «خلص» دېگەنلىك بولۇپ، ساپلىقنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنفال، 24-ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇڭا، ئەرەبلەر ھەسەلنىڭ ساپ ھالىتىنى «نُصح العسل» يەنى (ھەسەل ساپ بولدى) دەيدۇ. بىراۋنىڭ خالىس تەۋبە قىلغانلىقىنى «نصحت توبته» دەيدۇ. تەھرىم سۈرىسىدىكى ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللهِ تَوْبَةً نَصُوحًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىمۇ: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىخلاس ئەمەل-ئىبادەتنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، ئىخلاسسىز ئەمەل-ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. ئىخلاس بولسا سەمىمىيەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلامدا ھەربىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىخلاسى ۋە سەمىمىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇشنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇش، نامازنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەندەك ئوقۇشتۇر، زاكات ۋە سەدىقىنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولغان ھالدا، مەمنۇنىيەت بىلەن ئادا قىلىشتۇر. شۇنىڭدەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى قېتىرقىنىپ قىلىشتۇر.

«التقوى» (تەقۋادارلىق) تاشقى كۆرۈنۈشكە قويۇلغان ئىسىم ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ ئەمەلىدۇر. تەقۋادارلىق — ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاش دېگەنلىك بولۇپ، قەلبنىڭ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەمەلىدۇر. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تەقۋالىق تاشقى ئەمەل بولۇپ قالغان. دىنىمىزدا ھەرقانداق ئىسلاھات ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ، ئىچكى دۇنياسى چىرايلىق بولۇش تاشقى دۇنياسىنىڭ پارقىراق بولۇشىدىن مۇھىمدۇر.

دېمەك، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تولۇق ئورۇندىغان ئادەم «تەقۋا ئادەم» دېيىلىدۇ. چۈنكى، تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ساقلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش. شۇڭا، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر-بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى ماختاپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ سېتىپ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا

قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى سانىمىغان، پەقەت ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنى تىلغا ئالغان. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، تەقۋادارلىق مۇئامىلىدە بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك، بىراۋنىڭ ئىبادىتىنىڭ كۆپلۈكى ياكى تەقى-تۇرقىغا قاراپلا «تەقۋادار» دەپ باھا بېرىش توغرا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇئامىلىسىگىمۇ قاراش كېرەك. چۈنكى، مۇئامىلىدە ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش ئوڭاي ئەمەس.

7. «الصبر» (سەۋر): سەۋر لۇغەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا، چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە تەن بېرىش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كېلىدۇ. سەۋر «قۇرئان كەرىم»دىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەنىدە كەلگەن.



### ***بىرىنچىسى، چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر***

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەتتە ۋە ھەق يولىدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿رَبُّ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ﴾ يەنى «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[1]، ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ يەنى «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ چىداملىق بولغىن»[2]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[3] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «صبر» چىدامچانلىق مەنىسىدە كەلگەن. بۇ خىلدىكى سەۋرگە

[1] سۈرە مەريەم، 65-ئايەت.

[2] سۈرە تاھا، 132-ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 200-ئايەت.

ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت-تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

### *ئىككىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر*

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن»[1]، ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ﴾ «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[2] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە كەلگەن. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كۆڭۈل تارتىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن، ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلماننىڭ ئۇتتەك ئىسسىق ئۇزۇن كۈنلەردە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋاز كەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسى گۇناھ-مەسىيەتنى ئارزۇ قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشايدۇ.

175

### *ئۈچىنچىسى، تەقدىرگە تەن بېرىش*

تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ * الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾ يەنى «ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا

---

[1] سۈرە قاف، 39-ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 126-ئايەت.

قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[1]، ﴿فَاصْبِرْ صَبْراً جَمِيلاً﴾ يەنى «چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن»[2]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەسلىك، تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدە كەلگەن. بالا-قازانى ۋە قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئۆلۈم-يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا چارىسى يوق مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتمەي، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتنى ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا، ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

## سەۋر ئىلمىزدا ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر— بىرەر ئىشنى نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ساقلاش ۋە كۈتۈش دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىدۇر، كائىناتتىكى ھەر ئىش رەت-تەرتىپ بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇقمۇ يەرگە سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ شۇ زامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى، ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەربىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدامسىزلىق ئوتىدا ئازابلانغىنىمىز قالىدۇ، قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

«الرحمن» ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى([3]) بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ كۆپ ئايەتلەردە ئىسىم مەنىسىدە، بەزى ئايەتلەردە سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن. شۇڭا، ﴿الرحمن﴾ دېگەن بۇ سۆزنى ھەممىلا يەردە سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسىم مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. مەسىلەن، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ «سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان



[1] سۈرە بەقەرە، 155-ئايەت.

[2] سۈرە مەئارىج، 5-ئايەت.

[3] ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «ئەيسەرۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرى، 1-توم، 11-بەت.

ھېچنەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس«([1]) دېگەن سۆزىدىكى ﴿الرحمن﴾ ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. ﴿الرحمن﴾ دېگەن سۆز خۇددى ﴿الله ﴾ دېگەن سۆزگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسىملىرىدىن بىرى. بۇنى «قۇرئان كەرىم» قارار قىلغان. ھەتتا، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانى «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ»[2] دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. شۇڭا، ﴿الرحمن﴾ دېگەن سۆزنى ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن ئورۇنلاردا، ئىسىم مەنىسىدە «رەھمان » ياكى «رەھمان ئاللاھ» دەپ تەرجىمە قىلىش، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن جايلاردا بولسا «مەرھەمەتلىك ئاللاھ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلىش كېرەك.

) بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەن ئايەتتە «الرَّحْمَنِ» دېگەن كەلىمە «الله» دېگەن كەلىمىنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن. يەنە نۇرغۇن ئايەتلەردىمۇ سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن. ئەمما، بەزى ئايەتلەردە ئىسىم بولۇپمۇ كەلگەن. مەسىلەن، ﴿قَالُوا مَا أَنْتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِثْلُنَا وَمَا أَنْزَلَ الرَّحْمَنُ مِنْ شَيْءٍ إِنْ أَنْتُمْ إِلَّا تَكْذِبُونَ﴾ يەنى «ئۇلار: ‹سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر› دېدى»[3] دېگەن ئايەتتىكى «الرَّحْمَنُ» سۆزى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەن. ئۇنى بۇ يەردە سۈپەت دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، كاپىرلار ئاللاھ تائالانى «مېھرىبان ئاللاھ» دەپ سۈپەتلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردا ئاللاھ تائالاغا قارىتا شۇنچىلىك ھۆرمەت بولسا ئىدى، ئىمان ئېيتقان بولاتتى. شۇڭا، تەرجىمىنى لۇغەت مەنىسىگە قاراپلا قىلىش توغرا ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىسى ۋە سىياقىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

177

«التوكل» سۆزى لۇغەتتە «بىراۋغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش»، «تايىنىش» ۋە «يۆلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ [4]، دىنىي ئىستېمالدا بولسا، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ باغلىغان ھالدا تايىنىشنى، ئۆزىنى ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەۋەككۇل» سۆزى كۆپ ئۇيلىمايلا، نېمە بولسا بولار، دەپ قىلىنغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ[5]. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۇل نېمە بولسا بولار، دەپ تەۋەككۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياردىمى ۋە قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تايىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا، ئەرەب تىلىدىكى، خۇسۇسەن

[1] سۈرە ياسىن، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا، 110 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ياسىن، 15 ـ ئايەت.

[4] «لىسانۇل ئەرەب»، 11 ـ توم، 734 ـ بەت.

[5] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 289 ـ بەت.

«قۇرئـان كەرىـم» ئايەتلىرىدىكـى «التـوكل» دېگـەن سـۆزنى «تەۋەككـۇل» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغاندا، ئايەتتىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

«قۇرئـان كەرىـم» دە مۇسـۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشـەنچ بىلـەن تايىنىشـىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىـن يـاردەم سورىشـىنىڭ زۆرۈرلۈكىنـى تەكىتلـەپ كەلگـەن ئايەتلـەر ئىنتايىن كۆپتـۇر. مەسـىلەن، ﴿وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ۖ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ دېگـەن ئايەتلـەردە كەلگـەن «تـوكل» سـۆزى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشـەنچ قىلىـپ تايىنىشـنى ئىپادىلەيـدۇ. چۈنكـى، ئاللاھ تائالاغـا ئىشـەنچ قىلىـش ۋە ئۇنىڭغـا تايىنىـش ئىماننىـڭ جۈملىسـىدىن بولـۇپ، كاتتـا ئىبادەتتـۇر. ھالبۇكـى، ئاللاھ تائالاغـا «نېمـە بولسـا بـولار» ياكـى «قېنـى باشـقا كەلگەننـى كۆرەرمىـز» دېگـەن مەنـدە تەۋەككـۇل قىلىشـنىڭ ھېچبىـر ئەھمىيتـى يـوق. مۇنـداق تەۋەككۇلنـى ئاللاھ تائـالا مۇسـۇلمانلاردىن تەلـەپ قىلغـان تەۋەككـۇل ئورنىـدا سـاناش چـوڭ خاتالىـق. شـۇڭا، «قۇرئـان كەرىـم»دە كەلگـەن «تـوكل» سـۆزىنى «ئاللاھقا تايىنىـش» دەپ تەرجىمـە قىلىش كېرەك.

ئىبراھىـم سۈرىسـىدىكى ﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي﴾ دېگـەن ئايـەت قۇرئان كەرىمنىـڭ ئۇيغۇرچـە تەرجىمىلىرىـدە «ئـى رەببىم! مېنـى ۋە بىـر قىسـىم ئەۋلادىمنـى نامازنـى مۇكەممـەل ئـادا قىلغۇچـى قىلغىـن» دەپ تەرجىمـە قىلىنغـان. ھەرقانـداق پەيغەمبـەر پۈتـۈن ئۇممىتىنىـڭ ھىدايـەت تېپىشـىنى تىلەيـدۇ، ھەرقانـداق ئاتا ـ ئانـا پەرزەنتلىرىنـىڭ ھەممىسـىنىڭ ھىدايـەت تېپىشـىنى تىلەيـدۇ. لېكىـن، ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام قانداقسـىگە ھەممـە ئەۋلادلىرىنـىڭ نامازنـى مۇكەممـەل ئوقۇيدىغـان بولۇشـىنى تىلىمـەي، بىـر قىسـمىنىڭلا نامازنـى مۇكەممـەل ئوقۇيدىغـان بولۇشـىنى تىلەيـدۇ؟ مۇپەسسـىرلەر ئايەتتىكـى «مِنْ» قوشۇمچىسـىنىڭ مەنىسـى ھەققىـدە ئىختىلاپلاشـقان بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ بەزىسـى: ئايەتتىكـى «مِنْ» «للتبعيض» يەنـى (بەزىسـى، بىـر قىسـمى) دېگـەن مەنىنـى ئىپادىلەيـدۇ، دېگـەن. بۇنىڭغـا ئاساسـەن، ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام ئاللاھ تائالادىـن «نەسـلىمدىن كېلىدىغانلارنىڭ بىر قىسـمىنى نامازنـى مۇكەممـەل ئوقۇيدىغـان قىلغىـن» دەپ تىلىگـەن بولىـدۇ. ئايەتنـى بۇنـداق تەپسـىر قىلغانلارنىـڭ قارىشـىچە، ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام ئاللاھ تائالانىـڭ ھېكمىتىنىـڭ ئىنسـانلار ئىچىـدە مۇئمىنلەرنىڭمـۇ، كاپىرلارنىڭمـۇ بولۇشـىنى تەقـەززا قىلىدىغانلىقىنـى بىلگەنلىكـى ئۈچـۈن شـۇنداق دۇئـا قىلغـان. يەنـە بەزى مۇپەسسـىرلەر ئايەتتىكـى «مِنْ»نـى «الزائدة» يەنـى (مەنـە ئىپادىلىمەيدىغـان زىيـادە قوشـۇمچە) دېگـەن، يەنـە بەزىسـى «مِنْ»نـىڭ مەنىسـىنى «إبتدائية» يەنـى (باشـلىنىش، سـۆز بېشى) مەنىسـىدە كەلگـەن دەپ قارىغـان. ئەللامـە تاھىـر ئىبنـى ئاشـۇر مۇنـداق دېگەن: «بـۇ ئايەتتىكـى ‹مِنْ› بەزىسـى ياكـى بىـر قىسـمى دېگـەن مەنـدە ئەمـەس، بەلكـى سـۆزنىڭ باشلىنىشـىنى ئىپادىلەيـدۇ. چۈنكـى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسـالام ئاللاھ تائالادىـن

ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىلا تىلەيتتى»[1].
يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِنْ» نى «للجنس» يەنى (تۈرنى بايان قىلىش) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز نەسلىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغانلاردىن بولۇشىنى تىلىگەن، دەپ قارايدۇ[2]. كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

«الإحسان»: دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. ئەرەب تىلىدىكى «ئېھسان» دېگەن سۆز «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش ۋە مۇكەممەل قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئەمما، «ئېھسان» ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر» [3] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «الإحسان» (ئېھسان) دېگەن سۆز «إِتْقَان» (ئىتقان) يەنى ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، پۇختا ئورۇنداش، كامالەتكە يەتكۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

179

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئالدىمىزغا ھېچقايسىمىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ كىيىمى ئاپپاق، چېچى قاپقارا ئىدى، ئۇ ئۇزۇن يولدىن كەلگەندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چاپلاپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: ‹ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىسلام — ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىش› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى سوراپ يەنە ئۆزىنىڭ تەستىقلىغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن ئۇ: ‹ئىمان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىمان — ئاللاھقا، ئۇنىڭ

---

[1] «التحرير والتنوير»، 7-توم، 445-بەت.

[2] «مغني اللبيب»، 420-421-بەتلەر.

[3] سۈرە سەجدە، 7-ئايەت

پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق-يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. ئاندىن: ‹ئېھسان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە، سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹قىيامەت قاچان بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹سورالغۇچى سورىغۇچىدىن مەلۇماتلىق ئەمەس› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ‹ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالىڭاياق قويچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولۇشىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن: ‹ئى ئۆمەر! مەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى› دېدى»[1].

بۇ ھەدىس ناھايىتى مۇھىم ھەدىس بولۇپ، دىنىمىزنى ئىنتايىن ئىخچام سۆزلەر بىلەن تولىمۇ روشەن بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەن سۆزىدىنمۇ مۇكەممەل سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىخچام تەرىپى ئىدى.

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن «احسان»، «محسن»، «محسنين» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياخشىلىق قىلىش مەنىسىدە ئەمەس، ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، ﴿بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِنْدَ رَبِّهِ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ يەنى «ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇنداق كىشىلەرگە ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ»[2]، ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللهِ وَلاَ تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. ئىمام بۇخارىمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە، 112-ئايەت.

﴿إِنَّ اللهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى «ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، (پۇل-مال سەرپ قىلىشتا) ۋاپىغا يەتكۈزۈڭلار، ئاللاھ ۋاپىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[1].

تەپسىرى مۇيەسسەردە بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتىپ ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى، ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنى ۋاپىغا يەتكۈزۈڭلار، بارلىق ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ قېتىرقىنىپ، ۋاپىغا يەتكۈزۈپ، ئىخلاس بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[2].

﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى «تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[3]، ﴿فَآتَاهُمُ اللهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى «شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[4]. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئاتا-ئانا ھەققىدە كەلگەندە، «قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿إحسان﴾ دېگەن سۆزنى «ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دەپ چۈشىنىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئاتا-ئانىلار ھەققىدە كەلگەن «ئېھسان»نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ﴿ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش﴾ يەنى قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش) پەرز. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ يەنى: «رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا



[1] سۈرە بەقەرە، 195-ئايەت.

[2] «التفسير الميسر»، 30-بەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 134-ئايەت.

[4] سۈرە ئال ئىمران، 148-ئايەت.

ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە ياردەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما، ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا، بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىۋېلىش توغرا ئەمەس.

«جزاء» (جازا): ئەرەب تىلىدا «جزاء» سۆزى ھەم مۇكاپاتنى ھەم جازانى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما بىزنىڭ تىلىمىزدا جازا جازالاشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «جزاء» دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنى جازا دەپلا تەرجىمە قىلماي، جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. مەسىلەن، «الإيمان بالجزاء في القيامة» دېگەن جۈملىنى «ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. ﴿فَأَثَابَهُمُ اللهُ بِمَا قَالُوا جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاءُ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. (ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇدۇر»[1]. بۇ ئايەتتە «جزاء» سۆزى مۇكاپات مەنىسىدە كەلگەن. ﴿إِنِّي أُرِيدُ أَنْ تَبُوءَ بِإِثْمِي وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ وَذَلِكَ جَزَاءُ الظَّالِمِينَ﴾ «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ، دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن. زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر»[2]. بۇ ئايەتتە بولسا «جزاء» سۆزى جازا مەنىسىدە كەلگەن.



[1] سۈرە مائىدە، 85-ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 29-ئايەت.

# نەپس ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

«النفس والروح»

نەپس سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا ئەكس ئېتىدىغان ئىنسانىي سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. نەپسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسانلارغا مەلۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

راھەت-پاراغەتكە ئىنتىلىش، ئېسىل نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىش، قىزىقىش، راھەت ۋە جاپا ھېس قىلىش، شادلىنىش ۋە غەمكىن بولۇش، سۆيۈش ۋە نەپرەتلىنىش، ياقتۇرۇش ۋە يامان كۆرۈش، تەسىرلىنىش قاتارلىق سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سانىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھىدايەت تېپىش ياكى ئېزىش، ئۆزىنى پاكلاش ياكى بۇلغاش قاتارلىقلارمۇ نەپسكە باغلىق. نەپس ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ياخشى-ياماننى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

نەپس ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى بىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا، نەپسنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى سۈپەتلىرىدىن سانالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، نەپس قىلغانلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، ياخشى قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان.

مۇكاپات ۋە جازا مەسئۇلىيەتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەسئۇلىيەت بولمىغان ئىشتا مۇكاپات ياكى جازا بولمايدۇ. شۇڭا، نەپس قىلغان يامان ئىشلىرى ئۈچۈن مالامەتكە، ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن مەدھىيەگە لايىق بولىدۇ.

نەپس قىلغان ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرى خاتىرىلىنىپ، قىيامەت كۈنى ئالدىغا قويۇلىدۇ.

نەپستە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى ۋە تاللاش ئىختىيارى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ياخشى

ئىشلىرىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلسا، يامان ئىشلىرىدىن بىئارام بولۇپ، ئۆزىگە مالامەت قىلىدۇ. چۈنكى، نەپس بىرەر يامان ئىشنى قىلىشقا باشلىغاندا، ئىستەك ۋە ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەندەك، بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا يۈزلەنگەندىمۇ، ۋىجدان ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش قىزغىنلىقى قاتارلىق ئىجابىي تۈرتكىلەر تەسىرىدە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ.

ۋىجدان نەپسنى ھەمىشە ياخشىلىققا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما، نەپس ئۇنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئىختىيارىغا ئىگە. بۇ سەۋەبتىن نەپس ئۆز قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ.

## نەپسنىڭ تەلەپلىرى

نەپسنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى سەلبىي تەلەپلەر ئەمەس. نەپسنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىمۇ ۋە يولسىز تەلەپلىرىمۇ بار.

نەپسنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى — ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتمىغان ئاساستا، قائىدە-يوسۇن بويىچە، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

نەپسنىڭ يولسىز تەلەپلىرى — ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش بەدىلىگە ماددىي ۋە مەنىۋى ھەۋەسلىرىنى قائىدە-يوسۇنغا يات شەكىلدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي﴾ يەنى «ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، ‹روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمنىڭ ئىشىدۇر› »[1].

ئەمما، روھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بولۇپ، ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ ماددىي ۋۇجۇدتا روھنىڭ بولۇشى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتچان، ئۆسىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، روھ ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا تارقىتىۋەتكەن ئېنېرگىيە بولۇپ،

[1] سۈرە ئىسرا، 85-ئايەت

ھۆجەيرىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش، كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ[1].

روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، ۋەزىپىسىنى بىلىمىز. روھنى كۆرگىلى ياكى تۇتقىلى بولمايدىغان، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھاۋا دولقۇنلىرىغا، ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ۋۇجۇدىمىزدىكى ھۆجەيرىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە شۇ روھتۇر.

تىلىمىزدىمۇ بىراۋنىڭ بىردىنلا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى «روھلىنىپ كەتتى» دەيمىز. ۋەز-نەسىھەت، ياكى تەسىرلىك شېئىر، ياكى بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ، ياكى كىتاب ئوقۇپ تەسىرلەنگەن كىشىنى «روھىي ئوزۇق ئالدى» دەيمىز. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى روھنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، روھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشىسا، نەپس ماشىنىنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. نەپس ۋۇجۇدنى ئىچىدىكى روھ بىلەن بىرگە يا ئامانلىققا، ياكى ھالاكەتكە باشلاپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دە نەپسنى «يامانلىققا باشلىغۇچى» دەپ سۈپەتلىگەن: ﴿إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوْءِ إِلاَّ مَا رَحِمَ رَبِّيْ﴾ يەنى ﴿نەپس ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ. پەقەت رەببىم رەھىم قىلغان ئادەملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[2] .

ئەرەب تىلىدا «روح» سۆزى بىلەن «نفس» سۆزى گاھ بىر مەنىدە، گاھ بىر-بىرىگە يېقىن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. تىلىمىزدىكى «جان» سۆزىنى ئەرەبلەر «روھ» ياكى « نەپس» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىككى سۆز كۆپ ھاللاردا ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، گاھىدا پەرقلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، «نفس» يەنە «ئۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق «روح» بۇ مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. «ئۇنىڭ جېنى چىقتى» دېگەننى «فاضت روحه» ياكى «خرجت روحه» دەپ ئىپادىلەيدۇ، ئەرەبلەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ «فاضت نفسه» ياكى «خرجت نفسه» يەنى «نەپسى چىقىپ كەتتى» دېمەيدۇ. شۇڭا روھنى — قوزغاتقۇچى كۈچ، ياكى ئېنېرگىيە دېيىش ئەڭ لايىق بولسا كېرەك.

شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە كەلگەن «تطهير النفس» يەنى «نەپسنى پاكلاش» دېگەن ئىبارىنى «روھنى پاكلاش» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولمىسا كېرەك.

[1] مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى (ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

[2] سۈرە يۇسۇف، 53-ئايەت

چۈنكى، روھ ئۆزى پاك نەرسە، ئۇنى پاكلاشقا ھاجەت يوق. پاكلاشقا تېگىشلىك نەرسە نەپستۇر. چۈنكى، نەپس ئادەمنى يامان ئىشلارغا ئۈندەيدۇ، ھەتتا باشلاپ ماڭىدۇ. ئەمما، روھ ئادەمنى ھەرىكەتكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، ئۇنى باشلىيالمايدۇ.

13. «العمل الصالح» شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق يوسۇندا قىلىنغان توغرا ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. بارچە ياخشى ئەمەللەر، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى قېتىرقىنىپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «العمل الصالح»گە كىرىدۇ. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ﴾ يەنى «شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ياخشىسىدۇر»[1]. ياخشى ئەمەل دىنىنىڭ ئۈچىنچى مەرتىۋىسى بولغان ئېھسانىنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. مەلۇمكى، دىنىنىڭ بىرىنچى مەرتىۋىسى ئىمان، ئىككىنچىسى ئىسلام، ئۈچىنچىسى ئېھساندۇر. ئېھسان — ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

14. «الرجل الصالح» قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى تولۇق ئورۇندايدىغان توغرا ۋە دۇرۇس ئادەم دېگەنلىك بولۇپ، ئومۇمەن، ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك، ھەر ئىشقا ياراملىق، توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

15. «الفاسق» دېگەن سۆز «الفسق» يەنى «چىقىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرقانداق بىر نەرسىدىن چىقىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا «فاسىق» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدىن چىققۇچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[2]. مەسىلەن، كەھف سۈرىسىدىكى ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾ يەنى «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى»[3] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. بۇ ئايەتتە «فَسَقَ» دېگەن سۆز «چىقتى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىدە كەلگەن ﴿فاسقون﴾ دېگەن سۆز «ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار» ياكى «توغرا يولدىن ئاداشقانلار» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ

[1] سۈرە بەييىنە، 7-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي»1-توم 245-بەت، «تفسير الألوسي»، 1-توم، 210-بەت، «تفسير ابن عطية»، 1-توم 155-بەتلەردە «فسق» دېگەن سۆز «ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان» دەپ تەپسىر قىلىنغان.

[3] سۈرە كەھف، 50-ئايەت.

ئەمما، «فاسقون» دېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىقلار» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، بۇ سۆزدىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «پاسىق» دېگەن سۆز ئەسلى مەنىسىدە «بۇزۇلغان»، «چىرىگەن»، «سېسىغان»، «پاسكىنا» دېگەن مەنىلەرنى، كۆچمە مەنىسىدە «ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1]. خەلق ئارىسىدا، پاكىزلىققا ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى گۇناھ-مەئسىيەتنى كۆپ قىلىدىغان ئادەملەر «پاسىقلار» دېيىلىدۇ. شۇڭا، ئەرەب تىلىدىكى «فاسق» دېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىق» دەپ تەرجىمە قىلماستىن، ئايەتتە كەلگەن ئورنىغا قاراپ كۆپرەك «ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى» دەپ تەرجىمە قىلىش لازىم.

16. «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «بويسۇنۇش»، «ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[2]، دىنىي ئىستېمالدا ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[3]. ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. بۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، «ئىبادەت» سۆزىنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنى ۋاقتى ۋە ئادا قىلىش ئۇسۇلى ئېنىق بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قارىتىپ قويغاندا، ئىسلامدا كۆزدە تۇتۇلغان مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن: ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمُ﴾ يەنى «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[4] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلار بىز تەرىپلىگەن ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى، ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

17. «جىھاد» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «جهد» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، لۇغەتتىكى مەنىسى: كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 189-بەت.
[2] «لسان العرب»، 5-توم، 2776-بەت.
[3] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە: «العبودية»، 1-بەت.
[4] سۈرە بەقەرە، 23-ئايەت.

دېگەنلىكتۇر. تىرىشىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىككى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تىرىشچانلىقنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

جىهاد شەرئىي ئىستېمالدا — ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىش ياكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئازاد قىلىش يولىدا قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

جىهادنىڭ ھۆكمى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، نەپسكە ۋە شەيتانغا قارشى كۈرەش قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرز، ئەمما تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «جىهاد تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: نەپسكە قارشى كۈرەش قىلىش، شەيتانغا قارشى كۈرەش قىلىش، كاپىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە مۇناپىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتۇر».

«الجهاد» سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىدە كەلگەن:

بىرىنچى مەنىسى، ئاللاھ يولىدا قورallıق غازات قىلىش. «مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ»[1].

ئىككىنچى مەنىسى، نۇتۇق ۋە يازمىلار ئارقىلىق ھەقىقەتنى جاكارلاپ كۈرەش قىلىش. «قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن» [2].

ئۈچىنچى مەنىسى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. «كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنداش يولىدا) تىرىشچانلىق كۆرسەتسىدىكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ تىرىشچانلىقى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر»[3].

18. ئەرەب تىلىدىكى «الهجرة» سۆزى لۇغەتتە تەرك ئېتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەرئىي ئىستېمالدا بولسا، مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىدە كېلىدۇ. مەنىۋى

[1] نىسا سۈرىسى، 95-ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى، 52-ئايەت.
[3] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 52-ئايەت.

جەھەتتىن تەرك ئېتىش گۇناھ-مەسىيەت ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «المهاجر من هجر ما نهى الله عنه» يەنى «مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىدىكى تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما، جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىش دېگەن ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن جايدىن ئەقىدىسى ۋە جېنىنى قوغدىيالايدىغان بىر جايغا كۆچۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھىجرەت مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇيرۇلغان.

## ھىجرەتنىڭ شەرتلىرى

ھىجرەتنىڭ بىرىنچى شەرتى: ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ۋە جان ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان شارائىتتا بولۇشتۇر. بۇنداق بىر خەۋپ مەۋجۇت بولمىسا، ھىجرەت پەرز بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى شەرتى: ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىغان مۇۋاپىق جاي تاللىغان ۋە ئۇ جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى تامامەن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ساھابىلىرىنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن، بىرىنچى قېتىم ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىدا، ئۇلارغا: «ئۇ جايدا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان.

ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ھىجرەتنى نىيەت قىلغاندا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەسلى ۋەتەنگە قايتىش نىيىتى بولۇش كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قىلغان ھىجرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، قايتىپ كېلىش مەقسەت

---

[1] ئىما بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىنغان. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارمۇ ھەرگىز ئۇيەردە يەرلىشىش ئۈچۈن بارمىغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلارمۇ شۇنداق.

ئاتالمىش ھىجرەت باھانىسى بىلەن بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنى ئالداپ، بارسا كەلمەس يولغا كىرگۈزۈپ قويغان ئادەم ئەتكەسچىلىرى ھىجرەت توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل پىلانىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُمْ مِنْ وَلَايَتِهِمْ مِنْ شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُوا﴾ دېگەن ئايەتكە قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى كىچىككىنە بىر نۇقساندىنمۇ پايدىلانغان. چۈنكى، بۇ ئايەت «ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلارغا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش بولمايدۇ» دەپ ئۇ تەرجىمە قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەرجىمىسى «ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر تەپسىرلەردە شۇنداق مەنە ئېيتىلغان. ھەتتا تەپسىرى مۇيەسسەردىمۇ «أما الذين آمنوا ولم يهاجروا من دار الكفر فلستم مكلفين بحمايتهم ونصرتهم حتى يهاجروا» دەپ شەرھلەنگەن. چۈنكى، ھىجرەت قىلمىغان مۇسۇلمانلار كاپىرلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جايلاردا قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، قوغداش ۋە ياردەملىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن ئۇلاردىن بۇ مەجبۇرىيەتنى ساقىت قىلغان. ئەمما ئەپسۇسكى، ھىجرەت باھانىسى بىلەن ياشلىرىمىزنى قايمۇقتۇرغان ئادەم ئەتكەسچىلىرى بۇ ئايەتنى «ئەگەر ھىجرەت قىلمىسا مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدۇ» دېگەن مەنىدە تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بازىرىنى قىزىتقان. بۇ ئايەتنى ئۇلار تەرجىمە قىلغان مەنىدە چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئايەت مەككە فەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا خاستۇر. چۈنكى، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا: «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى ئۆتكىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى» دېگەن. ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكىدى، دەپ شەرھلەيدۇ.

# تىللاشنى ئەمەس، ئىنسابنى ئۆگىنەيلى

مېنى ئەڭ بىئارام قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى بەزى قېرىنداشلارنىڭ ئۈندىدار، فېيسبۇك، تىۋىتتىر قاتارلىق ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بىر-بىرىنى تىللىشى ۋە ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزارتىشى بولدى. ھەممە ئادەمنىڭ بىلگەنلىرىنى دېگۈسى، خەلقىگە يەتكۈزگۈسى كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئالىملارنىڭ شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەمما، يېزىلغانلارنى ۋە سۆزلەنگەنلەرنى ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىق ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئىسلامغا دەۋەت قىلىشمۇ شۇنداق. چۈنكى، دەۋەتنى قىلىمىز. ئۇنى خالىغان كىشى قوبۇل قىلىدۇ، خالىغان كىشى رەت قىلىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ھېچكىمنى مۇئەييەن ئەقىدىگە ياكى پىكىرگە مەجبۇرلىيالمايدۇ. چۈنكى، دىنىمىزدا كىشىلەرنى دىنغا زورلاش يوقتۇر. «دىندا زورلاش يوق» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى، ئۇيغۇر ئالىملىرى بىر نەرسە يازسا ياكى سۆزلىسە، ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى ئىنكاسلار بىلەن بىرلىكتە تىل-ئاھانەت، تۆھمەت، ھاقارەتلەر يېغىپ كېتىدۇ. ھاياتىدا مەكتەپ كۆرمەي، ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئىلىم ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باقماي تۇرۇپ، ئۈندىداردىن بىر، ئىككى ئايەت ۋە بىر، ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىپلا، ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتاپ 30-40 يىل بۇ يولدا يۈرگەن ئەزىمەتلەرنى تىللايدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان قېرىنداشلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن ئاللاھ تائالادىن قورقماسلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، دىنىنى چۈشەنمەسلىك، رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلمىغانلىق دەپ چۈشىنىمەن. ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېسابى بار. بەزىدە بىر ئېغىز سۆز جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولسا، بىرەر ئېغىز سۆز دوزاخ ئەھلى بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ئۆزى ھېس قىلماستىن شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىدۇكى، ئۇنىڭ يەتمىش يىل دوزاختا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقتا ئۆزىنى تۇتالماي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئەبۇ زەرنى «سەن جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن» دەپ

ئەيىبلىگەن. ئەبۇ زەر قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، بۇ خاتالىقىدىن ئۆزرە تىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىلالنىڭ تاپىنى ئاستىغا قويماقچى بولغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يولدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «قارىسىلا ماۋۇ ئادەم ئەجەب پاكاركىنا» دەپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «سىز ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، دەرھال تەۋبە قىلىڭ» دېگەن. مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ھوشيار ۋە مەسئۇلىيەتچان بولغان. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېھتىيات قىلاتتى، ئاللاھ تائالادىن ئەنە شۇنداق قورقاتتى. ئەمدى بىزگە نېمە بولدى؟ بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەپ ئۇلاردىكى خاتا يۈزلىنىشلەرگە تۈزىتىش بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرغان ئۆلىمالارنى پەقەت دىنىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھەر خىل ھاقارەتلەر بىلەن تىللىسا، بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇنى بىلمەمدۇ؟ ھېسابىنى سورىمامدۇ؟ تارىختىن بېرى ئادەم تىللايدىغانلار، كىشىلەرگە ھاقارەت قىلىدىغانلار، ياخشىلارنى سۆكىدىغانلار ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، چىرايلىق نەسىھەت قىلىدىغانلار، سەۋر قىلىدىغانلار ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلار ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز ئىسلام تارىخىنى ئوقۇڭ، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئوقۇڭ. چۈنكى، دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى پەيغەمبەرلەر ۋە مۆئمىنلەرنى پەقەت ئازغۇن تەبىقىدىكىلەرلا تىللاپ كەلگەن. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى «گېپىنىمۇ ئۇقتۇرالمايدىغان پەس ئادەم» دېگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا ئەۋەتىلگەن رەببىمنىڭ ئەلچىسىمەن» دەپ چىرايلىق جاۋاب بەرگەن. ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەبۇ لەھەب ۋە ئەبۇجەھىل قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئېيتىخارلىق ئۈلگىسى، بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ نەمۇنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئابىدىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «مەجنۇن»، «سېھىرگەر»، «يالغانچى» دېگەن قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. مەجنۇن دېگەن ساراڭ، ئەقلى يوق دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھېچبىرىنى تىللىمىغان. كاپىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان ئۇلۇغ ساھابىلەرنىمۇ دىنىدىن ئازغانلار، ئەقىلسىزلەر، يالاڭتۆشلەر دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. ئەمما، ئۇلار «سىلەرگە ھىدايەت تىلەيمىز» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرى شۇلار غەلىبە قىلغان.

يەنە بىر مەسىلە، ئىلمىي يوسۇنداق يېزىلغان بىرەر يازمىغا نارازى بولغان ئادەم ئۆزىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا جاۋاب بەرسە بولمامدۇ؟ ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاش قاچاندىن بېرى «مەدەنىيەت» بولۇپ قالدى؟ ئادەتتە ئۇتتۇرۇپ قويغانلار، چىدىماسلار، نامەردلەر ۋە كۈچى يەتمىگەنلەر ئاچچىقىنى تىلغا تايىنىپ چىقىرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەسلىدىنلا نامەردلەرنىڭ ئىشىدۇر.

192

بەزى قېرىنداشلار ئۆزلىرىنى مۇكەممەل ئىسلامىي قىياپەتتە كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مىسۋاكنى ئېزىغدىن چۈشۈرمەيدۇ، ساقال دېسە شۇنداق كېلىشكەن، كىيىم دېسە تەقۋا قىياپەتتە رەسمىي سالاپەتلىك يۈرىدۇ. ئەمما، ئۆزى ھەسەتخور، پىتنىخور، ئېغىزى بۇزۇق! ئۇنى كاپىر، مۇناپىق دېسە، بۇنى بىدئەتچى دەيدۇ، ئۇنى غالچى دېسە، بۇنى جاسۇس دەيدۇ. ئېنىقلىماستىن، ئەقلىغا ئەمەس، بىر دەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىپ، شۇنداق خەتەرلىك سۆزلەرنى قىلغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان: «كىمكى بىراۋنى كاپىر دېسە، ئەگەر دېيىلگەن ئادەم كاپىر بولمىسا، دېگۈچى ئۆزى كاپىر بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ بۇ ئاددىي سۆز ئەمەسقۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بىراۋنىڭ مۇسۇلماننى كاپىر دېگەنلىكى ئۇنى ئۆلتۈرگىنى بىلەن تەڭدۇر» دېگەن.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارا قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، ھەتتا دادىسى قويغان ئىسمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان پەردە ئارقىسىدىكى تور قەھرىمانلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار توخۇ يۈرەك تور لالملىرى بولۇپ، بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلمىگەندىكىن ھېچكىم بىزگە چېقىلالمايدۇ، بىزدىن ھېساب ئالالمايدۇ، دەپ ئېغىزىنى قويۇۋېتىدۇ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غېمىنى يەۋاتقان تەشكىلات باشلىقلىرىنى، خەلقىمىزنىڭ دىلىغا ئىمان ۋە ئىلىمنى يەرلەشتۈرۈش يولىدا جاپا چېكىۋاتقان ئۆلىمالارنى خالىغانچە ھاقارەتلەيدۇ، ئۇلارغا تۆھمەتلەرنى توقۇيدۇ، قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدۇ. ئەركەك بولساڭ ئوتتۇرىغا چىق! ھەممە گېپىڭنى ئۆز سالاھىيىتىڭ بىلەن ئوتتۇرىغا قوي! خوش، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئىنسانلار بىلمەيدۇ، شۇڭا سېنى تاپالمايدۇ. ئەمما، سېنى ئاللاھ تائالامۇ بىلمەمدۇ؟ سېنى ياراتقان زات سېنىڭ بۇ نامەردلەرچە قىلغان ھاقارەتلىرىڭنى بىلمەمدۇ؟ سەن ئىسمىڭنى يوشۇرۇش بىلەن ئاللاھ تائالانى ئالداپ كېتەلەمسەن؟ ئىسمىڭنى ۋە كىملىكىڭنى ئاللاھ تائالادىن يوشۇرۇپ قالالامسەن؟ ساڭا سەممىي نەسىھەتىم بولۇپ قالسۇنكى، ئەگەر سەندە زەررىچىلىك ئىمان ياكى ئازراق ۋىجدان بولسا، بۇ سۆزۈمنى ئوبدان مۇلاھىزە قىل!

ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانچە سالام قىلغان ئادەمنى كاپىر دېيىشتىن توسقان. قۇرئان كەرىم بىزگە: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ يولىدا غازاتقا ئاتلانغان ۋاقىتىڭلاردا ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى

كۆزلەپ: ‹سەن مۇئمىن ئەمەسسەن› دېمەڭلار»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار ئەمەسمۇ؟ زادى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە كەلتۈرۈۋاتقان خەتىرى ۋە زىيىنى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭ بولماقتا. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرىنى تىللاپ، خەلقنى بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ ئۇلارنى بوزەك قىلىشى ئوڭاي بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە تور ۋە ئۈندىداردىن بىر، ئىككى ھەدىس ئۆگىنىۋالغانلار دىنىنى ئۆزىنىڭ دىتىغا قاراپ خالىغانچە كېسىپ، قۇراشتۇرۇپ، بۇرمىلاپ چۈشەندۈرمەكتە. سۆزگە ئۇستىلىرى تېخىمۇ چوڭىنى قىلماقتا. ئادەم تىللاشنى كەسىپ قىلىۋالماقتا. ھالبۇكى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئېپار ياغاتتى، گۈلدەك چىرايلىق، ھەسەلدەك تاتلىق سۆزلەر چىقاتتى. ئەمما، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئېغىزىدىن مەسخىرە، تىل ئاھانەت، تۆھمەت ۋە سەت گەپلەر ياغاتتى. ئۇنداقتا، باشقىلارغا رەددىيە بېرىشتە قەلەمگە تايانماي سېسىق تىلغا تايىنىپ ئادەم تىللايدىغانلار، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزىتىدىغانلار قانداق ئادەملەردۇ؟ ئۇلارنىڭ ھۇمەيىنى بىلەن ھەسەن نەسرۇللادىن نېمە پەرقى بار. چۈنكى، بۇ ئىككىسىگە قارىسىڭىز، ئۇلاردىكى ساختا قىياپەت بىلەن ساختا تەقۋالىق ئۇلارنى ئۆلگىلىك ئۆلىمالارغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان لەنىتى شەخسلەردۇر. ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆلگىلىك زاتلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى تۇرماستىن تىللايدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇيغۇرلاردىكى ئادەم تىللايدىغانلارمۇ بۇ ئىككىسىگە ئوخشاپ قالدىمۇ قانداق؟ قېرىنداشلار ئاللاھتىن قورقايلى! ئىنساب قىلايلى!



[1] سۈرە نىسا، 94-ئايەت.

# ئانا تىلنى قوغداش ئۆزىمىزنى قوغدىغانلىقتۇر

شەكسىزكى، ھازىر ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىمان ۋە زۆرۈر دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىشتىن قالسا، ئۆگىتىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدۇر. بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## دۈشمىنىمىز بىزدىن بۇرۇن بىلىپ يەتكەن ھەقىقەت

ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشنى پىلانلىغانلار بىر مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالىدىغان ئاساسلىق ئەڭگۈشتەرنىڭ دىن بىلەن تىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دىنى ۋە تىلىنى يوقىتىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇلار بىزنىڭ بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرىمىزگە جىنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى. ئانا ۋەتەنىدە دىنىمىز بىلەن تىلىمىز چەكلەندى. ئەپسۇسكى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئانا تىلىمىزنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن يوقىتىشقا قاراپ كېتىۋاتىمىز. چۈنكى، بىز دىنىمىزغا قىسمەن ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، تىلىمىزغا ئەھمىيەت بەرمىدۇق. پەرزەنتلىرىمىز بىزگە ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا چەتئەل تىلىدا سۆزلەپ بەرسە، ئۇلاردىن پەخىرلىنىپ يۈردۇق.

## ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ھازىرقى زاماندا ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتالمايدىغان مەجبۇرىيىتى پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشتۇر. بۇنى ھەرقانداق ئۇيغۇر قىلالايدۇ. مەلۇمكى، تىل-يېزىق ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالىدۇر. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ناۋادا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى ياكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمىسە، ئۇلار نېمە بىلەن ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ قىلالايدۇ؟ نېمە بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنى ياڭرىتالايدۇ؟ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدۇر.

باللار ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشتىن بۇرۇن ھەربىر ئاتا-ئانا ئۇلارغا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋالالايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاتا-ئانىنىڭ چىشى پاتمايدۇ، ھەم ئۇلارنى كۆزىتىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشى ۋە ئەپلىك پۇرسەت باللارغا يېشى كىچىك چېغىدىلا ئىمان، ئىسلام ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشتۇر.

## مۇقەددەس ئامانەت

تۈركىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، مەدرىسەلىرى ۋە قۇرئان كۇرسلىرىنىڭ كۈنلۈك دەرسلىك پىروگراممىسىغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى، ئۇيغۇر تارىخى، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق دەرسلىكلەرنى كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر مەسئۇلىيەت ۋە ئامانەتتۇر. بىز بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلغان بولدۇق. ئەپسۇسكى، ۋەزىيەت يەنە بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگەرمەي كېتىپ بارماقتا.

ھەربىر ئاتا-ئانا، مۇئەللىم، ئۇستاز ۋە تەربىيەچى ئۈچۈن باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مۇقەددەس ئامانەت باللارغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىتىشتۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ تىلىمىز ۋە يېزىقىمىزنى پۈتۈنلەي يوقىتىش سىياسىتىگە قولىمىزدىن كېلىشىچە تاقابىل تۇرغانلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، باللىرىنى قانچىلىك ياخشى بېقىپ كەتسۇن، قانچىلىك ياخشى ئوقۇتۇپ كەتسۇن، ئۇيغۇر ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلارنى قانچىلىك ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ كەتسۇن، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ۋە بويىندىكى ئامانەتنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ. بۇ ھەربىر ئۇيغۇر باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

## ئانا تىلنى بىلمەسلىك ئەيىب

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختا ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ساھىپ مۇنەۋۋەر مىللەتتۇر. ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلى ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىگىچە تاراپ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان ئىدى. مىسىرنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىدە ئۇيغۇر (تۈرك) تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلار ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەجدادلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ تىل بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ چوڭ ھەجىمدىكى قامۇسلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەرلىرى شۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر. بۇ

ئارقىلىق ئالىملىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرغىپ قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلار ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يېڭىدىن تارقىلىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى خەلق ئارىسىدا كەڭ قانات يايغان مەزگىل ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا ئىران تەرەپتىن كىرىپ كەلگەچكە، شۇ قاتاردا پارس تىلىنىڭمۇ تەسىرى ئاز بولمىدى. نەتىجىدە، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان، ھەتتا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بەزى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۆز تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قوللانمايدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا مىللەتپەرۋەر، دانىشمەن بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرىي كىشىلەرنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا خەلقلەرنىڭمۇ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى قوللانما بولۇش مەقسىتىدە مەزكۇر دىۋاننى يېزىپ چىققان.

ئۇ دەۋردە شۇنداق بىر چۈشەنچە پەيدا بولۇشقا باشلىغانكى، ئەدىپلەر يازغان ئەسەرلىرىگە ئەرەب ياكى پارس تىللىرىنى ئارىلاشتۇرمىسا، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە باھالانمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداق بىر شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقتى. «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىملار شۇنى ئېنىق ئىپادىلىدىكى، بۇ ئەسەردە تۈرك تىلىدىن باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر يوقنىڭ ئورنىدا، بىرەن-سىرەنلا ئۇچراپ قالىدۇ. شۇ يۆنىلىش تەسىرىدە 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرائۇننەھەردە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لۇتفىي، ئاتائىي ۋە سەككاكىيلارنىڭ غەزەللىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. دېمەك، شۇ دەۋر شارائىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئانا تىلىمىزنى كۆز قارچۇغىدەك قوغداپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى مانجۇلار ئانا ۋەتىنىمىزنى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغىنىدا، خەلقىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئۆز تىلىنى زورلاپ تېڭىپ، يېزا-قىشلاقلاردا مانجۇ تىلىدا مەكتەپلەرنى ئاچقان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، ئۆلىمالار ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇشتىن قاتتىق توسۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە، تىلىمىز ئارقىلىق دىنىي ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا قارىتىلغان بىر ھەرىكەت ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان كۆپچىلىك ئاتا-ئانىلار ھېلىمۇ تىلىمىزنى يات تەسىرلەردىن قوغداپ كەلمەكتە.

بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ رۇسچە ياكى ئەرەبچە ياكى تۈركچە ۋە ياكى ئىنگلىزچە بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكىنىگە قاراپ ھاياجانلىنىپ، ئۆزىمىزنى خۇشال قىلىشىمىز مۇمكىن. بالىلارنىڭ بۇنداق سۆزلەشىنى ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ شۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا چاتاق يوق. بەزى كىشىلەر ئانا تىلىنى ياخشى بىلسىمۇ، خۇددى ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى، باشقىلار ئالدىدا شۆھرەتكە ئېرىشكۈسى كەلگەندەك يات تىلدا سۆزلىشىدۇ. بۇنداق دورامچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىكەنلىكى چۈشىنىكسىز. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنى، ئۆز تىلىنى خورلىغانلىقتۇر.

كۆپ تىل بىلىشنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەلۋەتتە، ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، باشقا تىلغا ھەۋەس قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش، ياكى ئۆگەنمەسلىك نومۇسسىزلىق ۋە شەرمەندىچىلىكتۇر. ئۆز مىللىتىڭىز ۋە ئۆز تىلىڭىز بىلەن پەخىرلىنىڭ. شۇ چاغدا سىزنىڭ قىممىتىڭىز بولىدۇ، باشقىلارمۇ سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى باشقىلار تەرىپىدىن خورلانمىسۇن، كەمسىتىلمىسۇن، ھەمىشە بېشى ئۈستۈن بولۇپ، ئەزىز ياشىسۇن دېسىڭىز، ئائىلىڭىزدە ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنى ئادەت قىلىڭ. بالىڭىز سىزدىن رۇسچە ياكى ئەرەبچە ياكى تۈركچە بىر نەرسە سورىسا، جاۋاب بەرمەڭ. «بالام سەن ئۇيغۇر، شۇڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلغىن، ئاندىن مەن جاۋاب بېرەي» دەڭ. سىز شۇنداق قىلىپ كۆرۈڭ. ئەلۋەتتە، نەتىجىسىنى كۆرىسىز.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ھۆكۈمەت نامىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى پەقەتلا قازاقىستاندا ۋە قىرغىزىستاندا تېپىلىدۇ. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن تەلەيلىك. چۈنكى، قازاقىستان ھۆكۈمىتى قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە دەرسلىكلەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلىدۇ. قازاقىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر سىنىپلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتلىرى بار. بۇنداق ياخشى شارائىت باشقا دۆلەتلەردە تېپىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ كاتتا نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، بۇ نېمەتنى ئۆز مىللىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى لازىم.



[1] سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت.

## ئانا تىلنى ئۆگەنمەسلىك كەمچىلىكتۇربىلمەسلىك ئەيىپتۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى ۋە تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىدۇر. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»[1] دەيدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىدىن بىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئىتى بولغان تىلنى قوغداش، ئۇنى ئاسراش ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. دۇنيادا ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر بىر خەلق.

ئانا تىلىمىزنى قوغداش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتۇر. ئۇيغۇر تىلىمىز ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلشىر نەۋائىي 15 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىلا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋالغان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق، بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن شانلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە پۈتكۈل خەلقئالەمگە جاكارلىغان[2].

## ئانا تىلنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى، بالىلىرىغا ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ھايات-مامات مەسىلىسىدۇر. ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا سۆزلىشىشنى بىلمىگەن ئادەم قانداقمۇ ئۆزىنى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ قىلالىسۇن؟ قانداقمۇ شۇ مىللەتنىڭ دەۋاسىنى قىلالىسۇن؟ ئانا تىلىنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە ۋەتەنپەۋەرلىك قىلىمەن دېسىمۇ قولىدىن كەلمەيدىكەن. مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇردىن بىر قانچىسىنى بىلىمەن. زادى ئۆزىنىڭ

---

[1] سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.

[2] ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين»گىچە ناملىق ئەسىرى، 8 - بەت.

ئانا تىلىدىن، ئۆزىنىڭ تارىخىدىن يىراق ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر بارماق بىلەن ساناپ بەرگىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئاز بولىدىكەن. ئانا ۋەتىنىگە تەلپۈنىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىدىغان مۇشۇ ئاز كىشىلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى بولغان ئانا ۋەتىنىگە ھەرقانچە ئىخلاس قىلسىمۇ، ئۇنى ھەرقانچە سۆيسىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا گەپ قىلىشنى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئوقۇشنى بىلمىگەنلىكتىن، قىلماقچى بولغانلىرىنى قىلالماي، دېمەكچى بولغانلىرىنى دېيەلمەي كەلمەكتە. بۇلار ئانا تىلىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ قىينالماقتا.

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاتا-ئانىسى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋە پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتكەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆز مىللىتىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ۋاپادار چىقىدىكەن. ئەمما، ئۆزلىرى ۋەتەنپەرۋەر ياكى ئۆلىما ۋە ياكى زىيالىي بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتمىگەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى-ۋەسلىنى بىلمەيدىغان، مىللىتىگە كۆيۈمسىز بولۇپ چىقىدىكەن. بۇلار بىزنىڭ كۆرگەن ۋە ئىگىلىگەنلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى. شۇڭا دەيمىزكى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار، ئاقكۆڭۈل، تىرىشچان ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان ھەربىر ۋاپادار ئۇيغۇر چوقۇم بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى لازىم. ئۇ ئۆزىنىڭ نام-نىشانىنىڭ داۋام قىلىشىنى خالىسا، چوقۇم بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى لازىم.

مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ھەتتا يەسلىدىن باشلاپ تاكى دوكتورلۇققا قەدەر ئەرەب تىلىدا ۋە ئەرەب مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان تۈركلەرنى بىلىمەن. ئۇلار تۈرك تىلىنى ۋە تۈركلەرگە خاس ئەدەپ-ئەخلاقلارنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمىغان. قىسقىسى، مەن بۇ يەردە تۈركچە بىلمەيدىغان بىرمۇ تۈرك كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان مىڭلارچە ئۇيغۇرنى ئۇچراتتىم. بۇ ئۇيغۇرلارنى توي-تۆكۈنلەردە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ سورۇنلىرىدا كۆرۈپ ئۇيغۇر ئىكەن دېمىسىڭىز، سىرتتا كۆرگەندە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر دېمەيسىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزى، ئۆرپ-ئادىتى، كىيىنىشى، مەدەنىيىتى، تەقى-تۇرقى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدۇ. بىزگە ئەڭ يېقىن خەلق ئۆزبېك قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئۆزبېك تىلىنى بىلمەيدىغان بىرەر ئۆزبېكنى ئۇچراتمىدىم. بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى مەن مەككىدە بىر ئۆزبېك كىشىنىڭ دۇكىنىغا كىرگەن ئىدىم، بۇ ئارىدا ئۇ كىشىنىڭ توققۇز ياشلاردىكى بىر بالىسى ئۇنىڭغا شۇنداق تاتلىق ساپ ئۆزبېكچە گەپ قىلدى. مەن بالىغا قىزىقىپ قېلىپ دادىسىدىن «بالىڭىز مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

ئۆز تىلىنىمۇ ياخشى بىلىدىكەن» دېگەن ئىدىم. دۇكانچى ماڭا : «قارىكە! بىز ئۆزبېكلەر ئۆيدە ئۆزبېكچە گەپ بېرەمىز، باللار ھەم ئۆزبېكچە گەپ بېرەدى. بىز باللارغا ‹ئۆينىڭ ئىچى بىزنىڭ مەملىكەتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆيدە ئۆزبېكچە گەپ بېرەسەن، ئۆينىڭ سىرتىدا ۋە مەكتەپتە قايسى تىلدا گەپ بەرسەڭ بۇ سېنىڭ ئەركىڭ› دەپ تەربىيە بېرەمىز» دېگەن ئىدى. (بۇ گەپ ئۆزبېكچىگە ئوخشماي قاپتۇ)

تۈركلەرنىڭ ئۆز تىلىنى قوغداش، ئۆز تىلىنى قەدىرلەش ۋە ئۆز تىلىدىن پەخىرلىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە دېگەندەك چەتئەل تىلى بىلىدىغان تۈركلەرمۇ چەتئەل تىلىنى ھەرگىز تۈرك تىلىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ، تۈركچە سۆزلىشىش كېرەك بولغان يەردە چەتئەلچە گەپ قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار چەتئەل تىلى ئۆگىنىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ ياكى ئۆز تىلىدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ، ھەر ۋاقىت ئۆز تىلىنى بارچە تىللارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. تۈركىيەدىكى مەدرىسەلەردىمۇ دىنىي بىلىملەرنى ئاۋۋال تۈركچە ئوقۇتىدۇ، ئەرەب تىلىنى پەقەت ئەرەب تىلى ئۆگىنىدىغانلارغا ۋە مەدرىسەدە چوڭقۇرلاپ ئوقۇماقچى بولغانلارغا ئۆگىتىدۇ. ئىشىنىڭ ئەسلى مۇشۇ. چۈنكى، مەدرىسەگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلى ئۆگىنىپ، دىنىي ئىلىمنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگىلى كىرمەيدۇ. كۆپلىگەن باللارنى ئاتا-ئانىسى زۆرۈر بولغان دىنىي بىلىملەرنى، ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە ھالال-ھارام مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىۋالسۇن دەپ ئەۋەتىدۇ. شۇڭا، ئەمدىلا مەدرىسەگە كىرگەن بالىغا ئەرەب تىلى باشلىتىپ قويغاندا، بالا ئاۋۋال ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەي قالىدۇ. ئەمما، ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ دىندا ئالىم بولۇش ئۈچۈن مەدرىسەگە كىرگەن باللارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولىدۇ.

بۇنى توغرا چۈشەنگەن دانىشمەن بوۋىمىز ئابدۇلقادىر داموللام خەلققە دىنىي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆگىتىش، مەدرىسەدىكى باللارغىمۇ دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىدا دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەرنى يېزىپ باستۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، زالىم ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ يانتاياقلىرى بولغان جانباقارلار دىن نامى بىلەن بۇ يېڭى گۈللىنىشكە قارشى چىقىپ، داموللامغا «جەدىدچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى يېڭى گۈللىنىش ھەرىكىتى بىلەن قوشۇپ نابۇت قىلىۋەتكەن ئىكەن. ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، خۇسۇسەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن، بىزگە قىسمەن پۇرسەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، بىزدە ئوقۇتۇش پىروگراممىسى، مۇنتىزىم دەرسلىك پىلانى بولمىغانلىقتىن، ئەمدىلا مەدرىسەگە كىرگەن بالىغا ئاۋۋال ئۆز تىلىمىزدا دىنىي ساۋاتلارنى ئۆگىتىشنىڭ ئورنىغا، ئەرەب تىلى

گىراماتىكىسىغا زورلاش ئارقىلىق بالىنى زېرىكتۈرۈپ جاق تويغۇزۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بالا مەدرىسەدىن قېچىشنى گۇندىخانىدىن قاچقاندىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، پەقەت ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا مەدرىسەدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان، بىر قانچە ئون يىل مەدرىسەدە ئوقۇسىمۇ، مەدرىسەنىڭ توپىسىنى يېگەندىن باشقا ھېچنەرسە ئالالماي چىقىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۆتمۈشلەردە يۈز تالىپ مەدرىسىدە ئوقۇسا، ئۇلاردىن بىر ياكى ئىككىسى دىنىدا ئالىم بولۇپ چىقسا، قالغانلىرى قورسىقىدا ئۇماچ يوق، «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» بولۇپ چىقىدىكەن، ئاندىن ئۇلار موللا ئاتالغانلىقتىن، كىشىلەر مەسىلە سورىسا، «بىلمەيمەن» دېيىشتىن ئۇيۇلۇپ، خاتا پەتىۋالارنى بېرىپ خەلقنى ئازدۇرغان ئىكەن. دىنىي بىلىملەرنى ئۆز تىلىمىزدا ئۆگەتسەك، بىزگە نېمە زىيان بولىدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشى شەرتمۇ؟ ياكى ئۇيغۇر تىلى تىل ئەمەسمىكەن؟!

ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى قەدىرلىمىسە، ئۇنى كىم قەدىرلەيدۇ؟ ئىنگلىزلار ئۆز تىلىنى قاتتىق تەشۋىق قىلغانلىقتىن ۋە بەدەل تۆلەپ تارقاتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى ھەممە مىللەت ئۆگىنىدىغان دۇنياۋى تىل بولۇپ قالغان. مانجۇلار ئۆزىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە ئۆز تىلىنى كۆزقارىچۇقىدەك ئاسرىمىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تىلى قۇملۇق يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا دۇنيادىن غايىپ بولدى. تىل ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر تۇتاشتۇر.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپ-مەدرىسەلىرىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى دېگەندەك دەرسلىكلەرنى بارچە دەرسلىكلەرنىڭ ئالدىغا تىزىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھەربىر مۇئەللىم ۋە ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىش، ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇش، ئۇيغۇرچە دەرس ۋە تەبلىغلەرنى ئاڭلاش ئەڭ ئالدىنقى تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

# تەپەككۇر ئىبادەتتۇر

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنسۇن، دەپ نازىل قىلغان. ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) (بۇ) ئۇلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، بىز ساڭا چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر»[1] قۇرئان ئوقۇشتىن مەقسەت ئۇنىڭ ھەربىر ئايىتىنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنىڭ مېۋىسى تەپەككۇر قىلىشتۇر. تەپەككۇر قانداق قىلىنىدۇ؟

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرۈشنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان مۇشۇ ئىككى كۆزىمىز نەدىن پەيدا بولدى؟ ئۇ قانداقلارچە كۆرىدىغان بولۇپ قالدى؟ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئاشۇ بىر تال ئۇرۇقتىن پەيدا بولغان ئىنسان قانداقلارچە بۇ ئىككى كۆزنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى؟

ئاندىن كۆرمەيدىغان ئىنسان توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىپ باقايلى، ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرمەيدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، بۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ، كائىناتتىكى رەڭگارەڭ سەنئەتلەرنىڭ نېمىگە پايدىسى بولغان بولاتتى؟ بۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولغان بولاتتى؟

ئاندىن يەنە ئويلاپ باقايلى، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ كۆزىنى ھازىرقى ئورنىغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە ياكى مەيدىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئىش قانداق بولار ئىدى؟ ھازىرقىدەك ھەر نەرسىنى ئوڭايلا كۆرگىلى بولارمىدى؟

دېمەك، بىز ئەزالىرىمىز ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر ئەزانى ئەڭ مۇناسىپ ئورۇنغا جايلاشتۇرغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇلار تاساپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى سايىسىدا ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى ئەزالىرىمىز ۋە بىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿وَفِي أَنْفُسِكُمْ

[1] سۈرە ساد، 29-ئايەت.

أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾ يەنى «ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟»[1] دېگەن.

## تەپەككۇر — ئىلىم، قىزىقىش ۋە ئەمەلدۇر

تەپەككۇر قىلىش ئىنساننى بىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ، بىلىش قىزىقىشقا ئۈندەيدۇ، قىزىقىش ئەمەلگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىلمىگەنلىرىنى بىلىدۇ، بىلىش ئارقىلىق قىزىقىش ھاسىل قىلىدۇ، قىزىقىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئۆتىدۇ. قەلب ئارامىنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن ھاسىل قىلسا، تەپەككۇر ئوزۇقىنى ئىلىمدىن ھاسىل قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانى تونۇش دىنىنىڭ يىلتىزى ۋە ئىلىمنىڭ ئەۋۋىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى كائىنات ھەقىقەتلىرى ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئارقىلىق تونۇتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بولۇپ، بىرى كائىنات، يەنە بىرى قۇرئان كەرىمدۇر. تەپەككۇر قىلىش ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. ھەربىر ئىنساننىڭ ئىمان جەھەتتىكى دەرىجىسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان تونۇشى ئاشقانسېرى ئىتائەتمەنلىكى ئېشىپ بارىدۇ، ئىتائەتمەنلىكى ئاشقانسېرى تەقۋالىقى ئاشىدۇ. تەقۋالىقىنىڭ ئېشىشى جەننەتنىڭ يولىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنى مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، كائىناتنىڭ ھەر تەرىپىگە قاراپ، ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىماننى كۈچەيتىدىغان، ئەقلنى ئاچىدىغان، ئاللاھقا يېقىن قىلىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر.



[1] سۈرە زارىيات، 21 - ئايەت.

# زاكاتنى ۋەتەننى ئازاد قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال زاكاتنى كىملەرگە ۋە نەلەرگە بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ چىقايلى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر ۋە ئورۇنلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللهِ وَاللهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زاكات ئالىدىغانلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. پېقىرلار
2. مىسكىنلەر
3. قەلبىنى دىنغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار
4. قەرزدارلار
5. زاكات خادىملىرى
6. قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن
7. ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلار
8. يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلاردۇر

## پېقىرلار

پېقىر — پۇل-مېلى زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. پېقىرلار بايلارنىڭ ئەكسى بولۇپ «قۇرئان كەرىم»دە باي ۋە يوقسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەبىقە ھەمىشە

[1] سۈرە تەۋبە، 60-ئايەت.

بىرگــە بايــان قىلىنغــان. مەســىلەن، ﴿وَمَــنْ كَانَ غَنِيًّــا فَلْيَسْــتَعْفِفْ وَمَــنْ كَانَ فَقِيــرًا فَلْيَــأْكُلْ بِالْمَعْــرُوفِ﴾[1] يەنــى «كىمكــى بــاي ئىكــەن (يېتىمنــى باققانلىقــى باھانىســى بىلــەن) ئۇنــىڭ مال-مۈلكىنــى يېيىشــتىن ئۆزىنــى ساقلىسۇن، كىمكــى يوقسۇل ئىكــەن، (ئــۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن»[2].

## مىسكىنلەر

مىســكىن — ھېچقانــداق نەرسىســى يــوق، ھەتتــا يېتــىپ قوپىدىغــان ئۆي-جايىمــۇ بولمىغــان ھاجەتمــەن دېگەنلىكتــۇر. مىســكىننىڭ ئەھۋالــى پېقىرنىڭكىدىــن ناچــار بولــىدۇ. شــۇڭا، «قۇرئــان كەرىــم»دە مۇنــداق ھاجەتمــەن كىشــىلەر ﴿مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ﴾ يەنى «توپىدا ياتقان مىسكىن»3 دەپ تەرىپلەنگەن.

## زاكات خادىملىرى

زاكات خادىملــىرى — زاكات ئىشــلىرىغا ۋەزىپىلەنگــەن ئادەملــەر بولــۇپ، زاكات يىغقۇچىلار، پۈتۈكچىلەر، ســاقلىغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار ۋە بۇ ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئــۇلار گەرچــە پېقىــر بولمىســىمۇ، زاكاتتىــن نېســىۋە ئېلىشقا تېگىشــلىكتۇر. چۈنكــى، زاكات خادىملــىرى كۈچــى ۋە ۋاقتىنــى ســەرپ قىلىــپ، بــۇ ئىشــقا ۋەزىپىلەنگــەن ئىكەن، ئــۆزى ۋە ئائىلىســىنىڭ ئېھتىياجىغــا يەتكۈدەك مىقــداردا زاكاتتىــن مائــاش ياكــى ئىــش ھەققى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

## قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

قەلبىنــى ئىســلامغا مايــىل قىلىــش كــۆزدە تۇتۇلغانــلار — پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالام زامانىــدا قەلبىنــى مايــىل ئارقىلىــق مۇســۇلمان بولۇشــىنى ياكــى دىنىــدا مۇســتەھكەم بولۇشــىنى قولغــا كەلتــۈرۈش ئۈچــۈن زاكات ماللىرىدىــن بىــر ئۈلــۈش بېرىلگــەن شەخسلەردۇر.

---

[1] سۈرە نىسا، 6-ئايەت.

[2] ئەللامە يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الزكاة» ناملىق ئەسىرى، 444-بەت.

## قۇللارنىڭ ئازادلىقى

قۇل — ئۆتمۈشتە بايلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئادەم دېمەكتۇر. ئايەتتىكى «قۇللار»دىن مەقسەت مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن خوجايىنلىرى بىلەن توختام تۈزگەن قۇللاردۇر.

ھازىرقى زاماندا قۇل بولمىغانلىقتىن، زاكاتنىڭ بىر ئۈلۈشىنى كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىش، كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىگە قامىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

## قەرزدارلار

قەرزدار — ئۆستىدە باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ماددىي ھەق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما، يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «قەرزدارلار» دېگەن سۆز ئادەتتىكى ھەرقانداق قەرزدارنى ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە يۈكلەنگەن قەرزنى تۆلەشكە كۈچى يەتمىگەن، ئۇنى تۆلەش ئۈچۈن جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.



## ئاللاھنىڭ يولى

ئاللاھنىڭ يولى — كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادتۇر. مۇجاھىدلارغا جىھادقا يېتەرلىك تەييارلىقلارنى ھازىرلىشى، قورال-ياراق، ئوق-دورا سېتىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىسلامدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپلىرى بىرلىككە كەلگەن.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿في سبيل الله﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى، يولىنى ۋە بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئىتىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا كاپىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا پۇل-مال سەرپ قىلىش دېگەنلىكتۇر».

## ھەرقانداق ئۇرۇش جىھاد بولالمايدۇ

دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قورال بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى قەلەم، سىياسەت، تەشۋىقات ۋە زامانىمىزدا كۈرەش قاتارىدىن سانالغان بارلىق چارە ۋە ۋاستىلەر بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كۈرەشنىڭ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد قاتارىدىن سانىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش ياكى يۈكسەلدۈرۈش دېگەندەك دىنىي مەقسەت بولۇشى شەرتتۇر.

ئەللامە يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي مۇنداق دەيدۇ: «شەك-شۈبھىسىزكى، كاپىرلار بېسىۋالغان ئىسلام دىيارلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھازىرقى ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم جىھاد سانىلىدۇ. مۇستەملىكىچى كاپىرلار مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن ياكى دىنسىز بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش. ئەمما، ھەرقانداق ئۇرۇش ئاللاھ يولىدىكى جىھاد سانالمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئويلاپ قالىدۇكى، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان ھەرقانداق قورال كۆتۈرگۈچى — غايىسى، يۆنىلىشى، شوئارى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان بولىدۇ. ئۇرۇشقا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كىردىمۇ ياكى باشقا مەقسەت بىلەن كىردىمۇ؟ غايىسى ئىسلاممۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ھېچقانداق پەرقى يوق.

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ھەرقانداق ئۇرۇش ئىسلامىي غايىلەردىن بىرەر غايىگە باغلانغان، ئىسلامنىڭ نۇسرىتى كۆزلەنگەندىلا ئاندىن ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولۇپ سانىلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش، ئۇنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ئىسلام دىيارىنى مۇداپىئە قىلىش، ئىسلامنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولالايدۇ. ئەگەر ئۇرۇش بۇ غايىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئادەتتىكى ئۇرۇش بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق ئۇرۇشنىڭ باشقا ئىنسانلار، ھەتتا كاپىرلار قىلىدىغان ئۇرۇشلاردىن ھېچبىر پەرقى قالمايدۇ»[1].

زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش، دىنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈش يولىدا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، ئۈن-سىن قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، دىنىي مۇئەللىملەرنى تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ. يەنە بۇ تۈرگە مۇسۇلمانلاردىن ئىشسىز قالغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كېسەللەرنى داۋالىتىش، ئوقۇيالمىغان باللارنى ئوقۇتۇش،

[1] ئەللامە يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الزكاة» ناملىق ئەسىرى، 446-447-بەتلەر.

ياشلارنى تەربىيەلەش ۋە مۇھىم بولغىنى دىنىي تەلىم-تەربىيەنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. يەنى يۇقىرىقىلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان ئورگان ياكى مۇئەسسەسە چىقىمىغان شارائىتلاردا، زاكاتقا يىغىلغان پۇل-ماللارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

## مۇساپىرلار

مۇساپىر — ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما، يۇقىرىقى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مۇساپىر ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياردەمگە موھتاج بولغان ئادەمگە گەرچە ئۆز ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ، زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

## زاكات پۇلىنى ۋەتەن ئازاد قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟

ۋەتەن جانىدىنمۇ قىممەتلىك. شۇڭا، ئۇ قىممەت-ئەرزان ھەر نەرسىمىزنى، ھەتتا جېنىمىزنىمۇ ئىككىلەنمەيلا ئاتاشقا ئەرزىيدۇ. ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ھەربىر پۇقرانىڭ ئۈستىگە قەرز بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ۋەتەن ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلغان مىللەت مەڭگۈ ھۆرلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا ۋەتەن ئۈچۈن ھېچنەرسىمىزنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك. ۋەتەن ئۈچۈن قىلىدىغان چىقىمنى 2.5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت) بېرىلىدىغان ئاشۇ ئاز مىقداردىكى زاكاتقا باغلاشقا ھاجەت بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ۋەتەن ئۇنىڭدىن كۆپ، ھەتتا ھەسسىلەپ بېرىشكە تامامەن ئەرزىيدۇ.

ئەمدى، زاكاتنى ۋەتەن ئازاد قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، زاكاتنى قانداق يەرلەرگە بېرىشنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاسىتە بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ۋەتەننى ئازاد قىلىش تەشكىلاتلىرى يۇقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن سەككىز تۈرنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، زاكاتنى ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتلارغا بېرىشكە ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلات ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ زاكات ئادا تاپمايدۇ.

[1] سۈرە مۇھەممەد، 38-ئايەت.

شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى رەت قىلمايدىغان ۋە پىروگراممىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ئورۇن ئالغان تەشكىلاتلارغا زاكات بەرسە ئادا تاپىدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى، بۇنداق تەشكىلاتنى «ئاللاھ يولىدا» دېگىلى بولىدۇ ۋە يۇقىرىقى سەككىز تۈرنىڭ بىرىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتلارغا زاكاتتىن باشقا بارلىق ياردەملەرنى بېرىش، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ھەمدەم بولۇش ھەربىر پۇقرانىڭ ۋەزىپىسى. بۇنداق بىر زۆرۈر ياردەم ئۈچۈن زاكاتقا قاراپ تۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

# تەۋبە - ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى

ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرى، خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەپ تۇرۇش سەمىمىيلىكنىڭ، كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تەۋبە — قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ دۇرۇسلۇققا قايتىش دېگەنلىكتۇر. ئىستىغپار— ئاللاھ تائالادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەش دېگەنلىكتۇر. زامانىمىزدا كۆپىنچە كىشىلەر تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىڭلار دېيىلسە، خۇددى تەۋبە-ئىستىغپارنى چوڭ گۇناھ ياكى جىنايەت سادىر قىلغان ئادەملەرلا ئېيتىدىغاندەك، ياكى «ئ» ئەلھەمدۇ لىللاھ» بەش ۋاخ نامىزىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمىدۇق، بىراۋغا زۇلۇم قىلمىدۇق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدۇق، شۇڭا ئىستىغپارنى ئېيتساقمۇ ياكى ئېيتمىساقمۇ بەك مۇھىم ئەمەس» دېگەندەك قىلىپ، تەۋبە-ئىستىغپاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى تەۋبە-ئىستىغپارنى گۇناھكار ئادەملەرلا ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئىستىغپارنى ھەممە پەيغەمبەر ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن بىر پاك پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟ ياق! تەۋبە-ئىستىغپار قەدىمىمىزنىڭ تېيىپ كەتمەسلىكى، توغرا يولدا ئىزچىل يۈرۈشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. مەسىلەن، كۆڭلىكنىڭ تۈگمىلىرىنى خاتا ئەتكەن ئادەم ئۇنى بايقىغان ھامان دەرھال خاتالىقنى تۈزىتىپ تۈگمىنى توغرا ئېتىپ ماڭغاندا، كېيىنكى تۈگمىلەر دۇرۇس ئېتىلىپ ماڭىدۇ، ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا باشتىكى تۈگمىدىن باشلاپ ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئۆڭشاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ھەربىر گۇناھ ۋە خاتالىق ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ ماڭغاندا، دۇرۇسلۇق ۋە توغرىلىق ئۈستىدە ماڭغان بولىمىز، ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا، گۇناھلىرىمىز ۋە خاتالىقلىرىمىز بىزنى ھالاك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچقانداق گۇناھنى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كىچىك سانىماڭلار، گۇناھلار بىرىكىپ ئاخىرى ئادەمنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ»[1] دېگەن.

## تەۋبە - ئىستىغپار ئادەمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ.

تەۋبە - ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خاتالىقنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، گۇناھنى تەۋبە ئارقىلىق ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغۇپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گۇناھتىن ساقلىنىش قىيىنلىشىدۇ.

خاتالىقنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، گۇناھ قىلىپ سالغان ھامان پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ. دېمەك، تەۋبە - ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم داۋام قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، پايدىسى ئىنتايىن كۆپ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن[2]. چۈنكى، تەۋبە - ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنى ۋاقتىدا يۇيۇپ، گۇناھلارنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق قاتمۇقات خاتالىق ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوق. ئۇنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق جايدا ئېيتسا بولىدۇ.

## ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىدىغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتتە ئۇلارنى «ئۇلار سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر»[3] دەپ ماختىغان. يەنە «ئۇلار سەھەرلەردە

[1] «مۇسنەد ئەھمەد»، 3818 - نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] ئىمام تىرمىزىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 17 - ئايەت.

(رەبىىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»[1] دەپ تەرىپلىگەن.

## ئىستىغپار بارچە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ۋەسىلە بولىدۇ

ئىستىغپارنىڭ بارچە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىدىكى رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى، بۇ بىر ئەمەلىيەت. بىر ئادەم سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇللاھ ئىبنى بازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئايالىنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى ھامىلىدار بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بىر چىقىش يولى سورىغاندا، ئەللامە ئىبنى باز «ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتقىن» دەپ بۇيرۇغان، ئادەم بىر يىلدىن كېيىن ئەللامە ئىبنى بازنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئايالىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئېيتقان.

سەلەپ سالىھلارمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇيتتى. بىر ئادەم ھەسەن بەسرىينىڭ ھۇزۇرىغا قەھەتچىلىكتىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، ھەسەن بەسرىي ئۇنىڭغا «ئىستىغپار ئېيتقىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ، ئۆزىنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئايالىنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغىمۇ «ئىستىغپار ئېيتقىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق يوقسۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بېرەر چىقىش يولى بارمىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭغىمۇ «ئىستىغپار ئېيتقىن» دەپ نەسىھەت قىلغان. ھەسەن بەسرىينىڭ يېنىدە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن «ئۆزلىرى كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇدىلىغۇ؟» دېگەندە، ھەسەن بەسرىي ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن ئىكەن: «(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.(شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»[2].

## ئىستىغپارنىڭ پايدىلىرى كۆپ

بىرىنچىسى، ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم دۇنيادا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن ھەرگىز ئازاب چەكمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

[1] سۈرە زارىيات، 18-ئايەت.

[2] سۈرە نۇھ، 10-12-ئايەتلەر.

مۇنـداق دېگـەن: «(ئـى پەيغەمبـەر!) سـەن ئۇلارنـىڭ ئارىسـىدا تۇرغـان مـۇددەت ئىچـىدە ئاللاھ ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ، ئـۇلار ئىسـتىغپار ئېيتىـپ تۇرغـان چاغدىمـۇ ئاللاھ ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ»[1]. دېمـەك، ئىسـتىغپار ئىنسـاننى جىسـمانىي، روھىـي، پىكرىـي، ئىجتىمائىـي ئازابلاردىـن قىسقىسـى، بارلىـق ئازابلاردىـن ئـازاد قىلىـدۇ.

دېمـەك، بىزنـى ئاللاھنىـڭ ئازابىدىـن ساقلاپ تۇرىدىغـان ئىككـى ئامـىل بولـۇپ، بـىرى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام، يەنـە بـىرى ئىستىغپاردۇر. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام ۋاپـات بولـۇپ كەتكـەن بولسـىمۇ، ئىستىغپار مەۋجۇتتـۇر.

ئىككىنچىسـى، ئىسـتىغپار ئىنسـانغا بارلىـق ياخشـىلىق ئىشـىكلىرىنى ئاچىـدۇ. بـۇ ھەقتـە نـۇھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ «رەببىڭلاردىـن مەغپىـرەت تىلـەڭلار. چۈنكـى، ئـۇ ناھايىتـى مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر. (شـۇنداق قىلسـاڭلار) ئـۇ سـىلەرگە مـول يامغـۇر ياغـدۇرۇپ بېرىـدۇ، مال-مۈلكىڭلارنـى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنـى كۆپەيتىـپ بېرىـدۇ، سـىلەرگە باغلارنـى، ئۆسـتەڭلەرنى ئاتـا قىلىـدۇ»[2] دېگـەن سـۆزىنى ئەسـكە ئېلىـش يېتەرلىكتـۇر.

ئۈچىنچىسـى، ئىسـتىغپار شـەخس ۋە جەمئىيەتكـە كۈچ-قـۇۋۋەت ئاتـا قىلىـدۇ. ئاللاھ تائـالا ھـۇد ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمىگـە ئېيتقـان سـۆزىنى قىسسـە قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى قەۋمـىم! رەببىڭلاردىـن مەغپىـرەت تىلـەڭلار، ئاندىـن ئۇنىڭغـا تەۋبـە قىلىـڭلار (شـۇنداق قىلسـاڭلار)، ئـۇ سـىلەرگە كـۆپ يېغىـن ياغـدۇرۇپ بېرىـدۇ ۋە كۈچۈڭلارغـا كـۈچ قاتىـدۇ»[3].

تۆتىنچىسـى، ئىسـتىغپار ئىنسـانغا بەخت-سـائادەتلىك ھايـات بېغىشـلايدۇ. ئاللاھ تائـالا يەنـە ھـۇد ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۆزىنى قىسسـە قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «سـىلەر رەببىڭلاردىـن مەغپىـرەت تەلـەپ قىلىـڭلار، ئاندىـن ئۇنىڭغـا تەۋبـە قىلىـڭلار، (شـۇنداق قىلسـاڭلار) ئاللاھ سـىلەرنى بەلگىلەنگـەن ئەجىلىـڭلار توشـقۇچە ئوبـدان ياشـىتىدۇ»[4].

## گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ھەرقانـداق ئـادەم بىلىپ-بىلمـەي چوقـۇم خاتالىـق ئۆتكۈزىـدۇ ۋە گۇنـاھ قىلىـپ سـالىدۇ. ھەتتـا، ھېـچ گۇنـاھ قىلمىغـان ئادەمنىـڭ ئۆزىنـى گۇناھسـىز ھېـس قىلىـپ،

[1] سۈرە ئەنفال، 33-ئايەت.
[2] سۈرە نۇھ، 10 12-ئايەتلەر.
[3] سۈرە ھۇد، 52-ئايەت.
[4] سۈرە ھۇد، 3-ئايەت.

مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق! ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەمدىن گۇناھ قىلىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ھارام لەززىتىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، مەغپىرەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ تېتىيالمايدۇ. مەسىلەن، تاماكا چېكىشكە ئوخشاش بىرەر گۇناھقا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەم ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ئازابلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ، گۇناھلىرىنى تەۋبە ئارقىلىق ياخشى ئەمەللەرگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئەمما، گۇناھ قىلمىغان ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ ۋە مەغپىرەتنىڭ لەززىتىنىمۇ تېتىيالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دېگەن. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئەكسىچە بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئەلغەفۇر» يەنى (كەچۈرگۈچى) ۋە «ئەلغاففار» (ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# دىلىڭىز ئاللاھقا تايانسۇن، قولىڭىز سەۋەبكە

ئاللاھ تائالاغا تايىنىش، ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ﴿وَعَلَى اللهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقىلا تايىنىڭلار»[1]، ﴿وَعَلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن»[2]. ئاللاھ تائالاغا تايىنىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئىشلەش ۋە سەۋەب قىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىشلەش ۋە سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ «ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر، ئەمدى سىلەر (تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىننىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلگەن چاغدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر»[3].



## قۇرئان كەرىمدە كەلگەن تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «التَوَكُّل» سۆزى لۇغەتتە: «بىراۋغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش»، «بىرىگە تايىنىش» ۋە «بىرىگە يۆلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى، دىنىي ئىستىمالدا بولسا، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ باغلىغان ھالدا تايىنىشنى، ئۆزى ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەۋەككۇل» دېگەن سۆزنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار، دەپ قىلىنغان ھەرىكەت» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۇل نېمە بولسا بولار، دەپ تەۋەككۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياردىمى ۋە قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا تايىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا، ئەرەب تىلىدىكى، خۇسۇسەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى «التَوَكُّل» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى

[1] سۈرە مائىدە، 23-ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 122-ئايەت.

[3] سۈرە مۇلك، 15-ئايەت.

«تەۋەككۇل» مەنىسىدە چۈشىنىش ئىنتايىن چوڭ خاتالىقتۇر.

### ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى

«قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ كەلگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن، ﴿وَعَلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾، ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى اللهِ﴾ دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «التَوَكُّل» سۆزى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، كاتتا ئىبادەتتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالاغا «نېمە بولسا بولار» ياكى «قېنى باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېگەن مەنىدە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق.

### ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ئىماننىڭ بەلگىسى

ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ئىبادەت ھەمدە ئىماننىڭ بەلگىسى. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا تايىنىپ ۋە ئىشەنچ قىلىپ، جىمى ھاجەتلەرنى ئۇنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغانلىق ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە ئىشەنگەنلىكتۇر. شۇڭا، بۇنداق قىلىش ئىماننىڭ بەلگىسىدۇر. شۇڭا، مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالا بىلەن، ئۆزى سەۋەب قىلىش بىلەن بولۇشى لازىم. ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللهَ بَالِغُ أَمْرِهِ﴾ يەنى «كىمكى ئاللاھقا تايىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مەقسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر»[1].

### تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى

تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئىككى شەرتى بولۇپ، بىرى، ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن تايىنىش؛ يەنە بىرى، قولىدىن كەلگەنچە سەۋەب قىلىشتۇر. ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى مۇشۇ ئىككى شەرتكە باغلىقتۇر. بۇ ئىككى شەرتنىڭ قايسىبىرىنى تەرك ئەتكەن ئادەم غەلىبە قىلالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۇچارقاناتلارنى رىزىقلاندۇرغاندەك رىزىقلاندۇرىدۇ، ئۇچارقاناتلار ئەتىگەندە ئاچ

[1] سۈرە تالاق، 3 ـ ئايەت.

چىقىپ كېتىپ، كەچتە قورساقلىرى تويغان هالدا قايتىپ كېلىدۇ»[1]. يەنى ئۇچارقاناتلار تەۋەككۇل قىلىدۇق، دەپ ئۇۋۇلىرىدا ياتماستىن ئەتىگەندە چىقىپ كېتىپ رىزىق ئىزدەيدۇ، قارنىنى تويغۇزىدۇ، شۇڭا كەچتە توق قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار رىزىق ئىزدىمەي ئۇۋۇلىرىدا ياتقان بولسا ئاچ قالاتتى.

ئاللاھ تائالاغا تايىنىش كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدۇ ۋە گۈزەل نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر ئۆزى ۋە بالىلىرىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ، بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتىدۇ، بالىلىرىنىڭ ماددىي ئېهتىياجلىرىنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ماددىي سەۋەبلەرنىڭ هەممىسىنى قىلىدۇ. ئەمما، ئاخىرىدا يا ئۆزى ياكى بالىلىرى بەختلىك بولالماي تۇرمۇشتىن قاقشايدۇ، بالىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن مەمنۇن ئەمەس، ئاتا-ئانىلىرىمۇ بالىلىرىدىن رازى ئەمەس، هەممىسى بەختسىز بىر هاياتقا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى چەكلىك، ئۆزى يوقسۇل بولسىمۇ، مەنۋىيىتى باي، كۈچلۈك ياشايدۇ، هەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولغانلىقتىن، راهەت-پاراغەتتىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقتىن بەختلىك، خاتىرجەم هالدا تۇرمۇشقا داۋام قىلىدۇ. ئۇلار بالىلىرىغا كۆپ مال-دۇنيا تېپىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنى هەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان، هەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موهتاج ئىكەنلىكىنى دائىم هېس قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەنلىكتىن بالىلىرى قانائەتچان ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇلار قانائەتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر سايىسىدا بەختلىك، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

### رىزىق ئەمگەكسىز كەلمەيدۇ

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كۈنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەسجىد تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ دۇئادىيۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىز ئاللاهقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. هەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «سىلەر تەۋەككۇلچىلەر ئەمەس، بەلكى تەييارتاپلارئىكەنسىلەر. ئى ئاللاھ! ماڭا رىزىق بەرگىن، دەپ ئىشلىمەي ئولتۇرۇشۇڭلار توغرا ئەمەس» دەپ كايىپ، ئۇلارنى مەسجىدتىن قوغلاپ چىقارغانىكەن.



[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى، «هەسەن» دەپ باهالانغان هەدىس.

# دىن ۋە سىياسەت

نۇرغۇن كىشىلەر سىياسەت سۆزىدىن ئۈركۈيدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار سىياسەتنىڭ رەزىللىكىنىلا بىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئەخلاق ۋە پرىنسىپنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم، ئۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى سىياسىيونلارنىڭ مەككارلىقى، ئەدەپ-ئەخلاقتىن يىراقلىقىنى كۆرۈپ، سىياسەت ۋە سىياسىيون دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەسلىدە، سىياسەت سەسكىنىشلىك نەرسە ئەمەس، ئېھتىمال بەزى كىشىلەرنىڭ سىياسەتنى ئەخلاقسىز ھالدا قوللىنىشى ۋە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىشى ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاتاقلىق پەيلاسوپ ۋە دىنىي ئۆلىما ئىبنى رۇشدى دىن ۋە سىياسەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىكەن: «پەلسەپە بىلەن دىنىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى بار. ئەمما، ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا بىرلىشىپ قالىدۇ. ئەسلىدە، پەلسەپە دىنغا زىت نەرسە ئەمەس. بەلكى دىننى قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ، دىنمۇ پەلسەپىنى ئىنكار قىلمايدۇ».[1]

ئەمەلىيەتتە، ئىبنى رۇشدىنىڭ ھاياتى بۇ سوئالغا يېتەرلىك جاۋاب بولالايتتى. چۈنكى، ئۇ پەيلاسوپ، ھەكىم، فەقىھ ۋە قازى ئىدى. ئۇ پەلسەپە بىلەن تېبابەتتە ئالىم بولغاندەك، فىقھ ۋە سىياسەتتىمۇ ئالىم ئىدى. كۆپلىگەن ئۆلىمالار شەرىئەتنى تېبابەتكە ئوخشىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن دوكتور ئەھمەد رەيسۇنىي مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ سىياسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دوختۇرنىڭ ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ پەقەت داۋالاش ۋە ساقايتىش مۇناسىۋىتىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئەڭ پەزىلەتلىك سىياسىيونلار ئىدى. ئۇلارغا چۈشكەن شەرىئەتلەرمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ مۇكەممەل سىياسەتلەر ئىدى. ھەتتا، قەدىمكى ئۆلىمالاردىن ئەبۇ بەكرى شاشىي ‹شەرىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى› ناملىق ئەسىرىنىڭ

[1] دوكتور ئەھمەد رەيسۇنىي: «الفكر الإسلامي» ، 35-بەت.

219

مۇقەددىمىسىدە: ‹شەرىئەتنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە گۈزەللىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ پەزىلەتلىك سىياسەت مەيدانىغا كىرىدىغانلىقى ۋە ساغلام ئەقىل بىلەن ماسلىشىپ كېتىدىغانلىقىدۇر› »[1] دېگەن.

ھۆججەتۇلئىسلام ئەبۇ ھامىد غەززالىي: «خەلقنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان توغرا يولغا يېتەكلەشتە قوللىنىلىدىغان سىياسەت تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجە پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىدۇر»[2] دېگەن.

پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىنى تەربىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي سىياسەت دېيىش ئەڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىيەتنى ئىمان، ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن زاتلاردۇر. ھازىرقى ئەسىردە سىياسەتنىڭ ساھەلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن، دۆلەت سىياسىتى، تەلىم-تەربىيە سىياسىتى، تەشۋىقات سىياسىتى، ئىجتىمائىي ئىشلار سىياسىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«دۆلەتلەرنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىدىن تاشقىرى ئەمەس. ئەمما، پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتى ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ھازىرقى ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىتى خەلقنى ئىدارە قىلىشتۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىدا دۇچ كېلىدىغان چوڭ قىيىنچىلىقى قەۋمى ئىچىدىكى كاتتىباشلار ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر ئىدى. ‹سىياسىي مەسىلە› نى تەرىپلىمەكچى بولساق، شۇنداق دەيمىزكى، ئىچىدە كاتتىباشلار بىلەن سىياسىيونلار ئورۇن ئالغان ھەر قانداق مەسىلە سىياسىي مەسىلىدۇر. قەدىمكى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقىشى ئوپئوچۇق سىياسىي مەسىلىدۇر. مەسىلەن، پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسىلىسى ئەينەن سىياسىي مەسىلە ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن تەرىپىدىن چوڭ بىر سىياسىي قارشىلىققا ئۇچرىغان، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سىياسىي قارشىلىققا ئۇچرىغان. (چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ يولىنى توسقان. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننى ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم قىلىشتىن توسقان بولسا، پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دىنىنى يەتكۈزۈشتىن توسقان). قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن قىسسىلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى گويا مۇسا ئەلەيھىسسالام پەقەت پىرئەۋن ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەندەك ئويغا سېلىپ قويىدۇ. ھەممە پەيغەمبەرنىڭ



[1] دوكتور ئەھمەد رەيسۇنىي: «الفكر الإسلامي»، 36-بەت.

[2] ئىمام غەززالىي: «الموافقات»، 1-توم، 28-بەت.

ئىشى سىياسەت ئىدى. ھەتتا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ چوڭ سىياسىيون ۋە دۆلەت ئادىمى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىياسەتنى ئەڭ مۇكەممەل مەنىسى بىلەن قوللانغان زات ئىدى. دەۋەت ۋە تەربىيە سىياسىتىدىن تەشكىللەش سىياسىتىگىچە، پىلان تۈزۈش ۋە چېنىقتۇرۇش سىياسىتىدىن ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىتىگىچە ۋە ئاخىرى تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغۇچە بولغان سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئەڭ مۇكەممەل سىياسەتلەر ئىدى»[1].

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن سىياسەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن سىياسەتنى دىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرمايمىز؟ مەيداننى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىپ، چەتتە تۇرۇۋالساق ئەھۋالىمىز نېمە بولماقچى؟

## ھۆكۈمرانلار بىلەن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن بېرى ھۆكۈمرانلارغا قارىتا ئىككى خىل قاراشتا بولۇپ كەلگەن. بەزىلەر: «ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، سىياسەتكە ئارىلىشىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە يول كۆرسىتىش ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى زۆرۈر» دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت دىنىي پرىنسىپ ھۆكۈمرانلارغا يېقىنلىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلاردىن يىراق تۇرۇۋېلىش بىلەن بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «سىياسەت ۋە ھۆكۈمرانلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق دىننى ساغلام تۇتقىلى بولىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، سىياسەت ۋە ھۆكۈمرانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، ھۆكۈمرانلارغا يېقىنلىشىش ۋە مەنسەپ تۇتۇش ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلاپ قويىدۇ، ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

ئىمام شاتىبىي بۇ مەسىلىدە ئىنتايىن توغرا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلىما ۋە سالىھلار ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنسا، رەت قىلماسلىقى، ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى لازىم. بۇنىڭغا بىنائەن، ئالىمنىڭ رىياكارلىق قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يالغۇزلۇقنى تاللىۋېلىشى، ئادالەتنى بەرپا قىلالايدىغان پادىشاھ ياكى ھاكىم

[1] دوكتور ئەھمەد رەيسۇنىي: «الفكر الإسلامي»، 39- بەت.

تەكلىپ قىلغان ۋەزىپىنى رەت قىلىشى توغرا ئەمەس. ناۋادا بۇنداق قىلىش ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولسا، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش كېرەك. چۈنكى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ»[1].

ئۆلىمالار ئىمام شاتىبىينىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمەت تەرەپتىن بىرەر ۋەزىپە ياكى مەنسەپكە تەكلىپ قىلىنغان ئۆلىما پايدا-زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ ئىش قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۇتمىغىنىدىن ياخشىراق بولسا، مەنسەپنى قولدىن بەرمەسلىكى؛ ناۋادا ئەكسىچە بولۇپ، مەنسەپ تۇتۇشى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغاندەك كۆرۈنسە، تۇتمىغىنى ياخشىدۇر».



[1] ئىمام شاتىبىي: «الموافقات»، 2-توم، 372-بەت.

# رازىمەنلىك

رازىمەنلىك — ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش، تەقسىماتىغا قانائەت قىلىش، بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، رازىمەنلىك دۇنيانىڭ جەننىتى، كۆڭۈلنىڭ راھىتىدۇر. ئۆلىمالار رازىمەنلىكنى مۇنداق ئۈچكە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن:

بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىمىز ۋە رەببىمىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش.

ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا ئەمەل قىلىش.

ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش.

قەلبىدە يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك رازىمەنلىك بولغان ئادەم ھەقىقىي مۇئمىن ئادەمدۇر. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە: «ئاللاھتىن رازى بولغان ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدىن باشقا تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەمدۇر» دېگەن.



ئاللاھ تائالادىن رازى بولۇش — ئاللاھ ياراتقان ھازىرقى شەكلىڭىز، چىرايىڭىز، بويىڭىز، ئائىلىڭىز، مىللىتىڭىز ۋە ۋەتىنىڭىزدىن رازى بولۇشىڭىز بولۇپ، كاشكى، پالانىدەك بولسامچۇ! دەپ ھەسرەت چەكمەسلىكىڭىزدۇر. چۈنكى، ھەسرەت چەككەننىڭ قىلچە پايدىسى يوق.

ئاللاھ تائالادىن رازى بولۇش ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئۆزىدىن رازى بولغان كىشىلەردىن رازى بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر. چۈنكى، ئاخىرەت نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر.

«سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن»[1] دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىر مۇئمىننىڭ ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان نەرسە ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىشىمۇ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن رازى بولغانلىقى سانىلىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان بالا-مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىگە

[1] سۈرە نىسا، 19-ئايەت.

رازى بولغىــن. چۈنكــى، ئاللاھنىــڭ سـىزنى مەھــرۇم قىلغانلىقــى ســاڭا بېرىــش ئۈچۈنــدۇر، سىزنى كېسـەل قىلغانلىقى ساڭا شىپالىق ئاتـا قىلىـش ئۈچۈنـدۇر، سىزنى ئۆلتۈرگەنلىكــى ســىزنى تىرىلــدۈرۈش ئۈچۈنــدۇر».

شــۇنىمۇ ئەســكەرتىش كېرەككــى، ئاللاھ تائالانىــڭ تەقســىماتىغا رازى بولــۇش، تەقدىرىگە بويسـۇنۇش دېگەنلىك مۇستەملىكىدىن، يوقسـۇللۇقتىن ۋە چارىسـىزلىكتىن قۇتۇلــۇش ئۈچــۈن ســەۋەب قىلىشــقا قەتئىــي زىــت كەلمەيــدۇ. چۈنكــى، ئۆزىنىــڭ ھەققىنــى ئېلىــش يولىــدا كــۈرەش قىلىــش، يوقسـۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلەش، كېســەلدىن ســاقىيىش ئۈچــۈن داۋالىنىــش ئاللاھ تائالانىــڭ ئەمــرى ۋە ھاياتنىــڭ قانۇنىيىتــدۇر. بۇنىڭغــا خىلاپلىــق قىلغۇچىــلار دۇنيــادا ئۆزىنــى ئازابلىغانلىقىنىــڭ سىرتىدا، ئاخىرەتتــە ئاللاھ تائالانىــڭ جازاسىغا ئۇچرايــدۇ. پەيغەمبىرىمىــز ھەزرىتــى مۇھەممــەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتــى بىزگــە ئەڭ گــۈزەل ئۈرنەكنــى سىزىپ بەرگــەن بولــۇپ، ھاياتتــا غەلىبــە قىلىشــنى، ئاخىرەتتــە ئەزىــز بولۇشــنى ئــارزۇ قىلغــان ئــادەم ئۇنىــڭ يولىغــا تولــۇق ئەگىششــى لازىــم

# رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى

شەكسىزكى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى بارلىق كۈن ۋە تۈنلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلەتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. خۇسۇسەن، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىشكە ۋە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆزىمۇ بۇ كۈنلەردە ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشىپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىبادەتكە باشقا كۈنلەردىكىدىن بەكرەك بېرىلەتتى»[1] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى يېتىپ كېلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ئۇزاقلىشىپ، ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى كېچىلىرى ئىبادەت قىلىشقا ئويغىتاتتى»[2].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدە مۇسۇلمانلارنى ‹قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا تىرىشىڭلار!› دەپ تەشەببۇس قىلاتتى»[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئەگەر قەدىر كېچىسىنى تاپسام، بۇ كېچىدە نېمە دەپ دۇئا قىلسام بولىدۇ؟› دەپ سورىۋىدىم، ماڭا مۇنۇ دۇئانى ئۆگىتىپ قويدى ‹اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي› يەنى ‹ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە ئەپۇ قىلىشنى ياقتۇرىدىغان زاتسەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن› »[4].

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

[4] تىرمىزي رىۋايىتى.

## قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى

ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ باشقا كېچىلىرىدىن ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە خەيرلىك قىلدى. چۈنكى، بۇ كېچە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى تۇنجى قېتىم يەر شارىدا پارلاشقا باشلىغان بىر كېچە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كېچىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەرنىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ كېچىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. چۈنكى، بۇ كېچىدە قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەر پەزىلەت ۋە ساۋاب جەھەتتە مىڭ ئايلىق ئەمەل-ئىبادەتتىن ئارتۇقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «قەدىر كېچىسى (پەزىلەت ۋە ساۋابتا) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر» دەيدۇ[1].

دېمەك، قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئارتۇق، مىڭ ئاي بىر ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن 83 يىلغا تەڭ كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئىنسان 83 يىل ھەمىشە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان تەقدىردىمۇ، بىرىمىزنىڭ قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگىنىنىڭ ساۋابىنى ئالالمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ پارلاق نۇرى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە نۇر چېچىشقا باشلىغان بۇ كېچە باشقا ھەرقانداق كېچىلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. ھېچقانداق كېچە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ. لېكىن، شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈن ياكى كېچە ۋە ئۇلۇغ سائەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پەزىلىتى پەقەت ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلگەن ۋە قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما، بۇ كېچىنى قەدىرلىمەي، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوق.

## قەدىر كېچىسى ئىسلام ئۈممىتىگە بېرىلگەن ئىمتىيازدۇر

ئىمام خەتتابىي قەدىر كېچىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام ئۈممىتىگىلا ئاتا قىلىنغان كاتتا ئىمتىياز ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ كېچىنى قۇرئان كەرىم بىلەن شەرەپلەندۈردى. قۇرئان كەرىم بولسا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر دەستۇرى. ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ياشىغان ئۆمۈرلىرى كۆرسىتىلگەندە، ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن قىسقا ئىكەنلىكىنى

[1] سۈرە قەدىر، 3 ئايەت.

كـۆرۈپ، ئۇلارنــىڭ بــۇ قىســقا ئۆمرىــدە بۇرۇنقــىلار قىلغــان ياخشــى ئەمەللەرنــى قىلالمايدىغانلىقىدىــن ئەنسىــرىگەن، شــۇنىڭ بىلــەن ئاللاھ تائــالا ئۇنــىڭ ئۈممىتىگــە مــىڭ ئايدىــن ياخشــى بولغــان قەدىــر كېچىســىنى ئاتــا قىلغــان».

ئاللاھ تائــالا «ئىنســانلار بــۇ كېچىنــى تېپىــش ئۈچــۈن رامىــزان كېچىلىرىنىــڭ ھەممىســىدە ئىبادەتكــە بېرىلسۇن» دەپ بــۇ كېچىنىــڭ ۋاقتىنــى بىزگــە ئېنىــق بىلدۈرمىگــەن. شــۇنىڭدەك، ئاللاھ تائــالا جۈمــە كۈنىدىكــى دۇئــا ئىجابــەت بولىدىغــان سـائەت ۋە قۇرئــان كەرىمدىكــى ئوقــۇپ نېمــە تىلىســە بېرىلىدىغــان «ئىســمۇلئەزەم» قاتارلىقلارنىمــۇ بىزگــە بىلدۈرمىگــەن. بۇمــۇ كىشــىلەرنىڭ دۇئــا ئىجابــەت بولىدىغــان سـائەت ۋە «ئىســمۇلئەزەم»نى تېپىــش ئۈچــۈن ھەرۋاقىــت دۇئــا قىلســۇن ۋە قۇرئــان ئوقۇسۇن ئۈچــۈن ئىــدى. ئەگــەر قەدىــر كېچىســىنىڭ ۋاقتــى، دۇئــا ئىجابــەت بولىدىغــان سـائەت ۋە «ئىســمۇلئەزەم» قاتارلىقــلار ئېنىــق بىلدۈرۈلگــەن بولســا ئىــدى، كىشــىلەر قەدىر كېچىسىــدىلا ئىبادەت قىلىشقا، شــۇ سائەتتىلا دۇئا قىلىشقا، «ئىســمۇلئەزەم»نىلا ئوقۇشــقا ئادەتلىنىۋېلىــپ، باشــقىلىرىغا ئەھمىيــەت بەرمىگــەن بولاتتــى.

## ئېتىكاپ ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

ئېتىــكاپ — ئاللاھ تائالاغا ئىبــادەت قىلىــش نىيىتــى بىلــەن مەسجىدتە ئولتــۇرۇش دېمەكتــۇر. ئېتىــكاپ قىلىشــنى دەســلەپ پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام باشلاپ بەرگــەن بولــۇپ، ئۇنــى ھەرقانــداق ۋاقىتتــا قىلسا بولىــدۇ. ئەمما، رامىزانــدا قىلىــش سۈننەت. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ھــەر يىلــى رامىزاننىــڭ ئاخىرقــى ئــون كۈنىــدە مەسجىدتە ئــۆزى يالغــۇز ئولتــۇرۇپ ئېتىــكاپ قىلاتتــى. كېيىــن ئۇنىــڭ ئاياللىــرى، ئاندىــن ساھابىلار ئېتىــكاپ قىلىشــقا باشــلىغان. شــۇنداق قىلىــپ، ئېتىــكاپ ئىســلام دىنىــدا ئــەڭ پەزىلەتلىــك ئەمەللــەر قاتارىدىــن ئــورۇن ئالغــان. ئېتىــكاپ — ئاللاھ تائالانىــڭ رازىلىقىغا ئېرىشــىش مەقسىتىدە پۈتــۈن دۇنيالىــق ئىشلاردىن قــول ئۈزۈپ، مەسجىدتە ئولتــۇرۇپ تۈرلــۈك ئىبادەتلەرنــى قىلىــش ئارقىلىــق ئەمەلگــە ئاشــىدىغان ئىبادەتتــۇر. ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھــەر يىلــى رامىزاننىــڭ ئاخىرقــى ئــون كۈنىــدە ئېتىــكاپ قىلاتتــى. ئــۇ ۋاپــات بولغــان يىلىدىكــى رامىزانــدا 20 كــۈن ئېتىــكاپ قىلغــان ئىــدى»[1].

ئىمــام ئەتــائ مۇنــداق دېگــەن: «ئېتىــكاپ قىلغــان كىشــى خــۇددى پادىشــاھنىڭ ئىشــىكى ئالدىــدا يۈكۈنــۈپ ئولتــۇرۇپ، ‹ھاجىتىــم راۋا بولمىغۇچــە ھېــچ يەرگــە كەتمەيمــەن دەپ تــۇرۇۋالغــان› ھاجەتمەنگــە ئوخشــاش تائالانــىڭ ئۆيلىرىدىــن بىــرى بولغــان مەسجىدتە ئولتــۇرۇپ ‹گۇناھلىرىــم مەغپىــرەت قىلىنمىــپ، ھاجەتلىرىــم راۋا

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

بولمىغۇچە مەسـجىدتىن چىقمايمـەن، دەپ ئېتىكاپقـا داۋام قىلىـدۇ»[1].

## ئېتىكاپنىڭ پەزىلەتلىرى

ئېتىكاپنىـڭ پەزىلەتلىـرى ناھايىتـى كـۆپ. شـۇڭا، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ھاياتىنىـڭ ئاخىرىغىچە ئۇنـى ھېـچ تـەرك ئەتمىگـەن. ئـۇ ھاياتىنىـڭ ئاخىرقـى يىلـى ئېتىكاپتـا كۆپـرەك ئولتـۇرۇش ئارقىلىـق بىزگـە ئېتىكاپنىـڭ ئەھمىيىتىنـى تېخىمـۇ ئېنىـق بىلدۈرگـەن. چۈنكـى، ئىنسـان تۇرمـۇش ئېھتىياجـى ۋە غەپلـەت سـەۋەبىدىن گاھــىدا ئاللاھ تائالادىــن ئۇزاقلىشــىپ قالىــدۇ، ئاخىرەتلىــك ئۈچــۈن تەييارلىــق كـۆرۈش ئىشـلىرىغا ئەھمىيـەت بەرمەيدىغـان بولـۇپ قالىـدۇ. ئېتىـكاپ قىلىـش بۇنـداق كىشـىلەرنىڭ ئاللاھ تائـالا تەرەپكە قايتىشـى ۋە دۇنيانىـڭ تۈگىمەس مەشغۇلاتلىرىدىن بىرئـاز بولسـىمۇ ئـازاد بولـۇپ، ئۆزىنىـڭ مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىشـى ھەم يۈكسەلدۈرۈشـى ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـى پۇرسـەتتۇر.

## ئېتىكاپقا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار

ئېتىــكاپ قىلىــش پەزىلەتلىــك ئەمــەل ۋە ئاللاھ تائالاغـا يېقىنلىشىشـنىڭ ياخشـى پۇرســتى. ئەممــا، ئېتىــكاپ قىلىمــەن دەپ مەســجىدتە ئولتۇرۇۋالغــان كىشــىلەرنىڭ كــۆپ ســانلىقى دىققــەت قىلمايدىغــان بــەزى خاتالىقــلار بــار. ئــۇلار:

1. پەرزەنتلىرىنىــڭ ئېھتىياجلىرىنــى قايرىــپ قويــۇپ، ئۆزىنىــلا ئويــلاپ مەسـجىدكە كىرىــپ ئولتۇرۇۋېلىــش. ئەســلىدە، مۇئمىنىنىــڭ پۈتــۈن ھەرىكىتــى ئىبــادەت بولۇشــى لازىـم. ئىبـادەت مەسـجىدتىلا ئەمـەس. ئـادەم ھـەر ئىشـنى ئاللاھ تائالانىـڭ رازىلىقىنـى كۆزلـەپ، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام كۆرسـەتكەن بويىچـە قىلسـا، مەيلـى ئـۇ دۇنيالىـق ئىـش بولسـىمۇ، ئىبـادەت ئىچىـدە بولغـان بولىـدۇ. شـۇڭا، ئېتىـكاپ قىلماقچـى بولغـان ئــادەم ئائىلىســىنىڭ بارلىــق ئېھتىياجىنــى تولۇقــلاپ بېرىــپ، ئانــدىن مەسـجىدكە كىرىۋالسـا بولىـدۇ.

2. نۇرغــۇن كىشــىلەر ئېتىكاپتــا ئولتۇرســىمۇ، قولىدىــن يانفــون چۈشــمەيدۇ، سوتسـىيال مېدىيادىــن ئايرىلالمايــدۇ، بەزىســى تېخــى يۇتۇبتىــن ۋىدىيــو كۆرىــدۇ. «ئاللاھ تائـالا بىلەنـلا بولىمـەن» دەپ مەسـجىدكە كىرىۋېلىـپ، دۇنيادىكـى بارلىـق ئىنسـانلار بىلـەن بىللـە بولىـدۇ. بـۇ قانـداق ئېتىـكاپ بولسـۇن؟ شـۇڭا، «ئاللاھ تائـالا ئۈچـۈن ئېتىـكاپ قىلىمـەن» دەپ مەسـجىدكە كىرگـەن ئـادەم مۇمكىـن بولسـا، يانفوننـى ئالمـاي كىرىشـى ۋە قولىـدا ئاللاھ تائالانىـڭ كالامـى بولغـان قۇرئـان كەرىملا

[1] «ئەلئىختىيار» ناملىق كىتابتىن.

بولۇشى لازىم.

3. يەنە نۇرغۇن ئېتىكاپچىلار ۋاقتىنى بامداتتىن كېيىن پىشىنگىچە، پېشىندىن ئەسىرگىچە، يەنە بەزىسى شامغىچە ئۇخلاپلا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداقلار ئۆيدىلا ئۇخلىسا بولماسمۇ؟ توغرا، ئۇخلاش كېرەك. ئەمما، بىر كۈننى ئۇخلاش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئادەم قانداقمۇ ئۆزىنى روزا تۇتتۇم، ئېتىكاپ قىلدىم دېيەلەيدۇ؟ ئۇ شۇنداق سانىسىمۇ، ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلارمۇ؟ بۇنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

4. بەزى ئادەملەر تۇرماستىن باشقىلار بىلەن تېلېفونلىشىدۇ. سىز ئاللاھ تائالا بىلەن بولۇش ئۈچۈن ئېتىكاپ قىلغان ئىكەنسىز، چوقۇم پۈتۈن ۋاقتىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىشىڭىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىڭىز، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئۇخلىسىڭىزمۇ سىزگە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، سىز ئېتىكاپ قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس.

## ئۆيدە ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرتلىرى

ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنچىسى مەسجىدتە ئولتۇرۇش بولۇپ، ئېتىكاپ مەسجىدلەردىلا قىلىنىدۇ. ئەمما، ھازىرقىدەك مەسجىدتە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتلاردا، ئۆلىمالار تۆۋەندىكى ئىككى شەرت بىلەن بىرەر ھۇجرىنى مەسجىد قىلىپ، شۇ جايدىلا ئولتۇرۇپ ئېتىكاپ قىلىشنى جائىز دەپ قارايدۇ:

1. ئۆيدىكى ناماز ئوقۇشقا ئايرىلغان خانە ۋە ياكى جايدىلا ئولتۇرۇش، زۆرۈرىيەتسىز باشقا خانىلارغا ۋە سىرتقا قەتئىي چىقماسلىق. چۈنكى، ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنچىسى مەسجىدتە ئولتۇرۇشتۇر. «مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

2. ئۆيدە ئېتىكاپ قىلغان ئادەم ئۆزىنى مەسجىدتە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىشى، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىش دېگەندەك مەسجىدلەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىبادەتلەرنى قىلىشى ۋە باشقىلار بىلەن پاراڭ سالماسلىق، ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇش، ئويۇن ۋە كۈلكىلەردىن ساقلىنىش، بىھۇدە گەپ-سۆزلەرنى قىلماسلىق دېگەندەك مەسجىدلەردە قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.



[1] سۈرە بەقەرە، 187 ئايەت.

# روزا ھەققىدە 30 سوئالغا جاۋاب

**1. سوئال: روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟**

جاۋاب: رامىزاندا بىر ئاي روزا تۇتۇش بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى جايىدا، تېنى ساق، سەپەر ئۈستىدە بولمىغان مۇسۇلمانغا پەرز بولىدۇ.

**2. سوئال: رامىزان روزىسىنىڭ نىيىتى قاچان قىلىنىدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان روزىسىغا تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال نىيەت قىلىش شەرت رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى قىلغان نىيەت رامىزاننىڭ ئاخىرىغا قەدەر كۇپايە بولۇپ، ھەر كۈنى يېڭىدىن نىيەت قىلىش كېرەك ئەمەس. نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، بەلكى دىلدا نىيەت قىلىش يېتەرلىك. نەپلە روزا ئۈچۈن شۇ كۈننىڭ ئۇلۇغ ئاش ۋاقتىغىچە نىيەت قىلىپ بولسا بولىدۇ.

**3. سوئال: ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ روزا بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ، ھەتتا بىرەر تال نۇقۇت ياكى بىر تامچە يامغۇرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنمۇ روزا بۇزۇلىدۇ ۋە قازا روزا تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، گالغا چىۋىن ياكى چاڭ-توزان كىرىپ كەتسە، روزا بۇزۇلمايدۇ.

**4. سوئال: روزا تۇتقانلىقى ئېسىدە يوق بىرنەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالسا روزا بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتقىنى ئېسىدە يوق بىرنەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئېسىگە كەلگەن ھامان توختىتىۋالسا بولىدۇ.

**5. سوئال: ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: ئۆزىگە ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

**6. سوئال: ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار رامىزاندا قانداق قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزلىرى ياكى بالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يېتىشىدىن قورقسا، روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى

تۇتىدۇ.

**7. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ. شۇ ھامان غۇسۇل قىلىسىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

**8. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزىدە ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما، قەستەن قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

**9. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزىدە قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

**10. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىگە قانداق جازا كېلىدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە تۆت مەزھەپنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە قازا ۋە كاپارەت لازىم كېلىدۇ. ناۋادا، ئەر بۇ ئىشنى ئايالىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلغان بولسا، ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىگە كاپارەت كېلىدۇ. ئايالىنىڭ رازىلىقىسىز مەجبۇرىي قىلغان بولسا، ئەر كىشىگىلا كاپارەت كېلىدۇ، ئايالىغا قازا كېلىدۇ.



**11. سوئال: كاپارەت دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: كاپارەت — بىر قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر تاپالمىسا ئىككى ئاي ئۇزمەي روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، ئاتمىش مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. كاپارەت پەقەت رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ئۈچۈنلا كېلىدۇ. ئەمما، قازا ۋە نەپلە روزىلارنى بۇزغانغا كەپارەت لازىم كەلمەيدۇ.

**12. سوئال: قەستەن يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن روزىسىنى بۇزغان كىشىگە قانداق جازا كېلىدۇ؟**

جاۋاب: قەستەن يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن روزىسىنى بۇزغان كىشىگە ھەنەفىي مەزھىپىدە قازا بىلەن كاپارەت لازىم كېلىدۇ. يەنى كاپارەت بېرىدۇ ھەم بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ.

**13. سوئال: ھەيز ياكى تۇغۇت سەۋەبىدىن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغان ئاياللار قانداق قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھەيز ياكى تۇغۇت سەۋەبىدىن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغان ئاياللار كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ. بىراق، ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ.

**14. سوئال: ئايالالار قانداق ھالەتلەردە روزا تۇتمايدۇ؟**

جاۋاب: ئايالالار ئايلىق ئادىتى كەلگەن ياكى تۇغۇتلۇق چاغلىرىدا روزا تۇتمايدۇ. تۇتقان تەقدىردىمۇ ھېسابلانمايدۇ.

**15. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئايالالارنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئايالالارنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ. رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇشتا ئارقا-ئارقىدىن ئۇزمەي تۇتۇش شەرت ئەمەس. بەلكى ئارىلاپ-ئارىلاپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

**16. سوئال: سۇھۇرلۇق يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: سۇھۇرلۇق يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان بولسا، شۇ ھامان يېيىشنى توختىتىپ نىيەت قىلىش كېرەك. تۇتقان روزا دۇرۇستۇر.

**17. سوئال: جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنماي تۇرۇپ روزا تۇتسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: جۇنۇپلۇقتىن پاكلىنىش ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرت، ئەمما روزا ئۈچۈن شەرت ئەمەس. شۇڭا، يۇيۇنسا سۇھۇرلۇقنى يەپ بولالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن كىشى جۇنۇپ ھالىتىدە روزىنى باشلاپ، كېيىن يۇيۇنۇۋالسا بولىدۇ.

**18. سوئال: شەك كۈنى روزا تۇتۇشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: شەك كۈنىدە (يەنى كىشىلەر شەئبان ئېيىغا تەۋەمۇ ياكى رامىزانغىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈن — رامىزاننىڭ ئالدىدىكى شەئبان ئېيىنىڭ 30-كۈنىدە) روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قېلىپ ئاينى كۆرەلمىسەڭلار، شەئبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تاماملاڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مەنىسى: شەئبان ئېيىنىڭ 29-كۈنى ئاخشىمى ئايغا قاراڭلار، رامىزاننىڭ ئېيى كۆرۈنسە، ئەتىسى روزا تۇتۇڭلار؛ ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قېلىپ، ئاي كۆرۈنمىسە، شەئبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن روزا تۇتۇڭلار دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئىسلامىي ئايلار 30 كۈندىن كۆپ بولمايدۇ.

***19. مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتقىنى ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتمىغىنىمۇ؟***

جاۋاب: مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بار، ئەمما زور قىيىنچىلىق بولمىسا، تۇتقىنى ئەۋزەل. ئەمما، ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىنى ھالاكەتكە ئاتىدىغان دەرىجىدە زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق بولغان كىشىلەرنىڭ سەپەردە روزا تۇتۇشى مەكرۇھ.

**20. سوئال: سەپەر مۇساپىسى قانچىلىك بولسا شەرئەتتە «مۇساپىر» ھېسابلىنىدۇ؟**

جاۋاب: «مۇساپىر» بولۇش ئۈچۈن سەپەر مۇساپىسى ئەڭ ئاز دېگەندە، 90 كىلومېتىر بولۇشى شەرت.

**21. سوئال: قانداق كېسەللەر روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتسا كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان كېسەللەر رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمىسا رۇخسەت. ئەمما، ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىغان ئاغرىقلار روزا تۇتماسلىققا ئۆزرە بولالمايدۇ.

**22. سوئال: نەپلە روزىنى بۇزغان كىشىگە قازا كېلەمدۇ؟**

جاۋاب: نەپلە روزىنى بۇزغان كىشىگە ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىپىدە قازا كېلىدۇ، ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىدە ئىختىيارىي روزا بولغانلىقى ئۈچۈن قازا كەلمەيدۇ.

***23. روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر قايسىلار؟***

جاۋاب: روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تۆتىنچى كۈنگىچىلىكتۇر. بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

**24. سوئال: روزا تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنمايدىغان كۈنلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: روزا تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنمايدىغان كۈنلەر جۈمە كۈنىدىلا ياكى شەنبە كۈنىدىلا روزا تۇتۇش. بۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر.

**25. سوئال: ئىپتار قىلماي، ئۇلاپ روزا تۇتسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: دىنىمىزدا ئىپتار قىلماي، ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ روزا تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنمىغان. بۇنداق قىلىشنى ئۆلىمالار مەكرۇھ دەپ قارايدۇ.

**26. سوئال: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە ئايالىنى سۆيۈپ قويسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۆندۈزدە ئايالنى سۆيۈشى ھەر ئىككىسىنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ. ئەمما، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىنىڭ ئايالنى قۇچاقلىشى مەكرۇھ.

**27. سوئال: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە ئۆزىنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە ئۆزىنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتسا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

**28. سوئال: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتسا ياكى دورا تېمىتسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما، ئېغىزىغا ياكى بۇرنىغا ۋە ياكى قۇلىقىغا دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ.

**29. سوئال: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە ئوكۇل سالدۇرسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن ئوكۇل سالدۇرۇش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەمما، قۇۋۋەت ئوكۇللىرىنى سالدۇرۇش بىلەن روزا بوزۇلىدۇ.

**30. سوئال: روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە يۇيۇنسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە قايسىبىر سەۋەب بىلەن يۇيۇنۇشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ.

## رىزىق ۋە رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىش يوللىرى

رىزىق — مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسە دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقسىم قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىمان، ياخشى ئەمەل، پۇل-مال، تەن ساقلىق، ياخشى جور، پەرزەنت، ياخشى دوست قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رىزىقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رىزقىنى تەقسىم قىلغان. شۇڭا، ھەربىر جانلىق ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەقسىم قىلغان رىزىقتىنلا بەھرىمەن بولىدۇ.

رىزىق دېيىلگەن ھامان كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە يېمەك-ئىچمەك ۋە پۇل-مال كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىدە مەنپەئەتلىنىپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى رىزىقتۇر. ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى مۇنداق دېگەن: «رىزىقنىڭ ئەڭ ئاددىيسى پۇل-مال، ئەڭ كاتتىسى تەن ساقلىق، ئەڭ ئەۋزىلى ياخشى پەرزەنت، ئەڭ مۇكەممىلى ئىماندۇر».

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار رىزىق بىلەن تاپاۋەتنى پەرقلەندۈرىدۇ. رىزىق — سىز پايدىلانغان نەرسىنى، تاپاۋەت سىز تاپقان مال-دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان پايدىلانسۇن ياكى پايدىلانمىسۇن، ھالالدىن تاپسۇن ياكى ھارامدىن تاپسۇن، ئاللاھ تائالاغا تاپقانلىرىنىڭ ھېسابىنى تولۇق بېرىدۇ»[1].

### ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ

بارلىق جانلىقلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ. ھەربىر جانلىق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللهِ رِزْقُهَا﴾ «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان»[2]. بىراۋنىڭ رىزقىنى يەنە بىرسى يەۋالالمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ

[1] «موسوعة اسماء الله الحسنى» ، 718-بەت.

[2] سۈرە ھۇد، 6-ئايەت.

رىزقىنى يەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى مۇسۇلمان-كاپىر، تەقۋا-پاسىق دەپ ئايرىماستىن ھەممىسىنى رىزىقلاندۇرىدۇ، پۇل-مالنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بەندىسىگە بەرگەندەك، قارۇنغا ئوخشاش ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان بەندىسىگىمۇ بېرىدۇ، پادىشاھلىقنىمۇ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا بەرگەندەك، ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان، ھەتتا ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان پىرئەۋنگىمۇ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننى ياراتقان زات ئۇنىڭغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بەزى ئىنسانلار ئۈچۈن مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى پايدىلىق بولسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولىدۇ. مال-دۇنيانى بۆلۈشەلمەي بىر-بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇشقان قېرىنداشلار ۋە پۇل سەۋەبلىك بۇزۇلغان ئائىلىلەر ئاز ئەمەس.

## رىزىق ھاسىل قىلىشنىڭ يولى

گەرچە رىزىقنى ئاللاھ تائالا بەرسىمۇ، ئىنسان ئۇنىڭغا ئىشلەش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئاسماندىن ئالتۇن-كۈمۈش ياغمايدۇ. شۇڭا، رىزىققا ئېرىشىشنىڭ يولى ئىشلەشتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە رىزىققا ئېرىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ: ﴿فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾ «سىلەر (تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىننىڭ تەرەپ _ تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار»[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا يەنە ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللهِ﴾ «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىپ (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزىقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار»[2] دېگەن. ئىشلەش دىنىمىزنىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەيتتى. ھەتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى «ئىشلەپ يەيدىغان پەيغەمبەر ئىدى» دەپ ئالاھىدە ماختىغان. ھالال رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن يوللۇق كەسىپلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش شەرەپلىك ئىش. ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، جازانە قاتارلىق قىلمىشلاردىن ۋە ھاراق، تاماكا دېگەندەك ھارام نەرسىلەرنى سېتىشتىن خالىي بولغان ھەرقانداق تىرىكچىلىك شەرەپلىك تىرىكچىلىكتۇر. مەيلى ئاشخانىلاردا قاچا يۇيىدىغان ياكى يول ۋە ئۆيلەرنى تازىلايدىغان ئىش بولسۇن، ئەلۋەتتە شەرەپلىك

---

[1] سۈرە مۇلك، 15-ئايەت.

[2] سۈرە جۇمۇئە، 10-ئايەت.

ئىش. ئاددىي ئىشلارنى بولسىمۇ قىلىپ تۇرمۇشنى قامداش تەمەخورلۇق قىلىشتىن ۋە ھەر خىل يوللار بىلەن كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىشتىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا.

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپىنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىنى قەدىرلىشى ۋە ئۇنى سۆيۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەسپىنى ۋە ئىشىنى قەدىرلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيەدە بىر مىنىستىر ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن جازالىنىپ، ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «مىنىستىرلىقتىن ئايرىلىپ تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەش قانداق ئىكەن؟» دەپ مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا: «مەن تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، مەن پۇقرالارنىڭ تەن-سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئادەممەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. چۈنكى، بۇ ئادەم ئۆزىنى بىر ئاددىي تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، بەلكى دۇنيانى پاكىزلايدىغان مۇھىم ئادەم دەپ سانىغان. ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمىتى، ھۈنىرى ۋە كەسپىنى شۇنداق سۆيىدىغان بولسا، چوقۇم بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ خىزمىتى، ئىشى، كەسپى ۋە ھۈنىرى ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى ھەۋەس ۋە خوشاللىق ھالىغا كەلگەندە، ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزى ئىشىدىن بەخت-سائادەت ھېس قىلالايدۇ.



## رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى

بەرىكەت — زىيادە، كۆپ دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىر نەرسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئېھسانلىرىنىڭ ئورۇن ئېلىشى دېگەنلىكتۇر. بەرىكەت پۇل-مالدا، ئىلىم-مەرىپەتتە، پەرزەنتلەردە ۋە كۆپ نەرسىلەردە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم مىڭ سوم مائاش ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مائاشى ئون مىڭ سوم مائاش ئالغان ئادەمنىڭ مائاشىدىن كۆپرەك ئىشقا يارايدۇ. بەزىلەرنىڭ بىرلا بالىسى بولسىمۇ، ئۇ بالا بەش بالا قىلالمىغان ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىلمى ئاز بولسىمۇ، ئىلمى كۆپ كىشىلەردىن كۆپرەك خىزمەت قىلالايدۇ، ئىلمى كۆپ كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشى ئىشلارغا يېتەكلىيەلەيدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ۋاقتى قىس بولسىمۇ شۇ قىس ۋاقىت ئىچىدە ۋاقتى كۆپ ئادەملەر قىلالمىغان نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىكەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا

يَعْمَلُونَ﴾ «ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۆئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز»[1].

ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ يَتَّقِ اللهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا. وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ﴾ «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[2].

3. تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشنى خالىسا، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرسۇن»[3].

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن»[4].

تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا. يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا. وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا﴾ «(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»[5].

4. يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئى ئادەم بالىسى! (ئېھتىياج ئىگىلىرىگە) بەرگىن، مەن ساڭا بېرىمەن»[6].



[1] سۈرە نەھل، 97-ئايەت.

[2] سۈرە تالاق، 2-3-ئايەتلەر.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزىي رىۋايىتى.

[4] سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت.

[5] سۈرە نۇھ، 10-12-ئايەتلەر.

[6] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# رەھىم-شەپقەت ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك قانۇنىدۇر

ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن رەھىم-شەپقەتنى يادرو قىلغان ۋە بارلىق مەخلۇقاتقا رەھىم-شەپقەت قىلىشقا چاقىرغان بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر دۇنياغا رەھىم-شەپقەتنى يېيىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾ يەنى «بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»[1] دەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى «ئالەملەر» سۆزى ئىنسانلار ئالەمىدىن مۇسۇلمان، كاپىر، تەقۋادار، گۇناھكار ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سىرتىدا، ھايۋاناتلار ئالەمى، ئۇچارلىقلار ئالەمى، ھاشاراتلار ئالەمى... ۋە ھاكازا ئالەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت رەھمەت بولۇپلا ئەۋەتىلدىم»[2] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا رەھمىتىنى قوبۇل قىلمىغان بىر قىسىم ئىنسانلار رەھىم-شەپقەت، مېھىر-مۇھەببەت دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، ھەر نەرسىنى ماددىغا باغلايدىغان، مەنىۋى قاششاقلىق دەۋر سۈرگەن جەمئىيەتلەردە ياشاشتىن زېرىكىپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى بۇ بۇرۇقتۇما دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تۇتقان. ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا رەھمىتىنى قوبۇل قىلغانلار ماددىي جەھەتتە ئۇنچىۋالا باي بولۇپ كەتمىسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىدۇر. مەلۇمكى، بەخت-سائادەت ماددىي بايلىقتا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل بايلىقىدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: «ھەقىقىي بايلىق پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر»[3] دېگەن.

مۇسۇلمانلار بۇ رەھمەت سايىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ھاياتنىڭ غايىسى نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئاخىرى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلگەن بولۇپ،

[1] سۈرە ئەنبىيا، 107-ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي رىۋايىتى.

ئۇلاردا غەربلىكلەردە بولمىغان نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بەختلىك قىلالىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىمان ـ ئىنساب، شەرم ـ هايا، رەھىم ـ شەپقەت، سەۋر ـ قانائەت قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلارنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا كىمدىن تاپقىلى بولىدۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە ئۈچ يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا رەھىم شەپقەتنى تەتبىقلىغان ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارغا، بالىلارغا، تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، بارلىق مۇسۇلمانلارغا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە جىمى جانلىقلارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ: «كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان ئادەم رەھىم ـ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «رەھىم ـ شەپقەت پەقەت بەختسىز ئادەمدىنلا تارتىۋېلىنىدۇ»[2] دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرى ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. دۈشمەنلىرى ئۇ دەۋەت قىلغان دىننى ئىنكار قىلسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، راستچىللىقى ۋە ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مېھىر ـ شەپقەت، رەھىمدىللىك، ئادالەت قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلاتتى. شۇڭا، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ: «ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، پەقەت بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ»[3] دېگەن.

شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە قۇرەيش كۆچلىرىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ ۋە قارشى چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يۈرەك پارىسى بولغان قىزىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى بولغان زات — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا تولۇق بەختلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

1. بىر كۈنى يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەننى قىلىپ ئازار بېرىش ئۈچۈن: «ئەسسامۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] سۈرە ئەنئام، 3 ـ ئايەت.

ئەلەيكە يا مۇھەممەد» (ساڭا ھالاكەت بولسۇن ئى مۇھەممەد) دەيدۇ. دىققەت قىلمىغان ئادەم ئۇلارنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلدى دەپ ئويلايتتى. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان ئۇنى پەرقلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئاچچىقلانماستىن «ۋەئەلەيكۇم» (سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن) دەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەدەپسىزلەرچە ھاقارەتكە غەزەپلىنىپ: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! ھالاكەت ۋە ئۆلۈم سەندەكلەرگە بولسۇن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «بولدى قىلىڭ، نېمانچە چېچىلىپ كېتىسىز» دېگەندە، «سىلى بۇ ئەدەپسىز يەھۇدىيلارنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاڭلىدىم، شۇڭا سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن، دېدىمغۇ» دەيدۇ[1].

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا چىدىغۇسىز ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن-قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ مال-مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئۆيىنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۈزلىۋەتكەن قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە فەتھى بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقى ۋە قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى قانداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت مېھىر-شەپقىتى، كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، كەچۈرۈمچانلىقى بىلەن تونۇلغان ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە يەنىلا ئۈمىدلىرىنى ئۈزمىگەن ھالدا تۇرۇشاتتى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا «ياخشىلىقنى كۈتىمىز. قېرىندىشىمىز ۋە قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى كەرەملىكتۇر» دېيىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان: ‹بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر› [2] دېگەن سۆزىنى ئېيتىمەن. تارقىلىڭلار، سىلەر ئازاد!» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە يىل ئۆزى ۋە ساھابىلىرىغا چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توپ-توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە

---

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] سۈرە يۈسۈف، 92-ئايەت.

باشلايدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى نەسر سۈرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ _ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر»[1].

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىشتىن بۇرۇن مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن توققۇز كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، كېيىنچە مۇسۇلمان بولىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدە ھىبار ئىبنى ئەسۋەد ئىسىملىك بىرىمۇ بار ئىدى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئۆچ بولۇپ، قىلغۇدەك گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ھەددىدىن ئېشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا، ئۇنى ئۇرۇپ تاشقا يىقىتىۋەتكەن ۋە قورسىقىدىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، كېيىنچە مۇسۇلمان بولىدۇ.

4. ئۇھۇد غازىتى كۈنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ داڭلىق مەرگىنى ئابدۇللاھ ئىبنى قەمئە قىلىچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يارىلاندۇرىدۇ ۋە ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قاتتىق ھار كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى قانغا بويىۋەتكەن قەۋمگە ئاللاھنىڭ غەزىپى تاشتى» دەيدۇ ۋە بىر لەھزە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ قەۋمىمنى كەچۈرگىن، ئۇلارنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ»[2] دەپ مۇناجات قىلىدۇ.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن تائىفنىڭ ئەڭ چوڭ قەبىلىسى سەقىف قەبىلىسىدىكىلەرگە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تائىفقا بارىدۇ. لېكىن، تائىفلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاش-كېسەكلەر بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك پۇتىدىن ئاققان قىزىل قانلار بۇ زېمىننى شۇ جەۋر-زۇلۇملارغا گۇۋاھ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبى تېنىدىن بەكرەك يارىلانغان ھالدا تائىفتىن قايتىۋاتقاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر خالىساڭ مەككىدىكى ئەبۇ قۇبەيس ۋە قەئەيقىئان دېگەن ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە نەسر، 1~3-ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۈستىگە باستۇرايلى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[1] دېيىش ئارقىلىق جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ.

بۇ نېمە دېگەن ئېسىل كەچۈرۈمچانلىق-ھە! دۇنيادا قايسىبىر كۆڭلى-كۆكسى كەڭ قوماندان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئىنتىقام ئېلىشقا تامامەن كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باش كۆزىنى قانغا بويىۋەتكەن، يۈرەك پارىسى بولغان قىزىنى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىز؟!

## ئەپۇ قىلىش ۋە رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ پايدىسى

ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ. وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ. وَإِمَّا يَنْزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ يەنى «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. (سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى (خىسلەت) بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت (ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇشتا) چىداملىق بولغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋىگە ئىگە ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (ياخشى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2]. يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش، غەزەپنى سەۋر ۋە چىدامچانلىق بىلەن، جاھالەتنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن، ئىنتىقام ئوتىنى كەچۈرۈم قىلىش بىلەن يېڭىشتەك ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولغانلار راستتىنلا چىداملىق ئادەملەردۇر. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ھەقىقىي چىداملىق ئادەم ئاچچىقىنى باسالايدىغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەمدۇر. بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشكە لايىق بولىدۇ. چۈنكى، يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يولىدا ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، ئۆز نەپسىنىڭ ناتوغرا ئىستەكلىرى ئالدىدا

---

[1] تەبەرانىي رىۋايىتى.

[2] سۈرە فۇسسىلەت، 34-36-ئايەتلەر.

چىدامچان بولۇپ نەپسنى ئەقلگە بويسۇندۇرۇش ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (ياخشى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1]. يەنى شەيتان سېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، بۇ ئالىي مەرتىۋىدىن مەھرۇم قىلماقچى، يولۇڭدىن ئازدۇرماقچى، ياخشى ئىشتىن توختاتماقچى، ئېسىل خىسلەتتىن مەھرۇم قىلماقچى، يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا كۈشكۈرتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سېنى ھىمايە قىلىش ۋە شەيتاندىن قوغداشقا كۇپايىدۇر. ئۇ تەقۋادارلارنىڭ ھىمايىچىسى، مۇئمىنلەرنىڭ ياردەمچىسى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە فەتھى قىلىنغان كۈندىكى مىسلىسىز ئەپۇچانلىقى ۋە كەچۈرۈمچانلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ، توپ بولۇپ كىردى، ھەتتا بۇرۇن ئىسلام دەۋىتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى قوراللىق قوشۇن توپلىغان ئەرەبلەر ئەمدىلىكتە ئىسلامغا ئارقا-ئارقىدىن كىرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلار ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىپ، غەيرى ئەرەبلەرگە ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدىغان ئۇستازلارغا ئايلاندى. دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەر ئىسلام دىنىمىزنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئەپۇچانلىقى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇ ئېسىل قانۇنى سايىسىدا ئۆزلۈكىدىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام ئائىلىسىگە قوشۇلدى. ئەپۇ قىلىشنىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان بۇ كاتتا تەسىرىنى كۈندىلىك ھاياتىمىزدىمۇ كۆرۈپ ۋە شاھىت بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

ۋېكتور ھيوگونىڭ رومانىدىكى پېرسوناژ جېن ۋالجېن ناھايىتى يوقسۇل ۋە قىلمىغان جىنايىتى قالمىغان بىرى بولۇپ، بىر كۈنى ياتىدىغان يېرى بولمىغانلىقتىن بىر چېركاۋغا كىرىپ پاناھلانماقچى بولغاندا، چېركاۋنىڭ راھىبى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، قارنىنى تويغۇزۇپ، ئىسسىققىنە بىر خانىدا قوندۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما، جېن ۋالجېن ئەتىسى كېتىدىغان ۋاقتىدا، راھىبقا رەھمەت ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، چېركاۋنىڭ قىممەتلىك كۈمۈش قاچىسىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ، چېركاۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. چېركاۋ راھىبى سەۋرچان، كەچۈرۈمچان بىرى بولۇپ، جېن ۋالجېننى ئەپۇ قىلماقچى بولىدۇ-دە، ساقچىلارغا: «ئۇ قاچىنى بىز ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ئىدۇق» دەيدۇ. جېن ۋالجېن راھىبنىڭ

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 36-ئايەت.

بۇ كەچۈرۈمىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، ھاياتىنى چېركاۋغا خىزمەت قىلىشقا ئاتايدۇ ۋە ئەڭ ئىخلاسمەن ۋە ئەڭ ئېتىقادلىق چېركاۋ خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ بىرى قالىدۇ.

# زاكات ۋە خەير-ئېسان توغرۇلۇق 20 سوئالغا جاۋاب

**1. سوئال: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات ئالغۇچىغا بەرگەن مالنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى شەرتمۇ؟**

جاۋاب: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات بەرگەن ۋاقتىدا، «بۇ زاكات» دەپ زاكات ئالغۇچىغا بىلدۈرۈشى شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ھەدىيە ياكى ياردەم نامى بىلەن بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ. شۇڭا، زاكات ئالغۇچىلارنىڭ يۈزىنى قىزارتماسلىق ۋە ئابرۇيىنى قوغداش يۈزىسىدىن زاكات ئىكەنلىكىنى دېمەي بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئەمما، زاكات بەرگۈچى زاكات ئالغۇچىنىڭ راستتىنلا زاكات ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسە، باينى كەمبەغەل دەپ ئويلاپ قېلىپ زاكاتنى تېگىشلىك بولمىغان يەرگە بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن زاكات ئالغۇچىدىن سورىسا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەڭ ياخشىسى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن يەنى قوشنىلىرى ياكى تۇغقانلىرىدىن سوراپ بىلىشتۇر.

**2. سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكات بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە، زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلارنى ئېنىقلاپ تېپىپ، شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق زاكات پەرزىنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەردە، «اعطوا الزكاة» (زاكات بېرىڭلار) دېمەستىن، «آتوا الزكاة» (زاكاتنى ئادا قىلىڭلار) دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مەنىسى: زاكاتنى ھەقلىق بولغان شەخسلەرنى تېپىپ، شۇلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق بۇ پەرزنى جايىدا ئادا قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنى خالىغان بىرىگە بېرىش بىلەن پەرز ئادا تاپمايدۇ. بەلكى، زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ شۇلارغا بېرىش ئارقىلىقلا زاكات پەرزى ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەمما، زاكات بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكات بەرگەندىن كېيىن، زاكات ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات بەرگەن ۋاقىتتىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن بەرگەن زاكىتى ئادا تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى تەكرار

بېرىشـكە ھاجـەت يـوق. بەرگـەن زاكىتـى ئـادا تاپقـان بولـىدۇ.

**3. سوئال: قەرزنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولامدۇ؟**

جـاۋاب: بىراۋنـىڭ باشـقا بىرىـدە قـەرزى بولـۇپ، قـەرزدار پېقىرلىقـى سـەۋەبلىك تۆلىيەلمىگـەن بولسـا، قـەرز ئىگىسـىنىڭ بۇ قەرزنى زاكاتقا ھېسابلىشى توغـرا بولمايدۇ. بۇنـداق قىلسـا، زاكات ئـادا تاپمايـدۇ. چۈنكـى، زاكات بەرگـەن ۋاقىتتـا زاكاتنـى نىيـەت قىلىـپ بېرىـش شـەرتتۇر. ھالبۇكـى، قـەرز بەرگۈچـى قەرزنـى بەرگـەن ۋاقىتتـا زاكاتنـى نىيـەت قىلغـان ئەمـەس، بەلكـى قـەرز نىيىتـى بىلـەن بەرگـەن بولغانلىقتىـن كېيىنچـە ئۇنـى زاكاتقـا ھېسابلاشـقا بولمايـدۇ. بـۇ مەسـىلىنى ھـەل قىلىشـنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسـۇلى شـۇكى، زاكات بەرگۈچـى قەرزدارغـا زاكىتىنـى بېرىـپ بولغانـدىن كېيىـن قەرزىنـى سـوراپ ئالسـا بولـىدۇ. چۈنكـى، بـۇ ئۇسـۇلدا قـەرزدار پۇلغـا ئىگـە بولغـان، ئانـدىن ئىگـە بولغـان پۇلدىـن ئۆسـتىدىكى قەرزنـى ئـادا قىلغـان بولـىدۇ.

**4. سوئال: قانداق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ؟**

جـاۋاب: ئىسـلام دىنى كىشـىلەرنىڭ نورمـال ئېھتىياجلىرى ئۈچـۈن كېرەكلىك بولغان نەرسـىلەردىن زاكات بېرىشـنى پـەرز قىلمىـدى. پەقەت نورمال ئېھتىياجىنىڭ سـىرتىدىكى پۇل-مالنـىڭ زاكىتىنـى ئـادا قىلىشـقا بۇيـرۇدى. بۇنىڭغـا بىنائـەن دەيمىزكـى، ئـۆزى ۋە ئائىلىسـىدىكىلەر ئىشـلىتىۋاتقان ماشـىنا، ئولتۇرۇۋاتقـان ئۆي-ئىمـارەت؛ ئايالـى، قىزلىـرى ۋە كېلىنلىرىنىـڭ زىبۇ-زىننەتلىـرى؛ ئـۆي جىھازلىـرى، ھۈنـەر ئەسـۋابلىرى، كىتاب-ماتېرىيـال، ئـۆزى ۋە ئائىلىسـىنىڭ ئېھتىياجلىـرى ئۈچـۈن ئىشـلىتىۋاتقان ئـۆي ئەشـيالىرى قاتارلىـق نەرسـىلەر قانچىلىـك قىممـەت باھالىـق بولۇشـىدىن قەتئىينـەزەر زاكات كەلمەيـدۇ.

**5. سوئال: تىجارەت ماللىرىنىـڭ زاكىتىنى مالنىـڭ ئۆزىدىـن بېرىش كېرەكمۇ ياكـى قىممىتىنى بەرسـەمۇ بولامـدۇ؟**

جـاۋاب: تىجارەت ماللىرىنـىڭ زاكىتىنـى بەرمەكچـى بولغـان كىشـى زاكاتنـى مالنـىڭ ئۆزىدىـن بېرىـش ياكـى قىممىتىنـى بېرىـش ئىختىيارىغـا ئىگـە. مەسـىلەن، ئـۇن، مـاي، گـۈرۈچ، شېكەر، تـۇز قاتارلىق يېمەكلىـك خۇرۇچلىـرى ياكى كىيىم-كېچەك، رەخت-ماتېرىيـال قاتارلىـق بۇيۇملارنـى سـاتىدىغان كىشـى پېقىرلارنىـڭ ئېھتىياجىغـا قـاراپ، بۇلارنىـڭ ھەممىسـىدىن ياكـى بەزىسـىدىن بەرسـەمۇ ياكـى بۇلارنىـڭ ئىشـلىتىۋاتقان پۇلدىكـى قىممىتىنـى بەرسـەمۇ بولـىدۇ. مۇھىـم بولغىنـى پېقىر-مىسـكىنلەر نېمىگـە ئېھتىياجلىـق بولسـا شـۇنى بېرىشـتۇر.

**6. سوئال: كىچىك بالىلارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن ھەر قانداق يېتىمگە زاكات بېرىش جائىز بولغاندەك، ئاتىسى يېقىر كىچىك باللارغىمۇ زاكات بېرىش جائىز. ئەمما، ئاتا-ئانىسى باي كىچىك باللارغا زاكات بېرىش جائىز ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي ھېسابلىنىدۇ.

**7. سوئال: ئۆزى ياش، ئىشلەشكە قادىر كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئىشلەشكە كۈچى يېتىدىغان، ئۆزى ياش موھتاج كىشىلەرگە زاكات ھالال ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات بايلارغا ۋە ئىشلەشكە قادىر كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. كۈچى بار ياشلارغا زاكات بېرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، كىشىلەرنى ئىشلىمەستىن يېتىۋېلىشقا، ھورۇنلۇققا كۆندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى، بەزى تەييارتاپلار ئۈچۈن ھورۇنلۇق ھەسەلدەك تاتلىق، ئىشلەش بولسا زەھەردەك ئاچچىق تېتىيدۇ. مۇنداقلارغا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ زاكات بېرىلمەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز ئىشلەشنى ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدىغان، ھورۇنلۇقنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان بىر ئۇلغار دىندۇر. ئەمما، ئۆزى ياش ۋە كۈچىمۇ بار، بىراق ئىشلەي دېسە ئىش تاپالمىغان ياكى ئىشلىسىمۇ تاپقانلىرى بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمىغان كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئىشلىيەلمىگەن ياشلارغىمۇ زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

**8. سوئال: تۇغقانلارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئاتا-ئانىسىغا، بوۋا-موملىرىغا، باللىرىغا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگە ۋە ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. بۇلارغا بېرىلگەن زاكات قوبۇل بولمايدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى، تاغىلىرى، ھاماچىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا-ئەگەر يېقىر بولسا-زاكات بېرىش جائىز. ئۆزىنىڭ يېقىر تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىش ھەم سەدىقە بەرگەنلىك ھەم تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىق ھېسابلىنىپ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېقىرلارغا بېرىلگەن زاكاتتا زاكاتنىڭ ساۋابى بولىدۇ، يېقىر تۇغقانلارغا بېرىلگەن زاكاتتا ھەم زاكاتنىڭ ھەم تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىقنىڭ ساۋابى بار» دەپ كۆرسەتكەن.

**9. سوئال: بىر ياكى ئىككى يىللىق زاكاتنى ئالدىن بېرىش جائىزمۇ؟**

جاۋاب: بىر، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىش جائىز. چۈنكى، بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتىن سانىلىپ، ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا يەر تەۋرەش، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، ۋابا قاتارلىق پالاكەتلەر كەلگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ بىر

قانچە يىللىق زاكاتلىرىنى ئالدىن بېرىشى ئەۋزەلدۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەت بولغانىكەن، مۇشۇنداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق پەيتتە قىلىنغان ياردەمنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە كاتتا بولىدۇ.

**10. سوئال: بانكىنىڭ چەكلىرى ۋە كارتىلىرىغىمۇ نەق پۇلغا ئوخشاش زاكات كېلەمدۇ؟**

جاۋاب: بانكىدىن نەق پۇلنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن چەك ۋە كارتىلارغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نەق نەق پۇلنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ زاكىتى نەق پۇلدىن بېرىلىدۇ.

**11. سوئال: بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمى جازانىدۇر. جازانە پاسكىنا ۋە ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن، يەنى ھالالدىن بېرىلگەن زاكات ۋە سەدىقىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن بەرمىگۈچە ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. جازانىدىن ئىبارەت مۇنداق ھارام مال ئۆزى ئىشلىتىشكە ھالال بولمىغان يەردە ئۇنى باشقىلارغا يىگۈزۈشمۇ ھالال ئەمەس. ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھارام يوللار بىلەن تاپقان پۇللارنى زاكات ياكى سەدىقە ھېسابىدا بېرىش ھارامدۇر، ئۇ قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**12. سوئال: بەزى كىشىلەر نەق پۇللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بانكىدا قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆسۈم كېلىدۇ، ئۆسۈمنىڭ ھاراملىقى ئېنىق. ئۇنداقتا، ئۆسۈمنى قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئۆلىمالار بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى قانداق قىلىش ھەققىدە مۇنداق تۆت يول بارلىقىنى بايان قىلىدۇ:

1-ئۆزى خەجلەش بولۇپ، بۇ ھالال ئەمەس. چۈنكى، ئۆسۈمنى يېيىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۇ ھارام بولغاندىمۇ ئەڭ قاتتىق ھاراملارنىڭ بىرى.

2-بانكىغا ئىئانە قىلىۋېتىش، بۇمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى، جازانە بانكىلىرىغا ياردەم بېرىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 92-ئايەت.

3- سەدىقە ھېسابىدا پېقىرلارغا بېرىش بولۇپ، بۇمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھارام مال سەدىقىگە يارىمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ.

4- زاكات ياكى سەدىقە نىيىتى بىلەن ئەمەس، پەقەت قولىدىكى ھارام پۇلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا بىرەر پېقىرغا بەدەلسىز بېرىۋېتىش.

يۇقىرىقى تۆت يولنىڭ ئاخىرقىسى بىلەن بۇ ھارامدىن قۇتۇلۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام نەزىرىدە ھارام ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، ھارام ئەينىي، يەنە بىرى، ھارام ھۆكمىيدۇر. ھارام ئەينىي — ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام قىلىنغان ھاراق، چوشقا گۆشىگە ئوخشىغان شەيئىلەردۇر. ئەمما ھارام ھۆكمىي — ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇئامىلە ئېتىبارى بىلەن ھارام بولغان ئۆسۈم، ئوغرىلىغان مالغا ئوخشىغان ھاراملاردۇر. ئۆسۈم ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام بولماستىن، بەلكى مۇئامىلە يەنى جازانە قىلىش بىلەن ھارام بولغان پۇلدۇر. چۈنكى، پۇل دېگەن ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، بىر قەغەز، قەغەز دېگەننىڭ ھالىلى ۋە ھارىمى بولمايدۇ. ئون دوللار پۇلنى ئىشلەپ تاپقان بولسىڭىز سىز ئۈچۈن ھالال، جازانە قىلىپ ياكى ئوغرىلاپ تاپقان بولسىڭىز ھارامدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆسۈمنى بىرەر پېقىرغا بەدەلسىز بەرگەندە، ئۇ ئالغۇچى ئۈچۈن ھالالغا ئايلىنىدۇ، بەرگۈچىگە ساۋاپ ياكى گۇناھ بولمايدۇ، پەقەت قولىدىكى ئۆسۈمدىن ئىبارەت ھارام پۇلدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان مۇجتەھىد ئالىملىرىدىن دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىي بۇ مەسىلە توغرۇلۇق توختىلىپ: «بانكىنىڭ ئۆسۈمنى ئۆزى ئىشلەتمەستىن، باشقا ھاجەتمەنلەردىن بىرەرسى خەجلىسە، ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. چۈنكى، جازانە مۇئامىلىسىنى ئۇ قىلمىغان. قىسقىسى، ئۆسۈمدىن ئىگىسىنىڭ پايدىلىنىشى ھارام، ئەمما بەدەلسىز ھالدا باشقىلارغا بېرىۋەتسە، ئالغان كىشى ئۈچۈن ھالالدۇر» دەيدۇ.

**13. سوئال: زاكات بېرىش شەرتىگە توشقاندىن كېيىن ھالاك بولغان مالنىڭ زاكىتى ساقىت بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىش شەرتلىرى تولۇق بولغاندىن كېيىن، ئىگىسى تەرەپتىن قەستەنلىك بولمىغان ھالدا ھالاك بولۇپ قولدىن چىقىپ كەتكەن پۇل-مالنىڭ زاكىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما، ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىچە، شەرتلىرى توشۇپ پەرز بولۇپ بولغان مال قايسىبىر سەۋەب بىلەن ھالاك بولغان بولسۇن، زاكىتى ساقىت بولمايدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ زىممىسىدا قەرز ھېسابىدا قالىدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىدە، ئىككىنچى مەزھەپنىڭ قارىشىغا ئەمەل قىلىشنى كۈچلۈك دەپ سانايدۇ.

**14. سوئال: زاكات ئۈچۈن ئايرىغان پۇل-مال زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە**

**يەتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن ھالاك بولغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇنداق ھالەتتە زاكات قايتا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بېرىدىغان زاكاتنى ئايرىغانلىق زاكاتنى ئادا قىلغانغا ياتمايدۇ. بەلكى، ئۇنى زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا زاكات پەرزى ئادا بولىدۇ.

**15. سوئال: ئاتا-ئانىسى باي بولسىمۇ، ئۆزى موھتاجلىقتا قالغان كىشىگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: گەرچە ئاتا-ئانىسى باي بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان پېقىر كىشىگە زاكات بېرىش جائىز. شۇنىڭدەك، ئېرى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋە موھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ زاكات بېرىش جائىزدۇر.

**16. سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى موھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىزمۇ؟**

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىز. چۈنكى، مۇنداق كىشى بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي، ئەمما ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملۇقى ئېتىبارى بىلەن پېقىر سانىلىدۇ.

**17. سوئال: زاكات ئالغۇچىنىڭ تەقۋادار، دىيانەتلىك كىشى بولۇشى شەرتمۇ؟**

جاۋاب: زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتى، زاكات ئالغۇچىنىڭ مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشىدۇر. ئەمما، زاكات ئالغۇچىنىڭ تەقۋادار ياكى پاسىق بولۇشى سورۇشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ زاكات ئالغان پۇل-مالنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە ياكى تاماكا چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا زاكات بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلىش گۇناھ-مەئسىيەتكە ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات پۇلىنى ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى گۇمان قىلغان ياكى ئىشەنچسىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىلگەن تەقدىردىمۇ، زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىش جائىز ۋە بۇ زاكات ئادا بولىدۇ. چۈنكى، گۇمانغا ۋە ئىشەنچسىز كىشىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش دىنىمىزدا چەكلەنگەن.

**18. سوئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقا قايسى ياردەم تۈرلىرى بار؟**

جاۋاب: زاكاتتىن باشقا ياردەم تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. سەدىقە، خالىسانە ياردەم، تۇغقاندارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلىش، خەير-ئېھسان قاتارلىق ئاتالغۇلار

ئاستىدا بۇيرۇلغان ياردەم تۈرلىرى بۇنىڭ مىسالى. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنى زاكات ۋە تۇغقاندارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىي ياردەم تۈرىگە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، سەدىقە، خالىسانە ياردەم، خەير-ئېھسان قاتارلىق ئىختىيارىي ياردەم تۈرلىرىگىمۇ بۇيرۇغان ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ئىچىدە گۈللەپ ياشنىشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىنى ئىمانىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. ھەتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تويغۇزماستىن ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن.

**19. سوئال: تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش (ياكى سىلە-رەھىم) — ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش دېگەنلىكتۇر. تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولۇپ، ئۇنى تەرك ئېتىش چوڭ گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئاللاھنىڭ تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمرىنى ئورۇندىمىغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزگەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**20. سوئال: زاكاتنى كېچىكتۈرۈش جائىزمۇ؟**

جاۋاب: زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ھىجرىيە ھېسابىدا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى دەرھال ئادا قىلىش پەرز. چۈنكى، ۋاقتى كىرگەن ھامان نامار ئوقۇش پەرز بولغاندەك، زاكاتنىمۇ شەرتلىرى تولۇقلانغان ھامان كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىش پەرز. زاكاتنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئۇقبە ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن سالام بېرىپ بولۇپ ناھايىتى ئالدىراش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىرئازدىن كېيىن چىقىپ، يېنىمىزغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىۋاتقان مەسجىد ئەھلىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: ‹ئۆيدە ئازراق خام ئالتۇن بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم-

[1] سۈرە رەئد، 25-ئايەت.

دە، ئۇنىڭ ئۆيىمىزدە تۇرۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم، شۇڭا ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدىكىلەرنى ئۇنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم› دېدى».

# زاكاتنى دەۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتسە بولامدۇ؟

«ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقى» قارىمىقىدىكى «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيەسى» ھىجرىيە 1405-يىلى رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ 27-كۈنىدىن جۇمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 8-كۈنىگىچە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە چاقىرغان چوڭ قۇرۇلتايدا، زاكات بېرىلىدىغانلار قاتارىدىكى «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆلىمالارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقارىشى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

بىرىنچىسى، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇھاجىدلارغىلا خاس. بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىنى مۇجاھىدلاردىن باشقىسىغا بېرىشكە بولمايدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشى.

ئىككىنچىسى، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەت ياخشىلىق يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىنى مەسجىد ۋە مەدرىسە بىنا قىلىش، يول ياساش، دوختۇرخانا سېلىش قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىن ئاز سانلىقنىڭ، ھازىرقى ئۆلىمالاردىن كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشى.

قۇرۇلتاي ئەھلى يۇقىرىقى ھەر ئىككى قاراشنىڭ دەلىللىرىنى مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك قارار ماقۇللىغان:

ئىككىنچى قاراشتىكى ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن كۈچلۈك دەلىللىرى بار. «پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير-ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا خاس مۇكاپاتلار بار»[1] دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا يوقسۇللارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشنى «ئاللاھ يولىدا» دەپ ئاتىغان. بىر ئادەم تۆگىسىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان بولۇپ، ئايالىنى ھەج قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

254

[1] سۈرە بەقەرە، 262-ئايەت.

ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى بۇ تۆگىگە مىندۈرگىن، چۈنكى ھەج دېگەن ئاللاھ يولىدىكى ئىبادەتتۇر»[1] دېگەن.

قوراللىق جىھاد قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش بولغاندەك، ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنى، ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ دىنى خىزمەتلىرىنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەشتىن مەقسەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشتۇر. نەتىجىدە، ھەر ئىككىلا ئىش ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشرىكلارغا قارشى پۇل-مېلىڭلار، جېنىڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنىمىز دىنسىزلار، يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە باشقا بارلىق كاپىرلارنىڭ پىكرىي ۋە ئىدىيەۋى ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىماقتا. بۇ ھۇجۇملارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆلىمالار، ئىسلامىي مۇتەپەككۇرلار ۋە دەۋەتچىلەرنى قوللاش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىش زۆرۈر.

ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى بار، ئەمما ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنىڭ مائاشى يوق. شۇڭا، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرچى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇرۇلتاي ئەھلى كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىسلامىي كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش، ئىسلامىي ژۇرنال چىقىرىش ۋە ئىسلامىي ئۈن-سىن نەشر قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا زاكات ماللىرىدىن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللاھ جىبرىن مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ‹ئاللاھنىڭ يولى› دېگەن بىزنى ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر. بىزنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەل ئاللاھنىڭ يولى سانىلىدۇ». كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى بايان قىلىش، دىنسىزلار ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىش، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقىي قاتارلىقلا رىۋايەت رىۋايەت قىلغان، ئەللامە ئەلبانى: «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي، ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان، ئەللامە ئەلبانى: «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

سۈيىقەستلىرىنى بەربات قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغانلىق بولۇپ، بۇنداق مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنى قوللايدىغان ئورۇن چىقمىسا، بۇ ئىشلارغا ۋە ئىسلامىي دەۋەتچىلەرگە زاكاتتىن بېرىش پەرز بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، زاكاتتىن يىغىلغان پۇل-مالنى زاكات ئېلىشى بەلگىلەنگەن بەزى شەخسلەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئىسلامىي دەۋەت ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئەۋزەل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر شەخسلەر زاكات ئالمايمۇ ياشىيالايدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ شۈبھىلىرى ۋە مۇناپىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا رەددىيە بېرىش، قۇرئان بېسىپ تارقىتىش، ئىسلامىي كىتاب، ژۇرنال، ئۈن-سىن نەشر قىلدۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش قاتارلىق ئىسلامىي خىزمەتلەر توختاپ قالسا بولمايدۇ».

## زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈننىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق ياراتقاندەك، زامان ۋە ماكانلارنىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق ياراتقان. ماكانلاردىن مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئىككى ھەرەمنى ئۇلۇغ قىلغان بولسا، زامانلاردىن رامىزان ئېيى ۋە ھەج كۈنلىرىنى ئۇلۇغ قىلغان. ئاللاھ تائالا كۈنلەردىن زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈننى ئۇلۇغ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەرەفات كۈننى ھەممىدىن ئۇلۇغ قىلغان، كېچىلەردىن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى ئۇلۇغ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن قەدىر كېچىسىنى ھەممە كېچىلەردىن ئۇلۇغ قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۈن ۋە كېچىلەرنى ئۇلۇغ قىلغانلىقى بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئاشۇ ئالاھىدە كۈن ۋە تۈنلەردە قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن ئىسلام نەزىرىدە تەڭداشسىز ئۇلۇغ كۈنلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «كۈنلەر ئىچىدە زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈندەك ئەمەل ئىبادەت ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ھېچبىر كۈن يوق» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئۇنىڭغا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشمۇ يەتمەمدۇ؟» دەپ سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «بۇ كۈننىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشمۇ يەتمەيدۇ، پەقەت جېنى ۋە مېلىنى ئاتاپ جىھادقا چىقىپ، قايتمىغان ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن.

بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئۇلۇغ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستە «ھېچبىر كۈن» دەپ تەكىتلىگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قەسەم قىلغان كۈنلەردۇر. ﴿وَالْفَجْرِ . وَلَيَالٍ عَشْرٍ﴾ «سۇبھى بىلەن، ئون كېچە بىلەن قەسەمكى»[1] دېگەن ئايەتتىكى «ئون كېچە»نى كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن دەپ تەپسىر قىلغان. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا

[1] سۈرە پەجر، 1 2 ئايەت.

پەقەت ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر بىلەنلا قەسەم قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەج پەرزىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىبادەت مۇشۇ كۈنلەردە ئورۇندىلىدۇ. قۇربانلىق، تەكبىر، تەھلىل ۋە تەۋبە قاتارلىق كۆپلىگەن ئىبادەتلەر مۇشۇ كۈنلەردە قىلىنىدۇ.

بۇ كۈنلەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى: روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، كۆپ ناماز ئوقۇش، كۆپ تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش، كۆپ سەدىقە بېرىش ۋە ئىنسانلارغا، شۇنداقلا بارلىق مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىشتۇر.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن ھەج، قۇربانلىق، تەكبىر، تەھلىل قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ئىبادەتلەر توپلانغان كۈنلەردۇر. شۇڭا، بىز بۇ كۈنلەرنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا موھتاج. بولۇپمۇ، ھازىرقىدەك بىر تەرەپتىن ۋەتەنسىزلىك دەردى، يەنە بىر تەرەپتىن ۋىرۇس بالاسى سەۋەبلىك پەرىشان بولۇۋاتقان كۆڭلىمىزگە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىشتىن ئەۋزەل تەسەللى بولمىسا كېرەك.

ئەرەفات كۈنى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. ئەرەفات كۈنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھقا زىكىر- تەسبىھلەرنى كۆپ ئېيتىش ۋە كۆپلەپ دۇئا بىلەن مەشغۇل بولۇش كۈنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى دۇئا ئەرەفات كۈنى قىلىنىغان دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېيتقان زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى: «لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ: لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر› دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىدۇر».

ئەرەفاتتا چىقالمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇش ناھايىتى كاتتا ساۋابلىق ئەمەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سورالغىنىدا، «بۇ كۈنىدە روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېلىدىغان يىلدىكى گۇناھلىرىنى ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېگەن.

# زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلىرى

«زۇلۇم» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويماسلىق، ئىشلارنى توغرا ئۇسۇلدا قىلماسلىق بولۇپ، قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلماسلىق ۋە ئۇنى ناتوغرا ئۇسۇلدا قىلىش زۇلۇمدۇر. ئىستېمالدا: ھەقسىزلىق قىلىش، ناھەق ئىش قىلىش، ئۇۋۋال قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «زۇلۇم» سۆزىدىن مەسئۇللارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشى دەپ چۈشىنىۋېلىش توغرا ئەمەس . چۈنكى، زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ۋە گەپ-سۆزلىرىدە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل زۇلۇم ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمىز. بىرىنچىسى، ئاللاھقا ھەقسىزلىق قىلىش، ئىككىنچىسى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا ئۇۋۋال قىلىش، ئۈچىنچىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتۇر.

ئاللاھقا ھەقسىزلىق قىلىش — ئاللاھنى ئىنكار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَالْكَافِرُونَ هُمْ الظَّالِمُونَ﴾ «كاپىرلار زالىملاردۇر» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ زۇلۇمدۇر.﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ ھەقسىزلىقتۇر» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش. بۇ باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى كۆرسىتىدۇ.﴿وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا الْقُرُونَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَمَّا ظَلَمُوا﴾ «سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش. بۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىماسلىق ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.﴿وَمَا ظَلَمْنَاهُمْ وَلَكِنْ كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ «بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىدى» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

زۇلۇمنىڭ ھەممىسى قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى چەكلىگەن بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچىلار چوقۇم جازاسىنى تارتىدۇ. ئاللاھ

تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە پۈتـۈن ئىنسـانىيەتكە خىتـاب قىلىـپ: «سـىلەردىن كىمكـى زۇلـۇم قىلىدىكـەن، بىـز ئۇنىڭغـا قاتتىـق ئازابنـى تېتىتىمىـز»[1] دېگـەن. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «زۇلـۇم قىلىشـتىن سـاقلىنىڭلار، چۈنكـى زۇلـۇم قىيامـەت كۈنىـدە زۇلمەتلەرگـە ئايلىنىـدۇ»[2] دېگـەن. ئۆلىمـالار بـۇ يەردىكـى «زۇلمەتلەر»نـى زۇلـۇم قىلغۇچىنىـڭ يولىنـى توسـىدىغان قاراڭغۇلۇقـلار ياكـى ئۇنىـڭ بېشـىغا كېلىدىغـان زور قىيىنچىلىقـلار دەپ شـەرھلىگەن.

## زۇلۇمنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلىرى

ئەرلەرنىـڭ ئاياللارغـا زۇلـۇم قىلىشـى. بـۇ ئـەڭ كـۆپ ئۇچرايدىغـان ۋە ئـەڭ ئېغىـر بولغـان زۇلـۇم تـۈرى بولـۇپ، ئەرلەرنىـڭ ئاياللىرىنـى ھەق-ھوقۇقلىرىدىـن مەھـرۇم قىلىشـى، ئۇلاردىــن كۈچــى يەتمەيدىغــان ئىشــلارنى تەلــەپ قىلىشــى، ئۇلارغــا جىسمانىي ياكـى روھىـي تەرەپتىـن ئەزىيـەت بېرىشـى، بـەزى ئەرلەرنىـڭ ئاياللىرىنـى ئـۇرۇپ دۇمبالىشـى قاتارلىـق زۇلۇمـلار ئىسلام تەلىماتلىـرى تەتبىقلانمىغـان ئائىلىلـەردە ۋە ئىسـلامنىڭ روھىدىـن يىـراق جەمئىيەتلـەردە كـۆپ ئۇچرايـدۇ.

بۇنىـڭ ئەكسـىچە، بـەزى ئاياللارنىـڭ ئەرلىرىگـە زۇلـۇم قىلىشـىمۇ رېئاللىقتـا كۆرۈلـۈپ تۇرىدىغـان ئەھۋالـدۇر. بـەزى ئاياللارنىـڭ ئەرلىرىنـى تاقىتـى يەتمەيدىغـان ئىشـلارغا زورلىشـى، ئۇلاردىـن قولىدىـن كەلمەيدىغـان ئىشـلارنى تەلـەپ قىلىشـى ۋە ئۇلارغـا ئىقتىسـادى ئەھۋالـى يـول قويمايدىغـان شـەكىلدە تەلەپلەرنـى قويۇشـى ئاياللارنىـڭ ئەرلىرىگـە زۇلـۇم قىلغانلىقـى بولـۇپ سـانىلىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىـڭ بالىلىرىنـى تەربىيەلـەش ئىشـلىرىدا مەجبۇرىيەتلىرىنـى تولـۇق ئـادا قىلمـاي ئۇلارغـا ئـۇۋال قىلىشـى. «ئـى ئىمـان ئېيتقانـلار! ئۆزۈڭلارنـى ۋە بالا-چاقاڭلارنى يېقىلغۇسـى ئىنسـان ۋە تـاش بولىدىغـان، قاتتىـق قـول پەرىشـتىلەر مەسئۇل بولغـان دوزاختىـن سـاقلاڭلار»[3] دېگـەن ئايـەت بۇنـى كۆرسـىتىدۇ. شەكسـىزكى، ئىنسـانلارنىڭ ئـۆزى ۋە بالا-چاقىلىرىنـى دوزاخ ئازابىدىـن سـاقلاپ قېلىشـىنىڭ بىردىنبىـر چارىسـى ئۇلارنـى ئالـلاھ تائـالا كۆرسـەتكەن بويىچـە تەربىيەلـەپ چىقىـپ، ئـۆز بۇرچىنـى ئـادا قىلىشـتۇر. بالىلارغـا كىچىكىدىـن ئىمـان، ئىسـلام ۋە ئەخـلاق ئۆگىتىـش، ياخشـى تەربىيەلـەپ يېتىشـتۈرۈش، ھـەر خىـل پەنلـەردە ئوقۇتـۇش، بالىـلار ئۈچـۈن قىلىشـقا تېگىشـلەرنىڭ ھەممىسـىنى جايىـدا قىلىـش ئاتا ئانىلارنىـڭ بۇرچىـدۇر. ئاتا ئانىلارنىڭ ئـۆز ئۈسـتىدىكى پەرزەنـت ھەقلىرىنـى جايىـدا ئـادا قىلماسـلىقى پەرزەنتلىرىگـە زۇلـۇم

[1] سۈرە فۇرقان، 19-ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] سۈرە تەھرىم، 6-ئايەت.

قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باللىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىشى ۋە ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى. باللىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلماسلىقى، ئۇلارنى گەپ-سۆز ياكى مۇئامىلىدە رەنجىتىپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىشى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا: ‹ئوف!› دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك كەيپىنمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەندەك، (سەنمۇ) ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن› دېگىن»[1]. ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش پەرز. شۇڭا، بۇ پەرزنى ئادا قىلماسلىق ياكى ئادا قىلىشتا كەمچىلىك سادىر قىلىش ئاتا ئانىغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دېگەن: «(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر»[2].

قوشنىلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق. شەكسىزكى، قوشنىلارنى بىئارام قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىش ۋە قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! بىر ئايال بار، ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن، قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاختىا كىرىدۇ»[3] دېگەن. بۇ ھەدىستە مەزكۇر ئايالنىڭ قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

بايلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلىشى. قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرى ئىچىدىكى يوقسۇللارغا تېگىشلىك ھەققىنى بەرمەسلىكى، زاكات پەرزىنى ئادا قىلماسلىقى، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت دېگەندەك خالىسانە ياردەملەرنى تەرك ئېتىشى ئۇلارنىڭ يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى زاكات، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت قاتارلىقلار يوقسۇللارنىڭ بايلار ئۈستىدىكى

---

[1] سۈرە ئىسرا،23-ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان، 14 - ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلىدا تىلەيدىغان ۋە (ئېيپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان ھاجەتمەنگە (بېرىشكە تېگىشلىك) مۇئەييەن ھەق بار»[1].

ئۇرۇق تۇغقانلارغا زۇلۇم قىلىش. شەكسىزكى، تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلماسلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدىكى ماددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغانلارغا ياردەم قىلىش پەرزدۇر. «تۇغقانغا، مىسكىنگە، مۇساپىرغا (بېرىشكە تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن»[2] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇش ئېغىر گۇناھ ۋە جەننەت يولىدىكى توسالغۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3] دېگەن. تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۇقىرىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسى، يۈز ـ ئابرۇيى، ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى ئايىماسلىقتۇر، ئۇنىڭ ئەقەللىيسى ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتۇر. چۈنكى، كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ھەم ئىبادەت ھەم سەدىقىدۇر.

مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم قىلىشى. مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيىلىمەسلىكى، قېتىرقىنىپ ياخشى ئوقۇتماي، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشىگە كۆز يۇمۇشى ياكى ئوقۇغۇچىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلماي، بەزى ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بەزىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ۋە ياكى ھەقسىزلىق قىلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپ كۆچۈرۈپ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپ قالدۇرۇشى قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىدۇر.

مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلىش. يەنى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى پىكىر ئېقىمى ياكى مەزھىپى ياكى مىللىتى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش، ئۇنىڭغا مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك قىلىش ۋە ياكى ھەق ـ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، تۆھمەت چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، ھەققىنى يەۋېلىش، ئالداش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، خىيانەت قىلىش، ھەسەت قىلىش، لەقەم قويۇش، ئەيىبىنى ئىزدەش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا يامانلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە

[1] سۈرە مەئارىج، 24 ـ 25 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئىسرا، 26 ـ ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۆزگـە يامانلـىق قىلغانلىقـىدۇر. چۈنكـى، مۇسـۇلمانلار بىـر گەۋدىـدۇر. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دېگـەن: «بىر-بىرىڭلارغـا كۆرەلمەسـلىك قىلىشـماڭلار، بىـر بىرىڭلارنـى ئالدىمـاڭلار، بىـر بىرىڭلارنـى يامـان كۆرمـەڭلار، بىـر بىرىڭلارنـى دۈشـمەن تۇتمـاڭلار، بىـر بىرىڭلارنىـڭ سودىسـىنى بۇزمـاڭلار. ئۆزئـارا قېرىنـداش بولـۇپ، ئاللاھنىـڭ ياخشـى بەندىلىرىدىـن بولـۇڭلار. مۇسـۇلمان مۇسـۇلماننىڭ قېرىندىشـى، ئۇنىڭغـا زۇلـۇم قىلمايـدۇ، ئۇنـى خورلىمايـدۇ. تەقۋالىـق قەلبتىـدۇر»[1]. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام «تەقۋالىـق قەلبتىـدۇر» دېگـەن سۆزنى ئـۈچ قېتىـم تەكرارلىغـان.

مۇسـۇلمان ئەمـەس كىشـىلەرگە زۇلـۇم قىلىـش. مۇسـۇلمانلار مۇسـۇلمان ئەمـەس كىشـىلەرگىمۇ ياخشـى، ئادىـل ۋە توغـرا مۇئامىلـە قىلىشـقا بۇيرۇلغـان. ئۇلارغـا بارلـىق مۇئامىلـە تۈرلىرىـدە ئايرىمىچىلـىق قىلماسـتىن، ھەقسـىزلىق قىلماسـتىن، توغـرا ۋە ئادىـل مۇئامىلـە قىلىـش، ماددىـي ۋە مەنىـۋى جەھەتلەردىـن قولدىـن كېلىشـچە ئىنسـانىي يـاردەم قىلىشـقا بۇيرۇلغـان. ئاللاھ تائـالا بـۇ ھەقتـە بىزگـە تەۋسـىيە قىلىـپ مۇنـداق دېگـەن: «باشقا دىندىكىلەردىـن سىلەر بىلـەن ئۇرۇش قىلمىغـان ۋە سـىلەرنى يۇرتۇڭلاردىـن ھەيـدەپ چىقارمىغانلارغـا كەلسـەك، ئاللاھ ئۇلارغـا ياخشـىلىق قىلىشـىڭلاردىن، ئۇلارغـا ئادىـل بولۇشـۇڭلاردىن سـىلەرنى توسـمايدۇ. شۈبھىسـىزكى، ئاللاھ ئادالـەت بىلـەن ئـىش قىلغۇچىلارنـى ياقتۇرىـدۇ»[2].

ھايۋانلارغـا زۇلـۇم قىلىـش. ھايۋانلارغـا كۆتۈرەلمەيدىغـان ئېغىـر يۈكلەرنـى ئارتىش، ئۇلارنـى ياخشـى باقمـاي ئـاچ ياكـى سۇسـىز قويـۇش، ئـۇرۇپ قىينـاش، ئـوق ئېتىـش مەشـىقلىرىدە نىشـان قىلىـش، ئۇلارنـى بىر-بـىرى بىلـەن سوقۇشـتۇرۇش. مەسـىلەن، ئىـت تالاشـتۇرۇش، خـوراز چوقۇشـتۇرۇش، قوچقـار سوقۇشـتۇرۇش قاتارلىـق قىلمىشـلارنىڭ ھەممىسـى ھايۋانلارغـا زۇلـۇم قىلغانلىقتـۇر. ھەتتـا، ھايۋانلارنـى بوغۇزلاشـتىمۇ قاتتىـق قوللـۇق قىلىـش چەكلىنىـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ھەقتـە: «ئاللاھ ھەممـە نەرسـىگە رەھىم-شـەپقەت قىلىشـنى پەرز قىلدى. مـال بوغۇزلىغانـدا ياخشـى بوغـۇزلاڭلار، پىچاقنـى ئىتتىـك قىلىـڭلار ۋە مالنىـڭ جېنىنـى قىينىماسـتىن چىقىرىـڭلار»[3] دەپ كۆرسـەتكەن. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام يەنـە بىـر بـۇزۇق ئايالنىـڭ ئۇسسـۇزلۇقتىن قاتتىـق قىينىلىـپ كېتىـپ، قـۇدۇق ئەتراپىدىكى ھۆل تۇپراقنـى يېيىشكە باشـلىغان بىـر ئىتنـى كـۆرۈپ، ئـچ ئاغرىتىـپ ئۆتۈكىنـى سېلىـپ، قۇدۇقتىـن سـۇ ئېلىـپ ئىتنـى سـۇغۇرۇپ قويغانلىقـى ئۈچـۈن پۈتـۈن گۇناھلىـرى كەچـۈرۈم قىلىنىـپ جەننـەت ئەھلـى بولـۇپ كەتكەنلىكـى؛ بۇنىـڭ ئەكسـىچە، بىـر

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سۈرە مۇمتەھىنە، 8-ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايالنىڭ بىر مۇشۇكنى سۇ ياكى نان بەرمەستىن باغلاپ قويۇپ، ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاخ ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىك قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ھايۋانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىبادەت، دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن[1].

يالغان سۆزلەش ۋە سۆزدە تۇرماسلىق. شەكسىزكى، يالغان سۆزلەش ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىق ۋە قەبىھ زۇلۇمدۇر. چۈنكى، يالغان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ تائالا چەكلىگەن يامان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ، ھەمدە باشقىلارنى بۇ يالغان سۆزگە ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەتئىي ھارامدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق، مۇمكىن ئەمەس»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭدەك، سۆزدە تۇرماسلىق ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمگە قارىتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. چۈنكى، ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ۋەدىلىشىپ قويغان ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغان ۋە ئىشەنچىسىنى يەردە قويغان بولىدۇ. سۆزىدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

پارا بېرىش ياكى پارا ئېلىش. بىراۋغا پارا بېرىش ياكى باشقىلاردىن پارا ئېلىش ھەر ئىككىلىسى زۇلۇمدۇر. چۈنكى، پارا ئالغان ياكى پارا بەرگەن ئادەم بۇ ئىشنى پەقەت باشقىلارنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش



[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بۇ ماۋزۇدىكى ھەدىسكە قاراڭ.

[2] ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۈچۈنـلا قىلىـدۇ. پارىخورلـۇق — بىراۋنىـڭ ھەققىنـى يەۋېلىـش، ياكـى خىزمـەت ئورنىنى تارتىۋېلىش، ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش، ياكى بىر جىنايەتچىنى ئاقلاش، ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىش، ياكى قانداقلا بىر دەۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل، ياكى پۇلغا يارايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق-ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىككە ۋە ھەقسىزلىككە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتگە نامەردلەرچە خىرىس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل قىلمىش بولغانلىقى ئۈچۈن، پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى»[1] دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى پارا بېرىشتىن بىرلا مەسىلىنى مۇستەسنا قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى يوللۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، باشقىلارغا زىيان زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن پارا بېرىپ بولسىمۇ، ئۆز ھەققىنى قوغداپ قالسا گۇناھ بولمايدۇ.

سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش. ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش، يالغان سۆزلەش، ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش، تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم تارتىپ بېرىش، خېرىدار ئەمەس بىرىنى خېرىدار كۆرسىتىپ مېلىغا يۇقىرى باھا قويغۇزۇپ، ھەقىقىي خېرىدارلارنى ئالداپ تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش، چارۋا ماللارنى سېتىشقا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن مەخسۇس دورىلار بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا: « ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر بىرىڭلارنىڭ مال-مۈلكىنى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار»[1] دېگەن. يۇقىرىقى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ناھەق يەۋالغانلىقتۇر.

چېقىمچىلىق. شەكسىزكى، بىراۋنى زالىم ھۆكۈمدارلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، چېقىمچىلىق — بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن زالىملارغا مەلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئىككى كىشىنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن بىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغان بىر، ئىككى ئېغىز گەپنى يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ يەنە بىرىگە يەتكۈزۈشتۇر. چېقىمچىلىق گەپ توشۇشتىن ئىبارەت سۇخەنچىلىكتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى، گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما، چېقىمچىلىق پەقەت بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئاڭلاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] سۈرە نىسا، 29-ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# بىئولوگىيەلىك سائەت ۋە تەن ساقلىقى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قانۇنى بولۇپ، بىرى شەرىئەت قانۇنى، يەنە بىرى تەبىئەت قانۇنىدۇر. شەرىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازاسىنى ئاخىرەتتە تارتىدۇ، ئەمما تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا شەرىئەت قانۇنىنى ئىنسانلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن نازىل قىلغان بولسا، تەبىئەت قانۇنىنى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا بەختلىك، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن. مەسىلەن، كېچىسى ئۇخلاپ، كۈندۈزى تىرىكچىلىك قىلىش ئاللاھ تائالا بېكىتكەن تەبىئەت قانۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغانلارنىڭ ئىشى غەلىبىلىك، تېنى ساق بولىدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، ئاخشىمى بەك كەچ ئۇخلاپ ياكى ئۇخلىماي، كۈندۈزى ئۇخلايدىغانلارنىڭ ئىشى غەلىبىسىز، بەرىكەتسىز بولىدۇ، ساغلاملىقى ناچارلىشىشقا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب قىلىشمۇ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىن بولۇپ، سەۋەب قىلمىسا ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ رىزقىنى ئۆزى بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، شۇ رىزىقنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا، ھەرقانداق بىر جانلىق ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىدۇ، تىرىشىدۇ، ئۇنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر رىزقىنى ئىزدىمىسە، ئاچ قالىدۇ.

ئاخشىمى بۇرۇن يېتىپ، سەھەر تۇرۇش ئاللاھ تائالا بېكىتكەن تەبىئەت قانۇنىدۇر. «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. 2002-يىلى ئامېرىكا ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىدىغان (Sciense) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر ئىلمىي تەتقىقاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «قاراڭغۇدا ئۇخلاش تەن ساقلىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بەدەن قاراڭغۇدا مېلاتونىن دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھورمۇن ئىشلەپ چىقىرىدىكەن. بۇ ھورمۇن كۆكرەك ۋە مەزى بېزى راكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدىكەن. تەتقىقاتلار

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 67-ئايەت.

يەنە مىللىتىنىڭ ھۆرمىتىنى ھورمۇنىنىڭ راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئۆتەيدىغانلىقى، ئەمما يورۇقتا بۇ خىزمەتنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى».

## ساغلاملىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ساغلاملىقنى بەدەننىڭ كېسەلدىن ساق بولۇشى دەپلا چۈشىنىشىۋالغاندا، ساغلاملىق دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەر تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ ۋە ساغلاملىقنى كىچىك بىر رامكىغا چۈشەپ قويغان بولىمىز. چۈنكى، تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكىتلىشىچە، ساغلاملىق — پىكىر، ھېسسىيات، بەدەن ۋە روھ قاتارلىق تۆت نەرسىنىڭ تەڭپۇڭ بولغان ھالىتىدۇر. بۇ تۆت نەرسە بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، پىكرىي ساغلاملىق پىسخىكا ساغلاملىقىدىن ئايرىلالمايدۇ، پىسخىكا ساغلاملىقى بەدەن ساغلاملىقى بىلەن باغلىنىشلىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي ساغلاملىقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئادەمنىڭ بارلىق ئوي-خىياللىرى پىسخىك ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنساننىڭ پىسخىكىلىق ھالىتى ياخشى تۇرۇپ، ئوي-خىياللىرىنىڭ ناچار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يەنى سىزنىڭ كاللىڭىزدىكى پىكىر-خىيالىڭىز ئىجابىي بولغان ھالەتتە پىسخىكىڭىزنىڭ بۇزۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجابىي ئوي-پىكىرلەر بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ، بەدەن ئۇنى راھەت ھېس قىلىش، زېھنىنىڭ ئوچۇقلۇقى، ھەرىكەتچانلىق، روھنىڭ سۈزۈكلۈكى قاتارلىق ھەرخىل ئىجابىي ھالەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مۇبادا بەدەن سەلبىي ئوي-پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۇنى چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇق، ئەستە تۇتالماسلىق، ئىرادىسىزلىك، ھەر خىل ئاغرىق، سېمىزلىك قاتارلىق ھالەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، كېسەللىك تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمايدۇ. ئۇ ئوي-پىكىر ۋە پىسخىكىدىكى سەلبىيلىكلەر سەۋەبلىك بەدەنگە ئاستا-ئاستا يۈكلىنىپ توپلانغان ئېغىر بىر ھارغىنلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

## بىئولوگىيەلىك سائەت ۋە ئۇنىڭ رولى

بىئولوگىيەلىك سائەت — ئىنساننىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئارىسىدىكى بىئوئېنېرگىيەنىڭ مۇنتىزىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. بىئولوگىيەلىك سائەت ئىنساننىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن ئون ئىككى ئەزا ئارىسىدا يىگىرمە تۆت سائەت ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ جەرياندا مەزكۇر ئون ئىككى ئەزا ئۆز ئارىسىدىكى بىئوئېنېرگىيە پائالىيىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ھەر ئىككى سائەتتە مۇشۇ ئون ئىككى ئەزانىڭ بىرى ئەڭ مۇكەممەل ۋەزىپە ئادا قىلىش سەۋىيەسىگە يېتىدۇ. ھەر ئون

ئىككى سائەتتىن كېيىن ھەربىر ئەزا پائالىيەتچانلىقىدىن بوشاپ ئارام ئېلىش ۋە ئون ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىدىغان پائالىيەت نۆۋىتى ئۈچۈن تەييارلىنىش دەۋرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، جىگەرنىڭ بىئوئېنېرگىيە پائالىيىتى كېچە سائەت بىردىن ئۈچكىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىگە يېتىدۇ، كۈندۈز سائەت بىردىن ئۈچكىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولىدۇ. مەزكۇر ئون ئىككى ئىچكى ئەزا: ئۆپكە، قېلىن ئۈچەي، ئاشقازان، تال، يۈرەك، ئىنچىكە ئۈچەي، دوۋساق، نەسىللىنىش ئەزاسى، بۆرەك، ئىچكى بەز، ئۆت ۋە جىگەر قاتارلىقلاردۇر.

تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەربىر ئادەمنىڭ بەدىنىدە بىئولوگىيەلىك سائەت بار بولۇپ، ئۇ بەدەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى رەتكە سالىدۇ، ئۇيقۇمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئاخشام سائەت ئون بىردىن كېچە سائەت ئۈچكىچە قان ئېقىمىنىڭ كۆپ قىسمى جىگەردە بولىدۇ. جىگەر بۇ ۋاقىتتا قان بىلەن تولغانلىقتىن، ھەجمى چوڭىيىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا جىگەر بەدەندىكى زەھەرنى تازىلايدۇ ۋە قان، بەلغەم، سەفرا، سەۋدادىن ئىبارەت تەبىئىي خىلىتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بەدەندە بىر كۈن ئىچىدە توپلانغان زەھەر ئاشۇ تۆت سائەتتە تازىلىنىدۇ. ئىشنىڭ چاتاق يېرى، ئەگەر سىز ئاشۇ تۆت سائەت ئىچىدە ئۇخلىمىغان بولسىڭىز جىگەر زەھەر تازىلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بارالمايدۇ، تەبىئىي خىلىتلارنىمۇ ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ. چۈنكى، جىگەرنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن سىزنىڭ ئۇخلىغان ھالەتتە بولۇشىڭىز شەرت.

ئەگەر سىز كەچ سائەت ئون بىردە ئۇخلىسىڭىز، جىگەرنىڭ بەدەندىكى زەھەرنى تازىلىشى ئۈچۈن تۆت سائەت ئازادە ۋاقىت بار دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا زەھەر تەلتۆكۈس تازىلىنىپ بولىدۇ. ئەگەر سىز كەچ سائەت ئون ئىككىدە ئۇخلىسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئۈچ سائەت قالغان بولىدۇ. ئەگەر كېچە سائەت بىردە ئۇخلىسىڭىز ئالدىڭىزدا ئىككى سائەت قالغان بولىدۇ. كېچە سائەت ئىككىدە ئۇخلىسىڭىز، ئالدىڭىزدا بىر سائەت قالغان بولىدۇ. ئەگەر كېچە سائەت ئۈچتە ئۇخلىسىڭىز، بەدىنىڭىزدىكى زەھەرنى تازىلاشقا ھېچقانداق ۋاقىت قالمىغان بولىدۇ. ئەگەر سىز ھاياتىڭىزنى مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋەرسىڭىز، بەدىنىڭىزدىكى زەھەر توپلىنىپ مېڭىۋېرىدۇ، ئاندىن بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئۆزىڭىزگە نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيلا قالىسىز. ئەمما، ئۇ چاغدا بەكلا كېچىككەن بولىسىز. شۇڭا، سىز ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەت بىلەن قارشىلاشماڭ، بۇرۇن يېتىپ، سەھەر تۇرۇڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمگە بېرىلىدىغان بەرىكەت سەھەر ۋاقتىغا بەلگىلەندى» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاخشىمى بۇرۇن

يېتىپ، ئەتىسى سەھەر تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلغان. رىئاللىق شۇكى، ئەتىگەن تۇرۇپ ئىشقا تۇتۇنىدىغان مىللەتلەر ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما كېچىسى ئۇخلىماي، ئەتىگەنلىكى ئۇخلايدىغان مىللەتلەر گەرچە مۇسۇلمان قەۋملەر بولسىمۇ تەرەققىياتتا، ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە ماددىي قۇۋۋەتتە ئارقىدا قالماقتا.

## كەچ ئۇخلاپ، كېچىكىپ ئويغىنىشنىڭ زىيىنىنى بىلەمسىز

كەچ ئۇخلاپ، ئەتىسى قانچە كۆپ ئۇخلىسىڭىزمۇ ھاردۇقىڭىز چىقمىغانلىقىنى ۋە ئىنتايىن ھارغىن ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىشقا بارغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بەدىنىڭىزدىكى زەھەر تازىلانمىغانلىقتىن شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئاخشىمى كەچ ئۇخلاش، سەھەردە تۇرماسلىق ئىنسان سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئادەتتۇر.

كېچە سائەت ئۈچتىن بەشكىچە بولغان ئارىلىقتا قان ئېقىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆپكىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىز نېمە قىلىشىڭىز كېرەك؟ ئۇ چاغدا سىز ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىشىڭىز كېرەك. باغچىدەك، ئېتىزلىقتەك ھاۋاسى ساپ جايلاردا ئۇزۇن-ئۇزۇن نەپەس ئېلىپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا قويۇپ بەرسىڭىز تولىمۇ ياخشى.

ئەتىگەن سائەت بەشتىن يەتتىگىچە بولغان ئارىلىقتا قان ئېقىمىنىڭ كۆپ قىسمى قېلىن ئۈچەيگە توپلانغان بولىدۇ. بۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ چاغدا ئاچ قورساققا ئىككى ئىستاكان ئىلمان قايناق سۇ ئىچىڭ. ئەتىگەندە ھېچنېمە يېمەي تۇرۇپ، ئىككى ئىستاكان ئىسسىق سۇ ئىچىش ئۈچەينى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، ئاچ قورساققا سوغاق سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سوغاق سۇ ئۈچەينىڭ خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، قان ئايلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا قان ئېقىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئاشقازانغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ چاغدا ناشتا قىلىسىز. ئەتىگەندە ناشتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ناشتا قىلماسلىق ياكى ناشتىنى مۇشۇ سائەتتىن كېچىكتۈرۈپ قىلىش تەن ساقلىقىغا ئىنتايىن زىيانلىق. بۇ زىياننى بىر كۈن ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ۋە پايدىلىق غىزالارمۇ تولدۇرالمايدۇ. ناشتا قىلماسلىق خەتەرلىك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىڭىز بىر كۈنىڭىزنىڭ قانداق ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، ئەتىگەندە ئاشقازىنىڭىزغا كىرگەن تائام سىزنىڭ جىسمانىي پائالىيىتىڭىز ئۈچۈن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كۈچلۈك ئاشقازان

يۇقىرى ئېنېرگىيە ۋە سۈپەتلىك خىزمەتنىڭ كاپالىتى، كۈچلۈك ئاشقازان سەلبىي ھېسلارغا تاقابىل تۇرىدىغان زور كۈچ. خۇددى ماشىنىڭىزغا قاچىلىغان بىنزىن قانچىلىك سۈپەتلىك بولسا، ماشىنىڭىزنىڭ خىزمىتى شۇنچە ياخشى بولغاندەك، ئەتىگەندە ناشتىڭىز قانچىلىك ياخشى، مۇكەممەل ۋە قۇۋۋەتلىك بولسا، بىر كۈنلۈك ئىشلىرىڭىزمۇ شۇنچىلىك سۈپەتلىك، نەتىجىلىك ۋە غەلىبىلىك بولىدۇ. بىزدە «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار.

دېھقانلار ياكى يېزىلاردا ياشايدىغانلارنىڭ تەن ساقلىق جەھەتتە شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا، ھەر تەرەپتىن ياخشى ئىكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئاخشىمى بالدۇر ئۇخلاپ، ئەتىسى سەھەر تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بىئولوگىيەلىك سائەتلىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمىزدا تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت دېگەن نەرسىلەر يوق ئىدى، قاتناش ۋاستىلىرى ھازىرقىدەك قولاي ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئومۇمەن ئاخشىمى بۇرۇن يېتىپ، ئەتىسى سەھەر تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ زامانلاردا كىشىلەر قان بېسىمى، دىئابىت، راك دېگەندەك كېسەللىكلەرنى بىلمەيتتى. بىز ئاللاھ تائالا بەلگىلىۋەتكەن تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئايلاندۇرۇۋالدۇق، ھەرىكەت ئارقىلىق كۈچلىنىپ ۋە ياشىرىپ تۇرىدىغان بەدىنىمىزنى ھەرىكەتسىزلىك بىلەن كېسەل قىلىپ قويدۇق. ئاللاھ تائالا يول مېڭىشقا يارىتىپ بەرگەن پۇتلىرىمىزنى مېڭىشتىن مەھرۇم قىلىپ ھورۇنلاشتۇردۇق. بىز بۇ قىلمىشلىرىمىزنىڭ جازاسىنى ھەرخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش، ئىش-كۈچىمىزدە بەرىكەتسىزلىك بىلەن تارتىۋاتىمىز.

(پايدىلانغان ماتېرىياللار مەنبىئى كۆرسىتىلگەن بولسا ياخشى بولاركەن)

# ساغلاملىق

﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز»[1] يەنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى دىللارغا ھىدايەت ۋە شىپا، مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە ياخشىلىقتۇر. ئۇ بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە بولۇپلا قالماي، ھەرقانداق مەنىۋى كېسەللىكلەرگە شىپادۇر. ئايەتتىكى «شىپا» ھەرقانداق جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللىكلەرگە بولىدىغان شىپانى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە شەخسلەرنىڭ دەردلىرىگە دەرمان، مۇئمىنلەرگە رەھمەت بولىدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. قىسقىسى، قۇرئان كەرىم بارلىق كېسەللىكلەرگە شىپادۇر.

ساغلاملىقنى بەدەننىڭ كېسەلدىن ساق بولۇشى دەپلا چۈشىنىۋالغاندا، «ساغلاملىق» دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەر تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ ۋە ساغلاملىقنى كىچىك بىر رامكىغا چۈشەپ قويغان بولىمىز. چۈنكى، تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكىتلىشىچە، ساغلاملىق — پىكىر، ھېسسىيات، بەدەن ۋە روھ قاتارلىق تۆت ئامىلنىڭ تەڭپۇڭ ھالىتىدىن ئىبارەت. بۇ تۆت ئامىل بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، پىكرىي ساغلاملىق پسىخىك ساغلاملىقتىن ئايرىلالمايدۇ، پسىخىك ساغلاملىق تەن ساغلاملىقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي ساغلاملىقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئادەمنىڭ بارلىق ئوي-خىياللىرى پسىخىك ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنساننىڭ پسىخىك ھالىتى ياخشى تۇرۇپ، ئوي-خىياللىرىنىڭ ناچار بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. يەنى پىكىر-خىيالىڭىز ئىجابىي بولغان ھالەتتە، پسىخىكىڭىزنىڭ بۇزۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجابىي ئوي-پىكىرلەر بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ، بەدەن ئۇنى راھەت ھېس قىلىش، زېھنىي ئويچۇقلۇق، ھەرىكەتچانلىق، روھىي سۈزۈكلۈك قاتارلىق ھەرخىل ئىجابىي ھالەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بەدەن سەلبىي ئوي-پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغىنىدا بولسا، ئۇنى چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇق، ئەستە تۇتالماسلىق، ئىرادىسىزلىك، ھەر خىل ئاغرىق، سېمىزلىك قاتارلىق ھالەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

[1] سۈرە ئىسرا، 82-ئايەت.

بىر مۇئمىن ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ساغلاملىق بەش تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: ئەقىدە ساغلاملىقى، پىكىر ساغلاملىقى، ئەخلاق ساغلاملىقى، پسىخىكا ساغلاملىقى ۋە تەن ساغلاملىقىدىن ئىبارەت.

## ئەقىدە ساغلاملىقى

ئەقىدە ساغلاملىقى ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، ئەقىدىسى دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ئەقىدىسى دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى دۇرۇس بولمايدۇ، ئىمانى دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾ «ئاللاھ پەقەت تەقۋادار كىشىلەردىنلا قوبۇل قىلىدۇ». «الْمُتَّقِينَ» دېگەن سۆز ئاللاھتىن قورققۇچى، ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانغۇچى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «الْمُتَّقِينَ» دېگەن سۆزگە مۇشرىكلىكتىن ساقلانغۇچى دەپ مەنە بېرىتقان.

توغرا ئەقىدىگە ئىگە بولۇش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش كېرەك.



## پىكىر ساغلاملىقى

پىكىر ساغلاملىقى ئىسلام ئەقىدىسىگە، ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ۋە ئىسلام چۈشەنچىسىگە زىت ئېقىملاردىن يىراق تۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئەقىدىسى ۋە پىكرى ساغلام ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، زامانىمىزدا باش كۆتۈرگەن «قۇرئانچىلار»، «تەكفىرچىلەر» دېگەنگە ئوخشاش ئېقىملارنىڭ پىكىرلىرىگە ئەگەشمەسلىك لازىم.

## ئەخلاق ساغلاملىقى

ئەخلاق ساغلاملىقى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن ۋە بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش، زىنا، جازانە، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق دېگەندەك ئەخلاقىي قىلمىشلارنى سادىر قىلماسلىق ۋە ئۆزىنى ئەخلاقىي قورغاننىڭ ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدا تەقۋالىقنى يېتەكچى قىلىپ، ئەقلىنى ۋە نەپسىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تەلىپىگە بويسۇندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەخلاقى ساغلام بولمىغان كىشىلەر تەقۋادار مۆئمىنلەر قاتارىدىن بولالمايدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەخلاقى گۈزەل كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسى ۋە ياردىمىگە سازاۋەر بولۇپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە لايىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## پسىخىكا ساغلاملىقى

پسىخىكا ساغلاملىقى ئىماننى كۈچەيتىش ۋە تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا، شۇنداقلا ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا-زىيان، خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ھەم تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمانى بار ئادەم ھەرگىزمۇ پسىخىك كېسەللىككە گىرىپتار بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆتكەن ئىشقا ھەسرەت چەكمەيدۇ، كەلمىگەن ئىشنىڭ ئارتۇقچە غېمىنى يەپ ئۆزىنى ئۇپراتمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىن ئادەمنىڭ بۇ خىسلىتىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنىشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇپ، بۇ پەقەت مۆئمىن ئادەمگىلا خاس خىسلەتتۇر. ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ؛ بىرەر يامانلىق يەتسە، سەۋر قىلىدۇ؛ بۇمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ»[2].

## تەن ساغلاملىقى

توقلۇق ئۈستىگە زورلاپ يېيىش ياكى تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلاش تەن ساقلىقىغا ئىنتايىن زىيانلىق. دىنىمىزدا تەن ساقلىمىزنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەر بار. ئەگەر بىز دىنىمىزغا ئىزچىل ئەمەل قىلساق، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇندىساق، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە ھارامنى يېيىشتىن يىراق تۇرساق، دىنىمىز بەلگىلىگەن ۋە ئۆلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ئىشلارغا رىئايە قىلساق، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەردىن ساقلىنالايمىز، شۇنداقلا ھەر تەرەپتىن ساغلاملىق ئىچىدە بەھۇزۇر ھايات كەچۈرىمىز.

---

[1] ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# سالىھلار ۋە سالىھ ئەمەللەر

ئەرەب تىلىدىكى «صالح» (سالىھ) سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان ۋە توپتوغرا يولدا ماڭغان ئادەم دېگەنلىك بولۇپ، دىنىي ئىستېمالدا بولسا، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان ۋە ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى قىلىپ، توسقاننى قىلمايدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار ئومۇمەن «سالىھ» ئاتالغۇسىنى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغان، يامان ئىشتىن يىراق تۇرۇپ، ياخشىلىق دائىرىسىدە ئىش قىلىدىغان ئادەم دەپ تەرىپلەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان «سالىھ»لىق دەرىجىسىگە يەتكەندە، ئىبادەتلىرى ئۇنى يامان ئىش ۋە ناچار قىلىقلاردىن توسۇپ، ئەخلاق-پەزىلەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. خۇددى نامازنىڭ ئىنساننى گۇناھتىن توسقىنىغا، روزىنىڭ تەقۋالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگىنىگە، زاكاتنىڭ سېخىيلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلغىنىغا ئوخشاش.



### سالىھ كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىنى تۆۋەندىكىچە سۈپەتلىگەن: «رەھمان ئاللاھنىڭ (سالىھ) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: ‹ئامان بولايلى› دەيدۇ (ۋە ئۆتۈپ كېتىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: ‹ئى رەببىمىز! جەھەننەم ئازابىنى بىزدىن يىراق قىلغىن، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابى دائىملىقتۇر. جەھەننەم راستتىنلا يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر› . ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلاردىن بىرەرسى)نى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ»[1].

«العمل الصالح» (سالىھ ئەمەل ياكى ياخشى ئەمەل) قۇرئان كەرىمدە ئىمان

[1] سۈرە فۇرقان، 63-68-ئايەتلەر.

بىلەن ياندىشىپ كەلگەن بىر سۆزدۇر. ﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»[1]. ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەت ئەھلىدۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. بۇ سۆز ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان، رازى بولىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەپ قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش بولۇپ، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئامانلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلسىز ئىمان بىزنى قۇتقۇزۇشقا يەتمىگەندەك، ئىمانسىز ئەمەل پايدىسىزدۇر.

### ياخشى ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

دىنىمىزدا ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ شەرت بار:

ئەمەلنىڭ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى. «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[3]. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمەلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەپ قىلىنغان بولۇشى. « ئۇلار پەقەت دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى»[4]. بۇ ئايەت دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىخلاس شەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمەلنىڭ ئىمان ۋە توغرا ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى، يەنى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئەقىدىسىنىڭ دۇرۇس بولۇشى. چۈنكى،

[1] سۈرە بەقەرە، 25-ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 82-ئايەت.

[3] سۈرە ھەشر، 7-ئايەت.

[4] سۈرە بەييىنە، 5-ئايەت.

ئىمانسىز ياكى ئىمانى بولغان تەقدىردىمۇ ئەقىدىسى ئىسلام تەلىماتىغا زىت كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ.

ياخشى ئەمەلنىڭ مېۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە كاتتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئىگە بولۇشتۇر. «ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن بېرىمىز»[1].



[1] سۈرە نەھل، 97-ئايەت.

# سەلبىي ئۇچۇرلارغا قۇلاق سالماسلىق ھەققىدە

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سەلبىي ئۇچۇرلاردىن غەمكىن بولماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللهِ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِي ضَيْقٍ مِمَّا يَمْكُرُونَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! (ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن. سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ پەقەت ئاللاھ (نىڭ ياردىمى) بىلەنلا بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن»[1]. ئاللاھ تائالا سەلبىي ئۇچۇرلارغا پەرۋا قىلمايدىغان ۋە رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «ئۇلار (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: ‹شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار› دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: ‹بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!› دېدى»[2].

ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مېڭىگە ئەۋەتىلگەن سەلبىي ئۇچۇرلار ئىنسانىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئېتىقادىغا، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئىش-پائالىيىتىگە زور دەرىجىدە يامان تەسىر كۆرسىتىدىكەن. مېڭە يامان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارى، تالانتى ۋە تىرىشچانلىقى تۆۋەنلەيدىكەن. مەسىلەن، «سىز غەلىبە قىلالمايسىز»، «سىز باشقىلاردىن ئارتۇق ئەمەس»، «سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئەقىللىق دەپ ئويلامسىز؟»، «سىز توغرا پىكىر قىلالمايسىزكەن» دېگەنگە ئوخشاش سەلبىي ئۇچۇرلار ئادەمنى ئىجادىيەتتىن ۋە تىرىشچانلىقتىن توختىتىپ قويالايدۇ. چۈنكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قارىتىلغان بۇنداق سەلبىي ئۇچۇرلارغا ئىشىنىپ كېتىدۇ، «مەن راستتىنلا شۇنداق ئوخشايمەن» دەپ قوبۇل قىلىدۇ، بۇنداق سەلبىي ئۇچۇرلار مېڭىگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سىز كېيىنچە قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى روياپقا چىقىرىشقا ئىنتىلگىنىڭىزدە ياكى ئىجادىيەتكە كىرىشمەكچى بولغىنىڭىزدا، مېڭىڭىزدىكى بۇ سەلبىي ئۇچۇرلار باش كۆتۈرىدۇ ۋە يولىڭىزنى توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

[1] سۈرە نەھل، 127-ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 173-ئايەت.

ئۇستاز ئابدۇددائىم كەھىيل مۇنداق دەيدۇ: «سىز مېڭىڭىزنى ئىنتايىن پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر يۈرۈش تېخنىكىلىق ئۇسكۈنە دەپ چۈشىنىشىڭىز لازىم. مېڭە ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇئەييەن پىروگرامما بويىچە ئىشلەيدۇ، ئاشۇ پىروگراممىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئۆزىڭىز بولۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز غەلبىنىڭ ئاچقۇچى قولىڭىزدا بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ ھەقىقەتنى بىلمىسىڭىز، مېڭىڭىزنى ئۆزىڭىز باشقۇرمىسىڭىز، باشقىلار باشقۇرىدۇ. دوستلىرىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىز، جەمئىيەت ۋە سىزگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەممىلا ئادەم باشقۇرىدۇ. سىز ئۇ چاغدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ شوئارلا توۋلايدىغان، ئەمما ئەمەلىي ئىش قىلالمايدىغان، ئەقلىڭىزنى ياكى ھېسسىياتىڭىزنى باشقۇرۇشقا كۈچىڭىز يەتمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىسىز».

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، تەلىم-تەربىيە مۇكەممەل بولمىغان مۇھىتلاردا، خۇسۇسەن ئائىلە تەربىيەسى مۇنەۋۋەر بولمىغان جەمئىيەتلەردە ياشايدىغان بىر بالا قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر 18 مىڭدىن كۆپرەك سەلبىي ئۇچۇر قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مېڭىسىگە قاچىلايدىكەن، ئاندىن بۇ سەلبىي ئۇچۇرلار ئۇنىڭ بارلىق تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن. مەسىلەن، كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى ياكى ئانىسى تەرىپىدىن «ھەي ئەقىلسىز!»، «سەن ئادەم بولمايسەن»، «سېنىڭ بولغىنىڭ شۇ»، «سەندەك بالىنىمۇ بالا دەمدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سەلبىي ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان قانچىلىغان بالىلارنىڭ كېلەچىكىنىڭ نابۇت بولغانلىقى، بەزى مېيىپ ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن ۋە ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىن كۆرگەن ناچار مۇئامىلىسى ۋە يەكلىنىشى سەۋەبلىك ئۆزىدىكى تالانتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

ناچار تەربىيەسى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قارايتىدىغان، يامان سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بوغۇپ تاشلايدىغان ئاڭسىز ئاتا-ئانىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ۋە كېلەچەك ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلماي قالمايدۇ. شۇنىڭدەك، سەلبىي ئۇچۇرلارنى ئەۋەتىش بىلەن باشقىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە، يېڭىلىق يارىتىشىغا ۋە ياخشى ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئادىمىي شەيتانلارمۇ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلماي قالمايدۇ. قىسقىسى، بالىلىرىغا: «سېنىڭ ئەقلىڭ يوق» دەيدىغان ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قارايتىدىغان، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بوغۇپ تاشلايدىغان يېقىتقۇچى ۋە قاتىل ئاتا-ئانىلاردۇر. بالىلىرىغا ھەمىشە: «سەن قىلالايسەن» دەپ تۇرىدىغان ئاتا-ئانىلار ئىجاتچان ۋە ياشاتقۇچى ئاتا-ئانىلاردۇر.

ھەر زامان ئۈمىدۋار بولۇڭ. چۈنكى، ئۈمىدۋار كىشىلەر كېچىدە ئاسمانغا قاراپ ئاينىڭ نۇرىنى كۆرىدۇ، ئۈمىدسىز كىشى ئاسمانغا قاراپ قاراڭغۇلۇقتىن

باشقىسىنى كۆرەلمەيدۇ. سىز ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئۈمىدۋار بولۇڭ. چۈنكى، ئۈمىدۋار كىشىلەر باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. ئۈمىدسىز كىشى ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئۈمىدۋارلىق ئاللاھ تائالاغا قارىتا ئىجابىي قاراشتا بولغانلىق، ئۈمىدسىزلىك سەلبىي قاراشتا بولغانلىقتۇر. بىز ئاللاھ تائالاغا قارىتا ھەمىشە ئىجابىي ۋە توغرا قاراشتا بولۇشقا بۇيرۇلغان. ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈمىدۋار زات ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىس قۇدسىيدا: «بەندەم ماڭا قانداق قاراشتا بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولىمەن»[1] دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى: ئەگەر سىز ئاللاھ تائالا ماڭا ياردەم قىلىدۇ، تىرىشچانلىقىمنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، ئىشلىگەنلىرىمنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئەمەلىمنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز، سىز كېچىكىپ بولسىمۇ شۇنىڭغا ئېرىشىسىز، ئاللاھ تائالا سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە ئويلىسىڭىز، ئىشلار كۆپىنچە سىز ئويلىغاندەك بولىدۇ.

## پاسسىپلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر

«مەن بۇ ئىشنى بېجىرەلمەيمەن»، «مەندە بۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەت يوق»، «مەن قىلالمايمەن»، «مەن پالانىلاردەك ئىقتىدارلىق ئەمەس»، «مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ» دېگەنگە ئوخشىغان سەلبىي قانائەت نۇرغۇنلىغان تالانتلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان رەھىمسىز قاتىلدۇر. پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنلىشىچە، «قىلالايمەن» دەيدىغان ئادەملەر ئومۇمەن ئىجابىي كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھاياتىدا ئاددىي بولسىمۇ گۈزەل ئىشلارنى قالدۇرالايدىكەن. ئەمما، «قىلالمايمەن» دەيدىغان ئىنسانلار ئومۇمەن سەلبىي ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى قابىلىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا، تالانتىنىڭ بىخ ئۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن. نەتىجىدە، ئۆزىدىكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان جەۋھەرلەرنى ئاچمايلا گۆرگە ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ھەرخىل قابىلىيەت، تالانت ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، بىرىدە بولمىغىنى يەنە بىرىدە بولىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس قابىلىيىتى ۋە تالانتى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىدىكى سەلبىي قانائەت سەۋەبلىك نە قابىلىيىتىنى، نە تالانتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالماي، ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەلمەي ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ.

ئىجابىيلىق بابىدا پەيغەمبەرلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر. پەيغەمبىرىمىز



[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئوڭ تەرىپىمگە قۇياشنى، سول تەرىپىمگە ئاينى قويسىمۇ بۇ ئىشتىن (يەنى ئىسلام دەۋىتىدىن) ۋاز كەچمەيمەن» دېگەنلىكى ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

كۇۋەيتتە چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمە» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىلى13-ئاپرىل سانىدا ئېلان قىلىنغان «فوردنىڭ غەلىبىسى» دېگەن بىر ماقالىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«ئەڭ قەدىمىي ئاپتوموبىل ‹فورد› نىڭ ئىجادكارى ھېنرى فورد ئەسلىدە بىر ئېلېكتېر ئېنېرگىيە شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ئاددىي بىر ئىشچى ئىدى. ئۇ كۈندە 11 سائەت ئىشلەش بەدىلىگە ھەپتىدە 11 دوللار ئىش ھەققى ئالاتتى. ھېنرى كۈنلۈك 11 سائەتلىك جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە كەپىسىگە كىرىۋېلىپ يېڭى بىر موتور ياساش يولىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ھېنرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كېچە ئۇخلىماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار دەپ قارايتتى ۋە ھېنرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىشەنمەيتتى. ھەممە ئۇنىڭغا كۈلەتتى، دوستلىرىمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. پەقەت ئايالى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئېرىگە ھەمىشە مەدەت بېرەتتى، ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. كېچىلىرى شۇ كىچىككىنە كەپىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. قىش كۈنلىرى كېچىلىرى سوغۇقتىن قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ، ئېرىگە جىن چىرىقنى تۇتۇپ بېرەتتى، ئېرىگە ياردەم قىلىشتىن قەتئىي زېرىكىپ قالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھېنرى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئايالىنى ماختايتتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلاتتى».

توماس ئېدىسون لامپۇچكىنىڭ قىلىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن 40 مىڭ بەتلىكتىن ئارتۇق خاتىرە يازغان. لامپۇچكىنىڭ قىلىنى ياساشتا بەش مىڭ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان. لامپۇچكا بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ھەيران قالارلىق نەرسە ئەمەس. ئەمما، 1880-يىلدىن بۇرۇن، ئېلېكتىر چىراغ تېخى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ياي نۇرلۇق چىراغلار ئەڭ مودا ئىدى. ئۇنى ياساش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. بەزى ئالىملار ئېدىسوننى بىر ساراڭ دەپ مەسخىرە قىلدى، بەزىلەر ئۇنى «قۇرۇق لاپ ئېتىۋاتىدۇ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتىدۇ» دەپ مازاق قىلدى. يەنە بىر قانچە ئالىملار ماتېماتىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، دەپ ئىسپاتلاپمۇ بەردى. لېكىن، ئېدىسون باشتىن-ئاخىر تولۇپ

تاشقان ئىشەنچ بىلەن سىناق قىلدى.

ئۇ كېچە-كۈندۈز توختىماي پۈتۈن زېھنىنى لامپۇچكا قىلىنى تەجرىبە قىلىشقا سەرپ قىلدى، پەقەت ئۆسۈملۈك تۇرىدىنلا 6000 خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈكنى تەجرىبە قىلدى. ئۇنىڭ تەجرىبە خاتىرىسى 200دىن ئاشىدۇ، جەمئىي 400 يۈز مىڭ بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، مۇشۇنىڭغىلا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ. 1880-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئېدىسوننىڭ لامپۇچكا قىلى سىنىقى يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇ ھارماي-تالماي تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى لامپۇچكىنىڭ قىلىنى ياساپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

يۇقىرىقى غەلبىلەر «مەن قىلالايمەن» دەپ چىشىنى چىشلەپ چىڭ تۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، «قىلالايمەن» دەپ ئورنىدىن تۇرغان ئادەمگە ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق.

## چارىسىز قالغانلارنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ

﴿قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ﴾ «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ»[1] دېگەن ئايەت دۇئانىڭ ئەھمىيىتىنى ئىخچام ھالدا بايان قىلغان بولۇپ، دۇئانىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئوچۇق قىلىپ: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[2] دېگەن. ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىدىن قۇتقۇزغان. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىنسانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان سەۋەب ۋە چارىلەر تۈگىگەن، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن باشقا ياردەم كەلمەيدىغان بىر ھالقىلىق پەيتتە چىن قەلبى بىلەن ئىلتىجا قىلىپ: ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[3] دەپ سەممىي دۇئا قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتتە دۇئانىڭ ئەدەپلىرىگە ئىشارەت بار. چۈنكى، بۇ ئايەتتە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى جاكارلىغان، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ زالىم ئەمەسلىكىنى، بېلىقنىڭ قارنىدا قالغانلىقىنىڭ ئۆز گۇناھىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان،

[1] سۈرە فۇرقان، 77-ئايەت.

[2] سۈرە غافىر، 60-ئايەت.

[3] سۈرە ئەنبىيا، 87-ئايەت.

ئاندىن گۇناھىغا تەۋبە قىلغان. مۇشۇ تەرىقىدە دۇئا قىلغان ئادەم ئەگەر دۇئاسىدا سەمىمىي بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ.

قۇنۇت — دۈشمەننىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى نامازلاردا زالىم كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تىلەپ قۇنۇت ئوقۇغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان. قۇنۇت دۇئاسىدا مەخسۇس بىرەر دۇئانى ئوقۇش شەرت ئەمەس، شۇڭا ھەركىم ئۆز تىلىدا، ئۆزى بىلگەنچە قىلسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى زالىم كاپىرلارغا ئىسىملىرىنى ئاتاپ ھالاكەت تىلىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا بەتدۇئا قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. قۇنۇت ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىيلار قەتلى قىلىنغاندا بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇغان، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ چاغدىكىدەك قايغۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم».

ئىمام ئەھمەد، ئىمام مۇسلىم، نەسەئىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرىگە بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇپ بەتدۇئا قىلغان».

ئىمام ئەھمەد، ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام ۋە بامدات نامازلىرىدا قۇنۇت ئوقۇغان».

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامداتتىن ئىبارەت ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن بىر ئاي ئىزچىل قۇنۇت ئوقۇغان. نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئەتلىرىدە «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ بولغاندىن كېيىن، بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ رەئل، زەكۋان ۋە ئۇسەييە ئايماقلىرىغا بەتدۇئا قىلغان». (مۇشۇ ئىككى ھەدىسنى قالدۇرۇۋەتسەك ياخشى بولغۇدەك، چۈنكى، قۇنۇت ھەققىدە رىۋايەتلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدا ئىختىلاپلار بەك كۆپ).

# سەۋر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سەۋر، سەۋرچانلىق، سەۋر قىلىش دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، سەۋرنىڭ مەنىسىنى ھەممىلا ئادەم بىلەمدۇ؟

مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددى ۋە دوگما چۈشىنىدۇ، «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمەيدۇ. «سەۋر» سۆزى قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ بىرى. بۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىدىن بولسا كېرەك.



سەۋر مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر، ئىككىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر، ئۈچىنچىسى، تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدىكى سەۋر، تۆتىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ «سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[1] دېگەن ئايەت يۇقىرىقى سەۋر تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ۋەدىدۇر.

## بىرىنچىسى، چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەت ۋە ھەق يولىدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ﴾ «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2]، ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق

[1] سۈرە نەھل، 96 ئايەت

[2] سۈرە مەريەم، 65-ئايەت.

بولغىن»[1]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر — مۈشەققەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بوي ئەگمەستىن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن هارماي تىرىشقانچانلىق كۆرسىتىش، چىداملىق بولۇش، ئارقىغا قايتماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىل سەۋرگە ئىگە ئادەم هاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت-تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئىمتىهان دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن هەربىر سىناق هەرخىل سىناقلار ئىچىدىكى بىر هالقىدۇر. ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىنى جەڭ مەيدانىكى ئەسكەردەك هەر سىناققا هازىر تۇتۇشى زۆرۈر. كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت هەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ، بىئارام بولىدۇ. ئىنسان ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ۋە بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە كەڭ جاهان تار تۇيۇلىدۇ، كۈنلەر قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سەۋرچانلىق بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روهنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەهبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى. چىدامچانلىق تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەنلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى.

### ئىككىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناه سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدهىيەلەپ تەسبىه ئېيتقىن»[3]، ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ

[1] سۈرە تاها، 132-ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 200-ئايەت.

[3] سۈرە قاف، 39-ئايەت.

﴿وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ﴾ «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[1] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — كۆڭۈل تارتىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن، ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئۇتەتك ئىسسىق، ئۇزۇن كۈنلەردە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋاز كەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسى گۇناھ-مەسىيەتنى ئارزۇ قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق سەۋر قىلغۇچىلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنىدە دەيدۇكى: ﴿إِنِّي جَزَيْتُهُمُ الْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوا أَنَّهُمْ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ «(يەنى) بۈگۈن مەن ئۇلارغا سەۋر قىلغانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكەنلەردۇر»[2].

ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىق سايىسىدا قايرىپ قويۇپ، يولىغا داۋام قىلىدۇ.



## ئۈچىنچىسى، تەقدىرگە رازى بولۇش مەنىسىدىكى سەۋر

تەقدىرگە رازى بولۇش مەنىسىدىكى سەۋر— بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ. الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ «ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز› دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[3]، ﴿فَاصْبِرْ صَبْرًا جَمِيلاً﴾ «چىرايلىقچە سەۋر

[1] سۈرە نەھل، 126-ئايەت.

[2] سۈرە مۇمىنۇن، 111-ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 155-156 ئايەتلەر.

قىلغىن»[1] بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدە كەلگەن.

بۇ قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر بولۇپ، ئۆلۈم-يېتىم، بالايىئاپەتكە ئوخشاش تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا چارىسى يوق مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرمەستىن، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتىنى ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا، ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە ۋە نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

## تۆتىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر — بىرەر ئىشنى نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ساقلاش ۋە كۈتۈش دۇنيا قانۇنىيىتىدۇر. كائىناتتىكى ھەر ئىش رەت-تەرتىپ بويىچە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇقمۇ يەرگە سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ، ئۈنسىمۇ شۇ زامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەربىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدامسىزلىق ئوتىدا ئازابلانغىنىمىز قالىدۇ، قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر ھەرقانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا موھتاج بولىدىغان پەزىلەت. ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر ھەدىستە: «سەۋر-چىراقتۇر» دەپ كەلگەن. چىراق قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۈرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان

[1] سۈرە مەئارىج، 5-ئايەت.

ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمترەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەت قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن هامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

## سەۋرچانلىق پىشپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى

هاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا تۇتىرۇقسىز ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەتتە، بىرەر ئېغىر يۈكنى يۆتكىمەكچى بولغان ئادەم كىچىك بالا، كېسەلچان ياكى ئاۋاق كىشىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى، كۈچلۈك ئەرلەرنى تاللايدۇ. هاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، هاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پەقەت چىدامىلىق، سەۋرچان، پىشقان كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېتەكچى ۋە يولباشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى نېسىۋىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

## سەۋرچانلىقنىڭ ئەهمىيىتى

سەۋرچان ۋە چىدامىلىق بولۇش هەرقانداق ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. سەۋر بىلەن چىدامچانلىق ئىنساننىڭ روهى ۋە نەپسىي خاهىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر هەدىستە: «هېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق سوۋغات بېرىلگىنى يوق» دەپ كەلگەن. سەۋر بىلەن چىدامچانلىق ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمترەيدۇ، سىناقلارنى هەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە، سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەب ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاهنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىدۇ، هەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىدامىلىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ.

## ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس

سەۋر ـ كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك ـ ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوقىتىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەي، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىققا ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇشنى سەۋر دەپ ئويلىۋالىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: «ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارنى 〈ئۆلۈڭلار〉 دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.



[1] بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 243 ـ ئايەت.

# شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئەرەب تىلىدىكى «الشكر» سۆزىنىڭ مەنىسى: مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۈر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا: باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش؛ نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى، يەنە بىر يېرىمى بولسا سەۋرچانلىقتۇر. بۇ ئىككىسى بىلەن ئىمان تاكامۇللىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب[1]: «شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ» دېگەن.

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە»[2] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى بايان قىلغىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[3] دېگەن.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى

[1] ئىبنى رەجەب-تولۇق ئىسمى زەيىنىددىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى، 736-ھىجرىيە باغداتتا دۇنياغا كەلگەن، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيەدە ئوقۇغان، ئۆز زامانىسىدا كامالىغا يەتكەن مۇجتەھىدلاردىن سانىلىدۇ. 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى«فىقھى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدۇر. ئەللامە ئىبنى رەجەب 795-ھىجرىيە يىلى ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] سۈرە زۇھا، 11-ئايەت.

[3] ئىما ئەھمەد رىۋايىتى.

سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۈر بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەشەككۈر بۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن نېمەت ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھسانىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۈر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

3. ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى گۇناھ-مەسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن، تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن-تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلىتىش بۇ نېمەتنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

## شۈكۈر قىلىش نېمەتنى كۆپەيتىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ»[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

پۇل-مالنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئىسراپ قىلماسلىق، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماسلىق، زاكىتىنى تولۇق ئايرىش، ئۇنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب

[1] سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت

بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش «شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار راستىنلا ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردۇر»[1] دېيىش ئارقىلىق بىزگە ئىقتىسادتىكى شۈكۈر ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكتە. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللار ۋە ھاجەتمەنلەرگە خەير - ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم - مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغانلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)»[2].

پۇل - مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل - مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتىمۇ بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

## ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىي «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەربىر نەپەستە، تومۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەرىكەتتە بىزنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى كۆپىنچە ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمايمىز. بىزنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىمىز ئۆزلۈكىدىن قامدىلىدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشىمىز كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭ مىسالى، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىق ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىمىزدۇر. بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز. ئەمما، بۇنى ھېس قىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. بۇ

[1] سۈرە بەقەرە، 254 - ئايەت

[2] سۈرە سەف، 2 - 3 - ئايەتلەر.

بىزنىڭ ئاللاھتىن يىراقلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىندۇر. «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە تۈرلۈك پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر» [1]

## بىز ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىدۇقمۇ؟!

مەلۇمكى، ياخشىلىق قىلغانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىنسانىي بۇرچتۇر!

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. بۇ نېمەتلەرگە تارتتۇۋېلىنغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاستەك قارايدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ. بۇنداق تۇزكورچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇردىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى سۆيگەن ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلاردىن بىرەر ئېغىز «رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىيالمايسىز، بەزىدە ئۇلارنىڭ ناچار پوزىتسىيەسى ۋە سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايسىز. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۈرەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇنداقلار بۇندىن بۇرۇن سىزنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە «بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بەك ئاز» [2]دېگەن ئىدى؟

دالى كارنېگ[3] بىزگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇزكورلۇق مەسىلىسى توغرۇلۇق مۇنداق بىر قانچە مىسال سۆزلەپ بېرىدۇ: «سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى

---

[1] سۈرە غافىر، 64- ئايەت.

[2] سۈرە سەبەئ، 13 - ئايەت.

[3] دالى كارنېگ - ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، تونۇلغان پسىخولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىدىكى «دالى كارنېگ ئىنسانىي ئالاقىلەر ئىنستىتوتى»نىڭ سابىق مۇدىرى. 1888 - يىلى 24 - نويابىر كۈنى ئامېرىكىدا دۇنياغا كېلىپ، 1955 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دالى كارنېگ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ« قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ»، «سۆزلەش تاكتىكىسى»، «قانداق قىلغاندا دوست تاپقىلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ؟» ناملىق ئەسەرلىرى دۇنيادا بويىچە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟ بەلكىم شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سەمۇئېل لايپتىز ئاۋۋال ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى توك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، قۇتۇلغانلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان. ئىيسا[1] پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىركۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى دەيسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما، باشقىلار شۇنچە ئەرزان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەنىدى.

چارلىز شەۋاب ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بىر قېتىم ئىمبارگوغا ئۇچرىغان بىر بانكىچىنى تۈرمە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. لېكىن، بانكىچى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ؟ ھەئە بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ناھايىتى تەستە دېيەلىدى، ئاندىن ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاشقا باشلىدى» .

دالى كارنېگ گويا ئاللاھنىڭ «ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىنى شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر» [2] دېگەن سۆزىنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دېگەن: «تۇزكورلۇق شۇنداق بىر تەبىئىي نەرسىكى، خۇددى بىرەر كىشى تېرىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشايدۇ، ئەمما شۈكۈر پەقەت ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئەزەلىي تەبىئەت بولۇپ، مەڭگۈگە ئۆزگەرمەيدۇ!

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ يوقالغانلىقى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ھەسرەتلىنىمىز؟ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى ئۇنتۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ ئەگەر قىلغان ھەربىر ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى كۈتىدىغان بولساق، ئۆزىمىزگە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولىمىز» .

بۇ سۆز ئازراق ئوچۇقلاشقا موھتاج. ياخشىلىققا تۇزكورلۇق، ۋاپاغا جاپا قىلىش يامان خۇلقتۇر. كىشىلەر بۇنداق يامان خۇلقتىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئۇلارغا ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى، ئېرىشكەن ئېھسانلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىش كېرەك»[3]

[1] ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.

[2] سۈرە ئادىيات، 6 ـ ئايەت

[3] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدىن

## ئىسلام دىنى ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ

ئىسلام دىنى بىزنى نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ۋە ياخشىلىق قىلغانلارغا قايسى يول بىلەن بولمىسۇن جاۋاب قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر ماددىي جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر بولالمىساق، تىلىمىز بىلەن بولسىمۇ رەھمىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، تولۇق مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن كۆڭلىمىزنى راھەتلەندۈرۈشىمىزگە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىق قىلغان كىشىگە جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ئەگەر جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى لايىق نەرسە تاپالىسا، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرسۇن؛ ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم شۈكۈر قىلغان، ئۇنى يوشۇرغان ئادەم نېمەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ»[2].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ» دېيىلگەن[4].

## خەير-ئېھساندىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرت

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىسلام دىنى مىننەتدارلىق بۇرچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ رەزىللىكىنى سۆكۈش بىلەن بىرگە خەير-ئېھسان قىلغۇچىلاردىن

[1] تەبەرانىي رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەمەللىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، شەكىللىۋازلىق نىيىتىدە ئىش قىلىش ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ. تەقدىرلەشكە سازاۋەر ياخشىلىق — بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت خالىس ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇشتا كۆڭۈللەرنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىپ، مۇتلەق كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مۇنداق كۆڭۈل ھەرقانداق ياخشىلىقنى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى ئابرۇيغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قىزىقىش، ھەقىقىي سەمىمىيەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن قىلىدۇ. مانا بۇنداق ئالىيجاناپلىق ھەقىقىي ئېھسانىنىڭ تۈرتكىسىدۇر. مانا بۇ ھەرقانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

## ئاللاھ خالىس ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغانلارنىلا قوبۇل قىلىدۇ

ئىسلام دىنىنىڭ قەلبلەرنى پاك تۇتۇشقا ۋە ئىخلاسقا چاقىرىشى، شۇنداقلا ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشنى، ئەمەللەرنى رىيا، نىفاق ۋە ھەرقانداق دۇنياۋى غەرەزلەردىن خالىي ھالدا قىلىشنى شەرت قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دېدى: «مەن ئەڭ ياخشى ھەمراھمەن. كىمكى ماڭا بىراۋنى شېرىك قىلىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ شېرىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ خالىس ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىز: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە تۇغقاندارچىلىق ئۈچۈندۇر» دېمەڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇ ئەمەل تۇغقاندارچىلىق ئۈچۈنلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولمايدۇ. سىلەر: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ خاتىرەڭلار ئۈچۈندۇر» دېمەڭلار. ئۇنداق دېسەڭلار، ئۇ ئىش پەقەت شۇلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈنلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن ھېچنەرسە بولمايدۇ»[1].

بۇ ھەدىس تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى، سىز «بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە پالانىنىڭ خاتىرىسى يۈزىسىدىن قىلىمەن» دېگىنىڭىزدە، سىز ئومۇمەن مەزكۇر پالانىنىڭ خاتىرىسىنى كۆزلىگەن بولىسىز، ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

---

[1] ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز پۈتۈن ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىزدە نىيىتىمىزنى دۇرۇس قىلىشىمىز؛ ئەمەللىرىمىزنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ۋە رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەستىن؛ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش، ئابرۇي قازىنىش ۋە باشقا دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى كۆزلىمەستىن؛ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىشىمىز كېرەك»[1].

## خۇلاسە

«ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن» دېگەن ئايەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ ئايەتنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدا كۈندە دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز. بۇ ئايەت رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ھايات تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، نېمەتكە مىننەتدار بولىدىغان، بەرگۈچىنى ھۆرمەتلەيدىغان، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ۋە قانائەت بىلەن ياشايدىغان ئادەم تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، نېمەتتىن ۋە ياخشىلىقتىن ھېچبىر زامان مەھرۇم قالمايدۇ، خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، نېمەتكە شۈكۈر قىلمايدىغان، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان، قانائەت قىلمايدىغان ئاچكۆز ئادەم «يوق»نىڭ غېمىدە ھەرگىز خۇشال بولالمايدۇ، ئۇنىڭ «كەم»لىرى تولۇقلانمايدۇ ۋە ھاياتى بەختسىز ھالدا ئۆتىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، شۈكۈر قىلىش دېگەنلىك بارغا قانائەت قىلىپ، ئىشلىمەي «ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. دىنىمىز بىزنى ھەرگىز بۇنىڭغا بۇيرۇمايدۇ. ئەكسىچە، شۈكۈر قىلىش ئەمەلىيەتتە، تېخىمۇ كۆپكە ئېرىشىش يولىدىكى تىرىشچانلىقتۇر. «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر سىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشىسىڭىز ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىڭىز كۆپىيىپ ماڭىدۇكى، ھەرگىز ئازايمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن» دېگەن مۇبارەك ۋەدىسى سىزدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر سىز نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلمىسىڭىز، ئاللاھ تائالاغا تۇزكورلۇق قىلغان بولىسىز. بۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا سىزنى نېمەتتىن ئايرىۋېتىش، ماددىي ۋە مەنىۋى يوقسۇللۇققا دۇچار قىلىش قاتارلىق جازالار بىلەن قاتتىق ئازابلايدۇ. مانا بۇ ، مۇشۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىكى

[1] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسرىدىن.

«ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

قاندقلا بىر دىن ياكى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە بولسۇن، شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ بەختلىك ۋە ھۇزۇرلۇق ھاياتتا؛ شىكايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەختسىز، ھۇزۇرسىز ھاياتتا ياشاۋاتقانلىقنى؛ مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ يۈزىدە دائىما خۇشاللىق، تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى؛ تۇزكور ئىنسانلارنىڭ يۈزىدە ھەمىشە نارازىلىق ئالامەتلىرىنىڭ نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ بىر رېئاللىق، بۇ بىر ئەمەلىيەت.

شۈكۈر قىلىش ۋە ناشۈكۈرلۈك بايلىق ياكى كەمبەغەللىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بەزى پسىخولوگلار ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا دېگەندەك تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى دۆلەتلەردىكى كىشىلەر بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەن دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئالدىنقىلارنىڭ يۈزىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېيىنكىلەرنىڭ يۈزىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر شۈكۈر قىلىش ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، نامرات دۆلەتلەردىكى ئىنسانلارنىڭ چىرايىدىن ئۆمۈر بويى خۇش كۆلكىنى كۆرگىلى بولمىغان بولار ئىدى.

ماقالىنى قۇرئان كەرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچى ۋە ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىغا بىردىن مىسال كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ مىسالى: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھەم پەيغەمبەر ھەم پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى شۈكۈر قىلىدىغان زات ئىدى، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھەربىر نېمەت ئۈچۈن ئالاھىدە شۈكۈر قىلاتتى. قۇرئان كەرىم سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى قىسسە قىلغان: «ئۇ (سۇلەيمان): ‹بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلى-كەرىمىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ھەقىقەتەن رەببىم (ھەممىدىن) بىھاجەت ئاتا-ئېھسانى كەڭ زاتتۇر› دېدى»[1].

ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىنىڭ مىسالى: قارۇن ئېرىشكەن ھەربىر نېمەتنى ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە قابىلىيىتىدىن كۆرۈپ، ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قارۇن ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان كىشىلەرگە:

[1] سۈرە نەمل، 40-ئايەت.

‹مەن بۇ بايلىققا پەقەت ئۆزۈمدىكى ئالاھىدە بىلىم ۋە ئىقتىدار بىلەن ئېرىشتىم› دېدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدىن ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان پۇل-مېلى تېخىمۇ كۆپ بولغانلارنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ (ئاللاھ ھەممىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. (يەنى ئۇلاردىن پەقەت كايىش تەرىقىسىدىلا سوئال سورىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بىلگىنىگە ئاساسەن جازالايدۇ)»[1].



[1] سۈرە قەسەس، 78-ئايەت.

# بىرگە شىجائەتلىك ئۆلىمالار كېرەك

شىجائەت — جۈرئەت قىلىش، قەتئىيلىك، باتۇرلۇق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلار ئەزەلدىن شىجائەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. شىجائەت بابىدا پەيغەمبەرلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر ئەڭ شىجائەتلىك، ئەڭ قەيسەر، ئەڭ قورقماس ۋە تولىمۇ سېخى كىشىلەر بولۇپ، ئەزىز جېنىنى ۋە ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا ئاتاشتىن قەتئىي ئىككىلىنىپ قالمىغان. ئۇلار ئۆلۈم بىلەن، يۇرتىدىن پالىنىش بىلەن تەھدىت سېلىنىشىمۇ ھەق يولىدىن قەتئىي قايتمىغان ۋە دەيدىغان گېپىنى جاكارلاپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك پەيغەمبەرلەر بارچە دىن ئەھلىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ شىجائەتلىك، ئەڭ جەسۇر ئىنسان پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇش مەيدانلىرىدا جەڭ قىزىپ كەتكەن ۋە ماجالىمىز قالمىغان چاغلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ قوغدىناتتۇق، ئۇنداق ۋاقىتلاردا دۈشمەنگە رەسۇلۇللاھتىنمۇ يېقىن تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئارىمىزدا ئەڭ شىجائەتلىك زات ئىدى»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق گەپ قىلىشتا دادىللىقى ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتى شىجائەتنى دەستۇر قىلغان، جەسۇرلۇقنى ئادەت قىلغان ھايات ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى بولغان مەككىدىن قوغلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مەككە كاتتىباشلىرى ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتىن، ھەق دىنىنى تەبلىغ قىلىشتىن ھېچ ئىككىلەنمىگەنلىكى ۋە تەڭداشسىز شىجائىتى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا شىجائەت بابىدا مەشھۇر تۆت خەلىپە كېلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى: ‹ناماز ئوقۇيمىز، ئەمما زاكات بەرمەيمىز› دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ

[1] «سيرة النبي المختار»، 1-توم، 436-بەت.

يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن، چۈنكى ئۇلار كۆندۈرۈلمىگەن مالدەك ئادەملەردۇر، ئۇلارنى ئاستا كۆندۈرۈۋالسەن!» دېۋىدىم، ئەبۇ بەكرى ماڭا: «ئەي ئۆمەر! مەن سېنى ماڭا بۇ ئىشتا ياردەم قىلىدۇ دەپ ئويلىغانتىم، ئەپسۇسكى، سەن ئالدىمغا يېڭىلگەن ئادەمدەك كەپسەن، جاھىلىيەتتىكى كەسكىن ئۆمەر، ئەمدى ئىسلامدا ياۋاش بولۇپ قالدىمۇ؟ سەن ئۇلارنى قانداق كۆندۈرگىن دەيسەن، سېھىر قىلىپمۇ، شېئىر توقۇپمۇ؟ ياق، ياق، رەسۇلۇللاھ كەتتى، ۋەھيى ئۈزۈلدى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قولۇمدا قىلىچ تۇتقۇدەك ماجالىم قالغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىمەن، ئۇلار بىلەن رەسۇلۇللاھقا بېرىپ كەلگەن بىرەر ئارغامچا چاغلىق نەرسە ئۈچۈنمۇ ئۇرۇشىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىلدىمكى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەندىنمۇ بەك كەسكىن، مەندىنمۇ بەك شىجائەتلىك زات ئىكەن»[1].

تارىختىن بېرى ھەرقانداق بىر مىللەت شىجائەتلىك، غەيرەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ كەلگەندەك، ئىسلام ئۈممىتىمۇ شىجائەتلىك ئۆلىمالىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمىدى. مۇسۇلمانلار قەلبىدە يادلىنىپ، تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ ۋە ئىش-ئىزلىرى ئۈلگە قىلىنىپ كەلگەن ئۆلىمالار دەل ئاشۇنداق شىجائەتلىك، قەيسەر، غەيرەتلىك، جەسۇر ئۆلىمالاردۇر. ئەمما، جاسارەتسىز، توخۇ يۈرەك ئۆلىمالارنىڭ ھېچقانداق نام-نىشانى قالمىغان. ھازىرغا قەدەر مىڭلارچە ئۆلىما ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قەلبلەردە ئورۇن ئالغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ئىمام ئەزەم، ئىمام ئەھمەد، ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام بۇلارنىڭ مىسالى. ئىمام ئەزەم خەلىپىنىڭ قازىلىققا تەيىنلەپ، ئۆزىگە يانتاياق قىلىشىغا قارشى چىقىپ تۈرمىگە تاشلانمىغان بولسا؛ ئىمام ئەھمەد قۇرئاننى مەخلۇق ئەمەس دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، قامچىغا ئېلىنمىغان بولسا؛ ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام زالىم پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا دادىل گەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەدىيە ۋە ئەمەل-مەنسەپلىرىنى رەت قىلىپ يوقسۇل تۇرمۇشنى تاللىمىغان بولسا؛ ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئابدۇنناسىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئاللاھتىن قورقمامسەن؟» دېگەن سۆزنى دادىل ئېيتىپ، ئۇن يىل تۈرمىدە ياتمىغان بولسا؛ سەييىد قۇتۇب زالىمدىن ئەپۇ تىلىمەسلىك بەدىلىگە ئۆلۈمنى تاللىمىغان بولسا، قەلبلەردە بۈگۈنكىدەك يادلانماس ئىدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىمىزدىمۇ بۇنداق شىجائەتلىك ئۆلىمالار كۆپ ئۆتكەن. ھىجرىيە 611-يىلى كۈچلۈك خاننىڭ خوتەندە ئىسلامدىن قايتۇرۇش ھەرىكىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى چىقىپ، 3000 گە يېقىن ئالىم بىللە شېھىت قىلىنغان ئىمام ئالائۇددىن خوتەنىي، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بولسا، ئۆز ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ تۈرمىدە شېھىت قىلىنغان مەرھۇم كەرەم قارىم قاتارلىق ئۆلىمالىرىمىز بۇنىڭ

[1] «كنز العمال» ناملىق ئەسەردىن.

مىسالى. بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىمىز بۇ زاتلارنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىدۇ، ئۇلارنى ھېچ ئۇنتۇمايدۇ.

شىجائەت قەلبتىلا بولۇپ ئەقىلدا بولمىسا، بۇنداق شىجائەت ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ، نەتىجىدە، ئىشقا يارىمايدۇ.

**ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامنىڭ ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى كەسكىنلىكىدىن بەزى ئۆرنەكلەر**

1. سالاھىددىن ئەييۇبىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، دەمەشىق ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىل مىسىردا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئىنىسى نەجمىددىن ئەييۇبقا قارشى سەلىب ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىدۇ، ئىنىسى ئەييۇبنى يوقىتىپ بېرىش بەدىلىگە شام رايونىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس، تەبەرىيە، ئەسقەلان قاتارلىق جايلىرىنى ۋە مىسىرنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى سەلىب ئارمىيەسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە كېلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام جۈمە خۇتبىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ، شام ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىلنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ زۇلۇمغا قاراپ تۇرماسلىققا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن شام ھاكىمى ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، زىندانغا تاشلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئارىدا ھاكىم زىندانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامغا: «سىزنىڭ بۇرۇنقى مەنسىپىڭىزگە قايتىشىڭىز ۋە تېخىمۇ چوڭ مەنسەپلەرگە يۈكسىلىشىڭىز ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ، ھاكىمغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشتۇر» دەيدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام بۇ گەپكە قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە كەسكىن جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچكىمنى قولۇمنى سۆيگىلى قويمايدىغان تۇرسام، قانداق بولۇپ باشقىلارنىڭ قولىنى سۆيىدىكەنمەن! ئى قەۋم سىلەر باشقا يولدا، مەن باشقا يولدىمەن. ئاللاھقا شۈكۈركى، مېنى سىلەر مۇپتىلا بولغان سىناققا ئۇچراتماپتۇ».

2. ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مىسىر ھاكىمى نەجمىددىن ئەييۇب قاھىرەدىكى چوڭ قەلئەگە چىقىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مانېۋىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: «ئەي ئەييۇب! قىيامەت كۈنى ئاللاھ سەندىن: ‹مەن ساڭا مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاتا قىلسام، سەن ئۇ جايدا ھاراق سېتىشقا رۇخسەت قىلدىڭمۇ؟› دەپ سورىسا، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟» دەيدۇ. ھاكىم: «بۇ ئىش مەرھۇم دادامنىڭ

زاماندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ھاكىمغا دادىللىق بىلەن رەددىيە بېرىپ: «سىلەرمۇ خۇددى مۇشرىكلارغا ئوخشاش ئاتا-بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىمىز دەۋاتىسىلەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم مىسىردىكى ھاراق دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاقاش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇ چاغدا، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ تالىپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «ھاكىمنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتىلىغۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمدا، يەر يۈزىنىڭ ھەيۋەتلىك پادىشاھلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ» دەيدۇ.

3. ھىجرىيە 656-يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسلام پايتەختى باغداد چىنگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مىسىردىن باشقا ئىسلام دىيارىنىڭ ھەممىسى چىنگىزخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولىدۇ. مىسىردا نەجمىددىن ئەييۇب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى تۇران شاھ ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەيفۇددىن قۇتۇز تەختكە چىقىپ، بارلىق ئۆلىما ۋە ئەمىرلەرنى توپلاپ يىغىن ئاچىدۇ، يىغىندا چىنگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن خەلقتىن ياردەم توپلاش قارار قىلىنىدۇ. ئەمما، ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل-مال توغرۇلۇق گەپ-سۆز بولمايدۇ. شۇ چاغدا، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام خۇتبە سۆزلەپ، ھاكىمنىڭ ۋە ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل-ماللارنىمۇ ئىسلام ئەسكەرلىرىنى جابدۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرىدىغان، ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ۋە ئەمىرلەرمۇ ئادەتتىكى خەلققە ئوخشاشلا قول ئىلكىدە بار بولغان مال-دۇنيانى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، قۇتۇز ئەسكەرلىرى ئەينى جالۇت دېگەن جايدا چىنگىزخاننىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىر چىنگىزخاننىڭ ئىشغالىدىن ئامان قالىدۇ.

## ئىمام نەۋەۋىنىڭ شىجائىتىدىن ئۈرنەك

سۇلتان زاھىر بايبارس مىسىردا موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن دەمەشىققە كېلىپ، «شام ئەتراپىدىكى باغۇ-بوستانلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە دۆلەتكە تەۋە ئىدى، كىشىلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ناھەق ئىگىلىۋالغان» دەپ قاراپ، بوستانلارنىڭ ئىگىلىرىنى بوستانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىكەنلىكىگە دائىر ئىسپات

خېتى كۆرستىشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا ھۆججەت، ئىسپات دەيدىغان نەرسە بولمىغانلىقتىن، بوستان ئىگىلىرى قولىدا ھېچقانداق ئىسپات خېتى يوقلۇقىنى بايان قىلىپ، ئىمام نەۋەۋىنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ. ئىمام نەۋەۋى سۇلتان زاھىر بايبارسقا خەت يېزىپ، خەلقتىن بۇنداق ئىسپات خېتى تەلەپ قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى؛ خەلققە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۇلتان خەتنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ۋەزىرلىرىگە: «ئىمام نەۋەۋىنىڭ مائاشىنى توختىتىڭلار، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئۇلار سۇلتانغا: «ئىمام نەۋەۋىنىڭ مائاشى يوق، مەنسىپىمۇ يوق، بىر مەسجىدتە ھەدىس ئۆگىتىدىغان كىشى ئىكەن» دەپ دوكلات قىلىدۇ. بۇ ئارىدا ئىمام نەۋەۋى سۇلتاننىڭ خەتكە جاۋاب بەرمىگىنىگە قاراپ، ئۆزى بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ ۋە سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپپۇزدا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. سۇلتان دەسلەپتە قاتتىق غەزەپلىنىپ ئىمام نەۋەۋىنى جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئىمامنىڭ كەسكىن سۆزلىرى دىلىغا تەسىر قىلىپ، بىردىنلا كۆڭلى يۇمشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوستان ئىگىلىرى توغرۇلۇق چىقارغان قانۇننى بىكار قىلىدۇ.

## ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ شىجائىتىدىن ئۆرنەك

بىر كۈنى مىسىر ھاكىمى مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ ئوغلى ئىبراھىم پاشا دەمەشىقتىكى ئەمەۋى مەسجىدىگە كىرىدۇ، مەسجىدتە ئەللامە سەئىد ھەلەبىي تالىپلارغا دەرس بېرىۋاتاتتى. ئىبراھىم پاشا ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇ پۇتىنى سوزغان پېتى ئولتۇرۇپ دەرسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىبراھىم پاشا سىرتقا چىقىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدۇ. بۇ ئارىدا مۇناپىقلار: «بىر ھاكىم مىسجىدكە كىرسە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرمەيدىغان قانداق موللا ئۇ؟ زادى ھەددىدىن ئېشىپتۇر» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئىبراھىم پاشانىڭ يارىسىغا تۇز چاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم پاشا چاپارمەنلىرىگە ئەللامە سەئىد ھەلەبىينى تۇتۇپ، پۇت-قوللىرىنى كىشەنلەپ ئېلىپ كېلىشكە پەرمان بېرىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قارارىدىن يانىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ھاكىم بىر ئالىمنى بىگۇناھ تۇتۇپ كەتسە، خەلق قوزغىلىپ كېتەتتى ۋە نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىق چىقاتتى. ئىبراھىم پاشا بۇلارنى ئويلاپ دەرھال چاپارمەنلىرىنى توختىتىدۇ، ئاندىن ئىمامدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن باشقىچە چارە قوللىنىش قارارىغا كېلىپ، ئەللامە سەئىد ھەلەبىيگە مىڭ لىرا ئالتۇن (تىللا) ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەللامە سەئىد ھەلەبىينى پۇل بىلەن ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن

ئۇنى ئۆزىنىڭ دېپىنى چالىدىغان موللىغا ئىيلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇشنى ئويلىغان ئىدى. پۇل ئېلىپ بارىدىغان ئادەمگە تاپىلاپ: «سەن بۇ پۇلنى مەسجىدتە جامائەت ۋە تالىپلار ھەممىسى بار ۋاقىتتا، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېلان قىلىپ بەرگىن» دەيدۇ. دېگەندەك پۇلنى ئېلىپ بارغان كىشى ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئى ئىمام! بۇ مىڭ لىرا ئالتۇن پۇلنى ھاكىم سىلىگە ئەۋەتتى، ئۆزلىرى خىراجەت قىلغايلا» دەيدۇ. ئەللامە سەئىد ھەلەبىي پۇل ئېلىپ كەلگەن كىشىگە ئىچ ئاغرىغان كەيپىياتتا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئوغلۇم! بۇ پۇلنى خوجايىنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا دەپ قويغىنكى، بۇ ئادەم پۇتىنى سۇنغان بىلەن قولىنى سۇنمايدۇ».

## ئەللامە سەييىد قۇتۇبنىڭ شىجائىتىدىن ئۆرنەك

«فى زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى ئەللامە سەييىد قۇتۇب شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆلىمالار ئۇنى ئابدۇنناسىردىن تىلىۋالماقچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار پايدا بەرمەيدۇ. مىسىر ھەربىي سوتى سەييىد قۇتۇبنىڭ جامال ئابدۇنناسىردىن ئۆزۈر تىلىسە، كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزۈر تىلەشكە قىستىغاندا، سەييىد قۇتۇب قەتئىيلىك بىلەن: «نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بۇ بارماق تاغۇتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشىمنى خاتا ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتامدىم؟ مەن قانداقسىگە ئۇلاردىن رەھىم-شەپقەت تىلىگۈدەكمەن؟ مېنىڭ تۈرمىگە كىرىشىم ھەق بولغان بولسا، مەن ھەق تائالانىڭ بۇ ھۆكمىگە رازى؛ ئەگەر ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان بولسام، تاغۇتتىن شەپقەت سوراشتىن ئۈستۈنمەن».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىمام بۇخارىي، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق ئۆلىمالار ئۆز زامانىدا ئاتالمىش ئۆلىمالارنىڭ، خەلىپىلەرنىڭ، ھاكاۋۇر بايلارنىڭ، نادان ئاۋامنىڭ ئەزىيەتلىرىگە، توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچرىغان، ئەسەرلىرىنى ئوقۇماسلىق ھەققىدە پەرمان ۋە پەتىۋالار چىققان، ئۆزلىرى تۈرمىلەرگە سولانغان. مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ دەرس ئۆتۈشى، خۇتبە سۆزلىشى چەكلەنگەن، كىتابلىرىنى ئوقۇش مەنئى قىلىنغان، ئۆزى شېھىت قىلىنغان. ئەمدى قارايدىغان بولساق، ئاشۇ شىجائەتلىك ئۆلىمالارنىڭ نام-نىشانى، شۆھرىتى، گۈزەل تەۋسىپلىرى ئۇلارنى مەڭگۈلەشتۈرگەن، ئىسىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت بىلەن يادلىنىدىغان بولغان. ئۇلارغا قارشى پەتىۋا بەرگەن مولللارنىڭ

بولسا نام-نىشانىمۇ قالمىغان، قۇملۇق يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەك سىڭىپلا كەتكەن.

تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خاھىشىغا بېقىپ، ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىشنى تاللىغانلار خەلق توپىنىڭ ئارىسىدا جىمىپ قالىدىكەن ۋە دۇنيادىن نام-نىشانسىز غايىپ بولىدىكەن، ئەمما ئەزىيەت يەتسىمۇ، ھەقنى دادىل جاكارلىغانلار ھەر دائىم يادلىنىپ تۇرىدىكەن، خەلق ئۇلارنى كىچىكىپ بولسىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ نامى ئۆلمەيدىكەن.

بىزگە ئەنە شۇنداق ئۆلىمالار كېرەك، ئەنە شۇنداق ئۆلىمالارلا مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

# شىئەلەر ھەققىدە مەلۇمات

«شىئە» سۆزى «ياردەمچى»، «ئەگەشكۈچى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشكۈچى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى دەۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىئە دەپ ئاتىلىدۇ. شىئەلىك ھەرخىل كۆزقاراشتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئېقىم بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى پىتنە ۋە ئىختىلاپ ئەڭ كۆپ پىرقە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم ئىچىگە خالىغان كىشى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرىنى، كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى دىنىي ئەھكام سۈپىتىدە كىرگۈزەلەيدۇ. بەزىلەر ئەھلى بەيتنى ۋە ئىماملارنى ھۆرمەتلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بەزىلىرى مۆتىدىللىككە چاقىرىدۇ، بەزىلىرى «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ۋەكىلى بولىدۇ، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەكىلى ئەلى ئەلەيھىسسالام» دېسە، يەنە بەزىلىرى «پەيغەمبەرلىك ئەسلىدە ئەلى ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ئىدى، جىبرائىلنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا كېلىدىغان پەيغەمبەرلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ قالغان» دەيدۇ، بەزىلىرى ئۇنى پەيغەمبەرلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن شېرىك ئىدى دېسە، يەنە بەزىلىرى ئۇنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شىئەلەر 70 تىن كۆپرەك پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىمى شەھرىستانىي شىئە مەزھىپىنىڭ ئون ئىككى ئىمامچىلار، زەيدىيە، ئىسمائىلىيە، دۇرزىيە ۋە ئەلەۋىيە دەپ بەش چوڭ ئېقىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى؛ قالغانلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ شاخچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شىئەلەرنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ:

1. ئون ئىككى ئىمامچىلار: بۇلار «ئىمامچىلار» ۋە «جەئفەرىيلەر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزىدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئون ئىككى ئىمامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىماملار: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىمام ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى، ھەسەننىڭ ئوغلى ئەلى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلباقىر، جەئفەرئىبنى مۇھەممەد سادىق، مۇسا ئىبنى جەئفەر ئەلكازىم، ئەلى ئىبنى مۇسا ئەلرىزا، مۇھەممەد ئەلى ئەلجەۋاد، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلھادى، ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەلئەسكەر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن مەھدى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئاخىرقى

ئىمام يەنى «ئىمام مەھدى» كىچىك ۋاقتىدىلا ئىراقنىڭ سامۇررا شەھرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنچە تېخىچە چىقمىدى، ئەمما يېقىندا «ئىمام مەھدى» سۈپىتىدە چىقىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2. زەيدىيلەر: بۇلار ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، شىئەلەرنىڭ 5-ئىمامى زەيد ئىبنى زەينۇل ئابىدىنىنىڭ ئەمەۋىلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن «زەيدىيلەر» دەپ ئاتالغان. بۇلار ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ھېچبىر ساھابىنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ خەلىپىلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

3. ئىسمائىلىيلەر: بۇلار ئىمامچىلاردىن قالسا، ئەڭ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پىرقە بولۇپ، شىئەلەر 6-ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىماملىق ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇبارەككە قالامدۇ ياكى ئىسمائىل دادىسى ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسا كازىمغا قالامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان. ئىماملىق «ئىسمائىلغا قالىدۇ» دېگۈچىلەر «ئىسمائىلىيلەر» دەپ ئاتالغان. نەتىجىدە، ئىسمائىلىيە مەزھىپى بارلىققا كەلگەن.

4. ئەلەۋىيلەر: بۇلار تۈركىيەدە ياشايدىغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چوقۇنىدۇ؛ قىيامەت، جەننەت، دوزاخنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ناماز، روزا ۋە ھەجنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ؛ ھىندى دىنىدىكىلەرگە ئوخشاش «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ روھى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق سۈپىتىدە قايتىدىن دۇنياغا كېلىدۇ (روھلارئالمىشىپ تۇرىدۇ)» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرى بولۇپ، مەزكۇر ئىبادەتخانىلار «جەم ئۆيلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

5. نۇسەيرىيلەر: بۇلار سۈرىيەنى مەركەز قىلغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلنۇسەيرىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، فىرانسىيە سۈرىيەنى مۇستەملىكە قىلغان ۋاقىتلاردا فىرانسۇزلار بۇ پىرقىنى «ئەلەۋىيلەر» دەپ ئاتىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 3 قېتىم مەخپىي ۋە 4-قېتىمدا ئاشكارا ھالدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە تەيىنلىگەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ، «ئەقىدە-ئېتىقادنى يوشۇرۇش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئالامىتى» دەپ قارايدۇ.

6. سەبەئىيلەر: بۇلار يەھۇدىيلىقتىن مۇسۇلمانلىققا ئۆزگەرگەن ۋە شىئە مەزھىپىگە ئاساس سالغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ دېگەن مۇناپىققا ئەگەشكەن شىئەلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ ئەھلى بەيت ھەققىدىكى چېكىدىن ئاشقان خۇراپاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن بىرگە، يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرۈپ،

پىتنە-پاسات تارقىتىش ئارقىلىق ئىسلام تارىخىدىكى شۇنچە كۆپ چوڭ پىتنىلەرگە سەۋەب بولغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ يەھۇدىيلىقتىكى بارلىق خۇراپىي ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشلارنى شىئەلەر ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان.

7. كەيسانىيلار: بۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك تەختىنى مۇئاۋىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققانلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋلە بىنتى جەئفەر ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەنەفىيەنى خەلىفە دەپ ئېلان قىلىدۇ. «كەيسان» مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ شاگىرتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «كەيسانىيلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

8. مۇختارىيلار: بۇلار مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد ئەسسەقەفىيگە ئەگەشكەنلەر بولۇپ، بۇ ئېقىمدىكىلەر مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ۋە يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

9. رافىزىيلار: بۇلار ساھابە كىراملارنىڭ كۆپىنچىسىنى رەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن «رافىزىي» يەنى «رەت قىلغۇچىلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلار يەنە ئەمەۋىلەر، ھەتتا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىمۇ رەت قىلىدۇ. «ئۇلار ئىمامسىز قوراللىق ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى كالتەك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇلار «كالتەكچىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

10. دۇرزىيلار: بۇلار گەرچە فاتىمىيلەر خەلىپىسى ھاكىم بىئەمرۇللاھقا ئەگەشكەن شىئە ئېقىمىغا تەۋە كىشىلەر بولسىمۇ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دىنلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

شىئەلەرنىڭ بىر قىسىم غەلىتە ئېتىقادلىرى:

1. شىئەلەر پۈتۈن ئىماملىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتتىن پاك، پەيغەمبەرلەرنى بولسا، گۇناھ-مەئسىيەتكە ئارىلىشىپ قىلىش ئېھتىمالى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2. شىئەلەر ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئائىشە ۋە ھەفسە قاتارلىق كاتتا ساھابىلەرنى «كاپىر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى سۆكىدۇ.

3. شىئەلەر ئەقىدە-ئېتىقادنى يوشۇرۇش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، كۆڭلىدە باشقا بىرنەرسە ئويلاپ تۇرۇپ، ئاغزىدا ئۇنىڭ تەتۈرسىنى سۆزلەشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

4. شىئەلەر ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى دۇرۇس دەپلا قالماستىن، بەلكى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ.

5. شىئەلەر ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىغا ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىچاقلار بىلەن ئۇرۇپ بەدەنلىرىدىن قان ئاققۇزىدۇ.

6. شىئەلەر «قۇرئان ئاللاھ تائالادىن ئەسلى نازىل بولغان چېغىدا 7000 ئايەت ئىدى، كېيىنچە ساھابىلەر ئەلى ھەققىدە كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى يوق قىلىۋەتكەن. شۇڭا، ھازىرقى قۇرئان ئايەتلىرى 6263 ئايەتكە قالغان» دەپ جۆيلۈيدۇ.

7. شىئەلەر ئەھلى بەيتتىن (پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەردىن) باشقىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان پۈتۈن ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.

8. شىئەلەر ئىسلامدا ئىمامسىز جىھاد بولمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىسلامي جىھادلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

9. بەزى شىئەلەر ئىمام بولمىغانلىقى ئۈچۈن جۈمە نامىزى ئوقۇش ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ.

10. شىئەلەر ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىز خەلىپىلىكنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان كۈن دېگەن ئېتىقاد بىلەن بايرام ئۆتكۈزىدۇ. دېمەك، شىئەلەر روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە بۇ كۈن بولۇپ، يىلدا جەمئىي 3 قېتىم بايرام ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سايلاپ قويغان خەلىپە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دەۋانى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئەگەر مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن بولسا ئىدى، مەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا بەيئەت قىلمىغان بولاتتىم» دېگەن.

11. شىئەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ئۇلارنى مەسجىدلەرگە ئېسىشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

12. شىئەلەر تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇماي، يالاڭ ئاياق پۇتىنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىدۇ.

13. شىئەلەر پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى، نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇيدۇ.

14. شىئەلەر ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغان «كەربالا» دېگەن جاينىڭ توپىسىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، «ناماز ئوقۇغاندا شۇ توپىنىڭ

ئۈستىگە سەجدە قىلىش كېرەك» دېگەن ئېتىقاد بىلەن مەزكۇر كەربالا توپىسىدىن ياسالغان پىششىق خىش ئۈستىگە سەجدە قىلىدۇ.

15. بەزى شىئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

16. يەنە بەزى شىئەلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ تىرىلىپ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

17. شىئەلەرنىڭ پېشۋالىرى ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولغان زاكات پەرزىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مال-دۇنيانىڭ بەشتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ بەشتىن بىرىنىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئالتە ھەسسىگە بۆلىدۇ: 1) ئاللاھنىڭ ھەققى، 2) پەيغەمبەرنىڭ ھەققى، 3) ئىماملارنىڭ ھەققى، 4) نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەققى، 5) نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان پېقىرلارنىڭ ھەققى، 6) نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققى.

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇننىڭ يازمىسىدىن پايدىلىنىلدى.

# ئەششەكۇر

ئەششەكۇر — بەندىلىرىنىڭ ئازراق ئەمەلىگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بەرگۈچى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئەششەكۇردۇر. چۈنكى، ئۇ بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بەرگۈچى، بىر خەير-ئېھسانغا 700 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ بەرگۈچى كەرەملىك زاتتۇر.

ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ھەر خىل خاراكتېردىكى ئىنسانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ۋاپادار ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلار ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ئۆزىگە بىرەر ئاددىي ياخشىلىقى يەتكەن كىشىلەرنىمۇ رازى قىلماي قالمايدۇ. ئەمما، بۇ ھاياتتا ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان خاراكتېردىكى تۇزكور ئىنسانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. سىز بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىق ياكى ھېچ بولمىغاندا قۇرۇق رەھمەت سۆزىگە چاغلىق بىر نەرسىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشىڭىز، ھەتتا ئالدىڭىزدا خۇشامەت قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئىنسانلارنىمۇ ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز بۇنداقلارنى قويۇپ تۇرۇڭ، ئۇلاردىن ئاغرىنىپ ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلماڭ. چۈنكى، ئۆمرىڭىز بۇنداقلارنى ئەيىبلەش ياكى تۇزكورلار دۇنياسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئىسراپ قىلغۇدەك ئۇزۇن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى رەببىگە قويۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ۋە ئۇلار جاراھەتلەندۈرگەن قەلبىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن داۋالاڭ.

ئىنسانلار ياخشىلىقىڭىزغا تۇزكورلۇق قىلغان، ياخشى كۆڭلىڭىزنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولسا، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بېرىدىغان، ياخشى نىيەتلەرگە ساۋاب بېرىدىغان، ھېچقانداق بىر ياخشى ئەمەلنى مۇكاپاتسىز قويمايدىغان كەرەملىك زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بەندىلىرىنىڭ ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بەرگۈچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىنتايىن ئاز ياخشى ئەمەلگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدۇ. ياخشى ئەمەل قۇرئان كەرىمدە ئىمان بىلەن يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن. ياخشى ئەمەلنىڭ چەك-چېگراسى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەل دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە «ئەششەكۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەيىبلىرىمىز يۆگەيدۇ، ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، مۇكاپاتىنى كۆپەيتىدۇ، خالىس نىيەت بىلەن قىلغان ئاددىي بىر ئەمەلىمىزگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدۇ، دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، بىزگە تەن ساقلىق، خاتىرجەملىك، ھۇزۇر ھالاۋەت ئاتا قىلىدۇ، پۇل-مېلىمىزغا، پەرزەنتلىرىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، بىزنى نۇرغۇن ئادەملەر دۇچار بولغان بالالاردىن ساقلايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرگە نېسىپ بولمىغان ھىدايەت يولىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، بىزنى ئۆز ھىمايىسىدە قوغدايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا لايىق بولۇشىنىڭ شەرتى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قايتۇرىدىغان كەرەملىك زات ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى «ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر»[1]. بىر تال ئۇرۇقنىڭ 700 ھەسسىگە كۆپىيىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە ئۇنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بولۇپ، ئاللاھ تائالا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئەنە شۇنداق كۆپەيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن ھېسابلار ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بەزى ئەمەللەرگە ئون ھەسسە ماكاپات بېرىدۇ. ﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ...﴾ يەنى «كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ»[2] بەزى ئەمەللەرگە -ئالدىنقى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك- 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ. بەزى ئەمەللەرگە ھېچقانداق مۇكاپات بەرمەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەردۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن

---

[1] سۈرە بەقەرە، 261-ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 160-ئايەت.

ھاياتىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئىككى ئالەملىك ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ئەسىرلەر بويىچە، تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مىليادلارچە ئىنسانلارنىڭ دۇرۇد، سالاملىرىغا ۋە چىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ۋە مەرتىۋىسىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ئۆمرىنى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئاتىغان مەزكۇر پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپ ئەسىرلەر ۋە زامانلاردا مەدھىيەلىنىش، دىللاردا يادلىنىش بىلەن كۆرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا «ئەششەكۇر» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## زەررىچىلىك ئەمەلىڭىزمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ

بىرەر قېتىملىق ئىستىغپار، بىراۋنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلاش، ھەتتا يولدىكى بىرەر تاشنى ئېلىۋېتىش دېگەندەك ئاددىي ۋە تولىمۇ كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئالاھىدە مۇكاپات بېرىدۇ. زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىمۇ زايە بولۇپ كەتمەيدۇ. ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ يەنى «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1]. زەررە — ماددىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس ئەڭ كىچىك بىرلىكى[2] بولۇپ، زەررىنى كۆرمەك قىيىن، ئەمما زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرمەك مۇقەررەردۇر. شۇنداق، زەررىچىلىك ئاددىي ئەمەل مال-دۇنيا، يۈز-ئابرۇي ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدۇ. ئەسقاتقاندىمۇ بىرگە نەچچە يۈز ھەسسە بولۇپ ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، ياخشى ئىشنى ئاددىي سانىغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر تال خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بىر تال خورمىغا يەتمەيدىغان كىچىك نەرسىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار دېگەنلىكتۇر.

كېچىدە قىزىل چىراقتا توختىغاندا، قارشى تەرەپنى راھەتسىز قىلماسلىق ئۈچۈن ماشىنىڭىزنىڭ چىرىغىنى ۋاقتلىق ئۆچۈرۈشىڭىز، قوشنىلارنى راھەتسىز قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكىڭىزنى سىلىق يېپىشىڭىز، كېچىدە ئۆيگە كىرگەندە ئۇخلىغانلارنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن سىلىق كىرىشىڭىز، مەسجىدكە كىرگەندە

[1] سۈرە زەلزەلە، 7-8-ئايەتلەر.
[2] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 563-بەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىرىسال كىشىلەرنى كىرىۋالسۇن دەپ ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشىڭىز، يامغۇر ياغقاندا ياكى سۇ چىقىپ كەتكەن يولدا ماڭغاندا يول بويىدىكى كىشىلەرگە سۇ چاچراپ كەتمىسۇن دەپ ماشىنىڭىزنى ئاستا ھەيدىشىڭىز قاتارلىق ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلار ـ گەرچە كىشىلەر بۇ قىلغىنىڭىزنى ھېس قىلمىغان بولسىمۇ ـ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئەمەل بولۇپ، مۇكاپاتىمۇ كاتتا بولىدۇ. «ئىمان يەتمىش نەچچە (ياكى ئاتمىش نەچچە) شاخچە بولۇپ، ئەڭ ئەۋزىلى 〈لائىلاھە ئىللەللاھۇ〉، ئەڭ ئاددىيسى يولدىن كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1]. يەنى ئىماننىڭ يۇقىرىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش بولسا، ئۇنىڭ تۆۋىنى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ مەنپەئەت مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، مۇھىم بولغىنى بىزدە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى يامانلىقلاردىن قوغداش روھىنىڭ يېتىلىشىدۇر. مۇشۇ روھ يېتىلگەندە، ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ.

## ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ

ئاللاھ تائالا بىراۋغا ئۆزىنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئەمەلىنى ھەسسىلەپ چوڭايتىپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇكاپاتىنىمۇ كاتتا قىلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بەندىنىڭ سەدىقىسىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى خۇددى تۆگە بوتىلىقىنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ»[2]. ئۆلىمالاردىن بىرى تىجارەتتە كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرىنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ شەرقىيە رايونىدا ئاددىي تۇرمۇشتا ياشايدىغان بىر كىشى ئۆي ئېلىش ئۈچۈن يىللاردىن بىرى ئايالى بىلەن بىللە ئىشلەپ پۇل توپلىغان ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ جۈمە نامىزىدىكى خۇتبىدە 〈كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن بىر مەسجىد بىنا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىدۇ〉[3] دېگەن ھەدىسنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ ئايالىغا: 〈بىز ئۆي ئېلىش ئۈچۈن يىغقان ئاشۇ پۇلغا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالساق قانداق دەيسىز؟〉 دەيدۇ. ئايالى ئىككىلەنمەستىن: 〈بولىدۇ〉 دەيدۇ ۋە پۇلنى يولدىشىغا بېرىدۇ. ئۇ كىشى بارلىق پۇلنى مەسجىد بىنا قىلىشقا ئىئانە قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كىشى تىجارەت قىلىشقا باشلاپ، دەسلەپ ئاددىيغىنە بىر دۇكان ئاچىدۇ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ پۇل تاپىدۇ ۋە

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دۇكانىنى چوڭايتىدۇ، ئاخىرى شىركەت قۇرىدۇ. يەنە كۆپ ئۆتمەي بىر قانچە يەردە شىركەتنىڭ شۆبىلىرىنى ئاچىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ شەرقىيەدە ئون ئۈچ شۆبىسى بار ئىكەن».

# غۇربەت كوچىلىرىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەر

بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن ھىندىستانغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، تەھسىلىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتالماي، بىرى پاكىستاندا، يەنە بىرى بېنگالدا قېلىپ، بىر ئۆمۈر ۋەتەن ھەسرىتىدە كۆيۈشكە مەھكۇم بولغان ۋە شۇ جايلارنىڭ غۇربەت كوچىلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىككى ئالىمنىڭ ھېكايىسىدۇر.

ئىككى كۈن ئىلگىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرىدە، بېنگالدا ۋاپات بولغان خوتەنلىك ئالىم مۇھەممەد نىياز مەخدۇمنىڭ «معارف الختني على سنن الترمذي» يەنى (ئىمام تىرمىزىينىڭ ھەدىس كىتابىغا خوتەنلىك ئالىمنىڭ يازغان شەرھى) دېگەن ئەرەبچە كىتابىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە قاتتىق ھاياجانلاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بەزى چوڭلارغا ئۇچۇر يوللاپ بۇ كىتابنى سۈرۈشتە قىلىش جەريانىدا، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى «خوتەن ۋەقپى»نىڭ نازىرى ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەت بۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە بارلىقى، ئەگەر كېرەك بولسا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوللاپتۇ. كىتابنى ئۇ كىشىدىن جىددىي تەلەپ قىلدىم. 2018 يىلى 26-دېكابىر كۈنى ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەت جىددە شەھىرىگە ئۇيغۇرلاردىن بىرىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، كىتابنى ئالغاچ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ماڭا ئۇچۇر قىلدى. تويغا بىللە قاتناشتۇق ۋە سۆھبەتلەشتۇق. شۇ ئاخشىمى كىتابنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېچىچە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ۋاراقلاپ چىقتىم، مۇقەددىمىسىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئەتىسى ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەت ماڭا جەلىل ئەھمەد ئاخۇننىڭ تېلېفون نومۇرىنى بەردى. مەن ئۇ كىشى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ ئىككى ئالىم ھەققىدىكى بەزى سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپتىم. ئۇ كىشى مېنى بۇ ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرى بىلەن تەمىنلىدى.

كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە يېزىلىشىچە، بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئىسمى ۋە تەقدىرى ئوخشاش ئىكەن. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد نىياز بولۇپ، بىرى مۇھەممەد نىياز سابىت خوتەنىنىڭ شورباغ دېگەن يېرىدىن؛ يەنە بىرى، مۇھەممەد نىياز مەخدۇم مۇھەممەد خوتەنىنىڭ ئىلچىدىن ئىكەن. مۇھەممەد نىياز سابىت ھىندىستانغا 1934-يىلى چىققان، مۇھەممەد نىياز مەخدۇم بولسا، 1935-يىلى

چىققان ئىكەن. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق تۇغقانچىلىق بار بولۇپ، ئۇلار ئىككى بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى ئىكەن. ھەر ئىككىلىسى ھىندىستاننىڭ دىيۇبەند دارۇلئۇلۇم بىلىمگاھىدا ئوقۇغان. ئۇلار ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، مۇھەممەد نىياز سابىت 1944 - يىلى پاكىستاننىڭ باھاۋۇلنىگار دېگەن يېرىگە؛ مۇھەممەد نىياز مەخدۇم 1945 - يىلى بېنگالغا بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان. ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىت 1992 - يىلى 6 - يانۋار كۈنى ۋاپات بولغان، ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇم 1986 - يىلى ۋاپات بولغان.

بۇ كىتابنى ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇم يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بىر قانچە ئون يىلدىن كېيىن، كىتابنىڭ قولىيازمىسىنى ئەللامە مۇھەممەد سابىتنىڭ ئوغلى جەلىل ئەھمەد ئاخۇن مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋە 2018 - يىلى 4 - ئايدا پۈتتۈرۈپ چىققان. يېقىندا بۇ كىتاب پاكىستاندا بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئالىملار بۇ كىتابقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئەمدى بۇ ئىككى ئالىم بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

## 1. ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىت

ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىت پاكىستاننىڭ باھاۋۇلنىگار دېگەن يېرىدە پاكىستانلىق ئائىلىگە ئۆيلىنىپ، بالا - چاقىلىق بولغان ۋە شۇ جايدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 - يىللاردا ۋەتەندە سىرتقا چىقىش يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، دىنىي ئىلىم - تەھسىل قىلماقچى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى تۇنجى چىققان دۆلەت پاكىستان ئىدى. شۇ چاغلاردا پاكىستانغا چىقىپ، پاكىستاننىڭ مەدرىسەلىرىدە ئىلىم - تەھسىل قىلغان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىن بەزى دوستلىرىم ماڭا ئۆزلىرىنىڭ پاكىستاننىڭ باھاۋۇلنىگار دېگەن يېرىدە خوتەنلىك بىر ئالىم بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. دېمەك، دەسلەپ پاكىستانغا چىققان قېرىنداشلار ئۇ كىشىنى كۆرگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە زىيارەتتە بولغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە «خوتەن ۋەقپى»نىڭ نازىرى ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەت مېنى ۋەقپىگە تەكلىپ قىلدى ۋە مۇھىم ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇ ئاخشىمى ۋەقپىگە بارسام، ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىتنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان جەمىل ئەھمەد ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئوغلى پاكىستاندىن كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ كىشى پاكىستاندا مەشھۇر كىشىلەردىن ئىكەن. ئۇلار بىر قانچە قېرىنداش بولۇپ، ھەممىسى دىن ۋە پەندە

ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ئائىلىسىنىڭ ئىسمىنى «ئاخۇن» دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ يۇرتىنى ئۇنۇتماسلىق ئۈچۈن شۇنداق ئاتىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ كىشى دادىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. كېيىن جىددە شەھىرىدىكى بىر ئولتۇرۇشتا ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىتنىڭ چوڭ ئوغلى جەلىل ئەھمەد ئاخۇن بىلەن تونۇشتۇق. ئۇ كىشى ھەدىس ئىلمىدە پاكىستان بويىچە تونۇلغان ئۆلىمالاردىن ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا تالىپلىرى ۋە مۇرىتلىرى بىللە يۈرىدىكەن. بۇ ئولتۇرۇشتىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا يەتتە-سەككىز مۇرىتى بىللە ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادىسى ئەللامە مۇھەممەد نىياز سابىت پاكىستاننىڭ باھاۋۇلنىگار دېگەن يېرىدە ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلغانلىقتىن، ئالاھىدە تونۇلغان مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ كىشى ۋاپات بولغان كۈننى باھاۋۇلنىگار خەلقى ماتەم كۈنى ۋە دەم ئېلىش كۈنى ئېلان قىلىپ، تا ھازىرغىچە ھەر يىلى شۇ كۈندە ئۇ كىشىنى ئالاھىدە خاتىرىلەيدىكەن ۋە ھەققىدە دۇئا-تەلەپ قىلىدىكەن.

## 2. ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇم سىددىق

ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇم خوتەندە ئۆلىما ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دادىسى مۇھەممەد سىددىق ئاخۇنۇم ۋە بوۋىسى مۇھەممەد ئاخۇنۇملار ئىكەن، تاغىسى ئەھمەد قازى خوتەندە تونۇلغان قازى ئىكەن. ئۇ كىشى ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ئاۋۋال خوتەندە، ئاندىن قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1935-يىلى ھىندىستانغا چىقىپ، دىيوبەند دارۇلئۇلۇم بىلىمگاھىدا ئوقۇپ، 1944-يىلى خەلقئارالىق دىپلومغا ئېرىشكەن ۋە 1945-يىلى بېنگالنىڭ سەرسىنە دېگەن يېرىگە بېرىپ، شۇ جايدىكى داڭلىق مەدرىسە «دارۇسسۇننەت» مەدرىسىگە ھەدىس ئىلمى مۇدەررىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىكەن.

ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇم ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سەرسىنە دېگەن يەرلىك بىر بېنگاللىق قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەتتە قىزى بولغان ئىكەن. ھازىر بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان. ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەت بۇ قىزلارنى بىرقانچە قېتىم يوقلاپ بارغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭمۇ ھەج قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان كىشى جەلىل ئەھمەد ئاخۇن بولۇپ، بۇ كىشى پاكىستاندا تونۇلغان كاتتا ھەدىس ئالىملىرىدىن بىرى.

كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئەللامە مۇھەممەد نىياز

سابىت ناھايىتى تەقۋادار، ئىسلامىي ئىلىملەردە، خۇسۇسەن ھەدىس ئىلمىدە ئالاھىدە يېتىشكەن مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى ئىدى. ئۇ كىشى ھاياتىنى ئوقۇش، ئۆگىتىش، كىتاب يېزىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ كىشى مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابىغا ئالتە توملۇق شەرھ يازغان، يەنە بىر قانچە پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، «ئىمام تىرمىزىينىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىلمىي خىزمەتلىرى» دېگەن كىتابقا يازغان شەرھىدىن باشقا كىتابلىرىنىڭ ھېچقايسىسى نەشر قىلىنمىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوليازما بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى زايە بولۇپ كەتكەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ «معارف الختني على سنن الترمذي» دېگەن كىتابنىڭ قوليازمىسىنى مەرھۇمنىڭ چوڭ قىزى خالىدە خانىم بەرگەن بولۇپ، دەپتەرگە يېزىلغان، خەتنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى تار ھەم ئەتراپىدا شەرھلىرى بار بولۇپ، ئۇنى كومپيۇتېرغا ئېلىشقا خېلى كۆپ ۋاقىت كەتتى. دادام مەرھۇم بىر قېتىم ماڭا: «بىز مەكتەپنى بىللە پۈتتۈرگەن ۋە مەن بىلەن ئىسىمداش بىر يۇرتدىشىم بار بولۇپ، ئۇ مېنىڭ تۇغقىنىم ئىدى. ئۇ كىشى بېنگال تەرەپكە كەتكەن» دېگەن ئىدى. شۇ چاغدىن تارتىپ ئاشۇ كىشىنى بىر تاپسام دېگەن ئارزۇدا بولۇپ كەلدىم. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. سۈرۈشتە قىلىپ باقساممۇ ئۇ كىشىنىڭ ئىز-دېرىكىنى تاپالمىدىم. 2010-يىلى مەدرىسەمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېنگالنىڭ سەلھەت دېگەن شەھىرىگە يىغىنغا باردىم. شۇ يەردىكى دوستلىرىم ئارقىلىق ئۇ كىشىنى ئىزدەشكە كىرىشتىم. ئەمما، ئۇچۇر ئالالمىدىم. يىغىن تۈگەپ پايتەخت داككا شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئىسلام مەركىزىدىكى تونۇشلىرىم ئارقىلىق ئىزدىدىم. ئاخىرى، ئۇ كىشىنىڭ دېرىكىنى تاپتىم. ئۇلار: «بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىق بىر ئالىم بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنى «شەيخ خوتانىي»، بەزىدە «شەيخ چىنىي» دەپ ئاتايتتى» دېدى. مەن ئىزدىگەن كىشىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم. ئاندىن بىز ھەر خىل يوللار بىلەن ئىزدەپ ئۇ كىشىنىڭ قىزلىرىنى تاپتۇق، بىر قىزى چوڭ بىر گېنېرالغا ياتلىق بولغان ئىكەن. بىز گېنېرالنى مەركەزگە چاقىرتتۇق، ئۇ كىشى بىزنى مەرھۇمنىڭ بارلىق قىزلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ھاياجاندىن ئۇلارنى سېغىنىپ يىغلاپ كەتتىم، ئۇ قىزلارمۇ يىغلاشتى. بىز بېنگالدىن ئايرىلىش ئالدىدا مەرھۇمنىڭ قىزلىرى بىزگە ئۇنىڭ قوليازمىلىرىنى بېرىپ: «بىزنىڭ ئوغۇل قېرىنداشىمىز يوق، ھەممىمىز قىز، شۇڭا دادامنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىنى قوغداپ قالالمىدۇق» دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەك تەسىر قىلدى. مەرھۇمنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ئويىغا كەلدىم.

مەرھۇمنىڭ بۇ كىتابى يېزىلغىنىغا يەتمىش يىل بولغان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا يېزىلغان ئىكەن. قوليازمىنى كومپيۇتېرغا ئېلىش ئىشلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىم ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلار دىققەت بىلەن بۇ ئىشنى تاماملىدى. بۇ كىتاب مەرھۇمنىڭ قىزى خالىدە خانىم بىلەن ئۇستاز ئابدۇللاھ دۆلەتنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن بېسىپ تارقىتىلدى».

بۇ ۋەقەلىكتىكى ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان ۋاپادارلىق خىسلىتى شۇكى، مۇھەممەد نىياز ئىسىملىك بۇ ئىككى ئالىم بىر يەردە تۇغۇلغان ۋە بىر مەدرىسەدە ئوقۇغان بولسىمۇ، ھايات ھەلەكچىلىكى ۋە مۇساپىرلىق دەردى بىلەن ئىككىسى ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ كېتىدۇ ۋە بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز پېتى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتۈپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئەۋلادلىرى بىر-بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئەللامە مۇھەممەد نىياز مەخدۇمنىڭ يازغان كىتابىنى يەتمىش يىلدىن كېيىن، ساۋاقدىشىنىڭ ئوغلى جەلىل ئەھمەد ئاخۇن نەشرگە تەييارلايدۇ ۋە نەشر قىلدۇرۇپ كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. بۇنى مەن ئاتىدىن ئەۋلادقا ئۆتكەن ۋاپادارلىق خىسلىتى دەپ ئاتايمەن.

# غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ چاغلىرىدۇر

غەپلەت ــــ بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق، غاپىللىق ۋە نادانلىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[1]. ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە سەييىد قۇتۇب غەپلەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «غەپلەت قەلبنى كاردىن چىقىرىدىغان نەرسە بولۇپ، غاپىل ئادەمنىڭ قەلبى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن توختىغان قەلبتۇر». دېمىسىمۇ، غەپلەت باسقان ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدەنمەيدۇ، مۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى ۋە ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قويمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە غاپىللار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار دىللىرى بار تۇرۇپ چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بار تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر»[2]. «ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئەمما، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە دىللىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى»[3].



ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر غەپلەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ-كەتكىنىدىن تىلغا ئالغۇدەك، پەخىرلەنگۇدەك ۋە ئەسلەپ تۇرغۇدەك بىرەر ئىز ياكى خاتىرە قالمايدۇ. ئۇلار گويا دۇنياغا كەلمىگەندەكلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ. غەپلەت ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، « قۇرئان كەرىم»دە غەپلەتتە قالغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

يەنە بەزى كىشىلەر ئۆمرىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىغا، مۇسۇلمانلىقىغا لايىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر بېلىقچى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېڭىز بويىغا چىقىپ، كۈنلۈك ئىشىنى قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن باشلايدىكەن. بىر

---

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 689-بەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 179-ئايەت.

[3] سۈرە ئەھقاف، 26-ئايەت.

كۆنى ئەتىگەنرەك چىقىپ قاپتۇ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا كېتىپ بارغىنىدا، بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەرگە ئېگىلىپ پۇتىغا پۇتلاشقان نەرسىنى ئالسا، ئۇ بىر خالتا ئۇششاق تاش ئىكەن. بېلىقچى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، خالتىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر تالدىن دېڭىزغا ئېتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىقچى ھەربىر تاشنى دېڭىزغا ئاتقاندا چىققان «چۇلۇق، چۇلۇق» ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرقى تاشنى ئاتقان ۋاقىتتا قۇياش چىقىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىغان ئىكەن. بېلىقچى قولىدىكى ئاتماقچى بولغان ئاخىرقى تاشقا قارىسا، ئۇ يالتىراپ تۇرارمىش. بېلىقچى توختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قارىسا، ئۇ ئالماس ئىكەن. ئۇ سەھەردىن بېرى قاراڭغۇلۇقتا دېڭىزغا ئاتقان تاشلارنىڭ ھەممىسى تاش ئەمەس، ئالماس ئىكەن. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ ۋە قولىدا ساقلىنىپ قالغان شۇ بىر تال ئالماستىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى، بۇ بېلىقچى ئۆتكەنگە ھەسرەت چەككەننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، قولىدا بار پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەكسەك، ئۆزىمىزگە زىيان سالىمىز. شۇڭا، قېپقالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشساقلا شۇ بىزگە يېتەرلىك.

## پىتىر سەدىقىسى ھەققىدە 40 سوئالغا جاۋاب

**1. سوئال: پىتىر سەدىقىسى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى — روزا ھېيت كۈنى ياكى شۇ كېچىسى يوقسۇللارغا بېرىلىدىغان مەلۇم مىقداردىكى سەدىقە بولۇپ، ئۇنى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن بېرىشى پەرز.

**2. سوئال: پىتىر سەدىقىسى كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا[1] قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئۇنى مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ھەربىر مۇسۇلمانغا ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشنى بۇيرۇغان»[2].

**3. سوئال: پىتىر سەدىقىسى پېقىر-باي ھەممىسگە پەرز بولامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭ كېچىسى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بىر نەرسىسى بار باي، پېقىر ھەركىمگە پەرزدۇر. چۈنكى، بۇ يەردىكى سەدىقە ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئادەمگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ئۇنى ئادا قىلىشتا باي بولۇش شەرت ئەمەس. شۇڭا، ئۇ كەمبەغەلگىمۇ پەرز.

**4. سوئال: پىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا ئەمەسلەرگىمۇ پەرزمۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى ئەقلى جايىدا بولمىغان ۋە پۇل-مېلىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلالمايدىغانلارغىمۇ پەرز بولىدۇ. ئۇنى ئۇلارنىڭ ۋەلىيلىرى ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىدىن ئادا قىلىدۇ.

---

[1] بىر سا ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، 3250 گىرامغا تەڭ، 2751 گىرامغا تەڭ دېگەنلەرمۇ بار، «سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ھەيئىتى» تەخمىنەن ئۈچ كىلوغا تەڭ دەپ بەلگىلىگەن.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

**5. سوئال: قورساقتىكى بالىغا پىتىر سەدىقىسى پەرزمۇ؟**

جاۋاب: قورساقتىكى بالا تۇغۇلمىغۇچە ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى پەرز ئەمەس. ھەتتا، ھېيت كېچىسىدە بولسىمۇ تىرىك تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى پەرز بولىدۇ.

**6. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت شەرتمۇ؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە نىيەت شەرت. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، نىيەتنى ئېغىزدا سۆزلەش شەرت ئەمەس، پەقەت پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنى قەلبىدە نىيەت قىلىش يېتەرلىك. چۈنكى، نىيەتنىڭ ئورنى قەلب. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «ئىنسان قەلبىدە نىيەت قىلىپ، ئېغىزىدا ئېيتمىسىمۇ كۇپايە. بۇنىڭغا كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر. ئەمما ئېغىزىدا پىتىر سەدىقىسى بېرىشنى ئېيتىپ تۇرۇپ، قەلبىدە ئۇنى نىيەت قىلمىسا، ئۇ ئادا بولمايدۇ»[2].

**7. سوئال: پىتىر سەدىقىسى قەرزدار ئادەمگىمۇ پەرز بولامدۇ؟**

جاۋاب: قەرزدار ئادەمگىمۇ پىتىر سەدىقىسى پەرز. قەرزى بۇنىڭغا توسقۇن بولالمايدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ ئىقتىسادىغا ئەمەس، بەلكى جېنىغا كەلگەن سەدىقىدۇر.

**8. سوئال: پىتىر سەدىقىسى قاچان پەرز بولىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن پېتىشى بىلەن پەرز بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار دەيدۇكى، پىتىر سەدىقىسى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن پەرز بولىدۇ. ئالدىنقى كۆزقاراشقا كۆرە، ھېيت كېچىسى تۇغۇلغان بالىغا پىتىر سەدىقىسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئىككىنچى كۆزقاراشقا كۆرە، كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھېيت كېچىسى ئۆلگەن كىشىگە ئالدىنقى كۆزقاراشقا كۆرە، پىتىر سەدىقىسى كېلىدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغاندا ئۇ ھايات ئىدى. ئىككىنچى كۆزقاراشقا كۆرە، كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى پىتىر سەدىقىسى پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلگەن.

**9. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى قاچان بېرىش كېرەك؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى رامىزان ئېيى ئىچىدە بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ساھابىلار

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مەنبە خاتا بولۇپ قاپتۇ. ئىمام نەۋەۋىنىڭ قايسى كىتابتا دېگەنلىكىنى تاپالمىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىدا، پىتىر سەدىقىسىنى ھېيتتىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى. يۇقىرىقى سۈننەتلەرنىڭ شارائىتىغا قاراپ، ئەگەر ئۇلارغا پايدىلىق بولسا، رامىزاننىڭ بېشىدىلا بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن ئىلگىرى بولۇپ، ھېيت نامىزىدىن كېيىن قالغان پىتىر سەدىقىسى ئادەتتىكى سەدىقىگە ھېسابلىنىدۇ. پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ. (ھەنەفىي، شافىئىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ھېيت نامىزىدىن كېيىن بەرسىمۇ پىتىر سەدىقىسىگە ھېساب بولاتتى).

**10. سوئال: پىتىر سەدىقىسى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسى پېقىرلارغا بېرىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىگە ھېسابلىنىدۇ»[1].

**11. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىدا، بىز (پىتىر سەدىقىسىنى) خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ياكى قۇرۇق ئۈزۈمدىن ياكى ئىرىمچىكتىن (قۇرتتىن) بىر سادىن بېرەتتۇق»[2]. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزگە پىتىر سەدىقىسىنى تائامدىن بىر سادىن بېرىشنى بۇيرۇغان» دەپ كەلگەن. ئىككىنچى ھەدىس ئىنسان يەيدىغان بارلىق تائاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ھازىرقى ۋاقىتتا پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن پېقىرلارغا پۇل بەرسە ئەڭ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۆتمۈشتە ئاچارچىلىق كۆپ ئىدى، كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويسىلا بولاتتى. ئەمما، ھازىر كىشىلەر تائامغا موھتاج بولغاندەك، داۋالىنىش، ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئىشلىرىدا پۇلغا كۆپرەك موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، پۇل بەرسە پېقىرلار ئۈچۈن ئەڭ مەنپەئەتلىك.

**12. سوئال: كۆپ كىشىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: بولىدۇ، كۆپ كىشىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بىرلا ئادەمگە بېرىش جائىز بولغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى كۆپ كىشىگە بۆلۈپ بېرىشمۇ

[1] ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

جائىز. بۇ ئىشلاردا يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قايسى ھالەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، شۇنى قىلىش ئەۋزەل.

**13. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىگە بەرسە بولامدۇ ۋە جەمئىيەتلەر تارقىتىشنى كېچىكتۈرۈپ قويسا قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىگە بەرسە ئادا تاپىدۇ. ئەمما، ئۇنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت. ناۋادا پىتىر سەدىقىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش ئىشىنى ھېيتتىن كېيىنكى كۈنلەرگە كېچىكتۈرۈپ قويسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، بەرگۈچىدىن ئادا تاپقان بولىدۇ.

**14. سوئال: ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن بالىلىرى پىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولىدۇ. بالىلار ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ قويسا ئادا تاپىدۇ. ئاتا-ئانىسى كەمبەغەل بولسا، بالىلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىپ قويۇشى پەرز.

**15. سوئال: ئايالنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى كىم بېرىدۇ؟**

جاۋاب: ئايالنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئېرى بېرىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ زاكات كەلگۈدەك مىقداردا مۇستەقىل ئىقتىسادى بولسا، پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزى ئادا قىلىدۇ. (2-سوئالنىڭ جاۋابىدا پىتىر سەدىقىسىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بايلىق شەرت قىلىنمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن، بۇ يەردە بايلىق شەرت قىلىنىپتۇ. مېنىڭچە، ئەر-ئايال ئارىسىدا پەرق بولماسلىقى كېرەك).

**16. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ياخشىمۇ ياكى يىغىدىغانلارغا تاپشۇرسا ياخشىمۇ؟**

جاۋاب: يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاننى قىلىش ئەۋزەل. ئەگەر ئۆزى تۇغقانلىرى ياكى قوشنىلىرى ياكى تونۇشلىرى ئىچىدە سەدىقىگە ھەقلىق بولغان پېقىرلارنى بىلسە، شۇلارغا ئۆز قولى بىلەن بەرگىنى ئەڭ ياخشى. ئەگەر مۇئەييەن پېقىرنى بىلمىسە، پىتىر سەدىقىسىنى توپلايدىغانلارغا تاپشۇرسا بولىدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسىنى قانداق ئۇسۇلدا تارقىتىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىل كەلمىگەن. بەلكى، كىشىلەرنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. شۇڭا، قانداق ئۇسۇلدا بەرسە بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى پېقىرلارغا يەتكۈزۈشتۇر.

**16. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەرگە يۆتكەشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىش كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسى ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدۇ» دېگەن. ئەگەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجىدىن باشقا شەھەردىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجى زور بولسا، ياكى ئۆزىنىڭ پېقىر ئۇرۇق-تۇغقانلىرى باشقا شەھەردە بولسا، پىتىر سەدىقىسىنى ۋە زاكاتنى شۇ يەرگە ئەۋەتىشكە بولىدۇ.

**18. سوئال: بەزى كىشىلەر پىتىر سەدىقىسىنى باشقا شەھەردىكى ئۆزى تونۇيدىغان پېقىرلارغا بېرىمىز دەپ ساقلاپ، ھېيت نامىزىدىن كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلسا پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى بېرىش دېگەنلىك ئۇنى ھەقلىق بولغان كىشىگە ياكى ئۇنى توپلايدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىك. پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇنى توپلاپ تارقىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس ئورگانغا ياكى توپلاپ تارقىدىغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇپ بولغان كىشىدىن بۇ سەدىقە ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەگەر روزا ھېيت نامىزىدىن كېچىكىپ قالسا، پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**19. سوئال: بەزى كىشىلەر پىتىر سەدىقىسىنى يىراقتىكى پېقىرلارغا بېرىش ئۈچۈن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن، باشقا بىر ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ ھېيتتىن كېيىن ئەۋەتىدۇ. بۇ جائىزمۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى ئۆيىدىن چىقىرىپ باشقا بىر ئۆيدە ساقلاپ يېتىش ئۇنى ئادا قىلغانلىققا ياتمايدۇ. ئەگەر ئۇنى روزا ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى يوقسۇللارغا بېرىۋەتمىسە، پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**20. سوئال: پىتىر سەدىقىسى ياكى زاكاتنى يوللاردا، بازارلاردا، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا، قىزىل چىراقلاردا تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارغا بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: يۇقىرىقى جايلاردا تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان بايلاردۇر. ئۇلارنى يوقسۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات ياكى پىتىر سەدىقىسى ئادا تاپمايدۇ.

**22. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى سورىغانلارغا بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: سورىغانلار ئەگەر تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلار ئەمەس، بەلكى ئېھتىياج يۈزىسىدىن سورىغان تونۇش پېقىرلار بولسا، ئۇلارغا بەرسە بولىدۇ. ھەتتا، ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، يوقسۇل دەپ

پەرەز قىلىنسا، تىلەمچى بولمىسا، بەرسە ئادا تاپىدۇ.

**23. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئۆتمۈشتە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى يوقسۇللۇقتا بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالغانلىقتىن، بىراۋ ئۆزىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئۆزرىلىك سانىلاتتى. چۈنكى، ھەممە دېگۈدەك پېقىرچىلىقتا ئىدى. ئەمما، ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. كىشىلەر بېيىدى. شۇڭا، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

**24. سوئال: بىراۋنىڭ ئىككى دۆلەتتە ئىككى ئائىلىسى بولسا، بۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ھەر ئىككىسى ئۇچۇن ئۆزى تۇرغان دۆلەتتە بېرەمدۇ ياكى ھەر ئىككى ئائىلە ئۆز ئالدىغا بېرەمدۇ؟**

جاۋاب: ھەربىر ئائىلە پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى پېقىرلارغا بەرسە ئەۋزەل. ئەمما، پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولسا، ئىككى ئائىلىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بىر ئائىلىسى بار دۆلەتتە بەرسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىدۇر. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

**25. سوئال: بىراۋ باشقا شەھەردە ياشايدىغان بولۇپ، پىتىر سەدىقىسىنى ئۆز يۇرتىدىكى پېقىرلارغا بەرمەكچى بولسا، قايسى شەھەردىكى مىقدارنى ھېسابلايدۇ؟**

جاۋاب: بۇ مەسىلىدىمۇ پېقىرلارنىڭ مەنپەئىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بويىچە بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزى تۇرغان دۆلەتتىكى پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدىن ئاز بولسا، پېقىرلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغان دۆلەتتىكى مىقدارنى ھېسابقا ئالىدۇ.

**26. سوئال: بىراۋ ئىككى دۆلەتتە تۇرسا، پىتىر سەدىقىسىنى قايسى دۆلەتتە بېرىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇ كىشى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنىدە قايسى دۆلەتتە بولسا، پىتىر سەدىقىسىنىمۇ شۇ دۆلەتتە بېرىدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغان دۆلەت شۇ. ئەگەر پىتىر سەدىقىسىنى رامىزاننىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىلىرىدا بېرىۋەتكەن بولسا، بۇ باشقا مەسىلە. مەيلى قايسى دۆلەتتە بەرگەن بولسۇن، ئادا تاپقان بولىدۇ.

**27. سوئال: بىراۋنىڭ ئۈچ بالىسى بولۇپ، ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان ۋە باللىرى بار بولۇپ، ھەممىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا بىرگە ياشىغان ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى بىر خىل بولسا، ئاتىسى ھەممە باللىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان باللار ئۆزلىرىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزلىرى ئادا قىلىشى لازىم. ئەمما، ئۇلار ھەممىسى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ، تۇرمۇشى ئورتاق بولغانلىقتىن، ئاتىسى ھەممىسى ئۈچۈن بېرىۋەتسىمۇ ئادا تاپىدۇ. شۇنداقلا، باللار ئايرىم ئۆيدە مۇستەقىل ياشىغان بولسىمۇ، ئەگەر پېقىر بولسا، ئۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئاتىسى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن باللىرى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇش لازىم. بۇ نىيەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش بىر ئىبادەتتۇر. ئىبادەت نىيەتسىز قوبۇل بولمايدۇ.

**28. سوئال: بىراۋ پىتىر سەدىقىسىنى بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، سەدىقىنى ئالغان ئادەمدە پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن قولىدىكى شۇ سەدىقىدىن باشقا پۇل بولمىسا، پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن شۇ پۇلنى باشقىسىغا بەرسە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئەگەر ئۇ ئۆزى پېقىر بولسا، شۇنداق قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پېقىر بولغانلىقى سەۋەبلىك پىتىر سەدىقىسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرەي دېسە، باشقا پۇلى يوق. شۇڭا، ئۆزىگە بېرىلگەن پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرىگە بەرسە بولىدۇ. ئەمما، ئۇنى بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرسە ياخشى بولمايدۇ.

**29. سوئال: بىراۋ پېقىر بولمىسىمۇ بىرى ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسى بەرگەن بولسا، ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟**

جاۋاب: سەدىقىگە موھتاج بولمىغان ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن پىتىر سەدىقىسىنى ياكى زاكاتنى ئالماسلىقى لازىم. ئەگەر ئېلىپ قويغان بولسا، ئۇنى سەدىقىگە موھتاجلارغا بېرىۋېتىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئۆزى يوقسۇل بولمىغان ئىكەن، سەدىقە ئۇنىڭغا جائىز ئەمەس.

**30. سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە پىتىر سەدىقىسىنى ھەقلىق بولغانلارنى ئېنىقلاپ تېپىپ، شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سەدىقە بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ پىتىر سەدىقىسىنى بەرگەندىن كېيىن، سەدىقىنى ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، سەدىقە بەرگەن ۋاقىتتىكى سەدىقە ئالغۇچىنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن بەرگەن پىتىر سەدىقىسى جائىزدۇر. بۇنداق سەدىقە ئادا تاپىدۇ.

**31. سوئال: ئالدىنقى يىلنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بەرمىگەن ئادەم بۇ يىلقىسى بىلەن بىرگە بېرەمدۇ؟**

جاۋاب: ئالدىنقى يىلنىڭ بېرىلمىگەن پىتىر سەدىقىسى كىشىنىڭ گەردىنىدە قالغان بولىدۇ، ئۇنى چوقۇم بېرىشى لازىم. بۇ يىلقىسى بىلەن قوشۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ يىلقىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا، بۇ يىلقىسىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك. ئەمما، ئالدىنقى يىلنىڭكىسىنى قايسىبىر ۋاقىتتا بېرىۋەتسە بولىدۇ.

**32. پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېسىگە ئالغان ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقانلارنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت، پېقىرلارغا تائام بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇغان. ئۇنى روزى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بەرسە پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، نامازدىن كېيىن قالسا ئادەتتىكى سەدىقىغا ھېسابلىنىدۇ»[1].

بۇ ھەدىسكە بىنائەن، پىتىر سەدىقىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەدىقىنىڭ ساۋابىنى تاپقان بولىدۇ.

**33. سوئال: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشتا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىراۋنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن دۆلەتلەردە پىتىر سەدىقىسىنى كىشىلەردىن يىغىپ پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەخسۇس جەمئىيەتلەر بار، ھەتتا مەسجىدلەردىمۇ يىغىدىغان كومىتېتلەر بار. شۇلارغا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، پېقىرلارغا يەتكۈزۈپ بېرەمدۇ ياكى ئۆزلىرى يەپ كېتەمدۇ؟ بۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈپ ئاندىن بېرىش لازىم. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە، دىننى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ قويمىچىلىق قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

**34. سوئال: بىراۋ پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلغان بولۇپ، ۋەكىل بولغان ئادەم ئۇنى پېقىرلارغا يەتكۈزمىگەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ۋەكىل بولغان ئادەم ئىشەنچلىك، ئەقىل-ھوشى جايىدا كىشى بولسا، ئۇنىڭغا پىتىر سەدىقىسىنى تاپشۇرغان ئادەمدىن پەرز ساقىت بولىدۇ. گۇناھ ئۇنى

[1] ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

پېقىرلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەن ۋەكىلغا بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل كىچىك بالا ياكى ئەقىل-ھوشى جايىدا بولمىغان بىرى بولسا، بۇ ۋاقىتتا گۇناھ ۋەكىل قىلغان ئادەمگە بولىدۇ. بۇ كىشى پىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشى لازىم كېلىدۇ.

**35. پىتىر سەدىقىسى پېقىرغا بېرىلگۈچە ئارىلىقتا يوقاپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇ ۋاقىتتا پىتىر سەدىقىسىنى قايتا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ھەقلىق بولغان كىشىگە يەتمىگەن سەدىقە ياكى زاكات ھەرگىز ئادا تاپمايدۇ.

**36. سوئال: بىراۋ باشقا بىرىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى ئۇنىڭدىن سورىماي ۋە خەۋەردارمۇ قىلماي بېرىپ قويسا ئادا تاپامدۇ؟**

جاۋاب: ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى، پىتىر سەدىقىسىمۇ ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەر نىيەتسىز ئادا بولمايدۇ.

**37. سوئال: پىتىر سەدىقىسى ۋە زاكات بەلگىلەنگەن مىقداردىن كەم-زىيادە قىلىنسا ئادا بولامدۇ؟**

جاۋاب: بەلگىلەنگەن پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ئەڭ ئاز مىقدار بولۇپ، بۇ مىقدارلاردىن ئاز بېرىلسە قەتئىي ئادا بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قانچىلىك كۆپ بېرىلسە، شۇنچىلىك كۆپ ساۋاپ ۋە بەرىكەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىكىلىپ) 7 باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 تالدىن دان تۇتقان بىردانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ﴿ ساۋاپ ۋە بەرىكەت) بېرىدۇ»[1]. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «%2.5 زاكاتنىلا بېرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

**38. سوئال: ئاتا-ئانىسى باي ئەمما ئۆزى پېقىر كىشىگە پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئاتا-ئانىسى باي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم قالغان ياكى پايدىلىنالماي پېقىرلىقتا قالغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش جائىز. شۇنىڭدەك، پىتىر سەدىقىسىنى ئېرى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، موھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ بېرىش جائىزدۇر.

**39. سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى موھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش**

[1] سۈرە بەقەرە، 261-ئايەت.

جائىزمۇ؟

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىز. چۈنكى، مۇنداق كىشى بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي، ئەمما ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملىقى ئېتىبارى بىلەن پېقىر سانىلىدۇ.

**40. سوئال: پېتىر سەدىقىسى ئالغۇچىنىڭ تەقۋا، دىيانەتلىك كىشى بولۇشى شەرتمۇ؟**

جاۋاب: پېتىر سەدىقىسى ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشىنىڭ شەرتى مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەت. ئەمما، پېتىر سەدىقىسى ئالغۇچىنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئالغۇچىنىڭ ئالغان سەدىقىنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە ياكى تاماكا چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا پېتىر سەدىقىسى بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلىش گۇناھ-مەئسىيەتكە ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ.

# قازاقىستاندىكى مەرپەت يۈلتۇزلىرىمىزدىن بىرى ساقىدى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئانا ۋەتىنىمىزدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ھەر خىل سەرگۈزەشتىلىرى بار. ئۇلار قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە يىلتىز تارتىپ، شۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەر ساھە تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى، ئۇيغۇرغا خاس ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان جەڭگىۋار خەلقتۇر.

بىز 1995-يىلى قازاقىستانغا مۇئەللىم بولۇپ بارغان چېغىمىزدا، ئۇ جايدا ھېچكىمنى تونۇمايتتۇق. شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلار كۆپ يەرلەشكەن دۆلەتتە تۇرۇۋاتىمىز دەپ خۇشال ئىدۇق. بىز قازاقىستانغا بېرىپ، ساق 15 كۈندىن كېيىن، بىز ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە ئىككى نەپەر مويسىپىت ئۇيغۇر زىيارەتكە كەلگەن ئىكەن. ئەپسۇسكى، بىز مەكتەپتە يوق بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار بىز بىلەن كۆرۈشەلمەي ئادرېسىنى قالدۇرۇپ، بىزنىڭ چوقۇم زىيارەت قىلىشىمىزنى تاپىلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بىزنى مۇساپىرلىق كوچىلىرىدا، يوچۇن شەھەرلەردە بىرەر ئۇيغۇرنىڭ زىيارەت قىلىپ كېلىشى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ بىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالەمچە خۇشاللىققا تولغان ۋە ئۇلار بىلەن تېزرەك كۆرۈشسەك دەپ ئالدىرىغان ئىدۇق. دەل بىر ھەپتىدىن كېيىن دەم ئېلىش كۈنىدە بىز تۇرۇۋاتقان ئېسىك ناھىيەسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قىزىل غەيرەت يېزىسىغا باردۇق ۋە قالدۇرۇلغان ئادرېس بويىچە يولداش مۇھەممەد ئاكامنىڭ ئۆيىنى تاپتۇق. بىزنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرى يولداش مۇھەممەد ئاكا، يەنە بىرى قايىنازار يېزىسىدىكى ئوسمان قارى ئاكا ئىدى. بۇ ئىككى كىشى بالىلىقىدىن باشلاپ قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ، «ئېسىك ناھىيەسىدىكى قازاق-تۈرك ئىنستىتۇتىغا ئۇيغۇر بالىلار مۇئەللىم بولۇپ كەپتۇ، ئۇلارنى يوقلاپ كېلەيلى» دەپ بىزنى ئىزدىگەن ئىكەن.

يولداش ئاكا بىزنى «ۋەتەنىنىڭ ئەزىز تۇپرىقىنىڭ ھىدى بار بالىلىرىم» دەپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كونا تونۇشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق.

يولداش ئاكا بىزگە ئۆزىنىڭ ۋەتەندىكى چاغلىرىنى ۋە قازاقىستانغا چىققاندىن كېيىنكى ئۆتمۈشلىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە بىزنىڭ مۇساپىرلىق قىسسىمىزدىنمۇ خەۋەردار بولدى. مەن ساۋاقدىشىم ۋە دوستۇم ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھافىز بىلەن بىللە بارغان ئىدىم. شۇ كۈنى يولداش ئاكامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق. ئەتىسى يولداش ئاكا بىزنى قايىنازار يېزىسىغا ئاپىرىپ ئوسمان قارى ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈردى، شۇ كۈنى بىزنى يەنە ئالمۇتا شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئالمۇتا شەھىرىدە تونۇلغان يارمۇھەممەد قارى دېگەن كىشى بىلەن ئۇچراشتۇردى.

شۇ كۈندىن باشلاپ يولداش مۇھەممەد ئاكا بىلەن بولغان رىشتىمىز كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ، ئاتا-بالىدەكلا بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. مەن قازاقىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئالاقىمىز داۋاملاشتى، بىر-بىرىمىزنى زىيارەت قىلىپ تۇردۇق. يولداش مۇھەممەد ئاكا بىلەن بولغان بۇ رىشتىمىز ئارىدا ھېچقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، سەممىي مۇھەببەت ئارقىلىق تۇغقاندىن چارە، ھەتتا ئاتا-بالىدەكلا بولۇپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنىڭ بىر نەمۇنىسى ئىدى. بىز ئاتا-بالىلاردىن بولۇپ كەتكەن ئىدۇق.

يولداش مۇھەممەد ئاكا ھەقىقىي دىندارلىق بىلەن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۈلگىسىنى مۇجەسسەم قىلغان، دۇرۇسلۇقى، ھەققانىيلىقى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىلىم ئاشىقى ئىدى، ئۆزى ناھايىتى كەمتەر، تەكەللۇپسىز، مەرد، سېخى كىشى بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ئىلىم تالىپلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ۋەتەنگە ئائىت تارىخ، رومان دېگەندەك ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇيتتى، قانداقلا يەردە بىرەر يېڭى دىنىي ئەسەر چىقسا، يولداش مۇھەممەد ئاكا ئۇنى ئېلىشقا ئالدىرايتتى. يازلىق تەتىللەردە ئۆيىگە بارسام ئەڭ قىممەتلىك دەپ ساقلىغان ئەسەرلەرنى ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى. پېقىرنىڭ بىر قانچە ئەسىرىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ ھەقسىز تارقاتقان ئىدى. ئۇ يەنە «مەرىپەت» ژۇرنىلىمىزنىڭ قازاقىستاندا تارقىلىشىغا كۆپ ھەسسە قوشقان، ھەر سانىنى ئۆزى ئالاھىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ تارقاتقان ئىدى. ۋەتەن تۇغرۇلۇق تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆپ سۆزلەپ بېرەتتى، ھەتتا سادىر پالۋاننىڭ نادىر قوشاقلىرىنى توپلاپ چىقىپ «مەرىپەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان ئىدى.

مەن ئۆز ئاتامغا ئوخشاش سۆيگەن يولداش مۇھەممەد ئاكا 2020-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى (ھىجرىيە 1441-يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 13-كۈنى) 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن ساق ئون يىل بۇرۇن دەل مۇشۇ كۈنى يەنى 1431-يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 13-كۈنى مىنادا ھەج پائالىيىتىنى بىللە تۈگەتكەن ۋە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغان ئىدۇق. ئۆتكەن يىلدىن بېرى مېنى قازاقىستانغا كۈچلۈك دەۋەت قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۇچۇر يوللىغان، مېنى بارلىق

ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئېلىپ بېرىپ تەۋەررۈك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ماڭا ۋەدە قىلغان، ھەتتا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ، ماڭا: «قاچان كېلىسىز؟ سىزنى كۈتۈپ قالدىم» دەپ نەچچە قېتىم ئۇچۇر يوللىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يىل ھەجدىن كېيىن يوللار ئېچىلىپ قالسا چوقۇم بارىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئۈلگۈرەلمىدىم، بىزگە قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. مەن ئۆز ئاتامدىن ئايرىلغاندەكلا ھەسرەتتە قالدىم.

جانابى ئاللاھ تائالادىن يولداش مۇھەممەد ئاكىغا فىردەۋس جەننىتىدىن ئالىي ئورۇن بېرىشنى تىلەيمەن.

## قانداق قىلغاندا بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرگىلى بولىدۇ

كىتابتىن يىراقلىشىپ قالغان مىللەتنى كىتابنى سۆيىدىغان، كىتاب ئوقۇشتىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ئالىدىغان ۋە كىتابنى ئايرىلماس ھەمراھىم دەپ تونۇيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر ئەۋلادنىڭ ئالمىششى ۋە بۇ ئەۋلادنىڭ كىچىكىدىنلا كىتاب سۆيەرلەردىن قىلىپ تەربىيەلىنىشى شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلاردا دۇنيانى كىتابقا باغلاپ كۆزىتىدىغان روھ يېتىلىدۇ.

1976-يىلى 1-ئايدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 75 كىشى پارىژغا جەم بولغان. ئۇلارنىڭ بىرىدىن: سىز ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان نەرسىلەرنى قايسى ئالىي مەكتەپتە ۋە قايسى تەجرىبىخانىدا ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ سورالغىنىدا، چاچلىرى قاردەك ئاقارغان بۇ ئالىم: «بالىلار باغچىسىدا» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئاندىن ئۇنىڭدىن: «بالىلار باغچىسىدا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بىر قىسىم نەرسىلىرىمنى دوستلىرىمغا بېرىشنى، ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئالماسلىقنى، نەرسە-كېرەكلەرنى رەتلىك قويۇشنى، تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال قول يۇيۇشنى، خاتا ئىش قىلىپ قويغاندا ئەپۇ سوراشنى، قىسقىسى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ئۆگەندىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بۇ يەرگە جەم بولغان ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ چىققان.

بۇ قىسسە بىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئىشنى كىچىكىدىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى كىچىكىدىن باشلاپ ئادەتلىنىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر.

ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا كىتابنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى يېتىلدۈرمەيمىز؟ بۇ شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟

ياخشى كۆرۈش دېگەن تۇغما بولمايدۇ. ئۇ پەقەت تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ نەتىجىسى. ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى ئادەتلەرگە كۆندۈرۈشى ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر. بالىلاردا كىتابنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، دىن ۋە مىللەتنىڭ ئىشىغا يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. بالىلارنىڭ كۆزى ئەڭ دەسلەپ كىتابقا ئېچىلىشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ۋە كىتابقا زور ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى، بالىلار ھەر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆرنەك ئالىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ ئۆيدە ھەمىشە كىتاب ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى ۋە شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ كىتابنى سۆيىدىغان، كىتاب ئوقۇشنى كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ بىلىدىغان بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. قىسقىسى، ئاتا ـ ئانا كىتاب ئوقۇشتا بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

2. بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، كىتابتىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىشقا كۈندۈرۈش ئۇلارنىڭ ئالدىدا كىتابنى ئېچىپ، قىزىقارلىق ھېكايە ۋە قىسسىلەرنى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىشتىن باشلىنىدۇ. ئاندىن كىتابتىن چۈشەنگەنلىرىنى سوراش ۋە شەرھلەپ بېرىش، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنى ئوقۇتۇپ تىڭشاش كېلىدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزلىرى خالىغان كىتابلارنى ئۇلارغا زورلاپ تاڭماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇنداق قىلىش بالىلاردا ئەكس تەسىر قوزغاپ، ئۇلاردا كىتاب ئوقۇشقا قىزىقماسلىق، زېرىكىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بالىلارغا كىتابنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىشنىڭ بالىلارنىڭ ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە بولغان رىغبىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ھەر كۈنى بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ كىتاب ئوقۇپ بېرىشى زۆرۈر. خۇسۇسەن، كىچىك بالىلارغا ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقىتتا بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ كىتاب ئوقۇپ بېرىش لازىم. بۇنى ئاتا بىلەن ئانا ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۈزۈپ قويماسلىق لازىم.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكىتلىشىچە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كۈندىلىك ئويۇنلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرۇپ تىڭشايدىغان كىتابلىرىدىن ئازراقتىن ئوقۇپ بېرىشى لازىم. ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى ئۈزمەستىن كىتاپ ئوقۇپ بېرىش بالىلاردا كىتاب ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بالىلارغا ئۇلار 11 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بەك ياخشى كىتاب بولمىسىمۇ

ياكى ئوقۇپ بولغان كىتاب بولسىمۇ، بالىلار قىزىقسىلا ئوقۇپ بېرىش لازىم. باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا، باللار زېرىكىپ قالمىسىلا، ئاتا-ئانا چارچاپ قالسىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

4. باللارنىڭ ياتاق ئۆيلىرىدە ھەر خىل ھېكايە كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىش لازىم. باللار ئۇيقۇغا بارغان ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغىنىدا ھەمىشە كىتابلارنى كۆرۈپ تۇرسا، كىتابنى ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ھېس قىلىپ چوڭ بولىدۇ. نەتىجىدە، كىتابقا ۋە كىتاب ئوقۇشقا مۇھەببىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا، باللارغا ئۆيدە كىچىك بىر كۇتۇپخانا قىلىپ، ئۇنى چىرايلىق بېزەپ بېرىش كېرەك.

5. باللارنى كىتابخانىلارغا، كىتاب يەرمەنكىلىرىگە ئېلىپ بېرىش، ئۇلارغا كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ۋە تاللىغان كىتابلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم. باللار بىلەن كىتاب سېتىۋېلىشتا كىتابنىڭ شەكلى، رەسىملىرى ۋە رەڭگى چىرايلىق، جەلپ قىلارلىق بولغانلىرىنى تاللاش، ھەربىر كىتابنى تاللاشتا ئاپتورنىڭ، نەشىر قىلغان ئورۇننىڭ ئىسمىنى ئوقۇش، كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە ۋە بەزى بۆلۈملىرىگە تېز-تېز كۆز يۈگۈرتۈش، كىتابتا نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر. بۇ ئۇسۇل باللارغا كىتاب سېتىۋېلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ.

6. باللارغا ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارغا ئوقۇتىدىغان ھېكايە ۋە قىسسە كىتابلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يېشىغا مۇناسىپ، چۈشىنىشلىك ۋە تەربىيە خاراكتېرلىك كىتابلاردىن بولۇشى شەرت.

7. ھېيت-ئايەم، بايرام كۈنلىرى ۋە باللار دىپلوم ئالغان كۈنلەر ياكى قانداقلا بىر ئالاھىدە كۈنلەرنى پۇرسەت بىلىپ، باللارغا ئۇلار ياقتۇرىدىغان ۋە خوش بولىدىغان كىتابلارنى ھەدىيە قىلىش. مۇنداق قىلىش باللارغا كىتابنى سۆيدۈرىدۇ ۋە كىتابنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

8. باللارنىڭ ياتىقىغا ھەرگىز تېلېۋىزور قويۇپ بەرمەسلىك لازىم. بۇنداق قىلىش باللارنى كىتاب ئوقۇشتىن سوغۇتۇپ، تېلېۋىزور بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە كۆندۈرۈپ قويىدۇ.

9. ماشىنىدىن كىتاب ۋە ژۇرناللارنى ئايرىماسلىق، باللار بىلەن ئۇزۇنراق يول يۈرگەندە ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلىش ياخشى ئادەت بولۇپ، بۇ باللارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

10. باللار ئوتتۇرىسىدا ئايلىق ياكى ھەپتىلىك كىتاب ئوقۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئاي ياكى بىر ھەپتە ئىچىدە كىم كۆپ كىتاب ئوقۇغان بولسا، ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاش ئادىتىنى يولغا قويۇشمۇ باللارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

## قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزدە كىتاب ئوقۇش ھەۋىسى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار[1] «قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزدە كىتاب ئوقۇش ھەۋىسى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن بۇ يەردە يېتىلدۈرۈلگەن ھەۋەس — كىتاب ئۇقۇش ھەۋىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مىسال كەلتۈرمەكچىمەن.

كىشىلەر: ‹باشقىلار بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان چاغدا ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى ياكى نېمىگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. لېكىن، ئۇلارغا بوش ۋاقىت يارىتىپ بەرسىڭىز ياكى ئۇنى بىر ئىش ئۈچۈن ساقلاتسىڭىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى ۋە نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز› دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن توغرا بىر يەكۈن.

مەن خەلقئارالىق سەپەرلەردە ئايرۇپىلان ئالمىشىش ئۈچۈن تۆت-بەش سائەت ساقلاش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ نېمىگە بەكراق قىزىقىدىغانلىقى ياكى نېمىگە بەكراق ھەۋەس قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

مەن بىر قانچە قېتىملىق خەلقئارالىق سەپەرلىرىمدە ئايرۇپىلان ئالمىشىش ئۈچۈن ساقلاپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرگە دىققەت قىلىپ قالدىم. قارىسام، ياۋروپالىقلارنىڭ يېنىدا كىتاب ياكى قول كومپيۇتېر بولىدىكەن. ئۇلار زېرىكىشلىك ۋە ئىچ سىقىلىش بىلەن ئۆتىدىغان بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئۇقۇش ياكى قول كومپيۇتېردا بىر ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىكەن. ئەمما، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىكىلەر بولسا، ئورۇندۇقلاردا ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۇخلاش، چاي-قەھۋە ئىچىش، ئالدىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

---

[1] دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار، سۈرىيەلىك ئالىم، 1951-يىلى سۈرىيەنىڭ ھىمىس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىدا ئوقۇغان، ئىسلام تەربىيەسىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆرۈنەرلىك ئىسلامىي يازغۇچىلاردىن سانىلىدۇ، ھازىرغىچە بۇ ساھەدە 30دىن كۆپرەك كىتاب يازغان.

ھەقىقەتەن ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق تۇغما گېن پەرقى بولماستىن، بەلكى تەربىيە، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مۇھىت پەرقىدۇر.

ئەگەر كىچىك بالىلاردا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ياكى كىتاب ئۇقۇش ھەۋىسى يېتىلدۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، بۇنىڭ بىر قانچە يوللىرى بولۇپ، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم ئامىللارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن:

### *1. بالىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئائىلە*

بالىنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ دەسلەپكى 6 يېشىدىلا بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلاردا قىزىقىش ۋە ھەۋەسنىڭ يېتىلىشىدە ئاتا-ئانىلار ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇ قىزىقىشلاردىن بىرى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىدۇر. چۈنكى، ئاتا-ئانىلار، بالىلارنىڭ ئالدىدىكى تاللاشلاردىن بىرىنى تاللاپ بېرىدۇ. يەنى بالىلارنىڭ قەلبىنى رەسىم سىزىش ۋە كىتاب ئوقۇشقا مايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ ياكى بالىلارنىڭ ئەركىن-ئازادە كوچىلارغا چىقىپ ئوينىشى، پايدىسىز ئويۇنلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، بالىلاردا كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### *2. كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە*

كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە دېگەنلىك — تەربىيەلىك ياكى بىلىملىك ئائىلە دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەزالىرى ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىلە دېگەنلىك بولۇپ، ئۆيدىكى بالا بىر تەرەپكە قارىسا، دادىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى؛ يەنە بىر تەرەپكە قارىسا، ئۈكىسىنىڭ رەسىم سىزىۋاتقانلىقىنى؛ يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ئانىسىنىڭ مەكتەپنىڭ دەرسىنى چۈشەنمىگەن قېرىندىشىغا دەرس چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان ئائىلە دېمەكتۇر.

بالىنىڭ ئۆيدە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى كۆرۈپ يېتىلىشى بالىنىڭ قەلبىدە كىتاب، قەغەز-قەلەم بىلەن ئۆتكەن ھايات ھەقىقىي ھايات ئىكەن، دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر ئاتا-ئانىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كىچىك بالىلاردىكى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا،

كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى كىتابقا قىزىقمايدىغان يۈزدە 82% بالىلار ئەسلىدە، ئاتا-ئانىلىرى تەرىپىدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇلمىغان بالىلار ئىكەن.

شۇنىسى بىر ھەقىقەتكى، بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش كىتاب ئوقۇشقا ھەيدەش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىكلەر چوڭلارغا ئەگىشىدىغان شەرت-شارائىت ھازىرلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاتا-ئانىلار كىتاب ئوقۇمايدىكەنمىز، بالىلىرىمىزمۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشىمىز مۇمكىن.

### *3. ئائىلە كۇتۇپخانىسى*

غەربلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسىڭىز، كۆپىنچىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە كۇتۇپخانا كۆرىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەرب ئەللىرىنىڭ بالىلىرى كىتابقا ۋە كىتاب ئوقۇيدىغان شەخسلەرگە كۆنۈك ياكى ئادەتلەنگەن ھالدا چوڭ بولىدۇ.

ئەمما، بىزنىڭ كۆپىنچىمىزنىڭ ئۆيلىرى كۇتۇپخانىدىن خالىي، بەزى ئۆيلەردە كۇتۇپخانا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كىتابلار ئوقۇش پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇزىيغا ئوخشاش زىننەت ئۈچۈن تىزىلغان.

ئەمەلىيەتتە بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى، ھەربىر ئائىلىدە چوڭ-كىچىك پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ماس كېلىدىغان، ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېغىشلايدىغان بىر كۇتۇپخانا بولۇشى ۋە ئۇ كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلىرى پات-پات يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدۇر.

### *4. بالىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىشنى كونترول قىلىش*

تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، تېلېفون، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، زېھنىنىڭ كۆپرەكىنى يوقىلاڭ پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلىقى نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ بالىلارنىڭ مۇستەھكەم تەربىيەلىنىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

شۇڭا، ئاتا-ئانىلار، كىتاب بىلەن ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ رىقابەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، كىتاب بىلەن ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر رىقابەتكە چۈشۈپ قالسا، چوقۇمكى كىتاب مەغلۇب بولىدۇ. كىتابنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر ئالدىدا مەغلۇپ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئىنتېرنېت ۋە تېلېۋىزور ئالدىدا ھەر كۈنى بىر، ئىككى سائەتتىن زىيادە ئولتۇرۇشىغا يول قويماسلىقى لازىم.

شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلىرىمىز چوڭ ۋە تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇشقا يۈزلىنىپ، ئاستا-ئاستا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق كۆڭلى ئېچىلىدىغان؛ كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق قەلبى ھوزۇر تېپىپ، كىتابنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

بىز ئاتا-ئانىلار قاچانكى، بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلەش ۋەزىپىمىزنى تولۇق ئادا قىلىدىكەنمىز؛ ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە كىيىم-كېچىكى قانداق مۇھىم بولسا، روھىي ئوزۇقىنىڭمۇ شۇنداق مۇھىملىقىنى بىلىدىكەنمىز؛ بالىلىرىمىزدا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھاسىل بولۇپ، ياراملىق ئادەم بولۇشىنىڭ تۈنجى قەدەملىرى بېسىلغان بولىدۇ».

# قانداق قىلغاندا پەرزەنتلەردە ۋەتەن سۆيگۈسى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ

ھەممە بىلىدىغان ھەقىقەت شۇكى، تەربىيە ئەسلىدە ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئالغان تەربىيەسى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تەربىيەدۇر. يەنە شۇ ھەقىقەتنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەرقانداق ئادەم «پەرزەنتلىرىمنى ياخشى تەربىيەلەيمەن» دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيەلىشى شەرت. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەردە ۋەتەنپەۋەرلىك روھى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئاپئاق قەلبىگە ۋەتەن سۆيگۈسىنى سىڭدۈرۈش ئالدى بىلەن بىزلەرنىڭ ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋەتەندە بىخەتەر ياشىغان بولسىمۇ، چەتئەللەرگە چىققاندىن كېيىن ۋەتەن سۆيگۈسى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى قانچىلىك دېگەنلەرنى چۈشەنمىگەن ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك؟ بىز ئەجدادلىرىمىزدىن باشلاپ ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلمەي ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمدىلىكتە ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن، ۋەتەن قەدرىنى بىلىشكە باشلاۋاتىمىز.

ئەپسۇسكى، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىم پەرز ئىكەنلىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىلمەي كەلدى. بۇ تېما مەدرىسە دەرسلىكلىرىدىنمۇ ئورۇن ئالالماي كەلدى. مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ۋە ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كېيىنكى بىر قانچە يۈز يىل ئىچىدە ئىسلام دىيارلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، بايلىقلىرى تالان-تاراج قىلىندى، ئۆزلىرى خارلاندى. ھازىرمۇ نۇرغۇنلىرى مۇستەملىكىدە، يەنە كۆپلىرى بېقىندىلىق ھاياتتا ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قوغداشنىڭ دىننى قوغداشقا ئوخشاشلا زۆرۈر مەجبۇرىيەت، بەلكى دىننى قوغداشنىڭ قالقىنى ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل ۋەتەن بولمىسا، دىننىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى ۋە چۈشەندۈرۈلمىدى. بۇنىڭدا ئەڭ ئارقىدا قالغان ۋە ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان خەلق شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولدى. چۈنكى،

شەرقىي تۈركىستانغا ئىسلام دىنى كىرگىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، دىنىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكى، مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پرىنسىپ ۋە تەلىماتلار خەلقىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن، ئۆگىتىلمىگەن، مەكتەپ-مەدرىسەلىرىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە دەرسلىك بولمىغان، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ۋەز-تەبلىغلىرىدىمۇ مۇنداق بىر تېمىغا ئورۇن بېرىلمىگەن. نەتىجىدە، خەلقىمىز دىنىمىزنىڭ ئەمەل-ئىبادەت قىسمىنىلا ئۆگىنىپ، دىنىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۇتقۇسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا، بىزدە ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش ئېڭى يېتىلمەي كەلگەن. ھازىر دۇنيا ئۆزگەردى. بىز چوڭ بىلىدىغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە يېقىنقى يىللارغا قەدەر ۋەتەن سۆيگۈسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇستەقىللىق بايرىمى، جۇمھۇرىيەت بايرىمى دېگەنلەر بىدئەت قاتارىدىن سانىلاتتى. ھازىرقى پەيتتە، ئۇلارنىڭمۇ پىكرى ئۆزگەردى، توغرىسى ئۇلار دىنىنىڭ روھىنى چۈشەندى. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دۆلەت قۇرۇلغان كۈن مىللىي بايرام سۈپىتىدە ناھايىتى ھەشەمەتلىك تەبرىكلىنىدىغان، ھەممە جاي بايراق بىلەن توشۇپ كېتىدىغان، ئىنسانلار ھاياجان بىلەن بايرام تەبرىكلەيدىغان، دۆلەت رەسمىي دەم ئېلىش ئېلان قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆگىنىشى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تۇرغۇزۇشى، ۋەتەن ئۈچۈن قىممەتلىك ھەر نەرسىنى تەقدىم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشى پەرزەنتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدۇر. شۇڭا، ئانا ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتكەن ھەربىر ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قەلبىگە نەقىش قىلىشى، ئائىلىسىدە ۋەتەنگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆپرەك ئوقۇشى، ۋەتەننىڭ تارىخىنى ئوبدان ئۆگىنىشى ۋە پەرزەنتلىرىگە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

## مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىكى ئۆزگىرىشى لازىم

تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مەدرىسەلەر، قۇرئان كۇرسلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەرسلىك پروگراممىسىغا ئۇيغۇر تىلى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشى ۋە بۇلارنى ئۆگىتىشنىڭ

ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بىلدۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدىكى ئۇستازلار ئىدىيەسىنى ۋەتەندىكى قاراڭغۇ ھالەتتىن ئازاد قىلىشى ۋە بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، مەيلى تۈركىيەدە بولسۇن، ياكى ياۋروپادا بولسۇن، ئاۋستىرالىيە ياكى ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسۇن، شۇ جايلاردا ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىگە قارىغاندا، ھەر جەھەتتىن ئىلغار ھەم مۇكەممەل ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ناۋادا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېچىلغان بۇ مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدا دىنىي دەرسلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن ھەر ساھە ئالىملار، قوماندانلار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىقلار ئوقۇتۇلمىسا، بۇ مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىنى ئاچقاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىمىز نەدە؟ ئەگەر ئۇيغۇرلار ئاچقان مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدا بۇ دەرسلىكلەر ئوقۇتۇلمىسا، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئاچقان مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدا ئوقۇغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەدرىسەلىرى تېخىمۇ سىستېمىلىق ۋە تەجرىبىلىك.

# قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايسىز

نىيىتىڭىز ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشىڭىز ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولىدىكەن، سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىبادەت — ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ياشاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشاش سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئومۇمىي ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى، «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئىنسانىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

347

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «العبودية» ناملىق ئەسىرىدە ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز ۋە ئوي-پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج-ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارغا ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، بالا-

---

[1] دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

قازالارغا سەۋر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلار»[1].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بارلىق ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[2]. ئۇ يەنە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالإِنْسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُوْنَ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[3]دېگەن.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ﴿وَاعْبُدُو اللهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر»[4] دېيىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پرىنسىپ ئىدى.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت ھەرگىز بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى قىلىنغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى: «ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

«تەپسىرى سەئدى»دە: «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىبادەتتۇر» دەپ كەلگەن.

«تەپسىر قۇرتۇبىي»دە: «بۇ يەردىكى ئىبادەتتىن مەقسەت ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر» دەپ تەپسىر قىلىنغان.

«ئەيسەرۇتتەفاسىر»دا: «بۇ ئايەتتىكى ئىبادەتتىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش



[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» ناملىق ئەسىرى، 2 - بەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 21 ئايەت.

[3] سۈرە زارىيات، 56 - 57 - ئايەتلەر.

[4] سۈرە ئەئراف، 59 - ئايەت.

بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىدىن سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمدى، «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرسۇن دەپ ياراتقان، شۇڭا، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھايات تەرزىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇدۇللاشقا، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ تەلەپ قىلغاندەك ياشاشقا يارىتىلغان» دەپ تەپسىر قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئايان بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى چۈشۈرگەن قانۇن - پىرىنسىپ بويىچە ياشىسۇن، دەپ ياراتقان. شۇنداق ياشىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

كىمكى ھاياتىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەت، ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت بولۇپ يېزىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى، بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەرگىلا قارىتىپ قويىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتىكى يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز. بۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر بىزنىڭ ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش يولىمىزدىكى مەنىۋى غىزالاردۇر. بىزنىڭ يەر يۈزىدىكى بۇ چەكلىك ھاياتىمىز ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش يولىدىكى ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە يولغا چىققان يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى يولنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدا ماي قاچىلاپ مېڭىشقا موھتاج بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق پەرزلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى غىزاسىنى تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى شوپۇرىنىڭ غايىسى يولدا ماي قاچىلاش ئەمەس، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى نىشانغا يېتىش بولغاندەك، ئاللاھ يولىدا كېتىپ بارغان بىر مۇئمىننىڭ غايىسىمۇ شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارغۇچە داۋام قىلىدىغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىمەك كەم-زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىبادەت — ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىرەر زاۋۇت ياسىماقچى بولغان ئىنژېنېر زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئەمەس، بەلكى زاۋۇتنىڭ ھەمىشە ئىشلەپچىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى ئۇچۇش ئۈچۈن ھەر زامان تەييار بولۇش بىلەن، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى يېزىش ئۈچۈن ھەمىشە ھازىر بولۇش بىلەن بولغاندەك، ئىنساننىڭ ئەمەل-ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يارامىلىق بولۇپ قوبۇل بولۇشىمۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىنىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. پۇل باسىدىغان زاۋۇت قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغاندەك، ئىنساننىڭ نىيىتى دۇرۇس بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ»[1].

## ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ، بۇ ئىككى شەرت تولۇق تېپىلمىغان ھەرقانداق ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل بولمايدۇ. بۇ ئىككى شەرت:

1. ئەمەل-ئىبادەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىش. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بىلەن بىرگە دۇنيالىق مەنپەئەت ياكى يۈز-ئابرۇي تېپىش كۆزلەنگەن ھەرقانداق ئىبادەت بىكاردۇر.

2. ئەمەل-ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەت بىكاردۇر.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن شۇ نەتىجىنى چىقىرىمىزكى، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان، نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولغان ئادەم مەيلى دۇنيالىق

[1] ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ياكى ئاخىرەتلىك قانداقلا بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىدىكەن، ئۇ نەدە بولسا بولسۇن ۋە نېمە ئىش قىلغان بولسۇن ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

## ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى

ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى تۆۋەندىكىچە:

### *1. نىيەت*

نىيەت ــــ ئادەمنىڭ كۆڭۈل قېتىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇنى مەلۇم بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىتىدىغان ئوي-پىكىردىن ئىبارەتتۇر. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قوبۇل بولىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل-ئىبادەتلەر قىلغۇچىسىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قىلغۇچىسىغا قەدىر-قىممەت ياكى ئەكسىچە ئەھۋال ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلسىز قۇرۇق نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، نىيەتسىز ئەمەلمۇ پايدىسىزدۇر. ئىنساننىڭ يېيىش-ئىچىشى، ئۇخلاپ دەم ئېلىشى، شۇنداقلا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرنىڭ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىڭلاردا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» دېگەندە، ساھابىلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاپ بولامدۇ؟» دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھارام ئىش بىلەن قاندۇرساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمامدۇ؟» دېگەن. ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ» دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، شەھۋىتىڭلارنى نىكاھلىق ئاياللىڭلار ئارقىلىق قاندۇرساڭلار، سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ»[1] دېگەن.

نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدىغان بىردىنبىر سېھىرلىك نەرسىدۇر. فەقىھلەر (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى)نىڭ قارىشىچە، نىيەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن، ھالالدىن رىزىقلىنىش ۋە بالىلىرىنى ھالال لوقما بىلەن بېقىش يولىدا تىرىكچىلىك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەنھەرىكەت قىلىش

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «إِنَّمَا الأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى» يەنى «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[1].

## 2. تەقۋالىق

تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىكتۇر. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىيئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش، ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. تەقۋا سۆزىنىڭ ئىستېمال مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈشتۇر.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەي ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭغان ئىدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭغان ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەي ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[2] دېگەن. يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان-زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچان بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ».

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ ئىخچام مەنىسى — ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ۋە ھەر ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، مەسئۇلىيەتچانلىق — قىلىشقا تېگىشلىكنى ۋاقتىدا قىلىش، قىلماسلىققا تېگىشلىكنى قىلماسلىقتۇر. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ۋىجدانى راھەت، كېلەچىكى كاپالەتلىك بولىدۇ. خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ»

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] «تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 1-توم، 28-بەت.

دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەيىبكار بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر-بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى ماختاپ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تۈزاق قۇرۇشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان[1]. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان.



### 3. گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق — ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، سۆيگۈ-ۋاپالىق، ئىمان-ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆيۈمچان، قوشنىلىرىغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزگە ئىشىنىش، ئۆزگە تايىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەخلاقى گۈزەل ئادەم ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللىرى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «قىيامەت كۈنى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىر كېلىدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، دۇرۇسلۇقنى، توغرىلىقنى، ھەققانىيلىقنى ۋە ئادالەتنى ھايات مىزانى قىلىپ ياشىغان مۇسۇلماننىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ھايات تەرزىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇدۇللاپ ئىش كۆرىدۇ، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدۇ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، ئاجىز ـ ئۇرۇقلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق جان ئىگىسىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توغرا نىيەت، تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دۇرۇسلۇق ۋە توغرىلىق دېگەن ئىككى سۆزگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ. دۇرۇسلۇق بىلەن توغرىلىق ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھايات بىر پويىز بولسا، توغرىلىق بىلەن دۇرۇسلۇق رېلىسقا ئوخشايدۇ. پويىز رېلىستا ماڭسا، مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ؛ ئەگەر رېلىستىن چىقىپ كەتسە، ھالاك بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، سىز دۇرۇسلۇقتىن ۋە توغرىلىقتىن قەتئىي ئايرىلماڭ، ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولسۇن!

[1] ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

# قۇرئان كەرىمدىكى «مۇئمىنلەر» سۆزى بىلەن «ئىمان ئېيتقانلار» سۆزىنىڭ پەرقى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئايەت ۋە ھەربىر سۆز ناھايىتى ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. مەن بۇ يەردە بىرلا سۆز ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿الذين آمنوا﴾ دېگەن سۆز بىلەن ﴿المؤمنون﴾ دېگەن سۆز گەرچە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنغان بارلىق مەسىلىلەرگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى سۆز بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. ئاۋۋالقىسىنى كېيىنكىسىگە يېتىش يولىدىكى باسقۇچ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ماختىغان ياكى غەلىبە ۋەدە قىلغان ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە «المؤمنون» يەنى (مۇئمىنلەر) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن، ئەمما بىرەر ئىشقا ئەمر قىلىشتا ياكى بىرەر ئىشتىن توسۇشتا «يا أيها الذين آمنوا» يەنى (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) دەپ خىتاب قىلغان.

355

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ﴾ [سۈرە مۇئمىنۇن، 1-ئايەت]

﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ [سۈرە رۇم، 47-ئايەت]

﴿وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 139-ئايەت]

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ وَإِذَا كَانُوا مَعَهُ عَلَى أَمْرٍ جَامِعٍ لَمْ يَذْهَبُوا حَتَّى يَسْتَأْذِنُوهُ﴾ [سۈرە نۇر، 62-ئايەت]

﴿هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا﴾ [سۈرە ئەھزاب، 11-ئايەت]

﴿وَلَمَّا رَأَى الْمُؤْمِنُونَ الْأَحْزَابَ قَالُوا هَذَا مَا وَعَدَنَا اللهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا﴾ [سۈرە ئەھزاب، 22-ئايەت]

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ [سۈرە ھۇجۇرات، 10-ئايەت]

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آَمَنُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ [سۈرە ھۇجۇرات، 15 ـ ئايەت]

«قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿يا أيهالذين آمنوا﴾ دېگەن ئايەت «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، گەرچە ئىمان ئېيتقانلىق مۇئمىن بولغانلىق ۋە ئىمان ئېيتقانلار «مۇئمىنلەر» قاتارىدىن بولسىمۇ، بۇ ئايەتنى «ئى مۇئمىنلەر!» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن چاقىرىقتىن كۆتۈلگەن مەقسەت ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدىكەن. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىلگە ھەم ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئۇسۇللار بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئويغا سالىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدىغان يېگانە كىتابتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بىرەر ئىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ياكى بىرەر يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن خىتاب قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىمانىنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى دەرھال ئورۇنداشنى، توسقاندىن دەرھال يېنىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا: «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دەپ سۆز قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا اتَّقُوا اللهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار»[1]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا لَا تَأْكُلُوا الرِّبَا أَضْعَافًا مُضَاعَفَةً﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار»[2]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللهِ عَلَيْكُمْ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار»[3] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە، مۇسۇلمانلارغا بىرلا جايدا «ئى مۇئمىنلەر!»[4] دەپ نىدا قىلغان، ئەمما 89 ئورۇندا «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دەپ نىدا قىلغان، «ئىمان ئېيتقانلار» دېگەن سۆز 254 قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسا، «مۇئمىنلەر» دېگەن سۆز 86 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.



---

[1] سۈرە ئەھزاب، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 130 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئەھزاب، 9 ـ ئايەت.

[4] نۇر سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە «ئى مۆمىنلەر! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار تەۋبە قىلىڭلار» دەپ كەلگەن.

# قورقۇنچنى يېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ يەنى «مۇئمىنلەر (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: ‹شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار› دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: ‹بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!› دېدى»[1].

خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. خاتىرجەملىك بولغاندىلا ئەمەل-ئىبادەتلەرنى كۆڭۈللۈك قىلغىلى، ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ غېمىنى يېگىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ نېمەتنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لِإِيلَافِ قُرَيْشٍ. إِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ. فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ. الَّذِي أَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ﴾ يەنى «قۇرەيشلەر قوغدالغانلىقى-قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقى (غا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش) ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان بۇ ئۆي (كەئبە)نىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇن!»[2]

قورقۇش ئىنساندىكى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بار. مەسىلەن، ئىنسانلار بىرەر ئىشقا بەل باغلاشتىن قورقىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، ئاغرىق-سىلاقتىن قورقىدۇ، ئوغرى-يالغاندىن قورقىدۇ، يۈز-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە ياكى پەرزەنتلىرىگە زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

قورقۇنچ بىلەن بەخت-سائادەت بىرلەشمەيدۇ.

ئىنساننىڭ بەخت-سائادەت ھېس قىلىشى كۆڭلىنىڭ قورقۇنچ ۋە غەم-

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 173 بەت.

[2] سۈرە قۇرەيش.

قايغۇلاردىن خاتىرجەم بولۇشىغا باغلىقتۇر. قورقۇنچتىن خالاس بولۇشنىڭ يولى قورقۇنچنى يېڭىشتۇر. قورقۇنچنى يېڭىشنىڭ يولى شىجائەت ۋە جۈرئەتتۇر.

بىر كۈنى ئۇسساپ كەتكەن بىر ئىت دەريا قىرغىقىغا كېلىپ سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئېڭىشكەندە، سۇدا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە قورقۇپ كېتىپ، سۇ ئىچەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئىت قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن بولغاچقا، يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولىدۇ-يۇ، يەنىلا قورقۇپ سۇ ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ. ناھايەت، ئىت غەيرەتكە كېلىپ، قورقۇنچىسىنى يېڭىشقا بەل باغلايدۇ ۋە دەرياغا سەكرەيدۇ. سۇ ئۇستىدە ئىتنى قورقۇتقان سۈرەت بولسا، كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

ئارىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى خىيالىي نەرسىلەرنىڭ قورقۇنچىسى ئاستىغا قويۇۋالىدۇ، ھاياتىنى يوق بىر قورقۇنچلارغا ۋە شۈبھىلەرگە باغلىۋالىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بالىلىق چېغىدا قوبۇل قىلىۋالغان سەلبىي قانائەت بويىچە قورقۇنچ ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە ياشايدۇ.

سىز بىرەر ئىشنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئويلىنىڭ، ئۆزىڭىز ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ، ئىستىخارە سېلىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشقا بەل باغلىغان ئىكەنسىز ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ، ئىچىڭىزدىن كېلىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلارغا قۇلاق سالماڭ، ئارقىغا قارىماڭ، بەل باغلىغان ئىشقا باتۇرلارچە يۈزلىنىڭ.

قورقۇنچنى يېڭىش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكى ئىشتۇر. قورقۇنچنى يېڭەي دېسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە قورقۇنچلارغا قەتئىي ئورۇن بەرمەڭ، شىجائەت بىلەن ئالدىڭىزغا ئىلگىرىلەڭ. قورقۇنچلىرىڭىزنى قۇملارنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇڭكى، شاماللار ئۇنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتسۇن. سىزنى قورقىتىدىغانلاردىن ۋە يولىڭىزغا شەك-شۈبھە تاشلىرىنى ئاتىدىغانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇزۇنغا قالمايلا، سىز قورقۇنچ دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ پەقەتلا ۋەھىمە ۋە خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز. ئۇنتۇماڭكى، پارلاق كېلەچەك ئىشەنچ ۋە جۈرئەت بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرغانلارغا خاستۇر.

# ياشاش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش كېرەك

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى زامانىنىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشقان ھالدا قايسى زاماندا ياشىسا، شۇ زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار قورallىرى بىلەن قوراللىنىشقا بۇيرۇغان، ھەتتا ئۇرۇشتا دۈشمەن تەرەپ بىلەن قورال كۈچىدە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بولۇشنى ئۇرۇشنىڭ پرىنسىپى قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇ پرىنسىپ ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ يەنى «دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار»[1] دېگەن ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى دۈشمەن تەرەپتە قانداق زامانىۋى قورال بولسا، سىلەردىمۇ شۇنىڭدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى تېپتىكى قوراللار بولسۇن دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە چىداملىق مۇئمىنلەر گەرچە سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ دۈشمەننى يېڭىپ چۈشىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِئَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ . الْآنَ خَفَّفَ اللهُ عَنْكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِئَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوا أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللهِ وَاللهُ مَعَ الصَّابِرِينَ. كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللهِ وَاللهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدىغان قەۋمدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمدى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈز كىشىنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن (ئۇلاردىن) ئىككى مىڭ كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر» [2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. ئەمما، ھېچبىر ئايەتتە ئاجىز مۇئمىنلەر كۈچلۈك كاپىرلارنى يېڭىپ چۈشىدۇ دېمىگەن. بۇنىڭدىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، مۇسۇلمانلار زامانىنىڭ تەلىپىگە



[1] سۈرە ئەنفال، 60 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 65 ـ 66 ئايەتلەر.

ماسلىشىپ كۆچلىنىشى ۋە زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار تېپتىكى قوراللىرىغا ئىگە بولۇشى لازىم. قورال جەھەتتە دۈشمەن تەرەپ بىلەن تەڭ بولغاندىن كېيىن، سان جەھەتتىكى ئازلىق چوڭ مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سانى ئاز بولسىمۇ، چىدامچانلىق كۆرسەتكەندىغان، ئىرادىلىك مۆئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ. ئەمما، زامانغا لايىق قورال كۈچى ھازىرلىماي تۇرۇپ، «ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيىتى بىلەن زىتلاشقانلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[1] دەيدىغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى بېكىتتۈەتكەن. ئاللاھ تائالا بۇ قانۇنىيەتنى ھېچكىمگە ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ. ئىشلىگەن ۋە تىرىشقان ئادەم كىم بولسا بولسۇن، قايسى دىندا بولسا بولسۇن، ئۇ چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشىدۇ؛ ئىشلىمىگەن ۋە تىرىشمىغان ئادەم ھەرقانچە تەقۋادار مۆئمىن بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ دۇنيادا نەتىجە قازىنالمايدۇ.



[1] نەجم سۈرىسى، 39 - ئايەت.

# قۇرئان كەرىمگە قايتىش

## (1)

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھەرقانداق مەسىلىسى قۇرئان كەرىمگە قايتىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈش بىلەنلا ھەل بولىدىغانلىقىغا ھەربىر مۇسۇلمان قايىل. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق بەختسىزلىك قۇرئاننىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن بولىدىغانلىقىغىمۇ ھەممە قايىلدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوا أَنْ تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار»[1].

### *بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى*

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ زاكىتىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ۋەلىدنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ. ئەمما، ۋەلىد يولدا كېتىۋېتىپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزى بىلەن بۇ قەبىلە ئارىسىدا بولغان ئاداۋىتىنى ئويلايدۇ. شەيتان ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇنى يامان ئويغا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلانغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېتىدۇ. ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، يالغاندىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنى زاكات بېرىشتىن باش تارتتى دەپ چېقىشتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىدۇ. شۇ ئارىدا بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ۋەلىدنىڭ يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 6-ئايەت.

«يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىنىڭ بىزدىن زاكات يىغىشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلانغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنىڭ يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزلىرىگە ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بىرەيلى دەپ كەلدۇق» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر! دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدىغان، يالغان ئېيتىشتىن قورقمايدىغان ئادەملەردىن بىرەرسى سىلەرگە خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئاۋۋال ئۇ خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بۇ سىلەرنىڭ خاتالىقلارغا يول قويماسلىقىڭلار ۋە يالغانغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىرەر قەۋم ياكى جامائەگە ۋە ياكى بىرەر شەخسكە زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقىڭلار ۋە بۇ سەۋەبلىك پۇشايماندا قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. بىر قېتىملىق يالغان تۆپەيلىدىن قانچىلىغان يېقىن دوستلارنىڭ دۈشمەنلىشىپ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى، قانچىلىغان ئىناق ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ۋە قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قۇرۇق تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ يالغان خەۋەرگە ئېنىقلىماستىن ئىشىنىپ كېتىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن پالاكەتلىرى بار.

يالغانچى ئادەم — پاسىق، گۇناھكار ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش چوڭ خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغانچىلىقنى سۆكۈپ، راستچىللىقنى ماختاپ: «عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ، فَإِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ، وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَصْدُقُ وَيَتَحَرَّى الصِّدْقَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ صِدِّيقًا، وَإِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ، فَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرَّى الْكَذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ كَذَّابًا» يەنى «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلسا ۋە راستچىللاردىن بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر ھەرقانداق يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[2] دېگەن.

[1] ۋاھىدىي: «أسباب نزول القرآن»، 1 - توم، 407 - بەت.

[2] سەھىھ مۇسلىم، 4 - توم، 2013 - بەت، 2607 - ھەدىس؛ سەھىھۇل بۇخارىي، 8 - توم، 25 - بەت، 6094 - ھەدىس.

ھەرقانداق خەۋەرگە راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئىشىنىپ كېتىش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بەندىلىرىگە خەۋەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئېنىقلىماي تۇرۇپ، بىرەر خەۋەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلماسلىقنى، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## (2) يوقسۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ئىستىغفار ئېيتىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش كەڭ رىزىق ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ؛ قىيىنچىلىقلاردىن خالاس بولۇشنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوْتُ قَوْمِي لَيْلًا وَنَهَارًا (5) فَلَمْ يَزِدْهُمْ دُعَائِي إِلَّا فِرَارًا (6) وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوْتُهُمْ لِتَغْفِرَ لَهُمْ جَعَلُوا أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ وَاسْتَغْشَوْا ثِيَابَهُمْ وَأَصَرُّوا وَاسْتَكْبَرُوا اسْتِكْبَارًا (7) ثُمَّ إِنِّي دَعَوْتُهُمْ جِهَارًا (8) ثُمَّ إِنِّي أَعْلَنْتُ لَهُمْ وَأَسْرَرْتُ لَهُمْ إِسْرَارًا (9) فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا (10) يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا (11) وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا (12)﴾ «نۇھ يەنە ئېيتتى: ‹ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە-كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرۇۋالدى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى. ئاندىن مەن ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازدا دەۋەت قىلدىم. ئاندىن مەن ئۇلارنى ئاشكارىمۇ دەۋەت قىلدىم، ھەمدە يوشۇرۇنمۇ دەۋەت قىلدىم. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال-مۈلكىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ› »[1].

ئىستىغفار — ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەش دېمەكتۇر.

تەۋبە — گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرا يولغا قايتىش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە نۇھ، 5 – 12 ئايەت.

«ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزگە ۋەزىپە قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم-قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋبىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، مەن ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن كۆپرەك ئىستىغفار ئېيتىمەن ۋە كەچۈرۈلۈشىمنى تىلەپ تەۋبە قىلىمەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەييىدۇلئىستىغفار (ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى) شۇكى، أَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سىغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[3].



## (3) سوراپ ئۆگىنىش

شەكسىزكى، نادانلىقنىڭ دورىسى سوراپ ئۆگىنىشتۇر. بىلمىگەننى سوراش پەزىلەت، بىلمىگەننى سوراشتىن نومۇس قىلىش ئەيىب ۋە تەكەببۇرلۇقتۇر. تەكەببۇرلۇق گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىلمىسەڭلار، بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار﴾[4].

سوراپ ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلىپ، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى يېرىم ياتا قىلىش، دىننى توغرا چۈشەنمەسلىك كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلاردا ئومۇملاشقان بىر ئىللەت بولۇپ، بۇ ئىللەت بىز ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ ئېغىر. ھازىرقى ئۈچۇر دەۋرىدە «ئۆگىنىشنىڭ ۋە بىلىشنىڭ چارىسىنى قىلالمىدىم» دېيىش يالغانچىلىقتۇر. چۈنكى،

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] سۈرە نەھل، 43-ئايەت.

ئۆگىنەي ۋە بىلىمگەنلىرىمنى بىلەي دېگەن ئادەمگە شەرت ـ شارائىت تولۇق. ئەمما، بىزنىڭ هازىرقى ئەڭ چوڭ كىرىزىسىمىز بىلمەي تۇرۇپ بىلىدىغانلىق دەۋاسى قىلىش؛ توردىن بىر، ئىككى ئايەت ياكى ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىنى بىلىۋېلىپلا 30 يىل، 40 يىل ئوقۇغان ئۆلىمالارغا چەندەك ئېتىشتۇر. توغرا، دىندىن سۆزلەش ئۆلىمالارغىلا خاس ئەمەس، ھەركىم دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە بىلگەنلىرىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان. ئەمما، بىلىپ سۆزلەش، بىلمىسە بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش تەلەپ قىلىنغان. ھەربىر سۆز ۋە ھەربىر يازمىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار بولغان يەردە، دىن نامىدىن سۆزلەنگەن ھەربىر نۇتۇقنىڭ ۋە ھەربىر يازمىنىڭ ئەلۋەتتە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نادان كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا سالغان زىيىنى كاپىرلارنىڭ زىيىنىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەن مۇشۇ زامانلاردا، قۇرئان كەرىمگە ۋە ھەدىسكە قايتىش؛ ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئازغۇن ئېدىلوگىيەلەرگە ئالدىنىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزىگە قۇرئان ۋە ھەدىس ئاساسىدا دىئاگنوز قويۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## (4) ئائىلە ھاياتىدىكى ئىقتىسادچانلىق

دۇنيادا ھېچقانداق دىن، ھېچقانداق پەلسەپە قوبۇل قىلمايدىغان ناچار ئىش ئىسراپخورلۇقتۇر. ئىسراپخورلۇق — نامراتلىقنىڭ ئەلچىسى، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىسراپخورلار — ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾ يەنى «ئىسراپخورلار — شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر»[1] دېگەن سۆزى نېمىدېگەن توغرا دىئاگنوز! ئىسراپخورلارنى «شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئىسراپچىلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قانچىلىك يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

﴿وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَحْسُورًا﴾ يەنى «(بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (ئىسراپ قىلىپ) قولۇڭنى بەك ئېچىپمۇ كەتمىگىن،(بولمىسا) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن»[2]. بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىسراپ قىلىپ، بۇزۇپ چاچماي؛ بېخىللىق قىلىپ، چىڭ تۇتۇۋالماي نورمال چىقىم قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەت بولۇپ، ئايەتتە چىقىم قىلماي تۇرۇۋالغان ئادەم خۇددى قولى باغلىنىپ قالغانلىقتىن ھېچ ئىش قىلالمىغان

[1] سۈرە ئىسرا، 27 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا، 29 ـ ئايەت.

ئادەمگە؛ ئىسراپخور ئادەم خۇددى قولىنى ھەر تەرەپكە ئىچىۋېتىپ پۇل-مېلىنى بۇزۇپ چاچقانلىقتىن، قولىدا ھېچنەرسىسى قالمىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان.

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر. ئىسراپخورلۇق بىلەن بېخىللىق سۆكۈلىدىغان يامان ئادەت بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىش كۆرۈش دىن ۋە ئەقىل تەرەپتىن ماختىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. بېخىل ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قىممىتى يوق ئادەم بولغىنىدەك، ئىسراپخورمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە سۆكۈلىدىغان ناچار ئادەمدۇر.

ھازىرقى غەرب دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنى باي قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىقتىسادچانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسلامنىڭ ئىقتىساد تۈزۈمى بىز مۇسۇلمانلارنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا يېتەرلىك تۈزۈمدۇر. ئىنسانلار ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان قانۇنغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن، تۈرلۈك بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولماقتا. بىرلىرى ھەددىدىن ئارتۇق توقلۇق سەۋەبلىك كېسەل بولۇپ، ياش ئۆلۈپ كەتمەكتە؛ يەنە بىرلىرى ئاچلىقتىن ئۆلمەكتە. ھەر ئىككىلى ھالەتتىكى بەختسىزلىككە ئىنسانلار ئۆزى سەۋەبچى. ئالدىنقىلار ئىسراپ قىلغان، كېيىنكىلەر ئىشلىمىگەن. شۇڭا، بىزنىڭ قۇرئان كەرىمگە قايتىشىمىز بەخت-سائادىتىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر.



### (5) سۆزى بىلەن ئەمەلى بىردەك بولۇش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيسىلەر؟»[1].

#### *بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى*

تەپسىرى تەبەرىيدە بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بەزى كىشىلەر جىھاد پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى: ‹ئەگەر بىز قايسى ئەمەلنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە شۇنى قىلغان بولاتتۇق› دېگەن، لېكىن جىھادقا چاقىرىدىغان ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىغان. شۇنىڭ بىلەن ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[2].

---

[1] سۈرە سەف، 2 ئايەت.

[2] «تفسير الطبري»، 23-توم، 350-بەت.

### تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىمىز دەپ ۋەدە بېرىسىلەر؟-بۇ يەردىكى ئەيىبلەش مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بەزى ياخشى ئىشلارنى «چوقۇم قىلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قىلمىغانلىقىغا قارىتىلغان. بۇ ئەيىبلەش ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى قىلمايدىغان ئىشنى «قىلىمىز» دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە قىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ياخشى ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، «قىلىمىز» دەپ يالغان ۋەدە بەرگەنلىكى بىر ئەيىب؛ ئاندىن مەزكۇر ياخشى ئىشنى قىلمىغانلىقى يەنە بىر ئەيىبتۇر. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئىككى ئەيىب سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغا ئۇچرىغان. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتىدۇر. «آيَةُ الـمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» يەنى «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ؛ ۋەدە قىلسا، ۋاپا قىلمايدۇ؛ ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ»[1].



## (6) ھارام كەسىپتىن ساقلىنىش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بۇيرۇغان: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر-بىرىڭلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2]، ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى «بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار»[3].

### ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى

مال-دۇنيا جاننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش دۈشمەنلىك

[1] سەھىھۇل بۇخارى، 1-توم، 16-بەت، 33-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم، 1-توم، 78-بەت، 59-ھەدىس.

[2] سۈرە نىسا، 29-ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 188-ئايەت.

پەيدا قىلىدۇ. گاھىدا ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللاردا ئىنتىقام ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، گاھىدا مال-دۇنيا سەۋەبلىك چوڭ ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابلار يۈز بېرىدۇ. يامان ئىشلاردىن يىراقلىشىش ۋە ھەركىمگە ھەققىنى بېرىش جەمئىيەت پاراۋانلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇ مەسىلىنى ئەڭ ياخشى چارە بىلەن ھەل قىلغان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز تىكمىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھارام يوللار بىلەن يەۋالمىدىغانلاردىن بولماڭلار. سىلەر باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يەۋېلىپ، ئۇلار بىلەن دەۋالىشىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ئوغرىلاش، ئالداش، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق يوللار بىلەن بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋالماڭلار. بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇل-مېلى سىلەرگە پەقەت قائىدە-يوسۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھالال تىجارەت ۋە ئېلىم-سېتىم ئارقىلىقلا ھالالدۇر.

ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى بىلەنلا دۇرۇستۇر. ساتقۇچى چىرايلىق سۆز، ياخشى مۇئامىلە ۋە كۆڭۈللەرنى جەلپ قىلىدىغان ھەر خىل يوللار بىلەن خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق كۆپرەك نەرسە سېتىپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. ئۇلار ساختىپەزلىك ۋە كۆز بوياشتىن خالىي بولسىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇستۇر.

ئايەتتە ئېلىم-سېتىمنىڭ باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ئۇسۇللىرى ئارىسىدىن ئايرىپ چىقىرىۋېلىنغانلىقى سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە يالغانچىلىق، كۆز بوياش ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

پارا بېرىش ياكى پارا ئېلىش ھاراملارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ھارام ئۈستىگە ھارام قېتىلغان كەچۈرۈلمەس بىر جىنايەت ھەم خىيانەتتۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ پۇل مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ئۈچۈن ھىيلە مىكىر ئىشلىتىش بىر ھارام، ئاندىن ئەمەلدارلارغا پارا بېرىش يەنە بىر ھارام، ئاندىن دەۋانى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا چۆرۈپ قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىش يەنە بىر ھارام، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ قەبىھ ھارام ئىشلاردۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى قىلماسلىق، مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش دېگەندەك گۇناھلىرىدىن ئۆتسىمۇ؛ ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر بىرىنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە بىر بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش دېگەندەك گۇناھلاردىن ھەق ئىگىسى ئۆتمىگۈچە قەتئىي ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغان

كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى — ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا — ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، بەندىلەرنىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىش بولۇپ، بۇنداق قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلار گەرچە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلسىمۇ، ئۆزى يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى رازى قىلمىغۇچە، يەۋالغان ھەققىنى ئىگىسىگە قايتۇرمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ھەققىدىن ئۆتسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

مەلۇمكى، پارىخورلۇق، چىرىكلىك ۋە جەۋر- زۇلۇمنىڭ ئومۇملىشىشى مىللەتنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاراملىقنى بىلىپ تۇرۇپ بىراۋنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىشى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھە! مۇنداقلار قارنىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېگەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى تولۇق تارتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى دەۋالىشىپ كەلگەن ئىككى كىشىگە: «إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ، وَإِنَّهُ يَأْتِينِي الخَصْمُ، فَلَعَلَّ بَعْضَكُمْ أَنْ يَكُونَ أَبْلَغَ مِنْ بَعْضٍ، فَأَحْسِبُ أَنَّهُ صَدَقَ، فَأَقْضِيَ لَهُ بِذَلِكَ، فَمَنْ قَضَيْتُ لَهُ بِحَقِّ مُسْلِمٍ، فَإِنَّمَا هِيَ قِطْعَةٌ مِنَ النَّارِ، فَلْيَأْخُذْهَا أَوْ فَلْيَتْرُكْهَا» يەنى «مەنمۇ (سىلەرگە ئوخشاش) بىر ئىنسان. سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا دەۋا قىلىشىپ كېلىسىلەر. بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلاردىن سۆزگە ئۇستا بولۇپ قالسا، مەن سۆزمەن كىشىنى راست سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشىم مۇمكىن. كىمگە قېرىندىشىنىڭ (يەنى قارشى تەرەپنىڭ) ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن بولسام، ئۇنىڭغا بىر پارچە دوزاخ ئوتىنى بۇيرۇپ بەرگەن بولىمەن. شۇڭا، (خالىسا) ئۇنى ئالسۇن ياكى تەرك ئەتسۇن»[1] دېگەندە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆز يېشى قىلغان ھالدا: «مېنىڭ ھەققىم قېرىندىشىمغا بېرىلسۇن» دەپ دەۋادىن ۋازكېچىدۇ.

## (7) پەرزەنت تەربىيەسىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەلىم بەرگەن: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» [سۈرە تەھرىم، 6- ئايەت].

[1] سەھىھۇل بۇخارى، 3- توم، 131- بەت، 2458- ھەدىس.

**تەپسىرى**

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە باللىچاقاڭلارنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار. دوزاخنىڭ ئوتى شۇنداق بىر دەھشەتلىك ئوتكى، ئۇنىڭ يېقىلغۇسى ئوتۇن ياكى پاخال ئەمەس، بەلكى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش، غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى بۇ ئوتتىن ساقلاڭلار. ئاندىن باللىچاقىلىرىڭلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئۇلارغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى ۋە تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» ئېلىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش ئارقىلىق بۇ ئوتتىن ساقلاڭلار. باللىچاقىدىن كىشىنىڭ ئايالى، پەرزەنتلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا تاھا سۈرىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشقا) چىداملىق بولغىن»[1] دەپ ئەمر قىلغان. يەنە شۇئەرا سۈرىسىدىمۇ ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾ يەنى «(ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»[2] دەپ ئەمر قىلغان.

ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، مۇسۇلمان ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلىنىشى ۋە ھەر تەرەپتىن ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتچان بولۇپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئاندىن باللىچاقىلىرىنى ئىسلام كۆرسەتمىسى، ئىسلام ئەخلاقى بويىچە ياخشى تەربىيەلەشى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىمان، ئىسلام، ئەخلاق، ئېھسان قاتارلىق قىممەت قاراشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. ئىنسان شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنى ۋە باللىچاقىلىرىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. يەنى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىلا دوزاختىن ساقلىشىڭىز يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى باللىچاقىلىرىڭىزنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنى ۋە غەمخورلۇقىڭىز ئاستىدىكى كىشىلەرنى دوزاختىن ساقلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىز لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن، سۆزىڭىزنى ئۆتكۈزەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى، دوستلىرىڭىزنى، قولۇم - قوشنىلىرىڭىزنى، ساۋاقداشلىرىڭىزنى، خىزمەتداشلىرىڭىزنى، تونۇشلىرىڭىزنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ۋە چىرايلىق سۆزىڭىز بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىڭىز بار.

[1] سۈرە تاھا، 132 ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا، 214 ئايەت.

چۈنكى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز بولۇپ، ھەركىم كۈچىنىڭ يېتىشىچە، شەرت-شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.

دوزاخ مۇئەككەللىرى تەن قۇرۇلۇشى كۈچلۈك، تەبىئىتى يېرىك، ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن قەتئىي چىقمايدۇ؛ ئاللاھ تائالا نېمىگە بۇيرۇغان بولسا، شۇنى تولۇق ئىجرا قىلىدۇ؛ ئۇلاردا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى كېچىكتۈرۈش دېگەنلەر بولمايدۇ.

## (8) غەزەپنى يېڭىش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بۇيرۇغان: ﴿وَسَارِعُوا إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى «رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. ئۇ تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران، 133-ئايەت].



ئىنسانلارنىڭ قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئاددىيغىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ. بەزىلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋېلىشنى بىلىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىنتىكلىك، ئېغىر بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق مىجەز-خۇلقلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار.

ئىنسان كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. تەنتەكلەر ئازار بەرسە، ئۇلارغا يولىدا ئويناۋاتقان سەبىي بالىلار تاش ئاتسا كۆلۈمسىرەپ قويغان پەيلاسوپقا ئوخشاش ئېگىز چوققىدىن باقىدۇ. غەزەپ بەزى ئىنسانلارنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى قان تۆكمىگۈچە ئاقلانمىغۇدەك ئېغىر ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ

ئەخلاق-پەزىلەت قورغىنى بىلەن مۇداپىئەلەنگەن بىرى بولسا، بۇنداق ھالغا كېلىپ قالمايدۇ.

## غەزەپنىڭ زىيىنى كۆپ

ئىسلام مۇتەپەككۇر مۇھەممەد غەززالىي «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «غەزەپ ئادەم بالىسى قەلبىدە يانغان چوغدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گەردەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكى غەزەپنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى بولۇپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئورنىدىن قوزغالماسلىق، ئۆرە تۇرغان بولسا، ئولتۇرۇۋېلىشتۇر. غەزەپنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم خۇددىنى بىلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تېرىكىپ يۈرىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناتقۇچە تىللايدۇ، قارغايدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاققا زىت قىلىقلاردۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ھاياسىزلىق قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە، ئۇ ئىشنىڭ ئېچىلغىلى ئۇنىمسىمۇ تىللايدۇ، قولىدا تۇرمىغان سايماننى سۇندۇرىدۇ، ئۈركىگەن ھايۋاننى قارغايدۇ. ناۋادا ئۇ شوپۇر بولۇپ قالسا، قارشى تەرەپنى توختىماي تىللايدۇ. غەزەپنىڭ زىيىنى كۆپ، ئاقىۋىتى خەتەرلىك. شۇڭا، غەزىپى قوزغالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇر ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن: «سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «بىز ھېچكىم يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالايدىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر»[2] دەيدۇ.

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# قۇرئان ئوقۇش ھەققىدە 15 تەۋسىيە

مەلۇمكى، رامىزان ئېيى «قۇرئان كەرىم ئېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم مۇشۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ھەتتا ھەر رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن قۇرئان تىڭشايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىدۇ»[1]. ئۇ يەنە: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف، لام، مىم› نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر ھەرپتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»[3]، «كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا قۇياش نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاج كىيدۈرىدۇ»[4] دېگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولساڭلار، چوقۇم قۇرئان ئوقۇڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭدا بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمى بار». سۇفيان سەۋرى: «كاشكى، بارچە ۋاقتىمنى قۇرئان ئوقۇش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن بولسامچۇ!» دېگەن بولسا، ئەللامە ئىبنى تەيمىيە: «ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىشتىن باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن» دېگەن ئىكەن.

1. قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا، يانفوننى ئۆزىڭىزدىن يىراق قىلىڭ، ئوقۇشىڭىز تۈگەپ دۇئا قىلىپ بولمىغۇچە، يانفوننى قولىڭىزغا ئالماڭ. چۈنكى، بىر قولىدا قۇرئان، يەنە بىر قولىدا يانفون تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش قۇرئان كەرىمگە ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقتۇر.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

2. قۇرئاننى بوش ۋاقتىڭىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھېچكىم مەشغۇل قىلمايدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ شۇ ۋاقىتتا ئوقۇڭ.

3. قۇرئاننى بىرىلىپ ئوقۇڭ، كۆزىڭىز ۋە ئاغزىڭىز قۇرئاندا، قەلبىڭىز باشقا جايدا بولمىسۇن. خۇددى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپ كىتاب ئوقۇغان ئادەم ئوقۇغانلىرىدىن نەپ ئالالمىغاندەك، كۆڭلىڭىز دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇغانلىقىڭىزنىڭ سىزگە پايدىسى يوق.

4. قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن تاھارىتىڭىزنى يېڭىلاڭ ۋە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللاھ بىلەن باشلاڭ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

5. قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[2]. ئاۋازىڭىزنى بەك يۇقىرى چىقىرىپ باشقىلارنى راھەتسىز قىلىشتىن، بەك تۆۋەن قىلىپ سىزنى ئۇخلىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ.

6. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىڭىزمۇ، ئاللاھ تائالا ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقادتا، ئىخلاس بىلەن ئوقۇڭ. ئەمما، مەنىسىنى بىلىپ ئوقۇشقا تىرىشىڭ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

7. قۇرئاننى قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئوچۇق، دانە-دانە ئوقۇڭ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: «قۇرئاننى دانە-دانە، ئوچۇق ئوقۇغىن»[3] دەپ بۇيرۇغان. قۇرئاننى قۇرئان قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇش پەرزدۇر. قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئايرىم بىر پەرزدۇر.

8. قۇرئاننىڭ مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ھەيۋىتى ۋە كاتتا ئورنى بار. شۇڭا، سىز قۇرئان ئوقۇغاندا، ئۇلۇغلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭ. سىز قۇرئاننى ئۇلۇغلىسىڭىز، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە سىزنىڭ مەرتىۋىڭىزنى يۇقىرى قىلىدۇ. بۇرۇنقى ئۆلگىلىك زاتلار قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى، سالام قىلغانلارغا قول ئىشارىتى بىلەنلا

[1] سۈرە نەھل، 98 - ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] سۈرە مۇززەممىل، 4 - ئايەت.

جاۋاب بېرەتتى، ئوقۇۋاتقان سۈرىنى تاماملىماي تۇرۇپ توختىمايتتى. مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا قارىتا ئەدەبلىك بولغانلىقتۇر. سىز ئاللاھ تائالاغا قارىتا قانچىلىك ئەدەپلىك بولسىڭىز، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنى شۇنچىلىك ھۆرمەتلەيسىز، ھازىرقى ئەرەبلەردەك تىزىڭىزغا قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇمايسىز، بەلكى بىلىڭىزدىن يۇقىرى تۇتۇپ ئوقۇيسىز.

9. قۇرئاننى ئېغىزىڭىزنى ئېچىپ، تىلىڭىزنى مىدىرلىتىپ ئوقۇڭ. چۈنكى، ئېغىزنى ئاچماي، تىلنى مىدىرلاتماي، كۆڭلىدە ئوقۇش ياكى كۆز ئىشارىسى بىلەن ئوقۇش قۇرئان ئوقۇشقا كىرمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيى چۈشۈۋاتقان چاغدا ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ تىلنى مىدىرلىتىشتىن مەنئى قىلغان. بۇنىڭدىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، تىلنى مىدىرلىتىپ ئوقۇش ئوقۇغانلىق، مىدىرلاتماي ئوقۇش ئوقۇمىغانلىقتۇر.

01. قۇرئاننى ئىمكانقەدەر قۇرئانغا قاراپ ئوقۇڭ. قۇرئان بار يەردە، قۇرئاندىن ئوقۇماي تېلېفوندىن ئوقۇش ياخشى ئەمەس، چۈنكى قۇرئانغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر.

11. قۇرئان ئوقۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەڭ. ئەگەر جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئوقۇۋاتقان ئايەتنى تاماملاپ بولۇپ، ئاندىن گەپ قىلىڭ. چۈنكى، ئايەتلەرنى كەلگەن يېرىدىن ئۈزۈپ قويۇش قۇرئان كەرىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر.

21. سىز قۇرئاننى ئاستا ۋە قىينىلىپ ئوقۇيدىغان بىرى بولسىڭىز، بۇنىڭغا غەمكىن بولماڭ. چۈنكى، سىز قىينىلىپ ئوقۇش ئارقىلىق ئىككى ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىسىز.

31. قۇرئان ئوقۇپ توختاشتا پارىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەس، سۈرىنىڭ ئاخىرىدا توختىسىڭىز ياخشى. چۈنكى، سۈرىنىڭ مەزمۇنى تاماملانغان بولىدۇ.

41. قۇرئاننى ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ، بەزى ئايەتلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇڭ. بۇنداق قىلىش دىلىڭىزنى يۇمشىتىشقا پايدىلىقتۇر.

51. ئازاب ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا، ئاللاھ تائالادىن پاناھ تىلەڭ؛ رەھمەت ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن رەھمەت تىلەڭ.

# قۇرئانچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قۇرئانچىلار — قۇرئان بىزگە يېتەرلىك، ھەدىسكە ئېھتىياجىمىز يوق دېگۈچىلەردۇر. ئۇلار ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھەدىستىن ئايرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى بىلگەنچە، ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل شەرھىسى بولغان سۈننەتتىن يىراقلاشتۇرۇلسا، ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەپسىر ۋە تەۋىل قىلالايدىغان بىر كىتابقا ئايلىنىدۇ-دە، يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈپ مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرالايدۇ.

تارىخشۇناسلار قۇرئانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ھىجرىيە 2-ئەسىردىكى خاۋارىجلارغا باغلايدۇ. چۈنكى، سۈننەتنى تۇنجى بولۇپ ئىنكار قىلغانلار دەل شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار بولۇپ، ئۇلار زىنا قىلغۇچىنى چالما-كېسەك قىلىشقا ۋە ئاياغقا مەسھى قىلىشقا قارشى چىققان، بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. چۈنكى، خاۋارىجلار شۇ زامانلاردا «قۇرئان بىزگە يېتىدۇ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىر ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى.

قۇرئانچىلارنىڭ يېقىنقى زامانلاردىكى بايراقدارلىرى ئىنگلىز مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ھىندىستاندا غۇلام ئەھمەد قادىيانىي قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىرى مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ئۈچۈن، غۇلام ئەھمەد قادىيانىي دېگەن شەخسنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلىدىغان مەزھىپىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، بەزى نادان كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن. ئەمما، ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانچىلارنىڭ بۇ كۇفرىلىقىغا قاراپ تۇرمىغان، ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن ۋە «قۇرئان كەرىم»نى سۈننەتتىن ئايرىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

غۇلام ئەھمەد قادىيانىيدىن كېيىن پاكىستاندا ئابدۇللاھ جىكرالىۋى دېگەن بىرسى

ھەدىسنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، «ئىسلام دىنىنىڭ مەنبەسى بىرلا قۇرئاندۇر» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى تەسىس قىلغان مەخسۇس ژۇرنالدا بۇ پىكىرنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ھەدىسكە قارشى ھەرىكىتى ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر

ھەدىس (ياكى سۈننەت) «قۇرئان كەرىم»دىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى، قۇرئان ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ سۈننەتلىرى ئارقىلىق مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى خۇددى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا يېتەرلىك» دېگەنگە ئوخشىغان ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى تۇۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر «باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»لەردۇر. چۈنكى، «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز-ھەق سۆز. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچى — قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما، بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ سۈننەت، ئىجما، قىياس قاتارلىق ئاساسلىرىنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، قۇرئان كەرىمنى ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە شەرھلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە بولغان سۈننەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يامان مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق» دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى مەقبۇل ئەمەس.

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەر ھەدىس ئوقۇلغىنىدا: ‹سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال، ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ› دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[1].

«قۇرئانغىلا ئەمەل قىلساق يېتەرلىك، سۈننەتكە ئېھتىياجىمىز يوق» دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلارمىز» دەپ ئاتىۋالغۇچىلار ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى، قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. ﴿مَّن يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللهَ، وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾ يەنى «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[2]. «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[3].

## «قۇرئان كەرىم» سۈننەتتىن ئايرىلالمايدۇ

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق»[4] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن بەرپا بولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى



[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.
[2] سۈرە نىسا، 80-ئايەت.
[3] سۈرە نىسا، 65-ئايەت.
[4] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.

ساھابىلەر زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى مەنبەنى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. ئۇلار: قۇرئان ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

سۈننەت «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەپ بەرگۈچى، مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى روشەنلەشتۈرۈپ بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قائىدە-تەرتىپىنى، قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرى، رەكئەت سانى، زاكاتنىڭ مىقدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر سۈننەت بولمايدىغان بولسا، بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرىنى قانداق ئادا قىلىشنى نەدىن بىلەر ئىدۇق.

## سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىردۇر

ئىبنى ھەزم[2] «ئەل ئىھكام فىل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىدە: «كىمكى بىزگە ‹قۇرئان كەرىم› يېتىدۇ، قۇرئاندىكى ئەھكاملارغىلا ئەمەل قىلىمىز دەيدىكەن، مۇنداق ئادەم پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئورتاق قارىشى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجۇررىي[3] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-توم 412-بېتىدە مۇنداق دېگەن: « ‹قۇرئان كەرىم› دىكى پەرزلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى سۈننەتنىڭ ياردىمىسىز



[1] ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ھەزم (ھ.384 456/ م.994 1064): ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن؛ فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشىپ، زاھىرىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلانغان؛ تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان؛ زالىم پادىشاھلارنىڭ مال-دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى. ئىبنى ھەزم ھاياتىدا كۆپ كىتاپ يازغان بولۇپ، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى. ئۇ ھىجرىيە 456 يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 28-كۈنى (مىلادىيە 1064 يىلى 15-ئىيۇل) ئالەمدىن ئۆتكەن.

[3] ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن ئابدۇللا ئاجۇررىي (ھ. 280 360/ م.893 970): ئاجۇررىي باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فەقىھ، مۇھەددىس ئالىم. ئۇ ھاياتىدا 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان. ھىجرىيە 360-يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كاپىرلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: « ‹سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق› دېگۈچىلەر شەكسىز دىندىن چىققان كاپىرلاردۇر. چۈنكى، سۈننەتنى ئىنكار قىلغانلىق قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقتۇر، قۇرئان بىلەن سۈننەتتىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[1].

## «ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

قۇرئانچىلارنىڭ «ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن مۇھەددىس ئالىملار تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، يالغان ۋە شۈبھىلىك ھەدىسلەرنى ئايرىۋېلىپ پاش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلغان. ئىسلام دۇنياسىدا بۈگۈنگىچىلىك «يالغان ھەدىسلەر» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان يۈزلەرچە ئەسەرلەر بۇنىڭ مىسالى.

يىراق ئۆتمۈشلەردىن زامانىمىزغىچە «ھەدىس» نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسلەر رەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس) لەر — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدىن راست يالغانلىرىنى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشتا، ساھابىلار زامانىدىن كۈنىمىزگە قەدەر ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشقان كىشىلەردۇر. دۇنيا تارىخىدا مۇھەددىسلەرنىڭ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى ھېچقانداق بىر مىللەت ھېچقانداق بىر ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ مەنبەلىرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەت قوغدالغاندەك قوغدالغان ئەمەس ۋە بۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندەك ئەينەن يېتىپ كەلگەن ئەمەس. مۇھەددىسلەرنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى تولۇق بايان قىلىش ئۈچۈن تىل ئاجىز، كىتابلار يېتەرسىز قالىدۇ.

زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى، ئىنتېرنېتقا ئوخشىغان

---

[1] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى»، 2-توم 403-بەت.

ئىزدىنىش قورالى بولمىغان ئۆتمۈشتىكى زامانلاردا مۇھەددىسلەرنىڭ بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتتىن دۆلەتكە ئاتلاپ يۈرۈپ، ھەدىس بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ، ھەدىس توپلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ خىزمەت. مۇھەددىسلەر پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ مەككە-مەدىنە شەھەرلىرىدە 16يىل تۇرۇپ ھەدىس توپلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

مۇھەددىسلەر بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىشتا ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقى ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنى ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقىغا ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىن ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

# زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا

زالىمنىڭ زۇلمىغا سۈكۈت قىلىش ئاللاھ تائالا راۋا كۆرمەيدىغان، مۇسۇلمانلىققا ياتمايدىغان، ئىنسانىيەتچىلىك قوبۇل قىلالمايدىغان سەلبىي مەۋقەدۇر. مەيلى بۇ زۇلۇم مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرگە قىلىنغان بولسۇن، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. چۈنكى، زۇلۇم كىمگە قىلىنغان بولسۇن، بەربىر زۇلۇمدۇر. دىندارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك زۇلۇمنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە بۇرۇنقى زالىملارنىڭ ئەقلىگىمۇ كەلمىگەن ۋەھشىي زۇلۇملارنى قىلىۋاتىدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ قانات-قۇيرۇقى بوغۇلغان، ئەڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان ۋە تۈگەپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۇلاردىن زۇلۇمغا قارشى بىرەر ھەرىكەت قىلىشنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئەركىن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار مەيلى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللىشىدە بولسۇن، ياكى ئۆز ئالدىغا بولسۇن، خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىي زۇلمىغا قارشى قولىدىن كەلگەننى قىلىپ كەلمەكتە. ۋەتەندىكى خىتاي زۇلمىنى ئاخبارات ساھەلىرىدە پاش قىلىش، گۇۋاھلىق بېرىش، ئاتا-ئانا ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مەسئۇللىرىغا ئەرز خەت يېزىش، نامايىش قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى زۇلۇمغا سۈكۈت قىلمىغانلىقنىڭ ۋە زالىمغا قارشى تۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ھەرىكەتلەرنى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق قىلىشقا تېگىشلىك.

زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ، زالىمغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ھەركىم قىلالايدىغان يەنە تۈرى بار بولۇپ، بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن ساقىت بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ، كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا تەھەججۇد نامىزىغا تۇرۇپ، زالىملارنىڭ ھالاكىتى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش ۋە ھەر نامازدىن كېيىن قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇپ، دۈشمىنىمىزگە ئاللاھ تائالادىن ھالاكەت تىلەشتۇر. بۇنى مەن مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق

قىلالايدۇ، بۇنى قىلماسلىقتا ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى، بۇ ئەمەل بىزدىن ھېچقانداق كۈچ ياكى ئىقتىساد ۋە ياكى قابىلىيەت تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەتلا راھەت ئۇيقۇڭىزدىن كېچىسىز؛ سەھەرلەردە ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ، ۋەتەندىكى ئاتا-ئانىڭىزنى، قېرىنداشلىرىڭىزنى، قەۋم-قېرىنداشلىرىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىسىز؛ ئۇلار ئۈچۈن مۇشۇ دۇئادىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىڭىزدىن ئۆرتىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىسىز؛ كۆڭلىڭىزگە كەلگەن بارلىق تەلىپىڭىزنى ۋە تىلىكىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا دەيسىز. سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى ئالغاننىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇساپىڭىزنى يېقىنلاشتۇرالايسىز، ۋىجدانىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ راھەتلىتەلەيسىز، ۋەتەندىكىلەر ئالدىدا يۈزىڭىزنى يورۇق قىلالايسىز. بۇنى قىلالمايمەن دېسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆزرىڭىز ھەرگىز قوبۇل ئەمەس. چۈنكى، دۇئا دېگەننى كېسەل بولسىڭىز ياتقان پېتى، ئالدىراش بولسىڭىز ماڭغان پېتى قىلالايسىز.

مەن بۇ يازمام ئارقىلىق «سەۋەبنى تاشلاپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەي، دۇئاغىلا بېرىلىپ، ئەڭ ئەرزان، پۇل كەتمەيدىغان دۇئانى قىلىپ سۈكۈتتە ئولتۇرۇڭ» دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە، قولىمىزدىن كەلگەن ۋە شارائىتىمىز يول قويغان بارلىق كۈرەش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشىمىز لازىم. شۇ كۈرەش تۈرىنىڭ بىرى سەھەرلەردە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ۋە ھەر نامازدىن كېيىن قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇپ، خەلقىمىزگە زۇلۇم قىلغان زالىملارنىڭ ھالاكىتىنى تىلەشتۇر، دېمەكچىمەن.

ئەرەب تىلىدىكى «الدعاء» (دۇئا) سۆزى لۇغەتتە چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىستېمالدا: ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تىلەش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دۇئا — مۇسۇلماننىڭ ئۆتكۈر قورالى ۋە قالقىنىدۇر.

قۇنۇت — دۈشمەننىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تىلەپ بەزى نامازلاردا قۇنۇت ئوقۇغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. قۇنۇت دۇئاسىدا مەخسۇس بىرەر دۇئانى ئوقۇش شەرت ئەمەس، شۇڭا ھەركىم ئۆز تىلىدا، ئۆزى بىلگەنچە قىلسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى زالىم كاپىرلارغا ئىسىملىرىنى ئاتاپ ھالاكەت تىلىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا بەتدۇئا قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.

---

[1] سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت.

1. ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىيلار قەتلى قىلىنغاندا، بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇغان. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ چاغدىكىدەك قايغۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم».

2. ئىمام ئەھمەد، ئىمام مۇسلىم، نەسەئىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرىگە بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇپ بەتدۇئا قىلغان».

3. ئىمام ئەھمەد، ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام ۋە بامدات نامازلىرىدا قۇنۇت ئوقۇغان».

4. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامداتتىن ئىبارەت ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن بىر ئاي ئىزچىل قۇنۇت ئوقۇغان. نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئەتلىرىدە «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ بولغاندىن كېيىن، بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ رەئىل، زەكۋان ۋە ئۇسەييە ئايماقلىرىغا بەتدۇئا قىلغان».

# قېتىرقىنىپ قىلغان ئىش راۋاجلىق ئىشتۇر

دىنىمىزنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەت. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدىغان بولۇپ، ئىمانىمىزنىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە، «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭدىن «ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان» توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىمان ۋە ئىسلام»نى بايان قىلىپ بولۇپ، «ئېھسان»نى: «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2] دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ، «ئېھسان»نىڭ ئىبادەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى «ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنى شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى؛ ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى لازىم.

مۇئمىن ئادەم ھەر ئىشنى «ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن ئېتىقادتا، چىن ئىخلاسى بىلەن، قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. بۇنداق كىشى «قۇرئان كەرىم» دىكى «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[3] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان

[1] سەجدە سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] نەھل سۈرىسى، 128 ـ ئايەت.

بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. دېمەك، «مۇھسىن» يەنى (ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچى) دېگەن سۈپەت «مۇئمىن» دېگەن سۈپەتتىن خاسىراق سۈپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىن «مۇئمىن» دېيىلىدۇ، ئەمما، ھەرقانداق مۇئمىن «مۇھسىن» دېيىلمەيدۇ.

ئەمەل-ئىبادەتلەرنى رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا قىلىپ، دىن ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنداپ قويىدىغان ئادەم نە ئاللاھ تائالانى، نە ئىنسانلارنى رازى قىلالىسۇن؟ بۇنداق ئادەم ھېچكىمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولالمايدۇ، ئەكسىچە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر قۇرۇلۇشچى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەلگەندىن كېيىن، شىركەت لىدېرىغا دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسى سۇنۇپتۇ. لىدېر ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. قۇرۇلۇشچى ياق دېيەلمەي، نائىلاج بۇ تەكلىپكە ماقۇل بوپتۇ ۋە شۇ ئۆينى تېزراق پۈتكۈزۈپ، لىدېرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپتۇ. قۇرۇلۇشچىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققۇسى كېلىپ ئاران تۇرغاندا، لىدېرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا قەتئىي خۇشياقمىغاچقا، ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا سېلىپ، پۈتتۈرۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۆينىڭ قۇرۇلۇشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەپتۇ. ماتېرىياللارنىمۇ ياخشى تاللىماي، ئەرزان باھالىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنىمۇ پۇختا تۇتماپتۇ. تاملىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ، بولۇشىغا ئىشلەپ، پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتكۈزۈپ بوپتۇ.

ئۆينى پۈتكۈزۈپ بولغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى لىدېرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپلا:

— بولدى، ئۆي پۈتتى. ئەمدى ئاچقۇچنى قولىڭىزغا ئېلىپ، مېنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەيسىز، — دېگىنىچە ئاچقۇچنى لىدېرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لىدېر بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىغا قاراپ:

— ھە بوپتۇ، تېزلا پۈتكۈزۈپسىز. ئەسلىدە بۇ ئۆينى بىز سىزنىڭ شىركىتىمىزگە ئاتىغان قىرىق يىللىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ. ئۆي سىزنىڭ. ياخشى ئولتۇرۇپ، دەم ئېلىڭ! — دەپتۇ. بۇ چاغدا قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا سېلىپ، ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، بارمىقىنى چىشلەپتۇ. ئەمما، بۇ

چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن؟!

ناۋادا سىز ئاخىرەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھېكايىدىكى قۇرۇلۇشچىغا ئوخشاش پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسىڭىز، قانداق قىلارسىز؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇ دۇنيا بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيداندۇر. بىز مۇشۇ دۇنيادا ئىمان ۋە سالىھ ئەمەلنى خام ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇمىزنى قۇرۇپ چىقىمىز. تۇرالغۇمىزنى ئېسىل قەسىردەك سېلىش ياكى كەپىدەك ئاددىيلا سېلىپ قويۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى، ھەركىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ياكى دوزىخىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى يارىتىدۇ.

دېمەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دىنىنىڭ، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىلاردۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دۇنيالىق ئىشلارنى ساختىلىق ۋە كۆز بوياmچىلىق بىلەن، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، پەن-تېخنىكىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا غەيرى مۇسۇلمان ئەللەردىن خېلىلا ئارقىدا تۇرماقتا. چۈنكى، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ھەتتا ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنىمۇ غەيرى مۇسۇلمان ئەللەردىن ئىمپورت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلار ئاخىرەتلىك ئەمەل-ئىبادەتلەرنىمۇ رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى ئەخلاقىغا ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەمەل-ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ دۇنيادا مېۋىسى ۋە تەسىرى كۆرۈلمىگەن ئەمەل-ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، دىنىمىزنىڭ پېشۋالىرى بولغان ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۆز قىزلىرىنى نومۇستىن تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرمۇ ئىسلامدىن كېيىن ئەخلاق-پەزىلەتتە دۇنياغا ئۈلگە ياراتقان، دۇنيانىڭ يىراق چېتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر قىزنىڭ پەريادى ئۈچۈن جىھادقا ئاتلىنىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغان. ئەمەل-ئىبادەت تەسىر قىلسا، ئەنە شۇنداق تەسىر قىلىدۇ، ھاياتنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما، رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلىپ قويىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلەر ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېمەك، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويغان ئىش دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

# كۆڭۈل ئاياشمۇ ئىبادەتتۇر

«ئىبادەت» دېيىلگەن ھامان كاللىغا ناماز، روزا، زاكات، ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش دېگەندەك ئەمەللەر كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆڭۈل ئاياشنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىبادەت ئىلكەنلىكى نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياشقا ئوخشاش بەزى مۇھىم ئىبادەتلەر شۇنچىلىك كاتتا ساۋابلىق ئەمەل تۇرۇقلۇق، نۇرغۇن كىشلەر بۇنى ئۇقمايدۇ.

كۆڭۈل ئاياش ئىسلامدا گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئالىيجاناب، ئەقلى ساغلام ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئىمام سۇفيان سەۋرىي كۆڭۈل ئاياشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ: «بەندىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدىشىدە بىرەر مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنى ئاياشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىبادەت يوق» دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر سەجدىدە: «اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَاجبُرْنِي وعاَفِنِي وَارْزُقْنِي وَارْفَعْنَي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى توغرىغا يېتەكلىگىن، سۇنغان كۆڭلۈمگە مەلھەم بەرگىن، ماڭا ساقلىق ۋە رىزىق ئاتا قىلغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى.

## كۆڭۈل ئاياش ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن ئۆرنەكلەر

ئاللاھ تائالا قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: «(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قۇرئاننى (يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى قايتىدىغان يەر (مەككە) گە قايتۇرىدۇ»[1]. مەلۇمكى، مەككە شەھىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق-زومبۇلۇقى سەۋەبلىك مەككىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئانا ۋەتىنىگە بولغان

[1] قەسەس سۈرىسى، 85-ئايەت

سۆيگۈسى تۈپەيلى قاتتىق ئازابلانغان ئىدى. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلغان ۋە ئۇنى ئانا ۋەتىنىگە غەلىبە بىلەن قايتۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. دەرۋەقە، ئەھۋال ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغاندەك بولغان.

«رەببىڭ ساڭا كەلگۈسىدە (كۆپ ياخشىلىق) ئاتا قىلىدۇ، سەن (بۇنىڭدىن) مەمنۇن بولىسەن»[1]. مەلۇم ۋاقىت ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولغان ھەتتا كاپىرلار «مۇھەممەدنى رەببى تاشلىۋەتتى» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قاتتىق ئازار بەرگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، زۇھا سۈرىسىنى نازىل قىلىپ، كۆڭلىنى شاد قىلغان. بۇ سۈرە غەم-قايغۇ ئىچىدە قالغان ۋە زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن تەسەللى ۋە شىپادۇر. «ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ؟ يوقسۇللۇقۇڭنى بىلىپ باي قىلمىدىمۇ؟ يېتىمنى خارلىما، تىلەمچىنى سىلكىشلىمە» دېگەن ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈرەككە تېگىدىغان، ئەڭ تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇنى يوقسۇللارنىڭ ۋە يېتىملەرنىڭ ھالىغا يېتىشكە، كۆڭۈللىرىنى ئاياشقا بۇيرۇغان.

بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ دىنىمىز كۆرسەتكەن كۆڭۈل ئاياش قائىدىلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن، مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەرگە تەسەللى بېرىش، دەرد-ئەلەملىرىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىش، كېسەللەرنى يوقلاپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش قاتارلىقلار. بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى مىراس تەقسىم قىلىنغان ئورۇنغا ھازىر بولغان كەمبەغەللەرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئاز-تولا بىر نەرسە بېرىشتۇر. «تەقسىمات ۋاقتىدا (مىراستا ھەققى يوق) تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە يوقسۇللار ھازىر بولسا، ئۇلارغىمۇ بۇ مىراستىن (ئاز-تولا) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار»[2].

## كۆڭۈل ئاياش ھەققىدە ھەدىسلەردىن ئۆرنەكلەر

دۇنيادا ھەركىمنىڭ ئۇنتۇلماس، گۈزەل ئەسلىملىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن ياخشىلىق قەتئىي ئۇنتۇلمايدۇ. بۇ ياخشىلىق مەيلى بىرەر ئېغىز سۆز ياكى ئىش بولسۇن، كۆڭۈللەردە نەقىشلىنىپ مەڭگۈ قالىدۇ. مەسىلەن،

[1] زۇھا سۈرىسى، 5-ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 8-ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن غەمكىن ۋە ھارغىن ھالدا قايتىپ كەلگىنىدە، مۇتئىم ئىبنى ئەدىي دېگەن كىشى ئۇنىڭغا پاناھلىق بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇتئىمنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ھەتتا بەدرى غازىتىدىن كېيىن ئەسىرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتىدا: «ئەگەر مۇتئىم ھايات بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرلەر توغرۇلۇق مەندىن نېمە تىلىسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم» دېگەن.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئىمام ئەھمەد ھەر سەجدىدە: «ئى ئاللاھ! ئەبۇ ھەيسەمنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى ئۇنىڭدىن: «ئى ئاتا! بۇ ئەبۇ ھەيسەم دېگەن كىشى كىم بولىدۇ؟ بۇ ئادەم سىزگە نېمە قىلىپ بەرگەن ئىدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئىمام ئەھمەد ئوغلىغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئوغلۇم! ئەبۇ ھەيسەم دېگەن بىر قاراقچى. مەن زىندانغا تاشلانغاندا ئۇمۇ زىنداندا ئىدى. ئۇ ماڭا: مەن دۇنيالىق ئۈچۈن شەيتانغا ئەگىشىپ قاراقچىلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن 18 مىڭ قامچا يېدىم. سەن دىن يولىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ يېگەن قامچىلىرىڭغا سەۋر قىلغىن، دېگەن ئىدى». شۇ قاراقچىنىڭ بىر ئېغىز ھەق سۆزى ئىمام ئەھمەدنى ئۆمۈر بويى ئۇنىڭغا ھەر سەجدىدە دۇئا قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىنى بەك ئايايتتى، ئۇلار قانداق مۈشكۈلچىلىككە يولۇقسا، چارىسىنى كۆرسىتەتتى، ئۇلارغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىدۇ. ئەمما، ئۇ ناماز ۋاقتى ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ساھابە ئۆزى يالغۇز مەسجىدتە ئولتۇرغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

– «ئى ئەبۇ ئۇمامە! نېمە بولدۇڭ؟ ناماز ۋاقتى بولمىسىمۇ مەسجىدكە كىرىۋاپسەن؟» – دەپ سورايدۇ. ساھابە:

– ئى رەسۇلۇللاھ! قەرزىم بار ئىدى، شۇنىڭ غېمىدە ئولتۇراتتىم، – دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

– «ساڭا بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئەگەر سەن شۇ سۆزنى دېسەڭ، ئاللاھ سېنى غەمدىن ۋە قەرزىڭدىن خالاس قىلىدۇ» – دەيدۇ. ساھابە:

– بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە ئۆگىتىپ قويغايلا! – دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

– ئەتىگەن-ئاخشامدا «اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم-قايغۇدىن،

390

كۆڭۈلسىزلىكتىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن» ـ دەيدۇ[1].

ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن بويىچە قىلىۋىدىم، ئاللاھ مېنى غەمدىن ۋە قەرزدىن خالاس قىلدى»[2].

بىر كۈنى مۇھاجىرلار ئىچىدىكى يوقسۇل ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ بايلار بىزدىن كۆپرەك ساۋابقا ئېرىشىدىغان بولدى، ئۇلارمۇ بىز نامىز ئوقۇغاندەك نامىز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ، مال ـ دۇنياسىدىن سەدىقە قىلىپ يەنە ساۋاب تاپىدۇ، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ «ئاللاھ سىلەرگىمۇ سەدىقە قىلىدىغان نەرسە ئاتا قىلدى ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئېيتىدىغان ھەربىر تەسبىھتە، ھەربىر تەكبىردە، ھەربىر ھەمدۇسانادا، ھەربىر تەھلىلدە ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار، سىلەرنىڭ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭلاردىمۇ سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» ـ دەيدۇ. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاب بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ «ئېيتىڭلارچۇ! ناۋادا سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار، گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدەك شەھۋىتىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرساڭلار ئەلۋەتتە سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ» ـ دەيدۇ[3].

## كۆڭۈل ئاياشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرى

كۆڭۈل ئاياش ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىش كۈندىلىك ھاياتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، بىز تولپىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىلىپ ـ بىلمەي بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئالىيجانابلىق بىلەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ يامانلىقىنى ئەپۇ قىلساق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆزرىسىنى

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قوبۇل قىلساق، بەزى خاتالىقلارنى كۆرمەسكە سالساق، ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىمىز. ھەتتا بازارغا بارغاندا ھەممە ئادەم ئۇلىشىۋالغان جايدىن ئالماي، تۈزۈك سودا قىلالمىغان كىشىلەردىن سېتىۋېلىش؛ ھەمىشە تاللا بازىرىدىن ئالماي، پەرزەنتلىرىگە ھالال لوقما تېپىش كويىدا، پىژغىرىم ئىسسىقتا ھارۋا سۆرەپ يۈرۈپ نەرسە-كېرەك ساتىدىغانلاردىن سېتىۋېلىش؛ يوللاردا قەلەم، قول قەغىزى قاتارلىقلارنى تەڭلەپ، چىرايىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان سەبىيلەرنى خۇشال قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تولىمۇ كاتتا ئىبادەتلەردۇر.

دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا ئىجتىمائىي زۇلۇم يامرىغان، ئەخلاق بۇزۇلغان، نەپسانىيەتچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ دەۋردە كىشىلەر تەسەللىگە، چىرايلىق سۆزگە ۋە كۆيۈنۈشكە تولىمۇ موھتاج. بىز ئۇيغۇرلاردا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟» دەيدىغان ماقال بار. چىرايلىق سۆز دىلنى يايرىتىدۇ، چىراينى نۇرلاندۇرىدۇ، قەلبنى راھەتلەندۈرىدۇ، غەم-قايغۇنى كەتكۈزىدۇ. كۆڭۈل ئاياش ۋە كۆيۈمچانلىق ئۈچۈن ۋاقىت، پۇل ياكى بىرمۇنچە ئىمكانىيەت كەتمەيدۇ. بۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەردە قىلغىلى بولىدۇ.

# كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ

ئادەم تەربىيە كۆرگەنسېرى، يېشى چوڭايغانسېرى، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق كۆپ ئۆتكەنسېرى كۆپنى بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، خاتالىقلىرىنى تەكرارلىمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر يېشى چوڭايغان بىلەنمۇ، كۆپ ئوقۇغان بىلەنمۇ، كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بىلەنمۇ، ھېچقانچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمايدۇ؛ يىللاردىن بېرى دەپ كېلىۋاتقان گەپلىرىدىن باشقىسىنى دېيەلمەيدۇ؛ ئۆزىنى ھەممىنى بىلىمەن دەپ ئويلايدۇ-يۇ، بىلگىنىنىڭ تايىنى يوق؛ قاتمال پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ؛ ئەتراپتىكى ئۆزگىرىشلەردىن قىلچە تەسىرات ئالمايدۇ؛ تەربىيە بىلەنمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر كۈنى بىر پاقا دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قالغان بىر چاياننى كۆرۈپتۇ. چايان پاقىغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ:

- ھەي دوستۇم! ماڭا ياردەم قىلىپ، قىرغاققا چىقىرىپ قويغان بولساڭكەن، - دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. پاقا چاياننىڭ گېپىگە كۈلۈپ كېتىپ:

- ھەي ئاداش! سېنىڭ خاراكتېرىڭ چېقىش تۇرسا، مەن سېنى قانداقمۇ ئۆشنەمگە ئېلىپ كۆتۈرىمەن؟! ناۋادا مېنى چېقىۋالساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟ - دەپتۇ. چايان:

- توۋا، ئاداش! مەن سېنى قانداقسىگە چېقىۋالغۇدەكمەن؟ سېنى چېقىۋالسام، ئىككىلىمىز سۇدا غەرق بولىمىز ئەمەسمۇ؟! قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولارمەنمۇ؟ خاتىرجەم بول، دوستۇم! مەن سېنى ھەرگىز چېقىۋالمايمەن، - دەپ ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاقا چاياننىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە پاقىنىڭ ئۈچىسى قاتتىق ئاغرىشقا باشلاپتۇ. پاقا چايانغا:

- ھەي دوستۇم! نېمە ئىش بۇ؟ مېنى چېقىۋاتامسەن؟ - دەپتۇ. چايان ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

- ھەي ئاداش! كۆنۈپ قالغان خۇيۇمنى تاشلىيالمىدىم. مېنى كەچۈرگىن،

ساڭىمۇ قىلدىم، ئۆزۈمگىمۇ قىلدىم، ــ دەپتۇ ـ دە، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

دېمەك، تەربىيە ئادەمنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئەخلاقىنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشى ناتايىن.

# بىر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە

﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾.

***تەرجىمىسى:***

«(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ ئۇبدان تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ».



***تەپسىرى:***

ئەسكەر ــ دۆلەتنىڭ كۈچى، قوغدىنىدىغان قورالى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدىغان يۈزى، جازالايدىغان قولى، ھوشيار تۇرىدىغان قەلبى، يۇمۇلمايدىغان كۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئۆز دەۋرىنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ شەكىلدە تولۇق تەمىنات بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى كۈچلەندۈرۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بۇنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ يولىدا جىھادقا تەشكىللىنىش ۋە تەييارلىق قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تايانغان ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەردىن باشقىلارغا ئەلۋەتتە قىيىن ئىشتۇر.

ئايەتتە: «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار» دېگەن ناھايىتى ئىخچام ئىبارە بىلەن ھەر دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەربىي تەييارلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە ئىشارەت قىلىنغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتنى «قورال ۋە جەڭ ئېتى قاتارلىق كاپىرلارغا قارشى ياردەمچى بولالايدىغانلىكى نەرسىلەرنى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە تەييارلاڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

ھازىرقى زامان مۇپەسسىرلىرىدىن دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلىسىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ‹كۈچ› دېگەن سۆزنى ئېنىقسىز شەكىلدە تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ سۆز ئىلمىي، ماددىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بارلىق كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، تەشۋىقات كۈچى، دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش كۈچى، چېگرانى كۆزىتىش كۈچى، ئىلغار ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇش كۈچى، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى كۈچى، ئۇرۇش كېمىلىرى كۈچى، بارلىق زامانىۋى قوراللار كۈچى، قورال ياساش تېخنىكىسى كۈچى، قورال ئىشلىتىشنى بىلىش كۈچى ... ۋەھاكازالار».شۇڭا، دەيمىزكى، ئايەتتىكى «كۈچ» ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرقانداق كۈچنى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، قورال كۈچى، ئەسكەر كۈچى، بىلىم كۈچى، پەن-تېخنىكا كۈچى، تەشۋىقات كۈچى، ئىقتىساد كۈچى قاتارلىق كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ھەدىستە ئايەتتىكى «كۈچ»نى ئوق ئېتىش دېگەن ئەمەسمۇ؟

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت توغرۇلۇق: «بىلىڭلاركى، كۈچ ئوق ئېتىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن تۇرسا، ئايەتتىكى «كۈچ»نى بۇنچە كۆپ مەنىلەردە تەپسىر قىلىشنىڭ دەلىلى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىراۋ: ئايەتتىكى ‹كۈچ› تىن پەقەت ئوق ئېتىشلا كۆزدە تۇتۇلغان دېسە، ئۇنىڭغا دەيمىزكى، بۇ ھەدىس ئايەتتىكى ‹كۈچ› تىن ئوق ئېتىشلا كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، ئوق ئېتىش پەقەت ئايەتتىكى ‹كۈچ› دېگەن سۆز ئىپادىلەيدىغان مەنىلەر ئىچىدىكى بىرلا مەنىدۇر. چۈنكى، ھەدىستە ‹كۈچ ئوق ئېتىشتۇر› دېيىلگەن، ئەمما ‹كۈچ پەقەت ئوق ئېتىشتۇر› دېيىلمىگەن. شۇڭا، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق جەڭ قوراللىرى ۋە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئايەتتىكى ‹كۈچ› نىڭ جۈملىسىدىندۇر».«ئايەتتىكى ‹كۈچ› تىن پەقەت ئوق ئېتىشلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، «ئوق ئېتىش» دېگەن سۆز دەۋرىمىزدە ئۆتمۈشتىكى ئوقيا ئوقلىرىنى ئەمەس، بەلكى مىلتىق، ئاپتومات، ئۇرۇش ئايروپىلانى، ئۇرۇش كېمىلىرى، تانكا، راكېتا، بومبا قاتارلىق بىز ئىسمىنى ئاڭلىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان بارلىق قورال تۈرلىرىنى ئىپادىلىگەندەك، مۇشۇنداق قوراللارغا ئىگە بولۇشقا يېتەرلىك ئەقىل، ئىلىم، تېخنىكا، ئىقتىساد قاتارلىقلارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە ۋە بىلىم سەۋىيەسىگە سىغمايدىغان گەپلەرنى

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلمايتتى، يەنە شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئۈچۈن بىلىش مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلەپ ئولتۇرمايتتى، كېرەك بولغاندىلا ئېيتاتتى. چۈنكى، ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان مۇھىم نەرسىلەر كۆپ ئىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سوراپ كەلسە، ئۇلارغا «سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟» دەپ جاۋاب بېرەتتى. چۈنكى، مۇھىم بولغىنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئەمەس، بەلكى قىيامەتتە ئەسقاتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش دېگەنلىك ئۇنىڭ ماددىي، مەنىۋى، ئەدەبىي، ئىدارىي، تېخنىكا ۋە مالىيە قاتارلىق ھەممە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ» دېگەن ئايەتتە تولۇق مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى بىلەن تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» بىزگە ھەر تۈرلۈك ھەربىي تەييارلىقلارنى قىلىشنى پەرز قىلغان. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە، شارائىتىمىزنىڭ يار بېرىشىچە پۇل-مال سەرپ قىلىشقا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەزىز جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز.ئايەت تىنچلىق چاغلىرىدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ تولۇق ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇشى لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. جەڭ سىگنالى بېرىلگەن ھامان دەرھال جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئايەت يەنە چېگرا رايونلاردىكى ۋەتەن قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ كېچە-كۈندۈز ھوشيار تۇرۇشى، ۋەتەنگە خىرىس قىلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى زامانغا مۇناسىپ ھالدا قوراللاندۇرۇش ۋە تولۇق تەمىنلەشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تەكىتلىگەن.يەنە، تەييارلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىز بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇرۇشتىكى غەلىبە پۇل-مالغا قاراشلىق بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ھەر كىشى چامىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال چىقىرىشى، بېخىللىق قىلماسلىقى، قورقۇنچاقلىق قىلماسلىقى، ئاخىرەتتە بۇنىڭ بەدىلىگە تەييارلانغان كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

مۇشۇنداق تەييارلىق قىلغان مىللەت دۇنيادا خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولمايدۇ، قوشنىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتمايدۇ. ﴿وَمَا تُنْفِقُونَ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ اللهِ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر خەير-ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار. (پۇل-مېلىڭلاردىن) نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ،

سىلەرگە ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ».[1]

ئۆتمۈشتە جەڭ ئېتى دۈشمەنلەرنى قورقۇتىدىغان ئاساسلىق جەڭ ئەسلىھەلىرى ھېسابلىناتتى. گەرچە ئايەت مۇسۇلمانلارنى ھەر دەۋرگە مۇناسىپ جەڭ ھازىرلىقى كۆرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ھازىرقى تەرەققىيات دەۋرىدىمۇ ئات ئۆز رولىنى يوقاتمىغان.

ئايەتنىڭ «بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەر قولۇڭلاردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچۈڭلارغا تايىنىپ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خىرىس قىلىشتىن توسالايسىلەر، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىش ئارقىلىق يامانلىقىدىن ساقلىنالايسىلەر. شۇڭا، سىلەرنى يوق قىلماقچى بولغانلارغا، مۇستەملىكە قىلماقچى بولغانلارغا ۋە بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇڭلار، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا زامانىۋى قورال كۈچىگە ئىگە بولۇڭلاركى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمىنىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خىرىس قىلىشتىن توسۇپ قالالايسىلەر. ئايەتتىكى «دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دېگەننىڭ مەنىسى ھەرگىز «جىم تۇرغانلارنى قورقۇتۇڭلار» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلارنى قورقۇتىسىلەر. ناۋادا سىلەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولساڭلار، سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلار ۋە بوزەك قىلىش خىيالىدا بولغانلار سىلەردىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ، چېقىلالمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە تولۇق ئەمەل قىلغان. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە كۈچلۈك قوراللىرى بىلەن قوراللانغان. شۇڭا، ئۇلار ئۈچ قىتئەدە ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن. ھازىرقى زاماندا ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت پەن-تېخنىكا بىلەنلا بولىدۇ. پەن-تېخنىكا ئىلىم-پەن ئوقۇش ۋە ئوبدان ئۆگىنىش بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار 16-ئەسىردىن كېيىن تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئىلىمنى «دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم» ياكى «ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم» دەپ ئايرىۋالغان. مۇسۇلمانلار ئىلمى كالام (ئىلاھىيەتشۇناسلىق)، پەلسەپە دېگەندەك ئايىغى چىقمايدىغان ئىلىملەرگە چۆكۈپ كېتىپ، پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشنى پۈتۈنلەي قولدىن بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «قورقۇتۇش»تىن «قورقۇش»قا ئۆزگىرىپ قالغان. بىز ھازىر

[1] بەقەرە سۈرىسى، 272-ئايەت.

دۈشمەندىن قورقىدىغان ھالغا كېلىپ قالدۇق. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىمۇ دۈشمەنلىرىدىن قورقىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. مەلۇمكى، ھەر ئىشقا مۇداپىئەدە تۇرۇش پوزىتسىيەسى بىلدۈرگەنلەر يېڭىلىدۇ، تىنىمسىز تىرىشقانلار يېڭىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، ئىسلام دۇنياسى ھازىر ھەر ئىشقا مۇداپىئەدە تۇرۇش پوزىتسىيەسى بىلدۈرۈپ، ھەر لەھزىدە ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ تۇرماقتا.

# كىبىر ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

كىبىر — «ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، مەغرۇرلۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «كىبىر، تەكەببۇرلۇق» دېگەن سۆپەتلەر ئىنسانلار يامان كۆرىدىغان سۆپەتلەردۇر. شۇڭا، ئۆزىنى ئالاھىدە سانايدىغان مۇتەكەببىرلەرنى ئىنسانلار قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىبىرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «الكبر... بَطَرُ الحقّ وغمط الناس» يەنى «كىبىر... ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جۈملىلىك ئىخچام سۆز بىلەن ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ مەنىنى ئايدىڭلاشتۇرغان.ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق «يۈز-ئابرۇيىدا، بايلىقتا، مەنسەپتە، ھۆرمەتتە ياكى نەسەبتە تۆۋەن تۇرىدىغان ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ھەق سۆزىنى ياكى ئۇنىڭدىكى ئىجابىي تەرەپلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق»تۇر.

كىبىرنىڭ بۇ تۈرى ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا، جۈملىدىن ئىلىم ئەھلىلىرىدە خېلى كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىلىمدە ئۆزىدىن يۇقىرى ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە تارقالغان يازمىلىرىنى ئوقۇشتىن ياكى سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن بىئارام بولۇپ، گەرچە ئۆزىگە پايدىلىق يازما ياكى سۆزلەر بولسىمۇ قەستەن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش، باشقىلارغا تەۋسىيە قىلماسلىق، ھەممىبىلەرمەسلىك، ئۆزى بىلمەيدىغان مەسىلىلەرنى تەڭتۇشلىرىدىن ياكى ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەردىن سوراشتىن ئىچى سىقىلىش، ئۆزى بىلمەيدىغان مەسىلىلەرنى «بىلمەيمەن» دېيەلمەسلىك، گەپ يورغىلىتىپ ئۆزىنىڭكىنى توغرا كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش، رەددىيە بېرىلىشتىن ئۆلۈمدىن قورققاندەك قورقۇش، كۆپ نەرسە بىلمەيدىغان تۇرۇقلۇق بىلىدىغانلارنى ياراتماسلىق، باشقىلارنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىبىردىن سانىلىدۇ.

كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگىنىمىز: پېقىرلارنى ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە تەڭ قىلمىغانلىقتىن غادىيىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۇلارغا گەپ قىلماسلىق، سۆزلىرىنى خۇشياقمىغان قىياپەتتە ئاڭلاش ۋە كۆرگەنلا مۇسۇلمانغا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سالام قىلماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي ھەققىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇلارنى ئازارلىغانلىق ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا دۇچار قىلغانلىقتۇر. كىبىرنىڭ بۇ تۈرىمۇ بىز ئۇيغۇرلاردا خۇسۇسەن بىلىملىك، باي، مەنسەپدار ۋە نام-شۆھرەتلىك كىشىلەردە كۆپرەك ئۇچرىشىدۇ. بىزدە كىشىلەرگە ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىش خاھىشى بەك ئېغىر. مەسىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر قارشى تەرەپكە قانچىلىك نەپ ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قانچىلىك پايدا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆزىگە ئازدۇر-كۆپتۇر پايدىسى تەگمەيدىغان كىشى ھەرقانچە كاتتا ئۆلىما ياكى مەشھۇر زىيالىي بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بىرى باشلىقنىڭ يېقىنى ھەتتا ئادەتتىكى ياللاقچىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۈچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ كېتىدۇ. ئىلىمدە ياكى بايلىقتا شۆھرىتى يوق، بىرەر مەنسىپى يوق، ئاددىي-ساددا يۈرىدىغان، ئەمما ھەركىمگە قۇچاق ئاچىدىغان ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ.

بۇنداق قوش ئۆلچەملىك مۇئامىلە قىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ھەتتا قېرىنداشلىرى ئارىسىدىمۇ ئايرىمچىلىق قىلىدۇ؛ بايلىرىغا ھىجىيىپ، كەمبەغەللىرىگە قاپىقىنى تۈرىدۇ؛ ھېيت-ئايەملەردىمۇ ئاۋۋال باي تۇغقانلىرىنى، ئاخىرىدا كەمبەغەل تۇغقانلىرىنى يوقلايدۇ. بۇنداق ئايرىمچىلىق خاھىشى بىزگە نەدىن كەلدى؟ ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۈلگىمىز ۋە يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممەيلەنگە تولۇپ-تاشقان مۇھەببىتى بىلەن، كەمتەر مۇئامىلە قىلاتتى، مۇئامىلىدە باي-كەمبەغەل، ئابرۇيلۇق-ئابرۇيسىز دەپ ئايرىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ھەتتا بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان ئادەممۇ «رەسۇلۇللاھ مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ» دەپ قالاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان ھەربىر كىشىگە شۇنداق ئىللىق تۇيغۇ بېرەتتى.

«قۇرئان كەرىم» لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ «كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ»[1].

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا تۇنجى قېتىم تەكەببۇرلۇق قىلغان مەخلۇق ئىبلىستۇر. ئىبلىس تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك ئاللاھ

[1] لوقمان سۈرىسى، 18-ئايەت.

تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ، تا قىيامەتكىچە ئىنسانلارنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشقا مەھكۇم بولدى. شۇ ۋەجىدىن، تەكەببۇر ئادەم شەيتاننىڭ دوستىدۇر، كەمتەر كىشى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ دوستىدۇر. ﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا﴾ «ئاللاھنىڭ سۆيگەن بەندىلىرى يەر يۈزىدە كەمتەرلىك بىلەن ماڭىدۇ»[1].

## كىبىرنىڭ خەتىرى

ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. كاتتىلىق بابىدا ئاللاھ تائالا يېگانىدۇر. ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلارنى بۇ دۇنيادا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرۇش بىلەن، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا تاشلاش بىلەن جازالايدۇ. ﴿سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ﴾ «يەر يۈزىدە يولسىزلىق قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى مېنىڭ ئايەتلىرىمدىن يىراقلاشتۇرىمەن»[2]؛ ﴿كَذَلِكَ يَطْبَعُ اللهُ عَلَى كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ﴾ «ھەرقانداق مۇتەكەببىر، زومىگەرنىڭ دىلىنى ئاللاھ ئەنە شۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ»[3]؛ ﴿إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْتَكْبِرِينَ﴾ «ئاللاھ تەككەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ئەسلا دوست تۇتمايدۇ»[4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[5]. بۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشدۇر.

## كىبىر كاپىرلىقنىڭ يولىدۇر

ئىبلىسنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەن ئەمرىگە ﴿أَنَا خَيْرٌ مِنْهُ خَلَقْتَنِي مِنْ نَارٍ وَخَلَقْتَهُ مِنْ طِينٍ﴾ «مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ»[6] دەپ قارشى چىقىپ، كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى قىسسىسى ھەممىگە مەلۇم. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دەۋىتىگە تۇنجى بولۇپ قارشى چىققان ۋە ئىماندىن مەھرۇم قالغانلار ھاكاۋۇر كاتتىباشلار ئىدى. نۇھ، ئىبراھىم، سالىھ، شۇئەيب، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق

[1] فۇرقان سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى، 146 ـ ئايەت.
[3] غافىر سۈرىسى، 35 ـ ئايەت.
[4] نەھل سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[6] ساد سۈرىسى، 76 ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى توسماقچى بولغانلارمۇ دەل ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى تەكەببۇرلار ئىدى. ﴿قَالَ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا إِنَّا بِالَّذِي آمَنْتُمْ بِهِ كَافِرُونَ﴾ «(سالىھنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى) ھاكاۋۇرلار: سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دېدى»[1]. ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەبۇ لەھەب بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى بىلەن مەككىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مەزكۇر ساھابە ئەبۇ لەھەبتىن:

- سەن نېمىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشمەيسەن؟ ئۇنىڭ دىنى ھەق ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئەبۇ لەھەب:

- ئۇنىڭ دىنى ھەق ئەمەس، ئۇ يالغانچى، - دەيدۇ. ساھابە ئۇنىڭغا:

- ھازىر بۇ يەردە مەن بىلەن سەندىن باشقا ھېچكىم يوق، راست گەپنى قىلغىن، ئۇنىڭ دىنى ھەق ئەمەسمۇ؟ - دەپ قايتا سورايدۇ. ئەبۇ لەھەب تۇرۇپ قېلىپ:

- مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەق، ئۇ يالغانچى ئەمەس، - دەيدۇ. ساھابە:

- ئەمىسە، نېمىشقا ئۇنىڭغا قارشى چىقىسەن؟ نېمىشقا مۇسۇلمان بولمايسەن؟ - دەيدۇ. ئەبۇ لەھەب:

- بىز مەخزۇم ئايمىقىدىكىلەر ئابدۇمەناف ئايمىقىدىكىلەر بىلەن ئۇزۇن يىللار مابەينىدە رىقابەتتىمىز. ئۇلار كەئبىنى رېمونت قىلغان بولسا، بىزمۇ قىلدۇق؛ ئۇلار كەئبىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەرگە تائام بەرگەن بولسا، بىزمۇ بەردۇق؛ ھەممە ياخشىلىقتا ئۇلار بىلەن باراۋەر كېتىپ باراتتۇق. ئەمدى قوپۇپ ئۇلاردىن بىر پەيغەمبەر چىقتى، بىزدە بولسا يوق. بىز پەيغەمبەرنى نەدىن تاپىمىز؟ شۇڭا، ئەڭ ياخشى يول مۇھەممەدنى ئىنكار قىلىشتۇر، - دەيدۇ. دېمەك، كىبىر ئەبۇ لەھەبنى ئىماندىن توسۇپ قويغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى غەسسان ئەرەبلىرىنىڭ پادىشاھى جەبلە ئىبنى ئەيھەم دېگەن كىشى خىرىستىيانلىقتىن يېنىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مەدىنىگە كېلىپ، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. خەلىپە ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاجىنى ۋە ئۈستىبېشىدىكى يىپەك كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، مۇسۇلمانلاردەك يۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ خەلىپە بۇيرۇغاننى قىلىدۇ. ئاندىن خەلىپە ئۇنى ھەرەمگە بېرىپ ئۆمرە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. جىبلە ئىبنى ئەيھەم مەككىگە بارىدۇ، ئۆمرە قىلىش ئەسناسىدا بىر سەھرالىق ئەرەب ئۇنىڭ پېشىگە دەسسەپ سالىدۇ. جەبلە

[1] ئەئراف سۈرىسى، 76-ئايەت.

ئىبنى ئەيھەم بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، سەھرالىق ئەرەبنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالىدۇ. سەھرالىق ئەرەبكە بۇ ئىش بەك ھار كەلگەن بولسىمۇ، ھەرەمدە ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەي، خەلىپىگە ئەرز قىلىدۇ. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇ چاغدا مەككىگە كەلگەن ئىكەن. خەلىپە ئۆمەر جەبلە ئىبنى ئەيھەمنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى سوراۋشتە قىلىدۇ. جەبلە ئىبنى ئەيھەم تەكەببۇرلۇق بىلەن:

- مەن دېگەن پادىشاھ تۇرسام، ئاددىي بىر سەھرالىق كېلىپ پېشىمگە دەسسىسە بولامدۇ؟ - دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- بۇ، قىستاڭچىلىقتا بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. ئىنسانلار ھۆرمەتتە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىن. ئۇ سېنى كەچۈرۈۋەتسە، مەسىلە يوق، - دەيدۇ. جەبلە ئىبنى ئەيھەمگە بىر سەھرالىقتىن كەچۈرۈم سوراش ھار كېلىدۇ ۋە كەلگەننى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەتىسى چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەتىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۈتىدۇ، ئەمما ئۇ باشقىلارغا تۇيدۇرماي، يۇرتىغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە يۇرتىدا ئىسلامدىن يېنىپ، قايتىدىن خىرىستىيان بولۇپ كېتىدۇ. جەبلە ئىبنى ئەيھەم كېيىنچە بارلىق دۇنياسىدىن ۋە سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ، ئىنتايىن خار زەبۇنلۇقتا ياشاپ، ئەينى چاغدا مەزكۇر سەھرالىقتىن كەچۈرۈم سوراشقا كۆڭلى ئۇنىماي، تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۆمۈر بويى ھەسرەت نادامەت چېكىدۇ، بۇ ھەقتە پۇشايمانلىق شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قالدۇرىدۇ ۋە ئاخىر كاپىر ھالەتتە ئۆلىدۇ.



## كىبىرنىڭ ئەڭ يامان تۈرى

كۆپ كىشىلەر باي، مەنسەپدار ياكى ئىلىملىك كىشىلەرنىلا تەكەببۇر كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى سۈپەتلەردىن ھېچبىرىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارمۇ خېلى بار. بۇنداقلارنىڭ كىبىرىسى ھەقىقەتەن يامان كىبىردۇر. چۈنكى، باي، ئالىم، مەنسەپدارلار كىبىر قىلسىمۇ، ئۆزىدە كىبىر قىلغۇدەك ئارتۇقچىلىق بار دەپ ئويلاپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشقۇ توغرا ئەمەس. ئەمما، بىز يا ئىلىمدە، يا بايلىقتا ياكى مەنسەپتە يوق، ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق كىشىلەرنىڭمۇ كىبىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلار پەزىلەتلىك بايلارنى سۆكىدۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۆزىنى ئۇلاردىن بىلىملىك چاغلايدۇ، مەنسەپدارلارنى ئارقىسىدا تىللايدۇ، ئالدىدا خۇشامەت قىلىدۇ. بۇنداقلارنىڭ كىبىر قىلىشى ئومۇمەن ھەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يۇقىرىقىلارغا ھەسەت قىلغانلىقتىن كىبىر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداقلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۈچ خىل كىشىگە گەپ

قىلمايدۇ، قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار: قېرى زىناخور، يالغانچى پادىشاھ ۋە مۇتەكەببىر يوقسۇلدۇر».

## چىرايلىق كىيىنىش كىبىر ئەمەس

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كىيىمىمنىڭ چىرايلىق، ئايىغىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. بۇ كىبىردىن سانىلامدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەسلىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياقتۇرمايدىغان شەكىلدە كىيىنىش تەكەببۇرلۇق بولۇپ، كىشىلەرگە كۆز كۆز قىلىپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىيىدىغان كىيىملەردۇر. ئەرەبلەردە ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلار كىيىمنى ناھايىتى ئۇزۇن كىيىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يەرگە سۆرىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلامدا شىمنى ئوشۇقتىن ئېشىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.



## كەمتەرلىكنىڭ چېكى بار

ئادەم كەمتەرلىك قىلدىم دەپ ئۆزىنى خور كۆرسىتىش؛ كىيىمنى، چاچ-ساقىلىنى تۈزەپ، پاكىز، چىرايلىق يۈرۈشنىڭ ئورنىغا پاسكىنا ۋە كىر كىيىملەر بىلەن يۈرۈش؛ قولىدا بار تۇرۇپ چىرايلىق كىيىنمەسلىك ھەرگىز كەمتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ھەر نەرسىنىڭ مۇئەييەن چەك-چېگراسى بولغىنىدەك، كەمتەرلىكنىڭمۇ چەك-چېگراسى بار. چەكتىن ئېشىپ كەتكەن كەمتەرلىك ئەيىپلىنىدۇ. چۈنكى، چەكتىن ئاشقان كەمتەرلىك كىشىنى كەمتەرلىكنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ياكى كەمتەرلىكنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى خار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەر ئىككى ئەھۋال ئانچە خوپ كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، كەمتەرلىك چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۈرنەكلەر

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھەمراھى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[1] دېگەن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان ۋە پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ساھابىلەر ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى تەرەپ قولىنى تارتمىغۇچە، ئۇنىڭ قولىنى قويىۋەتمەيتتى؛ بىراۋغا سالام قىلسا، تەبەسسۇم بىلەن تولۇق سالام قىلاتتى؛ قارشى تەرەپ يۈزىنى ئۆرۈمىگۈچە، ئۇ يۈزىنى باشقا ياققا ئۆرۈمەيتتى؛ ھەرقانداق سورۇندا كۆپچىلىكنى ئاتلاپ تۆرگە چىقمايتتى؛ قەيەردە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى؛ ساھابىلىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىنى خالىمايتتى؛ پېقىرلارنى يوقلاپ، ھال-ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى؛ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ تۇراتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى».

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا تەمتىرەپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- «تەمتىرىمە! مەن پادىشاھ ئەمەسمەن. مەن پەقەت مەككىدە ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان گۆش يەپ ھايات كەچۈرىدىغان بىر ئايالنىڭ بالىسىمەن»[2] دېگەن.



## كىبىردىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى

كىبىر ئالدى بىلەن قەلبتە پەيدا بولىدۇ، ئاندىن ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەردە ئەكس ئېتىدۇ. ئىنسان كۆڭلىدە ئۆزىنى چوڭ ساناش ياكى ماختىنىش دېگەندەك ئىستەكلەر پەيدا بولغان ھامان ھوشىنى يىغىپ، ئۆزىدىكى كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى ياكى سىنىقى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىش، كىبىرنىڭ جازاسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ئۆزىنىڭ بىر تامچە سۇدىن (يەنى مەنىيدىن) يارىتىلغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلەش، كىبىر توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئەسكە ئېلىش ۋە دەرھال ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىش لازىم.

ئېيتىلىشىچە، ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر قېتىملىق لېكسىيەدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىش يولىدا، شوپۇرغا ناماز ۋاقتى ئەمەس بىر ۋاقىتتا بىر مەسجىدنىڭ ئالدىدا ماشىنىنى توختىتىشنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن مەسجىدنىڭ تەرەتخانىسىغا كىرىپ كېتىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە چىقماپتۇ. شوپۇر نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ تەرەتخانىغا

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

كىرسە، شەئىراۋى تەرەتخانىنى تازىلاۋاتقان ئىكەن. بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالغان شوپۇر كېتىۋېتىپ شەئىراۋىدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ. شەئىراۋى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈنكى لېكسىيەدە كىشىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى كۆڭلۈمگە سەل تەسىر قىلدى، شۇڭا نەپسىمنى ئەدەپلەپ قوياي دەپ تەرەتخانىلارنى تازىلاپ چىقتىم» دېگەن ئىكەن.

# كىچىك ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىق تېپىشنى ئۆگىنىۋالايلى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش ھەققىدە: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئىنسان ھەر تىنىقىدا ۋە ھەر لەھزىدە ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرىگە چۆمۈپ ياشايدۇ. مەسىلەن، ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن ساق-سالامەت تۇرغىنىڭىز بىر نېمەت، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالالىغىنىڭىز بىر نېمەت، پۇت-قولىڭىزنى خالىغانچە ھەرىكەتلەندۈرەلىگىنىڭىز بىر نېمەت، كۆڭلىڭىز ئىشتىھا قىلغان تائاملاردىن يېيەلىگىنىڭىزمۇ بىر نېمەت. ھاياتىڭىزدا يەنە قانچىلىغان نېمەتلەر بار...

ئۈنتۇپ قالماڭكى، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان، ئەركىن نەپەس ئالالمايدىغان، ماڭالمايدىغان، كۆڭلى تارتقاننى يېيەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىنسانلار بار. سىز شۇلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك كاتتا نېمەتلەر ئىچىدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىسىز. دېمەك، ئىنساننىڭ بىر كۈننى خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە باشلىشى ۋە كۈن بويى شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىشى يېتەرلىكتۇر.

ئەتراپىمىزدىكى شۇنداق كىچىك ئىشلاردىن خۇشاللىق ھېس قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان چېغىمىزدا، بەختسىزلىك بىزگە يولىيالمايدۇ، ھاياتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە ئەگرى-توقايلىقلىرى بىزنى بىئارام قىلالمايدۇ، ئارامىمىزنى بۇزالمايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر تەرىپىدە بىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە بىز كۆزگە ئىلمايدىغان ئاددىي ئىشلار بىزنى خۇشال قىلالىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئۆزىمىز يارىتىشىمىز، ھېچكىمنىڭ ۋە ھېچ نەرسىنىڭ بەخت-سائادىتىمىزنى بۇزۇشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم؛ ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرى، كەلگۈسىنىڭ غەم-قايغۇلىرى بىزنى بىئارام قىلماسلىقى لازىم. ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتتى، كەلگۈسى تېخى يېتىپ كەلمىدى، ئەمما، بۈگۈنىمىز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا، بىز بۈگۈنىمىز ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا كۇپايە. بىر كۈنىمىز ئىچىدە بىزنى خۇشال

[1] زۇھا سۈرىسى .

قىلىدىغان، كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان كىچىك ئىشلارنى ئىزدىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى بەختسىزلىككە ئەمەس، بەختلىك ياشاشقا ياراتقان.

ئېيتىلىشىچە، مەلۇم بىر مەھەللىنىڭ گۈل دۇكىنىدىكى خوجايىن ئىشچىلىرى بۇيرۇتمىلارغا ئاساسەن تەييارلىغان گۈللەرنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ:

- سىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشچىلىرىڭىز تۇرۇقلۇق، گۈللەرنى ئۆزىڭىز يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ - دەپ سورىغانلارغا:

- مەن خېرىدارلارنىڭ گۈلنى قولۇمدىن ئالغان چېغىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرگەن چېغىمدا روھىم شادلىنىدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ خەزىنىلىرىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر، - دېگەن ئىكەن.

ئەتىگەن ئويقۇمىزدىن ئويغانغىنىمىزدا «ئاللاھقا شۈكرى» دەپ تۇرساق؛ كۈنىمىزنىڭ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى، بىز دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى دەپ مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكىدىغان بولساق، شۇ كۈنىمىزنىڭ ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتۈشىنى نىسبەتەن كاپالەتلەندۈرگەن بولىمىز. چۈنكى، خۇشال ياشاش بىزنىڭ قارارىمىزغا باغلىق بولغاندەك، غەزەپلىنىشمۇ بىزنىڭ قارارىمىزغا باغلىق. سائادەتنى تاللاش ئۆز ئىختىيارىمىزدىكى ئىش. شۇڭا، بىز ھاياتىمىزدىن سائادەتنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشىمىز ئۈچۈن، رازىمەنلىك ۋە مىننەتدارلىق ئۇرۇقلىرىنى تىكىشىمىز لازىم. خۇشاللىقىمىزنى كىچىك ۋە ئاددىي ئىشلاردىن تېپىشنى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر مۇسۇلماننىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراشقا چاغلىق ئىش بولسىمۇ، ھېچبىر ياخشىلىقنى ئاددىي چاغلىما»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ئىنسان بەزىدە ئويلىمايلا بىر ياخشى گەپنى قىلىدۇ-دە، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇ گېپى تۈپەيلى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ»[2] دېگەن. بەزىدە بىر ئېغىز ياخشى سۆزىمىز ياكى بىرەر ئاددىي ئەمەلىمىز سەۋەبلىك جەننەت ئەھلى بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. قايسى ئەمەلنىڭ ۋە قايسى سۆزنىڭ بىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇڭا، ھاياتىمىزدىكى ھەرقانچە كىچىك ئىشنىمۇ ئاددىي چاغلىماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان نەرسە كاتتا-كاتتا ئەمەللەر ئەمەس، بەلكى كىچىك ۋە ئاددىي



---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئەمەللەردۇر. مەسىلەن، بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسساپ كەتكەن بىر ئىتنى سۇغىرىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەتتى بولغىنىغا ئوخشاش.

بەخت-سائادەت ۋە خۇشاللىقنىڭ پۇرسەتلىرى قەدەمدە بىر تېپىلىپ تۇرىدۇ-يۇ، بىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايمىز. سائادەت ھەممىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىمىزنى كۆرگەن ھامان بىزدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئابراھام لىنكولىن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسان سائادەت ئۈچۈن قانچىلىك ھازىر بولسا، شۇنچىلىك سائادەت ھېس قىلىدۇ. ئەگەر سىز بۈگۈننى ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ سائادەتلىك كۈن دەپ بىلمىسىڭىز، بەلكىم ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ سائادەتلىك كۈندىن قۇرۇق قېلىشىڭىز مۇمكىن».

# باشقىلارنى خۇشال قىلىش سەنئىتى

ئىسلام دىنىمىز پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت ۋە شەپقەت دىنى بولغاچقا، ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى نىشان قىلغاندەك، كىشىلەرنى خۇشال قىلىشنىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن سانىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەرز ئەمەللەردىن قالسىلا ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل بىرەر مۇسۇلماننى خۇش قىلىشتۇر»[1]؛ «بىرەر كىشىنى خۇش قىلىش گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ»[2].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا بىر ياتاقتا ئىككى بىمار بىرقانچە ئايدىن بېرى بىرگە ياتىدىكەن. بىرى ئومۇرتقىسى زەخىملەنگەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ، ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقان ھەمراھىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. ھەمراھى دائىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر، خۇشپۇراق گۈللەر، مەيداندا ئويناۋاتقان ئۇماق بالىلار، سايراۋاتقان قۇشلار توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بىمار شۇ ئارقىلىق كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، خۇشاللىق ئىچىدە ياتىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ھەمراھىدىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ، ئورنىدىنمۇ تۇرماپتۇ. ئارقىدىنلا سېستىرالار ئالاقزەدە بولۇشۇپ، دوختۇرنى چاقىرىپتۇ. قارىسا ئۇ ئاللىبۇرۇن نەپەستىن قالغان ئىكەن. كېيىن ھېلىقى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بىمار دوختۇرلاردىن ئۆزىنى دېرىزىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. دوختۇرلار ئۇنى تەلىپىگە بىنائەن دېرىزىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەپ قويۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ئەمدى مەنمۇ سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ياتىدىغان بولدۇم» دېگەننى ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئەمما، قارىغۇدەك بولسا سىرتتا يوغان بىر تام بولۇپ، ئۇ تام سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى پۈتۈنلەي توسۇپ تۇرىدىكەن، دېرىزىنىڭ سىرتىدا تامدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. بىمار بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، سېستىرالاردىن سوراپتۇ:

[1] ئىمام تەبەرزنى رىۋايىتى.

[2] ئىمام تەبەرزنى رىۋايىتى.

– سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر قېنى؟ ئۇماق بالىلار، خۇشپۇراق گۈللەر قېنى؟ قېنى ئۇ قۇشلار؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېستىرالار ئۇنى كاللىسىدىن كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا سىرتتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ تامدىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. بىمار يەنە سېستىرالاردىن ۋاپات بولغان ھەمراھىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. كۆپ ئويلانمايلا مەرھۇمنىڭ ئۆزىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەل ھېكايىلەرنى توقۇپ چىققانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھەممىتىنىڭ بولسىلا كىشىلەرنى خۇش قىلىش ئەنە شۇنداق ئوڭاي. بۇنچىلىك ئىشلارنى ھەممىمىز قىلالايمىز. ئەمما، بۇ ئۇنتۇلماس ياخشىلىقتۇر.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ باشقىچە ھۇزۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمىنى پەقەت خەير-ئېھسان قىلىدىغانلارلا تېتىيالايدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق كۆڭۈلنى شاد ئەيلەپ، ۋىجدانغا راھەت بەخش ئېتىدىغان، باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. بەرگۈچى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق باشقىلارغا بىرەر نەرسە بەرگەن ۋاقتىدىكى خۇشاللىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىق ئادەتتۇر»[1] دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، ھەمىشە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇش ۋە ياخشىلاردىن بولۇشقا تىرىشىش ھەربىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈرىيەتتۇر. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئۆزىنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغانلىق ۋە تۇغما تەبىئەتكە مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشىلىقنى سۆيىدۇ، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدۇ.



[1] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن

ئىنسان جىمى مەۋجۇدات ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك يارىتىلغان بارلىق بولۇپ، بارچە كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئىنساننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾ «شەكسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەزىز قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىغا)، دېڭىزدا (كېمە ۋە پاراخوتلارغا) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، يەنە ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق»[1]؛ ﴿اللهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْأَنْهَارَ﴾ «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن ۋە سىلەرگە كېمىلەرنى ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ بەرگەن، دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر»[2]. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك ۋە جىمى مەۋجۇداتتىن ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقان ئىكەن، ئىنسانلارنىڭمۇ بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى ۋە قەدىرلىشى ئەقەللىي تەلەپتۇر. ئىنسان باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەنسېرى ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ ۋە ئىززەت تاپىدۇ.

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ۋە گۈزەل ئەخلاق ئابىدىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى تۆۋەن كۆرمەيتتى، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ئاددىي كىشىلەرگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارنى قەدىرلەيتتى، بىراۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قولىنى چىڭ سىقىپ تۇتاتتى، قارشى تەرەپ قولىنى تارتمىغۇچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تارتىۋالمايتتى، ئۇ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىمىغۇچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە قىممەتسىز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە شۇنداق ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇراتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ھەرقانداق ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ،

[1] ئىسرا سۈرىسى، 70-ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 32-ئايەت.

دەپ قالاتتى.

ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ لەقىمى «ئېشەك» ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «ئېشەك» دەپ چاقىرىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق چاقىرىش ئۇنى ھايۋانغا ئوخشاتقانلىقتىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر پەرزەنتلىرىگە «شۇڭقار، بۆرە» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى كۆپ قويىدۇ. ئادەتتە «شۇڭقار» كەلىمىسى ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە سىمۋول قىلىنسا، «بۆرە» كەلىمىسى جەسۇرلۇق ۋە شىجائەتكە سىمۋول قىلىناتتى. شۇنىڭدەك، «ئېشەك» دېگەن ئىسىمۇ سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىقتا سىمۋول قىلىپ قوللىنىلاتتى. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەك، مېۋە-چېۋە ۋە كىيىم-كېچەك دېگەندەك كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ يەنە بازار ئايلىنىۋېتىپ، بىر نەرسىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ (راۋى ئۇنىڭ كىيىممۇ، يېمەك-ئىچمەكمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىغان). ئەمما، سېتىۋالغىلى پۇلى بولمىغاچقا، ساتارمەنگە:

- ئارقامدىن ماڭ، پۇلۇڭنى بېرىمەن، - دەپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كېلىدۇ. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگەندىن كېيىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلغىلى ئەكەلدىم، - دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، ئابدۇللاھ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتكەيلا، - دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- «سەن بۇنى ماڭا ھەدىيە دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟» - دەيدۇ. ئابدۇللاھ:

- توغرا دەيلا، بۇ سىلىگە ھەدىيە، ئەمما، بېرىدىغانغا پۇلۇم يوق، - دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىدۇ.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بىر كۈنى ئابدۇللاھ ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپ دەررە ئۇرۇلىدۇ (ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراقكەشنى سەكسەن قامچا ئۇرۇلىدۇ). شۇ چاغدا ساھابىلەردىن بىرى:

ـ ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! بىر قېتىم ئەمەس، نەچچە قېتىم مۇشۇنداق جازالاندى، ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەزكۇر ساھابىگە ئاچچىقلىنىپ:

ـ «ئۇنى قارغىما! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ» ـ دەيدۇ. ئابدۇللاھ ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار سانالسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئىدى. كاشكى بىزمۇ ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە يامان تەرەپلىرىنى ئەمەس، ياخشى تەرەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنگەن بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ھە!

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە ھاراق ئىچىدىغان ئادەت ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمدە ھاراق ھارام قىلىندى ۋە ساھابىلەرمۇ ھاراقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدى. شۇنداقتىمۇ ساھابىلەردىن ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بەزىدە ھاراق ئىچىپ قويۇپ جازاغا ئۇچراپ تۇراتتى. ئەبۇ مەھجەن ئىسىملىك ساھابىمۇ شۇنداق جازاغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر شەيتاننى يېڭىپ، ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا مۇجاھىدلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق. شۇ پەيتتە سەھرالىق بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ، كىچىك تەرەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ «توختاڭلار! ئۇنى ئالدىراتماڭلار، سۈيدۈكىنى قىسۋالمىسۇن» ـ دەپ ئۇلارنى توختاتتى. ئاندىن ھېلىقى ئادەم تەرىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ: «بۇ مەسجىدلەر تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان» دەپ چىرايلىق نەسىھەت قىلدى. ئۇ ئادەم ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ، لام-جىم دېمەيلا مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى. ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئۇ مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام رۇكۇدىن تۇرۇپ: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېگىنىدە، ھەممەيلەن تەڭلا: «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دېدى. پەقەت ھېلىقى ئادەملا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئى ئاللاھ! ماڭا ۋە مۇھەممەدكە رەھىم قىلغىن، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندا جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ، ھېلىقى دۇئانى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئادەم:

– مەن قىلدىم، – دەپ ئالدىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

– «ئاللاھنىڭ كەڭ رەھمىتىنى تار قىلىۋالدىڭغۇ!»[1] – دېدى.

بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىرايلىق نەسىھەتتى ۋە چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن مەسجىدكە تەرەت قىلغان مەزكۇر سەھرالىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، چوڭقۇر سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغان.

بۇددا دىنى پېشۋالىرىدىن رىيۇكان ئىسىملىك بىر كىشى تولىمۇ كەمتەرلىكى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. بىر كۈنى مۇخلىسلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قاراقچى ئىنىسىغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ قېرىندىشى شەھەردە نامى پۇر كەتكەن قاراقچى بولۇپ، ئاكىسىنىڭ شۇنچىۋالا نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، قاراقچىلىقتىن قەتئىي قول ئۈزمىگەن ئىكەن. رىيۇكان مۇخلىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، قاراقچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. رىيۇكان ئەتىسى قاراقچى بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، قاراقچى كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىنى كىيگۈزۈپ، بوغقۇچلىرىنى ئېتىپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى رىيۇكاننىڭ ئايىغىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئاندىن قاراقچى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يىغىدىن توختاپ:

– مۇشۇ كەمگىچە مېنى سىزدەك بىرەر پېشىۋا زىيارەت قىلىپ باقمىغان ۋە ماڭا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىگەن ئىدى. سىزدەك كاتتا بىر زاتنىڭ مەندەك بىر قاراقچى بىلەن بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزگىنىڭىزگە قارىغاندا، مېنىڭمۇ ئاز-تولا قىممىتىم بار ئىكەن، – دەپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ قاراقچىلىقنى تاشلاپ، بۇتخانىغا ئۆزىنى ئاتاپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى راھىبلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

***ئەسلەتمە***

— ئىنسانلار سىزنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلاردا قالدۇرغان تەسىراتىڭىزنى ئۇنتۇيالىشى ناتايىن. شۇڭا، باشقىلاردا گۈزەل تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ.

— كىشىلەرنىڭ قىلمىشىغا قاراپلا ئۇلارنى «گۇناھكار»غا چىقىرىۋەتمەڭ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكىنى بىلمەيسىز. بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق

[1] سەھىھ مۇسلىم، 285-ھەدىس.

ئۆزرىسى بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇچراشقان ھەربىر كىشىگە قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ.

— ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ھەرگىز ئۈستۈن چاغلىماڭ. چۈنكى، كىبىر ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىشتىن باشلىنىدۇ.

— ھەركىمنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى ھېس قىلىشىغا ياردەم قىلىڭ. چۈنكى، ھەركىم ئايرىم بىر جەۋھەردۇر.

— ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى بىر شەخس ئىكەنلىكىڭىزدىن پەخىرلىنىڭ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ مەرتىۋىڭىزنى كۆتۈرۈپ، قىممىتىڭىزنى ئاشۇرىدۇ.

— يا كۆرۈنگەندەك بولۇڭ، يا بولغىنىڭىزدەك كۆرۈنۈڭ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولمىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.

# كەچۈرۈش كۈچلۈكلەرنىڭ خىسلىتىدۇر

ئىنسانلارنىڭ تۇرلۇك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئادىدىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ. ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان بولىدۇ؛ باشقىلارنى ئامال بار توغرا چۈشىنىپ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ؛ بىرەر نادان ئازار بەرسە، ئۇنىڭغا خۇددى يولدا ئويناۋاتقان سەبىي باللارنىڭ ئۆزىگە تاش ئاتقىنىغا قارىغان پەيلاسوپقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئادەم كۆڭۈلنىڭ كەڭىگە كىرىۋەرسە، غەزەپ بەزىلەرنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ ھەتتا قان تۆكمىگۈچە دەردى چىقمايدىغان دەرىجىدە ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن قوراللانغان بولسا، بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

باشقىلارنى كەچۈرەلەيدىغان ئىنسان راستتىنلا كۈچلۈك ۋە ئىرادىلىك ئىنساندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىنى چۈشەندۈرۈپ: «چېلىشتا يەڭگەن كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كۈچلۈكتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. كەچۈرۈش ۋە ئەپۇچانلىق كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىغان، بىئارامچىلىقتىن ۋە دەرد-ئەلەمدىن خالاس قىلىدىغان خىسلەتتۇر. باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىدىغان ئادەم كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايدۇ، غەزەپ-نەپرەتتىن ئازاد بولىدۇ، كەچۈرۈش ئارقىلىق تارلىقتىن كەڭلىككە، ئازابتىن راھەتكە چىققاندەك بولىدۇ. چۈنكى، بىز باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئۈچۈن قورقۇنچىنىڭ ئورنىغا سۆيگۈنى، ئاداۋەتنىڭ ئورنىغا كەڭ قورساقلىقنى تاللىغان بولىمىز. بۇ بىزنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساقلىقىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق چارىدۇر. ئەگەر بىز باشقىلارنى كەچۈرمىگەندە، ئۆزىمىزنى نەپرەت زىندانىغا مەھكۇم قىلغان بولىمىز. چۈنكى، ئەپۇ قىلماسلىقتا بەل باغلاش ئۆزىمىزنى ئىزچىل ئازابلاشقا رازى بولۇش دېگەنلىكتۇر. كەچۈرۈش بولسا ئۆتمۈشنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى دىلىمىزدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىق، غەزەپ-نەپرەت كىشەنلىرىدىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلغانلىق ۋە خۇشاللىقىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

418

ئەزىيەتكە ئۇچراپ، ئۆچىنى ئالالمىغان كىشىلەر كۆپىنچە قاتتىق بىئارام بولۇپ، كۆڭلى غەزەپ ـ نەپرەتكە تولىدۇ، پسىخىكىسى ئېغىر دەرىجىدە تۇراقسىزلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈۋەتكەندە، تاغدەك ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك راھەتلىنىپ، تەن ساقلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. دېمەك، باشقىلارنى كەچۈرۈشنىڭ پايدىسى ئاۋۋال ئۆزىمىزگە بولىدۇ، چۈنكى بىز كەچۈرۈش ئارقىلىق روھىمىزنىڭ ساپلىقىنى، كۆڭلىمىزنىڭ ئارامىنى قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە بىئاراملىقتىن قۇتۇلغان بولىمىز. سىز غەزەپ ـ نەپرەتكە بوغۇلۇپ تۇرۇپ ھەرگىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلالمايسىز، كۆڭلىڭىزنى خۇش تۇتالمايسىز. ئەكسىچە، سىز ئاشۇ ئاداۋەت ۋە ئاچچىقتىن خالاس بولغان ۋاقتىڭىزدا، خۇددى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاندەكلا راھەتلىنىپ قالىسىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنى كەچۈرۈش كۈچلۈكلەرنىڭ خىسلىتى، ياخشىلارنىڭ ئادىتى، دانالارنىڭ تەدبىرى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

# ئەخلاق ئادەم زىننىتى

ئەدەپ-ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، سۆز-ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ۋە نىيەتلىرىنى ياخشى-يامانغا ئايرىيدىغان مىزاندۇر. بىر ھەدىستە: «بەندىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق» دېيىلگەن.

## ئەخلاق بىلەن دىيانەت قوشكېزەكتۇر

ھەقىقىي دىيانەتلىك ئادەم ئەخلاقلىق بولىدۇ. بىراۋنىڭ دىلىنىڭ پاكلىقى، ئىمانىنىڭ ساپلىقى ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئىنساننىڭ قەلب گۈلزارىدۇر. ئەخلاقلىق كىشىلەر كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، ئىلىم ئەھلىنى، ئاتا-ئانىنى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ؛ ئاجىزلارنى، كېسەللەرنى ۋە پېقىر-مىسكىنلەرنى يوقلايدۇ؛ ئۇلارنى خور كۆرمەيدۇ؛ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ؛ تارازىنى ئادىل تۇتۇپ، ھالالدىن رىزىق تېپىپ يەپ، ھارامدىن يىراق تۇرىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قەدىرلەيدۇ؛ زىيانغا ئۇچراتمايدۇ؛ جانلىقلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسرايدۇ؛ پەرزەنتلىرىنى جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق قىلىپ، ياخشى تەربىيەلەيدۇ.

## گۈزەل ئەخلاق بارچە ياخشىلىقنىڭ ئانىسى

گۈزەل ئەخلاق جىمى ياخشىلىق ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسىدۇر. ئىززەت-ھۆرمەت ئەخلاق ۋە پەزىلەتتىن، قەدىر-قىممەت بىلىم ۋە قابىلىيەتتىن، شان-شەرەپ ۋە نەتىجە مۇۋەپپەقىيەتتىن كېلىدۇ. ھەركىم ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆزى يازىدۇ. ھەركىمنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۆزى ئۈچۈن تىكلىگەن ئابىدىسىدۇر. ئەخلاق-پەزىلەتلىك كىشىلەر جەمئىيەت ئېتىزىغا گۈل تەرگۈچى باغۋەنلەردۇر. دۇنيادا كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاققا چاقىرمىغان دىن ياكى پەلسەپە بولمىسا كېرەك.

ئائىلە، پەرزەنت ۋە مىللەت جەمئىيەتنىڭ بەخت-ئىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاستە باغلىنىشلىق مۇھىم ئۆزەكتۇر. ھەربىر ئائىلە بىر دەرسخانا، ھەربىر ئاتا-ئانا بىر ئۇستازدۇر. بالىلارغا تۇرمۇشتا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇش بىلەن بىرگە تەلىم-تەربىيەدە تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، تىرىشچان ۋە يېتەكچى بولۇش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇستىدىكى دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەتتۇر.

## تەربىيە ئائىلىدىن باشلىنىدۇ

ئائىلىدە ئەخلاق تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالغان بالا مەكتەپتە مۇكەممەل تەربىيە ئالالىشى ناتايىن. ئائىلىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ سۇسلۇقى ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىم-تەربىيەنىڭ ئاجىزلىقى ئائىلىگە تۈرلۈك پاجىئە، جەمئىيەتكە ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار پۇل تېپىش، جان بېقىش، كۆڭۈل ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىلىم تەربىيەسىگە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە بالىلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە ئولتۇرىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلارنىڭ ساپاسى بالىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ.

ئادەمدە دىيانەت، پاراسەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتەر بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەر ئادەم قىممىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە كۆركىدۇر. بىر ئادەمنىڭ قانداق يېتىلىشى ئائىلىدىكى ئەخلاق تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىگە باغلىقتۇر.

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى شۇنى تەكىتلەيدۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كاپالەتلىك يولى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشتۇر. دۇنيادا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئادەم ئۇلارنىڭ ئومۇمەن ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئىشنى كىچىكتىن باشلىغانلىقىنى بايقايدۇ.

يازغۇچىلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەسلەپتە يۇرتىمىزدىكى مەلۇم بىر گېزىتكە ماقالە يېزىشقا باشلىغان چېغىمدا، گېزىتخانىنىڭ كۆچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن تۆت كۈن ئىچىدە يىگىرمە ماقالە يېزىپ ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلدىم. ئەمما، ئون بەش ماقالىنى پۈتتۈرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن ئالتە ھەپتە ۋاقتىم كەتتى ۋە ناھايىتى چارچاپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇسلۇبۇمنى ئۆزگەرتىپ، ھەر كۈنى بىر ماقالە يېزىش ئادىتى يېتىلدۈردۈم. بۇ ئىش ماڭا دەسلەپتە بەك ئاز ۋە بەك ئاددىي كۆرۈندى. ئەمما، ھازىر كومپيۇتېردىكى ئارخىپىمغا قارىسام، سەككىز مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ بوپتىمەن. بۇنىڭدىن بىلدىمكى، غەلىبىلىك ئىش ئاز-ئازدىن قىلىش ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئىكەن». بۇ تەجرىبە بىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، سىز قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەتىجە ئۈچۈن سالماقلىق بىلەن قەدەم بېسىڭ. مەسىلەن، سىز بەدەن ساپايىڭىزنى ياخشىلىماقچى بولسىڭىز، ھەر كۈنى يېرىم سائەت بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئەگەر قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىماقچى بولسىڭىز، ئىشنى ھەر كۈنى بىر بەت ياكى يېرىم بەت قۇرئان يادلاشتىن باشلاڭ. ئەگەر بىرەر چەتئەل تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئىشنى ھەر كۈنى بەش، ئون سۆزلۈك يادلاشتىن باشلاڭ. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىز ئادەت قىلىۋالغان ئىشلىرىڭىز كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ ماڭىدۇ. بىر كۈنى قارايدىغان بولسىڭىز، ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۈندىلىك ئادەت ئارقىلىق قانچىلىك چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەي قالىسىز. ئىشلارنى ئاز-ئازدىن داۋاملاشتۇرۇش، ھاياجان كەلگەندە جىق ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، باشقا چاغدا ئۇخلاپ قالغاندىن كۆپ ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ داۋام قىلغىنىدۇر» دېگەن كۆرسەتمىسى نېمىدېگەن ھېكمەتلىك ھە!

دېمەك، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىنىڭ كۆلىمى ھەققىدە باش قاتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئاز بولسىمۇ، كۈندىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشتۇر. قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاش ياكى سەككىز مىڭ پارچە ماقالە يېزىپ بولۇش ياكى چەتئەل تىللىرىدىن بىرقانچىسىنى ئۆگىنىش ھەققىدە باش قاتۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنى ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بېرىشى ۋە بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن خۇلاسىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، نەتىجە ھەققىدە باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئىشنى ئاز-ئازدىن داۋاملاشتۇرۇش ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىكەن. بۇ ئىشلار كۆزگە كۆرۈنمەيلا ۋۇجۇدقا چىقىپ قالىدىكەن. بىزدە «تامار-تامار كۆل تولار» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەرەبلەر: «داۋاملاشقان ئاز ئىش داۋام قىلالمىغان چوڭ ئىشتىن ياخشىدۇر» دەيدۇ.

بىر كېچە-كۈندۈزدىكى 24 سائەت ۋاقىت ھەرگىزمۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئەمما، بۇ ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر ئىش قىلسىڭىزمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قىلمىسىڭىزمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز تىرىكچىلىك قىلىش، ناماز، زىكىر ۋە دۇئا قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش، ئارام ئېلىش، غىزالىنىش قاتارلىق كۈندىلىك زۆرۈر ئىشلىرىڭىزنى جايىدا قىلغاننىڭ سىرتىدا بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، شۇ بىر سائەت ئىچىدە بىرقانچە ئىشنى قىلىمەن دېسىڭىزمۇ، ئەلۋەتتە قىلالايسىز. ياكى مۇنداق ئىككىلا ئىشنى قىلىشقا تىرىشىپ بېقىڭ:

1. يېرىم سائەت قۇرئان يادلاش ياكى تەكرارلاش،

2. يېرىم سائەت بەدەن چېنىقتۇرۇش ياكى يول يۈرۈش.

بۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپلا كېتەلىسىڭىز، ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. مەن بۇ يەردە روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان ئىككى مىسال كەلتۈردۈم. چۈنكى، قۇرئان كەرىمنى ئىزچىل ئوقۇپ تۇرۇش ۋە ئەمەل قىلىش بىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىمىزنى ساقلىسا، بەدەن چېنىقتۇرۇش جىسمانىي ساغلاملىقىمىزنى ساقلايدۇ. مۇئمىن ئادەم بۇ ئىككىسىگە ئوخشاشلا موھتاج.

24 سائىتىڭىز ئىچىدىكى بۇ بىر سائەت سىزنىڭ ھېچقانداق ئىشىڭىزغا تاقاشمايدۇ. سىز بۇ بىر سائەتنى قاتناش ۋە زىچلىقىدا يوللاردىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىسىز، يانفونغا قاراش بىلەن ياكى تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەنمۇ تۇيمايلا ئۆتكۈزۈۋېتىسىز.

ئەمما، سىز مۇشۇ بىر سائەتتىن پىلانلىق ھالدا پايدىلانغىنىڭىزدا، كېيىن ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەي قالغۇدەك دەرىجىدە نەتىجە يارىتالايسىز. بىرقانچە يىلدىن كېيىن قارىسىڭىز، تېنىڭىزنىڭ ناھايىتى ساغلام تۇرغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

مەن تەجرىبە قىلىپ باقتىمكى، ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدىكى بىر يېرىم سائەتلىك ۋاقىتتىن نېمىگە ئېرىشكەنلىكىمنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ ۋاقىت ئومۇمەن، ئۆيدە باللار بىلەن ئولتۇرۇش، كىتاب ۋاراقلاپ قويۇش، خەۋەر كۆرۈش، يانفونغا قاراش بىلەن مەنىسىزلا ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ناماز شامدىن كېيىن مەسجىدتىن ئۆيگە قايتماي، ناماز خۇپتەنگىچە ئولتۇرۇپ باقتىم. ئەسلىدە بۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىكەن. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئالدىرىماي ئىككى پارە قۇرئان ئوقۇپ بوپتىمەن يەنە تېخى سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىپمۇ ئۈلگۈرۈپتىمەن. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر بىز ۋاقىتتىن پىلانلىق پايدىلىنىشنى بىلسەك، ئاز ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا بولىدىكەن.

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟



مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كىچىكتىن باشلىنىدىغانلىقىغا ۋە ئىزچىللىقنىڭ ئەھمىيىتىگە قايىل قىلىشىمىزغا باغلىق. تۆۋەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى بولىدىغان بەزى تەۋسىيەلەرنى سۇنىمىز.

*1. تەدرىجىيلىك يولىنى تۇتۇڭ.*

ھاياتىڭىزنى تېزلا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ. چۈنكى، كۆنۈپ قالغان ئادەتلەرنى بىر كېچە-كۈندۈزدىلا ئۆزگەرتىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە سەۋرچانلىق كېتىدۇ. ئىشنى دەسلەپتە ئاز-ئازدىن باشلاڭ، سىزگە مالاللىق يەتمەسلىكى ئۈچۈن، باشتا ئۆزىڭىزنى بىر ئىشقا بەك ئۇرۇپ كەتمەڭ. ئەرەبلەردە: «قاچان يېتىپ بېرىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى يېتىپ بېرىشتۇر» دەيدىغان ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىڭ.

*2. مۇئەييەن ئىشقا مەركەزلىشىڭ.*

ھەممە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئادەتنىمۇ ئاستا-ئاستا يېتىلدۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، سىز كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلدۈرمەكچى بولسىڭىز، بارچە ھىممىتىڭىز شۇنىڭغا مەركەزلىشىشى، كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن

مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ، شۇنىڭغا چوقۇم رىئايە قىلىشىڭىز شەرت.

*3. ياخشى ھەمراھ تېپىۋېلىڭ.*

بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆزىڭىزگە بىرەر ياخشى ھەمراھ تېپىۋالسىڭىز، شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا سىلەر بىر-بىرىڭلارنى رىغبەتلەندۈرىسىلەر، خۇشياقمىغان كۈنلەردىمۇ ھەمراھىڭىزنىڭ زورى بىلەن بولسىمۇ ئادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىز.

*4. بەك مۇكەممەلشۇناس بولۇۋالماڭ.*

ئۇرۇنۇشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، ھەممىسىدە نەتىجە قازىنىشىم كېرەك دەپ ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويىۋالماي، قولىڭىزدىن كەلگەنچە، ئىقتىدارىڭىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھ تائالادىندۇر.

*5. ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرىڭ.*

ئىنساننىڭ نەپسى راھەتكە مايىل بولغانلىقتىن، پىلان تۈزۈپ مۇنتىزىم ئىش قىلىشنى ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما، سىز ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرىپ، ۋەدىڭىزگە قەتئىي خىيانەت قىلماسلىقىڭىز كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ تۇرسىڭىز، شۇ ئىشنى تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرالايسىز.



## مۇۋەپپەقىيەت نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى بىلىش ئەمەس

بۇ «بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى نۇرئەلى ئابلىز مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى بابىغا قويغان تېما بولۇپ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «دۇنيادا ئۇتۇق قازىنىشنى ئۆگىتىدىغان ئەتىۋارلىق كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن ۋاقتىڭىزدا، مۇۋەپپەقىيەتكە تەبىئىي ھالدا يېقىنلاشقان بولىسىز. قائىدىنى ھەرقانچە جىق ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەرىبىر باشقىلارنىڭ تەجرىبىسى، پەقەت توغرا ئۇسۇلغا تايانغاندىلا ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ».

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىلىم بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىدا قىلچە شەك يوق. ئەمما، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئالىي دىپلوملارغا ئېرىشىش ياكى كاتتا بايلاردىن بولۇش شەرت ئەمەس. ئازراق ئىلمى بولسىمۇ، شۇنى جايىدا ئىشلىتىپ ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىغان ياكى مال-دۇنياسى ئاز

بولسىمۇ، بارنى جايدا ئىشلىتىپ خەلقنىڭ يۈكنى يېنىكلەتكەن كىشىلەر ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. ئەكسىچە، ھەرقانچە ئالىم، كاتتا مەنسەپدار ياكى پۇلدار بايۋەچچە بولسىمۇ، قولىدا بارنى خەلقى ئۈچۈن ئىشلىتەلمىگەن ئادەم مەغلۇپ بولغان ئادەمدۇر. يېقىندا بىر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى ھىندىستانلىق بىر ئادەم ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ 35 دوكتورلۇق دىپلومىغا ئېرىشكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ 36-دىپلومىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، دوكتور بولۇش ھەتتا دوكتورلۇقتىنمۇ يۇقىرى ئۇنۋانلارنى ئېلىش ناھايىتى ياخشى ئىش. بۇنىڭغا قاتتىق تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەمما، ھاياتنى پەقەت دىپلوم ئېلىشقىلا سەرپ قىلىش، ئۇنۋان قوغلىشىش بىلەنلا ياشاش تازا قاملاشمىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن.

دىنغا، ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ يولدىكى خىزمەتنىڭ چوڭ-كىچىكىمۇ مەقبۇل. ھەركىم ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتىگە يارىشا خىزمەت قىلالايدۇ. ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇلى بىلەن چوڭ-چوڭ خىزمەتلەرنى قىلالىغاندەك، ئالىم ياكى باي بولمىغان كىشىلەرمۇ قولىدىن كەلگەننى ئەلۋەتتە قىلالايدۇ. ھەركىم ئۆز ساھەسىدە ئاز بولسىمۇ بىر ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى چوڭ بولىدۇ. ھەركىم ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالىسا، مۇۋەپپەقىيەت ئۆزى كېلىدۇ. ھېچ ئىش قىلالمىغان ئادەممۇ پەرزەنتلىرىنى دىندار، ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالىسا، دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كاتتا خىزمەت قىلغان بولىدۇ. ئىزچىل داۋاملاشقان تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقىنىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

## مۇئمىننىڭ ئىككى چوڭ قورالى

رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا مىڭلارچە شۈكرىكى، ئۇ بىزنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلىش ئارقىلىق ئىككى دۇنيالىق خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق يولىغا يېتەكلىدى. بىز مۇسۇلمانلار پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىساد جەھەتتە بەزى مىللەتلەردىن ئارقىدا بولساقمۇ، ئىمانىمىز بىلەن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ بايمىز. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ سەۋەبتىن ئىبارەت بىرلا قورالى بولسا، بىزنىڭ دۇئا ۋە سەۋەبتىن ئىبارەت ئىككى قورالىمىز بار.

ئىسلام ئۈممىتى سەۋەب بىلەن دۇئادىن ئىبارەت ئىككى قورالغا تەڭلا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇلغان. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھەم تارىخىي ئەسەرلەردە مۇئمىنلەرنىڭ سەۋەب بىلەن دۇئاغا تايىنىپ تالايلىغان مەغلۇبىيەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇلۇغىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى غازىتىدا تېگىشلىك تەييارلىقلارنى ۋە قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى تولۇق قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مەيدانىدا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ماڭا قىلغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن ئىسلام ئەھلىدىن بولغان بۇ گۇرۇھنى ھالاك قىلىۋەتسەڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلغانلىقى، نەتىجىدە يېنىدىكى 314 كىشىلىك ئازغىنا قوشۇن بىلەن 1000دىن ئارتۇق مۇشرىكلار قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى بۇنىڭ تېپىك مىسالىدۇر.

نۆۋەتتىكى خىتاي ۋىرۇسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىلكىدە بولغان ئىككى قورال سەۋەب بىلەن دۇئا بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى قىلالمايدىغان مۇسۇلمان يوق. تەلەپ ناھايىتى ئاددىي، ئەمما مۇھىم.

### بىرىنچى قورال: سەۋەب

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەممىنى قىلىپ بېرىشكە قادىر تۇرۇقلۇق، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان؛ ئىنسانلارنىڭ ۋە جىمى جانلىقلارنىڭ رىزقىنى يالغۇز ئۆزى بېرىدىغان تۇرۇقلۇق، شۇ رىزىقنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىشلەشكە ۋە سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغان. دېمەك، بۇ دۇنيا سەۋەب

دۇنياسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ: «ئىنسان پەقەت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[1] دېگەن.

ئاللاھ تائالادىن جەننەتنى تىلىگەن ئادەم ئۆزىنى جەننەتكە لايىقلاشتۇرىدىغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا، دوزاختىن پاناھ تىلىگەن ئادەم دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشكە، رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ۋە پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇشنى تىلىگەن ئادەم رىزىق دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇچى بىلەن ئېچىشقا، ئاغرىق-سىلاقتىن ۋە بالا-قازادىن ساقلىنىشنى تىلىگەن ئادەم ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى قىلىشقا، كېسەلدىن ساقىيىشنى تىلىگەن ئادەم ئۇنىڭ شىپاسىنى ئىزدەشكە بۇيرۇلغان.

## ئىككىنچى قورال: دۇئا

﴿قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ﴾ «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەت دۇئانىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنچىكە ھالدا بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە دۇئانىڭ چوقۇم ئىشقا يارايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئوچۇق قىلىپ: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[3] دېگەن. ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىدىن قۇتقۇزغان. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىنسانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان سەۋەب ۋە چارىلەر تۈگىگەن، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن باشقا ياردەم كەلمەيدىغان ھالقىلىق پەيتتە چىن قەلبىدىن ئىلتىجا قىلىپ: ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[4] دەپ سەمىمىي دۇئا قىلغان. بۇ ئايەتتە دۇئانىڭ ئەدەپلىرىگە ئىشارەت بار. چۈنكى، بۇ ئايەتتە يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى جاكارلىغان، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ زالىم ئەمەسلىكىنى، بېلىقنىڭ قارنىدا قالغانلىقىنىڭ ئۆز گۇناھى سەۋەبلىك بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئاندىن گۇناھىغا تەۋبە قىلغان. مۇشۇ تەرىقىدە دۇئا قىلغان ئادەم ئەگەر دۇئاسىدا سەمىمىي بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ.



---

[1] نەجم سۈرىسى، 39 ـ ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى، 77 ـ ئايەت.

[3] غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

[4] ئەنبىيا سۈرىسى، 87 ـ ئايەت.

### دۇئانىڭ ئەدەپلىرى

1 . دۇئانى ئالدى بىلەن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن باشلاش، ئاندىن ھاجەتلىرىنى سوراش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇمىغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم ئالدىراپ كەتتى» دېگەن. ئاندىن ساھابىلەرگە مۇنداق تەلىم بەرگەن: «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغىنىڭلارنى تىلەڭلار»[1]. دۇئانى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

2. دۇئا قىلغاندا ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئۇنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»[2].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ: «اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لاَإِلَهَ إِلاَ أَنْتَ الأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى-كەرەمىڭنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سەن ھەممە ساڭا موھتاج بولىدىغان، بالا تېپىشقا ۋە تۇغۇلۇشقا موھتاج بولمىغان، ھېچكىم تەڭداش بولالمايدىغان يەككە-يېگانە ئىلاھسەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىسا بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى»[3].

3. ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى»نىڭ قىسسىسىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، قىسسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ، شۇ ئەسنادا تاغ ئۈستىدىن يوغان بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالىدۇ-دە، ئۇلار ئۆڭكۈرگە سولىنىپ قېلىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئاخىرىدا

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[2] ئەئراف سۈرىسى، 180-ئايەت.

[3] تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئۇلاردىن ھەربىرى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان سالىھ ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىپ ئاللاھقا كامالى ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلغىنىدىن كېيىن، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ»[1].

4. دۇئا قىلغاندا قىبلىگە قاراپ، قولىنى كۆتۈرۈش ۋە دۇئادىن كېيىن قولى بىلەن يۈزىنى سىپاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئانى قىبلىگە قاراپ، قولىنى كۆتۈرۈپ قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ. مەسىلەن، ئەبۇ ھەمىد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئۆزىنىڭ بولمىغان مالنى يېيىشنىڭ قاتتىق ھارام ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى قولتۇقلىرىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگۈچىلىك ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ‹ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىنكى، كۆزۈم كۆرگەن ۋە قۇلىقىم ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىنى تولۇق يەتكۈزدۈم› دېگەن»[2].

5. دۇئادا ئاۋازنى بەك يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك، بەلكى ئاشكارىلىق بىلەن مەخپىيلىك ئارىسىدا قىلىش. «رەببىڭلارغا تەۋەززۇ بىلەن، ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار»[3] دېگەن ئايەت مۇشۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئۈچ چوڭ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى؛ ئىككىنچىسى، دۇئانى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان ۋە يېلىنغان ھالدا قىلىشنىڭ لازىملىقى؛ ئۈچىنچىسى، دۇئانى رىيادىن يىراق بولۇش ئۈچۈن مەخپىي قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر»[4].

6. دۇئادا قاپىيەداش سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى، دۇئا دېگەن قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىلىپ چىقىدىغان سەمىمىي ھېسسىيات بولۇپ، بۇنداق ھېسسىيات سۆزلەرنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە ئېسىللىكى بىلەن قەتئىي ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. تىل پەقەت قەلبكە تەرجىمانلىق رولى ئۆتەيدۇ. دۇئانى قاپىيەلىك قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، كۆڭۈل شەكىل بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دۇئادىكى سەمىمىيەت ۋە چىن ئىخلاس يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ: «رەببىڭلارغا تەۋەززۇ بىلەن، ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ» دېگەن سۆزىدىكى

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئەئراف سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.
[4] مەريەم سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

«هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر» دېگەن جۈملىنى «دۇئانى قاپىيەلەشتۈرگەنلەر» دەپ تەپسىر قىلغان.

7. دۇئا قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دۇئا تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن بولىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر كىشىگە دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىگە دۇئا قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ كىشىگە دۇئا قىلاتتى»[1].

8. دۇئا قىلغاندا ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش، يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى تىلىمەسلىك لازىم. بەزى كىشىلەر ئاچچىقىم كەلدى دەپلا ئۆزى ياكى باشقىلارنى قارغاپ بەتدۇئا قىلىپ سالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالىچاقىلىرىغا) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەتدۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ، باللىرىڭلارنىڭ ۋە مال-مۈلكۈڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن سورىسىلا بېرىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، ئىجابەت بولۇپ قالمىسۇن»[3].

9. دۇئا قىلغاندا قاشاڭلىق بىلەن، ئارقا-ئارقىدىن، قايتا-قايتا تىلەش، دۇئانىڭ ئاخىرىدا «ئامىن» دەپ ئاياغلاشتۇرۇش. ئەبۇ مۇسەببەھىل مەقرائىي ئەبۇ زۇھەير نەمرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىرگە سىرتقا چىققان ئىدۇق، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىۋېتىپ دۇئاسىنى قايتىلاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ دۇئاسىنى تىڭشاش ئۈچۈن توختىدى. ئاندىن: ‹ئەگەر ئۇ كىشى دۇئاسىنى تامامىلىسا، دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ› دېدى. ھەمراھلىرىمىزدىن بىرسى: ‹نېمە بىلەن تامامالايدۇ؟› دەپ سوراپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ‹ئامىن› بىلەن تامامالايدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى دۇئاسىنى «ئامىن» بىلەن تامامالايدىكەن، دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ› دېدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن سورىغان ھەمراھىمىز دۇئا قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى پالانى! دۇئايىڭنى ‹ئامىن› بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ› دېدى»[4].

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 11-ئايەت.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

10. دۇئادا سۈرىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ ئېيتىش. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغىنىدا ئاللاھ تائالادىن سورىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ سورايتتى»[1] دەپ كەلگەن.

دۇئا مەقسەتكە يېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇش ۋە يوللىرىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

سەۋەبكىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىش توغرا بولمىغاندەك، دۇئاغىلا يۆلىنىۋېلىپ، سەۋەبكە سەل قاراشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئالدىنقىسى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقانلىق، كېيىنكىسى «ئۈزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياتقانلىقتۇر.

نۆۋەتتىكى خىتاي ۋىرۇسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تەۋسىيە قىلغان ئىشلارنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئورۇنداش شەرتتۇر. تېببىي تەۋسىيەلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ياكى تولۇق ئەمەل قىلماسلىق ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھالاكەتكە ئاتقانلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ئۆلگىلىك كىشىلەردەك ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ۋىرۇستىن قورققانچىلىك قورققان بولساق ۋە ھازىر ۋىرۇستىن قورقۇپ تازىلىق قىلغانچىلىك تازىلىق قىلغان بولساق، بۇنداق قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەرگە ئۇچرىمىغان بولار ئىدۇق. چۈنكى، بىزنىڭ دىنىمىز ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنى تولۇق بىلىدىغان زات تەرەپتىن كەلگەن دىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ھەرقانداق مۇشكۈلنىڭ چارىسى، ھەرقانداق كىرىزىسنىڭ چىقىش يولى بار.

ھازىر مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا چىن كۆڭلىمىزدىن يالۋۇرۇپ ئۇزۇن-ئۇزۇن دۇئا قىلىش، ئىبادەتلەرنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇكەممەل ئورۇنداشقا تىرىشىش ۋە تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ئىشلىرىمىز بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەسلىدە بىز ھەمىشە مۇشۇنداق بولۇشىمىز كېرەك.مەجبۇرىي دەم ئېلىشتىكى بوش ۋاقتنى ئائىلە ئەزالىرىمىز بىلەن خۇشال ۋە نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز بىز ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. مەسىلەن، ھەربىر ناماز ۋاقتىدا ئائىلە ئەزالىرىنى چوڭ-كىچىك دېمەي، ھەممىنى جايىنامازغا تىزىپ نامازنى بىللە ئوقۇش، ئاندىن بىللە دۇئا قىلىش،

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

بىللە قۇرئان ئوقۇش، كىتاب ئوقۇش، ياخشى قىسسىلەرنى نۆۋەتلىشىپ سۆزلەپ چىقىش نېمىدېگەن ياخشى!

ھازىر ئەتىگەندە خىزمەتكە بارىدىغان ئىش بولمىغاچقا، بامدات نامىزىدىن كېيىن جاينامازدا كۆپرەك ئولتۇرۇپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ھەممە بىرلىكتە چاشگاھ نامىزى ئوقۇپ دۇئا قىلىش، ئاندىن خۇشاللىق ئىچىدە بىللە ناشتا قىلىش، ناماز شامدىن ناماز خۇپتەنگىچە جاينامازدا ئولتۇرغان بويىچە بىرلىكتە قۇرئان ئوقۇش نېمىدېگەن ياخشى!

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى شۇنداق ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، ئامىن!

# ئىنسابسىز نەپسىم

ئـەي مېنىـڭ ئىنسابسـىز نەپسىم! ئۇيالساڭچۇ؟ رەببىـم ساڭا بىـر كېچە ـ كۈنـدۈزدە 24 سـائەت ۋاقىتنـى بېرىـپ، سـېنىڭ باشقۇرۇشـۇڭغا تاپشـۇردى. سـەن بـۇ 24 سـائەت ئىچىــدە ئۇخلايســەن، تىرىكچىلىــك قىلىســەن، كۆڭــۈل ئاچىســەن، يەيســەن، ئىچىسـەن، ئىشـقىلىپ خالىغىنىڭنـى قىلىسـەن. رەببىـم ساڭا مۇشـۇ 24 سـائەت ئىچىـدە بـەش ۋاخ نامـاز ئوقۇشـنى پـەرز قىلـدى. بـۇ بـەش ۋاخ نامـاز سـېنىڭ كـۆپ ۋاقتىڭنـى ئالمايـدۇ؛ ھەربىـر نامـاز ئۈچـۈن 10 مىنـۇت ۋاقىتـىڭ كەتسـە، بـەش نامـاز ئۈچـۈن ئاران 50 مىنۇت ۋاقتىڭ كېتىدۇ؛ قالغان 23 سائەت 10 مىنۇت ۋاقىت يەنە ساڭا قالىدۇ.

ئـەي مېنىـڭ ئىنسابسـىز نەپسىم! سـېنىڭ ئىنسابسـىزلىقىڭ شـۇ يەردىكى، سـەن 24 سـائەت ۋاقــت ئىچىدــن رەببىــڭ ئۈچــۈن ئايرىغــان ئاشــۇ 50 مىنــۇت ۋاقىتنىمــۇ رەببىڭگـە تولـۇق بەرمەيسـەن؛ ئـۆزۈڭ نامـازدا تۇرغىنىـڭ بىلـەن، پىكىر ـ خىيالىڭنـى دۇنيالىقتىـن پۈتۈنلـەي ئـازاد قىلالمايسـەن؛ قىبلىگـە يۈزلىنىـپ، رەببىڭنىـڭ ھۇزۇرىـدا تـۇرۇپ، ئۇيالماسـتىن دۇنيالىقنىـڭ خـام چوتلىرىنـى سوقىسـەن؛ 23 سـائەت 10 مىنۇتلـۇق ئـازادە ۋاقىــت ئىچىــدە ئويلىمىغانلىرىڭنــى نامــازدا تــۇرۇپ ئويلايســەن؛ كىملـەردە ئېلىشـىڭ بـار، كىملەرگـە بېرىشـىڭ بـار، ئۆيدىكـى باللىرىڭنىـڭ ئەھۋالـى، بــۇ ھەپتــە دەم ئېلىــش كۈنــى قىلىدىغــان ئىشــلىرىڭ، بارىدىغــان يەرلىرىــڭ... ۋەھاكازالارنـى ئاشـۇ بىرقانچە مىنۇتلـۇق نامـاز ئىچىـدە ئويـلاپ بولسـەن ھەتتـا يېتىـپ كەتكـەن نەرسـىلىرىڭنى نامـازدا تـۇرۇپ تېپىۋالىسـەن؛ ئېسـىڭدىن كۆتۈرۈلـۈپ كەتكەن ئىشلارنى نامـازدا تـۇرۇپ ئېسـىڭگە ئالىسـەن؛ ھەتتـا بەزىـدە خەجلىگـەن پۇللىرىڭنىـڭ ھېسابىنىمۇ نامازدا تۇرۇپ قىلىسەن. بۇ نېمىدېگەن ئىنسابسىزلىق؟!

ئـەي مېنىـڭ ئىنسابسـىز نەپسىم! سـەن «رەببىـم ئۈچـۈن نامـاز ئوقۇيمـەن» دەپ نامازغا تۇرغىنىـڭ بىلـەن، بـۇ نامازنـى مېڭەڭنى دەم ئالـدۇرۇش، جىم تـۇرۇپ ئويلاش، ئويلاشـقا ۋاقىـت چىقىرالمىغـان ئىشـلار ئۈسـتىدە ئويلىنىـش ۋە دۇنيـا تىرىكچىلىكـى ھەققىـدە بـاش قاتـۇرۇش ئۈچـۈن پۇرسـەت قىلىۋالدىـڭ. ئاللاھ تائالانىـڭ ھۇزۇرىـدا تـۇرۇپ ئۇنىڭدىـن باشقىسـىنى ئويلىماسـلىق، بارچـە پىكىـر خىيالنـى ئاللاھ تائالاغـلا بېغىشـلاش دېگـەن پىرىنسـىپلارنى سـۇدەك بىلسـەڭمۇ، ئەمـەل قىلمايسـەن. نامـازدا تـۇرۇپ دۇنيـا ھەلەكچىلىكىگـە غـەرق بولـۇپ كەتكەنلىكىڭدىـن ئىمامنىـڭ قايسـى سـۈرىنى ياكـى قايسـى ئايەتلەرنـى ئوقۇغانلىقىدىنمۇ خەۋىرىـڭ يـوق نامازدىـن سالام

بىرىپ چىقىسەن. بۇ قانداق ناماز؟!

ئـەي مېنىــڭ ئىنسابسىــز نەپسىم! سـەن نامازنــى ئاللاھ تائـالا كۆرسـەتكەن ۋە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكـەن بويىچە ئوقۇمايسـەن، ئاللاھ تائالانىـڭ نامازدىكى ھەققىنـى ئـادا قىلمايسـەن. ئەھـۋال شـۇنداق تۇرۇقلـۇق، «دۇئايىـم نېمىشـقا ئىجابـەت بولمايـدۇ، نېمىشـقا نامازنىــڭ تەسـىرى مەنــدە كۆرۈلمەيـدۇ، نېمىشـقا نامــاز مېنــى گۇناھتىــن توسـالمايدۇ؟» دەپ شـىكايەت قىلىسـەن. ئەممـا، بىـرەر قېتىـم بولسـىمۇ ئۆزۈڭنــى تەكشـۈرۈپ كۆرمەيسـەن. «ئاللاھ تائـالا بۇيرۇغـان بـەش ۋاخ نامازنــى مەسـجىدتە جامائـەت بىلــەن ئوقۇيمــەن، ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ ئۆزۈڭگــە تەمەننــا قويىسەن-يۇ، ئىمام باشقا دۇنيادا، سەن باشقا دۇنيادا تۇرۇپ نامازنى تۈگىتىسەن.

ئـەي نەپسىم! سـەن ئۆزۈڭنـى چىـڭ تۇتـۇپ، ئېسـىڭنى يىغىپ، ھوشيار ۋە سـەگەك تـۇرۇپ، پۈتـۈن ۋۇجۇدۇڭنـى، ئەقلىڭنـى، پىكرىڭنى، ھېسسـىياتىڭنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا بېغىشلاپ تـۇرۇپ بىـرەر ۋاخ نامازنـى ئوقـۇپ باققىنىكـى، شـۇ چاغـدا ئىلگىـرى تېتىـپ باقمىغـان سـائادەتنى، ھېـس قىلمىغان ھۇزۇر-ھالاۋەتنـى تېتىيسـەن ۋە نامـاز ئوقۇغانــدەك بولىسـەن. «مۇئمىنلــەر ھەقىقەتــەن مۇرادىغـا يەتتــى. ئـۇ مۇئمىنلــەر نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[1].

رىۋايـەت قىلىنىشـىچە، ئابباسـىيلار خەلىپىسـى ھـارۇن رەشـىدنىڭ يېنىـدا «بەھلۇل دانـا» ئىسـىملىك پاراسـەتلىك بىـر كىشـى بـار ئىكـەن. رامىـزان كۈنلىرىنىــڭ بىرىـدە ھـارۇن رەشـىد ئۆزىـى مەسـجىدكە نامـاز شـام ئوقۇغىلـى كەلگـەن جامائەتنـى سـارايغا ئىپتارغـا باشـلاپ كېلىشـكە بۇيرۇپتـۇ. بەھلـۇل دانـا مەسـجىدتە نامـاز شـام ئوقۇلـۇپ بولغانــدىن كېيىــن، مەسـجىد ئالدىــدا تــۇرۇپ مەسـجىدتىن چىققــان جامائەتنىــڭ ھەربىرىـدىــن ئىمامنىــڭ نامـازدا قايسـى سـۈرىلەرنى ئوقۇغانلىقىنــى سـوراپتۇ. ئىنتايىـن ئـاز ئـادەم ئىمامنىــڭ قايسـى سـۈرىلەرنى ئوقۇغانلىقىنــى دەپ بېرەلەپتـۇ. شـۇنىڭ بىلەن بەھلـۇل دانـا ئاشـۇ ئادەملەرنىـلا ھـارۇن رەشـىدنىڭ سـارىيىغا باشـلاپ كەپتـۇ. ھـارۇن رەشىد كەلگەن جامائەتنىڭ ئازلىقىغا قاراپ ھەيران قېلىپ، بەھلۇلغا:

- ھـەي بەھلـۇل! مـەن سـېنى نامـاز شـامغا كەلگـەن جامائەتنـى چاقىرىـپ كەلگىـن دېمىگەنمىدىـم؟ بىــز مەسـجىدىنىڭ جامائەتلىـرى ئۈچـۈن شـۇنچىۋالا كـۆپ تەييارلىـق قىلغـان تۇرسـاق، سـەن ئـازلا ئادەمنـى باشـلاپ كەپسـەنغۇ؟ - دەپ كايىپتـۇ. بەھلـۇل دانا ھارۇن رەشىدكە جاۋاب بېرىپ:

- توغـرا دەيـلا، تەقسـىر! سـىلى مېنـى نامازغـا كەلگـەن جامائەتنـى باشـلاپ كېلىشـكە بۇيرۇغـان ئىدىلـە. ئەممـا، مەسـجىدكە كەلگەنلـەر كـۆپ بولسـىمۇ، نامازغـا كەلگەنلـىرى پەقەت مۇشۇ كىشىلەر ئىكەن، - دەپتۇ.

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 1-2-ئايەتلەر.

# مېھماننى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر

مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىش ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلغان گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېسىل خىسلىتىگە، كۆڭلى-كۆكسىنىڭ كەڭلىكىگە ۋە مەردلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەر پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھماندوستلۇق خىسلىتىنى ماختاش ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭ بۇ گۈزەل خىسلىتىدىن ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغان:

﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ * إِذْ دَخَلُوا عَلَيْهِ فَقَالُوا سَلَامًا قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُنْكَرُونَ * فَرَاغَ إِلَى أَهْلِهِ فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ * فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ ‹سالام› دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى ۋە: بۇ ناتونۇش ئادەملەرغۇ، دېدى. ئىبراھىم ئاستا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ (كاۋاپ قىلىنغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: يېمەمسىلەر؟ دېدى»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ ئىماننىڭ كامىللىقىغا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن»[2].

بىز ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن مېھماندوست خەلق بولۇپ، مېھمان ئۇچۇن بار نەرسىمىزنىڭ ھەممىنى داستىخانغا تىزىۋەتكۈمىز كېلىدۇ. بىز ئەزەلدىن مېھماننى ئىززەتلەشنى ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قىلىپ كەلگەن. چەتئەللەردىمۇ ئۇيغۇرلار نەدە بولسۇن، مېھماندوستلۇق خىسلىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باشقىلاردا گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەلمەكتە. بىز ئىسلام ئەخلاقى بىلەن مىللىي ئەنئەنىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن ئىلغار، مەدەنىيەتلىك بىر خەلقمىز.

مۇسۇلمان ئادەم مەيلى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسۇن، مەيلى باشقىلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلسۇن، داستىخان ۋە زىياپەت ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى ۋە باللىرىنىمۇ شۇنداق تەربىيەلىشى كېرەك. بۇنداق ئىسلامىي

[1] زارىيات سۈرىسى، 24_27-ئايەتلەر.

[2] ئىمام تەبەرانىي ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى، ئەلبانىي «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

ئەدەپ-ئەخلاق مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئەدەپلەرنىڭ بەزىسى مۇنداق:

1. مېھماننى ئوچۇق چىراي بىلەن، قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئەڭ كامالى ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىكەن، مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن»[1] دېگەن.

2. مېھمانغا قىزغىن پاراڭ سېلىپ بېرىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش.

3. تائام ياكى ئىچىملىك نۆۋەت بىلەن كېلىدىغان بولسا، ياشىنىڭ چوڭلۇقى ياكى مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي، تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قولىدىكى يېمەكلىكنى سول تەرىپىدىكى چوڭلارنى قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك بالىغا ئاۋۋال بەرگەن.

4. مېھمانلاردىن چوڭلار تائامغا ئېغىز تەگمىگۈچە ئۆي ئىگىسى ۋە كىچىكلەر يېيىشنى باشلىماسلىق.

5. مېھمان يېيىشنى توختاتمىغۇچە ساھىبخانا يېيىشتىن توختىۋالماسلىق ۋە مېھماننى يېيىشكە تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇش. كونىلاردا مۇنداق بىر ھېكمەت بار: « ‹بىسمىللاھ› نى ئۇنۇلۇك دە، دېمىگەنلەر دەۋالسۇن. ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› نى پەس دە، يېمىگەنلەر يەۋالسۇن!».

6. تائام يەۋاتقاندا بىراۋنىڭ ئالغان لوقمىسىغا تىكىلىپ قاراش قاتتىق ئەيىب سانىلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا، ئېغىزلارغا ئېلىنىۋاتقان لوقمىلاردىن كۆزلەرنى قاچۇرۇش كېرەك.

7. ئاغزىدا تائام بار تۇرۇپ ئۇنى يۇتۇۋەتمەستىن، گەپ قىلماسلىق. گەپ قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ سۆز قىلسا بولىدۇ.

8. داستىخاندا مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاياش ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ماسلىشىش.

9. چەينەكنىڭ جۈمىكىدىن ياكى سۇ قاچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئىچىش ئەيىب سانىلىدىغان ئىشتۇر. پىيالىغا قويۇپ ئىچىش كېرەك.



[1] ئىمام بۇخارىي، 3511-ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2065-ھەدىس.

# مىننەتدارلىق بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرىدۇر

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىغانكى، ئىنتايىن كىچىك ۋە ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن بولسىمۇ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاش كۆڭلىمىزنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ، ھاياتنى ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. ھاياتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك بىر ئۇتۇققا ياكى ئاددىي بىر نېمەتكىمۇ رازى بولساق ۋە نېمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلساق، ئاللاھ تائالا بىزگە كۆڭۈل شادلىقى، دىل ئاراملىقى ۋە رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىش ئارقىلىق بىزنى بەختلىك قىلىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ئاشۇ ئەخلاقى ۋە ئاشۇ خۇي-پەيلى بىلەن قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىش، پەزىلىتىمىزنى ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنى دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىش، ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىقلىرىنى ئۇنتۇپ، كېلەچەكنىڭ بېشارەتلىرىگە ئىنتىلىش، ھازىرقى ۋاقتىمىزنى غەنىيمەت بىلىش قاتارلىقلار مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاشنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، بۇ، دانالارنىڭ ۋە ھۆكۈمالارنىڭ مەخپىي رېتسېپىدۇر.

ئېيتىلىشىچە، بىر ئادەم ئوغلى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە چىققان بولۇپ، يۈك-تاقلىرىنى بىر ئېشەككە ئارتىپ ماڭغان ئىدى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئېشەكنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. ئادەم ئوغلىغا:

- ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر، - دەيدۇ ۋە ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئېشەكنى تاشلاپ، يۈك-تاقلارنى يۈدۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئاتىنىڭ پۇتى يارا بولۇپ كەتكەنلىكتىن بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش تۈگۈل، پۇتىنى سۆرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا يەنە ئوغلىغا قاراپ:

- ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر، - دەيدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىنى قەتئىي چۈشەنمەيدۇ، كۆڭلىدە «بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالا بارمىدۇ؟» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق كېتىپ بارغىنىدا ئوغۇلنىڭ پۇتىنى يىلان چېقىۋېلىپ، يەرگە يىقىلىدۇ. ئاتىسى:

– ئاللاھ توسۇپ قالغان بالا بۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر، – دەيدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

– بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالا بارمۇ؟ – دېگىنىچە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، شەھەردە ھەممە نەرسە يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار كېلىشتىن ئازراق بۇرۇن بۇ شەھەردە يەر تەۋرەپ، شەھەر پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. ئادەم ئوغلىغا قاراپ:

– ئى ئوغلۇم! ئەگەر بىز يولدا ئاشۇ مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىماي، ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن بولساق، بىزمۇ يەر تەۋرەشتە قازا تاپقان بولاتتۇق. ئاللاھ بىزدىن توسۇپ قالغان بالا راستتىنلا چوڭ ئىكەن، – دەيدۇ.

ھاياتلىقتا تارتقان زىياننى خۇددى پايدىنى قوبۇل قىلغاندەك رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش، كۆپكە خۇشال بولغاندەك ئازغىمۇ خۇشال بولۇش بەختلىك ياشاشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر.

## مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاش بەختنىڭ يولىدۇر

پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ھاياتقا مىننەتدارلىق كۆزى بىلەن قارايدىغان ۋە رازىمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، كۆڭلىدە خۇشاللىق، دىلىدا ھۇزۇر كەم بولمايدىكەن. مىننەتدارلىقنى «خۇشاللىقنىڭ دورىسى» دېسەك مۇبالىغە بولماس. چۈنكى، ئۆزىدىن، ئەتراپىدىكىلەردىن ۋە ئېرىشكەنلىرىدىن رازى بولۇپ، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم كۆڭلىنى ھەسەت، ئاچكۆزلۈك، قانائەتسىزلىك دېگەندەك ئىللەتلەردىن يىراق تۇتۇش ئارقىلىق ئۇنى قانائەت، خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن تولدۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئادەم تۇرمۇشنى ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، تەن ساقلىقىنى قوغداپ قالالايدۇ.

مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشايدىغان، نېمەت ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنىڭغا خۇشال بولالايدىغان، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىدىغان ئىنسانلار ھاياتتا ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان ئىنسانلاردۇر. ئەكسىچە، مەمنۇنىيەتسىز، قانائەتسىز، ھەمىشە شىكايەت بىلەنلا ياشايدىغان ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئۆزلىرى يارىتىدۇ، بۇنداقلار ئازغا شۈكۈر قىلمايدۇ، ھالبۇكى ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغانلار كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.

بىز رازى بولساقمۇ، بولمىساقمۇ، پەقەت ئاللاھ تائالا بىزگە تەقسىم قىلغانغىلا

ئېرىشەلەيمىز. رازى بولساق، كۆڭلىمىز تىنچ ۋە مەمنۇنلۇق ئىچىدە بولىدۇ. ھەرقانچە قاقشىساقمۇ، تەقسىماتتىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، پەقەت ئۆزىمىزگە، تەن ساقلىقىمىزغا زىيان يەتكۈزىمىز.

بىزنىڭ ھاياتىمىز، رىزقىمىز، ساقلىقىمىز، ئامانلىقىمىز ۋە ھەممە نەرسىمىز ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، بۇلار بىز ھېچقانداق ھەق تۆلىمىگەن نەرسىلەردۇر. ھالبۇكى، بۇ دۇنيادا ھاۋادىن باشقا ھەممە نەرسىگە پۇل تۆلەيمىز. بىر ئائىلىنى مىسال قىلساق، ئۇنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، سەي-پەي دېگەندەك چىقىملىرىدىن باشقا، توك پۇلى، سۇ پۇلى، گاز پۇلى ۋە بەزىدە خىزمەت پۇلى دېگەندەك پۇللارنى تۆلەيمىز. ئەمما، بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان، رىزىق بېرىۋاتقان، بىزنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان، تېنىمىزنى ساق قىلغان زاتقا شۈكۈر ۋە ئىبادەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تۆلەشكە بۇيرۇلمىدۇق. ئاللاھ تائالا يەنە بىزگە بىر كېچە-كۈندۈزدە 24 سائەت ۋاقىتنى ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر سائەت سەرپ قىلىپ ناماز ئوقۇش ۋە زىكىر-دۇئالارنى قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنچىلىكنىمۇ ئادا قىلالمىغان ئىنساننىڭ ئاغزاكى «شۈكرى خۇدايىم» دەپ قويغانلىقىنىڭ قىلچە قىممىتى يوقتۇر.

بىزگە مىننەتدارلىقنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا قارىماڭلار، بەلكى سىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قاراڭلار، بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نېمىتىنى كىچىك سانىماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر»[1]. چۈنكى، تۇرمۇشىدا، تەن ساقلىقىدا، بايلىقتا، يۈز-ئابرۇيدا ۋە ھەرقانداق دۇنيا مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلاردا ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قارىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆلىمالار ئەمەل-ئىبادەتتە ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ئۆزىمىزدىن ئارتۇق كىشىلەرگە قارىشىمىزنى، ئەمما دۇنيالىق ئىشلاردا ئۆزىمىزدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قارىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

مىننەتدارلىق — بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن، خىزمەتلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولۇش دېگەنلىكتۇر. مىننەتدارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ تېخىمۇ زىيادىلىشىشىگە، ياخشىلىقنىڭ داۋاملىشىشىغا ۋە بەرىكەتنىڭ كۆپىيىشىگە، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان سېھىرلىك

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەمەلـدۇر. مىننەتدارلـىق سـىز ئۇچـۇن كـۆز ئەينەككـە ئوخشـايدۇ. ئۇنـىڭ بىلـەن ئۆزىڭىزدىكـى ۋە ئەتراپىڭىزدىكـى نېمەتلەرنـى تېخىمـۇ روشـەن كۆرەلەيسـىز. سـىزدىكى مىننەتدارلـىق تۇيغۇسـى قانچـە يۇقـىرى بولسـا، ئېرىشـىدىغان ياخشـىلىقىڭىز شـۇنچە كـۆپ بولىـدۇ. بـۇ يەردىكـى ياخشـىلىقتىن ماددىـي مەنپەئەتـلا كـۆزدە تۇتۇلمايـدۇ، بەلكـى ياخشـى پۇرسـەت، كۆڭۈللـۈك تۇرمـۇش، ياخشـى جـاي، ياخشـى كىشـىلەر، ياخشـى ئىـش قاتارلـىق ماددىـي ۋە مەنىـۋى پۇتـۇن پايدا ـ مەنپەئـەت كـۆزدە تۇتۇلـىدۇ. ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ «ئەگـەر شـۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقـان نېمىتىمنـى) تېخىمـۇ زىيـادە قىلىمـەن»[1] دېگـەن ئايەتكـە قارايدىغانـلا بولسـاق، بـۇ ئايەتتىكـى «زىيـادە» دېگـەن سـۆز مۇئەييـەن بىـر نېمەتنىـڭ زىيـادە قىلىنىدىغانلىقىغا خـاس ئەمەس، بەلكى شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق نېمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆلىمالاردىـن بىـرى: «دۇنيـادا ماتېماتىكىلىـق ستاتىسـتىكا قىلىـش ئىمكانىيتـى بولمىغـان بىردىنبىـر سـانلىق مەلۇمـات جانابـى ئالـلاھ تەرىپىدىـن ئىنسـانلارغا ئىنئـام قىلىنغـان نېمەتلـەردۇر» دېگـەن ئىكـەن. دېمەسـىمۇ، كۈنىمىـزدە پەن ـ تېخنىـكا تەرەققىـي قىلىـپ ھەممـە نەرسـىنى سـاناپ چىقالىغـان بىلـەن، تېخىچـە قۇمنىـڭ سـانىنى ۋە دېڭىـز دولقۇنلىرىنـى سـاناپ بېرەلەيدىغـان ھېچبىـر ئۇسـكۇنە ئىجـاد قىلىنمىغىنىـدەك، جانابـى ئالـلاھ ئىنسـانلارغا ئاتـا قىلغـان نېمەتلەرنىمـۇ سـاناپ بېرەلەيدىغان بىرەر ئۇسكۇنە ئىجاد قىلىنغىنى يوق.

مىننەتدارلـىق ھەققـىدە ئېلىـپ بېرىلغـان ئەمەلـي تەتقىقاتـلاردا ئىسپاتلىنىشـىچە، ئىنسـانغا خۇشـاللىق ۋە سـائادەت بېغىشلاشـتا سـۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن قالسـىلا مىننەتدارلـىق تۇيغۇسـى ئىككىنچـى ئورۇنـدا تۇرىدىكـەن. چۈنكـى، مىننەتدارلـىق بىـر تەرەپتىـن، كىشـىنىڭ روھىغـا زور ئېنېرگىيـە ئاتـا قىلسـا؛ يەنـە بىـر تەرەپتىـن، ئىنسـانىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنـى، خۇشـاللىقىنى ۋە ھاياتلىـق كۈرىشـىدىكى پائالىيەتچانلىقىنـى ئاشـۇرىدىكەن، شـۇنىڭدەك ئىنسـانىنىڭ قولغـا كەلتۈرگـەن نەتىجىلىرىمـۇ كـۆپ بولىدىكـەن. كۈندىلىـك ھاياتىـدا مىننەتدارلـىق تۇيغۇسـىدا ياشـايدىغان كىشـىلەرنىڭ تېخىمـۇ كـۆپ ياخشـىلىقلارنى ۋە زور نەتىجىلەرنـى قوبـۇل قىلىشـقا بولغـان تەييارلىقى زىيـادە بولىدىكـەن، ئازغـا مىننەتـدار بولغۇچـىلار كۆپكـە ئېرىشـىدىكەن، مىننەتدارلـىق تۇيغۇسـى قانچـە كۈچلـۈك بولسـا، ئېرىشـىدىغان نېمـەت ۋە ياخشـىلىقمۇ شـۇنچە كـۆپ بولىدىكـەن. بـۇ ھاياتتـا نەتىجـە قازانغـان مەشـھۇر شەخسـلەرنىڭ تەرجىمھالىنـى ئوقـۇپ باقىدىغـان بولسـاق، ئۇلارنىـڭ مىننەتدارلىقنى كۈندىلىـك ھاياتىـدا ئادەتكـە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنـى ۋە كۆپلىرىنىـڭ غەلىبـە قازىنىشـىنىڭ ئاساسـلىق سـەۋەبى ھاياتقـا مىننەتدارلـىق تۇيغۇسـى بىلـەن مۇئامىلـە



---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.

قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار:

1. ئۆزىمىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى بىلىش، تونۇش ۋە ھېس قىلىش.

2. ھاياتىمىزدىكى نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى بىلىش ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇش.

3. بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش.

4. بۇ نېمەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش.

يۇقىرىقىلار ھاياتىمىزدا مىننەتدارلىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ ئاساسلىق باسقۇچلىرىدۇر. مىننەتدارلىقتىن مەقسەت «ئاللاھقا شۈكۈر» ياكى «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ قويۇش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا چىن كۆڭلىمىزدىن چىققان مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلىشتۇر. مانا بۇ سائادەت، مانا بۇ خۇشاللىق.

## مىننەتدارلىق پرىنسىپى

1. ئۆزىمىزگە ئاتا قىلىنغان ھەربىر نېمەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى ئىكەنلىكىنى تونۇش ۋە چىن قەلبىمىزدىن ئېتىراپ قىلىش.

2. ئاللاھ تائالاغا دىل، تىل ۋە ئەمەلىيىتىمىز بىلەن شۈكۈر قىلىش. مەلۇمكى، شۈكۈر تىل بىلەنلا ياكى دىل بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر — نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمە»[1]. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر — نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، چىن يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر — نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش يولىدا توغرا يەرلەرگە ئىشلىتىش، يوقسۇللارنى يوقلاش، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئويۇن-تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ خوراتماي، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش،

[1] زۇھا سۈرىسى، 11-ئايەت.

ئۇستىمىزدىكى پەرز ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتكە ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان يامان ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىك.

## مىننەتدارلىقنى ئادەت قىلىۋېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

كۈندىلىك ھاياتىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە مۇشۇ ھاياتنى ئاتا قىلغانلىق نېمىتىگە شۈركۈر قىلىش بىلەن باشلاش.

تەن ساقلىقىمىز ۋە ھەربىر ئەزايىمىزنىڭ ئىشلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا چەكسىز شۈكۈر قىلىش.

ئائىلە ئەزالىرىمىزغا، دوستلىرىمىزغا، قوشنىلىرىمىزغا ۋە بىزگە ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىقى يەتكەن ھەربىر كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش.

ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلەردىن ئارتۇق نېمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئەسكە ئېلىش، كېسەلچان، يوقسۇل، ئىشسىز قالغانلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش.

ئۆزىمىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى مەخسۇس دەپتەرگە يېزىپ قويۇش ۋە پات-پات ئوقۇپ تۇرۇش.

## نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر

ئىنساننىڭ كېچە-كۈندۈزدىكى ھەربىر لەھزىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان نازۇنېمەتلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. يۈرۈش-تۇرۇشى، ئىش-ھەرىكىتى ھەتتا بىر قېتىملىق نەپىسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى بىلەن بولىدۇ. بىزنىڭ ھەربىر تىنىقىمىز بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى. ناۋادا تىنىقىمىز بىر لەھزە توختاپ قالسا، ھالىمىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟

مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تونۇغان، نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قەرزدار ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىدۇر. مۇئمىنلىكنىڭ بىر سۈپىتى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ۋە سانسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُوا لِلَّهِ إِنْ كُنْتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ئېھسانلىرى ھەقىقەتەن سان-ساناقسىز ۋە ھېسابسىزدۇر. ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ «ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر»[2]. بۇ نېمەتلەر ۋە ئاتا-ئېھسانلار ھەرقانداق ئەقلى بار ئىنساننى نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ بىلىدۇ. بىرەر ئىنساننىڭ قىلىپ قويغان ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قەرز بولغان يەردە، بىز ھېچبىر ۋاقىت نېمىتىدىن خالىي قالمايدىغان زاتقا شۈكۈر قىلىش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 172-ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 34-ئايەت.

# مەن نېمىشقا مۇسۇلمان بولدۇم

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىسىرلىق ئالىم، دوكتور ئەبۇ شادىي «مەن نېمىشقا مۇسۇلمان بولدۇم؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

1. مەن ئىمان كەلتۈرگەن ئىسلام دىنى ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن بىر دىندۇر. ئۇنىڭ تۈپ ئاساسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. دۇنيادا ھېچقانداق دىن ئاللاھ تائالانى ئىسلام دىنى سۈپەتلىگەندەك ئېنىق ۋە كامالىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىيەلىگەن ئەمەس.

2. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇشنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئىنسانىنى يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا باغلايدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىنىڭ مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان پۈتۈن كائىناتتىكى مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە ھەممىنىڭ خوجىسىدۇر. ئۇ ھەرگىز كائىناتقا ئەسىر ئەمەس، كائىنات كۈچلىرىگە بويسۇنغۇچىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ، بىر تەرەپتىن، مۇستەقىل خاھىش ۋە ئەركىن ئىرادىگە ئىگە، ھۆر ئىنسان، يەنە بىر تەرەپتىن، كائىناتنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نىزامىغا بويسۇنغۇچى مەۋجۇداتتۇر.

3. ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى ساماۋى دىنلار بىلەن بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلىدۇ ۋە ھەممىسىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسلىقى تىنچلىق ۋە شەپقەت ئىدى. دۇنيادا بۇ ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ۋە تەشۋىق قىلىشتا ئىسلامدەك بىر دىن يوق. (ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ۋەسىيىتىمۇ قۇرئان كەرىمدىن ئورۇن ئالغان ـ ت)[1].

---

[1] مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى «تۇر تېغى»دا ئون ئەمر چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن: 1) ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار؛ 2) ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار؛ 3) ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار؛ 4) ئىگىسىز يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىڭلار؛ 5) كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ياردەم

ئىسلام دىيارلىرىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆز دىنلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، ھەق-ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. چۈنكى، ئىسلامدا باشقىلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاش يوق.

4. ئىسلام دىنى ھۆرىيەتكە چاقىرىدىغان، ھەرقانداق مۇستەبىتلىكنى رەت قىلىدىغان ۋە ناھەقچىلىككە دادىل قارشى تۇرىدىغان، ئىلغار دىندۇر.

5. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىن بولۇپ، ئۇ چەكلىك مۇھىت ۋە چەكلىك جۇغراپىيەگە مەھكۇم ئەمەس، ئەكسىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئالەمشۇمۇل دىندۇر.

6. ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىم ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. چۈنكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرى مۇقىم بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، شاخچە مەسىلىلەر ۋە يېڭى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئەھكاملىرى ئىسلام مۇجتەھىدلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار زاماننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەھكاملارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

7. ئىسلام دىنى ئىلمنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ۋە كائىناتتىكى ئايەتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقىي يولباشچى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئىلىم ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى پەرزلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام بىلىمسىزلىكنى ۋە جاھالەتنى جىددىي يېتەرسىزلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چارە-تەدبىر قوللىنىدۇ.

8. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ئارىسىدا ھېچقانداق ۋاستىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى بىۋاستە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىدۇ.

9. ئىسلام ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنلىكنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى بېكىتكەن. ئادالەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر.

---

قىلىڭلار؛ 6) ئىنسانلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار، ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار؛ 7) نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار؛ 8) زاكاتنى ئادا قىلىڭلار؛ 9) بىر-بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار؛ 10) بىر-بىرىڭلارنى ئۆز مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقارماڭلار دەپ ئەھد ئالغان ئىدۇق». [بەقەرە سۈرىسى، 83 84-ئايەتلەر].

10. ئىسلام دىنى ئەمەلىيەتچان دىن بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

11. ئىسلام دىنى ئىلىمنى ئۇلۇغلاشتا ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇنلىغان شەكلىي ئىبادەتلەردىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈپ مۇقەددەسلەشتۈرگەن. چۈنكى، ئىسلامدا ئىلىم ئىماننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ھەقىقەتلەرنى ئېچىش نۇقتىسىدىن كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

12. قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەت دۇنياسى تەرەققىي قىلغانسېرى تېخىمۇ كۆپلەپ بايقىلىپ تۇرىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىنسانلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تا قىيامەتكىچە شۇنداق بايقىلىپ تۇرىدۇ.

13. تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يېتەرلىك بېشارەتلەرنى بەرگەن بولۇپ، ناۋادا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىلەن بەس-مۇنازىرىگە چۈشىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم يېڭىلىدۇ. چۈنكى، تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بايانلىرى ھېچقانداق تەئۋىلنى قوبۇل قىلمايدۇ.



14. ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئەقىل ۋە يارىتىلىشنىڭ تەقەززاسىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇزۇلمىغان، ساپ فىترىتى بىلەن ئەقلى بۇ پىرىنسىپلارنى تامامەن قوللايدۇ.

15. ئىسلام دىنى قالاقلىقنى، خۇراپاتنى ۋە ئارقىغا چېكىنىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ؛ ھەمىشە ئالدىغا ئىلگىرىلەشنى، تەرەققىي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ تولۇق ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنىپ، قوغدىلىدۇ. بۇ ئەركىنلىكلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ياكى خۇراپات بىلەن جاھالەتنى راۋاجلاندۇرۇش كاپىرلىققا ئوخشاش ئەيىبلىنىدۇ.

16. ئىسلام دىنىدا بىرى يەنە بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا جاۋابكار بولىدۇ، شۇنداقلا ھەركىم ئۆز ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ[1].

[1] ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزززالىينىڭ: «كيف نف م ال سلام» ناملىق ئەسىرى، 217 - بەت.

# بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىسلامغا چوڭ زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ

بىزنىڭ دىنىمىز ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل دىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم بۇنى بىلەلەيدۇ. ئىسلام شۇنچە روشەن ھەقىقەتكى، ئۇنى ئىزاھلاشقا ياكى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆپ ئويلىنىشقا ھاجەت يوق. ئەپسۇسكى، بۇ دىنىنى كىشىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتقانلار يەنىلا بىر قىسىم نادان مۇسۇلمانلاردۇر. بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. چۈنكى، ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى نامايان قىلالمايۋاتىدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام دىنىنى باشقىلارغا سەت كۆرسىتىش ۋە ئۇنى دەۋر بىلەن ماسلىشالمايدىغان قالاق دىن قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسلامغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىرىلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنى تونۇماي قالغان بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تاپالمايتتى، ئۇلاردا قۇرئان بىلەن سۈننەتنىمۇ كۆرەلمىگەن بولاتتى»[1].

چۈنكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىچىدە يامراپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئۇلارنى باشقا بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇلاردا پەقەت ئىسلامنىڭ نامى ۋە شەكلىي ئىبادەتلىرىلا قالغان بولۇپ، ئىمان روھى تولۇق ئەكس ئەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ بوھران سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى ئالداشتىن باشلاپ، يول يۈرگەندە يول تالىشىشقا قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ ۋەزىيەت بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولماقتا.

قىسقىسى، مۇسۇلمانلاردا پەقەت شەكلىي ئىبادەتلەردىن باشقا كۆپ نەرسە قالمىغان، ئۇلاردىكى ئىماننىڭ كۈچى دۇنيا ھەلەكچىلىكى ئالدىدا يېڭىلىپ قالغان.



---

[1] ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ: «كيف نفهم الإسلام» ناملىق ئەسىرى، 223 ـ بەت.

مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا «مۇسۇلمان» ئاتىلىپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلار بىر قىسىم دىندارلار توپىدىكى شەخسىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقلارنى كۆرۈپ سەسكەنگەن يەردە، باشقا دىندىكىلەر بىزگە قانداق باھا بېرەر؟ ئۆتمۈشلەردە ئۆزلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقى، راستچىللىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن ھازىرقى زاماندىكى «مۇسۇلمان» ئاتىلىقلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلەمسىز؟ بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ كىممۇ مۇسۇلمان بولسۇن؟ كىممۇ بىزدىن تەسىرات ئالسۇن؟

بۇ ئورۇندا مۇنداق بىر قىسسىنى قىستۇرۇپ قويغۇم كەلدى. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان غەربلىكلەردىن بىرى ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئاللاھقا شۈكۈركى، مەن مۇسۇلمانلارنى كۆرمەي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمەن» دېگەن ئىكەن.

دەرۋەقە، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا مەسجىدلەردە بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشتىن باشقا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇسۇلمانغا خاس ئۆزگىچىلىكلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا كامالەتكە يېتىپ، ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈشكەن؛ جەڭلەردە بىر-بىرىنى ئاسرىغانلىقتىن، «سەن ھايات قالغىن، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلەي» دېگەن مەقسەتتە بايراقنى ۋە ئالدىنقى سەپنى تالاشقان بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا ئەۋج ئالغان شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ناچار ئىللەت ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئىللەتلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاددىيسى، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك يول يۈرۈشتە ئەدەپسىزلەرچە يول تالىشىشتىن باشلاپ، مەسجىدلەردە جامائەتلەرگە ئازار بېرىپ، مۆرىلىرىدىن ئاتلاپ ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈشكە قەدەر پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. بۇلار تەقۋادار سۈپەتلىك مۆئمىنلەردە كۆرۈلۈۋاتقان شەخسىيەتچىلىكتۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، باشقىلاردىن نېمىنى كۈتكىلى بولسۇن؟!

## مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج

بىز مۇسۇلمانلار ھازىر ئىمانىمىزنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە موھتاجمىز:

ھەممىدىن ئاۋۋال چىن مۇسۇلمان بولۇش.

ئىمان بىرىنچى ئورۇندا، ماددىي سەۋەب ئىككىنچى ئورۇندا كېلىدۇ. چىن مۇسۇلمان بولۇش دوختۇرلۇق، ئىنژېنېرلىق، فىزىك ۋە بىئولوگ بولۇشتىن، هەر نەرسىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئىسلام مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى هەربىر مۇسۇلمانىنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇشىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن ماددىي ئىمكانىيەتلەرگە تايىنىپ ئوخشىمىغان ساهەلەردە يېتىشىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان مۇئەللىم، مۇسۇلمان دېهقان، مۇسۇلمان تىجارەتچى، مۇسۇلمان كادىر، مۇسۇلمان ئىشچى ۋە مۇسۇلمان هۈنەرۋەن بارلىققا كەلگەن بىر ئۈلگىلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش غايە قىلىنىدۇ. ئىمام هەسەن بەننا رەهىمەهۇللاھ مۇنداق دېگەن: «چىن مۇسۇلمان بار يەردە غەلىبىنىڭ بارلىق ئامىللىرى تەل بولىدۇ».

## چىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى چوڭقۇر

«چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش» دېگەنلىك شەكلىي ئىبادەتلەر بىلەنلا بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغاندەك بولۇش ۋە پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-هەرىكەت، گەپ-سۆز، مۇئامىلە ۋە هاياتىنىڭ هەممە ساهەسىنى ئاللاھ سىزىپ بەرگەن ئۆلچەمگە سېلىش ۋە شۇ بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋادارلىق ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ هىمايىسى ئاستىغا كىرىش دېگەنلىكتۇر. ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانى رازى قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ هىمايىسى ئاستىغا كىرگىلى بولمايدۇ.

450

چىن مۇسۇلمانلىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ. بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى دۇنياسىدىن گۈزەل بولغاندىلا، چىن مۇسۇلمانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسىدىن گۈزەل بولۇپ قالغاندا، مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب، تاشقى دۇنياسى چىرايلىقتۇر.

بىراۋدىكى چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تائالانىڭ هەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ سۆيگۈسى ۋايىغا يەتمىگۈچە ئىمان تولۇقلانمايدۇ. چىن مۇسۇلمانلىق ئىپادىسى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىنى كەمسىتىش بىلەن بولىدۇ. چىن مۇسۇلمانلىق ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش ۋە ئۇنىڭ هەققىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلە ئاللاهقا تەقۋادارلىق قىلىش، رەهمىتىنى

ئۈمىد قىلىش، غەزىپىدىن ھەزەر ئەيلەش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ. چىن مۇسۇلمانلىق ھەركىمنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ ئايالى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئاتا، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئۈلگىلىك بالا، قوشنىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك قوشنا، خىزمەتداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك خىزمەتداش، ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ساۋاقداش بولالايدۇ.

چىن مۇسۇلماننىڭ سۆيگۈ ۋە نەپرىتى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇ، ياخشىلىق يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەيدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ، خاتالاشقان ياكى بىرەر گۇناھ ئىشلەپ سالغان ھامان تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى بىلىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ خۇددى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان، ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، بىرەر سۈننەتنى تەرك ئەتكەنلىكنى ياكى بىرەر مەكرۇھ ياكى ھارامنى قىلغانلىقنى باھانە قىلىپلا، ھەممىنى كاپىرغا چىقىرىدىغان تەكپىرچى گۇرۇھلاردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ «ھىجرەت قىلمىغانلار مۇناپىق» دەپ دىيارىمىزدا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ياشاۋاتقان ئەزىز مىللەتنى ئائىلىۋى ۋەيرانچىلىققا، ئۇمۇرلۇك مۇساپىرچىلىققا ۋە چىدىغۇسىز پېقىرچىلىققا دەۋەت قىلمايدۇ، ئۆزلىرىمۇ ھىجرەتنى باھانە قىلىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدۇ ۋە مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى ئاتېئىزم تەربىيەسىگە تاشلاپ بېرىپ، چەتئەللەرگە چىقىپ كەتمەيدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ «مائاش ئالغانلار كاپىر» دەپ ئىشچى-خىزمەتچى ۋە پېنسىيەگە چىققان مۇسۇلمانلارنى ھارام يېگەنلىك بىلەن ئەيىبلەيدىغان سىرلىق مۇجاھىد، ساختا قەھرىمانلاردىن بولۇۋالمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ «ھازىرقى ئىماملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ» دەپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىگە كىرىپ ناماز ئوقۇشتىن توسىدىغان تەتۈر تەشۋىقاتچىلاردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ــ بىر-ئىككى ھەدىسنى ئۆگىنىۋېلىپلا ئىمام ئەزەمگە چەندەك ئاتمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان — ٴەتىراپىدىكى ھاجەتمەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، قايتىلاپ ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن رىياكارلىق قىلىپ يۈزمىڭلارچە پۇلنى سورۇۋەتمەيدۇ.

چىن مۇسۇلمان — ٴىسلام دۆلىتىنى ٴاۋۋال كۆڭلىدە، ٴاندىن ٴائىلىسىدە، ٴاندىن مەھەللىسىدە، ٴاندىن جەمئىيىتىدە قۇرۇپ چىقىدۇ.

چىن مۇسۇلمان — ھوشيار بولىدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن غەپلەتتە قالمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان دېگەن ٴەقىللىق بولىدۇ.

# ۋەتەن ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك

بىز كىچىكلىكلەر ئاجىزلارنى يەپ ياشايدىغان، ئورمان قانۇنى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرگىنى يوق. كىچىكلىكلەر كىچىنى يوقاتمىغۇچە زوراۋانلىق قىلىۋەردى، ئاجىزلار كىچىك بولۇشقا ئىنتىلمىگۈچە بۇزەك بولۇۋەردى، بارا-بارا دۇنيادىن يوقىلىپ، تارىختا ئايلاندى. ئەتراپىمىزدا چوڭ بېلىقلار كىچىك بېلىقلارنى يەپ، سەمرىپ ياشاۋاتىدۇ، كىچىك بېلىقلار ئاستا-ئاستا مۇنقەرز بولۇشقا يۈز تۇتۇۋاتىدۇ. چۈنكى، ياشاش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش شەرت.

ئاۋستىرالىيەنى بېسىۋالغان ئەنگلىيەلىك ئىنگلىزلار ئاۋستىرالىيەنىڭ ئەسلىي يۇقرالىرى بولغان ئابورىگېن مىللىتىنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى قوغلاپ بارغان ئىنگلىزلار ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىسسىق بەلۋاغقا جايلاشقان رايونلىرىنىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، قوغلاشتىن ۋاز كېچىش سەۋەبلىك ئاۋستىرالىيە يۇقرالىرىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ھايات قالغان ئىكەن. ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان بىر دوستۇم مۇنداق دەپ بەردى: «ھازىر ئاۋستىرالىيەدىكى يەرلىكلەرنىڭ نىسپىتى پۈتۈن ئاۋستىرالىيە نوپۇسىنىڭ يۈزدە بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ۋەتىنىمىزدىن ئىنگلىزلارنى قوغلاپ چىقىرىمىز، ئاۋستىرالىيەنى ئازاد قىلىمىز» دەيدىغان بىرەر ئابورىگېنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. چۈنكى، ئۇلار تۈگەشتى، ئۇلارنىڭ تۈگىشىشى بىلەن ئۇلاردىكى روھ ۋە ئىرادىمۇ تۈگىدى. ھېچقانداق دۆلەت ياكى مىللەت ئابورىگېنلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ باقمىدى».

ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. مىلادىيە 710-يىلىدىن 1492-يىلىغىچىلىك ئىسلام ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلگەن، شانلىق مەدەنىيەتلەر يارىتىلغان، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان ئىسلام مەركىزى ئىدى. پۈتۈن ياۋروپالىقلار بۇ مەركەزگە كېلىشنى ۋە ئۇنىڭ مەدرىسىلىرىدە ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ شانلىق ئىسلام مەركىزى خىرىستىيان مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار يا خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا، يا ئۆلۈپ تۈگىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تاللاشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ، كۆپلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەن. شۇنىڭ بىلەن

800 يىلغا يېقىن ئىسلام ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلگەن ۋە ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئەندەلۇس دۆلىتى خىرىستىيان دۆلىتىگە، ئاھالىسى خىرىستىيانلارغا ئايلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ياكى مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ «ئەندەلۇسنى قايتۇرۇپ ئالىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. چۈنكى، ئۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئىنتىقام ئالىدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئالىدىغان جانلار ئۆلۈپ تۈگىدى، كېيىنكىلەر ئۆزلىرىنىڭ دەردى بىلەن قالدى.

دېمەك، ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى كېرەك. باشقا بىرى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالامۇ جىم ياتقان خەلقنى قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقىرىپ قويمايدۇ. ناۋادا شۇ خەلق ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەپ مەيدانغا چۈشىدىكەن ۋە يولى ھەق بولۇپ، شەرىئەت ۋە تەبىئەت (يەنى سەۋەب-نەتىجە) قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. يولى ھەق بولسىمۇ، شەرىئەت ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلمايدىغانلارغا ئاللاھ تائالا ياردەم قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلار يا ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ، يا مەغلۇپ بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ھېچكىمگە ۋە ھېچبىر مىللەتكە يانباسمايدۇ، ئىچ ئاغرىتمايدۇ، بۇ دۇنيادا ھەق-ناھەق تولۇق بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ، كىم كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭ راست بولىدۇ، شۇنىڭ گېپى ئاقىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ھەق-ناھەق تولۇق ئايرىلىدىغان، مۇكەممەل ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدىغان جاي ئەمەس. بۇلارنىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر.بۇ دۇنيا جاپادىن قورقمايدىغان، چىدامچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلارغا تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، تىرىشمايدىغان ئادەم ياكى مىللەت گەرچە ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار مۇئمىن بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمايدۇ. تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ياكى مىللەت گەرچە كاپىر بولسىمۇ، تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى «ئىنسان پەقەت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرىدۇ» دېگەن سۆزىدە «ئىنسان» كەلىمىسىنى قوللانغان بولۇپ، «مۇئمىن ئىنسان» ياكى «كاپىر ئىنسان» دېمىگەن. شۇڭا، قانداق مىللەت ياكى ئىنسان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا پەقەت «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ».

بۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا، تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز:

1. ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىگە بولغان تەلپۈنۈشىمىز ئاشىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ ناھەقچىلىكلىرى،

ئىنسابسىزلىقى، ئادالەتسىزلىكى بىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىگە تەلپۈندۈرىدۇ. ئاخىرەتتىن ئىبارەت ھەق-ناھەق تولۇق ئايرىلىدىغان، ئادالەت ئۆز ئورنىنى تاپىدىغان، زالىملار جازاسىنى تارتىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئىنتىقامىنى ئالىدىغان بىر كۈننىڭ بولۇشى ئەقلىنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ناۋادا ئادالەت يۈزدەيۈز ئەمەلگە ئاشىدىغان، ھەق-ناھەق تولۇق ئايرىلىدىغان ھەتتا مۆڭگۈزسىز ھايۋانلارنىڭ قىساسى مۆڭگۈزلۈك ھايۋانلاردىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قىيامەتتىن ئىبارەت بىر كۈن بولمىسا ئىدى، ئىنسانلاردا ئادالەتكە تەلپۈنۈش ۋە ناھەقچىلىكنى يامان كۆرۈش ھېسسىياتى بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، يوق نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

2. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتۇلدۇرمىساق، چوڭ دۆلەتلەر ياكى مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە ياكى قانداش خەلقلەر بىزنى قۇتقۇزۇپ قويمايدۇ؛ ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەت، ھېچقانداق خەلق بىزنىڭ غېمىمىزنى يېمەيدۇ ھەتتا ئاللاھ تائالامۇ بىزنى قۇللۇقتىن، ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياتقاننى يۆلىمەيدۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرغاننى، ھەرىكەت قىلغاننى، قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلغاننى يۆلەپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى ئىچىدىكى زالىملارنى ھالاك قىلىش ئارقىلىق ئېزىلگەن مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قويغان بولسىمۇ، بۇ قانۇنىيەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندە ئۆزگەرگەن. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىگە ئابابىل قۇشلىرىنى ئەۋەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىپ بەرمەيدۇ. مۇئمىنلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك شەرىئەت ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دۇنياغا ھۆكۈمدار قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتكەن ۋە قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلغان قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدۇ-دە، ئەھۋالى ھەرگىزمۇ ياخشىلانمايدۇ.

3. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۇزۇن مۇساپىلىك يول. بۈگۈن ياكى ئەتىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ يولدا ھاياجان، ھېسسىيات، غەزەپ، ئاچچىق، سەۋرسىزلىك ئىشقا يارىمايدۇ. بۇ يولدا چىدامچانلىق، پەم-پاراسەت، ئەقىل-ئىدراك، يىراقنى كۆرەرلىك ۋە ئىزچىللىق كېرەك. مۇستەقىللىقنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ بولغان پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەممەيلەن ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى يا دۇنيا قوللىمايۋاتىدۇ، يا ئۇلارنىڭ ئىسرائىلىيەدىن ئۆز ھەققىنى ئېلىشقا كۈچى يەتمەيۋاتىدۇ. مۇستەقىللىق دېگەن ھەركىمگە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، ئېزىلگەن ۋە مۇستەملىكىنىڭ دەردىنى بولغۇچە تارتقان بىزدەك خەلقنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى خۇش قىلىدىغان، چىرايىغا كۈلگە

يۈگۈرتىدىغان چىرايلىق سۆزدۇر. شۇڭا، مۇستەقىللىقنى خالىمايدىغان ئۇيغۇر يوق. ئەمما، مۇستەقىللىق قۇرۇق شوئار بىلەن، ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ۋە ھاياجانلىنىپ قوزغىلىپ قويۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مۇستەقىللىق دېگەن ئىزچىللىق، ئىلىم-مەرىپەت، كۈچ-قۇۋۋەت، پەم-پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادا ھەركىم تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىنى كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم كۆرىدۇ. خورما كۆچىتى تىككەن ئادەممۇ خورمىسىنى ئۆزى كۆرمىسىمۇ، ئەۋلادلىرى كۆرىدۇ، چۈنكى خورما كۆچىتى يىگىرمە-ئوتتۇز يىللاردىن كېيىن مېۋە بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنى تىككەن ئادەم ئاساسەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تىكىدۇ. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا كۆچەت تىككۈچىنىڭ ئۆمرى مېۋىسىنى كۆرۈشكە يەتمەيدۇ. بىزدە قىلغان ئەمگەكلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى ئەۋلادلىرىم كۆرسۇن دەيدىغان خالىس نىيەت ئۇمۇملاشقان چاغدا، ئىشىمىز چوقۇم غەلىبە تامان يول ئالىدۇ.

## قانداق قىلىش كېرەك؟

مۇستەقىللىققا ئېرىشىش يولىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىچىدە ئەڭ كاپالەتلىك ۋە ئەڭ مېۋىلىك بولغىنى ئادەم يېتىشتۈرۈشتۇر. چۈنكى، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغانلارمۇ ئادەملەردۇر. يارامىلىق ئادىمى بار مىللەت ھەرگىز ئاجىز ئەمەس، ئۇ ھامان ئارزۇسىغا يەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئاڭ-سەۋىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، ئەڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشىمىز شەرت. بايلىقىمىزنى پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلالىساق، ئەڭ ئاقىلانە ئىش قىلغان بولىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىمىز ئەۋلادلىرىمىزدۇر. سىياسەت بىلىدىغان، دۇنيانى چۈشىنىدىغان، ۋەتىنىنى سۆيىدىغان ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتالمىغان ياكى پەرزەنتى بولمىغان ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر باشقىلارنىڭ تىرىشچان ۋە ئەقىللىق پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ قويسا، بۇمۇ ئەڭ كاتتا سالىھ ئەمەل بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا سەدىقە جارىيە قاتارىدا يېزىلىدىغانلىقى شەكسىزدۇر. ھازىرقى پەيتتە خەلقىمىز ۋە دىنىمىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن كاتتا خىزمەت بولمىسا كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ تۈپ نىشانى ئىمانلىق، يارامىلىق ئوت يۈرەك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئادەم يېتىشتۈرگەن، ئاندىن شەرىئەتنى

تەتبىقلىغـان. ئىسـلامنىڭ دەسـلەپكى چاغلىرىـدا ئاللاھــدە كاتتـا خىزمەتلەرنـى كۆرسـەتكەن سـاھابىلەرنىڭ تولىسـى ياشـلار بولـۇپ، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ قولىـدا تەربىيەلەنگـەن ئاشـۇ ئەزىمەتلـەر دۇنيانى ئۆزگەرتتى، ئىنسـانلارنى ئىنسانلارغا قـۇل بولۇشـتىن قۇتقـۇزۇپ، ئاللاھ تائالاغـا قۇلچىلىـق قىلىشـتىن ئىبـارەت ئەزىزلىككـە ئېلىـپ چىقتـى. دېمـەك، ھەرقانــداق ئىـش كىچىكـدىـن باشـلىنىپ چوڭىيــدۇ، مۇسـتەقىللىق ئۈچـۈن بېسـىلغان ھەربىـر قەدەمنـى ھەرگىـز ئادەتتـي سـانىماسـلىق، توختاپ قالماسلىق ۋە ئىزچىللىقنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

يەھۇدىيـلار بۇنىڭدىــن يــۈز يىلدىــن كۆپـرەك ۋاقىــت ئىلگىــرى پەلەسـتىندە ئىسـرائىلىيە دۆلىتىنـى قۇرۇشـنى پىلانلىـدى، بـۇ پىلاننـى ئىشـقا ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن، بۇنىڭغـا توسـقۇنلۇق قىلىـپ تۇرۇۋاتقـان ئوسـمانىيلار دۆلىتىنـى يىقىتىـش شـەرت ئىـدى. چۈنكـى، ئوسـمانىيلار دۆلىتـى يەھۇدىيـلار تەقدىـم قىلماقچـى بولغـان كـۆپ مىقداردىكـى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۆزلىرىنىـڭ تاغـدەك يىغىلىـپ كەتكـەن قەرزلىرىنـى تۆلـەپ بېرىـش تەلىپىنـى قەتئىيلىـك بىلەن رەت قىلىـپ، «يەھۇدىيلارغا پەلەستىندىن بىـر غېرىــچ زېمىنمـۇ بەرمەيمــز» دېگـەن پىكـىـردە چىـڭ تۇرغـان ئىـدى. ئەممـا، يەھۇدىيـلار پەلەستىندە يەھۇدىـي دۆلىتـى قۇرۇش پىلانىدىـن قەتئىـي ۋاز كەچمـدى، ئوسـمانىيلار دۆلىتىـدەك ئـۈچ قىتئەنىـڭ ھاكىمىيىتـى ئىلكىـدە بولغـان قۇدرەتلىـك دۆلەتنى يىقىتىـش نىيىتىدىـن يانمـدى. پەرزەنتلىرىنـى مۇشـۇ يولـدا ۋە مۇشـۇ پىلانـدا يېتىشتۈردى، نەتىجىنـى تېـز قولغـا كەلتۈرۈشـكە ئالدىـراپ كەتمـدى، سـەۋرچانلىق بىلــەن، چىدامچانلىــق بىلــەن ئىزچىــل كــۈرەش قىلــدى. تــۈرك تارىخلىرىــدا «ئوسـمانىيلار دۆلىتىنـى تيـودور ھېرسـل ۋە ئىمانوئېـل قاراسـۇدىن ئىبـارەت ئىككـى نەپـەر يەھۇدىــي يىقىتقـان» دەپ يازىــدۇ. «پايىتەخـت ئابدۇلھەمىـد» دېگـەن كـۆپ قىسـىملىق فىلىممـۇ مۇشـۇ رىۋايەتنى ئىلگىــرى سـۈرىدۇ. تيـودور ھېرسـل بىلـەن ئىمانوئېـل قاراسـۇدىن ئىبـارەت بـۇ ئىككـى نەپـەر يەھۇدىـي ئىسـرائىلىيە دۆلىتـى قۇرۇلۇشـتىن يېرىـم ئەسـىردىن كۆپـرەك ۋاقىـت بـۇرۇن ياشـىغان ئادەملـەر بولـۇپ، ئـۇلار قۇرۇلماقچـى بولغـان يەھۇدىـي دۆلىتىنىـڭ ئاساسـىنى سـالدى، ئاندىــن ئىسـرائىلىيە دۆلىتىنـى مۇشـۇ ئىككـى يەھۇدىينىـڭ ئىرادىسـىگە ۋارىسـلىق قىلغـان يەھۇدىـي ئەۋلادلىـرى قـۇرۇپ چىقتـى. يەھۇدىـي دۆلىتىگـە ئاسـاس سـالغان مەزكـۇر ئىككـى يەھۇدىـي مۇسـتەقىل يەھۇدىـي دۆلىتىنـى كۆرەلمـدى، ئەممـا ئەۋلادلىـرى كـۆردى ۋە پۈتـۈن يەھۇدىيـلار ھـۆر ياشـاش پۇرسـىتىگە ئىگـە بولـدى. مانـا بـۇ بىزگـە ئوخشـاش مۇستەملىكىدە ئېزىلگـەن بىـر مىللەتنىـڭ يېقىنقى زامانـدا قولغـا كەلتۈرگەن غەلىبىسـىدۇر. غەلىبـە ئەنـە شـۇنداق پىلانلىـق ھالـدا، ئىزچىـل ئىشـلەش، ھارمـاي-تالمـاي كـۈرەش قىلىـش، ئەۋلادلارنـى شـۇ يولـدا يېتىشـتۈرۈش، «قىلغـان ئەمگەكلىرىمنىـڭ نەتىجىسـىنى مـەن كۆرەلمىسـەم قانـداق بولىـدۇ؟» دېمـەي، «نەتىجىنى ئەۋلادىـم كۆرسـۇن، ئاشـۇلار ھـۆر، ئەركىـن ياشىسـۇن، مـەن ئاشـۇلارنىڭ

پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن ئىشلەي» دەيدىغان ئىزگۈ نىيەت ۋە پىداكارلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ.

# تەقدىرگە نارازى بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْإِنْسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا. إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا. وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا﴾ «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بەكمۇ زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، ناھايىتى بېخىللىق قىلغۇچىدۇر»[1]. ئىنسان جىسمى تۇپراقتىن، روھى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچلىرى مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇ ياخشىلىققىمۇ مايىل، يامانلىققىمۇ مايىلدۇر. ئىنساننى پەقەت ساغلام ئىمان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ساپ ئەقىل قاتارلىق ياخشىلىق ئامىللىرىلا يامان ئىشلاردىن ساقلاپ تىزگىنلىيەلەيدۇ. بۇنداق تىزگىنلەنمىگەندە، ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقى قالمايدۇ. ئىنسان تۇغما تەبىئىتىدە دۇنيالىق مەنپەئەتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. ئىنساننى ئىماندىن باشقا ھېچ نەرسە بۇنداق قىلىشتىن توسالمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئىمان سايىسىدىلا ھەقىقەتنى ھەقىقەت، باتىلنى باتىل دەپ تونۇيدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن بېزەلگەن ئادەم ھەقىقەتنى تونۇغان ھامان ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندايدۇ. بۇنداق ئادەم نەپسى شەيتاننى ئىمان ۋە ئەقلىنىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ، ھەقىقەتنىڭ داغدام يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدۇ.



ئىنسان تولىمۇ چىدامسىز، ئىرادىسىز يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، بىرەر پالاكەت ياكى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسىلا، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ؛ بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلار، زىيان-زەخمەتلەر ۋە ھەر تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، ئىلاھىي قۇدرەتكە بويسۇنمايدىغان دەرىجىدە چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئادەم ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ، مەنىۋى كۈچىنى خورىتىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق، بىرەر پايدا ياكى كۈتۈلمىگەن بىرەر تەلەي كېلىپ قالسا، ئۇنى كىشىلەردىن قىزغىنىپ كېتىدۇ، ھېچكىمگە بىر نەرسە بەرگۈسى كەلمەيدۇ، قىلچىلىك ياخشىلىقمۇ قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن مال-دۇنيانى، يۈز-ئابرۇيىنى ۋە بارچە ئارتۇقچىلىقنى پەقەت ئۆز كۈچۈم ۋە ئالاھىدە بىلىمىم بىلەنلا قولغا كەلتۈردۈم دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق قارۇنچە

---

[1] مەئارىج سۈرىسى، 19 21-ئايەتلەر.

مەغرۇرلۇق بىلەن ياشايدىغانلار ھېچكىمگە ياخشىلىق قىلمايدۇ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇمايدۇ، پۇل-مېلىدا يوقسۇللارنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر يامان تەبىئەتلىك، باغرى قاتتىق، ئاچكۆز، تويماس، شەخسىيەتچى، بېخىل، نامەرد كېلىدۇ.

ئىنسان خاراكتېرى شۈكۈر قىلىشتىن بەكرەك زارلىنىشقا مايىل بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئامەت، پۇرسەت ۋە بەخت-سائادەت يۈزلەنگەندە، نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتقا شۈكۈر قىلمايدۇ، ئەمما بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا ياكى بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولسا، زارلىنىپ: «بۇ نېمىشقا ماڭا كېلىدۇ؟» دەپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبى ئىمانغا تولغان مۇئمىننى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىننىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك. ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ياخشىلىقتۇر. بۇ ياخشىلىق مۇئمىن ئادەمدىن باشقىسىغا نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر؛ بىرەر خاپىلىق كەلسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر»[1]. دېمەك، مۇئمىن ئادەم ھەممە ھالەتتە ياخشىلىققا ۋە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، بېشىغا كەلگەن خاپىلىققا سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ئەجىر كۈتسە، ساۋابقا ئېرىشكەندەك، ياخشىلىق ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلسا، يەنە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇ ھەممە ھالەتتە ئۆزىنى ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق تېنىس چېمپىيونى ئارسۇر روبېرت ئاش(Arthur Robert Ashe) 1993-يىلى ئەيدىز كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولۇپ، ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر خىل خەتلەر كېلىشكە باشلايدۇ. مەزكۇر خەتلەرنىڭ بىرىدە: «بۇ كېسەل شۇنچە كۆپ ئىنسان ئىچىدىن نېمىشقا سىزنى تاپقاندۇ؟» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئارسۇر مەزكۇر خەتكە جاۋابەن مۇنداق يازغان: «دۇنيادا 500 مىليوندىن كۆپرەك بالا تېنىس ئوينايدۇ. ئۇلاردىن ئاران 50 مىليونى تېنىس ئويناش قائىدىسىنى ئۆگىنەلىدى، يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاران 5 مىليونى ئۇستا تېنىس ئويۇنچىسى بولۇپ چىقتى، ئۇلاردىن يەنە 50 مىڭى تاللانغان تېنىس ئويۇنچىلىرى بولۇپ چىقتى، يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاران 5 مىڭى فىرانسىيەدىكى داڭلىق تېنىس ماھىرلىرى بىلەن رىقابەتكە چۈشەلىدى، ئۇلاردىن ئاران 50 كىشى ئەنگلىيەدىكى تېنىس ماھىرلىرى بىلەن رىقابەتكە كىرەلىدى. ئۇنىڭدا دەسلەپ تۆت كىشى ئۇتۇپ چىققان بولۇپ، ئاخىرقى ئويۇندا بىرلا كىشى ئۇتۇپ چىقتى ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك چېمپىيونلۇق لوڭقىسىنى ئالدى.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇ كىشى بولسا مەن بولىمەن. مەن شۇ مۇكاپاتنى ئالغان ۋاقتىمدىكى خۇشاللىقىمدا رەببىمدىن: ‹ئى رەببىم! نېمىشقا مەن ئۇتۇپ چىقتىم؟› دەپ سورىمىغان ئىدىم».

# بىز نەدە ئىدۇق، نەگە كېلىپ قالدۇق، نېمە قىلىشىمىز كېرەك

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دىنى قەدىر كۆتۈرۈش دىنى، ئەزىز ياشاش دىنى ۋە خار-زەبۇنلۇققا خاتىمە بېرىش دىنىدۇر. بۇ ھەقىقەتلەرنى بىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن، ساھابىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتىدىن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز.



## بىز نەدە ئىدۇق؟

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «بىز سېنى ئالەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جىمى مۇئمىنلەرگە «(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دەپ قۇدرەت تېپىشقا، كۈچلىنىشكە بۇيرۇغان. «رەھمەت» كەلىمىسى «كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق قىلىش، رەھىم-شەپقەت قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دىن رەھىم-شەپقەت ۋە ياخشىلىق قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۈشمەنلەرگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، بوزەك قىلىشقا ۋە بوزەك بولۇشقا يول قويمايدىغان، ئاجىزلارنى قوغداپ، زالىملارنى جازالايدىغان دىندۇر. ئاللاھ تائالا كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن غەلىبىنى ئىمانغا باغلاپ: «غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر» دېگەن.

بىزنىڭ دىنىمىز مۇسۇلمانلارنى كۈچلۈك بولۇشقا، بىر قولىدا قۇرئان، يەنە بىر قولىدا قىلىچ تۇتۇپ كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇغان دىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر، ھەممىسىدە ياخشىلىق بار» دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قانۇنى بار بولۇپ، بىرى، تەبىئەت قانۇنى، يەنە بىرى، شەرىئەت قانۇنىدۇر.تەبىئەت قانۇنى — ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ «ئىنسان پەقەت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرىدۇ»

ياكى «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدىغان قانۇنىيەتكە مەركەزلىشىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغانلار قايسى مىللەتتىن ۋە قانداق دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە قىلغان ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيدۇ؛ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلار مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا ھەرخىل بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراش ئارقىلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. شەرىئەت قانۇنى ــ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ياكى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بەلگىلەنگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى بولۇپ، بۇ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلىشىدۇ. شەرىئەتتە «قىل» دەپ بۇيرۇلغان ئىشلارنى مۇكەممەل ئورۇنداش، «قىلما» دەپ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق ھەربىر مۇئمىن، مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ؛ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرگەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن، مۇسۇلمانلارنى ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتىن يېتىشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىن يېتىشتۈرگەن. نەتىجىدە، چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ توختىماي ئىلگىرىلەش ۋە كۈچلىنىش نەتىجىسىدە شۇ ۋاقىتتا دۇنيانى تىترىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك رىم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئىنسانلارغا قۇل بولۇش خارلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشنىڭ ئەزىزلىكىگە چىقارغان. يەنە شۇ يولدا ئىزچىل مېڭىپ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش بىلەن سەۋەب قىلىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ۋە بارلىق ئىشلىرىنى مۇشۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى، ھەقىقىي تەۋەككۈل قولىدىن كەلگەن سەۋەبنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا تايىنىشتۇر. ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشى ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقنى سېلىپ، سۇغىرىپ، يېتەرلىك ئەي ۋە پەرۋىشلەرنى تولۇق قىلىپ، ئاندىن ھوسۇلنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەب بىلەن تەۋەككۈلنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن». بۇ ھەدىستىكى «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن» دېگەن جۈملە «مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى سەۋەبنىڭ ھەممىنى قىلغىن؛ نىيىتىڭدە، ھىممىتىڭدە، ئىش-ھەرىكىتىڭدە ۋە تەدبىرلىرىڭدە

ئاكتىپ ۋە جىددىي بولغىن» دېگەننى ئىپادىلىسە؛ «ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن» دېگەن جۈملە «ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ساڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىڭدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانغىن، ئىشىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغىن» دېگەنلىكتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئاۋۋال تۆگەمنى باغلاپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلايمۇ ياكى تۆگەمنى قويۇپ بېرىپ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلايمۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلىغىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن» دېگەن. سەۋەبكە چوقۇنۇش كۇفرلىق، تەييارتاپلىق ئاسىيلىق، سەۋەب قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھقا تايىنىش ھەقىقىي مۇئمىنلىكتۇر.

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئىلىملەر «دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم» دەپ ئايرىلمايتتى. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان جابىر ئىبنى ھەييان، ئەبۇ بەكرى رازىي، بىرۇنىي، خارەزمىي، فارابىي، ئىبنى رۇشد، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا قاتارلىق ساناقسىز ئۆلىمالارنىڭ ھەربىرى دىندا ئالىم بولغىنىنىڭ سىرتىدا، پەلسەپە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خېمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە قاتارلىق ئىلىم - پەن ساھەلىرىدە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنى سالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى دىنىي ساھەلەردە كىتاب يازغاندەك، يۇقىرىقى ئىلىم-پەن ساھەلىرىدىمۇ كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. دېمەك، ئۇلار ئىلىمنى دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم، ئاخىرەتلىك ئىلىم دەپ ئايرىمىغان، ھەممىنى ئوقۇغان ۋە ھەممىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

— مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دوختۇرخانىسى مىلادىيە 706 - يىلى ئەمەۋىلەر خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە دەمەشقتە بارلىققا كەلگەن بولسا، ئەنگلىيەدە تۇنجى دوختۇرخانا 14 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن.

— مۇسۇلمانلار مىلادىيە 707 - يىلى دەمەشقتە تۇنجى ئاق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنى سالغان بولسا، ياۋروپادا 1313 - يىلى پادىشاھ فىلىپ دەۋرىدە ئاق كېسەللەرنى بىر يەرگە يىغىپ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە قارار چىقىرىلغان ئىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئاق كېسەللەر ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە دۆلەتكە شۇملۇق كەلتۈرىدىغان ئاپەتلەر دەپ سانىلىدىكەن.

— مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتى مىلادىيە 737 - يىلى تۇنىس شەھىرىدە قۇرۇلغان «زەيتۇنە ئۇنىۋېرسىتېتى» بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ ئىسىم بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مىلادىيە 830 - يىلى باغداد شەھىرىدە بەيتۇلھېكمەت بىلىمگاھى، 859 -

يىلى ماراكەشنىڭ فاس شەھرىدە قەرەۋىن ئۇنىۋېرسىتېتى، 970 - يىلى قاھىرەدە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار ھازىرمۇ مۇشۇ ئىسىملار بىلەن داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ياۋروپادا تۇنجى قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېت 1090 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، پادىشاھ رۇجېر II مۇسۇلمانلاردىن ئىلھاملىنىپ قۇرۇپ چىققان ئىكەن، ئاندىن 1222 - يىلى ئىتالىيەدە بادۇۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان ئىكەن.

— مۇسۇلمانلار مىلادىيە 751 - يىلى تالاس (ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جامبۇل ۋىلايىتى تاراز شەھىرى) ئۇرۇشىدا خىتايلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن قەغەز ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىپ، سەمەرقەند شەھرىدە تۇنجى قەغەز زاۋۇتىنى قۇرغان (ئەرەب مەنبەلىرىدە تالاس ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار ئەسىرگە چۈشكەن خىتايلاردىن قەغەز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىرىنى ئۆگىنىۋالغان دەپ قەيت قىلىنىدۇ).

— مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى باسمىخانىسى مىلادىيە 900 - يىلى باغدادتا بارلىققا كەلگەن. ئاندىن دەمەشق، فاس، ئەندەلۇس قاتارلىق جايلاردا باسمىخانىلار ۋە كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغان بولسا، بۇ تەرەققىياتنى مۇسۇلمانلار ياۋروپاغا 13 - ئەسىردە ئېلىپ بارغان.

— 10 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسپانىيە (ئەندەلۇس) تىكى قۇرتۇبە شەھرىدە 700 مەسجىد، 60 مىڭ قەسىر، 70 كىتابخانا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ كىتابخانىلاردا 600 مىڭدىن كۆپرەك كىتاب قويۇلغان. شۇ ۋاقىتتا قاھىرە كىتابخانىلىرىدا ئىككى مىليوندىن ئارتۇق كىتاب قويۇلغان ئىكەن.

— ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئىزنالىرى ئىسپانىيەدە ھازىرمۇ ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ھازىرمۇ ھەر كۈنى مىڭلىغان ساياھەتچىلەر مەزكۇر جايلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

— جابىر ئىبنى ھەييان (815 — 721م) شام دىيارىنىڭ شەرقىدە دۇنياغا كەلگەن مۇسۇلمان ئەرەب ئالىمى. خېمىيەدە «دۇنيانىڭ ئۇستازى» دەپ نامى بار. خېمىيەدىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تېبابەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ تۇنجى نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جابىر ئىبنى ھەييان دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم خېمىيەنى قوللانغان ئالىم ھېسابلىنىدىكەن.

— ئەبۇ بەكرى رازىي (925 — 865م) ئارستوتىل ۋە گالىنۇس قاتارلىقلارنىڭ «ئىنسان جىسمىنىڭ تەركىبلىنىشى» ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئىرانلىق مۇسۇلمان ئالىمى. پەلسەپە، مەنتىق، خېمىيە، ئاسترونومىيە، ئەرەب ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەردە نۇرغۇن

كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن بىرى «تارىخى تىب» (تېبابەت تارىخى) دېگەن كىتابىدۇر.

— ھەسەن ئىبنى ھەيسەم (1040 — 965م) مېدىتسىنا، فىزىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، كۆز دوختۇرلۇقى ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان ۋە دۇنيادا تۇنجى قېتىم كۆز ئوپېراتسىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان مۇسۇلمان ئالىم.

— ئىبنى سىنا (1045 — 980م) دۇنيادا مېدىتسىنا ساھەسىدە تۇنجى قېتىم كىتاب يازغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن فىتتىب» ناملىق ئەسىرى دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. 12 - ئەسىردە ئەرەبچىدىن لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب ياۋروپادا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مېدىتسىنا ساھەسىدە ئاساسىي قوللانما بولۇپ كەلگەن.

— ئىبنى رۇشد (1198 — 1126م) ئەندەلۇستا دۇنياغا كەلگەن مۇسۇلمان ئەرەب ئالىمى بولۇپ، پەلسەپە، فىزىكا، تېبابەت، تىل - ئەدەبىيات، فىقھ، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردە مۇكەممەل يېتىشكەن ۋە دۇنياغا تونۇلغان. مەزكۇر پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابلىرىنىڭ سانى 58 پارچىغا يەتكەن. ياۋروپادا «كۇللىياتى فىتتىب» (تېبابەتتە ئاساسلار) ناملىق كىتابى، ئىسلام دۇنياسىدا «بىدايەتۇل مۇجتەھىد ۋە نىھايەتۇل مۇقتەسىد» ناملىق كىتابى مەشھۇردۇر.

— فارابىي (950 — 874م) پەلسەپە، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، مەنتىق، مۇزىكا، مېدىتسىنا، مېتافىزىكا قاتارلىق ساھەلەردە تونۇلغان، مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئالىمى. ئارستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى مۇئەللىم» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

— بىرۇنىي (1048 — 973م) پەلسەپە، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، دورىگەرلىك، گېئولوگىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە مۇكەممەل يېتىشكەن، مۇسۇلمان ئۆزبېك ئالىمى. «يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ ماۋزۇدا 120 بەتلىك كىتاب يازغان كىشى.

— مەھمۇد كاشغەرىي (1105 — 1008م) ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بۈيۈك ئالىم، مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك، ئەدىب، دۇنيا تىل سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ بىرقانچە يىللىق ئۆمرىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشقا ئاتاپ، ئاخىر دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىتتۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نى يېزىپ چىققان. ئالىم بۇ ئەسىرىنى 1074 — 1072 - يىللىرى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە تاماملىغان

ۋە ئۇنى خەلىپە مۇئتەسىمگە تەقدىم قىلغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەري قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خان جەمەتىدىن كەلگەن شاھزادە ۋە دۇنياغا تونۇلغان ئالىم بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2008-يىلىنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى» قىلىپ بېكىتكەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019—1085م) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم، پەيلاسوپ، تالانتلىق ئەدىب ۋە شائىر. بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى مىلادىيە 1096-يىلى قەشقەردە تاماملاپ، قاراخانىيلار خانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. قاراخانىيلار خانى بۇ ئەسەرگە يۈكسەك باھا بېرىپ، مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بەرگەن ۋە ئۇنى خۇسۇسىي مەسلىھەتچى، ھاكىمىيەتنىڭ تايانچى قىلغان. ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيەت بېشىدا 40 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، قاراخانىيلار تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان بولۇپ قالغان. بۇنىمۇ ئىسلام پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سايىسىدە بارلىققا كەلگەن تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە گۈللىنىشنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## نەگە كېلىپ قالدۇق؟

ئاللاھ تائالا بىزگە «(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دەپ بۇيرۇغان. ئايەتتىكى «دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دېگەننىڭ مەنىسى: «سىلەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولساڭلارلا، سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلار ۋە سىلەرنى بوزەك قىلماقچى بولغانلار سىلەردىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ، چېقىلالمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە تولۇق ئەمەل قىلغان. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوراللىرى بىلەن قوراللانغان. شۇڭا، ئۇلار ئۈچ قىتئەدە ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن. ھازىرقى دەۋردە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت پەن-تېخنىكا بىلەنلا بولىدۇ. پەن-تېخنىكا ئوقۇپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئايەتتىكى «كۈچ» دېگەن سۆز ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، قورال كۈچى ۋە ئىلىم كۈچى قاتارلىق ھەرقانداق كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار 16-ئەسىردىن كېيىن تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئىلىمنى «دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم» ياكى

«ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم» دەپ ئايرىۋالغان؛ ئىلمى كالام، پەلسەپە دېگەندەك ئايغى چىقمايدىغان ئىلىملەرگە چۆكۈپ كېتىپ، پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشنى پۈتۈنلەي قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، ئەھۋالىمىز ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «قورقۇتۇش»تىن «قورقۇش»قا ئۆزگىرىپ قالغان. بىز دۈشمەندىن قورقۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى دۈشمەنلىرىدىن قورقۇپ، ھەممىنى شۇلارغا تاشلاپ بېرىپ، مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدى.

ئىسلام دىنى توغرا ئەقىدىسى ۋە ئىلغار شەرئىتى بىلەن ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھاكىمىيەت تۈزۈمى ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلغان، (مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار قىلسۇن) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان، تەرەققىياتقا ۋە ئىلىم-پەنگە قاتتىق تەشەببۇس قىلىدىغان، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بىر دىندۇر. ياۋروپا خەلقى مۇستەبىت چېركاۋلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغاندىلا ھاياتلىقنىڭ تەمىنى تېتىيالىغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلاشقان، سىياسەتنى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى تەركىدۇنيالىق يولىنى تاللىۋالغاندىن كېيىنلا خار-زەبۇنلۇق، ئاجىزلىق، ئېزىلىش، مۇستەملىكە قىلىنىش، كۈچلۈكلەرگە بېقىنىش، ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇش، باشقىلار سىزىپ بەرگەن ئەندىزە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇش قاتارلىق تالايلىغان بەختسىزلىكلەرگە مۇپتىلا بولىدى. خرىستىيانلارنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە خورلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار بۇ دىننى ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە تولۇق جارىي قىلدۇرالمىغانلىقتىن، ئەجدادلىرىنىڭ ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئالتۇن دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاش تەتبىق قىلالمىغانلىقتىن بولغان.

11-ئەسىردە يېزىلغان ۋە بىز شۇنچە چوڭ بىلىدىغان ھەتتا ئۆلىمالار ھەممە ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل كىتاب دەپ تەرىپلەپ كەلگەن «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن» ئىسىملىك بىرقانچە توملۇق قەدىمىي ئەسەرنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابى «مال-دۇنياغا بېرىلىشنىڭ يامانلىقى» دەپ باشلانغان. ئەپسۇسكى، شۇ دەۋرلەردە تەركىدۇنيالىق تەرغىباتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مال-دۇنيانى «خەير» يەنى (ياخشىلىق) دەپ ئاتىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشى مال-دۇنيا ياخشى ئادەم ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ماختىغان تۇرسا، بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز مال-دۇنيانى كىشىلەرگە ئەڭ رەزىل نەرسىدەك قىلىپ كۆرسەتكەن. مال-دۇنيا شۇنداق يامان كۆرسىتىلگەن يەردە، ئىلىم-پەن تېخىمۇ يامان كۆرسىتىلگەن. ئۆز ۋاقتىدىكى جاھالەت كۈچلىرى ئاسترونومىيەدە نەتىجە قازانغان ئۆزبېك ئالىمى ئۇلۇغبېكنى

«مۇرتەد بولدى» دەپ ئۇنى ئۆز ئوغلىغا ئۆلتۈرگۈزگەنلىكى ۋە ھاياتىنى خەلقىمىزنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىغا بېغىشلىغان بۈيۈك ئالىم ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان ئاقارتىش ھەرىكىتىنى «جەدىدىزم» دەپ ئەيىبلەپ، مەرھۇم ئالىمنى بىر ساتقۇننىڭ قولى ئارقىلىق قەتلى قىلغانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇملاشقان ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن ياتلىشىش، ئىسلامنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىدىن يىراقلىشىش، خۇراپاتلارنى دىن دەپ قوبۇل قىلىش، ئىلىم-پەن بىلەن مال-دۇنيانى يامان كۆرۈش ۋە يامان كۆرستىش قاتارلىق سەلبىي خاھىشلار بىز ئۇيغۇرلارغىمۇ تەسىر قىلغان.

ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تازا كۈچلەنگەن ۋە 11-ئەسىردە ھاكىمىيىتىنى ئاسىياغا قەدەر كېڭەيتكەن قۇدرەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى 13-ئەسىردىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا ۋە مۇنقەرىز بولۇشقا يۈز تۇتقاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە ئۆزگىچىلىكى پۈتۈنلەي خاتا ۋە ئازغۇن ئىدېئولوگىيەنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىپ، توغرا ئېتىقاد، توغرا سىياسەت ۋە توغرا پرىنسىپلاردىن يىراقلاشتۇرۇلغان. «قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيەسى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىدىيەسى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ قاتتىق تەقىپ قىلىشىغا ئۇچرىغان.«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلامنى ۋە ئىسلامنىڭ مەقسەت-غايىلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەن بويىچە توغرا چۈشەنگەن زاتلار ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولمىش ئۇيغۇرلار 950-يىللاردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. شۇ چاغلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى مەركەزلىكىدىكى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. مەزكۇر ئىككى بۈيۈك تەقۋادار، ئۆلىما زاتلار ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. مەھمۇد كاشغەرىي بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىنى توپلاپ چىقىپ، ئەرەبلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ ئۆز تىلىنى قوغداپ قېلىشى ئۈچۈن دۇنياغا مەشھۇر «دىۋانۇ لۇغاتىتتۈرك» ناملىق ئەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە ئاخىرقى ئۆمرىنى قەشقەرنىڭ «ئوپال» دېگەن يېرىدە تالىپ ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى، ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بەخت-سائادەت ئاچقۇچىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئائىلە ئەخلاقىدىن باشلاپ دۆلەت تۈزۈمىگىچىلىك، ھەربىي بىلىملەر، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار بىلىملەر، ئادالەت بەرپا

قىلىش ھەققىدە پىرىنسىپلار قاتارلىق ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان بىلىملەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ پەرزەنتلىرى بولمىش بىز ئۇيغۇرلار 13-ئەسىردىن بېرى ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئىككى مەشھۇر ئەسىردىن خەۋەرسىز ياشاپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا تۈركىيەدىن كەلتۈرۈلگەن فاكسىمىل نۇسخىلىرى ئارقىلىقلا ئۇلار بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ئىككى بۈيۈك ئەسەر توغرۇلۇق ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن ئىلمىي يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ ئىككى ئەسەرنى تونۇشتۇرۇپ يۈزلەرچە ماقالىلەر يېزىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر ئىپتىخارلانغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن بەھرى ئېلىشقا تىرىشمىدۇق، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىلىم-ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن، بىزگە سائادەت يولىنى كۆرسىتىدىغان ئۆگۈتلەردىن پايدىلىنىپ ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلمىدۇق. بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ شانلىق ئەسەرنىڭ ۋارىسلىرى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. ئەسلىدە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مەزمۇنلارنى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن تارتىپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگىچە بالداقمۇبالداق كىرگۈزۈپ، ئەنئەنىۋى تەلىم-تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇش دەۋرىمىز تەقەززا قىلىۋاتقان مۇھىم زۆرۈرىيەت ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىش ھازىرغىچە قىلىنمىدى. ئەمدى بۇنى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مەكتەپ ۋە مەدرىسىلىرىدە قىلىشقا تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ تېخىچە كۆڭ تەرتىپكە كەلمىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىلەن تونۇشقان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي نۇسخىسىنى تولۇق ئوقۇپ چىققان ئادەم ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 0.01 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىكەن. ئەپسۇسكى، بىز بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىلەن پەخىرلىنىشنىلا بىلىپتۇق، ئەمما ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەردىن بەھرى ئېلىشنى بىلمەپتۇق. بۇ بىزدىكى كىتاب ئوقۇش نىسپىتىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

بىز ئىسلامنى توغرا چۈشىنىپ، ئىسلام بىلەن قۇدرەت تاپقان ۋە ئىسلام بويىچە ياشاپ ئەزىزلىككە ئېرىشكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىزدىكى ئەزىزلىك خارلىققا، مۇستەقىللىق بېقىندىلىققا، كۈچ-قۇدرەت ئاجىزلىققا ئايلىنىپ قالدى. بارچە ئىسلام ئەللىرى ھەر خىل شەكىلدىكى مۇستەملىكىلەرگە ئۇچرىغاندەك، بىزمۇ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى

مۇستەملىكىدە قالدۇق.

## ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

1. ئاللدى بىلەن ئەقىدىمىزنى، ئەخلاقىمىزنى، ئىسلامىي تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىش قۇرئان ۋە ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىش، بۇ ئىككىسىنىڭ روھى بويىچە قەد كۆتۈرۈشكە قاراپ قەدەم بېسىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

2. ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىدە، ئىقتىسادتا، تەشۋىقاتتا ۋە دەۋرىمىز تەقەززا قىلىۋاتقان ھەر ساھەدە كۈچلىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىزلىقىمىز سەۋەبتىن كەلگەن.

3. ھازىرقى پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىشىمىز تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇغانغا ئوخشاش زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر. شۇڭا، پەرزەنتلىرىمىزنى ھەم دىندا، ھەم پەندە ئوقۇتۇشىمىز لازىم.

4. بىز ئانا ۋەتەندىكى «مەكتەپ» ئۇقۇمى بىلەن تۈركىيەدىكى ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى «مەكتەپ» ئوقۇمىنى ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. ئانا ۋەتەندە «مەكتەپ» دېيىلگەن ھامان ئاتېئىزمچىلارنىڭ ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورگان ئېسىمىزگە كېلىدۇ. ئەمما، تۈركىيەدە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە «مەكتەپ» ھەم پەننىي، ھەم دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ئورگاندۇر. شۇڭا، باللار دىپلوم بېرىدىغان رەسمىي مەكتەپلەردە ئوقۇشى لازىم. ئىلىم بىر قورال، دىپلومۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر قورال. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇ ئىككى قورال بىلەن دىنىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىلىم بولمىسا زادى بولمايدۇ؛ ئىلىم بولۇپ، دىپلوم بولمىسا يەنە بولمايدۇ. چۈنكى، دىپلوم بولمىسا، شۇ ئىلىمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلىغىلى بولمايدۇ. ھازىرقى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ بىلىمى قولىدىكى دىپلوم ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. دىپلومى بولمىسا، ئىلمىي ساھەدە ئىش قىلغىلى قويمايدۇ. شۇڭا، ئىلىممۇ كېرەك، دىپلوممۇ كېرەك.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بار بولۇپ، بىرى «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى «تەبىئەت»تۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ئىككى كىتابىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان» ناملىق كىتابىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەقىدىمىزنى ۋە ئەخلاقىمىزنى توغرىلىساق، «تەبىئەت» ناملىق كىتابىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى تونۇيمىز. ئاللاھ تائالانىڭ «تەبىئەت» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغان ئالىم بىر تال قار دانچىسىدا ئىلاھىي سەنئەتنى، مۇكەممەل لايىھەلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما، شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانچىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ، بەس. دېمەك، پەننى ئىلىمنى يولىدا ئىشلەتسە، ئۇ ئاللاھ تائالانى تونۇتىدۇ.

ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر مۇنداق دېگەن: «تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئىبادەتتۇر. چۈنكى، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي جاپا چېكىۋاتقان ۋە ئاستا - ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ نەقەدەر ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھدۇر. بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ مەلۇم نىسبەتتە ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ئۇ سۇ ئاشۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتسە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

# ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر

ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى شەخسلەر ۋە جەمئىيەتلەر ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىسلام ئىبادەتلىرىنى شۇنداق ھەر خىل قىلىپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە ھەمىشە بىللە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن «ناماز» بىلەن «زاكات»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ پەرزنى ئالساق، بۇ ئىككىسى شەخسلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن روناق تېپىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، ناماز ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتسە، زاكات بۇنىڭدىن سىرت ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.



قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىغا يىلدا بىر قېتىم زاكات بېرىش ۋاجىپ بولغاندەك، جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى يوقسۇللارنى يۆلەش ۋەزىپىسىمۇ شۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. زاكات بىلەن سەدىقە ساۋاب ۋە ئەھمىيەت جەھەتتىن بىر-بىرىدىن قېلىشمايدۇ. بىرلا پەرقى زاكات پەرز، سەدىقە ۋە ئېھسان ئىختىيارىي ئىبادەتتۇر. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك كرىزىس دەۋرىدە قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ زاكاتىنىڭ سىرتىدا سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلىشى بەزىدە پەرز دەرىجىسىدىكى زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. سەدىقە ۋە خەير-ئېھساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىبادەت ئەمەس. ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن كىشىلەر سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان دېگەنلەرنى يانچۇقتىكى تۆمۈر تەڭگىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى دەپلا چۈشىنىۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يولدا ئۇچراپ قالغان تىلەمچىگە بىر-ئىككى تەڭگە سەدىقە بېرىپ قويسا، ئالەمچە ياخشى ئىش قىلغاندەك مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دەيدۇ.ئەرەب تىلىدىكى «سەدەقە» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «ساداقەت» دېگەن سۆز بىلەن بىر بولۇپ، بۇ ئىش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىخلاسى، ساداقىتى ۋە سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 92-ئايەت.

يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ۋە خەير-ساخاۋەت قىلىش ئەرەب تىلىدا «ئىنفاق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز «نەفەق» دېگەن سۆزدىن تۇرلەنگەن بولۇپ، «يەر ئاستى يول» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، «مەخپىي ھالدا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يول ئېلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامدا سەدىقە ۋە خەير-ئېھسانىنى مەخپىي بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: «سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر»[1] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقىنى مەخپىي بېرىدىغان ئادەمنى قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسى ئاستىدا بولىدىغان يەتتە خىل كىشىنىڭ قاتارىدىن سانىغان ۋە ئۇنى «سەدىقىنى مەخپىي بەرگەنلىكتىن ئوڭ قولى بەرگەننى سول قولى بىلمەيدىغان ئادەم»[2] دەپ سۈپەتلىگەن.

## مىڭلىغان نەپلە ئىبادەتتىن بىر پەرز ئەۋزەل

پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ۋە پەرزنىڭ ساۋابى نەپلىنىڭ ساۋابىدىن كۆپ ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق ھەم ئىختىلاپمۇ يوق. ئىسلام پەرزلىرىدىن ھەربىرى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. مەسىلەن، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىراۋغا مىڭلارچە دوللار خەير-ساخاۋەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بىرەر ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ھەج قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىسسە بار:

-سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ جىددە ئايرودرومىدا ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھاجىلاردىن بىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاجى سەئىد بىلەن تونۇشقۇسى كېلىدۇ. چۈنكى، كۈتۈش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش بولغاچقا، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىغاندا ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئونىنچى قېتىملىق ھەجنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تازا ماختىنىدۇ. ئاندىن ھاجى سەئىدتىن ئۇنىڭ قانچە قېتىم ھەج قىلغانلىقىنى سورايدۇ. ھاجى سەئىد ئۇنىڭغا:

- بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھەج قىلىشىم بولىدۇ، بۇنىڭ ھېكايىسى بەك ئۇزۇن، شۇڭا كۆپ سۆزلەپ سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن، - دەيدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 271-ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەمراھى ئۇنىڭغا:

- زادى شۇنداق گەپ سېتىپ ئولتۇرمساق، بۇ ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بولالمايمىز. قېنى سۆزلىگىن، قۇلىقىم سەندە، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاجى سەئىد قىسسىسىنى باشلاپ مۇنداق دەيدۇ:

-مەن ئوتتۇز يىل ساقلىغاندىن كېيىن، بۇ ھەج پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بىر خۇسۇسىي دوختۇرخانىدا فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىدە يىگىرمە يىل ئىشلەپ پۇل يىغدىم. ئاخىر ھەج سەپىرىگە ئاتلىناي دەپ تەييارلىقمۇ قىلدىم. ئاخىرقى كۈنى قالغان مائاشىمنى ئالاي دەپ دوختۇرخانىغا بارغىنىمدا، مەن پالەچ بولۇپ قالغان بالىسىنى داۋالاپ كېلىۋاتقان بىر ئايالغا ئۇچراپ قالدىم. ئايال ئوغلىنى داۋالاش ئىشىنى توختاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

- نېمىشقا توختىتىسىز ياكى مەن ياخشى دۋالىيالمىدىممۇ؟ - دەپ سورىۋىدىم، ئايال:

- ياق، سىز راستىنلا بالىمىزنى ياخشى داۋالىدىڭىز. بىزنىڭچە بولسا بۇ داۋالاشنى داۋاملاشتۇرساق بولاتتى. چۈنكى، ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ. ئەمما، بالامنىڭ ئاتىسى ئىشسىز قالدى، دوختۇرخانىغا تۆلىگۈدەك پۇلىمىز يوق. شۇڭا، ئوغلىمىزنى داۋالىتىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدۇق، - دېدى. بالىغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىپ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ يېنىغا كىردىم-دە، ئۇنىڭغا ئايالنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈردۈم، مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ ئوغلىنى ھەقسىز داۋالاشنى ئۆتۈندۈم. ئەمما، دوختۇرخانا باشلىقى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن:

- بۇ خەير-ساخاۋەت جەمئىيىتى ئەمەس، بۇ دېگەن پۇل تاپىدىغان ئورۇن، پۇلى بولمىسا داۋالىيالمايمىز، - دېدى. شۇ ھامان قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، پۇلۇمنى چىڭ سىقىمدىدىم. ئىچىمدە بۇ مېنىڭ يىگىرمە يىللىق مائاشىم. ھەج پۇرستى ئاران كەلدى. ئەمدى بۇ پۇرسەت كېتىپ قالسا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق پۇرسەت كەلمەسلىكى ۋە ئۇلۇغ ھەرەمنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. زادى قانداق قىلاي؟ - دېگەنلەرنى ئويلىدىم. بۇ پالەچ بالىغا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىدى. بىر تەرەپتە مەن بىر ئۆمۈر ئارزۇلىغان ھەرەم، يەنە بىر تەرەپتە ياردەمگە موھتاج بالا تۇراتتى. مەن ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئاخىر يانچۇقۇمدىكى پۇلۇمنى مەزكۇر بالىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن بېرىش قارارىغا كېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ ھېساباتى بۆلۈمىگە كىردىم-دە، ھەممە پۇلۇمنى ھېلىقى بالىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن بېرىپ، ئالتە ئايلىق پۇلنى ئالدىن تۆلىۋەتتىم. ھېساباتچىلارغا مېنىڭ پۇل بەرگەنلىكىمنى ئۇلارغا ئېيتماسلىقنى ۋە

چىقىمنى دوختۇرخانا ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولدى دەپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. شۇ كۈنى ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، ھالىم پەرىشان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن سۆيۈنۈپ، ئۆزۈمنى شاد قىلىشقا تىرىشتىم. شۇ كېچىسى بىر ياخشى چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ھەرەمگە بېرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقۇدەكمەن. نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا سالام بېرىپ: «مۇبارەك بولسۇن، ھاجى سەئىد! بىزنىمۇ دۇئادا ئۇنتۇمىغايسەن» دېگىلى تۇردى. چۈشۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالغانتى، تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوندا دوختۇرخانا باشلىقى ماڭا مۇنداق دېدى:

– سەئىد! دوختۇرخانىنىڭ خوجايىنى بۇ يىل ھەجگە بارىدىكەن، ئەمما بىر ھەمراھقا موھتاجىكەن. شۇڭا، ھەمراھلىققا سېنى تاللاپتۇ. ئەگەر ماقۇل دېسەڭ، بارلىق چىقىمىڭنى خوجايىن ئۆزى كۆتۈرۈپ سېنى ھەجگە ئېلىپ بارىدىكەن، ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئايرىم ھەق بېرىدىكەن، – دېدى. مەن ئويلانماستىنلا:

– ماقۇل، – دەۋەتتىم ۋە خۇشاللىقتىن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ، يىغلاپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر پۇڭ تۆلىمەيلا ھەجگە كېلىپ، ھەجنى تاماملاپ قايتىۋاتىمەن. ھەج سەپىرىدە دوختۇرخانا خوجايىنىغا ياخشى خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى مۇكاپاتلايمەن دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ئايالنىڭ پالەچ بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى دېۋىدىم، ئۇ دەرھال دوختۇرخانا باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ، بالىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايالنىڭ ئېرىنىمۇ بىر شىركىتىگە ئىشقا ئالدى. مەن خوجايىنغا دوختۇرخانىدا يوقسۇللارنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان بىر ياردەم ساندۇقى تەسىس قىلىش پىكرىنى بېرىۋىدىم، ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. بالىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇلنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇ پۇلنى مېنىڭ تۆلىگەنلىكىمنى بىلدى ۋە ئۇنى دەرھال مېنىڭ ھېساباتىمغا قايتۇرۇش ھەققىدە مۇدىرغا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يىغقان پۇلۇم قولۇمدا قېلىپ، بىكارلىق ھەج قىلىپ قايتىۋاتىمەن.

ھاجى سەئىد قىسسىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدىكى ھەمراھى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھاياتىمدا بۈگۈنكىدەك خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئون قېتىم ھەج قىلدىم، شۇڭا مېنىڭ ئىسمىم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلارنىڭ قاتارىدا يېزىلىپ كەتتى دەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھالبۇكى، مەن سەنچىلىك بولالماپتىمەن. مەن مىڭ قېتىم ھەج قىلساممۇ، سېنىڭ بىر قېتىم قىلغان مۇشۇ ھەجگە ئوخشاش ساۋاب تاپالمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. چۈنكى، سېنى بۇ يەرگە ئاللاھ تائالا ئۆزى چاقىرىپ كەپتۇ. مەن بولسام ئۆزۈم سوقۇلۇپ

كېلىپ قاپتىمەن. كاشكى، مەن پەرز ھەجنى بىر قېتىم ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، توققۇز قېتىم ھەج قىلغان پۇل-مېلىمنى خەير-ساخاۋەت يوللىرىغا ئىشلەتكەن بولسامچۇ!».

## كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئادەم كىشىلەرگە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر، ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەمەل بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنى خۇشال قىلىش ياكى ھاجىتىنى راۋا قىلىش ياكى قورسىقىنى تويغۇزۇشتۇر. مەن ئۈچۈن بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەل. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى ئاللاھ قەدەملەر تېيىلىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇش ئادەتتىكى مەسجىدلەردە مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق[2]. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى (مەسجىد نەبەۋى) شۇنداق ئۇلۇغ مەسجىدتۇر. شۇنداقتىمۇ، بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئاشۇ ئۇلۇغ مەسجىدتە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر.

## قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلايلى

ۋىرۇس ۋەھىمىسى سەۋەبلىك ئىنسانلار ئىشلەشتىن توختىغان ۋە ئۆيىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان مۇشۇ كىرىزىس مەزگىلىدە چەتئەللەردىكى خۇسۇسەن تۈركىيەدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار كىشىلەرگە قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولۇش ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىش ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇھىم بولسىمۇ، كىرىزىس مەزگىلىدە ياردەم قىلىپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر. بۇنىڭ ساۋابى

[1] ئىمام تەبەرانىنىڭ رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانىي «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇش ئادەتتىكى مەسجىدلەردە مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن، [ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەلۋەتتە نورمال ۋاقىتتىكىدىن ئارتۇق بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇنداق ئەھۋالدا زاكاتنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئادا قىلىشمۇ ناھايىتى ساۋابلىق ۋە پەزىلەتلىك ئىشتۇر.

نۆۋەتتىكى ۋىرۇس مەسىلىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا قايتىش يولىدىكى بىر سىناق بولسا، كىرىزىس دەۋرىدە سېخىيلىق قىلىپ، قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشمۇ چوڭ سىناقتۇر. چۈنكى، بۇ ھايات باشتىن-ئاخىر سىناقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر»[1].

ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ راۋاج تېپىشىدا، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ تارقىلىشىدا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشىدە شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ يەنى مەرد بايلارنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بايلىرىڭلار بېخىللىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا سىلەرگە يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «بايلىرىڭلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-ماللىرىدىن باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگىمۇ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزمىسا؛ ئاسارەتتىن ۋە خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىلىم-مەرىپەت ۋە پەن-تېخنىكا ئۆگىنىپ، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پۇل-ماللىرىدىن سەرپ قىلمىسا، ئۇنداق بايلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ ئۆلگىنىڭلار ياخشى. چۈنكى، بۇنداق ئاسارەت، خورلۇق ۋە موھتاجلىقتا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى يوق» دېگەنلىكتۇر.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە قول ئىلكىدە بار، ياردەم قىلاي دېسە قىلالايدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر بايلىرىمىز يوقسۇللارغا خالىسانە ياردەم قىلىپ، ئوقۇيالمىغان بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ھەرخىل ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرىدىغان بولسا، كېلەچەكتە ئۈمىدلىك، بەختلىك بىر مىللەت بولالايدۇق.

[1] مۇلك سۈرىسى، 2-ئايەت.

# ھالال يېيىش ئىبادەتتۇر

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھالالدىن رىزىق بېرىشكە، بارلىق جان ئىگىلىرىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يېيەلمەيدىغان جانىۋارلارنىمۇ رىزىقلاندۇرۇشقا ئۆزى كېپىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق جان ئىگىلىرىنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىش يولىدا سەۋەب قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسا، ئىنسانلارنى ئىشلەشكە ۋە ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغان.

رىزىق — ئىنسان موھتاج بولىدىغان ۋە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. رىزىق پۇل-مال ۋە يېمەك-ئىچمەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن، تەن ساقلىقى، ياخشى جورا، پەرزەنتلەر، ۋاپادار دوست، ئىمان، ئىلىم، گۈزەل ئەخلاق، تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەل قاتارلىقلارمۇ رىزىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رىزىق ۋە ئاتا-ئېھسانلاردۇر. چۈنكى، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ۋە ئىنئامىدۇر. رىزىق بەرگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا چىن ئىشىنىش مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسىدۇر.

## رىزىق تېپىش پىرىنسىپى

ئىسلامنىڭ نەزىرىدە رىزىق تېپىشنىڭ پىرىنسىپى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن رىزىق تىلەش. چۈنكى، رىزىق بەرگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ﴿إِنَّ اللهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر»[1].

2. ئىشلەش ۋە سەۋەب قىلىش. ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ «ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇنىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. ئەمدى سىلەر (تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىننىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلىدىغان

[1] زارىيات سۈرىسى، 58-ئايەت.

جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر»[1].

3. ئالدامچىلىق، ئۆسۈم مۇئامىلىسى، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق دېگەندەك ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھالال ئىش قىلىش. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار»[2].

ئىسلام ئۆلىمالىرى ھالال پۇل بىلەن ھارام پۇلنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: «پۇلنىڭ مەنبەسى ۋە پۇل تېپىش يوللىرى ھالال بولسا يەنى پۇلنى ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتكەن يول بىلەن تاپقان بولسا، بۇنداق پۇل ھالالدۇر. ئەكسىچە، پۇلنىڭ مەنبەسى ۋە تېپىش يوللىرى ھالال بولمىسا يەنى ئىسلام شەرىئىتى مەنئى قىلغان يوللار بىلەن تاپقان پۇل بولسا، بۇنداق پۇل ھارام پۇلدۇر»[3].

### ھارامدىن پۇل تېپىشنىڭ مىساللىرى:

- ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى قورقۇتۇپ پۇلنى ئېلىۋېلىش.
- باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش خۇسۇسەن يېتىملارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش.
- بانكىدا پۇل قويۇپ، ئۆسۈم ئېلىش؛ قەرز بېرىپ، ئۆسۈم ئېلىش.
- زىنا قىلىپ، زىناغا دالالللىق قىلىپ ياكى سايە قىلىپ پۇل تېپىش.
- قىمار ئويناپ ياكى جەزىخورلۇق قىلىپ پۇل تېپىش.
- ئىش ئورنىدىن پايدىلىنىپ يولسىزلىق قىلىپ پۇل تېپىش، پارا ئېلىش.
- ھاراق، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ئىچىملىك سودىسى قىلىپ پۇل تېپىش.
- يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ ياكى يالغان دىپلوم ۋە ھۆججەت قاتارلىقلارنى ياساپ پۇل تېپىش.
- كىلودا ياكى ئۆلچەكتە كەم تارتىپ بېرىپ پۇل تېپىش.
- گۇناھسىز كىشىلەرگە قارا چاپلاپ ياكى چېقىشتۇرۇپ پۇل تېپىش.

---

[1] مۇلك سۈرىسى، 15 ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 172 ـ ئايەت.

[3] دوكتور ھۈسەيىن شاھاتەنىڭ: «ت يـر ال رزاق فـي و الشـريع ال سـلامي » ناملىق ئەسىرى، 45 ـ بەت.

- ئىسلامدا سېتىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل تېپىش.
- زالىملارغا، مۇستەملىكىچىلەرگە ھەمكارلىشىپ پۇل تېپىش.
- سودىدا يالغان ئېيتىپ، كۆز بوياپ پۇل تېپىش.

## رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىش يوللىرى:

رىزىقتا بەرىكەت ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى، بەرىكىتى بولمىغان رىزىقنىڭ ۋە ھەرقانداق ئىشنىڭ مەنپەئەتى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، راۋاجى بولمايدۇ. بەرىكەت ھاسىل قىلىش يوللىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش. نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىۋالغاندەك، تەقۋادارلىق ھەرگىز تاشقى قىياپەتكە قارىتىلغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيايىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرۈپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر. مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ رىزقى بەرىكەتلىك، ئىشلىرى بەرىكەتلىك ۋە ئائىلىسى بەرىكەتلىك بولۇشىدا قىلچە شەك يوق. ئاللاھ تائالا ئىمان ۋە تەقۋادارلىقنىڭ بەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ-مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسمان-زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق. لېكىن، ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانچى دېدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق»[1].

2. ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا، رىزىق ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇچى بىلەن ئېچىش. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان بولۇپ، ئىشلەش بەرىكەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

3. شۈكۈر قىلىش. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش بەرىكەتنىڭ ۋە تېخىمۇ زىيادىسىگە ئېرىشىشنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر»[2].

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 96-ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 7-ئايەت.

## هالال يېيىشنىڭ ئەھمىيىتى

ھالال يېيىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ ئەخلاقىدۇر. ھارام يېيىش ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولماسلىقىغا ۋە دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

1. يېمەك-ئىچمىكى ۋە كىيىم-كېچىكى ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ تائالا قەلبى پاك، يېمەك-ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولۇپ، پاك بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

2. ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستىبېشىنى چاڭ-توزان باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم!...› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[2]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە شۇ ھالەتتە بىلەن دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولسىمۇ، ناۋادا ھارامدىن ئوزۇقلانغان بولسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ساھابىلەر يېمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ ھالالدىن بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ھالاللىقى ياكى ھاراملىقىدا ئازراق شۈبھە بولغان نەرسىلەردىنمۇ خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قاچاتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەيلەن ھەدىيە قىلغان نەرسىنى يەپ سېلىپ، ئۇنىڭ ھالاللىقىدا شۈبھە بارلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن، قولىنى ئاغزىغا تىقىپ ناھايىتى تەسلىكتە ياندۇرۇۋەتكەنلىكى ۋە: «ئەگەر ياندۇرالمىغان بولسام، قارنىمنى يېرىپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم» دېگەنلىكىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھارام يېيىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. ئەللامە ھافىز ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ھارام يېيىشنىڭ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنى توسۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ھالالدىن يېمىگەن كىشىنىڭ ئەمەللىرى قوبۇل بولمايدۇ، ھارام يېيىش ئەمەلنى بۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشىنى توسىدۇ».

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## هارامدىن پاكلىنىش

ھەرقانداق گۇناھتىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تىلەش پەرز بولغاندەك، هارامدىن پاكلىنىپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن تازىلىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىشمۇ پەرزدۇر. ئىنسانلار سادىر قىلغان گۇناھ قىلمىشلار يا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق، يا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر-پەرمانلىرى ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى بولۇپ، بۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئىنسانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى گۈزەل سۈرەتتە يارىتىپ، يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلدى، ئۇلارنى ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلدى، سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، باشقا مەخلۇقاتلارنى ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ھەققىگە دەخلى-تەرۇز قىلغان بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ ھەققى ئىنسانلار تەرىپىدىن زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىلماسلىقى لازىم. ئىنسانلارنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش ۋە ھەقلىرىنى يەۋېلىش ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بەرگەن ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ شەرت بار:

1. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۈچۈن پۇشايمان قىلىش.

2. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەت ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرتتىن سىرت، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرتتۇر. ھەققىنى يەۋالغان بولسا، قايتۇرۇپ بېرىش، تۆھمەت قىلغان ياكى ئابرۇيىنى تۆككەن ياكى قانداق بىر يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئۆزئارا رازىلاشمىغۇچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

ئىستىغفار ــ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەشتۇر.

تەۋبە ــ گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىشتۇر.

قۇرئان كەرىم بىزگە بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، رەببىڭلار گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەمگە ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم-قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[2].

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇستازلىرىدىن دوكتور ئابدۇلھەي فەرماۋى «سائادەتنىڭ يولى ئاللاھقا تەۋبە قىلىشتۇر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «تەۋبىنىڭ ھەقىقەتەن زور پايدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

- تەۋبە بارچە ياخشىلىقلارغا تۈرتكە بولىدۇ.
- تەۋبە ئىنساننىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.
- تەۋبە بەخت-سائادەت يولىدۇر.
- تەۋبە ئىنساننى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ.
- تەۋبە بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ.
- تەۋبە قەلبنى ئاللاھتىن قورقىدىغان قىلىدۇ.
- تەۋبە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ يولىنى توغرىلاپ بېرىدۇ»[3].



---

[1] تەھرىم سۈرىسى، 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] دوكتور ئابدۇلھەي فەرماۋىنىڭ «طريق السعادة ... التوبة إلى الله» ناملىق ئەسىرى، 23-بەت.

# ھاياتىنى ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلار

ئىبادەت ــ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ياشاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشىدۇر. بۇ، ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە دېگەندەك، ئىبادەت ــ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز ۋە ئوي-پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج-ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملارغا ۋە مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغىلا تايىنىش، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش، بالا-قازالارغا سەۋر قىلىش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، زۇلۇمغا ۋە زالىملارغا قارشى تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر.

شەكسىزكى، پەيغەمبەرلەر پۈتۈن ھاياتىنى ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئۈلگىلىك زاتلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز قەۋمىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتنى شەرەپ بىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنى ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان زاتلار ئىدى.

ئۇلار ئۆز قەۋمىدىن شۇنچىۋالا كۆپ ئەزىيەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا ئىزچىل ھىدايەت تىلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ

يارقىن ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى ھەممىنىڭ ئالدىدا قويغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھاياتنى ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈش» دېگىنىمىز «ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غېمى بىلەن ياشاش، باسقان ھەربىر قەدىمىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش، توغرا گەپ قىلىش ۋە توغرا ئىش قىلىش، ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن چەك-چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش» دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ئىبادەتتۇر.

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ جۈملىدىن ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۇنىڭ ئۆلگىلىك ساھابىلىرىنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەر ئىچىدىكى ئۆلگىلىك زاتلارنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتالغان، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ياشانغان ھايات ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ئۆلگىلىك تۆت خەلىپە، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەر، كېيىنكىلەردىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق زاتلار، يەنە مىڭلارچە ئۆلگىلىك زاتلار، 21-ئەسىردىكى ئۆلگىلىك ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىزدىن ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق زاتلار ھاياتىنى ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن ياشىغان، ھاياتىنى شۇلارنىڭ غېمىدە ئۆتكۈزگەن ئەزىمەتلەردۇر.

ئاددىي بىر مىسال: مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۈرمىدە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەردىن ئۆيىدە قالغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىماستىن، تالىپلارنىڭ ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سورىغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاتالغان، ئىبادەت ئىچىدىكى بىر ھايات ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. يەنە شۇنىڭدەك، مىڭلارچە ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىملار ھاياتىنى ئىسلامغا ئاتىغان ۋە ئاتىماقتا.

ئىسلام بىزدىن ئەنە شۇنداق ياشىشىمىزنى، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەنە شۇنداق خىزمەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلغان ئىكەنمىز، ئۇنى قوغداشنى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى ئۈستىمىزگە ئالغان بولىمىز. ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش

ھەمـدە ئالـلاھ تائالانـىڭ رازىلىقىغـا ئېرىشـىش ئۈچـۈن ياشـاش پەيغەمبەرلەرنىـڭ ياشـاش تەرزىـدۇر. ئالـلاھ تائـالا ئۈچـۈن ياشـاش ئالـلاھ تائـالا ئۈچـۈن ئۆلۈشـتىن ئەلۋەتتـە قىيىـن ھـەم شـەرەپلىكتۇر. چۈنكـى، ھەقىقىـي مۇئمىـن بولـۇپ ياشـىماق ھەرگىز ئوڭاي ئەمەس.

ئۆزىنـى مۇسۇلمان دەيدىغـان ئـادەم ھەرگىز بىغەم ياشىمايدۇ، غەپلەتتـە ياتمايدۇ، بۇ ھاياتتـا ئۆزىنىـڭ بىـر مۇددىئاسـى، بىـر غايىسـى بارلىقىنـى بىـر مىنۇتمۇ ئېسـىدىن چىقارمايـدۇ، چۈنكـى ئـۇ ھـەق دەۋاگىرىـدۇر، مەسـئۇلىيىتى ئېغىـر ئادەمـدۇر. ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغـا قارايدىغـان بولسـاق، ئـۇلار مۇسـۇلمانلىق دەۋاسـى قىلىـپ قويۇپـلا ياتمىغـان؛ ئالـلاھ تائالانـىڭ دىنىنـى ئۈسـتۈنلۈككە ئىگـە قىلىـش، ئىسـلام ئەقىدىسـىنى مۇشـرىكلارنىڭ خۇراپىي ئەقىدىلـىرى ئۈسـتىدىن غالىـب قىلىـش يولىـدا توختىمـاي كـۈرەش قىلغان.ۋەھىـي بۆشـۈكى ۋە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يۇرتـى بولغـان مەككىنىـڭ فەتھـى قىلىنىشـى بىلـەن مۇسـۇلمانلارنىڭ غەلىبىسـىنىڭ ۋە ئۈسـتۈنلۈكىنىڭ ئەمەلگـە ئاشـقانلىقى، شـۇنداقلا ئالـلاھ تائالانـىڭ ھەق دىنىنـى كامالىغا يەتكۈزۈپ: «بۈگـۈن سـىلەرنىڭ دىنىڭلارنـى كامالىغـا يەتكۈزدۈم، سـىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىـم، ئىسـلامنى دىنىـڭلار بولۇشـقا تاللىدىـم»[1] دېگـەن ئايەتنـى نازىـل قىلغانلىقى بىزگـە شـۇنى ئېپادىلـەپ بېرىدۇكـى، ھەربىـر مۇسـۇلماننىڭ غەلىبىسى ۋە ھەقىقىي ئۈستۈنلۈكى ئۆز ۋەتىنىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كېلىـڭلار دوسـتلار! ئالـدى بىلـەن بىـز ئالـلاھ تائالادىـن ھاياتىمىزنىـڭ ھەربىـر لەھزىسـىنى ئىبادەتكـە ئايلانـدۇرۇپ بېرىشـىنى، بىزنـى تائەت-ئىبـادەت ئىچىـدە ياشاشـقا نېسـىپ قىلىشـىنى تىلەيلـى. شـۇنىڭ بىلـەن بىـر ۋاقىتتـا ھاياتىمىزنـى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشـقا ئەمەلـىي تىرىشچانلىق كۆرسـىتەيلى. بـۇ ئىـش نىيـەت بىلەنلا ئەمـەس، بەلكـى نىيەتنـى رۇسـلاپ، ئەمەلـىي ھەرىكـەت قىلىـش بىلـەن ئىشـقا ئاشـىدۇ. نـاۋادا بىـز ئالـلاھ تائالادىـن «ئـى ئالـلاھ! ئـى رەببىـم! مېنىـڭ ھاياتىمنـى ئىبادەتكـە ئايلانـدۇرۇپ بەرگىـن، مېنىـڭ ياتقىنىـم، تۇرغىنىـم ۋە ماڭغانلىرىـم ئىبـادەت بولـۇپ پۈتۈلـۈپ ماڭسـۇن» دەپ تىلـەپ قويـۇپ، ئەمەلىيىتىمىز ئەكسـىچە بولسـا يەنـى ھـارام يېيىشـتىن قورقمىسـاق، يالغـان گـەپ قىلىشـتىن ھـەزەر ئەيلىمىسـەك، ۋەدىمىزگـە ۋاپـا قىلماسـلىقتىن ئۇيالمىسـاق، ئىسـلام ۋە مۇسـۇلمانلار ئۈچـۈن ئەمەلـىي خىزمـەت قىلىـش ئۈچـۈن ھەرىكەتكـە ئۆتمىسـەك، ئۆزىمىـز مەنسـۇپ بولغـان دىنغـا ۋە ۋەتەنگـە خىزمـەت قىلمىسـاق، ئالـلاھ تائـالا قانداقمـۇ بىزنىـڭ ھاياتىمىزنـى ئىبادەتكـە ئايلانـدۇرۇپ بەرسـۇن؟! نـاۋادا بىـز پەيغەمبەرلـەر قىلغـان ئـەڭ ئېسـىل دۇئالارنـى قىلىـپ قويـۇپ، ئەمەلـىي ئىـش قىلمىسـاق، نەپسـىمىزنىڭ ئىسـتەكلىرىدىن كېچىـپ، خەلقىمىزنىـڭ

[1] مائىدە سۈرىسى، 3-ئايەت.

غېمىنى يېمىسەك، ئۆزىمىز تىلىگەن ۋە ئۆزىمىز نىيەت قىلغان ياخشى ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىساق، قانداقمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا ماڭغان بولىمىز؟! قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە لايىق بولىمىز؟! شۇڭا، دەيمىزكى، ئەمەل بىلەن دۇئا قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسى تەڭ ھەرىكەتكە كەلگەندىلا، بىزنى نىشانغا يەتكۈزەلەيدۇ.

# ھەسەتخورلۇق ئەڭ خەتەرلىك ئىللەتتۇر

ھەسەت ــ «باشقىلارنىڭ ئىلكىدە بولغاننىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، ھەسەتخورلۇق ئۆچ-ئاداۋەتنىمۇ كۈچلۈك، ئىنتايىن قەبىھ روھىي ھالەتتۇر. ئۇ قەلبنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەسەتخور ئادەم باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈك، ھوقۇق-مەنسەپ، ئىلىم-ھېكمەت قاتارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى نېمەتلىرىنىڭ يوقىلىشىنى ئۈيلاپ قىزىل كۆزلۈك قىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنا ھاياتلىق سەھنىسىدە بىلىپ-بىلمەي مۇشۇنداق رەزىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوست-بۇرادەرلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئازغىنا مال-مۈلكىگە، كىچىككىنە ھوقۇق-مەنسىپىگە ھەسەت قىلىشىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنىڭ شادلىقىغا قايغۇرىدۇ، ئەلەم چېكىدۇ، راھەتىدىن بىئارام بولىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك زىيانلىرى بار:

1. ھەسەتخورلۇق ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ، تا قىيامەتكىچە لەنەتكەردىگە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى، ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا «سەجدە قىل» دېگەن ئەمرىگە قارشى چىققان. «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار، دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[1].

2. ھەسەتخورلۇق يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىق دېلوسىنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولغان. «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىلدىن ئىبارەت) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل) نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، دېۋىدى، (ھابىل) ئېيتتى: ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى، مەن

[1] بەقەرە سۈرىسى، 34-ئايەت.

ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن. مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ، دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر. ئۇ (قابىل) نەپسى خاھىشى ئۇنى قېرىنداشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى»[1].

2. ھەسەتخورلۇق يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقىغا سەۋەب بولغان. ئۇلار ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانىلىدىغان ئەرەبلەردىن چىققانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغان. «بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى) خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ»[2]؛ «ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئىچ-ئىچىدىن ھەسەت قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ»[3].

3. ھەسەتخورلۇق ئۆز ۋاقتىدىكى قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا سەۋەب بولغان. ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەق. ئەمما، بىز مەخزۇم ئايمىقى ئابدۇماناپ ئايمىقى بىلەن ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىپ كېلىۋاتىمىز، ئۇلار كەئبىگە خىزمەت قىلغان بولسا، بىزمۇ قىلدۇق؛ ئۇلار ھەرەمنىڭ زىيارەتچىلىرىگە تائام ۋە سۇ بەرگەن بولسا، بىزمۇ بەردۇق. ئەمدىلىكتە ئۇلاردىن پەيغەمبەر چىقىپ، بىزدىن چىقمىسا، بىز بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلىپ تۇرالايمىز؟ شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلاردىن چىققان پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇشتىن باشقا يولىمىز يوقتۇر».

4. ھەسەتخورلۇق كاپىرلارنى كۆپىرىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بولغان ھەسەتخورلۇقى ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش كاپىر بولۇشىنى تىلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ»[4].

5. ھەسەتخورلۇق دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىمۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن توسۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۆزلىرىنى

[1] مائىدە سۈرىسى، 28 30-ئايەتلەر.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 20-ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى، 109-ئايەت.

[4] نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت.

مۇسۇلمان دەۋالغانلار ئارىسىدىكى بەزى ئىچى تار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭمۇ باشقىلاردەك نەتىجىلىك، پەزىلەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولالمىغانلىقىغا ئاچچىقلىنىپ، شۇنداق خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرگە ھەسەت قىلىدۇ، دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، كىشىلەرگە يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىدۇ.

6. ھەسەتخورلۇق يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دىلىنى پاكلىشىغا، گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشىگە ۋە ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ زامانىمىزدىكى ئۆرنەكلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئۆزى بىلەن بىلىم سەۋىيەسى تەڭ تۇرىدىغان ياكى ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەت سورۇنلىرىنى ياقتۇرمايدۇ، ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، يازمىلىرىنى ئوقۇمايدۇ. ھەسەتخورلۇقدىن نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن ۋە ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ئىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرىدە يامراپ كەتكەن نىجىس ئىللەتتۇر. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ئىللەت ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ۋە بەزى ئۆلىمالىرىمىز ئارىسىدىمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشمەڭلار، تۇغقانچىلىق ھەققىنى تەرك ئەتمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن بولسا، يەنە بىر ھەدىستە: «ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەتخورلۇق خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ»[2] دېگەن.

ھەسەتخورلار ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولمىغان ۋە ئىلاھىي ھېكمەتكە قارشى چىققانلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدىكەن؟ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلار بىر-بىرىنى ئىشقا سالسۇن دەپ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[3].

ئۆلىمالار ۋە پەيلاسوپلار ھەسەتخورلۇقنى «بەختسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى» دەپ قارايدۇ. مەلۇمكى، ھەسەتخورلۇقنىڭ زىيىنى ھەسەت قىلغۇچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى باشقىلارغىمۇ يېتىدۇ. ھەسەتخور

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] زۇخرۇف سۈرىسى، 32-ئايەت.

ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى تىتىپ يەپ، ئازاب بىلەن ياشايدۇ، باشقىلارنىمۇ بىئارام قىلىدۇ. ئىچىدىكى ھەسەتنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەمىشە ئاغزىنى بۇزىدۇ، ھاقارەت قىلىدۇ، ئاچچىقىنى باشقىلاردىن چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا، ھەسەتخورنى ئەڭ بەختسىز ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

ھەسەتكە مۇپتىلا بولغانلار ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكىمۇ رازى بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە قاتتىق ھەسەت قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قوياي دەپ ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

- ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن نېمە تىلىسە، يەنە بىرىڭلارغا شۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بېرىمەن، - دەپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ بىر كۆزىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ رەقىبىنىڭ ئىككى كۆزىنى كور قىلدۇرۇش مەقسىتىدە:

- پادىشاھىم! مېنىڭ بىر كۆزۈمنى قويۇۋەتكەيلا، - دېگەن ئىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۈچ ئادەم بىر شەھەردىن ئايرىلىشنى قارار قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقىپ، يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن مەلۇم بوپتۇكى، ھەممىسى شۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىللىكى ۋە ياخشىلىقىغا ھەسەت قىلىپ چىداپ تۇرالماي، مەزكۇر شەھەردىن ئايرىلغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار يولدا كېتىپ بارغىنىدا بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. ئۇنى ھەربىرى ئۆزىگە ئالماقچى بولۇپ، تەڭدىن بۆلۈشۈشكە ياكى باشقا تەكلىپلەرگە قەتئىي كۆنمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆزئارا جېدەللىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ جايغا يېقىن بىر يەرگە شىكارغا چىققان بىر ھاكىمنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ھاكىمغا بىلدۈرۈپتۇ. ھاكىم ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىدە ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. تەلەپكە ئاساسەن، مەزكۇر ھەسەتخورلاردىن بىرى دەپتۇ:

- مېنىڭ ھېچكىمگە قىلچە ياردەم قىلغۇم كەلمەيدۇ.

- بىراۋغا ياردەم قىلغان ئادەمنى كۆرسەم، قاتتىق ئاچچىقىم كېلىدۇ، - دەپتۇ ئىككىنچىسى. ئاندىن ئۈچىنچىسى سۆز باشلاپ:

- مەن ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلغان بىرەر ئادەمنى كۆرسەم، ئۇنىڭدىكى بۇ گۈزەل ئەخلاققا ھەسەت قىلغانلىقتىن ئۇنى بەك يامان كۆرۈپ كېتىمەن، - دەپتۇ.

ھاكىم بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

بۇلارغا ياشاش ھارام. بىرىنچىسىنى كېيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار، يىرتقۇچلارغا يەم بولسۇن. ئىككىنچىسىنى بىلىگە تاش باغلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار، تۇنجۇقۇپ ئۆلسۇن. ئۈچىنچىسىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار.

ھەسەتخورنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

دىنىمىزدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنىڭ چوقۇم بىر چىقىش يولى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق دەردىنىڭمۇ داۋاسى بار. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەسەتتىن، سېھىردىن ۋە يامان كۆزلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن مۇنۇ ئىككى سۈرىنى تەلىم بەرگەن: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇققا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چېگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن»؛ ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ. مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! سەن) ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)غا سېغىنىپ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالغاندا، ئۇلار) نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلىدىغان، (ئاللاھ بىلەن بولغاندا) يوقىلىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ئاخشىمى مۇشۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ، ئىككى ئالقىنىغا سۈپلەپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلاپ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرگە: «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لَامَّةٍ» «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىملىرىگە سېغىنىپ، ھەربىر شەيتاندىن، ھەربىر زىيانلىق نەرسىدىن ۋە ھەربىر يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دەم سالاتتى.

كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى ۋە يامان كۆزلەرنىڭ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. بۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتا كۆرۈلۈپ كەلگەن بىر ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كۆز تېگىش راستتۇر، ئەگەر قەدەرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم كۆز بولاتتى»[1]

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

دەپ كۆرسەتكەن.

كۆز تېگىش مەسىلىسىدە ئىككى تۈرلۈك ئەھۋال بولۇپ، بىرى، كۆر تېگىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش؛ يەنە بىرى، كۆز تەگكەندىن كېيىن شىپا تېپىش ئۈچۈن چارە قىلىشتىن ئىبارەت.

### *1. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى:*

(1) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ۋە چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.

(2) قۇرئان كەرىمنى كۆپرەك تىلاۋەت قىلىش.

(3) شەرىئەتتە كۈندىلىك ئوقۇشقا بۇيرۇلغان دۇئالارنى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش. مەزكۇر دۇئالارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

«بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَيَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي ٱلأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ» يەنى «ئۇنىڭ نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە تولۇق بىلگۈچىدۇر» دېگەن بۇ دۇئانى؛ ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ ھەربىرىنى ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش[1].

ھەر نامازدىن كېيىن ۋە يېتىشتىن بۇرۇن ئايەتۇلكۇرسىينى بىر قېتىمدىن ئوقۇش؛ ئاندىن «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ»نى كۈنىگە 100 قېتىمدىن ئوقۇش»[2].

(4) ئۆزىدىن ياكى پۇل ـ مېلىدىن ياكى ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ بىرەرسىدىن خۇشلانغان ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالادىن بەرىكەت تىلەپ «مۇبارەك بولسۇن» دېيىش ۋە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش: «مَاشَاءَ الله لاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِالله، اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَيْهِ» «ھەممە ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن بولغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىدە، مال ـ دۇنياسىدا ياكى دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ بىرىدە خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرسە، ‹مَاشَاء

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.
[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلغان.
[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

الله...› نى ئوقۇپ ئۇنى تەبرىكلىسۇن. چۈنكى، كۆز تېگىدىغانلىقى راستتۇر»[1].

(5) كۆز تېگىشتىن ئەنسىرەيدىغان تەرەپلەرنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىش.

### 2. كۆز تەگكەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇش چارىلىرى توغۇرىسىدا:

(1) فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىينى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى «ئامەنەررەسۇلۇ»دىن «كافىرىين»غىچە بولغان ئايەتلەرنى، كۆز ۋە تىلدىن ساقلىنىشتا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۈچ قېتىمدىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ كۆز تەگكەن كىشىگە، خۇسۇسەن ئاغرىغان يېرىگە سۈفلەپ ئوڭ قول بىلەن سىپاش[2].

كۆز تەگكەن كىشى ئەگەر قۇرئان ساۋاتى بار كىشى بولسا، يۇقىرىقىلارنى ئۆزى ئوقۇغىنى ياخشى.

(2) يۇقىرىقى ئايەت ۋە دۇئالارنى سۇغا ئوقۇپ، كۆز تەگكۈچىگە ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقىنىنى ئۇنىڭغا چېچىش[3].



[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر ساھابىنى شۇنداق داۋالىغانلىقىنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# ۋاقىت — ئۆمۈردۇر

﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ. وَالْعَصْرِ. إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ. إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ».

ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن زامان (يەنى ۋاقىت) بىلەن قەسەم قىلدى. ئىنسان ئەمەلىيەتتە زاماننىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆمرى كۈنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر كۈن ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: «ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ۋاقىت ئىنساننىڭ دەسمايىسى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتى، جەننەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان سەرمايىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سائەت ئۇنىڭ ئۆمرىنى يەپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي زىياندۇر. تىجارەتتىكى ھەقىقىي زىيان تىجارەتكە سالغان دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولغاندەك، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي زىيان ۋاقىتنىڭ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىز، بىكارغا ئۆتۈپ كېتىشىدۇر. شۇڭا، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىمان بىلەن، سالىھ ئەمەللەر بىلەن، بىر-بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىنسان زىياندىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى، بۇنداق ئىنسان ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلانغان ۋە ھاياتىنى يۇقىرىقىدەك سالىھ ئەمەللەر بىلەن تولدۇرغان بەختلىك ئىنساندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە زامان بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە تائەت-ئىبادەتتە، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقىلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. دېمەك، يۇقىرىدىكى تۆت ئىشنى قىلغانلار قەتئىي زىيان تارتمايدۇ.

## 1. ئىمان

ئىمان — ئىنساندىن ئىبارەت ئۆزى ئاجىز، ئۆمرى چەكلىك بىر مەخلۇقنى كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك زاتقا باغلايدىغان ھالقا بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئىنسان چەكلىك دۇنياسىدىن ھالقىپ، چەكسىز ئالەمگە؛ ئاجىزلىقىدىن چىقىپ، قۇدرەتلىك ئىلاھىي مۇتلەققە باغلانغان بولىدۇ. بۇ باغلىنىش ئىنسانغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندىن باشقا، ھەقىقىي ئامانلىق ۋە سائادەت بېغىشلايدۇ. ئىنسان بىر ئاللاھقا باغلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە پىكرىنى ئىنسانلار ئالدىدىكى خارلىقتىن ئازاد قىلغان بولىدۇ.

## 2. سالىھ ئەمەل

سالىھ ئەمەل ئىماننىڭ مېۋىسى ۋە ئىپادىسىدۇر. ئىمان ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئېنېرگىيە بولۇپ، ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىمان قەلبتە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مېۋىسى بولغان سالىھ ئەمەل ئوتتۇرىغا چىقماي قالمايدۇ. چۈنكى، «قاپاقتا نېمە بولسا، تېشىغا شۇ تەپچىرەيدۇ» دېيىدىغان ھېكمەت بار. ناۋادا قەلبتىكى ئىمان ئادەمنى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرەلمىسە، ئۇ ھەقىقىي ئىمان ئەمەس، بەلكى ساختا ئىمان ياكى ئۆلۈك ئىماندۇر.



## 3. ھەقنى تەۋسىيە قىلىش

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ھاياتتا ئىنساننى غايىسىدىن ئاداشتۇرۇپ، يولىدىن ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس. نەپسى خاھىش، شەيتان، شەخسىي مەنپەئەت، مۇھىتنىڭ تەسىرى، خىزمەت بېسىمى، ئائىلە قىيىنچىلىقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىشقا موھتاج. ئۇلار بىر-بىرىنى غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا تەرغىب قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە مەدەت بېرىدۇ. مۇئمىن ئادەم ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى روناق تاپىدۇ ۋە نەتىجىدە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە لاياقەتلىك بولىدۇ.

## 4. چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانى سىناق دۇنياسى ۋە ھەقىقەت بىلەن باتىل ئېلىشىدىغان مەيدان قىلىپ ياراتقان بولۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈش ۋە باتىلنى يېڭىش ئۈچۈن، كۈچلۈك، چىداملىق ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، باتىل كۈچلەرگە، شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە، نەپسىمىزنىڭ خاھىشىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش يولىدا بىر-بىرىمىزگە چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقا موھتاجمىز.

### ۋاقىت باشقۇرۇش

«ۋاقىت باشقۇرۇش» دېگەنلىك «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا قىلىش»تۇر. ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش، ئاۋۋال نىشاننى بەلگىلەش، ئاندىن ئۇنى پىلانلىق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقىتنى ئەڭ ياخشى باشقۇرغانلىقتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ئەگەر بىز ۋاقتىمىزنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساق، ئۇنى زايە قىلىۋەتكەن بولىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولساق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بۈگۈن، ئەتە، كېلەچەكتە چوقۇم كۆرىمىز، بىزدىن كېيىنكىلەرمۇ كۆرىدۇ. ۋاقىت مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئىبادەتتۇر، چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ۋاقتىنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر غايىسى ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، يېرۇش-تۇرۇشلىرى، گەپ-سۆزلىرى، رىزىق ئۈچۈن ئىشلىشى ھەتتا دەم ئېلىشى ... ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ پۈتۈلىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋاقىت ئىبادەتتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەم بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش (يەنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ياشاش) ئۈچۈنلا مەۋجۇتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[1] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ خۇسۇسەن ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئېڭىدا «ۋاقىت — پۇلدۇر» دەيدىغان پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپەنى ھەسەن بەسرىينىڭ: «مەن ھاياتىمدا ۋاقتىنى ئالتۇن-كۈمۈشتىنمۇ قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا ۋاقىتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى، ئالتۇن-كۈمۈش زايە بولۇپ

[1] زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت.

كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ.

## ئەقىللىق بولۇش

ئەقىللىق مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ۋاقىت پۇل-مالدىن ئەلۋەتتە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، پۇل-مالنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، «ھاياتىمنى ئازراق بولسىمۇ ئۇزارتالارمەنمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە ئۆي-جايلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتنىڭ پۇل-مالدىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر. بىراۋ بىر سىقىم پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتسە، ئۇنى چوقۇم ساراڭ دەيمىز. ئەپسۇسكى، پۇلدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتكەن كىشىلەرنى ھېچكىم ساراڭ دېمەيدۇ. ئەسلىدە پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ساراڭدىن ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتكەن ساراڭ بەكرەك ساراڭدۇر.

ئادەتتە كىشىلەر ئانچە ئېرەنسىپ كەتمەيدىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدىمۇ نەتىجىسى ئاددىي بولمىغان كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر مىنۇت ئىچىدە بىرەر سەھىپە قۇرئان ئوقۇغىلى ياكى ئىككى بەت كىتاب ئوقۇغىلى بولىدۇ؛ ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىپ، قاتمۇقات ساۋاب تاپقىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەر كۈنى 100 قېتىم ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ› يەنى ‹ئاللاھ تائالا بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر› دەيدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «تىلغا يېنىك، مىزاندا ئېغىر كېلىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئىككى كەلىمە بار، ئۇلار: ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَ اللهِ العظِيْمِ› ‹ئاللاھ تائالا بارچە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇلۇغ ئاللاھ جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر› دېگەن كەلىمىدۇر»[2].

ۋاقىت ھاياتنىڭ ئاساسى ۋە خام ماددىسى بولۇپ، بارچە مەدەنىيەتلەر، تەرەققىياتلار ۋە پەن-تېخنىكىلار ۋاقىت ئارقىلىق ھەم ۋاقىت چىقىرىپ ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، جەننەتكىمۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل-ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. كاتتا ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلۋەتتە رەببىنى تونۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقىمۇ ۋاقتى يېتىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر ۋاقتىنىڭ قىممىتىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇنى قەتئىي زايە قىلمايدۇ، ئۆمرىنىڭ ھەربىر لەھزىسىنى نەتىجىلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلارغىمۇ ۋاقتى چىقمايدۇ. ۋاقىتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى، كىراغا ئالغىلى ياكى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى جايىدا ئىشلىتىپ پايدىلانغىلىلا بولىدۇ.

ۋاقىت كاتتا نېمەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىدە: «نۇرغۇن كىشىلەر قىممىتىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئىككى نېمەت بار. بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ۋاقىت چوڭ مەسئۇلىيەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت مەيدانىغا تاشلىنىشى بىلەنلا ئۆمرىنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقى، پۇل-مالنى نەدىن تېپىپ، نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە بەدىنىنى نېمە ئىشقا ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سوئال قىلىنىدۇ»[2].

ۋاقىت دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى بولغاندەك، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈنمۇ بېرىلگەن نېمەتتۇر. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىييە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىللىق ئادەم ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلگەن ئادەمدۇر. ناۋادا ئۇنىڭ ۋاقتى زايە بولۇپ كەتسە، نۇرغۇنلىغان پايدا زايە بولۇپ كېتىدۇ، بارلىق مەنپەئەتلەر پەقەت ۋاقىتتىن كېلىپ چىقىدۇ، ۋاقىت قولدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىنسانىنىڭ ۋاقتى ئۆمرىنىڭ ئۆزىدۇر. ۋاقىت ئۇنىڭ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىششى ياكى مەڭگۈلۈك ئازابقا قېلىشىنىڭ سەرمايىسىدۇر. ۋاقىت بۇلۇتتىنمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەر ئىنساننىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان چاغلىرىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتى ۋە ئۆمرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىن سانالمايدۇ. ئەگەر ئۇ شۇنداق غەپلەت ئىچىدە ياشاۋەرسە، پەقەت ھايۋانلاردەكلا ياشىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنى غەپلەت، شەھۋەت ۋە قۇرۇق ئارزۇلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىدىن پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيقۇ ۋە بىكارچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگىنى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ ھايات تۇرغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق. ئىنسان نامازدا تۇرغىنىدا، ئەقلى-ھوشى بىلەن تۇرغان ۋاقىتلا ناماز ھېسابلانغان يەردە،

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

ئۇنىڭ ئۆمرىدىن ئاللاھ بىلەن بولغان ۋاقىتلىرىدىن باشقىسى ئۇنىڭ ئەمەس»[1].

## ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ

ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى توختىتىپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ — ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، دىنى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا، مۇكەممەل قىلىش ئارقىلىق نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر.

ۋاقىت — ھايات، ۋاقىت — پۇل، ۋاقىت — ئىلىم، ۋاقىت — سالامەتلىك، ۋاقىت — پەن-تېخنىكا، ۋاقىت — قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت كېچىكىشى سەۋەبلىك ۋەيران بولىدىغانلىقى؛ جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ۋاقىت ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىسىدۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىشى، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم.

## ئۈلگۈرەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى

قانداقتۇر بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلالماسلىق، بىرەر ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئورۇندىيالماسلىق ۋە مەلۇم بىر ئىشقا ياكى بىرەر جايغا ئۈلگۈرەلمەسلىكنىڭ بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ «تېخى ۋاقىت بارغۇ» دەپ ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەت.

[1] ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىييەنىڭ: «الجواب الكافي لمن سأل عن الدواء الشافي» ناملىق ئەسىرى، 201 - بەت.

ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتا ئالدىراپ-تېنەپ قىلىدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىغان ئەخمەقلەردۇر. بۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىشى ھەمىشە كەمتۈك، چولتا بولىدۇ، ھەرگىز غەلىبىلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشقا «تېخى ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. نەتىجىدە، قىلىدىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ، بۇ جەرياندا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشنى ئالدىراپ-تېنەپ چالا-پۇچۇق قىلىدۇ. ئەمما، ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئالاقزەدە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. بۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

## نەتىجە قازانغانلار ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن قايغۇرىدۇ

چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن زارلىنىدىكەن، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن. چۈنكى، ئۇلار بىلىدۇكى، تىرىشچان ئادەملەر ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن قايغۇرىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما، بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولىدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.

## ۋاقىت ئوغرىسى پۇل-مال ئوغرىسىدىنمۇ ياماندۇر

باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئوغرىلىغان ئادەمنى كىشىلەر «ئوغرى» دەپ ئەيىبلىشىدۇ-يۇ، قىممەتلىك ۋاقىتنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالارنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشى مال ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر. بۇ ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى ئوغرىلىغاندىنمۇ ياماندۇر، ئەلۋەتتە.

«سائەت مانچىگە...» دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ۋەدىلەشكە جايغا ۋاقتىدا بارماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر.

## ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىكنىڭ جازاسى

ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئىككى قېتىم قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە

شۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا بىلگەنلىك قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

بىرىنچىسى، سەكراتتا چۈشكەندە ئۆزىگە ۋاقىت بېرىلىشىنى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ . وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل-ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. سىلەر بېشىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: ‹ئى رەببىم! ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار»[1].

ئىككىنچىسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلى بولغانلار بۇ دۇنياغا قايتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، جەننەتكە لايىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقْضَى عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمْ مِنْ عَذَابِهَا كَذَلِكَ نَجْزِي كُلَّ كَفُورٍ . وَهُمْ يَصْطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَا أَخْرِجْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ أَوَلَمْ نُعَمِّرْكُمْ مَا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَنْ تَذَكَّرَ وَجَاءَكُمُ النَّذِيرُ فَذُوقُوا فَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ نَصِيرٍ﴾ «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاختا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز. ئۇلار دوزاختا: ‹رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ، (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋالساق› دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئۇلارغا) ‹سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئالغۇدەك بىر ئۆمۈر ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ، (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟) ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى يوق› دېيىلىدۇ»[2].

## ھاياتنىڭ بەرىكىتى پىلانلىق ياشاشتا

ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان بىر تەتقىقاتتا ئاساسلانغاندا،

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى، 9 10 ـ ئايەتلەر.

[2] فاتىر سۈرىسى، 36 37 ـ ئايەت.

دۇنيادا كۆپ سانلىق ئىنسانلار پىلانسىز، غايىسىز، بولۇشىغا ياشاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھاياتى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ماڭىدىغانلارنىڭ نىسپىتى ئاران 3%نى، مۇئەييەن پىلان ياكى غايە تۇرغۇزمايلا ياشايدىغانلارنىڭ نىسپىتى 97%نى تەشكىل قىلىدىكەن.

## كىشىلەر نېمىشقا پىلان تۈزۈشتىن قاچىدۇ؟

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرەر پىلان ۋە غايە تۇرغۇزۇشتىن قېچىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

### *1. تۈزگەن پىلانغا ئەمەل قىلالماي قېلىشتىن قورقۇش*

ئىنسانلار بۇ قورقۇنچنى ئېغىزىدا دېمىسىمۇ، بىرەر پىلان تۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالماي، ئاجىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ۋە شۇنىڭ بىلەن روھىي كەيپىياتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر قانۇن-پىرىنسىپلارنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن، شۇ قانۇن-پىرىنسىپلار ئىچىدە ياشاشنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ تەبىئىتى چەكلىمىسىزلىككە بەكرەك مايىل كېلىدۇ. ئەمما، ھاياتتا ئۆزگە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ، مۇئەييەن غايە تۇرغۇزۇپ، شۇ پىلان ۋە غايە بويىچە ئىش كۆرىدىغانلارنىڭ غالىبلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

### *2. ئۆزگە ئىشەنچ قىلالماسلىق*

بەزى كىشىلەر ئاجىزلىقىنى ۋە ئىرادىسىزلىكىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى ئالداش ئۈچۈن، «ھەممە ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر» دەيدۇ. دۇرۇس، بۇنىڭغا ئىمانىمىز كامىل. چۈنكى، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەمما، ئۆزگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان مەزكۇر كىشىلەر ئىسىلىۋالغان بۇ مەنتىقە قارىماققا توغرىدەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىگە باشقا غەرەزلەر يوشۇرۇنغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى «ئۆزەمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپلا، سەۋەب قىلماي يېتىشتىن توسقان ۋە پىلانلىق، غايىلىك ياشاشقا بۇيرۇغان. ئىنسان پىلانلىق ياشاشقا يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر.

### *3. كېچىكتۈرۈش*

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۆز

نىسۋىسىنى ۋە بەخت-سائادىتىنى كىچىكلىتۈرگەنلىكتۇر. سۆرەلمىلىك كىسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ھاياتتا ھەممە ئىشنى كىچىكلىتۈرىدۇ، «ئەتە قىلىمەن، ئۆگۈن قىلىمەن» دەيدۇ-يۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ، ئۆز نەزىرىدىكى مۇناسىپ پۇرسەتنى كۈتۈش بىلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

### 4. پىلانلىق ياشاش ۋە پىلان تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەنمەسلىك

كۆپىنچە كىشىلەر پىلانسىز ھالەتتە، بولۇشىغا ياشاشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، پىلان تۈزۈشنى ياقتۇرمايدۇ، پىلانلىق ياشاشنىڭ پايدىلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا بەزىلىرى: «مەن يىللاردىن بىرى پىلانسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئىشلىرىم غەلىبىلىك كېتىپ بارىدۇغۇ» دەيدۇ. بۇ دېگەن ئاندا-ساندا بولۇپ قالىدىغان ئىش. بۇنداق نادىر ئەھۋاللارنى پىرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئاندا-ساندا ئىشقا ئېشىپ قالىدىغان نامەلۇم تەلەيگە قاراپ ياشاش خەتەرلىكتۇر.

### 5. پىلان تۈزۈشنى بىلمەسلىك

بەزىلەر ھاياتتا پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، قانداق پىلان تۈزۈشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىرى كېلىپ، ئۆزلىرىگە پىلان تۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ.



## نېمىشقا پىلان تۈزىمىز؟

بۇ ھاياتتا پىلان تۈزۈش ۋە شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈش تولىمۇ مۇھىم. ھاياتىمىزدا پىلان تۈزۈشنى زۆرۈر قىلىدىغان مۇنداق بەش چوڭ سەۋەب بار:

### 1. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش

ئىنساننىڭ بىرەر مۇكەممەل پروگراممىسى ۋە مۇنتىزىم پىلانى بولسا، ھاياتىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتالايدۇ-دە، ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدىكى ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا بېجىرىپ كېتەلەيدۇ. ئىنساننىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتىن ئالىدىغان كۈچ-قۇۋۋىتى ئەلۋەتتە چوڭ ھەم ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇنداق كۈچ-قۇۋۋەت ھاياتلىقنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى يېڭىشتە چوڭ ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارغان ئادەم ئىشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، مەخپىي تەرەپلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ-دە، تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىدۇ. نىشانغا يېتىش يولىدا تۈزگەن پىلانلىرى بارچە مۈشكۈل ۋە توسالغۇلارنى

يېڭىشتە ئۇنى كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. پىلان بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم هاياتىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن ھوزۇر تاپالايدۇ. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك: «باشقىلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق نېمدېگەن گۈزەل».

### 2. ئۆزگە ئىشىنىش

پىلانىڭىزنى ئوچۇق قىلىپ يېزىۋېلىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىزگە كۈچ ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرىدۇ. ئاندىن پۈتۈن ئىشلىرىڭىزنى كونتروللۇقىڭىزدا تۇتۇپ، پىلانىڭىز بويىچە ئىش كۆرگىنىڭىزدە، بۇ ئىشەنچ يەنە ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە سىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ؛ نەتىجىدە، سىزنى كۆزلىگەن مەقسەتكە ۋە زور ئۇتۇقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزگە ئىشەنگەن ئادەمنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ ۋە يولىدىن توسۇپ قالالمايدۇ.

### 3. قىممەت يارىتىش

ئىنساننىڭ هاياتلىقتىكى قەدىر-قىممىتىنى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بەلگىلەيدۇ. قىممەت يارىتىش پىلانلىق هالدا، ئىزچىل ئىشلەش ۋە توختىماي ئىلگىرىلەش بىلەن بولىدۇ. پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ، نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكى ۋە ئۆز قۇدرىتىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى كۆتۈرىدۇ.

### 4. ۋاقىتنى تېجەش

ئىنسان قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن پىلانلىۋالغاندا، ۋاقىتنى زايە بولۇشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەم ئاۋۋال نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ۋاقىتنى زايە قىلمايدۇ، زۆرۈر ئىشلارنى ئالدى بىلەن قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقى ئۆزىنى ئۆلتۈرگىنىگە تەڭدۇر. چۈنكى، ۋاقىت ئۆمۈر، ۋاقىت هاياتلىقتۇر.

### 5. ئىزتىراپتىن ساقلىنىش

هاياتتا مۇئەييەن پىلانى ۋە غايىسى بولمىغانلارنىڭ هاياتى ئىزتىراپ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، هاياتىنىڭ ھەممە ساھەسىدە پىلان بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى بەختلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ هاياتىنىڭ تەمىنى تولۇق تېتىغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زاپاس ئېنېرگىيە ئۇلارنى هاياتىنىڭ تەمىنى

تېخىمۇ تولۇق تېتىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. خۇددى روزۋېلت ئېيتقاندەك: «سائادەت پىلانلارنىڭ ۋە ئىجادىيەت يولىدىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان».

## ھاياتتىكى پىلانىڭىزنى قانداق تۈزىسىز؟

ھاياتلىقتىكى ئۇتۇق ماددىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. تەننىڭ ساغلام بولۇشى، دوست-يارەنلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ياكى ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىكنىڭ ئۆزىلا مۇكەممەل ئۇتۇق ھېسابلانمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتتا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇتۇقنىڭ كىچىككىنە پارچىسىدۇر، خالاس. ھەقىقىي ئۇتۇق ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئۇتۇقتۇر. شۇڭا، ھايات قايناملىرىدا ئۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلغان، مۇكەممەل پىلان تۈزۈش ۋە تۆۋەندىكى بەش چوڭ ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. مەنىۋى تەرەپ. ھەر تەرىپى تەڭپۇڭلاشقان بىر ھاياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ بىرى روھانىي تەرىپىدۇر. بۇ، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىمانى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتتا ئاز-تولا ئۇتۇقلىرى بىلەن ماختىنىپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇغانلار خام خىيال ئىچىدە ياشىغۇچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جايىدا بولغانلار ھەمىشە خاتىرجەملىك، كۆڭلى توق ۋە تولۇق بەخت ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناسىۋەت ئۇلارغا شۇنداق ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھايات تەقدىم قىلىدۇ. بۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقىدىن ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۈشكۈلاتلارنى يېڭىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە مەدەت ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەسىدە مۇكەممەل ئۇتۇقلارنى قازىنالايدۇ.

2. خۇسۇسىي تەرەپ. بۇ تەرەپ شەخسنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوقۇش، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. كەسىپ ۋە ئىش-خىزمەت. بۇ، شەخسنىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپى، خىزمىتى ياكى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا بىلىم ئېلىش، كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا بولغان ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

4. ماددىي تەرەپ. بۇ، ھەر شەخسنىڭ كىرىمى، مائاشى ۋە قولغا كەلتۈرۈشنى

پىلانلىغان مال-دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. تەن ساقلىقى. بۇ، شەخسنىڭ يېمەك-ئىچمەك تەرزى، پىرىنسىپى ۋە ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى بەش ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇلار ھەققىدە تۈزگەن پىلانلارنى ئورۇنداش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۆزى ئىنسانىنى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

# ۋىجدان ۋە ئۇنىڭ رولى

ۋىجدان — كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىدا جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى دېگەنلىك[1] بولۇپ، ئۇ ئىنساندىكى ئەڭ مۇھىم مەنىۋى قۇۋۋەتلەردىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرۇلۇق سورالغاندا: «ئۆزۈڭدىن سورىغىن، قەلبىڭدىن سورىغىن، ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ سېنى بىئارام قىلىدىغان ۋە سەن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر»[2] دېگەن. ئارىستوتېل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «روھىمىزنىڭ قۇۋۋىتى بولغان ۋىجدانىمىز پىكرىمىزگە قۇۋۋەت بەرگۈچى ئىدراك ۋاستىسى بولۇپ، ھېسسىياتىمىزنى روھىمىزغا باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىردۇر». ئىبنى سىنا: «ۋىجدان — روھ ۋە پىكرىمىزنى تۇيغۇن قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدۇر» دېگەن ئىكەن.

بىز ئىش-ھەرىكىتىمىزنىڭ ياخشى-يامىنى ۋە پايدا-زىيىنىنى ۋىجدان تارازىمىزدا ئۆلچەيمىز. شۇڭا، ۋىجدان ئىنسان ئەقلى ۋە پىكرىنىڭ ھەقىقىي تارازىسىدۇر. ئىنسان بۇ تارازا بىلەن ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئۆلچەپ بىلگەندىن تاشقىرى، باشقىلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىمۇ سېزىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىگە، ئەقىل ۋە ھېكمەتكە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنىڭغا ئالقىش ۋە مۇھەببەت ياغىدۇ؛ ناۋادا ئەخلاق ئۆلچىمىدىن چەتنەپ كەتكەن يامان ئىش بولسا، نارازىلىق ۋە نەپرەت ياغىدۇ. دېمەك، ھەركىم قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ۋە توغرا-خاتالىقىنى ۋىجدانى ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. ئەمما، كۆپىنچە كىشىلەر ناچار قىلمىشلىرىنى شەيتان ۋە نەپسى خاھىشى پەردازلاپ كۆرسەتكەن باھانىلەر بىلەن ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ، ئۆزىنى زورىغا قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ، ئازراق بولسىمۇ ۋىجدانى بار كىشىلەرنىڭ ئىشى. ئەمما، ۋىجدانى ئۆلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن قىلچە ئويالمايدۇ، ئۇنداقلاردا گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ. كىشىلەر ناھەق ئىش قىلىدىغان، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىدىغان ئادەمنى «ۋىجدانسىز» دەيدۇ. بۇنداق ئادەم ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قولاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى

[1] ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، 1221-بەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋىجدان كارغا كەلمىگەن، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان. شۇڭا، ئۇنداقلار ۋىجدانى يوقنىڭ ئورنىدا سانالغان.

ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلىرىنى قايسى دەرىجىدە ئورۇنداپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋىجدانى ئارقىلىق بىلىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ۋىجدانى ساغلام كىشىلەر ئىمان ۋە ئېتىقادىنى كامالىغا يەتكۈزۈش، دىن ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ۋىجدان ھەركىمگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈزۈك ئەينەك مىسالى بولۇپ، بۇ ئەينەككە سەممىيلىك بىلەن قارىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تۈزىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئاختۇرۇشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ.

## ۋىجدان دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرالامدۇ؟

بەزى پەيلاسوپلار ۋىجداننىڭ دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، بۇ نەزەرىيەنىڭ خاتالىقى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان. چۈنكى، ئىنسانلاردا يارىتىلىشتىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، «ۋىجدان» دەپ ئاتالغان بىر كۈچنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈچ بىلەن ياخشى-ياماننى، توغرا-خاتانى ئايرىۋالالايدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما، بۇ كۈچ تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچەيگىنىدەك، ناچار ئادەت، يامان دوست ۋە جەمئىيەتنىڭ سەلبىي تەسىرى ئاستىدا ئاجىزلىشىدىغانلىقى ھەتتا يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت.

ئەگەر ۋىجدان بولسىلا كۇپايە قىلىدىغان بولسا، كىچىككىنە شەپقەتسىزلىك ياكى ئاددىيغىنە بىرەر خاتالىق تۈپەيلى بىئارام بولىدىغان ئىنسانلار بىلەن ئازراق مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، دوستلىرىنى سېتىۋېتىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھالىغا نېمە دېيىش كېرەك؟ دۇنيادا شۇنداق ۋەھشىي ئىنسانلار باركى، ئۇلاردىكى ناچارلىق ۋە خەسىسلىك تۈپەيلى ئۇلاردا «ۋىجدان» دېگەننىڭ ئەسىرىمۇ يوق.

«ۋىجدان يېگىلمەس بىر ئىلاھىي رەھبەردۇر. ئەمما، بۇ رەھبەرنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنى ھەر تۈرلۈك بۇزۇلۇشلاردىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداش زۆرۈر. ياخشى بىر ۋىجدانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دىنىي تەربىيەدە ۋە ئەخلاقتا يۈكسەلگەن، دىندار بىر جەمئىيەتتە ياشاش كېرەك. ۋىجدان ئۆزى يالغۇزلا ئىنسانغا نە يارىتىلىشتىكى غايىنى، نە توغرا-خاتانى، نە ياخشى-ياماننى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. ۋىجداننىڭ يولدىن ئازماسلىقى ئۈچۈن، يول كۆرسىتىدىغان

بىر رەھبەرگە موھتاج. ئۇ رەھبەر ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دىنىدۇر» دېگەن Jane Jecuse نىڭ بۇ سۆزلىرى نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان ھە!

دېمەككى، توغرا يوسۇندا، لاياقەتلىك دىنىي تەربىيە ئالغان ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن چوقۇم مەنئى قىلالايدۇ، گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسمەن دىندارلاردىكى ناچار ئىللەتلەر ئۇلاردا دىنىي تەربىيەنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئېتەلمىگەنلىكى ۋە ئىسلام ئەخلاقىدىن يېتەرلىك نېسۋە ئالالمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

# ۋەتەنپەرۋەرلىك دىندارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر

شەكسىزكى، ئىسلام دىنىمىزدا ۋەتەن سۆيگۈسى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا ئەڭ شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس سۆيگۈدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئەلۋەتتە ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۇئمىنلىك ۋاپادارلىق تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنسانىنى باشقا مەخلۇقاتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجىلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغان ھالدا ئادا قىلىنىدىغان بىر ۋاپادارلىق بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ئازادلىقى يولىدا مال - مۈلكىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئەڭ ئەقەللىي بۇرچىدۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋەتەننى قوغداشنى مۇھىم پەرزلەردىن سانايدۇ. بۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئىنسانىنىڭ ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان تەبىئىي خىسلەت بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ تەبىئىي پىترىتىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى تەبىئىي تۇيغۇنى ۋە پىترەتنى پەرۋىش قىلىپ، توغرا تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ ۋەتەنسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىۋېتىپ: «ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق...»[1] دېگەن بىر ئايەتنى كەلتۈرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، «ياكى» دېگەن سۆز ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ئىش بىلەن كېيىنكى ئىشنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالامۇ مەزكۇر ئايەتتە «يۇرتىدىن ئايرىلىشنى ئۆلگەن بىلەن باراۋەر» دەپ كۆرسەتكەن. بىز

[1] نىسا سۈرىسى، 66 - ئايەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەتەنسىزلىكىمىز ۋە ھىجران ـ پىراقىمىزنىڭ بىزنى قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ۋەتەنسىزلىكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز ئازاب ئىكەنلىكىنى بايقايمىز ياكى ھەر مىنۇت ھېس قىلىپ ياشىماقتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئېيتقان: «ئى سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قەۋمىڭ مېنى كېتىشكە مەجبۇر قىلمىسا ئىدى، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتىم» دېگەن مەشھۇر سۆزى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە مەككە «ھېچقانداق گىياھسىز بىر ۋادى» ئىدى. لېكىن، بىر جاينىڭ يېشىللىقىغا، پاراۋانلىقىغا، ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقىغا كۆنۈپ قېلىش ھەرگىز ئۇ يەرنى سۆيگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. كۆنگەندىن ۋاز كەچمەك قولاي، ئەمما سۆيگەندىن ۋاز كەچمەك ئىمكانسىزدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى ھەرقانچە نامرات ياكى چەت، سەھرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتەن مۇھەببىتى قەلبىنىڭ قات ـ قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولىدۇ.

ساھابە ئەسىيلۇل غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مەككىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇ مەككىنىڭ يۇلغۇنلىرى چېچەكلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ يەرنىڭ بىرقانچە سۈپىتىنى تىلغا ئېلىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى قىلساڭچۇ، يۈرىكىمنى بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ!» دەيدۇ. بۇ قىسسە توغرىسىدا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بار بولۇپ، بەزىلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە لىممىدە ياش ئالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

2. ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىشى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم پەرزلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى ۋەتەنىنىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا ۋەتەننى قوغداشنى؛ دۈشمەن كەلسە، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممە بىردەك جىھادقا چىقىشنى پەرز قىلغان. جىھاد ھەققىدە نازىل بولغان تۇنجى ئايەت ۋەتەن مەسىلىسى ھەققىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي ـ جايلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز قىلغان: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى»[1].

[1] ھەج سۈرىسى، 39 ــ 40 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك قاتارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى ۋە يېگانە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ھەمدە مەزكۇر ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، جىھادنىڭ ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن پەرز قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيە 2-يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان «بەدرى» دېگەن جايدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيە 3-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625-يىلى 23-مارت) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيە 5-يىلى شەۋۋال ئايىدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە شەھىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان. شۇڭا، بۇ ئۇرۇشلار مەككىدە ياكى باشقا جايلاردا ئەمەس، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان. چۈنكى، كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، مۇسۇلمانلار بولسا ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، دۈشمەننى ئارقىغا چېكىندۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىپ، بارغان جايلىرىدا شېھىت بولغان ۋە قەبرىلىرى شۇ جايلاردا قالغان. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ شام، ئىراق، مىسىر، يەمەن، تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا قالغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش بىلەن بىرگە، مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلىي ۋەتىنى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. «ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ھەقىقىي تۈردە راستقا ئايلاندۇردى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر»[1] دېگەن ئايەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى نەقەدەر

---

[1] فەتھ سۈرىسى، 27-ئايەت.

سېغىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە قانچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى مەككىدە، قالغان 10 يىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ مەككىدىكى 13 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئاۋۋالقى ئۈچ يىلنى كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلىش، كېيىنكى ئون يىلنى ئاشكارا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بەلگىلەنمىگەن. پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، شۇ جايدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنلا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەتەن كېرەك، مۇستەقىل دۆلەت كېرەك.

# ۋەسىلە

ۋەسىلە ــ ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدا بىرەر نەرسىنى ۋاسىتە قىلىشتۇر. ۋەسىلە ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى يول قويۇلغان ۋەسىلە؛ ئىككىنچىسى، مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە؛ ئۈچىنچىسى، دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلىدۇر.

## بۇيرۇلغان ۋەسىلە

بۇيرۇلغان ۋەسىلە ــ قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلەر قوللانغان ۋەسىلىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنى ۋەسىلە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللهَ وَابْتَغُوا إِلَيْهِ الْوَسِيلَةَ وَجَاهِدُوا فِي سَبِيلِهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار».

بۇيرۇلغان ۋەسىلىنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ھەركىم ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىش. قۇرئان كەرىم ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ﴾ «رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ: ‹رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. رەببىمىز گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن». يۇقىرىقى ئايەتلەردىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ﴾ «رەببى ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى»[1].

2. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 193 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدىكى ۋاقتتا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇپ: ‹ئى رەببىم! سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم› دەپ نىدا قىلدى»[1].

كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنْجِي الْمُؤْمِنِينَ﴾ «ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق. مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز»[2].

3. ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئاللاھ تائالا بىزگە ۋەسىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[3].

4. ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سېنىڭدىن ياردەم سورايمەن»[4].

5. ھەركىم ئۆزىنىڭ سالىھ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. مەسىلەن، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتچان بولۇش ۋە باشقا سالىھ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋەسىلە قىلىش دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ۋەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى؛ شۇ ئەسنادا تاغ ئۈستىدىن يوغان بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرگە قاپسىلىپ قالغانلىقى؛ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارىسى قالمىغاندا، ھەربىرى ئاللاھ تائالا

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 195 ـ ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 87 ـ ئايەت.

[3] ئەنبىيا سۈرىسى، 88 ـ ئايەت.

[4] ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت.

ئۈچۈن خالىس قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، كامالىي ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ھەممەيلەننىڭ ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان»[1].

6. ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكنى ۋەسىلە قىلىش. يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش سالىھ ئەمەللەرگە كىرىدۇ. يۇقىرىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان ئۆڭكۈردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى زىنا قىلىشقا تەييار بولغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورققانلىقتىن زىنانى تەرك ئەتكەنلىكنى ۋەسىلە قىلغان. نەتىجىدە، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەن.

7. تىرىك ئاتا ـ ئانا ۋە تىرىك ئالىم ـ ئۆلىما، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ بېرىشىنى سوراش. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇئالىرىدا ۋەسىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەر بىر كۈنى ئۇنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ: «ئى ئاللاھ! بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ سەندىن سۇ تىلەپ دۇئا قىلغىنىمىزدا، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدىڭ. ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ۋەسىلە قىلدۇق، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن[2].



## چەكلەنگەن ۋەسىلە

چەكلەنگەن ۋەسىلە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان ۋەسىلە شەكلى بولۇپ، ئۇ شېرىك ۋە خۇراپاتتۇر. مەسىلەن، دۇئانى ئۆلۈكلەردىن بىرەرسىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن: «يا پىرىم!»، «يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!»، «يا تۆت ئىماملىرىم!»، «يا ئىمام جەپىرى تەيران! ئاللاھ تائالادىن ماڭا پەرزەنت تىلەپ بەرگىن، بايلىق تىلەپ بەرگىن، شىپالىق تىلەپ بەرگىن!» دەپ سورىغانغا ئوخشاش.

## دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە

يولغا قويۇلغانلىقىغا دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە قۇرئان كەرىمدە

---

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ياكى ئۆلگىلىك ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرىدا ئۇرنىكى كەلمىگەن ۋەسىلە تۈرى بولۇپ، «ئى ئاللاھ! پالانىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش. بۇنداق ۋەسىلىنى بەزى ئالىملار جائىز دەپ قارىسا، بەزى ئالىملار ئىسلامنىڭ «يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى مەنئى قىلىش» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن بۇ ۋەسىلىنى توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇنداق دۇئا شېرىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ دۇئا ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان، پەقەت ۋەسىلە بۇيرۇلمىغان يول بىلەن قىلىنغان، خالاس.

سەئۇدىي ئەرەبىستان «پەتىۋا كومىتېتى»دىكى ئۆلىمالار «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن... دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «دۇئادا ‹ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى، بەرىكىتى ياكى ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن› دەپ ۋەسىلە قىلىش شېرىك سانالمايدۇ، ئەمما شېرىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن بۇنداق ۋەسىلىنى قىلماسلىق كېرەك»[1].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىشتا ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىمانىمىز، ئىخلاسىمىز، مۇھەببىتىمىز ۋە چوڭقۇر ئەقىدىمىزنى ۋەسىلە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە ئەقىدە قىلىش ئەڭ ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا، بۇ ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىش جائىزدۇر. بۇنداق قىلىش قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سالىھ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلغانلىقتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ نەپەر كىشى كېتىپ باراتتى، توساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ. دەل شۇ چاغدا تاغدىن چوڭ بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە: ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمەللىرىڭلار بولسا، شۇ ئەمەللىرىڭلارنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، بەلكى ئاللاھ شۇ سەۋەبلىك بىزگە بىرەر چىقىش يولى بېرىپ قالار، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانام بىلەن بىر نارەسىدە بالام بار

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن قوي باقاتتىم ۋە ھەر كۈنى ئۇلارغا سۈت ئىچكۈزەتتىم. بىر كۈنى بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. قارىسام، ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن سۈتنى سىغىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا ساقلاپ تۇردۇم. ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيمىدى. سۈت قولۇمدا، ئاتا-ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ تاڭ ئاتتى. ئەگەر بۇ ئىشىم سېنىڭ دەرگاھىڭدا مەقبۇل سالىھ ئەمەل بولسا، بۇ ئەمەلىمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن› دەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئازراق يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ يەنە بىرى مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: ‹مەن تاغامنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن يامان ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئەمما، قىز قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا 120 دىنار بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن تەلىپىمگە قوشۇلۇشىنى سورىدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېرىشتىم دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ئۇ قىز: ئامانەتنى ئۆز يولى بىلەن ئالمىساڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ، دېۋىدى، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، ئۇ ماڭا شۇنچىۋالا سۆيۈملۈك تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم، ئالتۇننىمۇ بېرىۋەتتىم. ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان بۇ ئىشىم ئەگەر دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولسا، بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن› . شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى يەنە ئازراق ئېچىلىدۇ-يۇ، يوچۇقتىن ئادەم پاتمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى: ‹مەن كۆپ ئادەملەرنى ياللاپ ئىشلەتكەن ئىدىم، ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. بىرلا كىشى ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ تېگىشلىك ئىش ھەققىگە مال ئېلىپ، ئۆز ماللىرىمغا قوشۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېلى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يېنىمغا كېلىپ، مەندىن ئىش ھەققىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ۋادىدىكى پادىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- ئاشۇ قوي، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، - دېۋىدىم، ئۇ:

- سەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مەن سەندىن ئىش ھەققىمنى سوراۋاتىمەن، - دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

- سېنى مەسخىرە قىلمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا سېنىڭ، - دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماللارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي، ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن› . شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ،

ھەممەيلەن سالامەت چىقىپ كەتتى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە ۋەسىلە قىلىشنى ئۆگەتكەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلغۇدەك ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ پايدىسىنى كۆرسەتكەن. بىز قايسى ئەمەلىمىزنىڭ بىزنى ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە ئېلىپ كىرەلەيدىغانلىقىنى بىلمىگەندەك، قايسى ئەمەلىمىزنىڭ بىزنى بېشىمىزغا كەلگەن خاپىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىزغا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشتىن قەتئىي توختاپ قالماسلىقىمىز لازىم. قانچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلساق، قانچىلىك كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى رۇا قىلساق، قانچىلىك كۆپ كىشىلەرنى خۇشال قىلساق، بىزنىڭ ساۋاب زاپىسىمىزمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. ئاشۇ زاپاس ساۋابلار بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ دەسمايىمىز ساۋابلىق ئەمەللىرىمىزدۇر.



[1] www.islamqa.com

# ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئارىسىدىكى «ئىشەنچ كىرىدىتى»

بانكىدا پۇل قويغان ئادەم كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا يولۇققاندا ئىشلىتىش ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن قويىدۇ. ئىشەنچ كىرىدىتىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بانكا كىرېدىتىغا ئوخشايدۇ. بانكا كىرېدىتىدىكى ئامانەت تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن مۇھىم بولغاندەك، ئىشەنچ كىرېدىتىدىكى ئامانەتمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ناھايىتى مۇھىمدۇر. بىز ھەرقانداق ئادەمگە خۇسۇسەن باللارغا دۇرۇس، سەممىي ۋە راستچىل بولۇشىمىز بىزدىكى ئىشەنچ كىرېدىتىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ. ئىشەنچ كىرېدىتى پۈتۈن مەنىۋى سېلىنمىلارنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتتە بىراۋنىڭ «ئىشەنچلىك ئادەم» دېگەن نامغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئىشەنچ كىرېدىتىغا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ بانكىدا مىليون دوللارلىق پۇل كىرېدىتىغا ئىگە بولغىنىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ «ئىشەنچ كىرېدىتى»دا بولىدۇ.

ئادەتتە ئىنساندا ھەر خىل كىرېدىتلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك كىرېدىت «ئىشەنچ كىرېدىتى»دۇر. بۇنداق كىرېدىتى بولغان ئادەم خاتالىشىپ قالسىمۇ ياكى باشقىلار تۆھمەت قىلىپ قارىلىسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئۇنى ئاقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ئىشەنچ كىرېدىتى ئۇنى شۇنداق ئىشەنچلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغان بولۇپ، ئائىلىدىكى ئايال بالىسىنى:

- بېرى كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن، - دەپ چاقىرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

- «سىز بالىڭىزغا نېمە بەرمەكچى؟» - دەپ سورىغان. ئايال:

- بەلكى خورما بېرەرمەن، - دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- «ئەگەر بالىڭىزغا بىرەر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ» - دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر پۇرسەتتە كىشىلەرگە تەلىم بېرىشنى قولدىن بەرمەيتتى. مەزكۇر ئايالنىڭمۇ بالىسىغا بىر نەرسە بېرىشنى ۋەدە قىلىپ بولۇپ،

هېچ نەرسە بەرمەسلىكىنىڭ ئۆزىدىكى ئىشەنچ كىرىدىتىنى نۆلگە چۈشۈرۈپ قويغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى گەپنى دېگەن. ئادەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزىدىكى ئىشەنچ كىرىدىتىنى نۆلگە ئايلاندۇرۇشى بىرەر قېتىم يالغان ئېيتىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان شۇنچىلىك ئوڭاي ئىش. ئەمما، نۆلگە ئايلانغان كىرىدىتىنى ئون ياكى يىگىرمە دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. بۇ چېقىلغان چىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغاندەك ئىشتۇر. چۈنكى، سىز بالىڭىزغا بىر قېتىم يالغان ئېيتىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئون قېتىم، ئەللىك قېتىم ھەتتا يۈز قېتىم راست سۆزلىسىڭىزمۇ، بالىڭىز سىزگە تولۇق ئىشەنچ قىلالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ كۆڭلىدە «دادام ماڭا بىر قېتىم يالغان سۆزلىگەنتى، بەلكى بۇ قېتىممۇ يالغان ئېيتىدىغاندۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر بالا سىزدىن بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆز ئاڭلىمىغان بولسا، بىرەر قېتىممۇ ۋەدىڭىزنى بۇزمىغان بولسىڭىز، پۈتۈن خەلقئالەم بىرلىشىپ سىزنى يالغانچى دېسىمۇ، بالىڭىز ئۇلارغا قەتئىي ئىشەنمەيدۇ ۋە سىزنى جېنىنى تىكىپ قوغدايدۇ.

ئىنسان ئاۋۋال ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك ئادەم بولۇشى لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئادەم ھەرقانچە ئۆلىما ياكى زىيالىي بولۇپ كەتسىمۇ، پەرزەنت تەربىيەسىدە غەلىبە قىلالمايدۇ. «سەمىمىي بولۇش» — «لەۋزىدە تۇرۇش، راستچىل بولۇش، ئېيتقانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش»تۇر. ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ كىرىدىتى ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنچ كىرىدىتى كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ؛ ئۇ تۆۋەنلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئاجىزلىشىدۇ. ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ كىرىدىتىنىڭ نۆلگە چۈشۈپ قېلىشى ئىشەنچنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئارىسدا ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى

ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنت ئارىسىدىكى ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە يول ئاچىدىغان خاتالىقتۇر. ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچ قىلالمىغان بالا قانداقمۇ ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلسۇن؟

ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئارىسىدىكى ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىللار ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشى، بالىنى كەلسە-كەلمەس قورقۇتۇشى، يالغان سۆزلىشى ۋە ساختىپەزلىك قىلىشى

قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردۇر.

ئاتا-ئانا بالىسىغا تۇنۇلغۇن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇلغۇن ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، بالىلار بىر يىلدىن كېيىنمۇ ئۇنتۇمايدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئاددىي ساناشنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بەزىدە بالىلارنى قورقۇتۇپ قويىمەن دەپ «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن»، «بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش تەھدىتلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشى بالىلارنى تېخىمۇ ئىسيانكار قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ھەرگىز ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغانلىقىنى، بويىنىنى ئۈزۈۋەتمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. شۇڭا، ئەمەلگە ئاشمايدىغان تەھدىتلىك سۆزلەرنى كەلسە-كەلمەس ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھەرقانچە چىرايلىق نەسىھەتلىرىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، تەھدىتلىرىدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. نەتىجىدە، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

2. بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئىشەنچنى كوچىدىكى دوستلىرىغا، مۇئەللىمگە ياكى ساۋاقداشلىرىغا باغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ دوستلار، مۇئەللىملەر ياكى ساۋاقداشلار ئۇلگە قىلىشقا تېگىشلىك، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولسىغۇ مەسىلە يوق. ناۋادا ئۇلار ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز ھەتتا ئىمانسىز كىشىلەردىن بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ چاغدا ئەھۋال نېمە بولماقچى؟

شەكسىزكى، بۇنداق ئەھۋالدا بالىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىنىڭ تەڭلا زىيان تارتقىنى تارتقان. بۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بەكمۇ قىيىن ھەتتا مۇمكىن ئەمەس.

3. ئاتا-ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراشنى خالىمايدىغان بالىلار داۋاملىق باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرىدىغان، نەتىجىدە يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، كىشىلەردىن قاچىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇ پاناھ تارتىپ بارىدىغان دوستلىرى، مۇئەللىملىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ھەمىشە ئۇنىڭ دەردلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق ئىشلىرى بولىدۇ.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. ئاتا ـ بالا ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشى، ئۇلار ئاتا ـ بالا ئەمەس، گويا سىرداش دوستلاردەك بولۇپ كېتىشى كېرەك.

2. بالىلارغا ئائىلىدىكى ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئائىلىنىڭ بەزى ئىشلىرى ۋە پىلانلىرى توغرۇلۇق ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىش ھەمدە ئۇلارغا يېشىغا ۋە سەۋىيەسىگە مۇناسىپ ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرىنى يۈكلەش.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قىلغان ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى، ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمەسلىكى لازىم. مۇبادا ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغاندەك بولۇپ قالسا، دەرھال بالىلارغا ئۆزرىسىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈش بېرىشى لازىم.

(پېقىرنىڭ «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟» ناملىق ئەسىرىدىن).

# ياخشى ئەمەل ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى

ئىشلەش ۋە ئەمەل قىلىش ئىسلام دىنىمىزنىڭ يادروسىدۇر. ئەمەل دىنىمىزنىڭ بىرىنچى پەرزىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ۋە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئەمەل بىلەن بولىدۇ.

### «العمل الصالح» (سالىھ ئەمەل)

سالىھ ئەمەل ــ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق يوسۇندا ئورۇندالغان، ئاللاھ تائالاغا يارايدىغان ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆز قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «عمل» (ئەمەل) ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتنى، «صالح» ئاللاھ تائالاغا يارايدىغان ئەمەلنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەر ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق مەھسۇلاتنىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتىنى «صلاحيته» دەپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «العمل الصالح» «ئاللاھقا يارايدىغان ئەمەل» دېگەنلىكتۇر. ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئاللاھ تائالاغا ياراملىق بولۇشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە ھەم ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان بولۇشى شەرت. «سالىھ ئەمەل» دۇرۇس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، نىيەت، ئىخلاس، سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئۈمىد قاتارلىق قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىنغان بارلىق ئىشلار «سالىھ ئەمەل» قاتارىغا كىرىدۇ. ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، بالىلارنى توغرا يوسۇندا ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارمۇ «سالىھ ئەمەل» جۈملىسىدىندۇر.

سالىھ ئەمەل ئىماننىڭ ئىپادىسى ۋە مېۋىسىدۇر. ئىماندىن قالسا ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرىنچىسى سالىھ ئەمەلدۇر. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ﴾ «شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

ياخشى نىيەت بىلەن، توغرا يوسۇندا قىلىنغان بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلەر سالىھ

ئەمەل قاتارىغا كىرىدۇ؛ ھەرقانداق پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى سالىھ ئەمەلدىن سانىلىدۇ. سالىھ ئەمەلنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى سالىھ ئەمەلدۇر.

## سالىھ ئەمەلنىڭ مېۋىسى

سالىھ ئەمەلنىڭ مېۋىلىرى ۋە پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ھەربىر ئىبادەتتىن كۆزلەنگەن غايە ۋە ھەربىر مۆئمىن بەندىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسىدۇر. سالىھ ئەمەلنىڭ بىر قىسىم پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. يەر يۈزىدە ئەزىزلىككە ۋە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇش. ﴿وَعَدَ اللهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[1]. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئىشلەيدىغانلار نەتىجە قازىنىدىغان مەيداندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وان ليس للانسان الا ما سعى﴾ «ئىنسان پەقەت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» دەپ ئېيتقان. بىزدىمۇ «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئىشچان مىللەتلەر ئەزەلدىن نەتىجە قازىنىپ كەلمەكتە؛ ئىستېمالچى مىللەتلەر بولسا تەرەققىيات ۋە كۈچ-قۇدرەتتە ئارقىدا قالماقتا. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىشلەش تىرىكلەرنىڭ شوئارى؛ ھورۇنلۇق، ئىشلىمەسلىك ئۆلۈكلەرنىڭ نىشانىسىدۇر.



2. جەننەتكە كىرىش. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنوا وَعَمِلُوا الصّالِحاتِ يَهديهِم رَبُّهُم بِإيمانِهِم تَجري مِن تَحتِهِمُ الأَنهارُ في جَنّاتِ النَّعيمِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى (جەننەتنىڭ يولىغا) يېتەكلەيدۇ»[2]. سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى لايىقىدا ئورۇندىغان كىشىلەر ئاخىرەتتىكى جەننەتتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن ئىبارەت مەنىۋى جەننەتكە كىرىدۇ.

[1] نۇر سۈرىسى، 55-ئايەت.

[2] يۇنۇس سۈرىسى، 9-ئايەت.

3. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرقانداق قورقۇنچتىن ئامان بولغان ھالدا، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش. ﴿مَن عَمِلَ صالِحًا مِن ذَكَرٍ أَو أُنثى وَهُوَ مُؤمِنٌ فَلَنُحيِيَنَّهُ حَياةً طَيِّبَةً وَلَنَجزِيَنَّهُم أَجرَهُم بِأَحسَنِ ما كانوا يَعمَلونَ﴾ «ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر سالىھ ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز»[1]. بەختلىك ھايات پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكىگە ياكى يۈز-ئابرۇينىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىتىلغان سۆز ئەمەس. چۈنكى، دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى يوق كىشىلەرمۇ ئەڭ بەختلىك ياشىيالايدۇ. ئاللاھقا بولغان ئىماندا چىڭ تۇرۇپ، دىن ۋە دۇنيالىقى ئۈچۈن لايىقىدا ئىشلىگەن ئادەم چوقۇم بەختلىك ياشايدۇ.

4. زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ۋە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى. ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَآمَنُوا بِمَا نُزِّلَ عَلَى مُحَمَّدٍ وَهُوَ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ كَفَّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَأَصْلَحَ بَالَهُمْ﴾ «ئىمان ئېيتقان، سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت يەنى قۇرئانغا چىن ئىشەنگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ»[2]. سالىھ ئەمەللەرنىڭ سايىسىدە كىچىك گۇناھلار يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىنسان گاھىدا تەۋبە قىلىش بىلەن، گاھىدا سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ ماڭالايدۇ.

5. سالىھ ئەمەل ئاللاھ تائالا بىلەن قىلىنغان ئەڭ پايدىلىق سودىدۇر. ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَارَةً لَّن تَبُورَ. لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُمْ مِنْ فَضْلِهِ إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر (بۇ سالىھ ئەمەللىرى بىلەن) ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىشى ۋە ئۆز مەرھەمىتىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، مەڭگۈ كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر»[3].

[1] نەھل سۈرىسى، 97-ئايەت.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى، 2-ئايەت.
[3] فاتىر سۈرىسى، 29-ئايەت.

# ئازابلانماي دېسڭىز كۆڭلى-كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ

ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقالايدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىتتىكلىك، ئېغىر-بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەنمۇ بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بار.پىشىپ يېتىلگەن ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. بىرەر تەنتەك ئۇنىڭغا ئازار بەرسە، ئۇ خۇددى يولدا ئويناۋاتقان سەبىي بالىلارنىڭ ئۆزگە تاش ئاتقىنىغا قارىغان پەيلاسوپقا ئوخشاش، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ ئولتۇرمايدۇ.ئىنسان ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرسە، غەزەپ ئۇنى ساراڭلىق دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئادەم بەزىدە قان تۆكمىگۈچە ئاقلانمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ ئەخلاقىي پەزىلەت قورغىنى ئىچىگە پاناھلىنىدىغان بولسا، بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئاچچىقلانما»[1] دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، غەزەپ ئادەمزاتنىڭ قەلبىدە يانغان چوغدۇر. (غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ) كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، گۈرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەپنى يېڭىشنىڭ چارىسىنىمۇ ئۆگىتىپ: «مەن بىر سۆزنى بىلىمەن. ئەگەر ئۇ كىشى ئاشۇ سۆزنى ئېيتسا، ئاچچىقى بېسىلاتتى. ئۇ بولسا ‹ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم›

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

دېگەن سۆزدۇر»[1] دېگەن. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن:

— «سىلەر قانداق ئادەمنى كۈچلۈك ھېسابلايسىلەر؟» — دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر:

— ھېچكىم يىقىتالمايدىغان ئادەمنى كۈچلۈك ھېسابلايمىز، — دېيىشكەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان ئادەم ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەمدۇر»[2] دېگەن.«ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالالىغانسېرى، غەزەپنى قانچە بېسىۋالالىغانسېرى، ئېغىزىنى قانچە باشقۇرالىغانسېرى، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلالىغانسېرى، ئۇنىڭ كىشىلەر ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ»[3].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاچچىقىنى بېسىۋالغۇچىلارنى ۋە كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچىلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[4].

بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشمۇ نېمەتتۇر. ئاچچىقنى، غەزەپنى ۋە ئۆچلۈكنى ئۇنتۇپ كېتىش تېخىمۇ كاتتا نېمەتتۇر. چۈنكى، ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئاسرىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش، ئادەتتىكى ئىشلارغا چېچىلىپ يۈرمەسلىك، مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا، ئاچچىقلىنىشتىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىش ھېكمەتتۇر.

بىر ئۇستازنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى يامان، ھەممە ئىشتىن ۋە ھەممە كىشىدىن دادلاپلا يۈرىدىغان بىر شاگىرتى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇستاز ھېلىقى شاگىرتىنى چاقىرىپ، بىر سىقىم تۇز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرت تۇزنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۇزنى بىر ئىستاكان سۇغا سېلىپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. شاگىرت ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرت ئۇستازىنىڭ ئېغىزىنى يىرالماي، تۇزلۇق سۇنى مەجبۇرىي

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

[4] ئال ئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت.

ئىچىپتۇ. شاگىرت سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستاز شاگىرتتىن سۇنىڭ تەمىنى سوراپتۇ. شاگىرت: «بەكمۇ ئاچچىق ئىكەن» دېگەن گەپنى ئاران دېيەلەپتۇ. ئۇستاز ئۇنىڭغا:

— تەييار بولغىن، كۆل بويىغا بارىمىز، بىر سىقىم تۇزمۇ ئېلىۋالغىن! — دەپتۇ. ئىككىسى كۆل بويىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇستاز شاگىرتىغا قاراپ:

— ئوغلۇم! قولۇڭدىكى تۇزنى كۆلگە تاشلىغىن، ئاندىن كۆلنىڭ سۈيىدىن ئىچكىن! — دەپتۇ. شاگىرت كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇستاز سوراپتۇ:

— تەمى قانداق ئىكەن؟ شاگىرت:

— تەمى تاتلىق ئىكەن، ئۇستاز! — دەپتۇ. ئۇستاز شاگىرتقا قاراپ:

— ئوغلۇم! كۆڭلۈڭ ئىستاكاندەك ئەمەس، كۆلدەك ھەتتا دەريادەك كەڭ بولسۇن. شۇ چاغدا سەن ھاياتىڭنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىيالايسەن، — دەپتۇ.

دېمەك، ھاياتىڭىزغا تەم قوشۇش ئۆز قولىڭىزدا بولۇپ، ئۇنى كۆل سۈيىدەك تاتلىق قىلىشمۇ، ئىستاكاندىكى تۇزلۇق سۇدەك ئاچچىق قىلىشمۇ، مۇسىبەتلەرنى پۇرسەتلەرگە ئۆزگەرتىشمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزگە باغلىق.

# ياشانغانلارنى يوقلاپ تۇرايلى

ھېيت-بايراملاردا بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىش، يىراقتا بولسا تېلېفوندا بولسىمۇ ئەھۋال سوراپ، بىر-بىرىنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلەش ھېيتنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن بىرىدۇر. ياشانغانلاردىن پات-پات ئەھۋال سوراپ تۇرۇش ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بولۇپمۇ ھېيت كۈنلىرىدە باشقىلارنىڭ زىيارىتى ياكى ئەھۋال سورىشىدىن ئالەمچە خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان ياشانغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەلۋەتتە ساۋابلىق ئەمەلدۇر. مەيلى ئۇلار سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز، قوشنىڭىز ياكى يىراقتىن تونۇشىڭىز بولسۇن، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ياكى ھېچ بولمىغاندا تېلېفوندا بولسىمۇ ئەھۋال سوراش ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش يوللىرىدىكى ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

مۇساپىرچىلىق كوچىلىرىدا پەرزەنتلىرىنى كۆرەلمەيدىغان، ئائىلىسى پارچىلىنىپ، يۈرىكى زەرداب بولغان مىڭلارچە ياشانغانلار بار. شۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش، زىيارەت قىلىپ قويۇش ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ئەمەلدۇر. بىزنىڭ دىنىمىز رەھىم-شەپقەتنى ئاساس قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئىلغار دىندۇر.ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتىمۇ بىزگە گۈزەل ئۆرنەكلەرنى قالدۇرغان. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى كەلگەنلەر، بۇرۇنقى يامانلىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلگەنلەر، يېڭىدىن ئىمان ئېيتىپ كەلگەنلەر ۋە ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋاللاشقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەنلەرنى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە تولىمۇ ياشىنىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، كەلگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ شۇ ئايالنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە چاپىنىنى يەرگە سېلىپ، ئۇنى چاپىنىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ پاراڭلىشىشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئايال بىلەن ئالاھەزەل بىرەر سائەت پاراڭلىشىپ ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن مەزكۇر ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايال خەدىچەنىڭ دوستى ئىدى،

خەدىچە ھايات ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات كېلىپ تۇراتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆتكەن كۈنلەرنى، خەدىچەنى ئەسلەپ پاراڭلاشتۇق» دەيدۇ. بۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈندەشلىكى قوزغىلىپ: «سىز ھازىرمۇ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ قېرى خوتۇننى ئەسلەۋاتامسىز؟ ئاللاھ سىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەردى ئەمەسمۇ؟!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى. ئىنسانلار مېنى ھەر نەرسىسىدىن مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ ماڭا بارلىقىنى بەرگەن ئىدى؛ ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتقان ئىدى»[1] دېگەن.

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى.

# ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن، تېزلىك پىشىپ يېتىلگەنلىكتىندۇر

ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ئىشقا «ۋاقتىم بارغۇ» دەپ مۇئامىلە قىلىدىغانلار ئومۇمەن ھەممە ئىشقا كېچىكىپ قالىدۇ ۋە كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر بارماقچى بولغان يېرىگە ياكى قىلماقچى بولغان ئىشىغا خېلى كۆپ ۋاقىت بارلىقىغا ئىشىنىپ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشقا ئالدىرىمايدۇ، پەقەت ۋاقىت ئىنتايىن ئاز قالغان چاغدىلا ئالدىراپ ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ-يۇ، كېچىكىپ قالىدۇ.

ئەمدى بۇنىڭ ئەكسىنى ئويلاڭ! سائىتىڭىزنىڭ قوڭغۇرىقى چالمىدى، سىز ئىشقا ياكى مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇم، دەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىڭىز ۋە ئادىتىڭىز بويىچە تەييارلىنىپ يۈرۈپ كەتتىڭىز. شۇنداقتىمۇ كېچىكىپ قالماي، دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردىڭىز.ئالدىنقى ئەھۋالدا سىز چوقۇم كېچىكىپ قالدىڭىز. چۈنكى، سىز نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشقا «ۋاقتىم بارغۇ» دەپ مۇئامىلە قىلدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاساسلىق ئىشقا كېچىكىپ قالدىڭىز. ئىككىنچى ئەھۋالدا بولسا دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردىڭىز. چۈنكى، نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشنى ئالدىنقى قاتاردا قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردىڭىز. ئالدىنقى ئەھۋالدا ۋاقىت شۇنچىلىك يېتەرلىك تۇرۇقلۇق سىز ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدىڭىز. نەتىجىدە مەغلۇپ بولدىڭىز. ئىككىنچى ئەھۋالدا ۋاقىت شۇنچىلىك قىس تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز.

ھاياتىدا كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقارغان ۋە تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن زارلىنىپ تۇرۇپ ۋاقتى كۆپ ئادەملەر قىلالمىغان نۇرغۇن كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگەن بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلار ئاز ۋاقىتتا كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق ئىشقا «ۋاقتىم بارغۇ» دەپ مۇئامىلە قىلىدىغانلار مۇشۇ قارىشى بىلەن ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلارنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، كۆپىنچىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىنى زايە قىلىۋەتكەن بولىدۇ.

ئالدىراشلىق بىلەن تېزلىك ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. چۈنكى، ئۇنۇمدار

كىشىلەر ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، بارچە ئىقتىدارىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئەمما، مەغلۇبىيەتچىلەر ۋاقىت قىستىغاندا ئالدىرايدۇ، جاپا تارتىدۇ-يۇ، ھېچقانداق ئىشنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. ئۇنۇمدار كىشىلەر ھەربىر ئىشقا قەدەم قويۇشتىن ئاۋۋال ئىشلىرىنى ۋە ۋاقىتنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەر كۆپ ھاللاردا ئىككىلىنىش ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ. چېرچىل: «ئىشنى ۋاقىتىدا پۈتتۈرۈشنى خالىساڭ، ئۇنى ئىشى كۆپ ئادەمگە تاپشۇر» دېگەن ئىكەن. يەنە بىر ئىنگلىز مۇتەپەككۇرى: «ئەقىللىق كىشىلەر ئىشلارنى تېز قىلىدۇ، ئەمما ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ» دېگەن ئىكەن.

بىز ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى كۆپ ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سائەتكە قاراپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، بىر كۈن ئىچىدە بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى يانفونغا قاراش، چاي، قەھۋە ئىچىش، ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا بىرەر ئىش تاپشۇرۇلسا، ھەپتىلەرگىچە ھەتتا ئايلارغىچە سوزۇۋېتىدۇ، ۋاقتىدا پۈتتۈرۈشكە تىرىشمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئاز ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر خۇسۇسەن چەتئەللىكلەر بىرقانچە ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قورقماي ئۈستىگە ئالالايدۇ ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈستىگە ئالغان ئىشنى مۇكەممەل رەۋىشتە پۈتتۈرۈپ بولىدۇ.

تونۇلغان كاپىتالىستلاردىن بىرى ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شىركىتىمدە بىر سېكرېتارىم بار ئىدى، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز بېجىرىپ يۈكۈمنى يېنىكلىتەتتى. شىركەتنى چوڭايتىش، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھېلىقى سېكرېتارىمنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ھەممە ئىشنى ۋاقتىدا ھەم جايىدا ئورۇنداپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھامان بىر كۈنى: ‹مەن ئەمدى چىداپ بولالمىدىم، ماڭا ياردەمچى كېرەك› دەپ پارتلايدۇغۇ، دېگەن ئويلاردىمۇ بولدۇم. دېگەندەك، ئۇ بىر كۈنى باشقا بىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياردەمچىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇنى چاقىرتىپ، قانداق تەكلىپى بارلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ شىركەتكە بەش نەپەر خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن بۆلۈمنى تۇتقۇزۇش پىكرىنى بەردى. بۇ پىكىر ماڭىمۇ ياقتى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر سېكرېتارىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنى بەش كىشىگە بۆلۈپ بەردىم. ئەمما، ئەپسۇسكى، شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئاقساپ قالدى، ئىشلەپچىقىرىش نىسپىتى كېمەيدى. بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى ئالتە ئادەم قىلىپ تۇرۇپمۇ ئىشلار بارغانسېرى كەينىگە كەتتى. مەن بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر بۇ بەش بۆلۈمنى يوق قىلىۋەتتىم. بۇرۇنقى سېكرېتارىمنى چاقىرىپ، ھەممە ئىشنى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، مائاشىنى

ئۆستۈرۈپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئىشلار قايتىدىن ئىزىغا چۈشتى».

ئىشلارغا «ۋاقتىم بارغۇ» مۇئامىلىسى قىلىدىغانلار ئارتۇقچە ئىزتىراپ چېكىدۇ، تەشۋىشلىنىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

«ۋاقتىم بارغۇ» كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، ئايروپىلانغا يېتىشەلمەيدىغانغا يېتىشەمەكچى بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا يولۇچىلارنىڭ زالغا كىرىش ئىشىكى ئاللىبۇرۇن تاقىلىپ بولغان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرمەكچى بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا ئاپتوبۇس ئاللىبۇرۇن قوزغىلىپ بولغان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، ئىلمىي ماقالىنى تاپشۇرۇشقا ئالدىرايدۇ، ئەمما ئۈلگۈرتەلمەيدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، مېھماندارچىلىققا ئالدىرايدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا ساھىبخانا داستىخاننى يىغىپ بولغان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، نامىزىنى ئوقۇۋالماقچى بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇ جايناماز\u200cغا بېرىشتىن بۇرۇن ئىككىنچى نامازغا ئەزان چىقىپ قالغان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا ئائىلە ئەزالىرى تولا كۈتۈشتىن زېرىكىپ باشقا ئىشقا تۇتۇشقان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، دوختۇرخانىغا ئالدىرايدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا دوختۇرنىڭ كۆرۈشكە پۇتۇشكەن ۋاقتى ئۇنى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، دوختۇر باشقا كېسەلنى كۆرۈشكە تۇتۇش قىلغان بولىدۇ.
- ۋاقىت قىستاپ قالغاندا، ۋەدىلەشكەن جايغا يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايدۇ، ھالبۇكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن كىشى تولا ساقلاپ، زېرىكىپ، كېتىپ قالغان بولىدۇ.

# ئالدىنى ئالماسلىق... تۇگىمەس پۇشايمان

دىنىمىزدا «ئالدىنى ئېلىش دورا قىلىشتىن ياخشى» دەيدىغان قائىدە بار. بۇنىڭ مەنىسى «كېسەل تېگىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش كېسەل تەگكەندىن كېيىن داۋالىنىشتىن ئەۋزەل» دېگەنلىكتۇر. دىنىمىزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى ئومۇمەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە خەتەر ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى مەركەز قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كىشىلەرنى خەتەرلىك گۇناھلاردىن مەنئى قىلىشتا ئۇلارنى شۇ گۇناھلارغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن توسۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. مەسىلەن، «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ يامان يولدۇر»؛ «ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلماڭلار» دېگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى زىنانىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بولغان ھارام ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن مەنئى قىلغان بولسا، كېيىنكى ئايەتتە ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان بېخىللىقتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىپ ئۆزىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلەرنىڭ ئاسارەتكە مەھكۇم بولۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدىغانلىقى تارىخ ئىسپاتلىغان روشەن ھەقىقەتتۇر.

خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولغاندەك، ۋىرۇستىن ۋە باشقا ھەرقانداق كېسەلدىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈندۇر.ئىنسانلارنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش سەۋىيەسى بىر خىل ئەمەس. بەزى ئىنسانلار پىرىنسىپال كېلىدۇ، دىنني ياكى تېببىي تەۋسىيەلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر بۇلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. يەنە نۇرغۇنلىرى «ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش» دېگەننى خاتا چۈشىنىۋېلىپ سەۋەب قىلمايدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش ماھىيەتتە سەۋەب قىلىشقا قەتئىي زىت كەلمەيدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشنىڭ مەنىسى: «ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق، سالامەتلىك ۋە ئامانلىق تىلەش بىلەن بىرگە، قىلىشقا

تېگىشلىك بولغان ۋە قولىدىن كەلگەن بارلىق سەۋەبلەرنى يۈزدەيۈز ئورۇندىغان، ئاندىن نەتىجىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش» دېگەنلىكتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاۋۋال تۆگىمىزنى مەھكەم باغلايمىز، ئاندىن ئاللاھقا تاپشۇرىمىز. بىز ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە چىنپۈتۈپ، قولىمىزدىن كەلگەن بارلىق سەۋەبلەرنى تولۇق قىلساق، نەتىجە ئاللاھ تائالاغا قالغان بولىدۇ. ناۋادا بىزنىڭ تەۋەككۇلىمىز سەمىمىي ۋە قىلغان سەۋەبلىرىمىز تولۇق بولسا، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ كەم قالغان تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاپ، بىزنى بىز پاناھ تىلىگەن يامانلىقتىن ئەلۋەتتە ساقلايدۇ. ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىنىشتا ۋە تەن ساقلىقىمىزنى قوغداشتا ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچ بىلەن سەۋەب ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ ئىككىسى قوشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش بولۇپ، بىزنى ئامان-ئېسەن نىشانغا يەتكۈزىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەردىكى بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق، كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە يېتەرلىك تەدبىر قوللانماسلىق خاھىشى پۇشايمانغا ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان پاسسىپ خاھىشتۇر. جۈملىدىن بەزى كىشىلەردىكى نۆۋەتتىكى ۋىرۇستىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك خاھىشى مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە بىپەرۋالىقتىن كېلىپ چىققان پاسسىپلىق بولۇپ، ئۇلار بۇ قىلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايدۇ. بىزدە «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دەيدىغان ماقال بار. بىپەرۋالىق چوقۇم پۇشايمانغا سەۋەب بولىدىغان قىلىقتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئېتىنى توقۇپ شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ، ئېتىنىڭ تۇياقلىرىغا قاراپتۇ ۋە تۇياقلاردىن بىرىنىڭ تاقىسىنىڭ مىخى چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كۆڭلىدە: «بىر تال مىخ چۈشۈپ قالغانغا نېمە بولاتتى؟» دەپتۇ-دە، ئېتىنى مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئادەم يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندا، ھېلىقى بىر تال مىخى چۈشۈپ قالغان تاقا چۈشۈپ قاپتۇ. ئادەم يەنىلا كۆڭلىدە: «ئېتىم ئۈچ تاقىسى بىلەنمۇ ماڭالايدۇغۇ» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تاشلىق ئەگرى يوللاردىن ئۆتكىنىدە، ئېتىنىڭ تاقىسى چۈشۈپ قالغان پۇتى قاناپ كېتىپ ماڭالماپتۇ. ئادەم ئېتىنى قامچىلاپ بېقىپتۇ-يۇ، ئات بىر قەدەممۇ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. شۇ ئەسنادا نەدىندۇر قاراقچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ۋە يېنىدىكى پۇل-پىچەكلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ھەسرەت - نادامەت چېكىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

بۇ قىسسىدە مۇسىبەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، تەدبىر قوللانماسلىق ۋە ئىشلارغا يۈزەكى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق پاسسىپلىقلارنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ.

قىسسىدىكى ئادەم ئېتىنىڭ تاقىسىدىن چۈشۈپ قالغان بىر تال مىخنى ئاددىي سانىغان، ئورنىغا بىر تال مىخ قېقىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى قارىماققا كىچىككىنە بىر خاتالىق. ئەمما، خاتالىق شۇنچە ئاددىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىدىن ۋە يېنىدىكى بارلىق پۇل-پىچەكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

قىسسىدىكى ئادەم كىچىككىنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئاشۇ هالغا قاپتۇ. ئەمما، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىمىز، ئائىلىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بەزى خاتالىقلىرىمىز بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدىن چىقىپ كېتىپ، بىزگە تەهدىت ئېلىپ كېلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالىدۇ. شۇڭا، هەرقانچە كىچىك خاتالىقنىمۇ قەتئىي ئاددىي سانىماسلىق لازىم. چۈنكى، بەزىدە كىچىككىنە بىر خاتالىقمۇ ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ هەقتە بىزنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام: «گۇناهلارنى هەرگىز كىچىك سانىماڭلار. چۈنكى، كىچىك گۇناهلارمۇ بىر ئادەمدە توپلىنىپ، ئۇنى هالاك قىلىۋېتەلەيدۇ» دېگەن.

# ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ھۇزۇرى

كاشكى ھەممە ئادەم ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ھۇزۇرىنى ۋە راھىتىنى بىلسە ئىدى. ئىنسان قەلبىدە بىر بوشلۇق بولۇپ، ئىنسانلار بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ۋە ئۆز كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئىشلارنى ۋە ئويۇن - كۈلكىلەرنى قىلىپ باقىدۇ، ئەمما بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ بوشلۇقنى ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش تولدۇرالمايدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى غىزاسى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن كېلىدۇ، دىللار ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ ۋە ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. ﴿أَلَا بِذِكْرِ اللهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ھۇزۇرىدىن باشقا بارچە خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت يۈزەكى ۋە ئۆتكۈنچىدۇر.

ئاللاھ تائالا قەلبىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مۇھەببەت ۋە قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇپ، بىز ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ۋاقتىمىزدا ئەڭ كۈچلۈك؛ ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغاندا بولسا ئەڭ ئاجىزمىز. ئاللاھ تائالا بىزگە ئەڭ يېقىندۇر، ئۇ ئامانلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار»[2]. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى سانىلىدىغان، مەرتىۋەڭلەرنى يۇقىرى كۆتىرىدىغان، ئاللاھ يولىدا ئالتۇن - كۈمۈش سەرپ قىلغاندىنمۇ، دۈشمىنىڭلار بىلەن نەق مەيدان ئېلىشىپ، جىھاد قىلغاندىنمۇ ياخشىراق ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، ساھابىلەر:

- ئۇ قايسى، ئى رەسۇلۇللاھ؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

[1] رەئد سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى، 41 - ئايەت.

— «ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش»[1] — دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ھەرگىزمۇ «ئاللاھ بار» دەپ ئۇنى ئەسلەپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ئۇنىڭغا نەقەدەر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ياشاۋاتقان ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش دېگەنلىكتۇر.

ھەقىقەتەن، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن چاغلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن مەنىۋى مۇلاقاتتا بولغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناجات قىلغان ۋاقىتتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ لەززىتىنى پەقەت تېتىغانلارلا بىلىدۇ.ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئاللاھنىڭ زېمىندىكى جەننىتىدۇر. بۇ جەننەتكە كىرەلمىگەن ئادەمنىڭ ئاخىرەتتىكى جەننەتكە كىرەلىشى ناتايىن. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىنساننى بۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس ئىزتىراپلىرىدىن يىراق قىلىدۇ. سىز ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان چاغلىرىڭىزدا، خۇشاللىقىڭىز ئارتىپ بارىدۇ، قەلبىڭىز ئارام تاپىدۇ، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىسىز. بۇنداق ھالەتتە دۇئا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزگە ئىنتايىن يېقىندۇر؛ نىدا قىلسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ نىدالىرىڭىزنى بەك ئاڭلىغۇچىدۇر؛ تىلىسىڭىز، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

- غەم-قايغۇ ئورىۋالغاندا، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىڭ!
- قورقۇنچ بېسىۋالغاندا، ئاللاھ تائالاغا تايىنىڭ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەڭ!
- يالغۇزلۇق چىرمىۋالغاندا، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىڭ، كالامىنى تىلاۋەت قىلىڭ!
- يوقسۇللۇق قىينىغاندا، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭ ۋە دۇئا قىلىڭ!

بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى نەقىل قىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇم:

يىگىرمە ياش چامىسىدىكى بىر ياش پويىزغا چىقىپ، بىر بوۋاينىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. بوۋاي يول بويى ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ ماڭىدۇ. ھېلىقى ياش بوۋاينىڭ بۇ ھالىتىدىن قاتتىق بىزار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ زاماندىكى ئىنسانلار ھازىرقى تەرەققىياتنى بىلمەمدىغاندۇ؟ يەنىلا شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ زاماننىڭ تەرەققىياتىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. ئارىمىزدىكى ياشىنىپ قالغانلار بىزنى قالاقلىققا، ئارقىغا چېكىنىشكە ئۈندەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ تەسبىھ ئېيتىش بىلەنلا كۈن

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۆتكۈزىدۇ. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ هازىر مېدىتسىنا ئىلمى تەرەققىي قىلىپ، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇپ كەلگەن باكتېرىيەنى ئۆلتۈرىدىغان پېنىسىلىن ئىجاد قىلىندى.

يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بوۋاي تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ:

- مەن ئاشۇ پېنىسىلىننى ئىجاد قىلغان ئالېكساندىر فلېمىنگ بولىمەن، - دەيدۇ[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[2] دەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى مەيلى قۇرئان، ھەدىس ئارقىلىق تونۇغان بولسۇن ياكى ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر ئارقىلىق تونۇغان بولسۇن، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان، ئۇنىڭ چەكسىز ئىلمىنى ۋە قۇدرىتىنى بىلگەن ئالىم ئاللاھ تائالادىن ئەلۋەتتە ھەممىدىن بەك قورقىدۇ. ئاللاھ تائالانى قانچىلىك مۇكەممەل ۋە ياخشى تونۇغان ئادەم ئۇنى شۇنچىلىك قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالا بىلەن بولۇش، ئۇنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش كونىلىق ياكى قالاقلىق ئەمەس، ئەكسىچە ھازىرقى ماددىغا چوقۇنىدىغان قالاقلىقتىن ۋە ھەر تۈرلۈك جاھالەتتىن ئازاد بولۇپ، ئەسلى فىترەتكە قايتقانلىقتۇر. ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «سەن توغرا دىنغا — ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[3].



[1] ئالېكساندىر فلېمىنگ (1881 1955) ئەنگلىيەلىك مېدىتسىنا ئالىمى، كۆپلىگەن تېببىي يېڭىلىقلارنى ۋە «پېنىسىلىن» دەپ ئاتىلىدىغان ئانتىبىيوتىكنى ئىجاد قىلغان كىشىدۇر.

[2] فاتىر سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[3] رۇم سۈرىسى، 30 - ئايەت.

# ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى

تۇرمۇشىمىزدا دۇئانىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ، ئەھمىيىتى زوردۇر. دۇئا مۇسۇلماننىڭ ئۆتكۈر قورالى، تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلىنىدىغان قالقىنىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېچە-كۈندۈزدىكى ھەربىر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلاتتى، ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ھەر كۈنىنى خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بىلەن كۈتۈۋالاتتى. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغان ۋاقتىدا، ئورنىدىن تۇرۇپ: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي فِي جَسَدِي وَرَدَّ عَلَيَّ رُوحِي وأَذِنَ لِي بِذِكْرِهِ» «تېنىمنى ساق قىلغان، جېنىمنى ماڭا قايتا ئاتا قىلغان ۋە ئۆزىنى ياد ئېتىشىم ئۈچۈن ماڭا پۇرسەت بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «دۇئا ئىبادەتتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، دۇئا ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئىخلاسلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھ تائالاغا دۇئادىنمۇ يېقىملىقراق ئىبادەت يوق»[3] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان موھتاجلىقىنى ھەمىشە ھېس قىلىپ تۇرۇشىنى ياقتۇرىدۇ.

دۇنيا تىرىكچىلىكى كۆپىنچە ۋاقىتتا بىزنىڭ ئاللاھ تائالادىن غەپلەتتە قېلىشىمىزغا، ئۇنىڭغا بولغان قۇلچىلىق ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىزغا، بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىشىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ھەمىشە بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، بىز ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ھاجەتلىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ تۇرغىنىمىزدا، بىز تىلىگەنلىرىمىزگە ئېرىشكەننىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە قوغدىشى ئاستىدا بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمىز غەلىبىلىك ھالدا داۋاملىشىدۇ.

---

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى سەۋەب بىلەن دۇئادۇر

نۇرغۇن كىشىلەر بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىنى سەۋەب قىلىش بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەشنى ئۇنتۇغان ھالدا، سەۋەبلەرگىلا تايىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بارچە سەۋەب ۋە چارە-تەدبىرلەرنى شۇنچىلىك مۇكەممەل ۋە تولۇق ئورۇندىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەختلىك بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى مۇنداق ئىككى شەرتكە باغلىق بولۇپ، بىرى، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىش، يەنە بىرى، سەۋەب قىلىشتۇر. بۇ ئىككى شەرتنىڭ قايسىبىرىنى تەرك ئەتكەن ئادەم قىلغان ئىشىدا غەلىبە قىلالمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ، بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتىدۇ، بالىلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ ماددىي سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ-يۇ، ئاخىرىدا يا ئۆزلىرى، يا بالىلىرى بەختلىك بولالماي، تۇرمۇشتىن قاقشاپلا ئۆتىدۇ. بالىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن مەمنۇن ئەمەس، ئاتا-ئانىلىرىمۇ بالىلىرىدىن رازى ئەمەس، ھەممىسى بەختسىز بىر ھاياتقا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى چەكلىك، ئۆزى يوقسۇل بولسىمۇ، مەنىۋىيىتى ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك ياشايدۇ، ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولغانلىقتىن، باياشاتلىقتىمۇ، غۇربەتچىلىكتىمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالماي، ھەمىشە بەختلىك، كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ. بالىلىرىغا كۆپ مال-دۇنيا تېپىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنى ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان، ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم سورايدىغان ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيەلىگەنلىكتىن، ئاتا-ئانا بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىدە ئورتاق ئورۇن ئالغان قانائەتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ سايىسىدە ئۇلار ھەمىشە بەختلىك، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قەدىمقى مەككىدىن ئىبارەت دەشتى-چۆلدە سۇسىز، تائامسىز ھالدا قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. ماھىيەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆز ھالىغا، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالىدىغانغا تاشلاپ قويغان ئىش يوق. چۈنكى، ھېچبىر ئاتا ئائىلىسىنى بۇنداق يۆلەكسىز تاشلاپ قويمايدۇ ھەتتا بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا قويۇپ كەتكەن. چۈنكى، ئايالى ھاجەر:

– ئى ئىبراھىم! بىزنى بۇ چۆلدە بۇنداق يالغۇز تاشلاپ قويۇش ئۆزۈڭنىڭ

ئويمۇ ياكى رەببىڭ شۇنداق ئەمر قىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ:

ـ رەببىم شۇنداق ئەمر قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، ئاندىن ھاجەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىشەنچ بىلەن:

ـ ئۇنداقتا، سەن كېتىۋەرگىن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى مۇشۇنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاجەر ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنى قاقاس چۆلدە تاشلاپ قويۇپ، پەرۋاسىز ئولتۇرغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنى تۈرلۈك رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرۇشىنى تىلەپ مۇنداق دېگەن: «رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، رەببىمىز! سەنمۇ ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئۈمىدكى، ئۇلار (بۇ نېمەتلىرىڭگە) شۈكۈر قىلغاي»[1].

## ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ئەڭ ھالقىلىق چارىدۇر

يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مەيلى ئائىلە ھاياتىدا، مەيلى ئىش ۋە خىزمەت ھاياتىدا بولسۇن، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن كىرىزىسلارنى، قىيىنچىلىقلارنى ۋە جېدەل-ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماددىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قىلىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە ھاياتىدىكى جېدەل-ماجىرالارنى ھەل قىلىش يولىدا چوڭلارغا، يۇرت كاتتىلىرىغا، ئەھلى-ئىلىملەرگە ھەتتا گاھىدا قانۇن ئورگانلىرىغا مۇراجىئەت قىلغىنىدەك، ئىش ۋە خىزمەت ھاياتىدىكى تۈرلۈك كىرىزىس ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتىمۇ شۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە، تەجرىبە ئىگىلىرىگە ۋە قانۇن كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ يېقىن بولغان ھەتتا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ يېقىن تۇرۇۋاتقان زات ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، شۇڭا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى، كىرىزىس تەلتۆكۈس ھەل بولۇپ، كۆڭۈل راھەت تېپىش ئۈچۈن سەۋەب بىلەن بىللە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى شەرت ھازىر بولۇشى كېرەك. سەۋەبكىلا يۆلىنىۋېلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشنى ئۇنتۇغانلار غەلىبە قىلالمىغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تايىنىشنى باھانە قىلىپ سەۋەب قىلمىغانلارمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ.

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 37-ئايەت.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى، گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىلنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭغا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان ھەتتا مەككىنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقى ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن تۇرۇپ، شۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جىھاد قىلىشنى ئۇنتۇمىغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تايىنىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشنىمۇ ئۇنتۇمىغان. شۇڭا، ئۇ ھەممە ئىشىدا غەلىبە قىلغان.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنىڭ سورىغانلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى دۇئا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بۇ ئايەتكە ئۇلاپ: «مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خارلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ» دېيىش ئارقىلىق دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى دۇئادىن بىھاجەت ھېسابلىغۇچىلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم كۆرىدۇ.



[1] غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش — ئاللاھ تائالانى ئېسىدىن چىقارماسلىق، ئۇنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش، مەدھىيىلەش، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتقانلىقتۇر. ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ. الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ «شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنى ياد ئەتمەيدىغان ئادەمنىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈككە ئوخشاشتۇر»[2].

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، رىشتىنى كۈچەيتىدۇ، مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دىندا مۇستەھكەملىكنى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمان، ئىشەنچ ۋە ئىستىقامەتنى كۈچەيتىدۇ.

### ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش تىل بىلەن، دىل بىلەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بولىدۇ.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 190 191 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

1. ئاللاھ تائالانى تىل بىلەن ياد ئېتىش

2. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تىلىڭ ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن نەمدىلىپ تۇرسۇن»[1].

3. ئاللاھ تائالانى دىل بىلەن ياد ئېتىش

4. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾ «رەببىڭنى يىغلىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا، ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەن-ئاخشامدا پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتقىن، ھەرگىز غاپىللاردىن بولمىغىن» دەپ بۇيرۇغان[2].

5. ئاللاھ تائالانى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ياد ئېتىش

مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ھەممە ئىشلىرىمىزدا، گەپ-سۆزلىرىمىزدە، مۇئامىلىلىرىمىزدە ۋە بارلىق يۈرۈش-تۇرۇشىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.



## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش پەرزدۇر

ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللهَ ذِكْرًا كَثِيرًا﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئالاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[3]؛ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلاَ أَوْلاَدُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللهِ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل-ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن»[4] دېگەن ئايەتلەر مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن دىل ئارام تاپىدۇ

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ھەقىقىي مېۋىسى كۆڭۈلنىڭ ئارام تېپىشى ۋە خاتىرجەملىكىدۇر. ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللهِ أَلَا بِذِكْرِ اللهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەر) ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئەئراف سۈرىسى، 205-ئايەت.

[3] ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت.

[4] مۇنافىقۇن سۈرىسى، 9-ئايەت.

ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[1].

## ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش، پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، ئەتىگەن-ئاخشىمى ۋە ھەر نامازدىن كېيىن ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتىش، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە مۇناجات قىلىش قاتارلىقلار.

### *1. قۇرئان ئوقۇش*

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزى زىكىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[2] دېگەن سۆزىدە قۇرئاننى «زىكىر» دەپ ئاتىغان. شەكسىزكى، قۇرئان ئوقۇغان، يادلىغان ۋە ئاڭلىغان كىشى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن بولىدۇ.

### *2. پەرز ئەمەللەر*

پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىشمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. مەسىلەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّنِي أَنَا اللهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا، ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[3].

### *3. ئىلىم سورۇنى*

ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش، ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسلىرىگە ھازىر بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. چۈنكى، يۇقىرىقى ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنى زىكىر ئەھلى دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا

---

[1] رەئد سۈرىسى، 27-ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى، 9-ئايەت.

[3] تاھا سۈرىسى، 14-ئايەت.

تَعْلَمُونَ﴾ «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[1].

### 4. ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئەتىگەن-ئاخشىمى، ھەر نامازدىن كېيىن، ئۇيقۇغا بارغان ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.

### 5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. چۈنكى، دۇرۇد ئېيتىشقا ئەمىر قىلغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ﴿إِنَّ اللهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار»[2]. ئەللامە ئىززۇددىن ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ئېيتىشىمىز بىزنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلغانلىقىمىز ئەمەس. چۈنكى، بىز رەسۇلۇللاھقا شاپائەت قىلالمايمىز. لېكىن، ئاللاھ بىزنى ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر قايتۇرالمىساق، ئاللاھنىڭ قايتۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇغان»[3]. ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىدە ۋە بۇ ئىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا.



### بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى

تەسبىھ — ئاللاھ تائالانى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ تەرىپلەشتۇر. مەسىلەن، «سۇبھانەللاھ — ئاللاھ تائالا پاكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

تەكبىر — ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشتۇر. مەسىلەن، «ئاللاھۇ ئەكبەر — ئاللاھ تائالا ئەڭ بۈيۈكتۇر» دەپ تەكبىر ئېيتقانغا ئوخشاش.

---

[1] نەھل سۈرىسى، 43-ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى، 56-ئايەت.

[3] «فتح الباري»، 11-توم، 168-بەت.

ھەمدۇسانا ــ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن، «ئەلھەمدۇ لىللاھ ــ بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

تەھلىل ــ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە يېگانىلىكىنى ۋە شېرىكى يوقلۇقىنى ئىقرار بىلەن جاكارلاشتۇر. مەسىلەن، لاَ اِلَٰهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَه ــ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھۇ» يەنى «ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

ھەۋقەلە ــ كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش جۈملىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. مەسىلەن، لاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللهِ ــ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» يەنى «ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستىغفار ــ گۇناھىغا تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراشتۇر. مەسىلەن، أَسْتَغْفِرُاللهَ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ ــ «ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھ» يەنى «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

# ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەر

ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى قاتارلىقلار خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك ھەركىمگە ئايان ئىش بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىش، تەپەككۇر قىلىش، كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى كىشىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىشتىن مەھرۇم قالماقتا. شۇڭا، ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت نامايان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىشارەت قىلىۋاتقان سانسىز ئالامەتلەردىن چەكلىك ئەقلىمىز بىلەن بىلەلىگەن ۋە چۈشىنەلىگەن ئاز ساندىكى دەلىللەردىن بىرقانچىسىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ھاۋالە قىلىمىز.

بارنى ئىسپاتلاش يوقنى ئىسپاتلاشتىن ئاسان. مەسىلەن، بىر ئالىمنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى شۇ ئالىمنى كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، يوق نەرسىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان كىشى پۈتكۈل يەر يۈزىنى ھەتتا كائىناتنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىنى ئىسپاتلاش ئىمكانسىزدۇر. شۇڭلاشقا، يوق نەرسىنى ھېچقاچان ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بار نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىيالىغان ئىككى كىشى مىڭلارچە ئىنكار قىلغۇچىلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ھەرقانداق بار نەرسىنى ئىسپاتلىغۇچى ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن كۈچلۈكتۇر. ئىسپاتلىغانلىق بىلگەنلىك، دەلىلسىز ئىنكار قىلغانلىق بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە چاقىرىپ: «ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!»، «ئەقىل ئىشلىتىپ بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمەمسىلەر؟» دېگەنگە ئوخشىغان ئايەتلەرنى قايتا قايتا نازىل قىلغان. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ كۆرەيلى:

## 1. مۇمكىنلىك دەلىلى

ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى بارلىق ۋە يوقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېھتىماللىق ئارىسىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالەم ھازىر بار بولغىنىدەك، يوق بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى. بىراق، ئالەم باردۇر. بارلىق ۋە

يوقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى ئېھتىماللىق ئارىسىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ بار بولۇشىدا چوقۇم ئۇنى بار قىلغۇچى بىر سەۋەبكە موھتاج. چۈنكى، بۇ كائىناتتا ھېچ نەرسە سەۋەبسىز بار بولمايدۇ. شۇڭا، بارلىق ۋە يوقلۇق ئېھتىمالى بولغان بۇ ئالەمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىرادە قىلغان بىر سەۋەب چوقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالادۇر. يەنە دۇنيادا مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر بولغان بىرلا زات بار. ئۇ بولسا ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى مۇمكىن ۋە ئېھتىمالدۇر.

## 2. يارىتىلىش دەلىلى

ئالەم ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزگەرگەن ھەرقانداق نەرسە ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى كېيىن پەيدا بولغان نەرسىلەردۇر. بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ھەرقانداق ماددا ئەزەلدىن بار بولغان نەرسە ئەمەس. ماددىنىڭ تېرمودىنامىكىلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ھەمىشە يوقىلىشقا مەھكۇم بولۇشى، كائىناتنىڭ ئىزچىل كېڭىيىپ تۇرۇشى، قۇياشنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆز ئېنېرگىيەسىنى خورىتىشقا قاراپ مېڭىشىغا ئوخشىغان ھادىسىلەر مەۋجۇداتنىڭ ئەزەلدىن بار بولماستىن، كېيىن پەيدا بولۇش ئارقىلىق بىر باشلىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتەمەكتە. ئەزەلدىن بار بولماي، كېيىن پەيدا بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ چوقۇم بىر پەيدا قىلغۇچىسى باردۇر. سەۋەبسىز نەتىجىنىڭ، سەنئەتكارسىز سەنئەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەزەلدىن بار بولمىغان ۋە ئىپتىداسىز (باشلىنىش نۇقتىسى بولمىغان) بىر سەۋەبكە موھتاج بولغان بۇ ماددا ئالەمنىڭ چوقۇم پەيدا قىلغۇچىسى بار. ئۇ بولسا ئاللاھ تائالادۇر.

## 3. ھايات دەلىلى

ھايات سۆزۈك بىر مۇئەمما يەنى تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان شەكلەن مۇرەككەپ مۇئەممادۇر. ئۇ بىۋاسىتە ياراتقۇچىسىغا دالالەت قىلىدۇ. ھاياتمۇ شۇنداق بىر مۇئەمما. بارلىقى ئالىملارنى ھەمىشە ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان سېھىرلىك بىر مەۋجۇدات. ھايات ئادەتتە ھال تىلى بىلەن: «مېنى بار قىلىپ ياراتقۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر» دەپ جاكارلىماقتا.

## 4. ئىنتىزام دەلىلى

ھەرقانداق نەرسە ئۆز پارچىلىرى بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ۋە تەكپۇكلۇق ئىچىدە

بولغىنىدەك، كائىناتمۇ بىرىكىش ئارقىلىق ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن پارچىلىرى بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ۋە تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ، كائىناتتا ۋە ھەرقانداق مەۋجۇداتتا مۇكەممەل بىر ئىنتىزام ۋە ئىنچىكە قانۇنىيەت بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان، ئۆلمەس دەلىلدۇر. كائىناتتىكى نىزام ۋە قانۇنىيەت ئۆزىنى تۈزگۈچى ۋە پىلانلىغۇچى بىر زاتنىڭ بارلىقىغا ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ. ئۇ زات بولسا ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر بۇ نىزام ۋە قانۇنىيەتلەرنى ئاللاھ تائالا تۈزمىگەن بولسا، ئەقىلسىز، كور تەبىئەت ياكى كائىنات قانداقمۇ تۈزەلىسۇن؟

## 5. سەنئەت دەلىلى

ئاتومدىن ئىنسانغىچە، ھۈجەيرىلەردىن گالاكسىيگىچە بولغان پۈتكۈل كائىناتتا ئىنتايىن نازۇك ۋە ئاجايىپ بىر سەنئەت بار. ئۇلار ھەممىشە كۆز ئالدىمىزدا ئۆزلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ، قىممەتلىك، كۆپ، ھەر خىل ۋە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ئاجايىپ سەنئەتلەردۇر. ئۇلار شەكىل ۋە مۇكەممەللىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىز بىر ئىجادكار بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىجادكار بولسا ئاللاھ تائالادۇر.

## 6. ھېكمەت ۋە غايە دەلىلى

ھەرقانداق مەۋجۇداتتا شۇنىڭغا خاس بىرەر مەقسەت، غايە، مەنپەئەت ۋە نەتىجە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە مەنىسىزلىك ياكى پايدىسىزلىق يوق. ھالبۇكى، شەيئىلەر ئالەمىدە، ھايۋانات دۇنياسىدا ياكى ھادىسىلەر ئالەمىدە بۇنداق مەقسەت، غايە ۋە نەتىجىلەرنى كۆزلەش ۋە پىلانلاش ئۈچۈن تۇيغۇ ۋە ئەقىل ئىدراك دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، كائىناتتىكى بۇنچىۋالا ھېكمەتلىك ئىشلارنى، مەقسەت ۋە غايىلەرنى پىلانلىغۇچى زادى كىم؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاللاھ تائالادۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىقلا ئەقىلگە مۇۋاپىق يول تۇتالايمىز.

## 7. شەپقەت ۋە رىزىق دەلىلى

بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى تۈگىمەيدۇ. بۇ كائىناتتىكى بارلىق ئېھتىياج ساھىبلىرى نېمىگە، قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنچىلىك مىقداردا تەمىنلىنىپ كەلمەكتە. ئېھتىياج ساھىبلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنىڭ

راۋا قىلىنىشى ۋە بۇ ئېھتىياجلارنىڭ ئىنتايىن ئۆلچەملىك شەكىلدە ھەل قىلىنىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بىزنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزدا بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان بىر شەپقەتلىك قول بار. كائىناتتا داۋام قىلىۋاتقان ۋە مەڭگۈ شۇنداق داۋام قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ شەپقەت ۋە ئادالەتلىك رىزىقلاندۇرۇش سىستېمىسى بۇ ئىشلارنىڭ بارلىق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان قۇدرەتلىك، كامالەتلىك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

## 8. ياردەملىشىش دەلىلى

بىر بىرىگە ئەڭ يېقىن مەخلۇقاتلاردىن تارتىپ ئەڭ يىراق بولغانلىرىغىچە ھەممىسى بىر بىرىگە ياردەملىشىدۇ. بۇ ياردەملىشىشتە ئارىسىدا ھېچبىر مۇناسىۋەت بولمىغان ئىككى ئايرىم جىنسلارمۇ بىر پۈتۈننىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش بىر بىرىنى پۈتۈنلەپ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا قارايدىغان بولساق، ھەممىسى بىر بىرىدىن مەنپەئەتلىنىش، بىر بىرىگە ياردەملىشىش فۇنكسىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەقىلسىز ۋە ھېس تۇيغۇسىز بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەيران قالارلىق پائالىيەتلىرى پەردە ئارقىسىدىكى بىر زاتنىڭ ھېكمەتلىك پىلانىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلماقتا. ئۇ زات بولسا ئاللاھ تائالادۇر.

## 9. ئوخشىماسلىق دەلىلى

دۇنيادىكى ھەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس نىشانىسى ۋە پەرقى بار بولۇپ، مەزكۇر نىشانە ۋە پەرقلەر ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ملياردلىغان ئىنسانلارنىڭ ھېچبىرىگە قەتئىي ئوخشىمىغاندەك، ئۆز دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ۋە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭمۇ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر ئىنساننى مۇشۇنداق ئۆزىگە خاس قىلىپ يارىتىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

## 10. جان ۋە ۋىجدان دەلىلى

ماھىيىتىنى بىلەلمىسەكمۇ، بارلىقىدىن قىلچە شەك قىلمايدىغان جېنىمىز ۋە ۋىجدانىمىزنىڭ تېنىمىزدە بار بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. جېنىمىزنى كۆرمەي، ماھىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز ۋە بارلىقىدا قىلچە شەك قىلالمىغىنىمىزدەك، ئاللاھ تائالانى كۆرمىسەكمۇ، قانداقلىقىنى ئىدراك قىلالمىساقمۇ، ئەقىل ئىگىسى ئۇنىڭ

بارلىقىغا قىلچە شەك قىلمايدۇ. مەسىلەن، بىز ئۆزىمىزدە ۋىجدان، كۆڭۈل بار دەيمىز، ئەمما ئۇنى كۆرەلمەيمىز. كۆرەلمىگىنىمىز ئۈچۈن ۋىجدان، كۆڭۈل دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇد ئەمەس دېيىش توغرىمۇ؟ ئاللاھ تائالامۇ بىزنىڭ كۆرۈش ۋە ئىدراك قىلىشىمىزدىن تولىمۇ ئۈستۈندۇر. چۈنكى، بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ھەتتا دۇنيادىكى ئاشكارا ماددىلاردىن بەزىسىنى كۆرەلىسىمۇ، كۆپ قىسمىنى كۆرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا، ماددىي كۆزلەر ماددا بولمىغاننى كۆرەلمەيدۇ.

## 11. خاراكتېر ۋە تارىخ دەلىلى

ھەرقانداق ئىنساندا ياخشىغا ۋە گۈزەلگە قارىتا سۆيگۈ مۇھەببەت، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامانغا ۋە كۆرۈمسىزگە قارىتا نەپرەت تۇيغۇسى بارلىقى رېئاللىقتۇر. بۇ ھېس تۇيغۇلار ئەدەپ ئەخلاققا ۋە ياخشى ئىشلارغا تەبىئىي مايىللىقنى؛ ئەخلاقسىزلىق ۋە يامان ئىشلارغا بولغان نەپرەتنى ئەكس ئەتتۇرۇش نۇقتىسىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتكە دالالەت قىلىدۇكى، ئىنسانغا ياخشىلىقنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئەمر قىلىپ، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلغان زات كىم بولسا، بىزگە مەزكۇر ھېس تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان زاتمۇ شۇدۇر يەنى ئۇ زات ئاللاھ تائالادۇر. دىنلار تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەت ھېچبىر دەۋردە دىنسىز ياشاپ باقمىغان. خاتا ھەتتا خۇراپات بولسىمۇ، ئىنسانلار ھەر دەۋردە مەلۇم بىر دىنغا ئىشىنىپ، مەلۇم بىر مەنىۋى سىستېمىغا بويسۇنۇپ ياشاپ كەلگەن. جۈملىدىن، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشمۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن كەلگەن خىسلەتتۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە بۇ خىسلەتنى ئورۇنلاشتۇرغان زات بىرنى ئۆزىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان زاتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇ زات بولسا ئاللاھ تائالادۇر.

## 12. ھېس-تۇيغۇ دەلىلى

بارچە ئىنسانلار مىڭلارچە ھېس تۇيغۇلار ئىلكىدە ياشايدۇ. ھەربىر تۇيغۇ ماددا ئالەمنىڭ سىرتىدىكى بىر ئالەمدىن ھەر خىل ماھىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنساندا يەنە بىر ھېس باركى، ئۇ ئاللاھ تائالانى ئوپئوچۇق تونۇتىدۇ. بۇ ھېس ھەممەيلەندە ئورتاق بولغان مەڭگۈ ياشاش ياكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىدۇر. ئىنسان مۇشۇنداق ھېس تۇيغۇلار سەۋەبلىك ھەمىشە ئەبەدىيلىككە تەلپۈنىدۇ، مۇشۇنداق ھېسلار بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق يۈكسىلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھېسلاردىن باشقىسى ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇلارنى بىزگە بەرگەن زات بىزنى ياراتقان زاتتۇر. ئاخىرەتتىكى

مەڭگۈلۈك ھاياتنىمۇ ئەنە شۇ زات بېرىدۇ. ئىنساندىكى مەڭگۈلۈككە ۋە ئۇزۇن ياشاشقا بولغان ئارزۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئىگىسى بولغان بىر كامالەتلىك زاتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، كائىناتتىكى بۇ ھايات پەقەت ئاللاھ تائالا بەرگەن ھاياتتۇر.

## 13. ئېتتىپاق دەلىلى

ئون يالغانچى تىل بىرىكتۈرۈپ، يېنىمىزغا كېلىپ: « ئۆيۈڭگە ئوت كەتتى» دېسە، بۇلارنىڭ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ راست سۆزلىمىگەنلىكىنى ۋە يالغانچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە: «بەلكى راست بولۇشى ئېھتىمال» دەپ ئىشىنىمىز. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە كەلگەن مىڭلىغان پەيغەمبەر ۋە مىلياردلىغان ئېتىقادچىلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئېتتىپاقلىقتۇر. ئوخشىمىغان دەۋر ۋە جايلاردا ياشىغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئېتتىپاقى ئەڭ ئاۋۋال «ئاللاھ تائالا باردۇر ۋە بىردۇر» دېگەن ھەقىقەتكە مەركەزلىشىدۇ. ئون يالغانچىنىڭ بىر يالغان ئۈستىدىكى ئېتتىپاقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن يەردە، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلىمىگەنلىكى ۋە راستچىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان مىڭلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ئىسىل ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن مىلياردلىغان مۆمىنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتتىپاقىغا ئىشەنمىگەن كىشىنى قانداق ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟! ئۇنى قانداقمۇ ئەقىللىق دېگىلى بولسۇن؟!

## 14. قۇرئان دەلىلى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بارلىق دەلىللەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنىمۇ ئىسپاتلىماقتا. قۇرئاندىكى مىڭلارچە دەلىللەر مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىسلام مەنبەلىرىدە ئەڭ ئىنچىكە تۈرلىرىگىچە تەپسىلىي شەرھلەنگەن. بۇ دەلىللەرنىڭ ھەممىسى «ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى»نى جاكارلىماقتا. قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىگە ۋە ئۇنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا پۈتۈن دۇنيا قايىل بولماقتا. ھېچ شۈبھىسىزكى، دۇنيا تارىخىدا قانچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر كىتاب قۇرئاندۇر. 14 ئەسىردىن بۇيان بۇ كىتابنىڭ پۈتۈن سۈرىلىرى، ئايەتلىرى ۋە ھەرپلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى جاكارلاپ كەلمەكتە.

## 15. پەيغەمبەرلەر دەلىلى

جىمى پەيغەمبەرلەرنى خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاۋاتقان بارلىق دەلىللەرمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق غايىسى «تەۋھىد» (ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش) نى جاكارلاشتىن ئىبارەت بولغان. شۇنداق ئىكەن، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن بارلىق دەلىل ۋە مۆجىزىلەر شۇنچىلىك كۈچلۈكلۈكى ۋە روشەنلىكى بىلەن «ئاللاھ تائالا باردۇر» دەپ جاكارلىماقتا.

### ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى بىلگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە بىلىشنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، «سەنئەت سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بار. بىز بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۈيۈمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ئۇستىلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋەھاكازالار...

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنىڭ پەرۋىشكارى... ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن، بىر ئاپتوموبىلنى ئالساق، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك خام ماتېرىيالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە كېسىپ، قۇراشتۇرۇپ، ئاپتوموبىل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودېلىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى

ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھۈنەر ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىدىن باشلاپ چىراغلىرىغىچە بولغان ھەربىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودىسى ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئاددىي بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا ياراتقان شەيئىلەردىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا ساناقسىز سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىرلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتكەن ئىنتىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى تونۇيالايمىز.ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغانلىقى ھەتتا ئىستىسقا (سۇ تىلەش) نامىزى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن سۇ تىلىگەنلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ ھەرقانداق دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ھەيران قالارلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى ئۆزى خالىغانچە، ھەرخىل گۈزەل شەكىللەردە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى تونۇيالايمىز.

ھاياتىمىزدا بىر ياكى كۆپ قېتىم ئۆلۈمنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئامان قالغىنىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ خەۋپ - خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇيالايمىز.ھېچقانداق كېسەل تارتماي ياكى بىرەر ۋەقەگە ئۇچرىماي، ياتقان يېرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان شەكىلدە جان ئېلىشقا قادىرلىقىنى تونۇيالايمىز.ئاللاھ تائالانىڭ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن ياشارتىپ تىرىلدۈرگىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش

سۈپىتىنى تونۇيالايمىز. شۇنىڭدەك، كائىناتتىكى ھەربىر مەخلۇقات ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئالىي سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ. وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ. وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ اللهُ مِنَ السَّمَآءِ مِّن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ الأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. تِلْكَ آيَاتُ اللهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ﴾ «شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ) يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ھەقىقەتكە) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەتلىك ئالامەتلەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن رىزىقتا (يامغۇردا) ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار. ئەنە شۇلار (ساڭا ھەق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىرىمىز) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟»[1].

ھەرقانداق مۇئمىننىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى مۇكەممەل تونۇغان مۇئمىننىڭ ئىمانى ئاللاھ تائالانى تولۇق تونۇمىغان مۇئمىننىڭ ئىمانىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالانى قانچىلىك ياخشى ھەم مۇكەممەل تونۇغان ئادەمنىڭ ئىخلاسى، مۇھەببىتى ۋە ئىبادەتلىرىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ.

تۆۋەندە ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھادىي»، «ئەششەكۇر»، «ئەششافىي»، «ئەلھەفىيز»، «ئەلجەببار» دېگەن ئىسىملىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

## ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھادىي» دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ھاياتتا بەزى ئىشلاردا گاڭگىراپ قېلىۋاتامسىز؟ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قېلىۋاتامسىز؟ ئەقلىڭىز توغرا بىلەن خاتانى ئايرىپ بېرىشكە ئاجىز كېلىۋاتامدۇ؟

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھادىي» (يول كۆرسەتكۈچى) دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ. مەيلى چوڭ ياكى ئاددىي ھەرقانداق ئىشتا توغرا تاللاشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەڭ. چۈنكى، ئىنسان ھەممە ئىشتا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە موھتاج.

[1] جاسىيە سۈرىسى، 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا «الهادي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بەندىلىرىگە ئىمان يولىنى كۆرسىتىدۇ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىنىڭ يوللىرىنى تونۇتىدۇ، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ ھەتتا ئۇچارقانات، ھايۋانات ۋە بارلىق جانلىقلارغا ياشاش قانۇنىيىتىنى، ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. دېمەك، ھەربىر مەخلۇق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج. ﴿وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾ «يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر»[1].

دۇنيادا توغرا يولغا يېتەكلىنىشتىن كاتتا نېمەت يوق. چۈنكى، ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا توغرا يولدا ۋە توغرا يۆنىلىشتە بولغاندىلا، ھەممە ئىشى غەلىبىلىك بولىدۇ. توغرا مەكتەپتە ئوقۇش، توغرا جورا تالлاش، توغرا تىرىكچىلىك قىلىش، توغرا جايدىن ئۆي ئېلىش، باللارنى توغرا يوسۇندا تەربىيەلەش، ھاياتنى ئىككى ئالەملىك پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ۋاقتنى ساۋابلىق ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرسى توغرا تاللانمىغاندا، ئىنساننىڭ بەخت سائادىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «اَللّٰهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي» «ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن»[2] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

«ھىدايەت» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: «يۆنىلىش، توغرا يول تۇتۇش» دېگەنلىك بولۇپ، ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا، خاتالىقتىن دۇرۇسلۇققا، زىيانلىق ئىشتىن پايدىلىق ئىشقا يۈزلەنگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋى مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن «هداية دلالة وهداية معونة» يەنى (يول كۆرسىتىش ھىدايىتى ۋە ياردەم قىلىش ھىدايىتى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش ھىدايىتى — پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىنىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى؛ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلدى ۋە ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ

[1] فۇرقان سۈرىسى، 32 - ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ، ھەق يولغا ماڭغان بولسا، يەنە بەزىسى بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر «مۇئمىنلەر» دەپ ئاتالدى. بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار «كاپىرلار» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇئمىن» ۋە «كاپىر»دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەمۇد (قەۋمى) گە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى»[1].

ياردەم قىلىش ھىدايىتى — مۇئمىنلەرگىلا خاس ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋادارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەقۋادارلىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ»[2].[3]

ھىدايەت ماھىيەت جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، «هداية توفيق» (توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت)؛ يەنە بىرى، «هداية إرشاد» (توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت) دۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش ھىدايىتى: -پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىلا بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»[4].

توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان ھىدايەت بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق ھىدايەتنى بايان



[1] فۇسسىلەت سۈرىسى، 17 - ئايەت.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى، 17 - ئايەت.
[3] «تفسير شعراوي» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.
[4] قەسەس سۈرىسى، 56 - ئايەت.

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[1].

ھىدايەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادەتنىڭ يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىمان ئېتىقادلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىدۇر. ﴿وَإِنَّ اللهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر»[2]. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ، ئاخىرەتتە جەننەتكە باشلايدۇ. ﴿وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللهِ يَهْدِ قَلْبَهُ﴾ «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ»[3]؛ ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى (جەننەتنىڭ يولىغا) يېتەكلەيدۇ. نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئۇلارنىڭ (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ»[4].

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ئۆز ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا ئەڭ مۇناسىپ ۋە پايدىلىق يوللارغا يېتەكلەيدۇ. ﴿رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى﴾ «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر»[5].

ئاللاھ تائالا ئەمانى تۈز يولدا مېڭىشقا، گاسلارنى مەقسەتنى چۈشىنىشكە، ئاجىزنى مۇرادىغا، كىچىك بالىنى زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا، چۆلدە ئېزىپ كەتكەنلەرنى قۇتۇلۇش يولىغا، ئىزدەنگۈچىلەرنى نەتىجىگە، ئۆلىمالارنى ئىلىم ھېكمەتكە، مۇجتەھىدلەرنى مەسىلىنىڭ دەلىلىگە، دەۋەتچىلەرنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبقا، ئاتا ئانىنى پەرزەنتلىرىگە ئۆلگە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىي مۇنداق دەيدۇ: «سەلمۇن بېلىقى ئاتلانتىك ئوكياندىن يولغا چىقىپ، ئامېرىكىدىكى دېڭىزلارنىڭ بىرىدە توختايدۇ ۋە شۇ جايدا تۇخۇملىرىنى قالدۇرۇپ، يەنە ئاتلانتىك ئوكيانغا قايتىپ كېتىدۇ. بىرقانچە



[1] شۇرا سۈرىسى، 52-ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى، 54-ئايەت.
[3] تەغابۇن سۈرىسى، 11-ئايەت.
[4] يۇنۇس سۈرىسى، 9-ئايەت.
[5] تاھا سۈرىسى، 50-ئايەت.

ئايدىن كېيىن ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تۇخۇملاردىن چىققان بېلىجانلار يۈزلەرچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانىلىرىنى تېپىپ بارىدۇ. ئۇلار يولىدىن ئادىشىپ قالمايدۇ. بۇ بېلىجانلارنى ئانىلىرى بار جايغا كىم باشلاپ قويىدۇ؟ ئۇلارغا يولنى كىم كۆرسىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا كۆرسىتىدۇ.

كۆزەتكۈچىلەردىن بىرى بىر تاشپاقىنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، تاشپاقا بىر ئۆلۈك چايانىنى يەيدۇ، ئارقىدىنلا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، ئاندىن كېلىپ ھېلىقى چاياندىن ئازراق يەپ بولۇپ، يەنە ئاشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، يەنە كېلىپ چايانىنى يېيىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان كىشى ھېلىقى ئۆسۈملۈكنى قومۇرۇپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، تاشپاقا ئۆسۈملۈكنى تاپالماي، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلىدۇ. بۇ تاشپاقىغا زەھەر قايتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكنى كىم بىلدۈردى؟ ئۇنى يېيىشنى كىم ئىلھام قىلدى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ «ئەلھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بىلدۈرگەن»[1].

مەن بالىلىق چاغلىرىمدا بىر مەزگىل مومامنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدىم. مومامنىڭ ناھايىتى ئوماق بىر مۈشۈكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك ئاسلانلىدى. ئەمدىلا تۇغۇلغان ئاسلانلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى. ئەمما، ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتى. ئۇلار پۇراپ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تېپىپ، ئېمىشكە باشلىدى. مەن ئۇ چاغلاردا بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەيتتىم. شۇڭا، ئاسلانلارنىڭ بۇ ئىشى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، نورمال ئەھۋالدەك بىلىنگەن ئىدى. ئەمدى ئويلىسام، ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەھۋال ئىكەن. ئاشۇ ئاسلانلارغا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدە غىزاسى بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئېمىشنى كىم ئۆگەتتى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆگەتتى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەلھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن ئۇلارغا رىزقىنى تېپىش ۋە قوغدىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى.

ئاللاھ تائالا ھىدايىتىنى بەندىلىرىگە ھەر خىل يول ۋە ئۇسۇللار بىلەن يەتكۈزىدۇ. بەزىدە بىرەر ئايەتنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، بىرەر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش، بىراۋنىڭ تەسىرلىك نەسىھىتى، كۈتۈلمىگەن بىرەر ئۆزگىرىش دېگەندەك ئىشلار ئىنسان ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، مەزكۇر ئىشلاردىن قانداقتۇر بىرى ئۇنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ دە، ئۇ باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ.

[1] «لأنك أنت الله»، 147 ـ بەت.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسى ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇ خۇپىيانە ئىمان ئېيتقان سىڭلىسىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن دەرغەزەپ بولۇپ ئۆيىگە كىرگەندە، سىڭلىسى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، تاھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىن بىرقانچە ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىمان ئېيتقان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا شۇ ئايەتلەرنى سەۋەب قىلغان.

ئاللاھ تائالا بەزىدە تەپەككۇر ئارقىلىق ھىدايەت قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېچە، ئاي، كۈن قاتارلىق مەۋجۇداتلار ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھىدايىتى ئېشىپ، ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

﴿فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَا أُحِبُّ الْآَفِلِينَ . فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِنْ لَمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ . فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَا أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ. إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى: ‹مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن› دېدى. ئاندىن ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى: ‹ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن› دېدى. ئاندىن ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭ ئىكەن› دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: ‹ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. شەكسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن› »[1].



بىر كۈنى ئاۋازىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولغان ناخشىچىلاردىن بىرى سالىھ بىر زاتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. سالىھ زات ئۇنىڭغا: «بالام، سېنىڭ ئاۋازىڭ نېمىدېگەن گۈزەل ھە! كاشكى، مۇشۇ گۈزەل ئاۋازىڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇساڭچۇ!» دەيدۇ. بۇ گەپ ھېلىقى ناخشىچىغا ئىنتايىن تەسىر قىلىدۇ دە، دەرھال تەۋبە قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ھاياتىنى قۇرئان ئوقۇشقا بېغىشلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە دۇئا ۋە ئىلتىجا سەۋەبلىك بىراۋنى توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەللامە ئىبنى تەيمىيە بىر ئايەتنىڭ تەپسىرى

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 76 ـ 79 ـ ئايەتلەر.

ھەققىدە ئىزدىنىش جەريانىدا نۇرغۇن تەپسىرلەرنى كۆرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئەڭ توغرىسىنى تاللاشتا كۆپ قىينىلىدۇ. بەك كۆپ ئىزدەنگەنلىكتىن بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەجدىگە باش قويۇپ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ: «ئى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا چۈشەنمىگەنلىرىنى چۈشەندۈرگەن ئاللاھ!...» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن مەزكۇر ئايەتنىڭ توغرا مەنىسىنى تېپىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا، ئەڭ ئاددىي سەۋەبلەر بىلەنمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ھاراقكەش ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەن بىر تۆمۈر يولنىڭ ئەگرى-بۈگرى رېلىسلىرى ئارىسىدا مەستلىكتىن دەلدەڭشىگىنىچە ئاران-ئاران قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى يەردە ياتقان بىر كونا قەغەزگە چۈشتى. قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ دەرھال ھوشىنى يىغىپ، كاللىسىنى بىر سىلكىۋېتىپ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى يەردە ياتسا بولامدۇ؟» دېدى-دە، قەغەزنى قوينىغا سېلىپ، ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى قەغەزنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ پاكىزلىدى ۋە ئۇنى قايتا-قايتا سۆيدى. ئاندىن قەغەزنى سىقمىدىغان پېتى ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە: «سەن مېنىڭ ئىسمىمنى يەردىن كۆتۈردۈڭ، مەنمۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئەرشئەلاغا كۆتۈردۈم ۋە سېنى سالىھلار قاتارىغا كىرگۈزدۈم» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىدايەتكە ئويغاندى، قەلبى ئىمانغا تولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ھاياتى غايىسىز ياشايدىغان، مەنىسىز ھاياتتىن ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتالغان مەنىلىك ھاياتقا؛ ئۆزى بولسا ئىسمى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن مەشھۇر سالىھ زاتلاردىن بىرىگە ئايلاندى»[1].

ئاللاھ تائالا خالىسا، بەندىسىنى ھېچقانداق سەۋەبسىزمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىراۋ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىدۇ، گۇناھ بىلەن ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز مۇساپە قالغاندا، توساتتىن گۇناھتىن يانىدۇ، يامان نىيىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ۋە بۇ ۋاز كېچىشنىڭ ئارقىسىدا ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە بەندىسىنى خەتەرنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغاندا، ئامانلىق تەرەپكە يېتەكلەش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، سىز كېچىدە

[1] «لأنك انت الله»، 149-بەت.

ماشىنىڭىزنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ كېتىپ بارغاندا، بىرى قۇلىقىڭىزغا: «توختا!» دېگەندەكلا سەۋەبسىز توختايسىز ياكى بىردىنلا ئاستىلايسىز. ئالدىڭىزدا خەتەر بارلىقىنى كېيىن بىلىسىز ياكى مەڭگۈ بىلمەي قالىسىز. ئەمما، ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا سىزنى چوڭ بىر قازادىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. يولدا پىيادە كېتىۋېتىپ توساتتىن قەدىمىڭىزنى ئاستىلىتىسىز. كۆپ ئۆتمەيلا ئالدىڭىزدا تېيىلغاق يەر بارلىقىنى بىلىسىز ياكى پەقەت بىلمەي قالىسىز. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا سىزنى تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. خۇددى كۆڭلىڭىز بىر نەرسىنى تۇيغاندەكلا بوۋىقىڭىزنىڭ ياتىقىغا كىرىسىز. قارىسىڭىز بوۋىقىڭىز كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان بولۇپ، ناۋادا شۇ چاغدا كىرمىگەن بولسىڭىز، بوۋىقىڭىز قاتتىق يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ بوۋاقنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرىكىڭىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «شۈكرى رەببىم! ۋاقتىدا كۆرمىگەن بولسام، بالام قاتتىق يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەنتۇق» دەيسىز. تۇرمۇشىمىزدا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ھەر ۋاقىت زىيانلىق ئىشلاردىن پايدىلىق ئىشلارغا، خەتەرلىك جايلاردىن ئامانلىققا، قورقۇنچلاردىن خاتىرجەملىككە يېتەكلەپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى بىلەلمەيمىز؛ بەزىلىرىنى ئاڭقىرالساقمۇ، نۇرغۇنلىرىنى ھېس قىلمايمىز ۋە ئويلاپمۇ قويمايمىز.

تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۆيدىن چىقىش ۋە قايتىش يولىدا ئاللاھ تائالا بىزنى نۇرغۇن خەتەرلەردىن، زىيان-زەخمەتلەردىن ۋە بالا-قازالاردىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىزنى نۇرغۇن قېتىم يېگەن-ئىچكەنلىرىمىزدىن زەھەرلىنىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئانا قارنىدىكى بوۋاقنى ئەيىبناك تۇغۇلۇشتىن ساقلايدۇ. بىز بۇلارنىڭ مىڭدىن بىرىنى بىلىمىز ياكى پەقەت بىلمەي، ھېس قىلمايلا ئۆتۈپ كېتىمىز ھەتتا بۇ ھەقتە ئويلىنىپمۇ قويمايمىز. گويا شۇنداق بولۇشى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدەكلا ئويلاپ قالىمىز. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردۇر.

بىر بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر بوۋاقنىڭ ئەيىبناك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ئەلۋەتتە چوڭ. چۈنكى، بوۋاقنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلۇم جايلارغا يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدىغان ھالغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ». چۈنكى، (بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىسپاتلىغاندەك) بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە ھۈجەيرىلەردۇر. ھەربىر ھۈجەيرىدىكى ماددىلار بىزنىڭ تەن

قۇرۇلمىمىزنىڭ شەكلى، كۆزىمىزنىڭ ۋە چېچىمىزنىڭ رەڭگى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىمىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشىمىز قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكى كىچىككىنە بىر نورمالسىزلىقمۇ بوۋاقنىڭ ئەيىبناك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا خاتا فۇنكسىيەگە ئۇچرايدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بوۋاقلارنىڭ ئەيىبناك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن مەزكۇر خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، ھەر ئىش ئۆز يولىدا داۋاملىشىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، پاڭلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ قالىدىغان ئاشۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمىسا ئىدى، بىز ئەيىبسىز، بېجىرىم تۇغۇلۇشنى قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دەپ ئويلاپ خاتالاشقان بولاتتۇق. ئەمما، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بوۋاقلار ئەيىبناك تۇغۇلىدۇ؟ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئەيىبناك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىش ئارقىلىق بېجىرىم تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بېرىپ، مۇنداق دېمەكتە: «سېنىڭمۇ شۇنداق ئەيىبناك تۇغۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما سەن ئەيىبناك بولماي، بېجىرىم تۇغۇلدۇڭ. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۈستۈڭدىكى نېمەتلىرىم ۋە ھەققىم ئىنتايىن كۆپ».

## ئاللاھ تائالانىڭ ئەششەكۇر دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ئەششەكۇر ــ «بەندىلىرىنىڭ ئازراق ئەمەلىگىمۇ كۆپ مۇكاپات بەرگۈچى» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بەرگۈچى، بىرەر خەير ـ ئېھسانغا 700 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ بەرگۈچى كەرەملىك زاتتۇر.

ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ھەر خىل خاراكتېردىكى ئىنسانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، ئۆزىگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرنىمۇ رازى قىلماي قالمايدىغان ۋاپادار ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما، بۇ ھاياتتا «ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان» خاراكتېردىكى تۇزكور ئىنسانلار ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، سىز بىراۋغا شۇنچە كۆپ ياخشىلىق قىلغان بولىسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىق ياكى ھېچبولمىغاندا قۇرۇق رەھمەتكە چاغلىق بىرەر ئېغىز سۆزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشىڭىز ھەتتا ئالدىڭىزدا خۇشامەت قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئىنسانلارنىمۇ ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭ بۇنداقلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇلاردىن ئاغرىنىپ ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ. چۈنكى، سىزنىڭ ئۆمرىڭىز بۇنداقلارنى ئەيىبلەش ياكى تۇزكورلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئىسراپ قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن ئەمەس. شۇڭا، سىز ئۇلارنى رەببىگە قويۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. ئۇلار جاراھەت قىلغان قەلبىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن داۋالاڭ.

ئىنسانلار سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا تۇزكورلۇق قىلغان ياكى ياخشى كۆڭلىڭىزنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولسا، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بېرىدىغان ھەتتا ياخشى نىيەتلەرگىمۇ ساۋاب بېرىدىغان، ھېچقانداق ياخشى ئەمەلنى مۇكاپاتسىز قويمايدىغان كەرەملىك زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى «بەندىلىرىنىڭ ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بەرگۈچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئاز، سالىھ ئەمەلگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدۇ. سالىھ ئەمەل قۇرئان كەرىمدە ئىمان بىلەن يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن. سالىھ ئەمەلنىڭ چەك ـ چېگراسى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا رازى

بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى «سالىھ ئەمەل» دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىرىگە «ئەششەكۇر» دېگەن مۇشۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەيىبلىرىمىزنى ياپىدۇ، سالىھ ئەمەللىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، مۇكاپاتىنى كۆپەيتىدۇ، خالىس قىلىنغان ئاددىي بىر ئەمەلىمىزگە كۆپلەپ مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ، دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، بىزگە تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك، ھۇزۇر ھالاۋەت ئاتا قىلىدۇ، پۇل مېلىمىزغا ۋە پەرزەنتلىرىمىزگە بەرىكەت بېرىدۇ، بىزنى نۇرغۇن ئادەملەر ساق قالمىغان بالالاردىن ساقلايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرگە نېسىپ بولمىغان ھىدايەت يولىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، بىزنى ئۆز ھىمايىسىدە قوغدايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە «ئەششەكۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا لايىق بولۇشىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قايتۇرىدىغان كەرەملىك زات ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئەمەللەرنى ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھ يولىدا پۇل مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر»[1]. بىر تال ئۇرۇقنىڭ 700 ھەسسىگە كۆپىيىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كەرەمى ۋە ئۇنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ گەرچە ئاللاھ يولىدا پۇل مال سەرپ قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن مىسال بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا پۇل مال سەرپ قىلىشنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق سالىھ ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئەنە شۇنداق كۆپەيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كەرەمى بىلەن ھېسابلار ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بەزى ئەمەللەرگە ئون ھەسسە ماكاپات بېرىدۇ. ﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ...﴾ «كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ...»[2]. ئاللاھ تائالا بەزى ئەمەللەرگە ئالدىنقى ئايەتتە كەلگەندەك 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ. بەزى ئەمەللەرگە ھېچقانداق مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، مۇكاپات بېرىلمەيدىغان ئەمەللەر ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەردۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 261 ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 160 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئىككى ئالەملىك ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مىليارلارچە ئىنسانلارنىڭ دۇرۇد، سالاملىرىغا ۋە چىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرى ۋە مەرتىۋىلىرى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ئۆمرىنى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئاتىغان مەزكۇر پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپ ئەسىر ۋە زامانلاردا مەدھىيەلىنىش ۋە دىللاردا يادلىنىش بىلەن كۆرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا «ئەششەكۇر» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

## زەررىچىلىك ئەمەلنىمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ

بىرەر قېتىملىق ئىستىغپار، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ھەتتا يولدىكى بىرەر تىكەن چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋېتىش دېگەندەك تولىمۇ ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلارغىمۇ ئاللاھ تائالا ئالاھىدە مۇكاپات بېرىدۇ. زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىمۇ زايە بولۇپ كەتمەيدۇ. ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1]. «زەررە» ماددىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەر كۆرۈنمەس ئەڭ كىچىك بىرلىكى[2] بولۇپ، زەررىنى كۆرۈش قىيىن، ئەمما زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈش شەكسىز مۇقەررەردۇر. ئەنە شۇنداق زەررىچىلىك ئاددىي ئەمەلمۇ مال دۇنيا ۋە يۈز ئابرۇي ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدۇ. ئەسقاتقاندىمۇ بىرگە نەچچە يۈز ھەسسە بولۇپ ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، ياخشى ئىشنى كىچىك بولسىمۇ ئاددىي سانىغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: «بىر خورمىغا يەتمەيدىغان كىچىك نەرسىنى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىشقا تىرىشىڭلار» دېگەنلىكتۇر.



---

[1] زەلزەلە سۈرىسى، 7 8 ـ ئايەتلەر.

[2] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 563 ـ بەت.

[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مەسىلەن، ماشىنىڭىزدا كېتىۋېتىپ قىزىل چىراغدا توختىغاندا، قارشى تەرەپتىكىلەرنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ماشىنىڭىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈشىڭىز، قوشنىلارنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكىڭىزنى سىلىق يېپىشىڭىز، كېچىدە ئۆيگە كىرگەندە، ئۇخلىغانلارنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ئاستا كىرىشىڭىز، مەسجىدكە كىرگەندە، قېرىنداشلىرىڭىزغا كىشىلەر كىرىۋالسۇن دەپ ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشىڭىز، يامغۇر ياغقاندا ياكى سۇ چىقىپ كەتكەن يولدا ماڭغاندا، يول بويىدىكى كىشىلەرگە سۇ چاچراپ كەتمىسۇن دەپ ماشىنىڭىزنى ئاستا ھەيدىشىڭىز قاتارلىق ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلار (گەرچە كىشىلەر بۇ قىلغىنىڭىزنى ھېس قىلمىغان تەقدىردىمۇ) ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئەمەل بولۇپ، بۇ ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىمۇ كاتتا بولىدۇ. «ئىمان يەتمىش نەچچە (ياكى ئاتمىش نەچچە) شاخچە بولۇپ، ئەڭ ئەۋزىلى ‹لائىلاھە ئىللەللاھ›، ئەڭ ئاددىيسى يولدىن كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1] يەنى ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش بولسا، ئەڭ تۆۋەن پەللىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ مەنپەئەت مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مۇھىم بولغىنى بىزدە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك زىيانلاردىن قوغداش روھىنىڭ يېتىلىشىدۇر. مۇشۇ روھ يېتىلگەندە، ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن بولىدۇ.

## سالىھ ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ

ئاللاھ تائالا بەندىسىگە ئۆزىنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئەمەلىنى ھەسسىلەپ چوڭايتىپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇكاپاتىنىمۇ كاتتا قىلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ سەدىقىسىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى خۇددى تۆگە بالىسىنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ»[2].

ئۆلىمالاردىن بىرى تىجارەتتە كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ شەرقىيە رايونىدا ئاددىي ساددا ياشايدىغان بىر كىشى ئۆي ئېلىش ئۈچۈن، يىللاردىن بېرى ئايالى بىلەن ئىشلەپ پۇل يىغقان ئىكەن. بىر كۈنى جۈمە نامىزىدىكى خۇتبىدە: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىر مەسجىد بىنا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قەسىر بىنا قىلىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ ئايالىغا:

- بىز ئۆي ئېلىش ئۈچۈن يىغقان ئاشۇ پۇلغا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالساق قانداق دەيسىز؟ - دەيدۇ. ئايالى قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

- بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بارلىق پۇلنى مەسجىد بىنا قىلىشقا ئىئانە قىلىۋېتىپ، تىجارەت قىلىشقا باشلايدۇ. دەسلەپ ئاددىيغىنا بىر دۇكان ئاچىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپ پۇل تاپىدۇ ۋە دۇكاننى چوڭايتىپ، شىركەت قۇرىدۇ. يەنە كۆپ ئۆتمەي بىرقانچە يەردە شىركەتنىڭ شۆبىلىرىنى ئاچىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ شەرقىيەدىلا 13 شۆبىسى بار ئىكەن.

## سەدىقە پۇل-مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەدىقە قىلىش بىلەن پۇل مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ: «ئى بەندەم! بەرگىن، مەن ساڭا بېرىمەن»[3] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. سىز ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلىپ، بىر تىيىنغا چاغلىق پۇلنى بىرەر يوقسۇلنىڭ ئالقىنىغا قويغىنىڭىزدا، ئاللاھ تائالا سىزگە شۇ بىر تىيىننىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتىن بۇرۇن، مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىشكە باشلايدۇ. شۇ سەدىقە يۈزىسىدىن سىزگە بەرىكەت، تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك ۋە كۆتۈلمىگەن يەردىن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. مەلۇم بىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى ئالدىراپ جۈمەگە كېتىپ باراتتى. مەسجىدنىڭ ئالدىدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ياردەم توپلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ «رەببىمىز ‹بەرگىن، مەن ساڭا بېرىمەن› دەپ ۋەدە قىلدى، ياردەم قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يانچۇقىنى كولايدۇ. يانچۇقىدا ئاران بەش رىياللا پۇلى قالغان بولۇپ، ئۇ بارىنى ساندۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، گويا «ئى رەببىم! بەرگىن دېدىڭ، بار پۇلۇمنى بەردىم، ئەمدى سەن ماڭا بەرگەيسەن» دېگەندەك، خىيالچان ھالدا مەسجىدكە كىرىپ كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ كىرىپ:

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ـ ئاداش! ماڭا بىر خەيرىيەت جەمئىيىتىدىن پۇل كەپتۇ. بۇ ماڭا ئارتۇق. شۇڭا، ساڭا يېرىمىنى بېرەي، ـ دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، 2000 رىيال پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى توساتتىن بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكى چېقىلدى. ئايال ئالدىراپ چىقىپ قارىسا، بىر ھاجەتمەن تۇرغۇدەك. ئايال پارچە پۇل ئىزدەپ يانچۇقىنى كولىۋىدى، قولىغا 100 رىياللىق بىرلا قەغەز پۇل چىقتى. ئايال ئازراق ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، قولىدىكى 100 رىيالنى ھاجەتمەنگە بېرىۋەتتى ۋە: «ئى ئاللاھ! بىرگە ئوننى، بىرگە ئوننى» دېگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئېرى بىلەن ناشتا قىلايلى دەپ ئولتۇرۇشىغا ئۇستەلدە تۇرغان بىر كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى. بۇ چاغدا ئېرى ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن پوچتىدىن تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ كونۋېرتنى سۇندى. ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئايالنىڭ گېزىتكە ئەۋەتكەن بىر ماقالىسى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن 1000 رىيال مۇكاپات پۇلى ئىكەن. ئايالنىڭ ھاجەتمەنگە بەرگەن 100 رىيال سەدىقىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ئاتا قىلىپ، 1000 رىيال ئۇدۇللىغان ئىدى.

﴿وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنْفُسِكُمْ مِنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِنْدَ اللهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا﴾ «ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا مۇكاپات بولغان ھالدا تاپىسىلەر»[1]. ئەمەلىڭىز مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، مەيلى ئىنتايىن كىچىك بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇقى بىلەن تاپىسىز. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئەمەللىرىڭىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتكە ساقلاپ قويىدۇ. ئاخىرەتتىكىسى ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان پەيتىڭىزدە سىزگە ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، دۇنيالىققىلا باغلىنىپ قالماي، ئاخىرەتلىكنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش لازىم.



---

[1] مۇززەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەت.

# ئالاھ تائالانىڭ ئەششافىي دېگەن ئىسمى ھەققىدە

- بىرەر ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتامسىز؟
- جىسمانىي ياكى مەنىۋى كېسەللىكلىرىڭىزدىن خالاس بولۇشنى خالامسىز؟
- ھەقىقىي شىپالىق ئىزدەۋاتامسىز؟

ئۇنداقتا، ئاللاھ تائالانىڭ «الشافي» (ئەششافىي — شىپالىق بەرگۈچى) دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ، ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مۇبارەك ئىسمىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ، بالىچاقىلىرىڭىزنىڭ ياكى قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ رەنجىگە شىپا، دەردىگە داۋا تىلەڭ. ناۋادا ئاللاھ تائالا سىزگە ۋە سىز شىپالىق تىلىگەن كىشىلىرىڭىزگە ئۆزىنىڭ «ئەششافىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلسا، كېسەلدىن ئەسەر قالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كېسەللىكنى سالغۇچى، ئۇنىڭ شىپاسىنى، شىپا تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ياراتقۇچى ۋە خالىغان چاغدا سەۋەبلەردىن بىھاجەت قىلغۇچى زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا خالىسا، بىرەر سەۋەب بىلەنلا شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، ئەڭ ئاددىي سەۋەب بىلەنمۇ شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، سەۋەبسىزمۇ شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، قىلىنغان سەدىقە يۈزىسىدىن شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، تەۋبە ئىستىغپار سەۋەبلىك شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ سايىسىدە شىپالىق بېرىدۇ. خالىسا، بەندە ھېچ ئىش قىلمىسىمۇ، ئۆز پەزلىدىن شىپالىق بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شىپالىق بەرگۈچىدۇر.

توغرا، سەۋەب بىزدىن، شىپالىق ئاللاھ تائالادىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشنى خالىمىسا، ھەرقانچە سەۋەب قىلغان بىلەنمۇ بىكار. كېسەللەرگە ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشنى خالىمىسا، دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمايدۇ؛ ئەگەر ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشنى خالىسا، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ياكى ھېچبىر سەۋەب قىلماستىن ساقايتىدۇ. بىز ھەرقانداق كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. سەۋەب قىلىش دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى. كېسەللەر نورمالدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش ۋە داۋالىنىش بىلەن ساقىيىدۇ. ئەمما، بەزى كېسەللەر دۇئا بىلەن، بەزىسى سەدىقە بىلەن،

بەزىسى تەۋبە ئىستىغپار بىلەن ساقىيىپمۇ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب دائىرىسىگە كىرىدۇ.

كېسەللىك مەيلى ئېغىر ياكى يېنىك بولسۇن، ئىنسان ھاياتىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە تۈرى ھەر خىل بولىدۇ.

ئىنساندىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئۆلۈم بولسا، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك يوقىتىش كېسەللىكتۇر. چۈنكى، ئۆلۈم جاندىن ئايرىلىش بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىشتۇر. ئەمما، كېسەللىك ماغدۇردىن ئايرىلىش بولۇپ، ئەسلىگە كېلىش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. كېسەللىك بىر تەرەپتىن ئۆلۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، كېسەللىك ئىنساندىكى پائالىيەتچانلىقنى ئۆلتۈرۈپ، ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇشقا ياكى يېتىشقا مەجبۇر قىلغاندەك، ئۆلۈم ئىنساننى ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي توختىتىپ، قەبرىدە تا قىيامەتكە قەدەر يېتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئۆلۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيقۇ، كېسەللىك دېگەندەك. ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان ھەربىر ھايات باسقۇچى بىزگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن، ياشلىق بالىلىقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، قېرىلىق ياشلىقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن، ئىنسان بۇلارنى قىلچە ئويلاپ كۆرمەيدۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ، ئۆزىنى ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

كېسەلنى سالغۇچى ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭدىن شىپالىق بەرگۈچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېسەللىكنى ئىرادە قىلىشىدا كۆپلىگەن ھېكمەت ۋە سەۋەبلەر بار بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشى ۋە ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولۇشى ئەنە شۇ ھېكمەت ۋە سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىزنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇش، تەكەببۇرلۇقتىن ۋاز كەچكۈزۈش، كېسەللەرنىڭ ھالىغا يەتكۈزۈش، سەۋرىمىزنى ۋە رازىمەنلىكىمىزنى سىناش قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا بىزگە «ئەششافىي» (شىپالىق بەرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى شەرىپى بىلەن مۇئامىلە قىلغان چاغدا، بىزدە كېسەلدىن ئەسەر قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەر خىل يوللار بىلەن شىپالىق ئاتا قىلىدۇ. بەزىدە سەۋەب قىلدۇرۇپ شىپالىق بېرىدۇ، بەزىدە ئەڭ ئاددىي سەۋەب بىلەنمۇ شىپالىق بېرىدۇ، بەزىدە شەۋەبسىزمۇ شىپالىق بېرىدۇ. بەزىدە دۇئا بىلەن، بەزىدە تەۋبە ئىستىغپار

بىلەن، بەزىدە سەدىقە بىلەن نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپالىق ئاتا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. بىزدىكى «سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى يەر» دېگەن سۆزنىڭمۇ ئەلۋەتتە ھەقىقەتتىن دەلىلى بار.«يەتتىنچى ئاسمانغا سەپەر» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەللامە جابىر ئەففىي مەزكۇر ئەسىرىدە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلغان: «سەئۇدىي ئەرەبىستاندا بىر باي بۆرەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولۇپ، مىسىرغا بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بارىدۇ. مىسىرنىڭ مەلۇم بىر دوختۇرخانىسىدا ياتىدۇ ۋە بىر قىزنىڭ بۆرىكىنى سېلىشقا كېلىشىدۇ. ئەمما، بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى باشلىنىشتىن بۇرۇن، بۆرىكىنى ساتماقچى بولغان قىزنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە قىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈلىدۇ. قىز ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، باي ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۆرىكىنى ساتماقچى بولغانلىقىنى سورىغاندا، قىز: «مېنىڭ يېتىم ئېنى سىڭىللىرىم بار، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشى ۋە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجىمىز بار» دەيدۇ. باي بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق سىلكىنىدۇ. قاتتىق ئويغانغاندەك بولۇپ، بۆرەك ئالماشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە دەرھال ئوپېراتسىيەنى توختىتىپ، بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىشكەن 100 مىڭ رىيال پۇلنى مەزكۇر قىزغا بېرىۋېتىپ، دەرھال سەئۇدىي ئەرەبىستانغا قايتماقچى بولىدۇ. باي بالىلىرىنىڭ شۇنچىۋالا قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايلا قايتىپ كېتىدۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باي دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە باينىڭ بۆرىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. دوختۇرلار بۇنىڭغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باينى بۆرەك ئالماشتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلغان ۋە بۆرەكنىڭ پۈتۈنلەي كاردىن چىققانلىقىنى ئۇقتۇرغان دوختۇرلارنىڭ ئۆزى ئىكەن».

يەنە بىر كىتابتا ئوقۇغان بىر قىسسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بۇ، ياۋروپادا ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ قىسسىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدىم. ۋاقتىدا داۋالىتىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغاچقا، كېسىلىم ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ئىدى. دوختۇرلار مېنىڭ پەقەت بىرقانچە ئايلىقلا ئۆمرۈم قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەرەمگە بېرىپ، ئۆمرە قىلىپ، گۇناھلىرىم ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلاي دەپ مەككىگە باردىم. ئۆمرە قىلىش ئەسناسىدا مەندە ياشاشقا ئۈمىد پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدىمنى ئاللاھ تائالاغىلا باغلاپ دۇئا قىلدىم، كېسىلىمگە شىپالىق تىلىدىم. ھەرەمدىن قايتىپ كېلىپ بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرغا كۆرۈنگىلى باردىم. دوختۇر بىرقانچە خىل تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، مېنىڭ كېسىلىم

يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن دەماللىققا بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم. دوختۇر قايتا قايتا شۇنداقلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرىكىمدىن ھەمدۇسانا ئېيتتىم، سەجدىگە باش قويۇپ تۇرۇپ پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋېلىش ئۈچۈن نامازگاھ ئىزدەشكە باشلىدىم».

ئاللاھ تائالا «ئەششافي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، سەۋەبكە ئورۇن قالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇ چاغدا سەۋەبنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدۇ.شۇڭا، سىز چىن قەلبىڭىزدىن «ئى ئاللاھ!»، «يا شافي!» دەڭ. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان سالىھ ئەمەللىرىڭىزنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىم سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇڭ! يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىلغان مۇنۇ دۇئانى قىلىڭ: ﴿لاَ إِلَـهَ إِلاَّ أَنـتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِيْنَ﴾ «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سېنى (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تەرىپلەيمەن، ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[1]. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ دۇئاسىنى قىلىڭ: ﴿أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾ «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»[2].ئۆڭكۈرگە سولىنىپ قالغان مەزكۇر ئۈچ كىشىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان سالىھ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغاندەك، سىزمۇ ياخشى ئەمەللىرىڭىزنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىڭ!

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 87 ـ ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 83 ـ ئايەت.

# ئاللاھنىڭ ئەلھەفىيز دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ئەگەر ھاياتىڭىزنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن، تەن ساقلىقىڭىزنىڭ ياخشى بولالماسلىقىدىن، ئەھلى ئەۋلادىڭىزنىڭ كېلەچىكىدىن، يىراق جايلارغا ئوقۇشقا كەتكەن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يامان كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىپ، تۇيۇق يوللارغا كىرىپ كېتىشىدىن ياكى پۇل مېلىڭىزنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىسىڭىز، بىلىڭكى، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىڭىزنى يېڭىلاشقا موھتاج. چۈنكى، سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى، تەن ساقلىقىڭىزنى، ئەھلى ئەۋلادىڭىزنى، پۇل مېلىڭىزنى، يىغىپ ئېيتقاندا بارچە نەرسىڭىزنى زايە بولۇشتىن ساقلىغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا «خير الحافظين» (ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچى)، مۇبارەك ئىسىملىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلغان كىشىنى بارچە خەتەرلەردىن قوغدىغۇچى زاتتۇر. «بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ» «ئىسمىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

ئەللامە مۇھەممەد ناسىر سەئدىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ‹ئەلھەفىز› ئىسمى ئۇنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتنى قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خۇسۇسەن سالىھ بەندىلىرىنى گۇناھلاردىن ۋە ھالاكەتلەردىن ساقلايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بارلىق ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرىدا كامالى مېھرىبانلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ». ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى قوغدىغۇچىدۇر. شۇڭا، ھەربىر دۇئايىمىزدا: «اَللَّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ وَمِنْ خَلْفِي وَعَنْ يَمِيْنِي وَعن شِمَالِي وَمِنْ فَوْقِي وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي» «ئى ئاللاھ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈست تەرىپىمدىن قوغدىغىن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا سېغىنىپ ئاستى تەرىپىمدىن سۇيىقەستكە ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن»[2] دەپ تىلەيمىز. دېمەك، ئاللاھ تائالا سىزنى ئالتە تەرىپىڭىزدىن قوغداپ تۇرىدۇ، سىزنى ئۆزىڭىزمۇ ھېس قىلمىغان خەتەرلەردىن، ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ. چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا سىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىڭىزنى ئاغرىق سىلاقلاردىن ساقلايدۇ. شۇڭا، بىز ھەر ئەتىگەن ئاخشامدا: «اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر»[1] دەپ دۇئا قىلىمىز. بۇ دۇئانىڭ ئەھمىيىتى شۇنچىلىك زوركى، ناۋادا سىز كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، دۇنيا سىز ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىققا تولىدۇ، ھايات سىز ئۈچۈن ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ. ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ اللهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَارَكُمْ وَخَتَمَ عَلَى قُلُوبِكُمْ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللهِ يَأْتِيكُمْ بِهِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟»[2]. ئاللاھ تائالا كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىڭىزنى ھەر خىل ئاغرىق ۋە خەتەرلەردىن ساقلىغاندەك، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش ۋە غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشتەك ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەزالىرىڭىزنى ھارامدىن ساقلىمىسا، سىز گۇناھ مەئسىيەتلەردىن ئۆزىڭىزنى ساقلىيالمايسىز. ئاندىن قىيامەت كۈنى بۇ ئەزالىرىڭىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿حَتَّى إِذَا مَا جَاءُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَجُلُودُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[3].

ئاللاھ تائالا سىزنىڭ دىنىڭىز ۋە ئەقىدىڭىزنى ساقلايدۇ. شۇڭا، بىز ھەر دۇئايىمىزدا ۋە سەجدىلىرىمىزدە: «اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِيْنِكَ» «ئى دىللارنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ! دىلىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن»[4] دەپ تىلەيمىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە پىكرىڭىزنى ساقلىمىسا، ئېزىپ كېتىشىڭىز مۇقەررەر.

ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ. بەزى ئۆلىمالار ياشلىقىنى، ئۆمرىنى ۋە بارلىقىنى شەرئىي ئىلىمگە ئاتاپ، كۆپ يىل ئوقۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىنىنى، ئەقىدىسىنى ۋە پىكرىنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىمىغانلىقتىن، ئۇلار ئېزىپ كەتكەن؛ بەزىسى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بولسا، بەزىسى بىدئەتچى بولۇپ كەتكەن؛ يەنە بەزىسى ئوقۇغانلىرىنى زالىملارنىڭ ۋە

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 46-ئايەت.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى، 20-ئايەت.

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئاخىرەتلىكىنى يوق قىلغان. گەرچە سىزنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بىلىمىڭىز كۆپ بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا قۇلچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىسىز؛ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنى جايىدا ئادا قىلىۋاتىسىز؛ ھارام، گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىۋاتىسىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە ئەخلاقىڭىزنى ساقلىغان. بۇ ئەلۋەتتە كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا بىراۋغا ئۆزىنىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇنى ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ ۋە قوغدايدۇ. بۇ چاغدا بەندە ئۆزى ھېس قىلمىغان تۈرلۈك خەتەر ۋە ھالاكەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق ئابدۇللاھ قەسىمىي ئىسىملىك بىر ئالىم ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىسلام ۋە بۇددىزملىق» ناملىق كىتابى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەتتا بەزىلەر ئۇنى مۇشۇ كىتابى ئارقىلىق «جەننەتنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بولدى» دەپ ماختىغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئالىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ، مۇرتەدلىككىچە بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مانا بۇ ئېغىر يۈك» يەنى «ئىسلام ئەنە شۇنداق ئېغىر يۈكتۇر» دەپ بىر كىتاب يازغان. مۇشۇنداق ئېزىپ كەتكەن ئۆلىمالارمۇ ئاز ئەمەس. مىسىردا ئەلى جۇمئە، تۈركىيەدە ئەدنان ئوكتار، ياشار نۇرى قاتارلىقلارمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. جانابى ئاللاھ بۇنداق ئاقىۋەتتىن جىمى مۇسۇلمانلارنى ساقلىغاي، ئامىن!

ئاللاھ تائالا «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە ھەر نەرسىڭىزنى قوغدايدۇ. ناۋادا ئاللاھ تائالا سىزنى قوغدىمىسا، ھىمايە قىلمىسا، ھەرقانچە دېڭىزدەك مول ئىلمىڭىز، تەقۋادار قىياپەتتىكى يۈرۈش تۇرۇشىڭىز، مۇسۇلمانچە كىيىنىشىڭىز، «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئالغان، «سەھىھ بۇخارىي»نى سۇدەك بىلگەن بولۇشىڭىز قاتارلىقلارمۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا، بىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى ۋە باشقا گۈزەل ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ بىزنى ساقلىشىنى ۋە قوغدىشىنى تىلەشكە موھتاجمىز.

## ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر

﴿لَهُ مُعَقِّبَاتٌ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ يَحْفَظُونَهُ مِنْ أَمْرِ اللهِ﴾ «ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغداپ تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر

بار»[1]. ئاللاھ تائالا سىز ئۈچۈن تۆت پەرىشتىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن سىزنى كېچە كۈندۈزنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ۋە تۈرلۈك خەتەرلىرىدىن قوغداپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ھاياتىمىزنى خەتەردىن، تېنىمىزنى كېسەلدىن، ئەقىدىمىزنى ئازغۇنلۇقتىن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ساقلىغۇچىدۇر. شۇڭا، بىز ھەر ئەتىگىنى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق رىزىق ئىشىكىنى قېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولغاندا، ئۆيدە قالغان بالىچاقىلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. دوستلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىز ۋە بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق كىشىمىز بىلەن خوشلاشقان چاغدا، يەنە «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. پەرزەنتلىرىمىزنى مەكتەپكە يولغا سالغاندا ياكى يىراق جايلارغا ئەۋەتكەندە، يەنە «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. چۈنكى، دىنىمىز بىزنى شۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَسْتَوْدِعُكُمُ اللهَ الَّذِي لاَ تَضِيْعُ وَدَائِعُهُ» «سىلەرنى قويۇلغان ئامانەتنى قەتئىي زايە قىلىۋەتمەيدىغان زات — ئاللاھقا ئامانەت قىلدىم»[2] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

### ئاللاھ تائالا ساقلىغان كىشىگە ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

2016-يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە ئائىز قەرنىي فىلىپپىندا سۆيىقەستكە ئۇچرىغاندا، يۈرىكىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئالتە پاي ئوق ئۇنى ئۆلتۈرەلمىدى. شۇ ۋەقە سۈرەتكە ئېلىنغان نەق مەيدان كۆرۈنۈشىدە ئاشكارا بولۇشىچە، ئەللامە ئائىز قەرنىيگە ئوق ئاتقان كىشى بىر مېتىر ئارىلىقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئالتە پاي ئوق ئاتقان، ئەمما ئائىز قەرنىي ھېچقانداق قوغدىنىش تەدبىرى بولمىغان ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ، ئۆلۈمدىن ئامان قالغان. 1963 يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكا رەئىسى جون كېنىدى قەستكە ئۇچرىغاندا، ئۇ مەخسۇس ياسالغان ئوق ئۆتمەس ئاپتوموبىلدا كېتىۋاتاتتى، ئەتراپىدا كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما، جون كېنىدى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆلدى.

ئەللامە ئائىز قەرنىي مەزكۇر سۆيىقەستتىن ئامان قالغاندىن كېيىنكى باياناتىدا، «مەن ئەتىگەنلىك ۋەزىپىنى (زىكىر ۋە دۇئالىرىمنى) تولۇق ئوقۇپ يولغا چىققان ئىدىم» دېگەن. بۇ ۋەقەلىك ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىسىنى، ئەتىگەن ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ساۋاقتۇر. بىزنىڭ ئۆلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىق دۇئالىرىمىز ئىچىدە: «بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَيَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي

---

[1] رەئد سۈرىسى، 11-ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ» «ئىسمىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇشنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مۇنداق تەلىم بەرگەن: «يا غُلامُ، إنِّي أعلِّمُكَ كلِماتٍ، احفَظِ اللهَ يحفَظكَ، احفَظِ اللهَ تَجِدْهُ تجاهَكَ، إذا سأَلتَ فاسأَلِ اللهَ، وإذا استعَنتَ فاستَعِن باللهِ» «ئى بالام! مەن ساڭا بىرقانچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، ئاللاھنىڭ ئەمر پەرمانلىرىغا رىئايە قىلغىنىكى، ئاللاھ سېنى قوغدايدۇ؛ ئاللاھ بېكىتكەن چەك چېگرالارغا ئەمەل قىلغىنىكى، ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلىدۇ؛ باياشاتلىق كۈنلىرىڭدە ئاللاھنى ئۇنتۇمىغىنىكى، ئاللاھمۇ سېنى قاتتىق كۈنلىرىڭدە ئۇنتۇمايدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا بەندىسىنى قوغداشنى خالىسا، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قوغدايدۇ. كۇۋەيتلىك دەۋەتچى ئەللامە ئابدۇرراھمان سەمەت دېگەن كىشى 25 يىللىق ھاياتىنى ئافرىقىدا كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئاتىدى. مۇھىت ۋە ئىچىملىك سۇ قاتارلىقلارنىڭ ناچارلىقى، يىلان، چايانلارنىڭ كۆپلۈكى، يېمەك ئىچمەكنىڭ قىسلىقى قاتارلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. نەچچە قېتىم يىلان چېقىۋالدى، نەچچە ئون قېتىم ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇرخانىلاردا يېتىپ قالدى. ئەمما، ئاخىرقى ئۆمرىدە كۇۋەيتكە قايتىپ، ئۆز ئۆيىدە جان ئۈزدى. ئاللاھ تائالا ساقلاشنى خالىسا، ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە بەندىلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولى ئارقىلىقمۇ ساقلايدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر كۈنى بىرقانچە نەپەر ئوغرى بىر ئائىلىگە ئوغرىلىققا كىرگەن بولۇپ، ئاۋۋال بوۋاق ياتقان ئۆيگە كىرىدۇ، ئاندىن بوۋاقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، باشقا بىر خانىغا يۆتكەپ قويىدۇ، شۇ جەرياندا بوۋاق ئويغىنىپ كېتىپ، قاتتىق يىغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ ئاتا ئانىسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بوۋاق يىغلىغان خانە تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئوغرىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بوۋاقنىڭ ئاتا ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاستاغىنا تاقىۋېتىپ، ئەمدىلا ياتاقنى ئاختۇرايلى دەپ تۇرغان پەيتتە، ياتاق ئۆينىڭ تورۇسى چۈشۈپ كېتىپ، ئوغرىلار شۇ جايدىلا جان بېرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى بولسا ھەممىسى سالامەت قالىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئائىلە كىشىلىرىنى تورۇس بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشنى، ئوغرىلارنىڭ شۇ يەردە جېنىنى ئېلىشنى ئىرادە قىلغان.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

## ئاللاھ تائالا ھەر لەھزىدە سىزنى قوغداپ تۇرىدۇ

سىزنى ھەر لەھزىدە كىمنىڭ قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەتتا ھەر لەھزە ئىچىدە يۈزلەرچە قېتىم تۈرلۈك خەتەرلەردىن سىزنى كىم ساقلايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزگە ھەقىقەتەن يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، سىز تېخى ھېس قىلمىغان ۋە ئويلاپمۇ قويمىغان نۇرغۇن بالايى-ئاپەتلەردىن، تۈرلۈك خەتەرلەردىن سىزنى قوغداپ تۇرىۋاتقان زاتنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئاللاھ تائالادۇر.

سىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئاللاھ تائالا سىزنى ھەر خىل خەتەرلەردىن ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، يۈرىكىڭىزنى توختاپ قېلىشتىن، تومۇرلىرىڭىزنى توسۇلۇپ قېلىشتىن، ئەقلىڭىزنى يوقىلىپ كېتىشتىن، بۆرەكلىرىڭىزنى ئىشلەشتىن توختاپ قېلىشتىن، نېرۋىڭىزنى چېچىلىشتىن، بېشىڭىزنى ئاغرىشتىن، ئاشقازىنىڭىزنى يارىدىن، پۇت قوللىرىڭىزنى ھەرىكەتسىزلىكتىن، كۆزىڭىزنى ئەماللىقتىن، قولىقىڭىزنى گاسلىقتىن، تىلىڭىزنى گاچىلىقتىن ۋە يامان گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلايدۇ. مەزكۇر ئەزالىرىڭىزنىڭ بىرەرسىدىن چاتاق چىقسا، خۇشاللىقىڭىز ماتەمگە، كۈندۈزىڭىز كېچىگە، ھاياتىڭىز جەھەننەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، بىز ھەر لەھزىدە بەھرىلىنىۋاتقان نېمەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئەزالىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ لەھزىنىڭ ئىچىدىمۇ ۋە كېيىنمۇ ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ. شۇڭا، بىز ھەر لەھزىدە ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىشكە ۋە ئەمەلىي ئىش ھەرىكەتلىرىمىز ئارقىلىق مىننەتدارلىقىمىزنى ئىپادىلەشكە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشىمىز لازىم.

## ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ساقلىغۇچىدۇر

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى تۈرلۈك تەدبىر ۋە چارىلەر بىلەن قوغدايدۇ. ھەربىر مەخلۇقاتقا ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان قوغدىنىش قوراللىرى ئاتا قىلغان بولۇپ، كىيىك ۋە توشقانغا ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنى تېز يۈگۈرۈش قۇدرىتى ئاتا قىلىش ئارقىلىق قوغدايدۇ، كالىغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئۈسۈش كۈچى ئاتا قىلىش ئارقىلىق قوغدايدۇ، پىلغا ئوخشاش ھايۋانلارنى يوغان بەستى بىلەن كۆشەندىلىرىنى قورقۇتۇش ئىقتىدارى ئاتا قىلىش ئارقىلىق قوغدايدۇ، يىلانغا ئوخشاش بەزى جانلىقلارنى جىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغان زەھەر سايىسىدە قوغدايدۇ، قۇشلارنى قانىتىغا تايىنىپ ئۇچۇشنى ئىلھام قىلىش ئارقىلىق ساقلايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا ھەربىر ھايۋانغا كۆشەندىلىرىگە قارشى ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغان.

## دۇئا بىلەن سەۋەب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس

ھەرقانداق يامانلىقتىن قوغدىنىش، خەتەرلەردىن ساقلىنىش ۋە ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. سەۋەب بىلەن دۇئا خۇددى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىزنى كۆزلىگەن مەنزىللەرگە يەتكۈزىدۇ ۋە كېلىشمەسلىكلەردىن قوغدايدۇ. ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇغان ئادەم بىلىدۇكى، ئۇ زات ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن سەۋەب قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قورالنى تەڭ قوللانغان، ھەرگىز سەۋەبكىلا ئىشىنىپ كېتىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالمىغان ياكى ئاللاھ تائالاغا تايىنىشنى باھانە قىلىپ سەۋەبنى قولدىن بەرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھىجرەتكە ئاتلانغان چاغدا قىلغان ئىشلىرى بىزگە مۇشۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىككىيلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، مال دۇنيا بەدىلىگە ئۆزلىرىنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا تۇتۇپ بېرىدىغانلارغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، قەيلۇلە (چۈشتە ھەممە ئادەم ئۇخلاپ ئارام ئالىدىغان ۋاقىت) نى تاللىغان، ئاندىن مەدىنىگە قارشى يۆلىنىشتىكى بىر يولغا مېڭىپ، سەۋر غارىغا يوشۇرۇنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغان ۋە ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاۋۋال سەۋەب قىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا تايانغان. ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەن مۇشرىك ئايغاقچىلىرى غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەبۇ بەكرىنىڭ بىرئاز قورققانلىقىنى ھېس قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ بەكرى! بىزنى ئىككىلا كىشى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ياق، بىز ئۈچ (يەنى ئاللاھ بىز بىلەن بىللە)» دېگەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەدىنىگە سالامەت بارغان. «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزىنى ﴿لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللّٰهَ مَعَنَا﴾ «غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»[1] دېگەن ئايەت بىلەن ئىپادىلىگەن.

ئەسھابۇلكەھف ئىمانىنى ساقلاش يولىدا زالىم پادىشاھنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇشقا بەل باغلىدى، ئاندىن شۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىپ ئۆڭكۈرگە سىغىندى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆڭكۈردە 309 يىل ئۇخلىتىپ قويۇش ئارقىلىق قوغدىدى.

[1] تەۋبە سۈرىسى، 40-ئايەت.

## ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ

﴿إِنَّ اللّٰهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئاللاھ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ»[1]. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ياشىغان ۋە ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى قوغدايدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن مۆئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوغدايدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارغا ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى قوغدىماقچى بولغاندا، ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار ۋە ھەر خىل چارە تەدبىرلەر بىلەن قوغدايدۇ، بەزىدە ئۇلارنى قورال ۋە ئەسكەر كۈچىدە ئۈستۈن قىلىش ئارقىلىق، بەزىدە مەنىۋى قۇۋۋەت ئارقىلىق، بەزىدە دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ﴾ «مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن»[2] دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق سۇسلاشقان، دۇنيا قايغۇسى ئاخىرەت قايغۇسىنى بېسىپ چۈشكەن، مۇسۇلمانلىق شەكىلدىلا قالغان، رىياكارلىق بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى تولىمۇ يىراقتۇر.

## مۇناجات:

ئى رەببىم! سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ، خەلقىمنىڭ مەنپەئەتلىنىشىنى كۆزلەپ يازغان مۇشۇ يازمامنى ۋەسىلە قىلىپ سەندىن شۇنى تىلەيمەنكى، مەن ئەھلى ئەۋلادىمنى ئۆزۈم يېنىدا بىللە بولالمىغان بىر مەملىكەتكە ئەۋەتتىم. ئى رەببىم! ئۇلارنى ھىمايەڭدە ساقلىغىن، ئۇلارغا «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنى بارلىق بالايى قازالاردىن قوغدىغىن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ۋە دىنىنى ساڭا ئامانەت قىلدىم. چۈنكى، «سەن مۇساپىرلارنىڭ مەدەتكارى، ئۆيدە قالغانلارنىڭ ھىماتچىسىسەن»[3]، «ئامانەتنى قەتئىي زايە قىلىۋەتمەيدىغان زاتسەن»[4].

[1] ھەج سۈرىسى، 38 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 12 ـ ئايەت.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

# ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيلى

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەربىر مۇسۇلماننى قايغۇغا سالماي قالمايدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆندىلىك خەۋەرلىرىدە ئۆلۈم، پارتلاش، يارىلىنىش، ئېزىلىش، بۇزەك قىلىنىش، خارلىنىش قاتارلىق ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەردىن باشقا نەرسە يوق. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن، ئۆز ئىچىدىكى غەۋغالار بىلەن قان تۆكۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كاپىرلارنىڭ زۇلمى، خارلاشلىرى، ئېزىشلىرى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن خورلۇق ۋە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىماقتا. لېكىن، مۇئمىن ئادەم ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنىڭ قولدىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَيْأَسُوا مِنْ رَوْحِ اللهِ إِنَّهُ لَا يَيْأَسُ مِنْ رَوْحِ اللهِ إِلَّا الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ»[1].

بۇ ئەھۋال ھەربىر مۇسۇلماننى ئويلىنىشقا، چىقىش يولى ئىزدەشكە ۋە «زادى خاتالىق نەدە؟ بىز نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا قىستايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئەزىز قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئاسايىشلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً﴾ «ئەر ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز»[2]؛ ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز»[3]؛ ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىكتۇر».[4]

[1] يۈسۈف سۈرىسى، 87 - ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى، 97 - ئايەت.

[3] غافىر سۈرىسى، 51 - ئايەت.

[4] رۇم سۈرىسى، 47 - ئايەت.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇنىمۇ بىلدۈرۈپ: «ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»[1] دېگەن. «بۇ ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇ ۋەدىلەر ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشقان. بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىز. چۈنكى، ھەركىم بىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە خۇددى ھازىرقىدەك ئاجىز، چارىسىز ئىدى. پەيغەمبىرىمىز دەسلەپتە بۇ دىننى تۆت كىشى بىلەن دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. بۇ چاغلاردا كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك زۇلۇملارنى سالغان ۋە ئۇلارنى ئادەم تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە قاتتىق قىينىغان، نۇرغۇنلىرىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىلال، ئەممار، سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قىسسىسى ھەممىمىزگە مەلۇم. پەيغەمبىرىمىز 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى زۇلۇم، قىينىلىش ۋە بوزەك قىلىنىشلار ئاستىدا ئۆتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە ۋە شۇ چاغدىكى مۇئمىنلەرگە بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم غەلىبە ۋە نۇسرەت بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەن، شۇنىڭدەك، يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قىيىنچىلىقلارغا، جەبىر زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ قولدىن بەرمىگەن. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەزگەن، بوزەك قىلغان، ھەق ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن، كۇفرى ۋە زۇلۇم تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىمان ۋە ئادالەت ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قۇدرەت تېپىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈمران بولغان.

## غەلىبە ئاسان قولغا كەلمەيدۇ

مۇسۇلمانلار بۇ غەلىبىگە ئاسانلا ئېرىشمىگەن، نۇسرەت ئۇلارغا بىر كۈندىلا كېلىپ قالمىغان ئىدى. ئۇلار خەندەك ئۇرۇشىدەك ئەڭ قىيىن ئۇرۇشتىمۇ كەينىگە قايتمىدى، قەتئىي بوشاشمىدى. ئۇ چاغدا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان، ھاۋا قاتتىق سوغۇق، ئاچلىق ۋە سۇسىزلىق دېگەندەك بىر قاتار قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئورىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەلىبە ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگەن ۋە مۇنۇ ئايەتنى

[1] رۇم سۈرىسى، 6-ئايەت.

چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى روھلاندۇرغان: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللهِ قَرِيبٌ﴾ «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر) نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟ دەيدىغان دەرىجىدە تولغىنىپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1]. راستتىنلا ئۇلارنىڭ بېشىغا ئادەم تاقەت قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلار كەلگەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللهِ الظُّنُونَا. هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن چاغدا، كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. ئەنە شۇ يەردە مۇئمىنلەر سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋە قاتتىق بىر سىلكىنىش بىلەن سىلكىنگەن ئىدى»[2].

دېمەك، ئۇلار قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەندى، سەۋەبىنىمۇ قولدىن بەرمىدى، ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇردى. نەتىجىدە غەلىبىگە ئېرىشتى.



### ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاس

شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلىرىدە «مۇئمىن» سۆزىنى قوللانغان. يەنى بۇ ۋەدىلەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىنلەرگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلغان كىشىلەرگە بەرگەن. مەلۇمكى، «مۇئمىن» بىلەن «مۇسۇلمان»نىڭ ئارىسىدا پەرق بار. ھەر ئىككىلىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرگە ئىشلىتىلسىمۇ، ھەرقانداق مۇسۇلمان مۇئمىن بولالمايدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىن مۇسۇلمان بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئومۇم ۋە خاسلىق پەرقى بار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ﴾ «سەھرالىق ئەرەبلەر: ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ،

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 214 - ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى، 10 11 - ئايەتلەر.

ئېيتقىنكى، سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن ‹مۇسۇلمان بولدۇق› دەڭلار، ئىمان تېخى قەلبىڭلارغا يەرلەشمىدى»[1].

شۇڭا، بىز كەمچىلىكنى دىنىمىزدىن ئىزدىمەي، ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە. قاچانكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە لايىق بولىدىكەنمىز، نۇسرەت ۋە غەلىبە بىزنى تاپىدۇ. شۇڭا، بىز ئىمانىمىزنى دەڭسەپ كۆرەيلى، ساھابىلەرنىڭ ئىمانىغا سېلىشتۇرۇپ باقايلى، دىنىمىزنىڭ تارازىسىغا سېلىپ باقايلى. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەلىپىگە لايىق مۇئمىن بولالمىغانلىقىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىمىز.

## بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشكە موھتاج

بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشكە موھتاجمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى: ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾ «سەۋر قىلىش ۋە ناماز بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار»[2] دەپ بۇيرۇغان. مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ۋە دوگما ھالەتتىلا چۈشىنىۋالىدۇ. شۇڭا، «سەۋر قىلىڭ» دېسە، «زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىققە باش ئېگىپ ياشاڭ» دېگەنلىك دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما، «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمەيدۇ. «سەۋر» دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم»دە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ بىرى. بۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىدىن بولسا كېرەك. سەۋرنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش» مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئىككىنچىسى، «ساقلاش ۋە كۈتۈش» مەنىسىدىكى سەۋر؛ ئۈچىنچىسى، «قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش» مەنىسىدىكى سەۋر؛ تۆتىنچىسى، «چىدامچان بولۇش» مەنىسىدىكى سەۋردۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُوا أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى «سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپات بېرىمىز»[3] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئايەتتۇر. «سەۋر ۋە ناماز بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار» دېگەن ئايەتتىكى «سەۋر» چىدامچان بولۇش مەنىسىدىكى سەۋردۇر.

شۇڭا، بىز چىدامچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق پارلاق

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 45 - ئايەت.

[3] نەھل سۈرىسى، 16 - ئايەت.

كېلەچەك ئۈچۈن هارماي تىرىشىشىمىز كېرەك. ئىسلامنىڭ كېلەچىكى ھەقىقەتەن پارلاقتۇر. زۇلۇم داۋام قىلمايدۇ، كېچىدىن كېيىن كۈندۈز بولغاندەك، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن كېيىنمۇ چوقۇم ئوڭايلىق بار. ئاللاھ تائالا: ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾ يەنى «ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشەققەتنىڭ يېنىدا بىر ئوڭايلىق بار»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلگىنكى، غەلىبە چىدامچانلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ»[2] دېگەن. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِكَ فَصَبَرُوا عَلَى مَا كُذِّبُوا وَأُوذُوا حَتَّى أَتَاهُمْ نَصْرُنَا﴾ «سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى»[3]. ئەمما، شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئىلگىرىكى سائادەت دەۋرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى ئۈنچىۋالا ئوڭايغا توختىمىغان. بۇ ياردەم ئۇلارغا دۇئا بىلەنلا كەلگەن ئەمەس، بەلكى چىدامچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن، ئىزچىل تىرىشىش نەتىجىسىدە كەلگەن. ئۇلار ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە جاپا مۇشەققەتلەر چېكىگە يەتكەنلىكتىن: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېيىشىپ كەتكەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى يېقىندۇر» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان ۋە ئۇزۇنغا قالماي ۋەدە قىلىنغان ياردەمنى ئاتا قىلغان.



[1] شەرھ سۈرىسى، 5-ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئەنئام سۈرىسى، 34-ئايەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مەنىسىنى بىلىش ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىسى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغاندا، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە دۇئادا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانى گۈزەل ئىسىم -سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاشنى ۋە چاقىرىشنى ئۆگەتكەن: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[1].

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش قايغۇغا تەسەللى، قىيىنچىلىقتا چىقىش يولى، قورقۇنچقا ئامانلىق، ئاجىزلىققا كۈچ قۇۋۋەت، يوقسۇللۇققا چارە، ئۈمىدسىزلىككە ئۈمىد بېغىشلايدىغان بىردىنبىر مەنبەدۇر. پادىشاھتىن پۇقراغىچە، ئالىمدىن ئاۋامغىچە، بايدىن يوقسۇلغىچە ھەممە ئاللاھ تائالاغا موھتاج، ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بېشىغا قاتتىق كۈن كەلگەندە ئىختىيارسىز ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىدۇ. پىرئەۋن ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەببىڭلار بولىمەن»[2] دېگەن. دېڭىزدا غەرق بولۇش ئالدىدا ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىپ: ﴿آمَنْتُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم»[3] دېگەن.

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى سانىسا، جەننەتكە كىرىدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمدى، ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 180 - ئايەت.

[2] نازىئات سۈرىسى، 24 - ئايەت.

[3] يۇنۇس سۈرىسى، 90 - ئايەت.

[4] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ:

(1) «سانىنى سانىسا ۋە تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇسا» دېگەنلىك بولۇپ، تىلى ۋە قەلبى بىلەن ئۇلارنى زىكىر قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

(2) «مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتسا ۋە ئېتىقاد قىلسا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بىراۋ: «ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. ناۋادا بىراۋ «ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەققىگە ئېگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشكە داۋام قىلىدۇ.

(3) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش. بۇ، ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش ۋە ئۇنى ياد ئېتىش؛ ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى سوراش قاتارلىقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق سانىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى پەقەت ئىسىم سۈپەتلىرى بىلەنلا مۇكەممەل تونۇغىلى بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىيە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇشتىن مۇھىم ھاجىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى تونۇشتىن باشقا يول يوقتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى ۋە تولۇق بىلسە، ئاللاھ تائالانىمۇ شۇنچىلىك ياخشى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلمىگەن كىشى ئاللاھ تائالانىمۇ بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلمىگەن ئادەم ئەمەل ئىبادەتلەرنىمۇ تەلەپكە لايىق ئورۇندىيالمايدۇ. مەسىلەن، بىراۋ قىزنى بىرىگە ياتلىق قىلماقچى بولسا، قىزنى بەرمەكچى بولغان يىگىتنى يېقىندىن تونۇشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئىگىمىز. بىز ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىدىن قورقىمىز. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش ھەممىدىن

---

[1] «طريق هجرتين».

مۇھىمدۇر»[1].

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، رەببىڭنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگىن دېگەندە، ئاللاھ تائالا ﴿قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ. اللّٰهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ» دېگەن ئىخلاس سۈرىسىنى نازىل قىلغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا ئاللاھ تائالانى تونۇش ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى، بۇيرۇغۇچىنى ۋە توسقۇچىنى بىلمىگەن ئادەم ئىتائەت قىلمايدۇ، ئۇنى قانچىلىك ياخشى بىلگەن كىشىنىڭ ئىتائەتمەنلىكى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال دەۋەت قىلىدىغان ئىشىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئاللاھنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن؛ ئۇلار ئۇنىمۇ ئورۇندىسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن»[2].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلِلّٰهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[3] دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن»[4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لاَ إِلَهَ

[1] «الحجة في بيان المحجة».
[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئەئراف سۈرىسى، 180 - ئايەت.
[4] غافىر سۈرىسى، 60 - ئايەت.

إِلَّا أَنْتَ» «ئى ئاللاھ! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن، بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر»[1]؛ «اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلاَءَ حُزْنِي وَذِهَابَ هَمِّي» «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن. تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. مېنىڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىڭ ھەر زامان يۈرگۈچى ۋە ئادالەتىنىڭ ئۆزىدۇر. ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ ئاتىغان، كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن، بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا بىزلەرگە بىلدۈرمىگەن بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاسىتە قىلىپ سەندىن قۇرئان كەرىمنى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى سورايمەن»[2].

ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلىش بارچە غەم قايغۇلارنىڭ يوقىلىشىغا ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ يولىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر جايغا قوشۇن ئەۋەتكەن بولۇپ، قوشۇنغا ئىمام بولغان كىشى نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇغان. قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار» دېگەن. ئۇلار ھېلىقى ئادەمدىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ جاۋابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئاللاھمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ»[3] دېگەن.

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ ۋە كۆرۈشنى ئارزۇ

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

قىلىدۇ. چۈنكى، مۇئمىنلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلىغاندا، ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ ھەتتا ئاللاھ تائالادىن مۇنداق تىلەيدۇ: ﴿وَلَمَّا جَاءَ مُوسَى لِمِيقَاتِنَا وَكَلَّمَهُ رَبُّهُ قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنْظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَنْ تَرَانِي وَلَكِنِ انْظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَى صَعِقًا فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي، دېدى. ئاللاھ: سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن. لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن، دېدى. رەببى تاغقا ئۆز نۇرىنى غىل پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: (ئى رەببىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە ساڭا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسىمەن، دېدى»[1].

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى تولۇق بىلگەن كىشى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى بىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى دېگەن سۈپىتىنى بىلەلىگەن ئادەم ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[2]. ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رىزىق بېرىشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾ «يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان»[3]. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ نەقەدەر جاھىل ، نادان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[4].

شۇڭا، «ئۆزىنى تونۇغان ئادەم رەببىنى تونۇيدۇ» دەپ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى بارلىق گۈزەل سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، كەمچىلىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشى ۋە ئىخلاسى ئاشىدۇ، ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ ۋە

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 143 ـ ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.

[3] ھۇد سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

[4] بەقەرە سۈرىسى، 216 ـ ئايەت.

ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش تەقۋادارلىققا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى بىلىش ئۇنىڭدىن قورقۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، شۇنىڭدەك ئاللاھنى بىلمەسلىك مەغرۇرلۇق ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[1]. ئىنسان ئاللاھ تائالانى قانچىلىك مۇكەممەل تونۇسا، تەقۋالىقى شۇنچىلىك ئاشىدۇ؛ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى بىلسە، ئەقىدىسى شۇنچىلىك مۇستەھكەم بولىدۇ. ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئەڭ قورقىدىغان زات ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ قورقىدىغان بىرىمەن»[3] دېگەن.

8. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش گۇناھ مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش ۋە تائەت ئىبادەتكە بېرىلىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى، رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە مۇكاپاتىنىڭ موللۇقىنى بىلگەن كىشى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ خۇددى ئىش ئورنىدىكى باشلىقىنىڭ ھەرقانداق كەمچىلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغان، ياخشى ئىشلىگەنلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ باشلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگىنىگە ئوخشايدۇ.

9. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىش گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى رەھىم شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە رەھىم -شەپقەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا رەھىم شەپقەتلىك بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن كەرەملىك، سېخىي زات ئىكەنلىكىنى ۋە سېخىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىدە سېخىلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ.



[1] «مفتاح دار السعادة».

[2] فاتىر سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ھاياتىڭىزنىڭ رەھىمسىزلىكى سىزنى قىيناپ قويدىمۇ؟ تۇرمۇشىڭىزنىڭ قاتتىقچىلىقى بىلىكىڭىزنى ئېگىپ قويدىمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى دىلىڭىزنى رەنجىتتىمۇ ؟ ئەقىلسىزلەرنىڭ تەنتەكلىكى كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلدىمۇ ؟

سىز راستتىنلا دەردلىرىڭىزگە شىپا، كۆڭلىڭىزگە تەسەللى ئىستەمسىز؟ قەلب جاراھەتلىرىڭىزگە مەلھەم خالامسىز؟ ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇڭ، بۇ ئىسمىغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ، بارلىق يارىلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئىسمى بىلەن تېڭىڭ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسمى «بەندىلىرىنىڭ قەلب يارىلىرىنى تاڭغۇچى»، «ھەر خىل ئاغرىقلىرىغا شىپالىق بەرگۈچى» ۋە «دىللىرىغا تەسەللى بەرگۈچى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەرەب تىلىدا تېڭىقنى «جَبِرَة»، تاڭغۇچىنى «جابىر» دەيدۇ. «جەببار» دېگەن سۆز «جابىر» دېگەن سۆزنىڭ مۇبالىغە شەكلى بولۇپ، «ھەمىشە تاڭغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىدە كەلگەن:

1. «رەھىم شەپقەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈش» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاجىزلارنى يۆلەيدىغانلىقىنى، رەنجىگەنلەرنىڭ قەلب يارىلىرىنى رەھىم شەپقىتى بىلەن تاڭىدىغانلىقىنى، كېسەللىرىگە ۋە بارلىق دەردلىرىگە شىپالىق بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مۇبارەك ئىسمى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئوڭايلىق بېرىدۇ. شۇڭا، بىز نامازلىرىمىزدىكى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

2. «كۈچ قۇۋۋەت» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئىنسانلارنى ئەزگەن ۋە مۇشتۇمزورلۇق قىلغان زالىملارنى ئاللاھ تائالانىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ جازالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. «ئۈستۈنلۈك» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جىمى مەخلۇقاتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا رەھىم شەپقىتى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جاراھەتلىرىنى تاڭغۇچى، شىپالىق بەرگۈچى ۋە كۆڭۈللەرگە تەسەللى بەرگۈچى زاتتۇر. ئىنساننىڭ بېشىغا يىقىلىپ ياكى تېيىلىپ كېتىشتەك كېلىشمەسلىكلەر كەلگەندە، بەزىدە ئۇستىخانلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ. ئەمما، ئاھانەت، دىل ئازارى، شەپقەتسىزلىك، خىيانەت قاتارلىق قىلمىشلارغا ئۇچرىغاندا، ئىنساننىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، دىللىرى سۇنىدۇ. يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغان كىشىلەرنىڭ دەردىنى يەنە شۇلارغا ئوخشاش يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغانلار بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ھەر تۈرلۈك سۇنۇقلىرىنى«تاڭغۇچى»، «ئاسرىغۇچى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئەلجەببار» دەيدىغان مۇبارەك ئىسمى بىلەن داۋالايدۇ.

ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكى، دۇنيا ھەلەكچىلىكى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى قاتارلىقلار بېلىنى پۈككەن، كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېلىنى ئاللاھ تائالا ئۆز شەپقىتى بىلەن رۇسلايدۇ، كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا يوقسۇللارغا ياردەم قىلىدۇ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ ۋە كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككى سەجدە ئارىسىدا ۋە بارلىق دۇئالىرىمىزدا: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. «يارىلىرىمنى تاڭغىن» دېگەن دۇئا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇڭا، سىزمۇ بىرەر دەردمەننى كۆرسىڭىز، دەردىگە دەرمان بولۇڭ؛ بىرەر موھتاجنى كۆرسىڭىز، ھاجىتىنى راۋا قىلىڭ؛ يىقىلغاننى كۆرسىڭىز، يېشىنى سۈرتۈڭ؛ ئاچ قالغاننى كۆرسىڭىز، ئۇنى چوقۇم تويغۇزۇڭ؛ غەمكىننى كۆرسىڭىز،

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

دىلىغا ئۈمىد شامى يېقىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن بەندىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تېڭىشىغا مۇشەررەپ بولىسىز. ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى بۇ شەرەپلىك ھەم كاتتا ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇڭ. پاھ، بۇ سىز ئۈچۈن نېمىدېگەن كاتتا شەرەپ ھە!

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىي بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ، ئۇنى ئالەمچە خۇشال قىلىۋەتكەن. ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى خۇش قىلغان.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئەما ئايالنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ، تامىقىنى پىشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىلىنى يايرىتىۋېتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يوقسۇل ئائىلىلەر ئۆزلىرىگە يىللاردىن بېرى يوشۇرۇنچە يېمەك ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ دەل ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىشىدۇ.

ئەللامە ئىبنى تەيمىيە ئۆزىگە يىللاردىن بېرى دۈشمەنلىك قىلغان بىر كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سۇلغۇن دىللىرىنى ياشارتىدۇ.

ئىلگىرىكى پېشىۋالىرىمىز كىشىلەرنىڭ سۇلغۇن دىللىرىنى ياشارتىش ۋە دەردلىرىگە دەرمان بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق كاتتا، شەرەپلىك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ دىللارغا تەجەللى قىلىشىغا ۋەسىلە بولغان.ئاللاھ تائالا يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى دىلى سۇنغان، كۆڭلى ئازار يېگەن، ياردەمگە، مېھىر شەپقەتكە ۋە تەسەللىگە موھتاج نۇرغۇن كىشىلەرگە مېھىر شەپقىتى ۋە ياردىمىنى يەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ھاياتىمىزدا بۇنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

دوستلىرىمدىن بىرى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بىر كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ھەرەم ئەتراپىدا بىر مومايىنىڭ ھارۋىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ يېنىغا باردىم. قارىسام، ھارۋىدىكى نەرسىلەر ئۇششاق چۈششەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىكەن. مومايىنىڭ قورۇق باسقان يۈزى ئاپتاپتا قارىيىپ، قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىبېشىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. مومايغا قاراپ ئانامنى ئەسلىدىم، توغرىسى، مومايدا ئانامنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى ۋە ئىختىيارسىز يىغلاپ سالدىم. يانچۇقۇمدا

بار پۇلۇمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئاندىن ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ، سايىغا ئاپىرىپ بېرىپ، موماي بىلەن خوشلاشتىم. ئەمما، بۇ مەنزىرە بىرقانچە كۈنگىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئارىدىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتمەيلا، ئاللاھ تائالا مېنى خۇددى مەن ھېلىقى مومايىنى خۇش قىلغاندەك خۇش قىلىۋەتتى، ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلالمىغان ئىشىم ھەل بولدى ۋە بانكا ھېسابىمغا كۆپ مىقداردا پۇل كىردى».

مەككىدىكى ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتىۋاتاتتىم. يولدا بىر كىشى ئالدىمنى توسۇپ، ساقچى ئىدارىسىنى سورىدى. مەن شۇنچىۋالا ئالدىراش بولساممۇ، ئۇنى ماشىنامغا سېلىۋالدىم. ئۇ يولدا ماڭا ئۆزىنى بىر قۇر تونۇشتۇردى. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئۆمرىگە كەلگەن بولۇپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن قول سومكىسىنى يىتتىرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاسپورتى، پۇلى ۋە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ماڭا ئۈچ كۈندىن بېرى كوچىدا ياتقانلىقىنى، كىشىلەر بەرگەننى يەپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا: ‹تاغا! ئۆزىڭىزنى خار قىلىپ يۈرمەڭ، پەقەت ئاللاھقا سەجدە قىلىپ دەردىڭىزنى ئېيتىڭ. ئاللاھ سىزگە چوقۇم چىقىش يولى بېرىدۇ› دەپ تەسەللى بەردىم. يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام، ئاران 83 ريال پۇلۇم بار ئىكەن، ھەممىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان نەتىجىلىرىم چىقتى. ئەسلىدە مەن چوقۇم ئۆتەلمەيمەن دەپ ئويلىغان پەندىن 83 نومۇر ئالغانلىقىمنى بىلدىم. گەرچە بۇ ئەھۋالدىن بىرئاز ھەيران قالغان بولساممۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن ئالەمچە سۆيۈندۈم». دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. 83 رىياللىق ياردەمنىڭ ئەڭ قىيىن پەندىن 83 نومۇر ئېلىشقا سەۋەب بولغانلىقى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشى ئىدى.

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ھەرقانچە ئىنكار قىلساقمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالساقمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، ھېچبىر ئىشنىڭ تاسادىپىي بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. بۇ قىسسىدە ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئوقۇغۇچىنى دىلى يارا مەزكۇر كىشىنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا مۇۋەپپەق قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك مۇكاپاتىنى بەرگەن.

قىسقىسى، سىز كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھمۇ چوقۇم سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىدۇ؛ سىز باشقىلارنى خۇشال قىلسىڭىز، ئاللاھمۇ چوقۇم

سىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ؛ سىز كىشىلەرنىڭ قانچىلىك چوڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزنىڭمۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قىيىن ھاجەتلىرىڭىزنى راۋا قىلىپ بېرىدۇ. ﴿هَلْ جَزَاءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ «ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر»[1].

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنىڭ دەردلىرىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇشنى خالىسا، خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئېيتىخارلىق ئۆلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تائىف شەھىرىدىن مۇبارەك پۇتلىرىدىن قان ئاققان ھالدا، قايغۇغا پېتىپ قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جىبرىئىلنى ئەۋەتىپ: «ئەگەر خالىساڭ، ساڭا تاش ئېتىپ ئەزىيەت بەرگەن تائىفلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئەخشەبەين تېغىنى باستۇرىمەن» دېگەن.ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسى ئۈچۈن دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرگەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ﴿أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانْتَصِرْ﴾ «مەن راستتىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم قىلغىن»[2] دەپ قەۋمىگە قارشى ياردەم تىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «توپان بالاسى» ئەۋەتىپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇغا غەرق قىلغان يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى غەرق قىلىۋەتكەن. ئەجەبا، ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى شۇنداق قىلالامدۇ؟



---

[1] رەھمان سۈرىسى، 60 - ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى، 10 - ئايەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلۋەكىيل» دېگەن ئىسمى ھەققىدە

ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلارغا كۈچىڭىز يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟ ھاياتلىقىنىڭ تەھدىتلىرىگە يالغۇز تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىۋاتامسىز؟ بالىچاقا، پۇل-مال، تەن ساقلىقى ۋە جان قاتارلىق ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى ئامانەتنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدىغان، كۈچلۈك ھەم ئىشەنچلىك بىر زاتقا ئامانەت قىلىشنى خالامسىز؟

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلۋەكىيل» دېگەن مۇبارەك ئىسمىغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ؛ بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ، كۆڭلىڭىزنى ئارام تاپقۇزۇڭ.

«الوكيل» (ئەلۋەكىيل) دېگەن سۆز لۇغەتتە «ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى، ۋاكالەتچى، ۋەكىل» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بولغان «الوكيل» — «بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى، ئۇلارغا ھامىي بولغۇچى، رىزقىغا كېپىل بولغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئومۇميۈزلۈك ۋەكىللىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ جانلىق، جانسىز بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، خاس ۋەكىللىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭشايلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «الوكيل» دېگەن مۇبارەك ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 14 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿وَكَفَى بِاللهِ وَكِيلًا﴾ «ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك تايانچتۇر»[1]؛ ﴿وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ «ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[2]؛ ﴿وَاللهُ عَلَى مَا نَقُولُ وَكِيلٌ﴾ «ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»[3]؛ ﴿حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «بىزگە

[1] نىسا سۈرىسى، 81-ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 102-ئايەت.

[3] قەسەس سۈرىسى، 28-ئايەت.

ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»[1] دېگەن ئايەتلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېيىلگەندە، ﴿حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى قەيت قىلغان[2].

ئاللاھ تائالانىڭ «الوكيل» دېگەن مۇبارەك ئىسمى «ئاللاھ تائالا چوڭ كىچىك بارلىق ئىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا، ھەر ئىشتا تايىنىشقا ۋە ئىشەنچ قىلىپ، خاتىرجەم بولۇشقا تېگىشلىك يېگانە زات» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سىز قانداق بىر ئىشنىڭ ھەل بولۇشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىڭىزدىن ئىشەنچ باغلىغان بولسىڭىز، ئۇ ئىشنىڭ ھەل بولۇشىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك، ھەممىگە قادىر بىرىگە تاپشۇرغان بولىسىز. ئاللاھ تائالا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا﴾ «ئۇ مەشرىقنىڭمۇ، مەغرىبنىڭمۇ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. (بارلىق ئىشىڭنى) ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن»[3]. يەنى دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ۋەكىل قىلىپ تۇتقىن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى «ئى ئاللاھ! مەن سېنى ۋەكىلىم دەپ بىلدىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، قىيىن ئىشلىرىمنى ئۆزۈڭ ھەل قىلىپ بەرگىن» دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ! يەر يۈزىدە ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، خالىغىنىنى قىلالايدىغان، نېمىنى خالىسا، شۇنى توسقۇنسىز ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى تاپالامسىز؟ ھەرگىز تاپالمايسىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم سىزنى ئاللاھ تائالادەك قوغدىيالمايدۇ، سىزگە ئاللاھ تائالادەك ياردەم قىلالمايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى، ئەھلى ئەۋلادىڭىزنى، پۇل مېلىڭىزنى، تەن ساقلىقىڭىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرغان ۋاقتىڭىزدا، نۇرغۇن ئايىغى چىقماس غەملەردىن ۋە ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولىسىز؛ تەن ساقلىقىڭىزنى ۋە خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاپ قالغان بولىسىز.

ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش قەلب ئەمەللىرىدىن

604

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 173 ـ ئايەت.

[2] «سەھىھۇل بۇخارىي»، 4563 ـ ھەدىس.

[3] مۇززەممىل سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.

بولـۇپ، قەلبىنىـڭ ئەمەللىـرى مەرتىـۋە ۋە دەرىجـە جەھەتتـە بـەدەن ئەمەللىرىدىـن ئەلۋەتتـە يۇقىرىـدۇر. مەلۇمكـى، قەلبىنـىڭ ئەمەللىـرى: تەقۋادارلىـق، ئاللاھ تائالانـى ۋە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنى سـۆيۈش، ئاللاھ تائالاغـا تايىنىـش قاتارلىقـلاردۇر. بەدەنىنىـڭ ئەمەللىـرى: تاھـارەت ئېلىـش، نامـاز ئوقـۇش، ھـەج ۋە ئۆمـرە قىلىـش، ئاتا ئانىنىـڭ خىزمىتىنـى قىلىـش قاتارلىقـلاردۇر. ئاللاھ تائالاغـا تايانغانلىـق ئۆزىنـى مىسلىسـىز كۈچلـۈك قورغـان ئىچىگـە ئالغانلىـق بولـۇپ، بـۇ قورغانىنىـڭ ئىچىـدە بولغانـلار ھاياتىنـىڭ خىلمۇخىـل بوران چاپقـۇن ۋە خېيىم خەتەرلىرىدىـن، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە مىكىرلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائـالا سـىزنى: ﴿فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا﴾ «(بارلىـق ئىشـىڭنى) ئۇنىڭغـا تاپشـۇرغىن» دەپ بۇيرۇيـدۇ يەنـى «ئۆزۈڭنـى، قىممەتلىـك ھـەر نەرسـەڭنى ۋە ھەممـە ئىشـىڭنى ئاللاھقـا تاپشـۇرغىن، ئاللاھنـى ۋەكىـل تۇتقىـن» دەيـدۇ. سـىز چىـن قەلبىڭىزدىـن ئاللاھ تائالاغـا تايىنىـپ، ئىشـلىرىڭىزنى ئۇنىـڭ بىـر تـەرەپ قىلىشـىغا تاپشـۇرغانلا بولسـىڭىز، ئاللاھ تائـالا ھەرگىـز سـىزنى نائۈمىـد قويمايـدۇ، ھەرگىـز سـىزنى تاشـلىۋەتمەيدۇ. چۈنكـى، ئاللاھ تائـالا بىزگـە «مـاڭا تايىنىـڭلار ۋە ئىشـلىرىڭلارنى مـاڭا تاپشـۇرۇڭلار» دەپ تـۇرۇپ، قانداقمۇ بىزگـە ۋە ئىشـلىرىمىزغا ئىگـە بولمىسۇن؟! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

نـاۋادا سـىزگە دۇنيانىـڭ پادىشـاھلىرى ياكـى دۆلـەت رەئىسـلىرىدىن بىـرى: «ئىشـىڭغا مېنـى ۋەكىـل قىلغىـن، ئۇنـى مـاڭا تاپشـۇرغىن، مـەن ھـەل قىلىـپ بېرىمـەن» ياكـى: «پالانـى زالىمدىـن ئالالمىغـان ھەققىڭنـى مـاڭا تاپشـۇرغىن، مـەن ئېلىـپ بېرىمـەن» دېسـە، سـىز بـۇ ۋەدىدىـن شەكلىنەمسـىز؟ ھەرگىـز شەكلەنمەيسـىز. ئالەملەرنىـڭ رەببـى، پادىشـاھلارنىڭ پادىشـاھى ۋە ھەممىنىـڭ ئىگىسـى بولغـان ئاللاھ تائالا سـىزگە: ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ﴾ «ھېـچ ئۆلمەيدىغـان، مەڭگـۈ ھايـات تۇرىدىغـان ئاللاھقـا تايانغىـن»[1] يەنـى ئىشـىڭنى ماڭا تاپشـۇرغىن، ھەققىڭنى ئېلىشقا مېنـى ۋەكىـل قىلغىـن، دېسـە، سـىز بـۇ ۋەدىگـە ئىشەنمەمسـىز؟ ياكـى بۇنىڭدىـن شەكلىنەمسىز؟

بىـز ئىشـلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغـا تاپشـۇرغاندىن كېيىنمـۇ، ئـۇ ئىشـلار كۆڭلىمىزدىكىـدەك بولمـاي قالسـا، چاتـاق يەنىـلا ئۆزىمىـزدە دېگـەن گـەپ. چۈنكـى، ئاللاھ تائالاغـا تايىنىشـتا «بولسـا بـولار، بولمىسـا تـۇرار» دېگەنـدەك تولـۇق ئىشـەنچ بولمىغـان تەۋەككۈلنىـڭ پايدىسـى بولمايـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇشـۇ مەنىـدە مۇنـداق دېگـەن: «ئەگـەر سـىلەر ئاللاھقـا ھەقىقىي تايانسـاڭلار (تەۋەككۈل قىلسـاڭلار)، ئاللاھ سـىلەرنى ئۇچـار قاناتلارنـى رىزىقلاندۇرغانـدەك رىزىقلاندۇرىـدۇ. ئۇچـار قاناتـلار

[1] فۇرقان سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.

ئەتىگەن ئاچ قورساق ئۇۋىسىدىن چىقىپ، كەچتە توق قايتىپ كېلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىس بىزگە ھەقىقىي تەۋەككۇلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، سەۋەب قىلماي تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ۋە تەۋەككۇل قىلغاندىمۇ، ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا ياكى تولۇق ئىشەنچ قىلمىغان ھالدا قىلىنغان تەۋەككۇلنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ «ئۇچار قاناتلار ئەتىگەن ئاچ قورساق ئۇۋىسىدىن چىقىپ، كەچتە توق قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن قىسمى ئۇچار قاناتلارنىڭ: «ئۇۋىمە يېش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئۇۋىسىدا رىزىق كۈتۈپ ياتمايدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى ئەتىگەن سەھەردە رىزىق تېپىشقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى، كۈن كەچكىچە رىزىق يولىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنۇ دۇئانى ھەمىشە ئوقۇشنى ئۆگەتكەن: «اَللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» «ئى ئاللاھ! سېنى ياد قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان بەندىچىلىك قىلىشىمغا ياردەم قىلغىن»[2]. بىز بۇ دۇئانى ئوقۇشنى كۈندىلىك ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىزگە ياردەم قىلمىسا، يۇقىرىقى ئەمەللەردىن ھېچقايسىنى قىلالمايسىز. ئاللاھ تائالا سىزگە ياردەم قىلمىسا ۋە مەدەت بەرمىسە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىسىز.

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىيە مۇنداق دېگەن: «شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە دېگەنكى، ئەڭ پايدىلىق دۇئا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىمىزگە ياردەم تىلەشنى تىلەشتۇر. مەن بۇ دۇئانى فاتىھە سۈرىسىدىكى ‹ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز› دېگەن ئايەتتە تاپتىم». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەلب رىيا بىلەن كىبىردىن ئىبارەت ئىككى خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ كېسەل ئەگەر ۋاقتىدا داۋالانمىسا، قەلب ئۆلىدۇ. رىيانىڭ شىپاسى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ ‹ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز› دېگەن ئايەت، كىبىرنىڭ شىپاسى ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ ‹سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز› دېگەن ئايەتتۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ دېگەن ئايەت رىيانى، ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەت كىبىرنى دەپئى قىلىدۇ، دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ دەيتتى».

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىمىزنى تىلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ، ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ ئىخلاسلىق ئىبادەتلەردۇر. چۈنكى، ئىبادەت قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا موھتاجلىقىمىزنى ئىزھار قىلىشتۇر. بۇ مەقسەت



---

[1] ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

دۇئادا ئەك ئوبرازلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دەپ بۇيرۇغان، ئاندىن ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ «شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «ئىبادەت»تىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلىپ، ھاجەتلىرىنى سورىغان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلەشتىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىغانلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئىزھار قىلغان ھالدا بارلىق ھاجەتلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا سۇنۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىز ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن روياپقا چىقىدۇ، بارچە ھاجەتلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالا ھەل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق قورقۇنچتىن ئامان قىلىدۇ.



[1] غافىر سۈرىسى، 60-ئايەت.

# ھەر ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىڭ، قالغىنى ئۆزى كېلىدۇ

ئىخلاس – «ھەرقانداق ئەمەل ۋە ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىخلاس – ئەمەل ۋە ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كاپىر بولغان يېرى ئىبادەتتە ئاللاھقا بۇتلىرىنى شېرىك قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن»[1] دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇتلاردىن مەدەت تىلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەل ۋە ئىبادەتلەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشنى «مەخپىي شېرىك» دەپ ئاتىغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلماي، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ قىلىش ئاشۇ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلغانلىق بولىدۇ. ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىرى جىھاد قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش بىلەن بىرگە نامى چىقىشىنىمۇ كۆزلىسە، قانداق بولىدۇ؟ – دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭغا ساۋابتىن ھېچ نەرسە يوق» دېگەندىن كېيىن: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ خالىس قىلىنغان ئەمەلدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[2] دېگەن. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈنلا خالىس قىلىنمىغان ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ناۋادا سىز ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولغان ئەمەل ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىپ، ئۇنى رازى قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە سىزنى تىلىگىنىڭىزنى بېرىپ مەمنۇن قىلىدۇ. مۇھىمى سىزنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرسە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىمۇ ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاللاھ تائالا سىزنى قەدىرلىسە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىمۇ ئەلۋەتتە سىزنى

[1] ئىسرا سۈرىسى، 22 - ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

قەدىرلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلغا ئەمر قىلىدۇ، جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگە: «ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار» دەپ نىدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن يەر يۈزىدىكى بەندىلەر ياخشى كۆرۈشكە باشلايدۇ»[1].

سىز ئىشىنىڭ بېشىدىلا ئاللاھ تائالا بىلەن سودىلاشقاندەك ياكى ئىبادەتكە شەرت قوشقاندەك، دۇنياۋى غەرەزلەرنى نىيەت قىلسىڭىز، پەقەت دۇنيالىققىلا ئېرىشىسىز، ئاخىرەتلىكتىن قىلچە نېسىۋىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئەمەل ۋە ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئارزۇلىرىڭىزغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق سىزنى چوقۇم مەمنۇن قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىزدىن رازى بولغاندىن كېيىن، نۆۋەت سىزنى مەمنۇن قىلىشقا كەلگەن بولىدۇ. «ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ» [2]دېگەن ئايەت مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۆھرەت، پۇل مال قاتارلىق نەرسىلەر ئاللاھ تائالادىن مۇكاپات ئورنىدا كېلىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئەمەلىڭىزنىڭ بەدىلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كەرەمىدۇر. ئاللاھ تائالا سىزنى مۇشۇ دۇنيادىلا مۇكاپاتلىماقچى بولسا، كۆڭلىڭىزدە ئارزۇ قىلغانلىرىڭىزنى ئەلۋەتتە بېرىدۇ، سىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى تىلىمىسىڭىزمۇ بېرىدۇ.

پەيغەمبەرلەر خۇسۇسەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقىسىنى ئويلىمىغان، مەشھۇر بولۇپ، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشىنى تېخىمۇ ئويلىمىغان. ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇنداق ئۈزۈلمەس شۆھرەت ئاتا قىلغانكى، ئۇلارنىڭ شۆھرىتى تا قىيامەتكىچە ھەتتا ئاخىرەتتىمۇ داۋاملىشىدۇ. مانا بۇ، خالىس ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىدۇر.ئەپسۇسكى، بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ نام شەرىپى چىقمايدىغان ھەرقانداق مۇھىم ئىشقىمۇ ئاۋاز قوشمايدۇ، دىنىمىزغا ياكى مىللىتىمىزگە پايدىلىق مۇھىم ئىشلاردىمۇ ئۆز كۆڭلىدە سودىلىشىدۇ. ئەگەر ئىشىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نام شەرىپى ئىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قوللايدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، ھەرگىز قوللىمايدۇ.

مەن نوبىل مۇكاپاتى ئالغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىقتىم. بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى نوبىل مۇكاپاتى ئېلىش ئۈچۈن ياكى دۇنيادا مەشھۇر بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئەمەسكەن. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق مەنىۋى ھۇزۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن جاپا چەككەن ئىكەن.

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
[2] بەييىنە سۈرىسى، 8-ئايەت.

ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ، مۇشۇ دۇنيادىلا شۇنداق مەدھىيەلەرگە سازاۋەر قىلغان ئىكەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بېرىدۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىدۇ. ئېدىسون، ئېيىنشتېيىن قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. ئۇلار ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلاي دەپ، تەر تۆكۈپ شۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ناۋادا ئۇلار شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈنلا تىرىشىپ، مىلياردلارچە دوللار خەجلىگەن بولسىمۇ، بۇنچىلىك شۆھرەتكە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا، سىز ھەر ئىشنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە سىزنى ئارمانلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ، مۇرادىڭىزغا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق مەمنۇن قىلىدۇ.

# ئاللاھقا ۋەسلە قىلغۇدەك ئەمەلىمىز بولسۇن

ۋەسـلە ــ «ھاجەتنىـڭ راۋا بولۇشـى ئۈچـۈن، ئـۆزى بىلـەن ئالـلاھ تائـالا ئارىسـىدا بىـرەر نەرسـىنى ۋاسـىتە قىلىـپ، ئارىغـا سـېلىش» دېگەنلىكتـۇر. دىنىمىـزدا ۋەسـلە قىلىـش دۇرۇس بولـۇپ، ئالـلاھ تائالاغـا بولغـان ئىمانىـى ۋەسـلە قىلىـش، ئالـلاھ تائالانىـڭ بىرلىكىنـى ۋە نۇقسـانلاردىن پـاك ئىكەنلىكىنـى ۋەسـلە قىلىـش، ئالـلاھ تائالانىـڭ مۇبـارەك ئىسـىم ۋە سـۈپەتلىرىنى ۋەسـلە قىلىـش، سـالىھ ئەمـەل ۋە ئىبادەتلىرىنـى ۋەسـلە قىلىـش، ئالـلاھ تائالادىـن قورقـۇپ، گۇنـاھ ـ مەئسـىيەتلەرنى تـەرك ئەتكەنلىكىنـى ۋەسـلە قىلىـش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىـڭ ئىچىـدە ئـەڭ كۈچلۈك ۋەسـلە ئۆزىمىزنىـڭ سـالىھ ئەمـەل ۋە ئىبادەتلىرىمىزنـى، ئالـلاھ تائالادىـن قورقـۇپ گۇنـاھ ـ مەئسـىيەتلەرنى تـەرك ئەتكەنلىكىمىزنـى ۋەسـلە قىلىـپ دۇئـا قىلىشـتۇر. «ئـى ئالـلاھ! پالانىنىـڭ ھەققى ھۆرمىتـى ئۈچـۈن دۇئايىمنـى ئىجابـەت قىلغىـن!» دېگەنگـە ئوخشـاش ئۆلۈكلەرنـى ياكـى باشـقىلارنىڭ ئەمەللىرىنـى ۋەسـلە قىلىـش جائىـز ئەمـەس ۋە پايدىسىزدۇر.

ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «ئـۈچ نەپـەر كىشـى يولـدا كېتىۋاتقانـدا، توسـاتتىن قاتتىـق يامغـۇر يېغىـپ كېتىـپ، بىـر تـاغ قاپتىلىدىكـى ئۆڭكۈرگـە كىرىۋالـدۇ. دەل شـۇ چاغـدا تـاغ ئۈسـتىدىن چـوڭ بىـر قـورام تـاش دومىـلاپ چۈشـۈپ، ئۆڭكۈرنىـڭ ئېغىزىنـى توسـۇۋالىدۇ. ئـۇلار بىـر ـ بىرىگـە: ئاللاھ ئۈچـۈن خالىـس قىلغـان سـالىھ ئەمەللىرىڭلار بولسـا، شـۇ ئەمەللىرىڭلارنـى ۋاسـىتە قىلىـپ تـۇرۇپ دۇئـا قىلىـپ بېقىـڭلار، بەلكـى ئالـلاھ شـۇ ئەمـەل يۈزىسـىدىن بىزگـە بىـرەر چىقىـش يولـى بېرىـپ قـالار، دېيىشـىدۇ. ئۇلارنىـڭ بىـرى مۇنـداق دۇئـا قىلىـدۇ: «ئـى ئالـلاھ! مېنىـڭ ياشـىنىپ قالغـان ئاتـا ـ ئانـام بىلـەن بىـر نارەسـىدە بـالام بـار ئىـدى. مـەن ئـۇلار ئۈچـۈن قـوي باقاتتىـم، ھـەر كۈنـى ئۇلارغـا سـۈت ئېچكۈزەتتىـم. بىـر كۈنـى ئۆيگـە بـەك كـەچ قالدىـم. كەلسـەم، ئاتـا ـ ئانـام ئۇخـلاپ قاپتـۇ. مـەن سـۈتنى سـېغىپ ئەكېلىـپ، تاكـى تـاڭ ئاتقۇچـە ئۇلارنىـڭ بېشـىدا تۇتـۇپ تـۇردۇم. ئۇلارنـى ئويغىتىشـقا كـۆزۈم قىيمىـدى. سـۈت قولۇمـدا، ئاتـا ـ ئانامنىـڭ ئويغىنىشـىنى كۈتـۈپ تـۇرۇپ تـاڭ ئاتتـى. ئەگـەر مېنىـڭ بـۇ قىلغىنىـم سېنىڭ دەرگاھىڭـدا سـالىھ ئەمەللـەر قاتارىـدا قوبـۇل قىلىنغان بولسـا، بـۇ ئەمەلىمنىڭ يـۈز ـ خاتىرىسـى ئۈچـۈن بىزنـى بـۇ خاپىلىقتىـن قۇتقۇزغىـن». شـۇنىڭ بىلـەن ئالـلاھ

ئۇلارغا كىچىككىنە يوچۇق ئېچىپ بەردى. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى مۇنداق دۇئا قىلدى: «مەن تاغامنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بىر قېتىم ئۇنىڭدىن يامان ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما، قىز قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا 120 دىنار بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن تەلىپىمگە ماقۇل بولۇشىنى سورىدىم. ئۇ ئامالسىز ماقۇل بولدى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېرىشتىم، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ئۇ قىز: ‹ئامانەتنى ئۆز يولى بىلەن ئالمىساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ› دېۋىدى، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ ماڭا شۇنچىۋالا سۆيۈملۈك تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم، ئالتۇنىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم». ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان بۇ ئىشىم دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولسا، بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن!». شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى يەنە ئازراق ئېچىلدى. لېكىن، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۈچىنچى كىشى: «مەن ئەينى چاغدا كۆپ ئادەملەرنى يالاپ ئىشلەتكەن ئىدىم، ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. بىرلا كىشى ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە مال ئېلىپ، ماللىرىمغا قوشۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېلى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئادەم كېلىپ، مەندىن ئىش ھەققىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹ئاشۇ قوي، كالا، تۆگە ۋە قۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ› دېۋىدىم، ئادەم: ‹مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مەن سەندىن پەقەت ئىش ھەققىمنى سوراۋاتىمەن› دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹سېنى مەسخىرە قىلغىنىم يوق. راستتىنلا بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ› دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەزكۇر ماللارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي، ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ، ھەممەيلەن ساق سالامەت چىقىپ كەتتى»[1].



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە ۋەسىلە يولىنى ئۆگەتكەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلغۇدەك ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىشنىڭ پايدىسىنى كۆرسەتكەن. بىز قايسى ئەمەلىمىزنىڭ بىزنى ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە ئەكىرەلەيدىغانلىقىنى بىلەلمىگەندەك، قايسى ئەمەلىمىزنىڭ بىزنى بېشىمىزغا كەلگەن خاپىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىمىزغا ۋەسىلە بولۇشقا يارايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشتىن قەتئىي توختاپ قالماسلىقىمىز لازىم. قانچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلساق، قانچىلىك كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى رەۋا قىلساق، قانچىلىك كۆپ كىشىلەرنى خۇشال قىلساق، ساۋاب زاپىسىمىز شۇنچە

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆپ بولىدۇ. ئاشۇ زاپاس ساۋابلار بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ. بىزنىڭ دەسمايىمىز ئەنە شۇنداق ساۋابلىق ئەمەللىرىمىزدۇر.

ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ھەرقانداق ياخشى ئىش زامان ۋە شارائىتقا قاراپ ساۋابتىن مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. كىشىلەر ياردەمگە ئەڭ موھتاج بولغان ۋاقىتتا قىلىنغان ياردەمنىڭ دەرىجىسى ئادەتتىكى ۋاقىتتا قىلىنغان ياردەمنىڭ دەرىجىسىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كاتتا بولىدۇ. بۇ، ئاچ قالغان كىشىگە تاماق بېرىش بىلەن توقلارغا سەدىقە بېرىش ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشايدىغان دەرىجىدۇر.

مەسىلەن، ھازىر كىرىزىس دەۋرى بولغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولۇپمۇ تۈركىيەدە نۇرغۇن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئۈيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ۋاقىتلىق ئىشسىز قالغان ھازىرقىدەك بىر پەيتتە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېنىكلىتىش يولىدا قولدىن كەلگەننى قىلىش باشقا ۋاقىتتا قىلىنغان خەير ساخاۋەتتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان، ساۋاب جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ياخشى ئەمەلدۇر. خۇددى رامىزاندا تۇتقان روزىنىڭ ساۋابى باشقا ۋاقىتلاردا تۇتقان روزىلاردىن يۇقىرى ۋە كاتتا بولغاندەك، مۇشۇنداق كىرىزىس دەۋرىدە قىلغان ياردەمنىڭ ساۋابى ۋە دەرىجىسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەلۋەتتە باشقا ۋاقىتلاردىكى ياردەملەردىن ھەتتا مىڭلارچە ياردەملەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە جىددىي ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ بولغاندىن سىرت، بۇ دۆلەتلەردىكى پۇلدار كىشىلەر ھەتتا كاتتا بايلارمۇ ئاز ئەمەس. مەزكۇر دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئاشۇ بايلارنىڭ باش تارتالمايدىغان مىللىي ۋە دىنىي بۇرچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاشۇ موھتاجلارنىڭ دۇئاسى ئارقىلىق شۇ بايلارنى كۆكلىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، مەزكۇر بايلار ئاشۇ موھتاج خەلقىمىزنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ.

مۇشۇنداق كىرىزىس دەۋرىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياردەم قولىمىزنى سۇنۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى سالىھ ئەمەل زاپىسىمىزنى ئاۋۇتۇۋالساق، بېشىمىزغا ئېغىر كۈن كەلگەن چاغدا دۇئالىرىمىزنىڭ دەرھال ئىجابەت بولۇشىغا ئاساس سالغان بولىمىز. ھەرقانداق مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى سالىھ ئەمەل زاپىسىنىڭ ئاۋۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەتتىكى ئىنسانلار دۇنيالىققا تويمىغاندەك، مۇئمىنمۇ ساۋابقا تويمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ

ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئەمەلىدۇر.

ئاللاھ تائالا بايلارغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، سەدىقە ۋە ئېھسان نامىدا كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ياردەملەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان. ھەتتا قۇرئان كەرىمدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا موھتاجلارغا سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھەربىر تىيىن پۇلى ئۈچۈن 700 تىيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. بۇلار پەقەت ياردەمنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پۇل ماللىرىنى كېچە - كۈندۈز (ھەر ۋاقىت) يوشۇرۇن - ئاشكارا ھالدا خەير - ئېھسان قىلىدىغانلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ» يەنى دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، قىلچە پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ ئاتالا بېخىللارنى زالىملىق بىلەن سۈپەتلەپ ۋە ئۇلارنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: «زالىملارغا زاكاتنى بەرمىگەن ياكى پۇل - مېلىنى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە ياردەم قىلمىغانلارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ».

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زامانىدا قابۇس ئىسىملىك كاتتا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بالىلىرىغا: «مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغىنىدا: «مەن ئۆلمەيدىغاندەك پۇل - مال يىغىپ، ئۇنىڭدىن بۇ دۇنيادا پايدىلىنالمىدىم يا باشقىلارغا نەپ يەتكۈزمىدىم. ئەمدى ئۆلگىنىمدە يىغقان دۇنيالىرىم شۇ پېتى قالدى. كىشىلەر مېنىڭ ئاخىرەتكە قۇرۇق قول كەتكىنىمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن!» دېگەن ئىكەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ نەچچە مىليارد پۇللارنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يا ئۆزى، يا باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى پايدىلىنالماي، پۇل مېلىغا قوشۇلۇپ نابۇت بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىز مۇشۇنداق تىراگېدىيەلەرگە تولغان. دۇنيادا پۇل - مېلىغا بېخىللىق قىلىدىغان خەلقنىڭ پۇل - مېلىدىن قىممەتلىك نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تارىختىي ئاچچىق ساۋاق بولۇپ كەلدى.

تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ»؛ «بېخىللىق قىلغۇچىلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر» دېگەن سۆزلىرىنىڭ زادى راست ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

# كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنەيلى

ھاياتلىق مۇساپىسىدە ھەمىشە خۇشاللىق ۋە ئۇتۇقلا بولمايدۇ. ئىنسان بەزىدە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان زەخمەتلەرگە، مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. زىيان زەخمەت ئاچچىق، مەغلۇبىيەت ئاچچىق، پىلانىنىڭ بەربات بولۇشى ئاچچىق. دېمەك، زىيان تارتىش شۇنداق ئاچچىق نەرسە. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچچىق لىموندىن شەربەت سىقىپ، غورىدىن ھالۋا ياسىغاندەك، بۇ ئاچچىق زىياننىمۇ پايدىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈلچىلىكلەرنى كۆرۈپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بىلسە، قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلار يوشۇرۇن تالانتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان مەيداندۇر. نۇرغۇنلىغان تالانتلار قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلار ئىچىدە بىخ ئۇرۇپ چىققان. دالى كارنېگ مۇنداق يازغان: ‹مەشھۇرلار ۋۇجۇدقا چىقارغان غەلىبىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىدە كەمچىلىك ھېس قىلىش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. جۈملىدىن، شائىر مىلتون ئەما بولمىسا ئىدى، مەشھۇر شېئىرىنى يازالمىغان بولاتتى. بىتخوۋىن پاك بولمىسا ئىدى، مەشھۇر مۇزىكا ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولاتتى› . چۈنكى، بۇ مېيىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئاچچىق قىسمەتنى قوبۇل قىلغان. ئاندىن ئۆزلىرىدىكى كەمچىلىكنى تالانتقا، ئاچچىقنى تاتلىققا ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. مانا بۇ ئاچچىق لىموندىن شەربەت ياسىغانلىقتۇر. ھەركىمدە ئاچچىقنى تاتلىققا، قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرالايدىغان قۇۋۋەت يوق. دادىلىنىپ، ۋايساشقا ئادەتلىنىپ قالغانلارنىڭ بۇنداق قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت قەلبى كەڭ، سەۋرى تولۇق، ئىرادىلىك ئىنسانلارلا شۇنداق قىلالايدۇ. 9 ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچى ئۆلىماسى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە زىندان ھاياتىنى تەسۋىرلەپ: ‹زىندانغا تاشلانغىنىم مەن ئۈچۈن خىلۋەت، يۇرتۇمدىن پالانغىنىم مەن ئۈچۈن ساياھەت، تارتقان جاپالىرىم رىيازەتتۇر› دېگەن ئىكەن».

ئىمام ئەزەممۇ زىندانغا تاشلانغان ۋە ھاياتىنى زىنداندا ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى،

كېيىن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلاندى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ زىندانغا قامالغان ۋە قامچىلانغان ئىدى، كېيىنچە ئەھلى سۈننەت مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرى ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئىبنى تەيمىيەمۇ زىندانغا تاشلانغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ زىندان ھاياتىدا زور مەنىۋى بايلىق توپلاپ، زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىماسىغا ئايلاندى. ئىمام سەرەخسىي سۈيى تارتىلىپ كەتكەن قۇدۇققا تاشلانغان ئىدى، كېيىنچە ئىسلام فىقھشۇناسلىقى توغرىسىدا يىگىرمە توملۇق ئەسەر يازدى. ئەللامە ئىبنى ئەسىر پالەچ تۇرۇپمۇ «جامىئۇل ئۇسۇل»دەك زور ھەجىملىك ئەسەرنى يازغان ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولغان «نىھايە»نى تۈزگەن ئىدى. ئەللامە ئىبنى جەۋزىي باغدادتىن پالىنىپ، يەتتە خىل قىرائەتتە كامالەتكە يەتكەن.

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيەدە بىر مىنىستىر مەلۇم بىر خاتالىقى تۈپەيلى جازالىنىپ، ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ تازىلىق ئىشچىسىغا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «مىنىستىر بولغاندىن كېيىن تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەش قانداق ئىكەن؟» دەپ مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ كىشى ئۆز ئىشىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا: «مەن تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، پۇقرالارنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئادەممەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ئادەتتىكى بىر تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، بەلكى دۇنيانى پاك پاكىز قىلىدىغان مۇھىم ئادەم ھېسابلايتتى. ئەگەر ھەممەيلەن ئۆز خىزمىتى، ھۈنىرى ۋە كەسپىنى شۇنداق سۆيىدىغان بولسا، چوقۇم بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ خىزمىتى، ئىشى، كەسپى ۋە ھۈنىرى ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى ھەۋەس ۋە خۇشاللىق تاپىدىغان ھالغا كەلگەندە، ئادەم ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىدىن بەخت ھېس قىلالايدۇ. دېمەك، ئاساسىي مەسىلە ۋەقەلىكلەرنى توغرا تەرجىمە قىلىشتا. ئەگەر بىز بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنى توغرا تەرجىمە قىلىپ، ئىجابىي قاراشتا بولغىنىمىزدا، قارىماققا كېلىشمەسلىكتەك كۆرۈنگەن ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىق تاپالايمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئوخشاش پۇل سەرپ قىلغان ئىككى ئادەمنىڭ ئىككى خىل ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ

ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر»[1].

يۇقىرىقى ئىككى پىرقە ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ يولىدا پۇل مال سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئاۋۋالقىلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋاب ئۈمىد قىلمىغان، شۇڭا بەرگەنلىرىنى سېلىق دەپ قارىغان. كېيىنكىلەر بولسا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بولغانلىقتىن، ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە مۇيەسسەر بولۇش نىيىتى بىلەن بەرگەن. شۇڭا، ئاللاھ يولىدا پۇل مال سەرپ قىلغانلىقىنى ئىبادەت دەپ قارىغان. ئىش ئوخشاش بولسىمۇ، نىيەت ئوخشىمىغاچقا، نەتىجە ئوخشاش بولمىغان.

مەن ۋەتەنىدە بىر ئالىمنى بىلىمەن. ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، نامى قەلبىمىزدە ياشىماقتا. ئۇ دىنىي ئىلىمدە ۋە تېبابەت ئىلمىدە يېتىشكەن يېتۈك ئالىم ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللام دېگەن كىشىدۇر. ئۇ كىشى بىلەن مەن 1994 يىلى خوتەنىدە سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. ئۇ كىشى بىر كېسەلگە خىتايچە رېتسېپ يېزىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ خىتايچە خەتنى خۇددى خىتايدەكلا ئوراپ چىرماپ راۋان يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خىتايچىنى قاچان ۋە قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى سورىۋىدىم، ماڭا ئۇنى تۈرمىدە، بارمىقى بىلەن توپىغا يېزىپ يۈرۈپ ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئويلاپ قالدىم، ئەگەر بۇ ئالىم تۈرمىگە تاشلانمىغان بولسا، خىتاي تىلىنى ۋە يېزىقىنى شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ، ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنەرمىدى؟ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق مەشھۇر تەپسىرنى يازغان سەييىد قۇتۇبنى ئالساق، بۇ كىشى مەزكۇر تەپسىرنى تۈرمىدە يازغان ئىكەن. بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت قىيىن شارائىتتىنمۇ ئۆزىمىزگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىقىرىش ئۆزىمىزگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشتۇر. مەنمۇ: «ۋەتىنىمگە بارالمىدىم، شۇڭا ئوقۇغانلىرىمنى يەتكۈزەلمىدىم، ئەمدى ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلغاي» دەپ ئولتۇرغان بولسام، ھېچ ئىش قىلالمىغان بولاتتىم. ئەمما، مەن ۋەتەنگە بارالمىغانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاچچىق قىسمەتنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھاياتىمنى ئىجادىيەتكە ئاتىدىم.



[1] تەۋبە سۈرىسى، 98 ـ 99 ـ ئايەتلەر.

# ئانا تىلنى قوغداش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر

ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە مۇنەۋۋەر بىر مىللەتتۇر. ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلى ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگىچە تارقىلىپ، كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ كەلگەن ئىدى. جۈملىدىن، مىسىرنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىدە ئۇيغۇر (تۈرك) تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلار ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەجدادلىرىمىزدىن يېتىشكەن ئالىملىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ تىل بايلىقىنى جەملىگەن چوڭ ھەجىمدىكى قامۇسلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ ئارقىلىق ئالىملىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرغىپ قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يېڭى تارقالغان بولغاچقا، خەلقىمىز ئىچىدە ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى ئەۋجگە چىققان مەزگىل ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا ئىران تەرەپتىن كىرگەن بولغاچقا، شۇ قاتاردا پارس تىلىنىڭمۇ تەسىرى ئاز بولمىغان. نەتىجىدە تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان ھەتتا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن بەزى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۆز تىلىدىكى شۇ ئاتالغۇلارنى قوللانمايدىغان ئەھۋالمۇ بولغان. دەل شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ مىللەتپەرۋەر، دانىشمەن بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىي كىشىلەرنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا خەلقلەرنىڭمۇ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىشلىرىگە ياردەمچى بولىدىغان قوللانما بولسۇن ئۈچۈن، مەزكۇر دىۋاننى يېزىپ چىققان.

ئۇ دەۋردە شۇنداق بىر چۈشەنچە ئومۇملاشقانكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدىبلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە ئەرەب ياكى پارس تىللىرى ئارىلاش بولمىسا، ئۇ ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ھېسابلانمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇنداق بىر شارائىتتا ئۇلۇغ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقتى. «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلغان ئالىملار بۇ ئەسەردە تۈرك تىلىدىن باشقا تىللاردىن كىرگەن

سۆزلەرنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى، بار بولغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرائۇننەھىر رايونلىرىدا ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان لۇتفىي، ئاتائىي ۋە سەككاكىيلارنىڭ غەزەللىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. دېمەك، شۇ دەۋر شارائىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئانا تىلىمىزنى كۆز قارىچۇقىدەك قوغدىغان.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى مانجۇلار ئانا ۋەتىنىمىزنى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغان چاغدا، خەلقىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئۆز تىلىنى زورلاپ تېڭىپ، يېزا-قىشلاقلاردا مانجۇ تىلىدا مەكتەپلەرنى ئاچقان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار ۋە ئۆلىمالار ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشتىن قاتتىق توسۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەمەلىيەتتە تىلىمىز ئارقىلىق دىنىي ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان كۆپ سانلىق ئاتا-ئانىلىرىمىز ھېلىمۇ تىلىمىزنى سەلبىي تەسىرلەردىن ساقلاپ كەلمەكتە. شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە گەپ قىلساق، بۇ يەردە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە رۇس تىلى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇشقا قاراپ ماڭغانلىقى، كۆپلىگەن باللارنىڭمۇ رۇس تىلىدا سۆزلەپ چوڭ بولغانلىقى ئاچچىق ھەقىقەت. ئەمما، ئانا تىلىنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىمۇ بار. يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئەھۋال كېيىنكى يىللاردا ياشلار ئارىسىدا ئانا تىلىدا سۆزلىشىش كەڭ قانات يايدى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئەھۋالنىڭ شۇ پېتى داۋاملىشىۋاتقانلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. بىر قىسىم ئائىلىلەردە ھەتتا بوۋاقلارنىڭ تىلىمۇ رۇسچە چىقىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان.

بەزىلەر ئانا تىلىنى شۇنچە ياخشى بىلسىمۇ، خۇددى ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇنداق دورامچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنى ۋە ئانا تىلىنى خورلىغانلىقتۇر. قازاقىستان تەۋەسىدە رۇس تىلىنىڭ تەسىرى شۇنداق كۈچلۈك بولغىنى بىلەن، ئۇلارنى ھېچكىمنىڭ رۇسچە سۆزلىشىشكە زورلىمىغانلىقىمۇ ئېنىق. يات ئەلدە ياشاپ تۇرۇپ شۇ خەلقنىڭ تىلىنى بىلمەسلىك ئۇيات ئەمەس، بىراق ھازىر دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە ياشىمايلى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى بىلمەسلىكىمىز ئىنتايىن ئېچىنارلىق ئەھۋال ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى چوڭ جىنايىتىمىزدۇر. قىسقىسى، بىز ئانا تىلىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئۆزىمىزنى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ قىلالايمىز؟

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەقىقەت ۋە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، باشقا تىلنىڭ ھورىغا جىمىقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش ياكى ئۆگەنمەسلىك نومۇسسىزلىق ۋە شەرمەندىچىلىكتۇر.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ. ھازىر چەتئەللەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى پەقەت قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىلا تېپىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن تەلەيلىك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، قازاقىستان ھۆكۈمىتى قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە دەرسلىكلەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلىدۇ. قازاقىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ ئۇيغۇر سىنىپلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتلىرى بار. بۇنداق ياخشى شارائىت باشقا دۆلەتلەردە يوق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «شۈكۈر قىلساڭلار، تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ كاتتا نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، بۇ نېمەتنى ئۆز مىللىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى لازىم.

## ئانا تىلنى قوغداش ئۆزىمىزنى قوغدىغانلىقتۇر

شەكسىزكى، ھازىرقى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىماندىن قالسىلا، ئۆگىنىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشتۇر. بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش خۇددى ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىنىش زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈردۇر. ئىسلامدا مىللەتچىلىك يوق، ئەمما مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بار. بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ تىلى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكە ۋە ئاسسىمىلياتسىيەلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىستېمالدىن قېلىش ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا بۇ تىلنى قوغداپ قېلىشنى پەرز دەرىجىسىدىكى زۆرۈرىيەت دېسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى، مەزكۇر مۇسۇلمان مىللەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى قوللىنىش ئورنىغا مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ۋاقىتتا، دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىنىمۇ ئاستا-ئاستا يوقىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش شۇ مىللەت خەلقى ئۈچۈن دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى جان تىكىپ قوغداش مەسىلىسىدە چەتئەللەردە خۇسۇسەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئورۇنلاشقان خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئۇيغۇرلار نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

## دۈشمىنىمىز بىزدىن بۇرۇن بىلىپ يەتكەن ھەقىقەت

بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەر تۈرلۈك رەزىل چارە-ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقان قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەڭگۈشتەرنىڭ تىل بىلەن دىن ئىكەنلىكىنى، بىزنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دىنىمىز بىلەن تىلىمىزنى يوق قىلىش شەرت ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ ئىككى ئەڭگۈشتىرىمىزگە جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. ئانا ۋەتەندە دىنىمىز بىلەن تىلىمىز مۇشۇنداق چەيلىنىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئانا تىلىمىزنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن يوق قىلىشقا تىرىشماقتىمىز. چۈنكى، بىز دىنىمىزغا ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، تىلىمىزغا ئەھمىيەت بەرمىدۇق. پەرزەنتلىرىمىز ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا چەتئەل تىلىدا سۆزلەپ بەرسە، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىپ يۈردۇق.

## تىلىمىز بىزنى قوغدايدۇ

بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ يەرشارىدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قالغانلىق ھەم مىللىتىمىزنى، ھەم دىنىمىزنى قوغداپ قالغانلىقتۇر. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بىلەن تونۇلىدۇ ۋە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنىڭدەك تىل ھەرقانداق مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا ياكى دۇنيا سەھنىسىدىن غايىب بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

تىل — مىللەت دېمەكتۇر. مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ تىلغا باغلىق. ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان بالىنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ ئۆزى قوللانغان تىلدىكى غەيرى مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ماسلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئانا تىلىنى بىلمىگەن بالا ئۆز خەلقىنىڭ دىنىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە بارچە

ئۆزگىچىلىكلىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ ئۆسىدۇ. جۈملىدىن، بۇنداق بالا كىچىكىنى ئاسراش، چوڭغا ھۆرمەت قىلىش دىگەندەك مىللىي ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلاردىنمۇ خەۋەرسىز چوڭ بولىدۇ. بۇ ئىشتىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق يەنىلا ئاتا-ئانىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ.

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەلۋەتتە ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لىكىن، باشقا تىلنىڭ ھورىغا جىمىقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كىتىش ياكى ئۇنى ئۆگەنمەسلىك ئۆز مىللىتى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر.

## ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ھازىرقى زاماندا ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتالمايدىغان مەجبۇرىيىتى پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشتۇر. بۇنى ھەرقانداق ئۇيغۇر قىلالايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، تىل-يېزىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالىدۇر. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ناۋادا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى بىلمىسە، ئۇلار ئۆزىنى نېمە بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ قىلالايدۇ؟ نېمە بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنى ياڭرىتالايدۇ؟ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىشى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان، بىردىنبىر زۆرۈر نەرسە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدۇر.

باللار ئالىي مەكتەپلەرگە كىتىشتىن بۇرۇن ھەربىر ئاتا-ئانا ئۇلارغا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتەلەيدۇ. ئەمما، باللار ئالىي مەكتەپلەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىنىڭ ئۇلارغا چىشى پاتمايدۇ ھەم ئۇلارنى كۆزىتىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشى ۋە ئەپلىك پۇرسەت باللارغا كىچىك يېشىدىلا ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشتۇر.

## مۇقەددەس ئامانەت

تۈركىيەدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە، مەدرىسىلىرىدە ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدا دەرسلىك پىروگراممىسىغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى، ئۇيغۇر تارىخى، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق دەرسلىكلەرنى كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر مەسئۇلىيەت ۋە ئامانەتتۇر. بىز بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلغان بولدۇق. ئەمما،

ئەپسۇسكى، ۋەزىيەت بۇرۇنقىدىن ئانچە ئۆزگەرمەي كېتىپ بارماقتا.

ھازىر ھەربىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانا، مۇئەللىم، ئۇستاز ۋە مۇرەببىي ئۈچۈن باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مۇقەددەس ئامانەت باللارغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىتىشتۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ بىزنىڭ تىلىمىزنى ۋە يېزىقىمىزنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش سىياسىتىگە قولىمىزدىن كېلىشىچە تاقابىل تۇرغانلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، باللىرىنى قانچىلىك ياخشى بېقىپ، ياخشى ئوقۇتۇپ كەتسۇن، ئۇيغۇر ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلارنى قانچىلىك ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسۇن، يەنىلا نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان ۋە بويىنىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ. بۇ ھەربىر ئۇيغۇر باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

## ئانا تىلنى ئۆگەنمەسلىك ئەيىبتۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ ۋە رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىدۇر. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار» دەيدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى بولغان تىلنى قوغداش ۋە ئۇنى ئاسراش ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. دۇنيادا ھەرقانداق مىللەت ئۆز تىلى بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئانا تىلىمىزنى قوغداش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتۇر. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز ھېچبىر ۋاقىت ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئەلشىر نەۋائىي 15-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىلا ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل-ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋالغان پارس تىلىدىن قالغۇچىلىكى يوق. بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىلىشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخى پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق شانلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى پۈتكۈل خەلقئالەمگە جاكارلىغان»[1].

[1] ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيندىن مەئارىپقۇل لۇغەتەينگىچە»

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى مانجۇلار ئانا ۋەتىنىمىزنى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغىنىدا، خەلقىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئۆز تىلىنى زورلاپ تېڭىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا مانجۇ تىلىدا مەكتەپلەرنى ئاچقان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار ۋە ئۆلىمالار ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشتىن قاتتىق توسۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەمەلىيەتتە تىلىمىز ئارقىلىق دىنىي ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان كۆپ سانلىق ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ھېلىمۇ تىلىمىزنى سەلبىي تەسىرلەردىن ساقلاپ كەلمەكتە. شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە گەپ قىلساق، بۇ يەردە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە رۇس تىلى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇشقا قاراپ ماڭغانلىقى، كۆپلىگەن بالىلارنىڭمۇ رۇس تىلىدا سۆزلەپ چوڭ بولغانلىقى ئاچچىق ھەقىقەت. ئەمما، ئانا تىلىنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىمۇ بار. يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئەھۋال كېيىنكى يىللاردا ياشلار ئارىسىدا ئانا تىلىدا سۆزلىشىش كەڭ قانات يايدى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئەھۋالنىڭ شۇ پېتى داۋاملىشىۋاتقانلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. بىر قىسىم ئائىلىلەردە ھەتتا بوۋاقلارنىڭ تىلىمۇ رۇسچە چىقىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان.

بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ رۇسچە، ئەرەبچە، تۈركچە ياكى ئىنگلىزچە تىلدا بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكىنىگە قاراپ ھاياجانلىنىپ، ئۆزىمىزنى بەختلىك چاغلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بالىلارنىڭ بۇنداق سۆزلەشىنى ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ شۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، چاتاق يوق. بەزى كىشىلەر ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، خۇددى ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇنداق دورامچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىكەنلىكى چۈشىنىكسىز. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنى ۋە تىلىنى خورلىغانلىقتۇر. قازاقىستان تەۋەسىدە رۇس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنى ھېچكىم رۇسچە سۆزلىشىشكە زورلىمىغانلىقىمۇ ئېنىق.

يات ئەلدە ياشاپ تۇرۇپ شۇ خەلقنىڭ تىلىنى بىلمەسلىك ئۇيات ئەمەس، بىراق ھازىر دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە ياشىمايلى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى بىلمەسلىكىمىز ئىنتايىن ئېچىنارلىق ئەھۋال ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى چوڭ جىنايىتىمىزدۇر. قىسقىسى، بىز ئانا تىلىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئۆزىمىزنى



نامىلىق ئەسىرى، 8 ـ بەت.

شۇ مىللەتكە مەنسۇپ قىلالايمىز؟

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم ـ سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەقىقەت ۋە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، باشقا تىلنىڭ ھورىغا چىمىقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش ياكى ئۆگەنمەسلىك نومۇسسىزلىق ۋە شەرمەندىچىلىكتۇر.

ئۆز مىللىتىڭىز ۋە ئۆز تىلىڭىز بىلەن پەخىرلىنىڭ. شۇ چاغدا سىزنىڭ قىممىتىڭىز بولىدۇ، باشقىلارمۇ سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ. پەرزەنتلىرىڭىز باشقىلار تەرىپىدىن خورلانمىسۇن، كەمسىتىلمىسۇن، ھەمىشە بېشى تىك، ئەزىز ياشىسۇن دېسىڭىز، ئائىلىڭىزدە ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنى ئادەت قىلىڭ. بالىڭىز سىزدىن رۇسچە، ئەرەبچە ياكى تۈركچە بىر نەرسە سورىسا، جاۋاب بەرمەڭ. «بالام سەن ئۇيغۇر، شۇڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلغىن، ئاندىن جاۋاب بېرەي» دەڭ. سىز شۇنداق قىلىپ سىناپ كۆرۈڭ، ئەلۋەتتە ئۈنۈمىنى كۆرىسىز.

# ئايا سوفىيادا جۈمە نامىزى

بۈگۈن 482 يىل مەسجىد بولغاندىن كېيىن، مۇزېيغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئايا سوفىيا مەسجىدىدە 86 يىلدىن كېيىن قايتا جۈمە نامىزى ئوقۇلغانلىقى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىقتۇر. بۇ ھادىسە دۇنيا زالىملىرىنىڭ ھەقسىزلىقى، كاپىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىلىرى سەۋەبلىك يۈرەكلىرى زەرداب، كۆڭۈللىرى قاتتىق پەرىشان بولغان، ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىنى تىلەشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىسلام ئۈممىتىگە خۇسۇسەن ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارغا زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان كاتتا ھادىسىدۇر. بۇ ھادىسە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ روھىنى كۆتۈرگۈسى، ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغۇسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەزىزلىقىنى ئەسلەتكۈسى، ئىنشائاللاھ.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىمىز: ﴿نَصْرٌ مِنَ اللهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «سىلەر ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر نېمەت ئاللاھتىن (سىلەرگە) كېلىدىغان ياردەم ۋە يېقىندا قولغا كېلىدىغان غەلىبىدۇر. مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن»[1].بۇنىڭغا نارازى بولغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿مُوتُوا بِغَيْظِكُمْ﴾ «ئاچچىقىڭلاردىن ئۆلۈڭلار»[2] دېگەن سۆزى كۇپايىدۇر.

ئايا سوفىيا مىلادىيە 537 532 يىللىرى ئارىسىدا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى جاستىنىيانۇس تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان چېركاۋ بولۇپ، بىناكارلىق تارىخىدا مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئورنى ئىستانبۇلنىڭ تارىخىي يېرىم ئارىلى بولغان كونا شەھەر مەركىزىدە.

1453 يىلى ئىستانبۇل ئوسمانىيلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغاندا، سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ ئۇنى ئۆز خىراجىتى بىلەن رېمونت قىلدۇرغاندىن كېيىن، مەسجىدكە ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، ئايا سوفىيا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە، خىرىستىيانلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇشلىرى داۋامىدا كۆپ جايلىرى ۋەيران بولغان ھەتتا گۈمبەزلىرىمۇ چۆكۈپ كەتكەن ھالدا ئىكەن. 1924 يىلى

[1] سەف سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 119 ـ ئايەت.

ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1935 يىلىغا كەلگەندە، شۇ دەۋردىكى كامالىست سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئايا سوفىيا مەسجىدتىن مۇزېيخانىغا ئۆزگەرتىلىپ، خەلققە ئوچۇق زىيارەتگاھقا ئايلاندۇرۇلغان. 2020 يىلىغا كەلگەندە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 12 نۆۋەتلىك دۆلەت رەئىسى رەجەب تاييىب ئەردوغاننىڭ تەشەببۇسى ۋە ئالىي كېڭەشنىڭ قارارى بىلەن قايتا مەسجىدگە ئۆزگەرتىلدى.

## مەسجىدنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان مۇقەددەس ئورۇنلاردۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا، مەسجىد بىنا قىلىشنىڭ ۋە مەسجىدلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئىشىمۇ مەسجىد بىنا قىلىش بولغان. دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپ مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. بۇ ماۋزۇدا گەپنى ئۇزارتىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايمەن.

ئىسلام غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان؛ ئىنسانلارنىڭ پىكىر، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ئادەت ئەركىنلىكىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ دىندۇر. ئىسلامنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنىڭ تىپىك مىسالى مۇنداق:

ئىسلام غەيرى مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى، پەتھى قىلىنغان زېمىن ئىگىلىرىنى ۋە ئىسلام دۆلىتىگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلەرنى ھېچقاچان ئۆزىگە ئوخشاش ئېتىقادقا، ئوخشاش ئۆرپ ئادەتكە ۋە ئوخشاش مەدەنىيەتكە مەجبۇرلىمىغان؛ ئەكسىچە ئىسلام تېررىتورىيەسى ئىچىدە دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن ئۇلارنى ئۆز ئېتىقادىدا قېلىشقا رۇخسەت قىلغان. جۈملىدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇدۇسنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى چېركاۋنى يىقىۋەتمەستىن، ئۆز پېتى قالدۇرغانلىقى؛ مىسىر زېمىنىدىكى پىرامىدالارنىڭ، يەھۇدىي ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ۋە خىرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ ئۆز پېتى قالدۇرۇلغانلىقى؛ ئافرىقا، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدىكى نۇرغۇن چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭمۇ ئۆز پېتى قالدۇرۇلغانلىقى ئىسلامنىڭ ئادالىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. يۇقىرىقىلار بولسا ئىسلامنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ دىن ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر.

**تارىختا غەيرى مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلەر مۇستەملىكە قىلغان مۇسۇلمانلارغا قانداق پوزىتسىيەدە بولغان؟**

بىز يۇقىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە باشقا ئىشلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى غەيرى مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلام زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى قىلمىشلىرىغا بىر قاتار كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى.

ئىسپانىيەدىكى خىرىستىيانلار تارىخىي مەسجىد ۋە جامەلەرنى زورلۇق بىلەن چېركاۋلارغا ۋە مۇزېيلارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. مەسىلەن، غەرناتە شەھىرىدىكى «قىزىل قەسىر مەسجىدى»نىڭ چېركاۋغا ئۆزگەرتىلىپ، «سانتا مارىيا» دەپ ئاتالغانلىقى، «قۇرتۇبە مەسجىدى»نىڭ «مەريەم چېركاۋى»غا، تۇلەيتىلە شەھىرىدىكى «باب مەردۇم مەسجىدى»نىڭ «ئىيسا نۇرى چېركاۋى»غا، «ئىشبىلىيە مەسجىدى»نىڭ «مارىيا چېركاۋى»غا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. ئالجىرىيەدىكى بەزى مەسجىد ۋە جامەلەرنىڭ چېركاۋغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىمۇ كۆپچىلىككە مەخپىي ئەمەس. دۇنيادا كاپىرلار تەرىپىدىن ھەر خىل ئورۇنلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن مەسجىد ۋە جامەلەر ئىنتايىن كۆپ. يۇقىرىقى بايانلاردىن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

**ئايا سوفيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلىشى بەزىلەر دەۋا قىلغىنىدەك خىرىستىيانلارنىڭ ھېسسىياتىنى زېدىلىگەنلىك ھېسابلىنامدۇ؟**

ئايا سوفيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلگەنلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى، جۈملىدىن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارنى زور خۇشاللىققا چۆمدۈردى. لېكىن، بۇ ئىش غەيرى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ۋە بۇ دۆلەتلەرگە بېقىندى بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىيەنىڭ ھەققى بولغان بۇ ئىشقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ ھەتتا پەتىۋا خاراكتېرلىك باياناتلارنى ئېلان قىلغانلارمۇ بولدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نارازى بولۇپ، قارشى چىقىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئايا سوفيا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇنى قانداق تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قولىدا.

بۇ سۆزىمىزگە تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىشقا بولىدۇ:

1. ئايا سوفيا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى ۋە تۈركىيەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر جاي بولۇپ، ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇنى

قانداق تەسەررۇپ قىلىش هوقۇقى تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىگە تەۋە.

2. ئاياسوفىيا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1453 يىلىدىن 1935 يىلىغىچە مەسجىد، 1935 يىلىدىن تا هازىرغا قەدەر مۇزېي قىلىپ قوللىنىلغان. يەنى ئالتە ئەسىرگە يېقىن خىرىستىيانلار ئىبادەت قىلىدىغان چېركاۋ قىلىپ قوللىنىلمىغان. خىرىستىيانلارنىڭ ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت زېدىلەنمىگەن هېسسىياتى ئەمدى نېمە دەپ زېدىلەنگۈدەك؟

3. «ئاياسوفىيا بۇرۇن چېركاۋ ئىدى، شۇڭا هازىرمۇ چېركاۋ بولۇشى ياكى چېركاۋ بولمىغاندىمۇ مۇزېي پېتى قېلىشى كېرەك» دېگۈچىلەرنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئالغىنىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقى يەنىلا ئورۇنسىز. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى دۇنيانىڭ ئورۇش ئەنئەنىسى بويىچە، قانداق بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلسا، شۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ سىمۋوللۇق ئورۇنلىرىنى باشقا ئورۇنلارغا ئۆزگەرتىۋېتىش نورمال ئىش ئىدى. فاتىه سۇلتان مۇهەممەد ئىستانبۇلنى فەتهى قىلغاندىن كېيىن، باشقا چېركاۋلارغا تەگمەي، بىرلا ئاياسوفىيانى رېمونت قىلىپ مەسجىدكە ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاياسوفىيا خىرىستىيانلارنىڭ مۈلكى ئەمەس، بەلكى تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ مۈلكىدۇر.

4. بۇنى دېگەنلەر خىرىستىيانلارنى ئويلاپتۇ يۇ، دۇنيادىكى بىر يېرىم مىلياردتىن كۆپرەك مۇسۇلماننىڭ خۇسۇسەن تۈركىيەدەك 99% مۇسۇلمان ياشايدىغان بىر دۆلەتتىكى ئىنسانلارنىڭ هېسسىياتىنى هېچ ئويلىماپتۇ. بۇ تەرىپى ناهايىتى هەيران قالارلىق.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ بۇ قارارى هەققىدە ئىنسانلار ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاياسوفىيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن مۇسۇلمانلار بولغاندەك، ئاقمايدىغان سەپسەتىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ قارارغا قارشى چىققانلارمۇ ئاز بولمىدى. ئاياسوفىيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە قارشى چىققۇچىلار مۇزېينى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ياكى ئاياسوفىيانى هۆرمەتلىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا، ئىسلامنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان مەسجىدلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن شۇنداق قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭغۇ مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلامنى يامان كۆرۈشى تەبىئىي ئەهۋال. ئۆزلىرىنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىپ تۇرۇپ ئىسلامنى ياقتۇرمايدىغان، ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ سېپىدە تۇرىدىغان، ئۆزلىرىدىكى ئىززەتنى سېتىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە كۈچۈكلىنىدىغان دۆلەتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ قىلىقى كىشىنى هەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئاياسوفىيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلىشىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ زېهنىيىتى

بويىچە، بۇ قارار دۇنيا خىرىستىيانلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى زىدىلەيدىغان توغرا قارار ئەمەسمىش. بۇلار خىرىستىيانلارنى ئويلاپتۇ يۇ، دۇنيادىكى ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلماننىڭ ھېسسىياتىنى ھېچ ئويلىماپتۇ. ئىسپانىيەدىكى تارىخىي مەسجىد ۋە جامەلەرنىڭ خىرىستىيانلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن چېركاۋلارغا ۋە مۇزېيخانىلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى ھەتتا ئالجىرىيەدىكى بەزى مەسجىد ۋە جامەلەرنىڭ چېركاۋغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى ھەممىسى ياخشى بىلىدۇ. ئىسپانىيەنىڭ غەرناتە شەھىرىدىكى «قىزىل قەسىر مەسجىدى»نىڭ چېركاۋغا ئۆزگەرتىلىپ، «سانتا مارىيا» دەپ ئاتالغانلىقى، «قۇرتۇبە مەسجىدى»نىڭ «مەريەم چېركاۋى»غا، تەلىتە شەھىرىدىكى «باب مەردۇم مەسجىدى»نىڭ «ئىيسا نۇرى چېركاۋى»غا، «ئىشبىلىيە مەسجىدى»نىڭ «مارىيا چېركاۋى»غا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

ئايا سوفيانىڭ مەسجىدكە ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە (توغرىسى مەسجىدكە قايتۇرۇلغانلىقىغا) قارشى چىققۇچىلار مۇزېينى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ياكى ئايا سوفيانى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا، ئىسلامنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان مەسجىدلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن شۇنداق قىلسا كېرەك. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈشى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ ئىسلامنى ياقتۇرمايدىغان، ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ سېپىدە تۇرىدىغان، ئۆزلىرىدىكى ئىززەتنى سېتىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدىغان ناكەسلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا لەنەت ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر».

ئايا سوفيانىڭ مەسجىدكە قايتۇرۇلغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان كاتتا ھادىسىدۇر. بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ.مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بارلىق مۇسۇلمانلارنى تەبرىكلەيمەن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىسى رەجەب تايىيىپ ئەردوغانغا رەھمەت ئېيتىمەن ۋە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن.

# ئاياللارنى قەدىرلەش ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكتۇر

ئادەم ئاتىمىز ۋە ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تارىخ سەھنىسىگە قەدەم باسقان ئىنسانلار ئۆز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ۋەقە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەلۋەتتە، بۇ تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ پاراۋۇزى بولغان ئاياللارنىڭ رولىنى سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، ئاياللار مەيلى ئىسلام تارىخىدا ياكى ئىسلامدىن بۇرۇنقى تارىخلاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ رولى بەلگىلىك تەسىرىي كۈچكە ئىگە. ئىسلام دىنىمىزدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھەق-ھوقۇقلىرى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قەدىر-قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئىسلام تارىخى ئاياللارنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىگە ۋە ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلىرىغا تولغان، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئەرلەرنىڭكىدىن ھەرگىز كەم بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جانابى ئاللاھ ئانىلارنىڭ ئورنىنى ۋە جەمئىيەتتىكى رولىنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھاجەر، ئاسىيە، مەريەم، خەدىچە ۋە ئائىشە ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش ئۈلگىلىك ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى قۇرئان كەرىمدە ئاشكارا ياكى ئىشارەت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

ئالدىغان بولساق، ھاجەر ئانىمىز سەۋەبلىك زەمزەم ئاپىرىدە بولغان بولسا، سافا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش يەنە شۇنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ سىمۋولى بولۇپ بەلگىلەنگەن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرىنچى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىمۇ ئايال (خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا).ئىسلامدا تۇنجى شېھىتلىق شەرىپىگە نائىل بولغان كىشىمۇ ئايال (سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا).ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، خالىد ئىبنى ۋەلىد، سالاھىددىن ئەييۇبىي ۋە فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد قاتارلىق قوماندانلارنى يېتىشتۈرگەنلەرمۇ ئايالدۇر.

ئاياللار جەمئىيەت ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغاندىمۇ، ئەرلەرگە نىسبەتەن خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، ئانىلار جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغان ئائىلىنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرى بولۇپ، بالىلار ئەڭ ئاۋۋال ئانىلارنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئانىلار پەرزەنت ھاياتىدا ئەڭ زور تەسىرگە ئىگە كىشىلەردۇر.

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى مەريەم ۋە پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە قاتارلىق پاك ھەم ئۆلگىلىك ئاياللارنىڭ، يەمەن مەلىكىسى بىلقىسقا ئوخشاش جاسارەتلىك ۋە تەدبىرلىك ئاياللارنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە ئاياللار ئەرلەر بولغان ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشتىراك قىلغان ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە شىفا بىنتى ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئايالنىڭ بازار باشقۇرۇش ئىشلىرىغا تەيىنلەنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. مەلۇمكى، بازار باشقۇرۇش ئىشلىرى ھەممىلا ئادەم قىلالايدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئەپسۇسكى، ئاياللارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەمدە ھەر دەۋرىدىكى ئالاھىدە رولى شۇنچىلىك كاتتا، شۇنچىلىك مۇھىم بولغان تۇرۇقلۇق، كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ غەلىبىلىرى تىلغا ئانچە ئېلىنمايدىغان، ئۇلارنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان، ئۇلارنى جەمئىيەتتىن يەكلەپ، ئۆيدە ئولتۇرۇشقا قىستايدىغان، ئىسلام تەلىماتىغا يات چاقىرىق ۋە پەتىۋالار كۆپىيىپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ دەۋرلىرىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى شانلىق دەۋرلەردە ئەرلەر بىلەن بىللە جىھادقا چىققان، ئىلىم سورۇنلىرىدىن قېلىپ قالمايدىغان، بارلىق ئاممىۋى ئىبادەت ۋە دەۋەتلەردە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان ئاياللار كېيىنكى دەۋرلەردە خۇسۇسەن مۇسۇلمانلار چېكىنىشكە باشلىغان ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئىگە بولالمايدىغان، بالا تۇغۇش ۋە تاماق ئېتىشتىن باشقا ئىشقا سېلىنمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاياللارنىڭ ھەر ساھە بىلىملىرىنى ئىگىلىشى تەرغىب قىلىنماي، ئەكسىچە ئۇلارنى بۇ يولدىن چېكىندۈرىدىغان پەتىۋا ۋە چاقىرىقلار كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن، ئانا ۋەتىنىمىزدە: «قىزلار ئوقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ»، «قىزلار بەرىبىر خەقنىڭ بالىسى، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش تەتۈر تەشۋىقاتلار يامراپ كەتتى ھەتتا ئاياللارنى كەمسىتىپ: «ئايالنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەيدىغان غەلىتە گەپلەرمۇ ئومۇملاشتى. قىسقىسى، ئاياللارغا قۇرئان كەرىم بەرگەن ھەق-ھوقۇقلار ۋە ئېتىبارلار بېرىلمەدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار بىلىمسىز، مەرىپەتسىز، نادان قالدۇرۇلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۆسكەن پەرزەنتلەر خۇددى ئانىلىرىدەك نادان، بىلىمسىز چوڭ بولدى. نەتىجىدە، ئىسلام دۇنياسى خۇسۇسەن بىز مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

بىزدە ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان چاغلايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر

كىچىكىدە ئائىلە تەربىيەسى يېتەرسىز بولغانلىقتىن بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان مۇھىم بىلىملەردىن خەۋەرسىز ئۆسكەنلىكىنى تەن ئالمايدۇ. بۇنى بىز «مۇرەككەپ نادانلىق» دەيمىز. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئاز ساندىكى ئائىلە تەربىيەسى جايىدا بولغان، كىچىكىدىن ئەقىدە، ئىمان، ئەخلاق، هالال-هارام، ئەدەپ-قائىدە دېگەنلەرنى سۇدەك ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ چوڭ بولغان كىشىلەر باشقىچە كۆزگە چېلىقىدۇ. جانابى ئاللاھ بىزنىمۇ ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، مېنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئوقۇتقان كىشى ئانام ئىدى. رەھمەتلىك ئانام مەدرىسە هاياتىدىن كېيىنلا تۇرمۇش قۇرغان، مەدرىسىدە ئوقۇغانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئائىلىسىدە تەتبىق قىلغان، ھەقىقىي دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئايال بولۇپ، ئائىلىمىزدىكىلەرگە ۋە قوشنىلارغا ئۈلگە ئىدى. تىلىم چىقىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشنى ئۆگەنگەن چېغىمدىلا ماڭا ئاۋۋال كەلىمە شاھادەتنى ئۆگىتىپ، ئاغزىمغا ئىمان سالغان كىشى ئاشۇ ئانام ئىدى. ئالتە ياشلارغا كىرگەن چېغىمدا قولۇمدىن يېتىلەپ نېرىقى كوچىدىكى ئايشەمخان خەلپەمگە قۇرئان ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن ئايال ئانام ئىدى. ماڭا قۇرئان ئوقۇشنى، كىتاب ئوقۇشنى ۋە نامازنى ئۆگەتكەن كىشى تۇنجى ئۇستازىم ئاشۇ ئايشەمخان خەلپەم دېگەن ئايال ئىدى. رەھمەتلىك ئۇستازىم ئايشەمخان خەلپەم ئۆمرىنى ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش، قىز-ئاياللارغا دەرس بېرىش، ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئۆلىما ئايال بولۇپ، ھېچ ياتلىق بولمىغان ئىكەن. مەن ئوقۇۋاتقاندا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان موماي ئىدى، ئەمما تېنى ساق، ناھايىتى ھوشيار، زېرەك، تەقۋادار ۋە غەيرەتلىك ئايال ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ «بالا ئوقۇتتى» دېگەن ئەيىبلەش بىلەن بىرقانچە قېتىم ساقچىخانىلاردا يېتىپ چىققان ئىدى. مەن بۇ تۇنجى ئۇستازىمنى خېلى-خېلى ئۆلىمالارغا تەڭ قىلمايمەن. ئانا ۋەتىنىمدە مۇشۇنداق نام-نىشانسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئايشەمخانلاردىن يۈزلەپ، مىڭلاپ بارلىقىغا ئىشىنىمەن.

ناۋادا پېقىرنىڭ ھازىرغىچە روياپقا چىقارغان ئەمگەكلىرىم بىر نەتىجە دەپ قارالسا، شۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ماڭا ئۈمىد ۋە مەدەت بولغان، مېنى قوللاپ ياردەم قىلغان، مەن ۋە پەرزەنتلىرىم ئۈچۈن چېچىنى سۈپۈرگە قىلغان كىشى يەنىلا ئايال يەنى قەدىرلىك ئايالىمدۇر. كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا، ئائىلىدە ھۇزۇر بولمىسا، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىلا ئەمەس، ئاددىي نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئايالىم ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش، پەرزەنتلىرىمنى تەربىيەلەش ۋە بېقىش قاتارلىق مۇھىم ۋە جاپالىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ماڭا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ يېزىش، تەلىپ قىلىش پۇرسىتى بولدى. دېمەك،

مېنىڭ غەلبىلىرىمنىڭ ئارقىسىدا پەقەت ئاياللارلا بار دېسەم، مۇبالىغە بولماس. چۈنكى، ئاغزىمغا تۇنجى بولۇپ ئىمان سالغان كىشى ئايال، تۇنجى بولۇپ ماڭا ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆگەتكەن كىشى ئايال، ئوقۇغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىشلىرىمدا مېنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئارقامدا تۇرغان كىشىمۇ ئايال. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

ساھابىلەر ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغاننىڭ سىرتىدا، كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى، شېئىر، نەسىر ۋە قىسسىلەرنى يادلىغان ئاياللار كۆپ ئۆتكەن ھەتتا مەشھۇر ساھابىلەر ۋە بۈيۈك ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە سوراپ ئۆگىنەلمىگەن ئائىلە بىلىملىرىنى، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، ئاياللارغا خاس ئايلىق ئادەت، قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇت ۋە بالا ئېمىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ئۆگەنگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 1210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇستەقىل ھالدا ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرالايتتى، ئۆزىدىن ياشتا چوڭ بولغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىك جاۋابلارنى بېرىپ، دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار قىلاتتى. ساھابىلەردىن 299 كىشى، تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن 67 كىشى ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېزىش-ئوقۇشتا ماھىر بولغاننىڭ سىرتىدا، ئۇستا خەتتات ئىدى. كۆپلىگەن ئالىملار ۋە مەزھەپ پېشىۋالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى شۇ ئاياللاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن. تارىختا ئېيتىلىشىچە، 700 دىن ئارتۇق ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇلاردىن كېيىنكى ئالىملار ئىلىم ئالغان. مەسىلەن، ئەللامە ئىبنى ئەساكىر ئىراق ۋە سۈرىيە ئەتراپىدا 500 دىن ئارتۇق ئايالدىن ھەدىس ئاڭلاپ رىۋايەت قىلغان. مىسىر، شام، ئىراق، يەمەن، ماراكەش، ھەبەش، ئىسپانىيە قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىر، تەپسىر ۋە ھەدىس قاتارلىق ساھەلەردە تونۇلغان مەشھۇر ئاياللارمۇ كۆپ ئۆتكەن.

مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، بارلىق ئىلمىي ساھەلەردىمۇ ئاياللارنىڭ مەلۇم ھەسسىسى بولغان. مەسىلەن، تېبابەت، ھەدىس، فىقھە، تارىخ، ئاسترونومىيە، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە تونۇلغان ۋە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، جىھاد مەيدانلىرىدا ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغان ئاياللارمۇ ئاز بولمىغان.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىمىزدىمۇ نۇزۇگۇم، يەتتە قىزلىرىم، ئىپارخان، رىزۋانگۈل

قاتارلىق يۈزلىگەن، مىڭلىغان قىز-ئاياللار خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە قەھرىمانلىق ئابىدىلىرى بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەنىدەك، ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان، ياش ئەۋلادلارنى دىنىي ۋە مىللىي ئاڭدا تەربىيەلەشتە كاتتا نەتىجىلەرنى قازانغان ۋە بۇ يولدا شېھىت بولغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا.

مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرى ئاخىرلىشىپ، چېكىنىش دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى ئورنى ئاساسەن يوق قىلىندى، ئاياللاردىكى تالانت ۋە قابىلىيەتلەر ئۇجۇقتۇرۇلدى. ھازىرمۇ كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ياشاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ رايونلاردا ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان رادىكاللىق ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. كېيىنكى ئۆلىمالار ئاياللارنى پىتنە-پاساتقا يېقىن دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى ئانچە تەشەببۇس قىلىپ كەتمىگەن. شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ ئاياللارنى مەسجىدلەردىن مەنئى قىلىدىغان، ئىسلام تەلىماتىغا يات، غەلىتە ئەھۋاللار تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ھەتتا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنى كىشىلەرگە شۇنداق سەت كۆرسىتىۋەتكەنكى، ئۇلار كىنو، تىياتېرلارغا بارسا، بازارلاردا دۇكان ئېچىپ، سودا قىلسا ئەيىبلىمەيدىغان، ناۋادا بىرەر مۇسۇلمان ئايال ھەتتا ياشانغان موماي بولسىمۇ مەسجىدكە كىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا سەسكىنىش نەزىرىدە قارايدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان كەيپىياتلار مەۋجۇت. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدلەرگە بېرىش توغرۇلۇق رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەرگە بېرىشتىن توسماڭلار»[1] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئۇستازلىرى بولغان ئانىلارنى مەسجىدلەردىن چەكلەيدىغان، ئىلىم سورۇنلىرىدىن يەكلەيدىغان، مەكتەپكە بېرىشتىن توسىدىغان بۇ غەلىتە ئادەت تۈپەيلى ئانىلار دىنىي تەلىم-تەربىيەلەرنى ۋە قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقتىن، دىنىمىزنىڭ ئائىلە ۋە بالا تەربىيەلەش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان. شۇنداق تەتۈر تەشۋىقاتلار ياڭرىغان قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئۆلىما ۋە دەۋەتچى ئاياللار جەمئىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىنىڭ ھەربىر مەھەللىسىدە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، جاي-جايلارغا بېرىپ قىز-ئاياللارغا ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئايال ئۆلىمالار «بۈۋۈم» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار ناھايىتى

---

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جەڭگىۋارلىق بىلەن پائالىيەت قىلاتتى، ئەرلەرگە نىسبەتەن قورقماس كېلەتتى، بۇۋۇملەرنىڭ دىنىي خىزمەتلىرى ئۆلىمالارنىڭكىدىن ھەرگىز ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مىللەتنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرى بولغان ئانىلارنى تەربىيەلەيتتى. شائىرلار پېشۋاسى ھافىز ئىبراھىم تەربىيەدە ئانىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

الأُمُّ مَـدْرَسَـةٌ إِذَا أَعْـدَدْتَـهَـا
أَعْـدَدْتَ شَعْباً طَيِّبَ الأَعْـرَاقِ

تەرجىمىسى:

ئانا ئۆزى بىر مەكتەپ، يېتىشتۈرسەڭ گەر ئۇنى،
يېتىشتۈردۈڭ تېگى پاك، ئېسىل بىر مىللەتنى[1].

مۇشۇ دەۋردىمۇ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش جاپا تارتىۋاتقان، تۈرمىلەرگە قامالغان ھەتتا شېھىت قىلىنغان ئايال ئۆلىمالىرىمىز، ئايال زىيالىيلىرىمىز ۋە ئايال يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بەزى ياۋروپا ئەللىرىدە دىنىي ۋە مىللىي تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ خىزمەت قىلىۋاتقان سانسىز ئايال قەھرىمانلىرىمىز بار. ئاياللارنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ، ئىنچىكىلەپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بارلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر رېئاللىقتۇر. ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىكى دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەردە ئىشلەيدىغانلار ئارىسىدا ئەرلەردىن ئاياللارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

ئەپسۇسكى، بىزدە پەقەت ئەرلەرنىڭلا باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ ۋە يېزىلىدۇ، ئەمما شۇ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان، ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە سۆز بولمايدۇ. ئويلايمەنكى، بۇ ئەھۋال ئاياللارنى جەمئىيەتتىن يەكلەشتىن ئىبارەت ئۇزۇن يىللىق قالاقلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولمىسا، نېمىشقا ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغان، ئەسىرلەردىن بېرى مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرىنى يېتىشتۈرگەن، ئەرلەرگە ئوخشاشلا

[1] مىسىرلىق شائىر ھافىز ئىبراھىمنىڭ: «ئىلىم ۋە ئەخلاق» ناملىق قەسىدىسىدىن.

تۇرمىلەرگە تاشلانغان ۋە شېھىت بولغان قەھرىمان ئاياللار تىلغا ئېلىنمايدۇ؟

ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ قېتىم ۋەتەندە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئۆلىمالارنىڭ سانىنى تۇرغۇزۇش جەريانىدا 650 دىن ئارتۇق ئۆلىمانىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، ئىچىدە بىرمۇ ئايال زاتىنىڭ ئىسمى يوق. گەرچە بۇ تىزىملىكنى تۇرغۇزغۇچىلار ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىن ئايال ئۆلىمالار ھەققىدە مەلۇمات تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن. تۇتۇلۇپ كەتكەنلەر ئىچىدە ئايال ئۆلىمالار يوقمىدۇ ياكى بىز ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىمىزمۇ؟ بۇنى ھەربىر ئۇيغۇر ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ.

# ئائىلىمىزنى جەننەتكە ئايلاندۇرايلى

ئائىلە ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى، ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ خۇرۇچىدۇر. چۈنكى، جەمئىيەت ئىنسانلار بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى شۇ جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئىنسانلارغا باغلىق؛ ئىنسانلارنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى شۇ ئىنسانلار ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلىلەرگە باغلىقتۇر. ئائىلە ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، خەلققە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق، دىن ۋە ۋەتەن ئىشىغا ياراملىق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىسا، بۇ ئائىلە غەلىبىلىك ھەم بەختلىك ئائىلە بولالايدۇ. ئائىلە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ جەننىتى بولسۇن دەپ يارىتىپ بەرگەن ئىللىق ماكاندۇر. ئۇنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش ياكى دوزاخقا ئايلاندۇرۇش يەنىلا شۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق.



## ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاش

ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاشنىڭ بىر قىسىم ئەمەلىي چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### *1. تەقۋادارلىق*

تەقۋادارلىق — ئاللاھ تائالاغا، ئاتا-ئانىسىغا، پەرزەنتلىرىگە، جورىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا، جەمئىيەت ئەزالىرىغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جايىدا قىلىش، بۇلارنى جايىدا قىلالمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇش دېگەنلىكتۇر.

ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى مۇشۇنداق تەقۋادارلىق قىلىدىغان بولسا، ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىك، جېدەل-ماجىرا ۋە بىر-بىرىدىن رەنجىش دېگەنلەرگە ئورۇن قالمايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئىش جايىدا ۋە ئۆز يولىدا ماڭغان ئائىلىدە ئۆزئارا سۆيگۈ-مۇھەببەت، ھەمكارلىق، ھېسداشلىق ۋە خۇشال-خۇراملىقتىن باشقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى بەختلىك ھايات كەچۈرسۇن دەپ تەقۋادار بولۇشقا بۇيرىغان.

### 2. قانائەتچانلىق

قانائەتچانلىق ــ ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەردەك بولالمىغانلىقىغا بىئارام بولماسلىق ۋە ئاللاھ بەرگەنگە قانائەت قىلىپ ياشاشقا تىرىشىش دېگەنلىكتۇر. سىز ئۆزىڭىزگە بېرىلگەن چىراي، ئەقىل، بايلىق ۋە ئائىلە قاتارلىق نېمەتلەرگە رازى بولۇپ شۈكۈر قىلسىڭىز، قانائەتچان بولىسىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «بىز ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق»[1] دەيدۇ. تەقسىمات ئاللاھ تائالادىن بولغانلىقى ئۈچۈن، سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن باشقا ئىختىيارىڭىز يوق. نۇرغۇن كىشىلەر ھالال-ھارامنى ئايرىماي كۆپ پۇل تاپىدۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان رىزقىنىلا يېيەلەيدۇ.

قانائەتچانلىق ئائىلىنى بەختلىك قىلىشتىكى ئاساسىي ئامىللاردىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئائىلە ئەزالىرىدا قانائەتچانلىق بولۇپ، بارغا شۈكۈر قىلىشنى بىلسە، بۇ ئائىلە ئەزالىرى ھارامغا قول ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ، «يوق»نىڭ جېدىلىنى قىلىشىپ بىر-بىرىنى رەنجىتمەيدۇ، ھەممەيلەن خۇشال-خۇرام ھايات كەچۈرىدۇ. بىر پسىخولوگ: «ئائىلىنى بەختسىز قىلىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما ئائىلىنى بەختلىك قىلىدىغان پەقەت بىرلا ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ: قانائەتتۇر» دېگەن ئىكەن.

### 3. ئائىلىنىڭ قەدرىنى بىلىش

ئائىلە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە تولىمۇ قىممەتلىك بىر مۇئەسسەسەدۇر. ئاللاھ تائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز قۇرۇپ چىققان دەسلەپكى ئائىلىنى ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. دېمەك، ئىنسان دېيىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ مەۋجۇدات ئائىلىدىن بارلىققا كەلگەن. ھەركىمنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جەننىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئائىلىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ (كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىن بىرى سىلەرنىڭ ئۇنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»[2].

ياخشى ئائىلە ئاخىرەتتىمۇ بىر يەردە بولىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى، 32-ئايەت.

[2] رۇم سۈرىسى، 21-ئايەت.

دەرىجىسى بىر خىل بولمىغاچقا، جەننەت دەرىجىلىرىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالىھ ئەمەللىرى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بىر خىل جەننەتكە كىرەلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئەمەللەر پەرقلىقتۇر. ئەمما، بىر ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارىسىدىكىلەرنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتتىمۇ بىر يەردە بولالايدۇ. مەسىلەن، ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئالىي جەننەتكە كىرگەن بولسا، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق ئۆزى كىرگەن جەننەتتىن دەرىجىدە تۆۋەنرەك جەننەتكە كىرگەن ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆزى تۇرغان ئالىي جەننەتكە ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز»[1]. دېمەك، ئائىلە بۇ دۇنيادىمۇ مۇھىم، ئاخىرەتتىمۇ مۇھىم.

### *4. كۆيۈمچان ۋە رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش*

ئائىلىنى بەختلىك ھالدا داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن بىرى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى تولۇپ-تاشقان كۆيۈمچانلىق ۋە بىر-بىرىگە قارىتا رەھىم-شەپقەتتۇر. ئاددىي بىر كۆيۈمچانلىقمۇ دىللارنى يۇمشىتىشقا، كۆڭۈللەرنى ئىللىتىشقا يېتەرلىكتۇر. ئاتا بولغۇچى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا مۇكەممەل كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە رەھىم-شەپقەت تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئانا بولغۇچىمۇ ئېرىگە مۇكەممەل كۆيۈمچانلىق، ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئاتا-ئانا بولغۇچىلارمۇ بالىلىرىغا ناھايىتى ئەدەپلىك، مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، بالىلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، ئائىلە جەننەتكە ئايلىنىدۇ.

### *5. ئۈلگىلىك رول يارىتىش*

ئاتا ئۆزىدە ئۈلگىلىك رول يارىتىش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئىشقا موھتاج: بىرى، ئۈلگىلىك ئاتا؛ ئىككىنچىسى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىدىغان ئاتا؛ ئۈچىنچىسى، بالىلىرى بىلەن دوست ئاتا. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرى ھەققىدە توغرا چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەمەلىي تەتبىقاتلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئەمەلىي مەشىقلەر بىلەن يېتىشتۈرۈشى لازىم. بالىلار ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق چاغلىرىنى ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ يەنى ئۇلار تەربىيەدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ھېسابلىنىدىغان باسقۇچنى ئاساسەن ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باسقۇچتا بالىلارنىڭ يېنىدا

[1] تۇر سۈرىسى، 21-ئايەت.

داۋاملىق بولىدىغان ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدۇر. بالىلار بۇ مەزگىلدە ھەممىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا ئۈلگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، نېمىگە ئېھتىياجى بار، ئوقۇش ئەھۋالى قانداق؟ دېگەنلەرنى ھەر كۈنى دېگۈدەك سوراپ تۇرۇشى ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى رىشتىنى كۈچەيتىدۇ. ئاتىنىڭ بالىلىرىنى ھەيۋىسى بىلەن قورقۇتىدىغان سۈرلۈك ئاتا بولۇۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەيمەنىدۈرۈش ۋە قورقۇتۇش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بالىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش، كۆڭلىنى ئېچىش، ئىللىق ۋە مېھرىبان بولۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا سۆزلىرى بىلەن تەربىيە قىلغىنىدىن بەكرەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تەربىيە بەرگىنى ئەلۋەتتە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنى ياخشى تەربىيەلىسە، ئۆيدىمۇ، سىرتتىمۇ ئەدەپ-ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتمىسە، بالىلىرىغا ئەڭ ياخشى تەربىيە قىلغان بولىدۇ. قىسقىسى، بالىڭىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى خالىسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز شۇنداق بولۇڭ!

## ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتى



ئائىلە يەر يۈزىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ سىرىدۇر. ھەرقانداق ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىرەر مەسئۇلنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولۇپ، توپلىشىپ ياشاشقا موھتاج. ئىنسانلار جەمئىيىتى يۇقىرىسى دۆلەت، كىچىكى ئائىلىدىن ئىبارەت چوڭ-كىچىك مۇئەسسەسەلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ مۇئەسسەسەلەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇلارغا يولباشچى بولىدىغان بىرەر مەسئۇل ياكى رەئىسنىڭ بولۇشى تەبىئىي زۆرۈرىيەت ۋە دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. شۇنىڭدەك، ئائىلىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان بىرەر مەسئۇلغا موھتاج بولۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال.

قۇرئان كەرىم ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان مەسئۇل توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر»[1]. ئايەتتە دېيىلگەنىدەك، ئەر ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە تەربىيەلەش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت يارىتىلىشىدىكى شۇ ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئەرنى ئائىلىنىڭ رەئىسى بولۇشقا تاللىغان

[1] نىسا سۈرىسى، 34-ئايەت.

بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلە باشلىقى بولۇپ تاللىنىشى ئۈچۈن، ئايالدىن پەرقلىق بولغان تەرەپلىرى ھەققىدە كونكرېت توختالمىغان. بىز مۇشۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئەر بىلەن ئايالنىڭ يارىتىلىشىدىكى گەۋدىلىك پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئەرلەردە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بارلىقىنى بايقايمىز:

1. ئەرلەر ھاياتلىق كۈرەشلىرىدە ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئاياللارغا نىسبەتەن كۈچلۈكرەك ھەم ئىقتىدارلىقراقتۇر.

2. ئەرلەر ئاياللارغا نىسبەتەن ئەقىل-ئىدراكلىق، سوغۇق قان ۋە سەۋرچان كېلىدۇ. ئومۇمەن ئايال جىنسىنىڭ ئەر جىنسىغا نىسبەتەن ئەقىل-ئىدراك، چىدام ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتلەردە كەمچىلرەك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بىر رېئاللىقتۇر. بەزى ئاياللارنىڭ قىسمەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەقىللىق ۋە ئىدراكلىق بولۇشى نىسپىي ئەھۋال بولۇپ، ئومۇمغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

## ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى بۇرچى

ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى بۇرچى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئەرنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئازار بەرمەسلىكى، ئاسرىشى، پۈتۈن مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنى بېغىشلىغان ھالدا، ھەر ۋاقىت مېھرىبان بولۇشى، ئايالىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ۋە دورا-دەرمەك دېگەندەك ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك.

2. ئايالىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىغا بولۇپمۇ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغان چاغلاردىكى بەزى قوپال مۇئامىلىسىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى كېرەك.

3. ئايالىنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن ۋە تەمەلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىشتا غۇرۇرلۇق بولۇشى، ئايالىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ قەدىرلىشى، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن غەپلەتتە قالماسلىقى، ئايالىنى كۆڭلىدىم دەپ ئارقىسىدىن تىمىسقىلاپ يۈرمەسلىكى، ئايالىنى ئاساسسىز قارىلىماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كىشىلەرنى يامان گۇمان قىلىشتىن مەنئى قىلغان.

4. ئايالىغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى، ناماز، روزا، زىكىر، دۇئا ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىشى ھەم ۋاقتىدا ئورۇنداشقا ئۈندىشى ۋە ئۇنىڭغا مەزكۇر ئىشلاردا ياردەم بېرىشى لازىم.

5. ئايالى تۇغۇشنى ئارزۇ قىلسا ياكى يامان غەرەز بىلەن ئەمەس، بەلكى يوللۇق ئۆزرىسى تۈپەيلى تۇغماسلىقنى تاللىسا، ئۇنى تۇغۇشقا مەجبۇرلىماي، ئۆزئارا كېڭىشىپ ئىش كۆرۈش.

6. ئايالىنى، ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تۆۋەن كۆرمەسلىك ۋە مەسخىرە قىلماسلىق؛ بىردىن ئارتۇق ئايالى بولسا، ئۇلار ئارىسىدا پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك ئىش كۆرۈش لازىم.

7. ئايالى بىلەن ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە، يامانلىق قىلماستىن، زىيان سالماستىن، ئازار بەرمەستىن، ئەيىبىنى ئاچماستىن چىرايلىقچە ئاجرىشىش، ئىلگىرى بەرگەنلىرىنى ۋە تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم.

يۇقىرىقىلار ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە مۇسۇلمان ئەرلەرگە ئاياللارنى ئاسراش توغرۇلۇق ناھايىتى مۇھىم ۋە تەسىرلىك ۋەسىيەتلەرنى قىلغان.

## ئايالنىڭ ئېرى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى

ئايالنىڭ ئېرى ئالدىدىكى بىر قىسىم مەجبۇرىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئايال ئېرىنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ۋە جىمى تۇغقانلىرىنىڭ ھەققىدىن ۋە مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىپ، قوغدىشى كېرەك.

2. ئايىلىق ئادەت ۋە تۇغۇتلۇق ۋاقىتلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىمكانقەدەر ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى كېرەك. ئەر-ئايال بىر-بىرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى كۆپىنچە مۇشۇ سەۋەبتىن بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ سىرتقا قاراپ قېلىشىمۇ كۆپىنچە ئايالىنىڭ ئەرنىڭ رىغبىتىگە ماسلاشماي، رەنجىتىپ قويۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

3. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ئۆيىدىن بىر نەرسە بەرمەسلىكى كېرەك. ئەمما، يېمەك-ئىچمەك دېگەندەك ئادەتتىكى نەرسىلەرنى سەدىقە بەرسە بولىدۇ. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى، ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئەر ياكى ئايال ھەر قانداق كىشى بىلەن ئارىلاشماسلىقى لازىم.

4. ئاللاھ بەرگەن رىزىققا قانائەتلىك بولۇشى، قاتتىقچىلىقتا ئېرىدىن شىكايەت قىلماسلىقى، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھنى ئۇنتۇماسلىقى، ئېرىنىڭ مېھنىتىنى ھەر

ۋاقىت قەدىرلەپ تۇرۇشى لازىم. ئەڭ ياخشى ئايال ئېرىگە ھەمىشە: «ھارام كەسىپتىن ساقلانغىن، بىز تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما دوزاخ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» دەيدىغان ئايالدۇر.

5. ھەر ۋاقىت ئېرىگە گۈزەل، خۇشپۇراق ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئېرى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە چىرايلىق ۋە مۇكەممەل ياسىنىشى، ئەمما ئېرىدىن باشقىلار ئۈچۈن ياسانماسلىقى، ئېرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشقىلارغا يۈزى ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى كۆرسەتمەسلىكى، ياتلارنىڭ ئالدىدا قىسقا، نېپىز كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا ناھايىتى ئېسىل، گۈزەل كىيىنىپ، ئۆيىدە ئېرىنىڭ ئالدىدا ئاشخانىدىن چىققان پېتى، ماي ۋە تەر پۇراپ ئولتۇرۇشى چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ سىرتقا قاراپ قېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل مۇشۇدۇر.

6. ئەر-ئايال ئىككىسى ئارىسىدىكى سىرلارنى ساقلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر-خوتۇنلۇق سىرلىرىنى سىرتقا يايغۇچىلارغا لەنەت قىلغان ۋە ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھېچ سۆز قىلماستىن، شەپقەت نەزىرى بىلەنمۇ قارىماستىن جازالايدىغانلار قاتارىدىن سانىغان. ئېرى يوق يەردە ئېرىنىڭ دوستلىرى بىلەن پاراڭلاشماسلىقى، ئېرى يوق ۋاقىتتا كەلگەن يالغۇز، ئەر مېھماننى يالغۇز قارشى ئالماسلىقى؛ ئۆزى يالغۇز بولسا، ئۆيگە تەكلىپ قىلماسلىقى لازىم. ئېرىگە ھۆسن - جامالى، بايلىقى ياكى مەنسىپى بىلەن پەخىرلىنىپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى يەنى ئايال ئېرىدىن بىرقەدەر ئارتۇق جامالغا، بايلىققا، مەنسەپكە ياكى ئېسىل نەسەبكە ئىگە بولسىمۇ، بۇلارغا ئىشىنىپ ئېرىگە چوڭچىلىق قىلماسلىقى لازىم.

7. پەرزەنتلىرىگە مېھرىبان بولۇشى، ئۇلارنى ئۇرۇپ-تىللىماي، ياخشى تەربىيەلىشى، ئېرىنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان پەرزەنتلىرى بولسا، ئۇلارنىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە قوشۇپ ياخشى بېقىشى ۋە قەتئىي ئايرىمچىلىق قىلماسلىقى لازىم. ئايال ئېرىگە يوقسۇللۇقتىن، كىرىمىنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەت قىلماسلىقى، ئېرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئائىلىنى بېيىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن تىمىسقىلاپ يۈرمەسلىكى، كۈنلەش باھانىسى بىلەن ئېرىگە يامان گۇماندا بولماسلىقى لازىم.

## ئەڭ ياخشى ۋە ئۆلگىلىك ئايال

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەڭ ياخشى ئايال قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى،

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەڭ ياخشى ئايال ــ قارىساڭ، خۇرسەن قىلىدىغان؛ بۇيرۇساڭ، ئىتائەت قىلىدىغان؛ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلاردىمۇ ئېرى بىلەن قارشىلاشمايدىغان ئايالدۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مەنپەئەتتۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ئۈلگىلىك ئايالدۇر»[2].

## ئۈلگىلىك ئايال قانداق بولىدۇ؟

ئۈلگىلىك ئايال ئاۋۋال ئۇستىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئاندىن ئېرىنىڭ ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ئايال دېمەكتۇر. ئۈلگىلىك ئايالنىڭ سۈپىتى ئېرىگە چىن ساداقەتمەن بولۇش، ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا كۆيۈنۈش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئېرىنى قەدىرلەش، ئېرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى جايىدا ئۆتەش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا بەرگەن قىسمەتكە رازى بولۇپ، شۈكۈر قىلىش قاتارلىقلارغا ئىخچاملىنىدۇ.

## ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر

ئەرنىڭ ئايالى ئۇستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى، ئەر ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىغا يول كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش قاتارلىق بىر قاتار مەسئۇلىيەتلەر سەۋەبلىك ئائىلىدە ئىتائەت قىلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: «ئايالنىڭ ئۇستىدە ئەڭ كۆپ ھەققى بار كىشى كىم؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئېرى» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئايالنىڭ ئاللاھقا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، دېگەنلىرىنى ئورۇندىشى زۆرۈردۇر. دىنىمىز ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىنى شۇنچىلىك زۆرۈر دەپ بەلگىلىگەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئېرى يېنىدا بار ئايالنىڭ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي

[1] ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تۇرۇپ روزا تۇتۇشى توغرا ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئېرى تۆشەككە چاقىرسا، ئۇنىمىغان ئايالغا پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇپ تۇرىدۇ»[2].

## ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىنمۇ مۇھىم

ئايال تۇرمۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە ۋە شۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەمما، تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ھىمايە قىلىش، قوغداش ۋە يول كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى ئېرىنىڭ زىممىسىگە ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئايالنىڭ ئېرىنىڭ توغرا قارارلىرىغا بويسۇنۇشى ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنۇشىدىنمۇ زۆرۈر ۋە ئەۋزەلدۇر. ئىسلام فىقھشۇناسلىرىنىڭ پەتىۋاسىدا «بىر ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ توغرا ئىشىغا ياكى ھەق سۆزىگە قارشى چىقىپ، قىزىنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشقا زورلىسا، بۇ چاغدا ئايال ئاتا ـ ئانىسىغا ئەمەس، ئېرىگە بويسۇنۇشى لازىم» دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى، ئايالنىڭ توغرا ئىشتا ئېرىگە بويسۇنغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتقانلىقىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ھەقىقىي سالىھ ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان، ئېرىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى، مال ـ دۇنياسىنى ۋە بالىلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاياللار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. قۇرئان ئۇلارنى تەرىپلەپ ۋە مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر»[3].

ياخشى ئايال ئېرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىدىن ۋە ئۆز مەنپەئىتىدىنمۇ ئۈستۈن بىلىدۇ. بۇ ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىزگە ياخشى ئۈلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئائىلىسىدىكى بىر كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبلىك ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانى پەيغەمبەرنى ياكى ئاتا ـ ئانىسىنى تاللاش مەسىلىسىدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزنى تاللاش توغرۇلۇق مەن ئاتا ـ ئانامدىن

[1] ئەبۇ بۇسەيرىي رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
[3] نىسا سۈرىسى، 34 ـ ئايەت.

مەسىلىھەت سورامدىمەن؟ سىز مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇم تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللايمەن» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قانداق بىر ئايال ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستىن ئېرىنى رازى قىلمىغان، ئېرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلمىغان ئايال دوزاخقا كىرىدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا بولىدۇ. ئەگەر ئايالنى ئېرى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ياكى پەرز، ۋاجىب قاتارلىق ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنماسلىقى لازىم. قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان نەپلە ئىبادەتلەرنى ئاياللار ئېرىنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن تەرك ئەتسە، گۇناھ بولمايدۇ.

## ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار

ئائىلىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى ۋە قانائىتىدۇر. ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ياكى بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىكى. چۈنكى، بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان ۋە بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن تىڭ-تىڭلاپ يۈرىدىغان، توختىماي بىر-بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان ئەر-ئاياللار بەختلىك ئائىلە قۇرالمايدۇ.

2. ئەرنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنماسلىقى. بۇ ئەڭ خەتەرلىك ۋە يامان ئەھۋال بولۇپ، ئايال ئېرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ۋە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، بۇنداق ئائىلە ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ.

3. بىر-بىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماسلىق.

4. ئايالنىڭ سىرتتا ئىشلەشكە ئېھتىياجى بولمىسىمۇ سىرتتا ئىشلىشى. ئايال ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن سىرتتا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان شارائىتتا، ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە ئائىلىنىڭ ئامانلىقىنى ھەممە ئىشتىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

5. ئايالنىڭ پۇل-مالنى بۇزۇپ چېچىشى، زۆرۈر بولمىغان جايلارغا ۋە ئىشلارغا

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پـۇل خەجلىشـى. بۇزۇپ- چېچـىش ئائىلىنـى كەمبەغەللىككـە ئېلـىپ بارىدىغـان ۋە ئاللاھنى غەزەپلەندۈرىدىغان يامان ئىشتۇر.

6. ئايالنىـڭ ئېرىنـى ھۆرمەتلىمەسـلىكى ۋە بالىلىرىغـا ئاتىسـىنى يامـان كۆرسىتىشـى. ئانـا بالىلىرىنـى ئاتىسـىغا ياخشـى كۆرسىتىشـكە تىرىشىشـى ۋە ئاتىسـىنىڭ جاپـا- مۇشـەققەتلىرىنى قەدىرلەشـنى ئۆگىتىشـى لازىم. ئەجدادلىرىمىـز: «ئەرنى ئـەر قىلغانمۇ ئايال، يەر قىلغانمۇ ئايال» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان.

7. ئائىلىنىـڭ ئىناقلىقىنـى قوغداشـقا ئەھمىيـەت بەرمەسـلىك. چۈنكـى، ئايالنىـڭ ئائىلىنىـڭ ئىناقلىقىنى ۋە ئامانلىقىنـى قوغداشـتىكى رولـى چـوڭ بولـىدۇ. ئائىلىنىـڭ ئىناقلىقـى قوغدالمىسـا، ئەر-ئايـال ھەمىشـە جېدەللىشـىپ يۈرسـە، بالىلارنىـڭ پىسخىكىسـىغا سـەلبىي تەسـىر كۆرسـىتىدۇ ۋە ئۇلارنىـڭ ئوقـۇش، تەربىيەلىنىـش قاتارلىق مۇھىم ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يېتىدۇ.

# ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى ۋەتەننى قوغداشنى مۇھىم پەرزلەردىن سانايدۇ. بۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ئىنساننىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان تەبىئىي خىسلەت بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ تەبىئىي پىترىتىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى تەبىئىي تۇيغۇنى ۋە پىترەتنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنى يېتەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ «ئى سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قەۋمىڭ مېنى كېتىشكە مەجبۇر قىلمىسا ئىدى، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتىم» دېگەن سۆزى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە مەككە بولسا، «ھېچقانداق گىياھسىز بىر ۋادى» ئىدى. لېكىن بىر جاينىڭ يېشىللىقىغا، پاراۋانلىقىغا، ھاۋاسىنىڭ يېقىشلىقىغا كۆنۈپ قېلىش ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنى سۆيۈپ قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. كۆڭگەندىن ۋاز كەچمەك قولاي، ئەمما سۆيگەندىن ۋاز كەچمەك ئىمكانسىزدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى مەيلى قانچىلىك نامرات ياكى چەت-سەھرا بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولىدۇ.

ساھابە ئەسىلۇل غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مەككىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇ، مەككىنىڭ يۇلغۇنلىرى چېچەكلەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ بىر قانچە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بولدى قىلساڭچۇ، يۈرىكىمنى بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ! دەيدۇ. بۇ قىسسە توغرىسىدا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بولۇپ، بەزىلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە لىممىدە ياش ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

2. ئىنساننىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىشى ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ

مۇھىملىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ۋەتەننىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا ۋەتەننى قوغداشنى ۋە دۈشمەن كەلسە ئۇنىڭغا قارشى ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممە بىردەك جىھادقا چىقىشنى پەرز قىلغان. جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەت ۋەتەن مەسىلىسىدە چۈشكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي-جايلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز قىلغان.

﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ. الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللهُ﴾ «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ «رەببىمىز ئاللاھ» دېگەنلىكى ئۈچۈن، كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى ئۇلارنى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتكەن.

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الْمَلَإِ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ مِنْ بَعْدِ مُوسَى إِذْ قَالُوا لِنَبِيٍّ لَهُمُ ابْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلَّا تُقَاتِلُوا قَالُوا وَمَا لَنَا أَلَّا نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِنْ دِيَارِنَا وَأَبْنَائِنَا فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ تَوَلَّوْا إِلَّا قَلِيلًا مِنْهُمْ وَاللهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسادىن كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد قىلىش پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالساڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە بالىۋاقىلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى (جىھاد قىلىشتىن) باش تارتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز ۋەتىنىنى مۇستەملىكىچىلەردىن تارتىپ ئېلىش يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق بايان قىلغان.

[1] ھەج سۈرىسى: 40-39 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 246 - ئايەت.

﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ﴾ «ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى»[1].

بۇ ئايەت ۋەتەننى قولدىن بېرىشنىڭ ئۆلگەن بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاننى قوغداش قانچىلىك زۆرۈر بولسا ۋەتەننى قوغداشنىڭمۇ شۇنچىلىك، چەتتە ئۇنىڭدىنمۇ بەك زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب باردۇر»[2].

بۇ ئايەتتە بىراۋنى ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ياكى دارغا ئېسىش ۋەياكى پۇت- قولىنى كېسىش بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يېقىرىقى ئايەتلەردە كۆرگىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىم ۋەتەننىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن يېگانە كىتابتۇر. دۇنيادا ھېچقانداق كىتاب ۋە ھېچقانداق دىن ۋەتەنگە قۇرئان كەرىم قىممەت بەرگەندەك قىممەت بەرگەن ئەمەس. چۈنكى، مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ياشاتقىلى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ.



## ئىسلام تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەمۇنىسىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك قاتارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى ۋە يېگانە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ۋە مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، جىھادنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدى بىرى ئىسلام

[1] نىسا سۈرىسى:66 - ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى:33 - ئايەت.

دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بەدىر دېگەن جايدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 - كۈنى (مىلادىيە 625 - يىلى 23 - مارت) مەدىنەمۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 5 - يىلى شەۋۋال ئايىدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە شەھىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان. شۇڭا بۇ ئۇرۇشلار مەككىدە ياكى باشقا جايلاردا ئەمەس، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان. چۈنكى كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، مۇسۇلمانلار بولسا ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئارقىغا قايتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىپ، بارغان جايلىرىدا شېھىت بولغان ۋە قەبرىلىرى شۇ جايلاردا قالغان. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ شام، ئىراق، مىسىر، يەمەن، تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا قالغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىنى مىسال قىلىدىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش بىلەن، مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. «ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ھەقىقىي تۈردە راستقا ئايلاندۇردى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر»[1] دېگەن ئايەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى قانچىلىك بەك سېغىنغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە قانچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى مەككىدە، قالغان 10 يىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] فەتھ سۈرىسى: 27 - ئايەت.

مەككىدىكى 13 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئاۋۋالقى ئۈچ يىلنى كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلىش، كېيىنكى ئون يىلنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بەلگىلەنمىگەن. پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن ئىسلام پەرزلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بۇيرۇلۇشقا باشلىغان.

بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەتەن كېرەك، مۇستەقىل دۆلەت كېرەك.

## دۈشمەنلەرنىڭ بىزگە تەييارلىغان قىلتىقى

بىزنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى ئىسلام نامى بىلەن زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىدىن ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. ئىمام مۇسلىم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇكاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[1]. ھەدىستىكى ئەسەبىيلىك قەبىلىۋازلىقنى، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ غەلبىسىگە تەڭ كېلەلمەي مەجبۇرىي مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تولىسى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشنى ۋە شۇ جاھىلىيەتكە دەۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىك (دىندىن يېنىۋېلىش) ھەرىكىتى بۇنىڭ مىسالى. ئۇ چاغدا، مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھەرلىرىدىن باشقا شەھەرلەردىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇرتەد بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇكاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتماقچى بولغان ئەرەبلەرگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما مۇسۇلمان ياشلىرىنى زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار بۇ ھەدىسنى تەتۈر چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ۋە

[1] سەھىھ مۇسلىم، 1850 - ھەدىس.

مىللەتپەرۋەرلىككە قارىتىلغان دەپ جۆيلۈگەن. ئاندىن «ئىسلامدا قەۋمىيەتچىلىك يوق»، «ۋەتەن دەۋاسى قىلىش يوق» دېگەن شوئارنى ياڭراتقان. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىمىز ئەجابىي مىللەتچىلىكنى قوللايدۇ. شۇمۇ ئېنىقكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەقىقىي دىيانەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يەنە ئىمام بۇ خارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹بىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى ئەسەبىيلىك ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان ئۇرۇش بولىدۇ؟› دەپ سورالغىنىدا، ‹كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەن، ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن». بۇ ھەدىسنى بۇرمىلىغانلار ھەدىستىكى «ئەسەبىيلىك» دېگەن سۆزنى «ۋەتەننى دەپ ئۇرۇش قىلىش»، «مىللەتچىلىك قىلىپ ئۇرۇشۇش» دەپ شەرھلەپ، مۇسۇلمان ياشلىرىنى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن، ۋەتەن دەۋاسىدىن ۋاز كېچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. ھالبۇكى، ھەدىسلەردە كەلگەن «ئەسەبىيلىك» ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىس ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ ھەدىستىكى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش» دېگەن سۆز ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى، ئاللاھ تائالا ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇندىغىلى ۋە ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇك دېگەن جايغا بېرىپ، ئۇ جايدا ئىسلام دۆلىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن توپلانغان 40 مىڭدىن ئارتۇق رىم قوشۇنىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشسىز يېڭىپ، مەدىنىگە غالىبلارچە قايتقانلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى ئۈلگىسى ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا بىزىنتىيە ئىمپىراتورلۇقى ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە رايوندىكى غەساسىنە ئەرەب قوشۇنلىرىنى توپلاپ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 630 - يىلى) ياز كۈنلىرى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىغا، مۇساپىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىغا قارىماي، 30 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ تەبۇك رايونىغا بارغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا چىقمىغان بولسا، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەتىنى بولغان مەدىنە قولدىن كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بولغان بۇ ھوشيارلىقنىڭ ۋە

ئـۇرۇش ئىستراتېگىيەسـىنىڭ يۇزدىـن بىـرى هازىرقـى مۇسـۇلمانلاردا بولغـان بولسـا ئـىدى، ئىسـلام دىيـارى بۈگۈنكـىدەك بەزىسـى مۇسـتەملىكىدە، بەزىسـى چـوڭ دۆلەتلەرنىـڭ بېقىندىلىقىـدا قالمىغـان بولاتتى. 16 - ئەسـىردىن كېيىنكـى ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسـۇلمانلار ئىسـلام دىيارىغا خىرىس قىلىۋاتقانـلار بىلـەن كارى بولمايدىغان، دۈشـمەن بېسـىپ كىرمىگۈچـە ئورنىدىـن قىمىرلىمـاي ئولتۇرۇشـنى ئـەۋزەل كۆرىدىغـان بولـۇپ قالغان. شـۇ سـەۋەبتىن ئىسـلام دىيانىـڭ هەرقايىسـى جايلىرى مۇسـتەملىكىچىلەر تەرىپىدىـن ئىشـغال قىلىنـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ زامانىدىكـى ئۇرۇشـلارنىڭ هەربىرىنـى تەتقىـق قىلىدىغـان بولسـاق، بـۇ ئۇرۇشـلارنىڭ هەممىسـى ئىسـلام دىيارىنى قوغـداش ئۈچـۈن بولغانلىقىنـى كۆرىمىز. چۈنكـى ناۋادا سـىزنىڭ مۇسـتەقىل دۆلىتىڭىز بولمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قانداق قىلىپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلالايسىز؟

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام يەنـە مۇنـداق دېگـەن: «ئۆزىنىـڭ مـال - مۈلكىنـى قوغـداش يولـدا ئۆلگـەن ئـادەم شـېهىتتۇر، ئۆزىنىـڭ جېنىنـى قوغـداش يولـدا ئۆلگەن ئـادەم شـېهىتتۇر، ئۆزىنىـڭ دىنىنـى قوغـداش يولـدا ئۆلگـەن ئـادەم شـېهىتتۇر، ئۆزىنىـڭ ئائىلىسـىنى قوغـداش يولـدا ئۆلگـەن ئـادەم شـېهىتتۇر». بـۇ هەدىسـنى ئىمام ئەهمـەد، ئەبـۇداۋۇد ۋە تىرمىـزى قاتارلىقـلار رىۋايـەت قىلغـان، ئەللامـە ئەلبانـى «سـەهىه» دەپ باهالىغـان. بـۇ هەدىسـنى ئۆلىمـالار مۇنـداق شـەرهلىگەن: «ئۆزىنىـڭ مال-مۈلكىنـى ياكـى ئائىلىسـىنى ياكـى دىنىنـى قوغـداش يولـدا ئۆلـۈپ كەتكـەن ئـادەم ئالـلاھ يولـدا شـېهىت بولغانـلار قاتارىغـا كىرىـدۇ ۋە ئاخىرەتتـە شـېهىتلەرگە تەييارلانغـان مۇكاپاتلاردىـن بەهرىمـەن بولىـدۇ». مەلۇمكـى، مۇسـتەقىل ۋەتىنىڭىـز بولمىسـا، نـە مال-مۈلكىڭىزنـى، نـە ئائىلىڭىزدىكىلەرنـى، نـە دىنىڭىزنـى قوغـداپ قالالمايسـىز. شەكسـىزكى، جاننـى، مـال - مۈلۈكنـى، ئائىلىنـى ۋە دىنىنـى قوغـداپ تۇرىدىغـان بىردىنبىـر قورغـان ۋەتەنـدۇر. مۇسـتەقىل ۋەتىنىڭىـز بولمىسـا، خىتايـلار شـەرقىي تۈركىسـتاندا قىلغانـدەك مال-مۈلكىڭىزنـى خالىغانچـە تارتىۋالـىدۇ، ئائىلـە ئەزالىرىڭىزنـى ئۈسـتى ئوچـۇق تۈرمىلەرگـە تاشـلايدۇ، ئۇلارنـى خالىغانچـە ئۆلتـۈرۈپ تاشـلاپ، جەسـەتلەرنى يوشـۇرۇن كۆمـىدۇ ياكـى كۆيدۈرىۋېتـىدۇ، دىنىڭىزنـى خارلايـدۇ، هەتتـا پۈتۈنلـەي چەكلەيـدۇ. ئەمـدى سـىزگە ۋەتەندىن باشـقا نېمـە كېرەك؟ دېمـەك، سـىزنىڭ ئىنسـانلىق سـالاهىيىتىڭىز بىلـەن ئەركىـن ياشىشـىڭىز ئۈچـۈن ۋەتـەن كېـرەك. ئالـلاھ تائالانىـڭ مۇئمىـن بەندىسـى بولـۇپ ياشىشـىڭىز ئۈچۈنمـۇ ۋەتەن كېرەك.

# ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە رىئاللىقىمىز

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ دۇنيادا ئەزىز، كۈچلۈك قىلىپ ئوبدان ياشىتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ۋەدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. بۇ ۋەدە تا قىيامەتكە قەدەر كۈچكە ئىگە. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ۋەدە ۋە شەخسىيلەرگە قارىتىلغان ۋەدە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

﴿وَعَدَ اللهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[1]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كوللېكتىپقا ۋەدە قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى تولۇق ئورۇندىغان ۋاقىتتا بۇ ۋەدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئايەتتە، بىر قانچە تۈرلۈك ۋەدە بايان قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئۇ مۇسۇلمانلارنى «ئۇلار ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن.

مەلۇمكى، دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋىي ئىبادەت، يەنە بىرى سىسمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاققا مەركەزلىشىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا



[1] نۇر سۈرىسى:55- ئايەت.

دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم» دېگەن سۆزىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت مانا مۇشۇ مۇئامىلىۋىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنىمىزنىڭ غايىسى مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن.

سىمۋوللۇق ئىبادەت  ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاسىتىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مۇئامىلىۋىي ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىشنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇشنى، زاكات بېرىش قاتارلىق پەرزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇئامىلىۋىي ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاسىتەدۇر. بۇنىڭ مەنىسى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئامىسى بۇ ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇندىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يەر يۈزىدە «ھۆكۈمران قىلىش»، «ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىش» ۋە «ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىش» قاتارلىق ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

قارايدىغان بولساق، ھازىر بى ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشمىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار «ھۆكۈمران» ئەمەس، «دىنى مۇستەھكەم ئەمەس»، «قورقۇنچلاردىن ئامان» ئەمەس. مانا بۇ ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالى. ئىبادەت ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان سەۋىيەدە ئورۇندالمىغۇچە بۇ ئەھۋال ئۆزگەرمەيدۇ. ئويلاپ باقايلى! دۇنيادا ئىككى مىليارد مۇسۇلمان بارلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغانلىرى قانچىلىك؟ ئىبادەتنىڭ بېشى بولغان نامازنى ئادا قىلىدىغانلىرى قانچىلىك؟ ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ناھايىتى كۆپ دەپ پەرز قىلىپ، بىر مىليارد مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيدۇ دەيلى، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە كۆرسەتكەندەك، ئوقۇلغان نامازلارنىڭ تولىسى ئىخلاستىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ياكى نىيەت دۇرۇس بولماي، پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئوقۇلغانلىقى سەۋەبلىك قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېلىۋەتسەك، ئوتتۇرىدا ئىنتايىن ئاز كىشىلەرنىڭ نامىزى قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەت ناماز بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ، بەلكى ئىبادەت سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنىمۇ بەجا كەلتۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئايەتتىكى «ئۇلار ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ» دېگەن سۈپەتكە لايىق بولغىلى، ئاندىن ياردەم ۋە نۇسرەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۆلىمالار: بىر جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى كېلىشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەت پۇقرالىرىنىڭ تەگدىن كۆپرەكى ئىسلاھ قىلىنغان ۋە ياردەمگە لايىق بولغان بولۇشى شەرتتۇر، دەپ قارايدۇ. ئىلگىرى هالاك قىلىنغان ئاد، سەمۇد قەۋملىرى، نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋە لۇت ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋملىرى ئىچىدىكى كۇفرىلىق، بۇزۇقلۇق ۋە زالىملىق ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولۇپ قالغان.

ئەمما پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى كەلگەن چاغلاردا، ئىران پادىشاھلىقى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى دۇنياغا خوجايىن ئىدى. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا، بۇئىككى چوڭ ھاكىمىيەتنىڭ مۇكەممەل بىلىم - ھۈنەرلىك، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، كۈچلۈك ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان، ئەسكەر كۈچى ئاز، دۇنيالىق بىلىم - ھۈنەردە تېخى يېتىلىپ بولالمىغان ئەرەب ئىسلام كۈچلىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بونىڭ سەۋەبى شوكى، رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلاردا زىنا - پاھىشە ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەمما ئەرەبلەردە ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە ئىبادەت قىلغان، ئىبادەتنى ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ياشاتقان ئىدى.

ئەمدى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر شەخسكە بەرگەن ۋەدىسىگە كەلسەك، نەھل سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۆئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز»[1]. مۇسۇلمانلاردىن قانداقلا بىر ئادەم ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن «كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز» دېگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق.

شەخسلەردىن تەلەپ قىلىنغىنى ئاۋۋال ئۆزىدە، ئاندىن ئائىلىسىدە ۋە جەمئىيىتىدە ئىسلامنى تولۇق ياشىتىشىدۇر. چۈنكى، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئۆزىدە قۇرماي تۇرۇپ، دۆلەتتە ياكى جەمئىيەتتە قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ زات مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋەت مۇساپىسىدە، دەۋىتىنى ئەقىدە ۋە ئەخلاققا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئەڭ ئاۋۋال مەككە ئەھلىنىڭ قەلبىدە قۇرۇپ چىققان، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغان.

658

[1] نەھل سۈرىسى: 97 - ئايەت.